ساۋ شۆچىن، گاۋئې

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش

## 4



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەر

قىزىل راۋاقتىكى چۈش

4

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جۇڭخۇا نادىر ئەسەرلەر تەرجىمە قۇرۇلۇشى
中 华 经 典 翻 译 工 程

ISBN 978-7-228-16051-8
定价：55.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

ساۋ شۆچىن ، گاۋئې

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش

## 4

تەرجىمە قىلغۇچىلار:
ئابدۇكېرىم خوجا
ئىمىن تۇرسۇن
رەھمىتۇللا جارى
راخمان مامۇت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

红楼梦．4 ：维吾尔文 / 曹雪芹，高鹗著；热合曼·马木提等译．— 2版．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.11
ISBN 978-7-228-16051-8

Ⅰ.①红... Ⅱ.①曹... ②高... ③热... Ⅲ.①章回小说 — 中国 — 清代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I242.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第251757号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 编　　辑 | 热合曼·马木提 |
| 责任校对 | 阿达来提，阿依古丽，阿孜古丽，热娜古丽 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京盛通印刷股份有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 21.5 |
| 插　　页 | 8 |
| 版　　次 | 2012年11月第2版 |
| 印　　次 | 2012年11月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 55.00 元 |



ۋاڭ شىفېڭ خىيالدەك سەرگۈزەشتنى كەچۈرۈپ بولۇپ جىنلىڭغا يانغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




فىڭجيېنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرىغا تۆۋا قىلىپ سەھرالىق موماي‌غا ھاۋالە قىلغانلىقى




شى تۆرە ئاغىچىسىنىڭ ئۆمرى تۈگەپ ئاخىرەتكە يانغانلىقى



جيا جېئ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ جيا ئانغا دورا قايىنىتىپ بەرگەنلىكى



نەزەرباغدا ئەرۋەش بىلەن دەمىدە سۈيى چېچىپ جىنلارنى قوغلىغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەمشىرىسىنىڭ يىراققا ياتلىق قىلىنغانلىقىدىن باۋيۇنىڭ ھىجران دەردىدە ئازابلانغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى پېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر پىكى نادىرسى

# مۇندەرىجە

توقسان بىرىنچى باب ........................................ 1
شەھۋەتتە دىغرىغان باۋچەننىڭ ئۇستاتلىق بىلەن تۇزاق قۇرغانلىقى
باۋيۈينىڭ ئېزىتقۇلۇق بىلەن ديانادىن گەپ ساتقانلىقى
توقسان ئىككىنچى باب ........................................ 19
«ئايالالار تەزكىرىلىرى» تەقرىز قىلىنغاندا چياۋجيېنىڭ دىيانەتلىك ئايالالارغا ھەۋىسى كەلگەنلىكى
ئانا گۆھەرنىڭ خاسىيىتىنى تاماشا قىلىپ جيا جېڭنىڭ جەملىك بىلەن تەپەررۇقنى ھېس ئەتكەنلىكى
توقسان ئۈچىنچى باب ........................................ 42
جېن خاندانى چاكىرىنىڭ جيا خاندانىغا پاناھ ئىزدەپ كەلگەنلىكى
شۈيېۋ ئىبادەتخانىسىدا ئىشق ـ ھەۋەس ماجىراسى كۆتۈرۈلگەنلىكى
توقسان تۆتىنچى باب ........................................ 64
يەسمەن شەرىپىگە زىياپەت بېرىپ جيا ئانىنىڭ گۈل ئەرۋاھىنى تاماشا قىلغانلىقى
ھېكمەتلىك قاشتاش يوقىلىپ كېتىپ ئاجايىپ بالا ـ قازانىڭ مەلۇم بولغانلىقى
توقسان بەشىنچى باب ........................................ 90
يالغان راستقا ئايلىنىپ خانىش يۈەنچۈننىڭ قازا قىلغانلىقى
جىڭنىڭ ئورنىغا جا كۆرسىتىلىپ باۋيۈينىڭ ئالجىپ قالغانلىقى
توقسان ئالتىنچى باب ........................................ 112
تۈيۈق چىقارماسلىق ئۈچۈن فېڭجيېنىڭ ئاجايىپ ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى
مەخپىيەتلىكنى بىلىپ قالغان قەلەم قاشنىڭ خۇدىنى يوقاتقانلىقى

توقسان يەتتىنچى باب ...................................... 133
لىن دەييۈينىڭ قول يازمىلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ ئىشق سەۋداسىدىن قول ئۈزگەنلىكى
شۆ باۋچەينىڭ ياتلىق قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى

توقسان سەككىزىنچى باب ...................................... 164
دەردمەن مېھرىگىياھ ئەرۋاھىنىڭ ھىجران دۇنياسىغا قايتىپ كەتكەنلىكى
كېسەلچان زەبەرجەت غىلمانىنىڭ شەيدالىق ماكانىغا ياش تۆككەنلىكى

توقسان توققۇزىنچى باب ...................................... 184
تۆرىنىڭ ئەمەلدارلىق نىزامىغا رىئايە قىلغانلىقى ۋە ئوسال چاكارلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ قائىدىنى بۇزغانلىقى
مويسىپىت تاغىنىڭ يامۇل مەلۇماتىنى ئوقۇپ ئۆز ـ ئۆزىدىن قورقۇمسىرىغانلىقى

يۈزىنچى باب ...................................... 205
خەقنىڭ پەيزىنى قاچۇرۇۋەتكەن شياڭلىڭنىڭ تۈگىمەس ئاداۋەتكە گىرىپتار بولغانلىقى
ھەمشىرىسىنىڭ يىراققا ياتلىق قىلىنغانلىقىدىن باۋيۈينىڭ ھىجران دەردىدە ئازابلانغانلىقى

بىر يۈز بىرىنچى باب ...................................... 222
نەزەرباغدا ئايدىڭدا فېڭجيېنىڭ كۆزىگە ئەرۋاھ كۆرۈنۈپ قورقۇپ كەتكەنلىكى
گۈل چاچقۇ ئىبادەتخانىسىدا ھېكمەتلىك پالدىن غەلىتە بېشارەت بېرىلگەنلىكى

بىر يۈز ئىككىنچى باب ...................................... 246
نىڭگو قەسىرىدىكى قان قېرىنداشلارنىڭ نەسلىك كاساپىتىگە ئۇچرىغانلىقى
نەزەرباغدا ئەرۋاھ بىلەن دەمىدە سۈيى چېچىپ جىنلارنى قوغلىغانلىقى

www.uyghurkitap.com

بىر يۈز ئۈچىنچى باب ................................ 263
زەھەرلىك تۇزاق قۇرغان جىنگۈينىڭ ئۆز بېشىنى ئۆزى يېگەنلىكى
قەدىناسى بىلەن ئۈچرىشىپ قالغان يۈيسۈننىڭ پارىخ بولۇش ئىشارىتىنى چۈشەنمىگەنلىكى
بىر يۈز تۆتىنچى باب ................................ 285
مەست ئەزىمەتنىڭ مۈشتتەك جېنىغا باقماي چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلغانلىقى
سەۋدايى بەگزادىنىڭ دەردىسەر تۈپەيلىدىن كونا ئىشقى قوزغالغانلىقى
بىر يۈز بەشىنچى باب ................................ 306
تۇرقاۋۇللارنىڭ نىڭگو قەسرىنى تىنتىپ پېچەتلەپ تاشلىغانلىقى
ئوردا مۇپەتتىش مىرزىسىنىڭ پىگئەن ۋالىيسىنى پاش قىلغانلىقى
بىر يۈز ئالتىنچى باب ................................ 325
ۋاڭ شىفېڭنىڭ بالا تېرىپ قويۇپ خىجالەتتە قالغانلىقى
جيا تۆرە ئاغىچىنىڭ بالا - قازانى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن دۇئا تەلەپ قىلغانلىقى
بىر يۈز يەتتىنچى باب ................................ 346
جيا ئانىنىڭ ئېشىنغان دۇنياسىنى ئۈلەشتۈرۈپ مەردلىكىنى كۆرسەتكەنلىكى
ئاتا مىراس مەنسەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ جيا جېڭنىڭ خان شەپقىتىگە چۈمگەنلىكى
بىر يۈز سەككىزىنچى باب ................................ 368
ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىشىپ ئاسارۇن بانۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلىغانلىقى
ئۆلگەندىمۇ دىل رىشتىسى ئۈزۈلمىگەن بامبۇكزار مەلىكىسىنىڭ ئەرۋاھى نالە - پەرياد قىلغانلىقى
بىر يۈز توققۇزىنچى باب ................................ 390
رەنانىڭ ئەرۋاھىغا ئىنتىزار بولغان باۋيۈينىڭ ئىشقىغا ۋۇئېرنىڭ نائىل بولغانلىقى
يىڭچۈننىڭ گۇناھىدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ئۇ ئالەمگە راۋان بولغانلىقى

بىر يۈز ئونىنچى باب ................................ 419
شى تۆره ئاغىچىنىڭ ئۆمرى تۈگەپ ئاخىرەتكە يانغانلىقى
ۋاڭ فېڭجيېنىڭ ھالىدىن كېتىپ نەزەردىن چۈشۈپ قالغانلىقى
بىر يۈز ئون بىرىنچى باب ................................ 441
يۈەنياڭ قىزنىڭ ئۆز غوجىسىغا تەسەددۇق بولۇپ غايىب ئالەمگە چىقىپ كەتكەنلىكى
ئىت بەچچە چاكارنىڭ تۈزكورلۇق قىلىپ قاراقچىلارنى يىغىپ كەلگەنلىكى
بىر يۈز ئون ئىككىنچى باب ................................ 464
راھىبە مياۋيۈينىڭ گۇناھى غايىب تۇپەيلىدىن بالا ـ قازاغا يولۇققانلىقى
جاۋ توقالنىڭ شۇملۇق قىساسىنى تارتىپ جەھەننەمگە سەپەر قىلغانلىقى
بىر يۈز ئون ئۈچىنچى باب ................................ 488
فېڭجيېنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ سەھرالىق مومايغا ھاۋالە قىلغانلىقى
كۆيۈمچان دېدەكنىڭ مەجنۇن يىگىتتىن تەسىرلىنىپ نەپرىتىدىن يانغانلىقى
بىر يۈز ئون تۆتىنچى باب ................................ 510
ۋاڭ شىفېڭ خىيالدەك سەرگۈزەشتىنى كەچۈرۈپ بولۇپ جىنلىڭغا يانغانلىقى
جېن يىڭجيا خاننىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە ئېرىشىپ يەنە مەنسەپكە نائىل بولغانلىقى
بىر يۈز ئون بەشىنچى باب ................................ 527
قۇتراتقۇلۇقتىن قايمۇققان شىچۈننىڭ ئۆز نىيىتىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى
تۈرقى ئوخشاش قاياشىنىڭ خۇلقىدىن باۋيۈينىڭ نائۈمىد بولغانلىقى
بىر يۈز ئون ئالتىنچى باب ................................ 550
ھېكمەتلىك قاشتاش قولغا كېلىشى بىلەن باۋيۈيگە غايىب ئالەمنى كۆرۈش نېسىپ بولغانلىقى

جىيا جېڭ مېھرىبان ئانىسىنىڭ جەسىتىنى يۇرتىغا يەتكۈزۈپ
ۋاپادارلىقىنى ئادا قىلماقچى بولغانلىقى

بىر يۈز ئون يەتتىنچى باب .............................. 571

ئىككى نازىنىننىڭ باۋيۈينى ئادەمزات دۇنياسىنى تەرك ئېتىشتىن
توسقانلىقى

بەتقىلىق بالىنىڭ ئۆزىنى خاندان غوجىسى چاغلاپ قۇلاق
كەستىلەرنى يىغىۋالغانلىقى

بىر يۈز ئون سەككىزىنچى باب ............................ 596

تاغا بىلەن ئاغىنىنىڭ كىچىككىنە ئاداۋەت تۈپەيلىدىن ئاجىز قىزنى
خارلىغانلىقى

خوتۇن بىلەن توقالنىڭ تېپىشماقتىن چۆچۈپ سەۋدايىغا نەسىھەت
قىلغانلىقى

بىر يۈز ئون توققۇزىنچى باب .............................. 621

باۋيۈي تۇنجى ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتكەندىن كېيىن دۇنيانى تەرك
ئەتكەنلىكى

خاننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن جىيا خاندانى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دۆلىتىنى
داۋام ئەتكۈزگەنلىكى

بىر يۈز يىگىرمىنچى باب ................................. 654

جېن شىيىننىڭ غايىب ئالەم ئەھۋالاتىنى بايان ئەتكەنلىكى
جىيا يۈيسۈننىڭ قىزىل راۋاقتىكى چۈشكە خاتىمە بەرگەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# توقسان بىرىنچى باب

## شەھۋەتتە دىغىرغان باۋچەننىڭ ئۇستاتلىق بىلەن تۇزاق قۇرغانلىقى
## باۋيۈيىنىڭ ئېزىتقۇلۇق بىلەن دىيانادىن گەپ ساتقانلىقى

شۇنداق قىلىپ، شۆ كې دەرگۇماندا ئولتۇراتتى، پەنجىرىدىن تۈيۇقسىز كۈلكە ئاڭلىنىپ چۆچۈپ كەتتى ۋە: «بۇ باۋچەن بولمىسا، چوقۇم جىنگۈي. ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي قويسام ئۇلار نېمە ئامال قىلالايدۇ !» دېگەن خىيالغا كېلىپ، بىر هازاغىچە قۇلاق سېلىپ باقتى، لېكىن ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز جىمىپ كەتتى. شۆ كې شاراب، مېۋە ـ چېۋىلەردىن بېقىشقا پېتىنالماي، ئىشىكنى تاقىدى، يېشىنىپ ياتاي دەپ تۇرۇشىغا، پەنجىرىگە يەملەنگەن قەغەز شىتىرلىدى. شۆ كې باياتىن باۋچەننىڭ شەيتانلىقىدىن بىر پەس قايمۇقۇپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي دەككە ـ دۈككىدە قالغانىدى، پەنجىرە قەغىزى شىتىرلاش بىلەنلا سىنچىلاپ قاراپ باقتى، يەنە ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىدى. ئاندىن ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ، چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئەتتى ـ دە، چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرغىنىچە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئويغا چۆمدى. بايىقى مېۋە ـ گېزەكتىن بىر پارچىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا تازا زەن سېلىپ قاراپ چىقتى. ئاندىن بىردىنلا قايرىلىپ پەنجىرىگە قارىۋىدى، پەنجىرىگە يەملەنگەن قەغەزنىڭ بىر يېرى ھۆل بولۇپ قالغانلىقىغا كۆزى چۈشتى. پەنجىرە ئالدىغا بېرىپ ھېلىقى يەرگە قادىلىپ قارىغانىدى، بىر كىم قەغەزنىڭ تۆشۈكىدىن «پۇۋ» دەپ ئۈنى قورقۇتۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا

«پىخ ـ پىخ» قىلغان كۈلكە ئاڭلاندى. شۆ كې ھاپىلا ـ شاپىلا چىراغنى ئۆچۈرۈپ، تىن تارتماي جىم يېتىۋالدى.

—— ئوتتۇرانچى غوجام! شاراب، مېۋە ـ گېزەكلەردىن باقمايلا يېتىۋالدىلىغۇ؟ —— دېدى تالادا بىر كىم. ئۇ يەنىلا شۇ باۋچەننىڭ ئاۋازى ئىدى. شۆ كې زۇۋان سۈرمەي، ئۇخلىغان بولۇۋالدى. بىر پەستىن كېيىن، تاشقىرىدىن يەنە:

—— جاھاندا شۇنداق بىتەلەي كىشىمۇ بولىدىكەن ـ ھە! —— دېگەن كايىش ئىشىتىلدى. بۇ ئاۋاز شۆ كېغا بىر تۇرۇپ باۋچەننىڭكىدەك، بىر تۇرۇپ جىنگۇينىڭكىدەك تۇيۇلدى. ئۇ بۇلارنىڭ ئەسلىدە مۇنداق غەرىزى بارلىقىنى ئەمدى بىلدى. شۇ ياتقىنىچە ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ بەشىنچى جېسەكتىن كېيىن ئۇيقۇغا كەتتى.

تاڭ ئەمدىلا يورۇغاندا بىركىم ئىشىكنى قاقتى. شۆ كې ئالمان ـ تالمان:

—— كىم؟ —— دەپ سورىۋىدى، تالادىن جاۋاب بولمىدى. شۆ كې نائىلاج قوپۇپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، ئۇ باۋچەن ئىكەن. باۋچەن چاچلىرى تۇرمىلەكلىك، كۆكسى يېپىقلىق، ئالتۇن جىيەك تۇتۇلغان قىيپاش يۆگەن پەشلىك تار جىلىتكە كىيگەن، بېلىگە قارىغاي گۈللۈك يېشىل نىمكەش ئىشتانباغ چىگىۋالغانىدى، بەل كۆڭلەك كىيىمگەچكە ئانار رەڭ چاچما گۈللۈك تار تامبىلى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، پۇتىغا كەشتىلىك يېڭى قىزىل خەي كىيىۋالغانىدى. باۋچەن خەقلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، يۈيۈنۈپ ـ تارانمايلا سەھەردە چىنە ـ تەخسە ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن كىرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىسكەتتە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۆ كېنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى.

—— نېمانچە ئەتىگەن تۇردىڭىز؟ —— دېدى شۆ كې كۈلۈمسىرەپ.

باۋچەن قىزارغان پېتى جاۋابمۇ بەرمەي، مېۋە ـ گېزەكلەرنى

بىر تەخسىگە يىغىشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ بۇ ئەپتىدىن ئاخشامقى ئىش سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلىدى ـ دە: «بومۇ ئوبدان بولدى، ئاچچىقى كېلىشكەن بولسا، نىيىتىدىن يېنىپ مېنى يەنە ئاۋارە قىلىشماس» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى تىنىپ، سۇ ئەكىرگۈزۈپ يۈزىنى يۇدى، ئارام ئېلىش ھەم ئىزدەپ كەلگۈچىلەر بىلەن يولۇقماسلىق ئۈچۈن، تالاغا چىقماي ئۆيدە ئىككى كۈن جىم ئولتۇرماقچى بولدى.

ئەسلىدە شۇ يەن بىلەن چىقىشىپ يۈرگەنلەر شۇ ئائىلىسىدە شۇ كېيىن باشقا ئىش باشقۇرغۇچى ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئۇنى ياش چاغلىشىپ، خىلمۇخىل تەمەلەر بىلە ھايان ئېلىش كويىغا چۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئارىغا قىستۇرۇۋېلىپ يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلماقچى بولغانلارمۇ، ئەرز ـ پەرز يېزىش قولىدىن كېلىدىغان ۋە بىرەر خەتچى موللام بىلەن تونۇشلۇقى بولغان، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئىككى ئارىلىقتا قاتراپ، ئىشلارنى ئېپىگە كەلتۈرۈپ بەرمەكچى بولغانلارمۇ، ھەتتا شۇ كېنى بۇ ئىشتىن ھايان تېپىشقا دەۋەت قىلىدىغانلارمۇ، ئىغۋا تارقىتىپ تەھدىت سالىدىغانلارمۇ، ئىشقىلىپ، ھەر خىل ئادەملەر بار ئىدى. شۇ كى بۇنداق ئادەملەرنى كۆرگەندە، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولدى، لېكىن ئۇلارنى يۈزمۇيۈز رەت قىلىشقا پېتىنالمايتتى. بىرەر كۈتۈلمىگەن ۋەقەگە سەۋەبكار بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۆيگە مۆكۈۋېلىپ، ئارىچى ئارقىلىق ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ تۇردى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

ئەمدى گەپنى جىنگۈيدىن باشلايمىز. جىنگۈي ئاخشام شۇ كېنىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش غەرىزىدە باۋچەندىن شاراب، مېۋە ـ گېزەك كىرگۈزگەنىدى. باۋچەن يېنىپ چىقىپ شۇ كېنىنىڭ ئەۋزايىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىۋىدى، جىنگۈي ئىشنىڭ ئانچە ئەپلەشمىگەنلىكىنى پەملەپ، بىكاردىن ـ بىكار ئىش تۇغدۇرۇپ قويغاننىڭ ئۈستىگە، مېنى كۆزگە ئىلماي

قويارمىكىن دەپ باۋچەندىن ئەنسىرىدى. گەپنى توغرىلاپ، بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن يوپيۇتۇۋېتەي دېسە، شۇ كېنى قولدىن چىقارغۇسى كەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ كۆڭلىدە بىر قارارغا كېلەلمەي، دەككە ـ دۈككىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

باۋچەنمۇ شۇ پەيتنىڭ قايتىپ كېلەلىشىگە كۆزى يەتمەي، ئۆزىگە يول تېپىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى ۋە جىنگۈيگە تۇتۇلۇپ قالارمەنمىكىن دەپ، چاندۇرماسلىققا ھەرىكەت قىلاتتى. بۈگۈن ئەمدى جىنگۈي ئاۋۋال باشلاپ يول ئېچىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ بۇغداينىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ، دېگەندەك ئېچىلىپ ـ يايراپ، شۇ كېنى بالدۇر قولغا چۈشۈرۈۋالماقچى بولدى. شۇڭا، جىنگۈينىڭ خاپا بولۇپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەپ تۇرماي، شۇ كېنى گەپ بىلەن چېكىپ كۆرگەنىدى. ئۇنىڭغا شۇ كې ئىشقى يوق يىگىت ئەمەستەك، ئەمما ئانچە چاڭگال سالمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ، قارامىلىق قىلىپ قويۇشتىن بىردەم تەپ تارتىپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ قاراپ تۇراتتى، شۇ كې چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىۋالدى. بۇ ئەھۋالدىن ئۇنىڭ ھەپىلىسى ئۆچتى ـ دە، كىرىپ جىنگۈيگە بولغان ئىشنى ئېيتاي، ئۇ نېمە ئامال قىلاركىن، شۇنىڭغا بېقىپ ئىش قىلاي، دېگەن پىكىرگە كەلدى. كىرىپ قارىسا، جىنگۈيمۇ ئامالسىز قالغان بىچارىدەك ھاڭقىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. باۋچەن نائىلاج ئورۇن سېلىپ جىنگۈيگە ھەمراھ بولۇپ ياتتى. بۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېلەمتى؟ ئۇياققا ئۆرۈلۈپ ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ، ئويلا ـ ئويلا ئاخىر بىر ئامال تاپتى. ئەتە سەھەر تۇرۇپ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئالغىلى كىرەي، كىرگەندىمۇ شوخ رەڭدىكى جەلپ قىلارلىق كىيىملىرىمنى كىيىپ، يۇيۇنماي ـ تارانماي، ناز ـ كەرەشمە بىلەن كىرەي، شۇ كېنىڭ تەرىگە بېقىپ، ئەتەي قېيىدىغان ھالەتتە، ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلمىغان بولۇۋالاي. ئەگەر شۇ كې پۇشايمان يېگەن بولسا، ئەلۋەتتە ماڭا كۆڭلى تارتىدۇ، ئۇ چاغدا مەن ئاۋۋال قولغا چۈشۈرەلمەسمەنمىكىن دەپ غەم يەپ ئولتۇرمايمەن، دېگەن

www.uyghurkitap.com

پىكىرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. بىراق، كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ يەنە شۇ ئاخشامقى ئەۋزايى پىتىچە، ھېچقانداق قىڭغىر يولغا دەسسەيدىغان تۈرى يوق. باۋچەن بۇ ھالنى كۆرۈپ بايىقى ياسىملىقنى ئۆزگەرتىپلا راۋرۇس ئادەم قىياپىتىدە بولۇۋېلىپ، تەخسىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ چىقتى، قايتا كىرىشكە باھانە بولۇش ئۈچۈن، شاراب چەينىكىنى ئەتەي ئالماي چىقىپ كەتتى.

— نەرسە ـ كېرەكنى يىغىشتۇرغىلى كىرگىنىڭدە بىركىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالمىغانسەن؟ — دەپ سورىدى جىنگۈي ئۇنىڭدىن.

— يوقسۇ، — دېدى باۋچەن.

— ئوتتۇرانچى غوجام سەندىن ھېچنېمە سورىمىدىمۇ؟

— سورىمىدى.

— جىنگۈي كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەي ئويلىنىپ، ھېچ ئامال تاپالمىغاچقا: «بۇ ئىشىمنى باشقىلاردىنغۇ يوشۇرارمەن، لېكىن باۋچەندىن قانداق يوشۇرغىلى بولار؟ ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا نەپ بەرسەم، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تىلى باغلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۆزۈم كىرەلمىگەچكە، مۇشۇنى ئارىدا ئىشقا سالماي بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن پۈختا مەسلىھەتلىشىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ» دېگەن ئويغا كەلدى ۋە شۇ خىيال بىلەن ھجىيىپ:

— سىڭىلچە، ئوتتۇرانچى غوجام زادى قانداقراق ئادەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— راسا گالۋاڭ ئوخشايدۇ! — دېدى باۋچەن.

— غوجاملارنى نېمىشقا كەمسىتىسەن؟ — دەپ كۈلدى جىنگۈي.

— ئۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە شۇنداق دەيمەن ـ دە، — دېدى باۋچەنمۇ كۈلۈپ.

— ئۇ قانداقسىغا مېنىڭ كۆڭلۈمنى يەردە قويۇپتۇ؟ قېنى دېگىنە، — دېدى جىنگۈي.

— ئۆزلىرى ئۇنىڭغا ئوبدان نەرسىلەرنى كىرگۈزۈپ

بەرسىلە، ئۇ ئېغىز تەگكۈزۈپمۇ قويمىدى، مانا بۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويغانلىقى بولماي نېمە؟ — باۋچەن لاپپىدە جىنگۈيگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنداق يوقىلاڭ ئويدا بولما! — دېدى جىنگۈي، — ئۇ چوڭ غوجامنىڭ غېمىدە جاپادىن قاچماي پايپېتەك بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭغا ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈپ نەرسە - كېرەك كىرگۈزۈپ بەردىم. باشقىلارنىڭ بىھۇدە سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ سەندىن سوراپ باققىنىم ئىدى، ماڭا بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن، نېمە دېگىنىڭكىنتاڭ، ئۇقالمىدىم.

— خېنىم، گۇمان قىلمايلا قويسىلا! — دېدى باۋچەن كۈلۈمسىرەپ، — مەن دېگەن ئۆزلىرىنىڭ ئادىمى تۇرسام، ئالا كۆڭۈللۈك قىلامتىم؟ لېكىن، ئىشنىڭ يوشۇرۇنچە بولغىنى ياخشى، مۇبادا يېيىلىپ كەتسە، ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس بۇ.

جىنگۈي پوكاندەك قىزىرىپ كېتىپ:

— سەنچۇ، ئەسكى نېمە ئىكەنسەن! ھەرقاچان ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلى چۇشۇپ قېلىپ مېنى دالدا قىلماقچى بولۇۋاتىسەنغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ قويدى.

— خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ خىيالى شۇنداق ئوخشايدۇ، — دېدى باۋچەن، — مەن ئۆزلىرى ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىپ يۈرىمەن. ئۆزلىرى ئوتتۇرانچى غوجامنى يارىتىپ قالغان بولسىلا، بۇنىڭغا مېنىڭ بىر ئامالىم بار. خېنىم، ئويلاپ كۆرسىلە، بەز يېمەيدىغان مۈشۈك بولامدۇ؟ بەلكىم ئۇمۇ ئۆز كۆڭلىدە ئىش يوشۇرۇنچە بولماي، يېيىلىپ كېتىپ چاتاق چىقىپ قالسا سەتچىلىك بولارمىكىن، دەپ ئەنسىرىسە كېرەك. مېنىڭچە بولغاندا، خېنىم، بۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمىسىلە، ئۇنىڭ كەم - كوتىلىرىغا پات - پات قارىشىپ تۇرسىلا، ئۇ سىلىگە قېيىنئىنى، تېخى ئۆيلەنمىگەن يىگىت. ئۇنىڭغا كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىپ كۆيۈنۈپ، ياخشىلىق قىلسىلا، خەقلەرمۇ ھېچقانداق گەپ تاپالمايدۇ، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ

مېھرىبانلىقلىرىدىن ئېرىيدۇ ـ دە، ئەلۋەتتە ئۆزلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا خېنىم باشقىدىن شاراب ـ تائام تەييارلاتقۇزۇپ ئۇنى ئۆيگە چىللايلا، مەن سىلىگە ياردەملىشىپ، ئۇنى مەست قىلىپ بېرىمەن. ئۇ چاغدا ئۇ سىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالامتى؟ شۇنىڭدىمۇ ئۇ ئۇندەككە كەلمىسە، بىز ئۇنى خېنىمغا قانات سۆرىدى دەپ غەلۋە كۆتۈرىمىز. ئۇ ئاخىر قورققىنىدىن نەگە يېتىلىسەك شۇ يەرگە مېڭىۋېرىدىغان بولىدۇ. بۇنىڭغىمۇ ياق دەپ تۇرۇۋالسا، ئۇنى ئادەم ئەمەس ئىكەن دەپ بولدى قىلىمىز. بىزنىڭمۇ بىكاردىن ـ بىكار يۈزىمىز چۈشكەن بولمايدۇ. خېنىم، بۇ پىكرىم سىلىگە قانداقراق؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جىنگۈينىڭ مەڭزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

— ھوي جۇۋاينىمەك ! بىرمۇنچە يىگىتلەرنى قولغا چۈشۈرگەندەكلا گەپ قىلىسەنغۇ ! — دېدى ھىجايغىنىچە كايىپ ئۇ، — شۇڭا چوڭ غوجام ئۆيدىكى چاغدا سېنىڭدىن نېرى كېتەلمەي يۈرۈپتىكەن ـ دە !

— ۋاي ـ ۋۇي ! — دېدى باۋچەنمۇ كۈلۈپ ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ قويۇپ، — خەق سىلىگە ئىلىندۇرۇپ بېرەي دەۋاتسا، سىلى قوپۇپ بۇنداق دەيلىغۇ !

شۇنىڭدىن تارتىپ جىنگۈينىڭ ئەس ـ يادى شۇ كېنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش بىلەن بولۇپ، جېدەلخورلۇق قىلىش نىيىتىدىنياندى، ئۆي ئىچىمۇ خېلى تىنچىپ قالدى.

شۇ كۈنى باۋچەن يەنە كىرىپ شاراب چەينىكىنى ياندۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى سالماقلىق تۇتۇپ، ئەپتىدىن راۋۇرۇس بولۇپ يۈردى. شۇ كې كۆزىنىڭ قىرىدا نەزەر سېلىپ بېقىپ، ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا ئازراق پۇشايمان يېدى، كۆڭلىدە: «ئېھتىمال ئۇلارنى ئۆزۈم خاتا ئويلاپ قالغان ئوخشايمەن. مۇنداق قىلسام، ئۇلارنىڭ ياخشى نىيىتىنى يەردە قويغان بولۇپ قالىمەن. كۈنلەر

ئۆتكەنسېرى بەزى ئىشلار ماڭا چېتىلىپ قېلىپ جېدەل ـ غوۋغا تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا مەن سەۋەبچى بولۇپ قالارمەنمىكىن؟» دېگەن گۇمان تۇغۇلدى. بىرنەچچە كۈن ھەرھالدا تىنچ ئۆتتى. شۇ كې باۋچەنگە يولۇقۇپ قالسا، باۋچەن بېشىنى سىلىپ، قاپىقىنىمۇ ئاچماي ئۆتۈپ كېتەتتى، جىنگۈي بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، جىنگۈي ئوتتەك كۆيۈپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالاتتى، بۇ ئەھۋالدا شۇ كې خىجالەت ئىچىدە قالاتتى. بۇ ھەقتە بايان قىلماي قويايلى.

ئەمدى گەپنى باۋچەي ئانا ـ بالا ئىككىيلەندىن ئاڭلىغايسىز. جىنگۈينىڭ بىرقانچە كۈندىن بۇيان تىنچىپ، بىردىنلا كىشىلەرگە خۇش مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئۈچۈن كاتتا ئىش بولۇپ تۇيۇلدى. شۇ ھامما بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ: «شۇ پەن بۇ ئاغىچىغا ئۆيلەنگىنىدە بىرەر ياراشماسلىق بولغاندەك قىلغان، شۇڭا بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىزنى نەس بېسىپلا كېلىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە شۇنداق كېلىشمەسلىكلەر بولسىمۇ، ھەرھالدا پۇل ـ دۇنيايىمىز بولغاچقا، ئاندىن جىيا خانىدانى ھەممەت كۆرسەتكەچكە، ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كۆزىمىز يېتىۋاتىدۇ. كېلىنىمنىڭ بىردىنلا جىمىپ قالغانلىقى، ئەتىمالىم، ئوغلۇم شۇ پەننىڭ تەلىيى ئوڭغا تارتقانلىقىدىن بولسا كېرەك !» دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە، ئۆز كۆڭلىدە بۇ ھالنى ھەيران قالارلىق ئىش دەپ بىلىپ، شۇ كۈنى غىزادىن كېيىن، تۇڭگۈيگە تايىنىپ جىنگۈينى يوقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ماڭدى. ھويلىسىغا كىرىشگە، بىر ئەر كىشىنىڭ جىنگۈي بىلەن گەپلىشىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. تۇڭگۈي ھوشيار بولغاچقا:

— ئاپپاق خېنىم، ئاغىچا خېنىم كەلدى، — دەپ ئۇقتۇرۇپ قويدى.

ئۇلار بوسۇغىغا يېتىپ بېرىشىغا، لاپپىدە قىلىپ ئىشىك

www.uyghurkitap.com

كەينىگە ئۆتۈۋالغان بىر كىمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. شۆ ھاما چۆچۈپ كەينىگە داجىدى.

— ئاغىچا خېنىم، ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا، يات ئادەم يوق، — دېدى جىنگۈي، — ئۇ بېقىۋالغان ئىنىم بولىدۇ، بالدۇر سەھرادا تۇراتتى، شۇڭا خەقلەرگە كۆرۈنۈش قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن، ئۆزلىرىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، يىراقتىلا كەلگەنىدى، تېخى ئۆزلىرىگە سالامغا بارغۇچىلىكمۇ بولمىدى.

— قۇدا ئىنىمىز ئىكەن - دە، كۆرۈشۈپ قويىلى، — دېدى شۆ ھاما.

جىنگۈي ئىنىسىنى چاقىرىپ شۆ ھاما بىلەن كۆرۈشتۈردى، ئۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ھال - ئەھۋال سورىدى، شۆ ھاممىمۇ تىنچ - ئامانلىق سوراپ، ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

— قۇدا ئىنىمىزنىڭ پايتەختكە كەلگىنىگە قانچە ۋاقىت بولدى؟ — دەپ سورىدى شۆ ھاما.

— ئۆتكەن ئايدا ئانامنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇدەك ئادىمى بولمىغاچقا، مېنى بالا قىلىۋالغان، — دەپ جاۋاب بەردى شىيا سەن، — پايتەختكە ئۈلۈشكۈن كەلگەن، بۈگۈن ئاچامنى يوقلىغىلى كەلدىم.

شۆ ھاما ئۇنى ھېيىقماس كۆرۈپ، سەل - پەل ئولتۇرۇپلا ئورنىدىن تۇردى - دە:

— ئىنىم، سىز ئولتۇرۇۋېرىڭ، — دېدى ۋە جىنگۈيگە قاراپ:

— قۇدا ئىنىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىكەن، بىزنىڭكىدە غىزالىنىپ كەتسۇن، — دېدى.

جىنگۈي خوش دەپ جاۋاب بەردى، شۆ ھاما چىقىپ كەتتى.

جىنگۈي قېيىنئىنىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شىيا سەنگە:

— ئولتۇرغىن، ئەمدى ئالدىدىن ئۆتۈۋالدىڭ، شۆ كې غوجامنىڭ سۈرۈشتە قىلىشىدىنمۇ قۇتۇلدۇق. بۈگۈن ماڭا بەزى نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىپ ئەكېلىپ بەرگىن، ئەمما باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن، — دېدى.

— بۇنى ماڭىلا قويۇپ بېرىڭ، — دېدى شيا سەن، — سىزگە نېمە لازىم بولسا، پۇللا بولىدىكەن، سېتىۋالالايمەن.
— بولدى، يوغان گەپ قىلما ! — دېدى جىنگۋي، — سېتىۋېلىشتا ئالدىنىپ قالساڭ، سېتىۋالغان نەرسەڭنى ئالمايمەن جۇمۇ !
ئىككىسى بىرپەس ئويناشقاندىن كېيىن، جىنگۋي شيا سەن بىلەن كەچلىك غىزانى بىللە يېدى، سېتىۋالماقچى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، بىر قۇر تاپىلىغاندىن كېيىن، شيا سەن چىقىپ كەتتى.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شيا سەن ئۆزۈلمەي كېلىپ ـ كېتىپ تۇردى. ياشانغان ئىشىك باقارمۇ ئۇنىڭ قۇدا ئىنىلىقىنى بىلگەچكە، ئانچە مەلۇم قىلمايدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرمۇنچە غەلۋە ـ غۇدۇر پەيدا بولدى. بۇلار كېيىنكى گەپ، هازىرچە بايان قىلمايمىز.

كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى شۆ پەندىن خەت كەلدى، شۆ هامما خەتنى ئېچىپ باۋچەيگە ئوقۇتتى. خەتتە مۇنۇلار پۈتۈلگەنىكەن:

ئانىكا، ئوغلىڭىز ناهىيە يامۇلىدا جاپا تارتمىدىم، خاتىرجەم بولغايسىز. تۈنۈگۈن ناهىيە يامۇلىنىڭ كاتىپىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەرزىمىزنى ئايماقتىن تەستىقلاپتۇ، بۇ گەپچە، قىلغان ئادەمگەرچىلىكىمىز ئۇلارغا يەتكەن ئوخشايدۇ. بىراق، مەلۇم بولۇشىچە، ئايماقتىن ئەرز ـ مەلۇماتنى ۋىلايەتكە يوللىسا، ۋىلايەت رەت قىلىپ ياندۇرۇۋېتىپتۇ. بەختىمىزگە يارىشا، ناهىيە يامۇلىنىڭ باش كاتىپى ئوبدان ئادەم بولغاچقا، يەنە ئالاقە پۈتۈپ يۇقىرىغا قايتا يوللاپتىكەن، ۋىلايەتتىن ناهىيە ئامبىلىنى ئەيىبلەپتۇ، هازىر ۋىلايەت ئۆزى بىۋاستە سوراق قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ يەرگە ئەۋەتىلىدىغان بولسام يەنە ئازاب چېكىپ قالىمەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا ۋىلايەتكە ئادەمگەرچىلىكىمىز يەتمىگەن ئوخشايدۇ. ئانىكا، خېتىم تېگىشى بىلەنلا، بىر كىمگە هاۋالە قىلىپ ۋالىي بېگىمگە ئىلتىجا قىلىڭ !

ئىنىمۇ تېز يېتىپ كەلسۇن ! ئۇنداق بولمىسا، مېنى ۋىلايەتكە ئېلىپ كېتىشىدۇ. بۇنىڭغا كېتىدىغان كۆمۈش ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمىغاي ! تېز بولسۇن ! ناھايىتى تېز بولسۇن !

بۇنى ئاڭلىغان شۇ ھامما يەنە بىرپەس زار ـ زار يىغلىدى. باۋچەي بىلەن شۇ كې بىر ياقتىن ئانىسىغا تەسەللى بەردى، بىر ياقتىن «ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ !» دېيىشتى. شۇ ھامما نائىلاج شۇ كېنى ئۇياققا بېرىپ قارىشىشقا ئەۋەتىش قارارىغا كېلىپ، يۈك ـ تاقلىرىنى تەييارلاشقا دەرھال كىشى بۇيرۇدى. شۇ كې كۆمۈش ئېلىپ گۆرۈخانىسىدىكى بىر خىزمەتكار بىلەن كېچىلەپ يولغا چىقتى. شۇ كۈنى ھەممەيلەن شاپاشلاپ كېتىشتى، يول جابدۇقىنى قىلىشقا مۇلازىم ـ دېدەكلەر بولسىمۇ، باۋچەي ئۇلارنى ئويلاپ يېتەلمەي قالارمىكىن دەپ، ئۆزى تەييارلىشىپ بەردى. شۇ ئاۋارىچىلىك بىلەن تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىدا ئاندىن ئارام ئالدى. باي، دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ قىزى ئەركە چوڭ بولغاچقا، كۆڭلى بىئارام بولغانىنىڭ ئۈستىگە، كېچىچە ھېرىپ كېتىپ، ئەتىسى بويى قىزىپ گېلىدىن سۇمۇ ئۆتمەي قويدى. يىڭئېر دەرھال شۇ ھاممىغا خەۋەر يەتكۈزدى.

شۇ ھامما ئالمان ـ تالمان كېلىپ قارىسا، باۋچەي يۈز ـ كۆزلىرى قىزىرىپ، بەدىنى چوغدەك قىزىپ، گەپمۇ قىلالماي يېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شۇ ھامما تەمتىرەپ كېتىپ، يىغلاپ ئۆلەي دېدى. باۋچىن يۆلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. چيۇلىڭمۇ يېنىدا تۇرۇپ، ياش تۆكۈپ زار ـ زار يىغلاشنىلا بىلدى. باۋچەينىڭ تىلىمۇ گەپكە كەلمەيتتى، ھەتتا قولىنىمۇ قىمىرلىتالماي، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، دىمىقى پۈتۈپ قالغانىدى. تېۋىپ چاقىرتىپ ئەملەتكەندىن كېيىن، بارا ـ بارا ھوشىغا كەلدى، شۇ ھامما باشلىق ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى ئاندىن بىرئاز تەسكىن تاپتى. بۇ خەۋەردىن نىڭگۇ، رۇڭگۇ قەسىرىدىكىلەر ئاللىقاچان بىسەرەمجان بولۇشقانىدى. ئاۋۋال فېڭجيې «ھوشىغا

كەلتۈرىدىغان ھەببى خۇشبۇي» دورىسى ئەۋەتىپ بەردى، ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم «ھەببى گۆھەر» ئەۋەتتى، جيا ئانا، شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار ۋە يۈشى خېنىملار ئۆز دېدەكلىرىنى ئەۋەتىپ ھال ـ ئەھۋال سورىدى، لېكىن بۇ ئەھۋالنى باۋيۈيگىلا بىلىندۈرمىدى. ئۇدا يەتتە ـ سەككىز كۈن داۋالانغان بولسىمۇ ھېچ شىپالىق تاپمىدى. ئاخىر باۋچەينىڭ ئېسىگە «سوغۇق ئەتىر كۇمىلىسى» كېلىپ، شۇنىڭدىن ئۇچ كۇمىلاچ ئىچكەندىن كېيىن كېسىلى ساقايدى. كېيىن باۋيۇي بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ساقىيىپ قالغاچقا يوقلاپ بارمىدى.

شۇ چاغدا شۆ كېدىن يەنە خەت كېلىپ قالدى. شۆ ھامما باۋچەي بىئارام بولمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي، ئۆزى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ھال ئېيتىپ باردى ھەمدە باۋچەينىڭ ئاغرىقى توغرۇلۇق بىر پەس پاراڭلاشتى. شۆ ھامما كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا جېڭغا يالۋۇرغانىدى، جيا جېڭ:

— بۇ ئىشنى يۇقىرىغا ھاۋالە قىلىش ئاسان، تۆۋەنگە ھاۋالە قىلىش تەس، بىرئاز پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋچەي توغرىسىدىكى ئىشنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ بالىغىمۇ جاپا بولدى. ئۇ ھامان بىزنىڭ ئادىمىمىز بولغاندىكىن، بالدۇرراق كېلىن قىلىپ كۆچۈرۈپ كىرسەك بولاتتى، بىكار ئۆزىنى نابۇت قىلىۋالمىغىيدى دەيمەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىۋېدىم، — دېدى جيا جېڭ، — ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى ھازىر بىرئاز مالىمان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش پەسلىمۇ ئاخىرلىشىپ چاغان قىستاپ كېلىپ قالدى، ھەركىم ئۆزىنىڭ سەرەمجانلىرىنى قىلماي بولمايدۇ. بۇ يىل قىشتا چاي ئىچۈرۈپ قويۇپ، كېلەر يىلى باھاردا تويىنى قىلايلى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، قۇتلۇق كۈندە كېلىن قىلىپ كۆچۈرۈپ كىرەيلى. بۇ گەپنى ئاۋۋال ھامما خېنىمنىڭ قۇلىقىغا سېلىپ قويغىن.

ۋالڭ ئاغىچا خېنىم ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئەتىسى ۋالڭ ئاغىچا خېنىم جىيا جېڭنىڭ گېپىنى شۈ هامىمغا يەتكۈزدى. ئۇمۇ ئويلاپ بېقىپ خوپ كۆردى، غىزادىن كېيىن، ۋالڭ ئاغىچا خېنىم شۆ هاما بىلەن جىيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۆزئارا تۇزۇت قىلىشىپ بولۇپ ئولتۇرۇشتى.

— هاما خېنىم بايىراقتا ئۆتۇپلا ـ دە، — دەپ سورىدى جىيا ئانا.

— بۇ ياققا تۇنۇگۇن ئۆتكەنىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى شۆ هاما، — كەچ بولۇپ كېتىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا تەزىم قىلغىلى كېلەلمىدىم.

ۋالڭ ئاغىچا خېنىم جىيا جېڭنىڭ ئاخشام ئېيتقان گەپلىرىنى جىيا ئانىغا بىر قۇر سۆزلەپ بېرىۋىدى، جىيا ئانا بەك خۇشال بولدى.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا باۋيۈي كىرىپ كەلدى.

— غىزا يېدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا.

— مەكتەپتىن بايا قايتىپ كېلىپلا غىزا يېدىم، — دېدى باۋيۈي، — يەنە مەكتەپكە بارماقچىدىم، ئۆزلىرىگە ئاۋۋال كۆرۈنۈش قىلاي دېدىم، ئاندىن هامامنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ هامامغا سالام بېرىپ كېتەي دەپ كەلدىم. باۋچەي ئاچام ئوبدان ساقىيىپ قالغاندۇ؟

— ساقىيىپ قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى شۆ هاما كۈلۈپ.

بايا باۋيۈي گەپ ئۈستىگە كىرىپ قالغاچقا، ئۇلار گېپىنى توختىتىۋالغانىدى. شۆ هاما باۋيۈيگە ئەتىدىن بۇرۇنقىدەك مېهرىبان ئەمەستەك كۆرۈندى، شۇڭا سەل ئولتۇرۇۋېلا: «شۇ تاپتا هەممەيلەننىڭ كەيپى خۇش بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئاز ـ تولا پاراڭ سېلىشقان بولسا بولاتتىغۇ...» دېگەن گۇمانغا كەلدى ـ دە، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ مەكتەپكە كەتتى. ئاخشىمى مەكتەپتىن يېنىپ كېلىپ هەممىسىگە كۆرۈنۈش قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بامبۇكزار سارايغا كەلدى. مەلەڭزىنى

قايرىشىغىلا، زىجۇەن ئۇنى كۈتۈۋالدى، ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى.

— خان قىز نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— تۆر ئۆيگە هاما خېنىم كىرىپتۇ، سالام بېرىپ كېلەي دەپ كەتكەندى. غوجام، ئۆزلىرى تۆر ئۆيگە بارمىدىلىمۇ؟ — دېدى زىجۇەن.

— بېرىپ كەلدىم، سىلەرنىڭ خان قىزنى كۆرمىدىم.

ئۇ يەردە يوقمىكەن؟

— يوق ئىكەن، زادى نەگە كەتكەندۇ؟

— نەگە كەتتىكىنتاڭ!

باۋيۈي كېتەي دەپ چىقىشىغا، دەيىيۈي شۆيەن بىلەن بىر - بىر قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى.

— سىڭلىم قايتىپ كەلدى، — دەپلا باۋيۈي كەينىگە داجىپ يول بېرىپ، دەيىيۈي بىلەن سوڭدىشىپلا ئۆيگە قايتا كىردى. دەيىيۈي ئىچكىرىكى هۇجرىغا كىرىپ باۋيۈيگە ئىچكىرىدىن ئورۇن كۆرسەتتى، زىجۇەن يېپىنچا ئېلىپ چىقىپ يەڭگۈشلەپ قويغاندىن كېيىن، دەيىيۈي ئولتۇرۇپ:

— تۆر ئۆيگە بارغىنىڭىزدا، هامامنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كۆردۈم، — دېدى باۋيۈي.

— هامام مېنىڭ گېپىمنى قىلدىمۇ؟ — دېدى دەيىيۈي.

— سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، مېنى كۆرۈپمۇ بالدۇرقىدەك مېهرىبانلىق كۆرسەتمىدى. باۋچەي ئاچامنىڭ كېسىلىنى سورىساممۇ كۈلۈمسىرەپلا قويۇپ جاۋاب بەرمىدى. بىر - ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇنى يوقلاپ بارمىغانلىقىمدىن شۇنداق قىلىۋاتامدىكىن؟

— يوقلاپ بارمىغانمىدىڭىز؟ — دېدى دەيىيۈي كۈلۈپ قويۇپ.

— دەسلەپتە ئۇقماپتىمەن، كېيىن خەۋەر تاپقىنىمغا بىر - ئىككى كۈن بولغان بولسىمۇ بارماپتىمەن.

— هە مۇنداق دېمەمسىز!

— راستىنى ئېيتسام، چوڭ ئانام مېنى بارمىغىن دېدى، ئانامmu بارغۇزمىدى، بەگ ئاتامmu بارمىسۇن دەپتۇ. مۇنداق تۇرسا مەن قانداق بارالايمەن؟ بالدۇرقىدەك يان ئىشىك ئوچۇق بولسىغۇ كۆنگە ئون قېتىم يوقلاپ بېرىشمۇ تەس ئەمەس ئىدى. ھازىر يان ئىشىكنى ئېتىۋەتتى، ئالدى تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتۈشۈمگە ئەپسىز ئىكەن.

— مۇنداقلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ — دېدى دەيبۇي.

— باۋچەي ئاچام ئادىمەتچىلىكنى بىلىدۇ، ھالىمىغا بەك يېتىدۇ، — دېدى باۋيۈي.

— سىز ئۇنداق چۆچۈرنى خام سانىماڭ! باۋچەي ئاچام بەلكىم سىزدىن تېخىمu ئاغرىنىپ يۈرگەندۇ، چۈنكى كېسەل بولغۇچى ھامىنى ئەمەس باۋچەي ئاچام - دە. بالدۇردىن تارتىپ باغدا بىللە شېئىر يېزىشىپ، گۈل تاماشىسى قىلىپ، مەي - شاراب ئىچىشىپ قانداق خۇشال - خۇرام ئۆتۈشكەندۇق، مانا ئەمدى ئايرىلىپ كېتىۋىدۇق، ئۇلارنىڭ ئۆيدە كېلىشمەسلىك بولغىنىنى، ئاغرىپ شۇنداق ئېغىر ھالدا ياتقىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، خۇددى خەۋىرى يوق ئادەمدەك يۈرسىڭىز، سىزدىن خاپا بولمامدىكەن؟

— ئۇنداقتا باۋچەي ئاچام مەن بىلەن ئەپلەشمىگۇدەك - دە؟

— ئەپلىشەمدۇ، ئەپلەشمەمدۇ، مەن نەدىن بىلەي، مەنمۇ يولى كېلىپ قالغاچقا دەپ قويدۇم.

بۇ گەپ بىلەن باۋيۈي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، بىر ھازاغىچە تېڭىرقاپ قالدى. دەيبۇي باۋيۈينىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي، كۆجىنى يەڭگۈشلەپ قويۇشقا كىشى بۇيرۇدى، ئاندىن كىتابنى ئېلىپ بىر پەس ئوقۇدى، باۋيۈي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، يەرگە تەپكەن پېتى:

— مەندەك بىر ئىنسان نېمىشقىمu تۆرەلگەن بولغىيدى؟ مەن بولمىغان بولسام جاھان پاك - پاكىز بولغان بولاتتى! — دېدى.

— ئەسلىدە «مەن» بولغاچقا، ئىنسان پەيدا بولغان؛ ئىنسان

پەيدا بولغاندىن كېيىن، ھەددى ـ ھېسابسىز خاپىچىلىق، ۋەھىمە، پاراكەندىچىلىك، خام خىيال، يەنە شۇنداق بىرمۇنچە گادىرماچ ئىشلار كېلىپ چىققان. بايىقى ئېيتقانلىرىم چاقچاق گەپ. سىز شۇ ھامامنىڭ مەيۈسلۈكىنى كۆرۈپلا نېمىشقا باۋچەي ئاچامدىن گۇمانلىنىسىز؟ ھامام ئۆزلىرىنىڭ دەۋا ئىشى بىلەن ئۇ يەرگە كىرگەن، كۆڭلى پاراكەندە تۇرسا، بۇ ھالدا سىزگە تەكەللۇپ قىلىشقا رەۋىتى كېلەمتى؟ سىزچۇ، ئۆزىڭىزچە ھەر قىسما خىيال سۈرۈپ، ئېزىتقۇنىڭ كەينىگە كىرىپ قاپسىز.

باۋيۈينىڭ بىردىنلا كۆڭلى يورۇپ كۈلۈۋەتتى:

— راست، شۇنداق، سىزنىڭ زېھنىڭىز مېنىڭكىدىن ئۆتكۈر ئىكەن! ئۇلۇش يىلى خاپا بولغان چېغىمدا، سىز ماڭا ديانادىن[①] بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ بەرگەن ئىدىڭىز، شۇڭا جاۋاب بېرەلمەپتىمەن ـ دە! ئالتۇن بويۇم كەلسىمۇ گەرچە ئالتە غۇلاچ، تۆرەلمىدىم سىز — نېلۇپەر پەرگىگە موھتاج[②].

دەيىيۈي پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ:

— بىر سوئال قوياي، قېنى قانداق جاۋاب بېرەرسىزكىن؟ — دېدى.

باۋيۈي باداشقان قۇرۇپ، ئالقىنىنى جۈپتەكلەپ، كۆزىنى يۇمۇپ، ئاغزىنى دومسايتىپ ئولتۇرۇپ:

— قېنى دەڭ، — دېدى.

— باۋچەي ئاچام سىز بىلەن ئەپ بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ ئەپ بولمىسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ باۋچەي ئاچام ئۆتكەن كۈنلەردە سىز بىلەن ئەپ بولۇپ، ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە ئەپ بولمىسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ باۋچەي ئاچام بۈگۈنكى كۈندە سىز بىلەن ئەپ

---

① ديانا — بۇددا ئىستىقامەتچىلىرىنىڭ مەسىلە قويۇش يولى بىلەن دىنىي چۈشەنچىسىنى ئىمتىھان قىلىش. «ديانا» نىڭ ئەسلىي مەنىسى «تەپەككۇر قىلىش».

② بۇددا تەلىمى بويىچە، بۇددانىڭ بويى ئالتە غۇلاچ، ئالتۇن رەڭلىك بولارمىش. نېلۇپەر — دەيىيۈينىڭ ئەسلىي ۋۇجۇدى «مېھرىگىياھ» بولغانلىقىغا ئىشارە. بۇددا «نېلۇپەر ئىچىدە تۆرىلەرمىش».

بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئەپ بولماي قالسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ سىز ئەپ بولىمەن دېسىڭىزمۇ، ئۇ ئەتەي سىز بىلەن ئەپ بولمىسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ سىز ئەپ بولمايمەن دېسىڭىز، ئۇ ئەتەي سىز بىلەن ئەپ بولىمەن دېسە يەنە قانداق قىلاتتىڭىز؟

باۋيوي بىر هازاغىچە هاڭۋېقىپ قېلىپ، بىردىنلا قاقاهلاپ كۈلۈۋەتتى:

— تىلسىم دەريا سۈيى ئۇلۇغ بولسا بىر تالاي، ئېلىپ سۇدىن ئىچكەيمەن پەقەت بىر نوگاي①.

— نوگاي لەيلەپ ئېقىپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى دەييۈي.

— نوگاي ئۆزى ئاقمايدۇ لەيلەپ، سۇ ئۆزىچە ئاقىدۇ، نوگايمۇ ئۆزىچە لەيلەيدۇ.

— سۇ توختاپ، گۆھەر چۆكۈپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى دەيييۈي.

— بۇددۇشقاقتەك ديانامەن دىلىم ئۆزگەرمەس②، ھەر باھاردا ئۇچۇپ كېتەر زاكچى مەن ئەمەس.

— ديانا سۇلۇكىنىڭ بىرىنچى پەرھىزى يالغان گەپ قىلماسلىق، — دېدى دەيييۈي.

— ئۈچ مۆجىزە شاھىتتۇر،③ — دېدى باۋيوي.

دەيييۈي بېشىنى ساڭگىلىتىپ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا پېشايۋان ئۈستىدىكى قاغا «قاق - قاق» قىلىپ قويۇپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

— ئەي خۇدا! بۇ ئامەتنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى پالاكەتنىڭمۇ! —

① بۇ تەمسىلنىڭ مەنىسى: «تالادا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى» (دەيييۈينىلا ياخشى كۆرىمەن) دېگەنگە توغرا كېلىدۇ.

② بۇنىڭ مەنىسى: «مەن پۈتۈن نىيىتىم بىلەن بۇددا يولىدا ئىستىقامەت قىلغۇچى (ديانا) مەن، بۇنىڭغا خۇددى لايغا چاپلاشقان توزغاقتەك چاپلاشقىنىم چاپلاشقان.» بۇ يەردە ئۇ، دەيييۈيگە بولغان مۇھەببىتىم ئۆزگەرمەيدۇ، دېمەكچى.

③ بۇددىچىلار: بۇددا، تەلىمات، سامغا ئۈچىنى «مۇقەددەس» ئىش دەپ ھېسابلايدۇ، قەسەم قىلغاندا شۇنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ يەردە «سۆزۈم ئىشەنچلىك» دېمەكچى.

دېدى باۋيۈي.

— «ئىنسان ئارا بولۇر ئامەت ياكى پالاكەت، قۇش ئاۋازى بولمىغاي ھېچ ئاڭا بېشارەت» — دېدى دەييۈي.

شۇ ئارىدا چيۈۋېن كىرىپ قالدى.

— غوجام، ئۆيگە قايتسىلا، ئۇلۇغ بېگىم باغقا كىشى ئەۋەتىپ، «غوجام مەكتەپتىن قايتىپ كەلدىمۇ؟» دەپ سوراتقانىدى، شىرېن ئاچام «قايتىپ كەلگەن» دەپ جاۋاب بەردى. تېز بولسىلا، — دېدى چيۈۋېن.

باۋيۈي قورققىنىدىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئالدىراپ - سالدىراپ تاشقىرىغا ماڭدى، دەييۈيمۇ ئۇنى يەنە ئولتۇرۇڭ دېيەلمىدى. ئەمدى نېمە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# توقسان ئىككىنچى باب

## «ئايـاللار تەزكىـرىلىرى» تـەقرىز قـىلىنغـاندا چيـاۋجيېنىـڭ دىيانەتلىك ئايالارغا ھەۋىسى كەلگەنلىكى ئانا گۆھەرنىڭ خاسىيىتىنى تاماشا قىلىپ جيا جېڭنىڭ جەملىك بىلەن تەپەررۇقنى ھېس ئەتكەنلىكى

باۋيۈي بامبۇكزار سارايدىن يېنىپ چىقىۋېتىپ، چيۇۋېندىن:

— بەگ ئاتام مېنى نېمەدەپ چاقىرتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.
— چاقـىرتمىغـان، — دېدى چيۇۋېن كۈلۈپ قـويـۇپ، — شـىرېن ئاچـام غـوجامنـى تـەكلىـپ قـىلىـپ كـەل، دېگەنـىدى، ئۆزلىرىنى كەلمەي قويارمىكىن دەپ، گوللاپ شۇنداق دېدىم.
باۋيۈينىڭ شۇندىلا يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى.
— مېنى چاقىرساڭلارمۇ مەيلى، قورقۇتقىنىڭلار نېمىسى؟ — دېدى باۋيۈي، ئاندىن ئارامبەخش ھويلىغا يېنىپ كەلدى.
— شۇ كەمگىچە نەلەردە يۈردىڭىز؟ — دەپ سورىدى شىرېن.
— دەييۈي خان قىزنىڭ قېشىغا بېرىۋىدىم، باۋچەي ئاچام توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، — دېدى باۋيۈي.
— نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار؟ — دەپ سورىدى شىرېن.
باۋيۈي ديانا تەرزىدە دېيىشكەن گەپلىرىنى بىر قۇر دەپ بەردىم.
— سىلەرگە سۆزلەشكۈدەك باشقا پاراڭ تېپىلمىدىمۇ؟ — دېدى شىرېن، — ئادەتتىكى راۋرۇس پاراڭلارنى سېلىشساڭلار ياكى شېئىر ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشساڭلارمۇ بولاتتىغۇ؟

نېمىدەپ ديانا توغرىسىدا گەپلەشكەنسىلەر؟ يا سىلەر راھىب بولمىساڭلار.

— سەن بىلمەيسەن، ئۆزىمىزلا بىلىشىدىغان ديانا گەپلىرىمىز بار، ئۇنىڭغا باشقىلار گەپ قىستۇرالمايدۇ.

— سىلەر ديانا قىلىشتۇق دەپ گەپلەرنى ئوڭدا - دۈمدە قىلىۋېتىپ يەنە بىزنى گاڭگىرىتىپ قويامسىلەركىن، — دېدى شىرىن كۈلۈپ.

— بۇرۇن يېشىم كىچىك ئىدى، ئۇمۇ گۆدەكلىك قىلاتتى، شۇڭا بىخەستەلىكتە بەزى گەپلەرنى دەپ تاشلىسام، ئۇ خاپا بولۇپ قالاتتى. ئەمدى مەنمۇ پەخەس قىلىدىغان بولدۇم، ئۇمۇ گەپلىرىمگە خاپا بولۇپ كەتمەيدىغان بولدى. بىراق، يېقىندىن بېرى ئۇ ئانچە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن، شۇڭا تاسادىپىي كۆرۈشۈپ قالساق، ياتسىرىغاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

— ئاشۇنداق بولغىنى ئوبدان، — دېدى شىرىن، — يېشىڭلارمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، يەنىلا كىچىك ۋاقتىڭلاردىكىدەك قىلىق قىلىپ يۈرسەڭلار قاملاشمىدۇ؟

— بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدى باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، — ئۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى. سېنىڭدىن شۇنى سورىماقچىمەن، چوڭ ئانام گەپ ئېيتقۇزۇپ بىر كىمنى ئەۋەتتىمۇ؟

— ياق، ھېچكىم كەلمىدى.

— چوڭ ئانامنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئوخشايدۇ. ئەتە ئون بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىغۇ؟ ھەر يىلى شۇ كۈنى چوڭ ئانامنىڭ ھۇجرىسىدا «قىزىش بەزمىسى» ئۆتكۈزۈش ئادەت بولۇپ قالغان، ھەممەيلەن جەم بولۇپ شاراب ئىچىشىپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئولتۇراتتۇق. شۇڭا، بۈگۈن مەكتەپتىن ئەتە بىر كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ قويغانىدىم. شۇ كەمگىچە خەۋەر بولمىسا، ئەتە مەكتەپكە بارسام بولارمۇ، بارمىسام بولارمۇ؟

www.uygurkitap.com

باراي دېسەم، بىكاردىن ـ بىكار بىر كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ قويۇپتىمەن، بارماي دېسەم، بەگ ئاتام ئۇقۇپ قالسا، مېنى ھۇرۇنلۇق قىپسەن دەپ يەنە كايىيدۇ، — دېدى باۋيۈي.

— مېنىڭچە، بارغىنىڭىز تۈزۈك، — دېدى شىرېن، — ئوقۇشقا ئەمدىلا بىر ئاز كۆڭۈل قويۇۋاتقىنىڭىزدا يەنە بوشاپ قېلىۋاتىسىز. مەسلىھەتىمگە كىرىپ سىزمۇ چىڭراق تۇتۇش قىلىسىڭىز بولىدۇ. تۈنۈگۈن ئاغىچا خېنىمنىڭ دېيىشىچە، جيا لەن غوجام بەك ئوبدان ئوقۇۋېتىپتۇ، مەكتەپتىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە ئۆز ئالدىغا كىتاب ئوقۇپ، ماقالە يازىدىكەن. ھەر كۈنى تۆتىنچى جېسەكتىن كېيىن، ئاندىن ئۇخلايدىكەن. سىز ئۇنىڭدىن خېلىلا چوڭ ھەم ئۇنىڭ تاغىسى، مۇبادا ئۇنىڭغا يېتەلمەي قالسىڭىز، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىممۇ خاپا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئەتە سەھەر تۇرۇپ مەكتەپكە بارغىنىڭىز ياخشى.

— كۈنمۇ شۇنداق سوغۇق، — دەپ سۆز قىستۇردى شىيۆ، — رۇخسەت سوراپ قويۇپ يەنە بارسا، مەكتەپتىكىلەر: ئۇنداق بولغاندىن كېيىن رۇخسەت سورىماسلىق كېرەك ئىدى، دېمەمدۇ. ئاندىن يەنە يالغاندىن رۇخسەت سوراپ ساختىلىق قىلغاندەك بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە، بىر كۈن بولسىمۇ يېيىلىپ ئارام ئېلىۋالسۇن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسا، ئۆزىمىز مۇشۇ يەردە بەزمە قىلىۋەرمەيمىزمۇ؟ ئۆزىمىز ئويۇن ـ تاماشا قىلساق بولمامدىكەن؟

— ھەممە ئىشتا باشلاپ بېرىدىغىنى سەن، — دېدى شىرېن شىيۆگە قاراپ، — بۇنداق دېسەڭ غوجامنىڭ مەكتەپكە تېخىمۇ بارغۇسى كەلمەيدۇ.

— ماڭچۇ، بىر كۈن بولسىمۇ خۇشال ئۆتكىنىم غەنىيمەت، — دېدى شىيۆ، — سىنىڭدىن ياخشى ئاتاق چىقىرىپ، بىر ئاي ئىشلەپ، ئىككى سەر كۆمۈشنى ئارتۇق نەپ ئېلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— هۆي جۇۋاينىمەك ! خەق توغرا گەپ قىلىۋاتسا، سەن قوپۇپ ئاغزىڭغا كەلگەننى ۋالاقلاۋاتىسىنا ! — دېدى شىرىن بىرنى تۈكۈرۈپ.

— ۋالاقلىغىنىم ئەمەس، سېنىڭ غېمىڭنى يەۋاتىمەن، — دېدى شېيۈ.

— نېمەدەپ مېنىڭ غېمىمنى يەيتتىڭ؟

— غوجام مەكتەپكە كەتكەندە سەن يەنە دومسىيىپ قالسەن، غوجام پاتراق قايتىپ كەلسىكەن، ئويناپ ـ كۈلۈشكەن بولساق دەپ كۆزۈڭ تۆت بولۇپ كېتىدۇ. ئەمدى بولغاندا، سۈتتىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق بولۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟ مەن بارغۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن، — دېدى شېيۈ.

شىرىن ئۇنى تىللاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئەۋەتكەن چۆرە قىز كىرىپ كەلدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم غوجامنى ئەتە مەكتەپكە بارمىسۇن، دەيدۇ. ئەتە ھامما خېنىمنى چىللاپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىكەن، ئەتىمالىم خان قىزلارنىڭ ھەممىسى كەلسە كېرەك. شياڭيۈن خان قىز، شيۈيەن خان قىز، لى جى خان قىزلارمۇ تەكلىپ قىلىندى، ئەتە «قىزىش بەزمىسى» دەمدۇ، شۇنداق بىر بەزمە ئۆتكۈزگۈدەك، — دېدى كەلگەن چۆرە قىز.

— دېمىدىممۇ؟ چوڭ ئانامنىڭ راسا خۇشلۇقى تۇتۇپتۇ ! — دېدى باۋيۈي بايىقى گەپنى ئاڭلا ـ ئاڭلىمايلا خۇشال بولۇپ، — ئەتە مەكتەپكە بارمايدىغانلىقىم قانۇنلۇق بولدى.

شىرىنمۇ باشقا گەپ قىلالماي قالدى. كەلگەن چۆرە قىز قايتىپ كەتتى.

باۋيۈي بىرنەچچە كون كۆڭۈل قويۇپ كىتاب ئوقۇغاچقا، بىر كۈن راسا ئوينىۋېلىشقا تاقىلداپ تۇراتتى، يەنە كېلىپ شۇ ھاممىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، باۋچەي ئاچاممۇ چوقۇم كېلىدۇ، دېگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— قېنى ئەمسە ياتايلى، ئەتە ئەتىگەن قوپىمىز.

شۇنىڭ بىلەن كېچىچە ھېچ گەپ بولمىدى. دېگەندەك، باۋيۈي ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا كۆرۈنۈش قىلدى، ئاندىن جىيا جېڭ بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا كۆرۈنۈش قىلىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۈگۈن مەكتەپكە بارما دېگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ قويدى، جىيا جېڭ باشقا گەپ ـ سۆز قىلمىغاندىن كېيىن، باۋيۈي ئۇ يەردىن ئاستا يېنىپ چىقىپ، قۇيۇندەك ئىتتىك مېڭىپ جىيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. باشقىلار تېخى كەلمىگەن، پەقەت فېڭجيېنىڭ ئۆيىدىكى ئىنىكئانا چياۋجيېنى ئېلىپ بىرنەچچە چوڭرە قىزلارنى كەينىگە سېلىپ، جىيا ئانىغا سالام بەرگىلى كەلگەنىكەن.

— ئانام، سەن ئاۋۋال بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا سالام بەرگىن، موماڭغا ھەمراھ بولۇپ يېنىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىن، دەپ مېنى ئەۋەتتى، ئانام بىردەمدىن كېيىن كېلىدۇ، — دېدى چياۋجيېر.

— ئاپپاق قىزىم! بۈگۈن سەھەر تۇرۇپ كەتكەنىدىم، مۇشۇ كەمگىچە قارىسام ھېچقايسىسى كەلمىدى، ئوتتۇرانچى تاغاڭلا كەلدى، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ.

— خېنىم، تاغىلىرىغا سالام قىلىسىلا، — دېدى ئېمىكئانا.

چياۋجيې باۋيۈيگە سالام بەردى، باۋيۈيمۇ ئۇنىڭدىن ئېسەنلىك سوراپ:

— قىزچاق، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟ — دەپ قويدى.

— ئاخشام ئانام ئوتتۇرانچى تاغاڭغا دەيدىغان گېپىم بار، دېگەن، — دېدى چياۋجيې.

— نېمە گېپى بار ئىكەن؟

— ئانام ماڭا، — دېدى چياۋجيې، — لى ئانىكاڭدىن بىرنەچچە يىل خەت ئۆگەندىڭ، خەتنى ئوقۇيالامسەنكىنتاڭ، دېۋىدى، مەن «ئوقۇيالايمەن، قېنى ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ بېقىڭ» دېسەم، قارىسىغا ئوقۇۋاتىسەن دەپ چىنپۇتمىدى. ئەتىدىن

كەچكىچە ئويۇندىن باش كۆتۈرمىسەڭ، قانداق ئوقۇيالايتتىڭ، دەيدۇ. مەنچۇ ئۇ خەتلەرغۇ چاغلىق گەپ، «ئاياللار دەستۇرى»نىمۇ قىينالماي ئوقۇيالايمەن. ئانام مېنى گوللاۋاتىسەن دەپ ئىشەنمەي، تاغاڭنىڭ بوش ۋاقتى چىققاندا ئوقۇتۇپ كۆرىمەن، دەۋاتىدۇ.

— جېنىم بالام، ئاناڭ خەت تونۇمىغاچقا، مېنى گوللاۋاتىدۇ، دەپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەتە تاغاڭ سېنى ئاناڭغا ئوقۇتۇپ كۆرسەتسە، ئۇ ئاندىن چىنپۇتەر، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ.

— قانچىرەك خەت تونۇدىڭىز؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي چياۋجىيېدىن.

— ئۈچ مىڭدىن جىقراق. «ئاياللار دەستۇرى»نى ئوقۇپ بولدۇم، يېرىم ئايچە بولدى، «ئاياللار تەزكىرىلىرى»نى ئوقۇپ چىقتىم.

— ئوقۇغاننى چۈشىنەلەمدىكەنسىز؟ چۈشىنەلمىگەن بولسىڭىز سىزگە يېشىپ بېرەي، — دېدى باۋيۈي.

— تاغىسى بولغاندىكىن، جىيەن سىڭلىڭغا ئەلۋەتتە چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇڭ كېرەك، — دېدى جىيا ئانا.

شۇنىڭ بىلەن باۋيۈي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ۋېن ۋاڭنىڭ خانىشى توغرىسىدا سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، جىغا - تۈرگۈچلىرىنى ئېلىۋېتىپ جازاغا تارتىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان جياڭ خانىكە ۋە چى پادىشاھلىقىدىكى ئەلنى تىنچلاندۇرغان يەنلىك جۇڭ لىچۇن — خانىكە - خانىشلار ئىچىدىكى دانىشلاردۇر.

— شۇنداق ! — دېدى چياۋجىيې ئۇنى ئاڭلاپ.

— قابىلىلىرىدىن دېسەك، ساۋ تاغاچا، ساھىبى ھەرەم بەن خېنىم، سەي ۋېنجى، شيې داۋيۈەنلەر بار، — دېدى باۋيۈي.

— پەزىلەتلىكلىرىدىنچۇ؟

— چېتىن جىغىلىق، بوز كۆڭلەكلىك مېڭ گۇاڭ، باۋشۈەننىڭ كومزەكتە ئۆزى سۇ توشۇغان خوتۇنى، تاۋكەننىڭ

چېچىنى كېسىپ سېتىپ ئەمەلدارنى مېھمان قىلغان ئانىسى، مانا بۇلارنى كەمبەغەلچىلىكنى ھار كۆرمىگەن پەزىلەتلىكلەر دېسە بولىدۇ، — دېدى باۋيۈي.

چياۋجيې مەمنۇن بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— دەردمەنلىرىمۇ بار، — دېدى باۋيۈي، — نىشان ئۇچۇن ئەينىكنى ئىككى بۆلەك قىلىۋەتكەن مەلىكە لېچاڭنى، ئىختىباس تەرزىدە كىمخابقا پۈتۈك چەككەن سۇخۇينى دەردمەن ھېسابلىسا بولىدۇ. ۋاپادارلاردىن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا چىرىك بولغان مۇلەن، ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ جەسەت ئىزدىگەن ساۋئې قاتارلىقلار بار، بۇلارنى بايان قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

چياۋجيې بۇلارنى ئاڭلاپ، خۇددى ئويغا چۆمگەندەك شۈككىدە بولۇپ قالدى. باۋيۈي يەنە ساۋ ۋېنشۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەقىدە ساقلاپ بۇرنىنى كېسىۋەتكەن خوتۇنى ۋە ئەرلىرىنىڭ قارىلىقىنى تۇتۇپ مەڭگۈ تۇل ئۆتكەنلەرنى ھەقىقىدە سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چياۋجيېنىڭ ئۇ ئاياللارغا ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى.

باۋيۈي ئۇنى كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالمىسۇن دەپ:

— گۈزەللەردىن دېسەك، مەسىلەن، ۋاڭ چياۋ، شى زى، فەن شۇ، شياۋ مەن، جياڭ شيەن، ۋېنجۈن، خۇڭفۇلار ئاياللار ئىچىدىكى... — دەپ يەنە گەپ باشلىشىغا، جيا ئانا چياۋجيېنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئەمدى بولدى قىل، جىق سۆزلىۋەتسەڭ ئۇ ئېسىدە تۇتالامدۇ! — دېدى.

— ئوتتۇرانچى تاغامنىڭ ھېلى سۆزلىگەنلىرىدىن بەزىلىرىنى كىتابتىن ئوقۇغان، بەزىلىرىنى ئوقۇمىغانىكەنمەن، ئوقۇغانلىرىمنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، تېخىمۇ ئوبدان بىلىۋالدىم، — دېدى چياۋجيې.

— ئوقۇغان خەتلەرنى ئەلۋەتتە بىلىسىز، ئۇنداق بولغاندىكىن يەنە ئوقۇتۇپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، — دېدى باۋيۈي.

— ئانامنىڭ دېيىشىچە، بىزنىڭ ئۆيدىكى شىياۋخۇڭ بۇرۇن ئوتتۇرانچى تاغامنىڭ ھۇجرىسىدىكى قىز ئىكەن، ئانام ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن، تېخىچە ئورنىغا كىشى سەپلەپ بەرمەپتۇ. ئانامنىڭ لىيۇ ئائىلىسىدىكى ۋۇئېر دەمدۇ، بىرىنى شۇنىڭ ئورنىغا بەرگۈسى بار ئىكەن، تاغام ئالامدىكىن، ئالمامدىكىن! — دېدى چياۋجيې.

باۋيۈي ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا:

— ئانىڭىزنىڭ گېپىنى قاراڭ! ئورنىغا كىمنىلا بەرسە بولىۋەرمەمدۇ، ئالامدىكىن، ئالمامدىكىن دەپ سورىغىنى نېمىسى! — دەپ كۈلدى. ئاندىن جىيا ئانىغا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن، — سىڭلىمنىڭ تەق - تۇرق ھەم زېرەكلىكىدىن قارىغاندا، كەلگۈسىدە فېڭجيې ئاچامدىنمۇ ئېشىپ چۈشەمدىكىن دەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئانىسىدىن ساۋاتلىق، — دېدى.

— قىز بالا دېگەننىڭ ساۋاتلىق بولغىنىمۇ ياخشى. لېكىن، ئاياللار قىلىدىغان يىڭنە ئىشلىرى ھەممىدىن مۇھىم ئىش، — دېدى جىيا ئانا.

— لىيۇ ئانىكامدىن يىڭنە ئىشلىرىنىمۇ ئۆگىنىۋاتىمەن، گۈل چېكىش، چىلتەكلىك ئىلما تىكىش دەمدۇ، ئاشۇنداق يىڭنە ئىشلىرىنى ياخشى قىلالمىساممۇ، ئاز - پاز ئۆگەندىم، — دېدى چياۋجيې.

— بىزغۇ ئۇنداق ئىشلارنى ئۆز قولىمىز بىلەن ئىشلەشكە قاراشلىق خەق ئەمەس، — دېدى جىيا ئانا، — شۇنداقتىمۇ، ئانچە - مۇنچە ئۆگىنىپ قويسا، كېيىنكى كۈنلەردە خەقلەرنىڭ ئالدىدا تەڭلىكتە قالىدىغان ئىش بولمايدۇ.

— شۇنداق! — دېدى چياۋجيې. ئۇ باۋيۈيگە «ئاياللار تەزكىرىلىرى» دىن يەنە سۆزلەپ بېرىڭ دېمەكچى بولۇۋىدى، باۋيۈينىڭ ھاڭۋېقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، سوراشقا پېتىنالمىدى.

سىزنىڭچە، باۋيۈي نېمە توغرۇلۇق ھاڭۋېقىپ قالغاندۇ؟ بۇنىڭ

سەۋەبى شۇكى، ليۇ ۋۇئېرنى ئارامبەخش ھويلىغا ئالماقچى بولغاندا، بىرىنچى قېتىم ئۇ ئاغرىپ قېلىپ كىرەلمىگەن؛ ئىككىنچى قېتىم ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چىڭۋېنىنى قوغلىۋەتكەچكە، تەق - تۇرقى كېلىشكەنلەرنى تاللاشتىن ھەزەر ئەيلەپ قالغانىدى. كېيىن چىڭۋېنىنى يوقلاپ ۋۇگۇيىڭكىگە بارغاندا، ۋۇئېرمۇ ئانىسىغا سوغدىشىپ چىڭۋېنگە نەرسە - كېرەك ئاپارغانىدى. باۋيۈي ئۇنى شۇ يەردە بىرلا قېتىم كۆرگەن، باۋيۈيگە بەك چىرايلىق، كېلىشكەن قىز بولۇپ تۇيۇلغانىدى. ئەمدى فېڭجيې يادىدا تۇتۇپ، ئۇنى شياۋخۇڭنىڭ ئورنىغا بەرمەكچى بوپتۇ، شۇڭا ئۇ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغماي، ئەنە شۇنداق خىيالغا چۆمگىنىچە ھاڭۋېقىپ قالغانىدى.

جيا ئانا باشقىلارنى ساقلا - ساقلا شۇ چاغقىچە كەلمىگەندىن كېيىن، چۆرە قىزنى قىچقىرىپ كېلىشكە جورۇغانىدى، لى ۋەن ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى، تەنچۈن، شىچۈن، شى شياڭيۈن، دەيۈيلەر كىرىپ كېلىشتى. ھەممەيلەن جيا ئانىغا سالام بېرىپ بولۇپ، ئۆز ئارا كۆرۈشۈشتى. يالغۇز شۆ ھامىلا كەلمىگەنىدى. جيا ئانا ئۇنىڭغا يەنە ئادەم ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن شۆ ھاممۇ باۋچىنىنى ئېلىپ كەلدى، باۋيۈي تەزىم قىلىپ بولۇپ، شۆ ھامىدىن تىنچلىق سورىدى، باۋچەي بىلەن شىڭ شيۈيەن ئىككىسىلا كەلمىگەنىدى.

— باۋچەي ئاچام نېمىشقا كەلمىدى؟ — دەپ سورىدى دەيۈي.

شۆ ھاما، ئۇنىڭ تاۋى يوق بولۇپ قالغان، دەپلا قويدى. شىڭ شيۈيەن شۆ ھامىنىڭ بۇ يەردىلىكىنى بىلىپ كەلمىگەنىدى. باۋچەينىڭ كەلمىگىنىگە باۋيۈينىڭ ئىچى پۇشقانىدى، دەيۈي كەلگەنلىكى ئۈچۈن باۋچەينى ۋاقتىنچە كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارمۇ كەلدى. فېڭجيې ئۆزىدىن ئىلگىرى قېينىئانىلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ كەينىدە قالغىنىم ياخشى بولماپتۇ دېگەن يەرگە

كېلىپ: «ئىجازەت سوراپ كېلەي دەپ تۇراتتى، بويى قىزىپ قالدى، سەل تۇرۇپ كېلىدۇ» دەپ ئىجازەت سوراپ قويۇشقا پىگئېرنى ئەۋەتتى.

— تاۋى بولمىسا كەلمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمدى غىزا تارتىلىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى جىيا ئانا.

دېدەكلەر چوغداننى كەينىگىرەك يۆتكەپ، جىيا ئانىنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا قاتار قىلىپ ئىككى شىرە قويۇشتى، ھەممەيلەن ئۆز رەتلىرى بويىچە ئورۇن ئېلىشتى، غىزادىن كېيىن ئاۋۋالقىدەكلا چوغداننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈشتى.

بۇ ھەقتە ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

فېڭجىيې نېمە سەۋەبتىن كېلەلمىگەندۇ؟ باشتا شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ كەينىدە قالغانلىقى ئۈچۈن خىجالەت بولۇپ تۇراتتى، ئاڭغىچە ۋاڭئېرنىڭ ئايالى كىرىپ:

— يىڭچۈن خان قىز سىلىدىن ئېسەنلىك سوراپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ، كەلگەن كىشى تۆر ئۆيگە بارمىدىم، ئۇدۇل كېلىن ئاغىچىنىڭ قېشىغا كەلدىم دەيدۇ، — دېدى.

فېڭجىيې يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ دىققەت بولۇپ، كەلگەن كىشىنى چاقىرتتى.

— خان قىز ئوبدان ئۆتۈۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— قانداقمۇ ئوبدان ئۆتتى دېگىلى بولغاي! — دېدى ھېلىقى ئايال، — راستىنى ئېيتسام، پېقىر قۇللىرىنى خان قىز ئەۋەتمىگەن، سىچېنىڭ ئانىسى يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۆزلىرىدىن شۇنى تىلەپ كەلدىم.

— سىچى ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن تۇرسا، مەندىن تىلەيدىغان يەنە نېمە ئىش بولاتتى؟ — دېدى فېڭجىيې.

— سىچى چىقىپ كەتكەندىن بېرى، ئەتىدىن كەچكىچە يىغلاپ ـ قاقشاپ يۈرۈپتىكەن، — دېدى ھېلىقى ئايال، — قايسى كۈنى ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى تۇيۇقسىز كېلىپ قاپتۇ،

سىچىنىڭ ئانىسى ئۇنى كۆرۈپلا جۇدۇنى تۇتۇپتۇ ــ دە، سىچىنغا سەن زامىن بولدۇڭ، دەپ ئۇنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ ئۇرغىلى قوپۇپتۇ، ھېلىقى يىگىت زۇۋان سۈرەلمەپتۇ. شۇ ئەسنادا سىچى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ ــ دە، يۈزىنى داپتەك قىلىپ، ئانىسىغا: «مەن مۇشۇنى دەپ ھەيدەلگەن، بۇنىڭ ۋىجدانسىزلىقىدىن مەنمۇ نەپرەتلەنگەن. ئەمدى بۇ ئۆزى كەپتۇ، ئانا، بۇنى ئۇرىمەن دېگۈچە، مېنى بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتكىن!» دەپتۇ. ئانىسى ئۇنى تىللاپ: «ھۇي نومۇسىنى بىلمەيدىغان جۇۋاينىمەك! زادى سەن نېمە قىلماقچىسەن؟» دەپتىكەن، سىچى: «بىر خوتۇنغا بىر ئەر دەپتىكەن، مەن بىردىنلا يولدىن تېيىپ ئۇنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالدىم، مەن ئەمدى ئۇنىڭ ئادىمى، بۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە تەگمەيمەن. نېمىشقا شۇنداق توخۇ يۈرەكلىك قىلغاندۇ دەپ بۇنىڭغا ئوغام قايىندى! ئۆزى قىلغان ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقىش كېرەك ئىدى، نېمىشقا قېچىپ كېتىدۇ؟ ئۇ ئۆمۈرۋايەت قايتىپ كەلمىگەن بولسا، مەنمۇ ئۆمۈرۋايەت ياتلىق بولمايتتىم. ئانا، مېنى باشقىغا ياتلىق قىلماقچى بولساڭ، ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەتتىم. ئەمدى ئۇ قايتىپ كەپتۇ، ئۇنىڭدىن سوراپ باق، ئەمدى قانداق قىلماقچىكەن، ئەگەر ئۇ نىيىتىدىن يانمىغان بولسا، ئانا، ساڭا باش قوياي، مېنى ئۆلگەن قاتارغا چىقىرىۋەتكىن. ئۇ نەگە بارسا، مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن، ھەتتا تىلەمچىلىك قىلساممۇ رازىمەن» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانىسى ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ يىغلاپ: «سەن مېنىڭ قىزىم، ئۇنىڭغا بەرمىسەم نېمە قىلالايسەن قېنى» دەپ كايىپتۇ. سىچى دېگەنمۇ راسا ئەخمەق بىرنېمىكەن! ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا تامغا بىر ئۇسۇپتىكەن، بېشى يېرىلىپ بولدۇقلاپ قان چىقىپتۇ ــ دە، شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ. ئانىسى ماڭ يىغلىغىنى بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەي، ئاخىر ھېلىقى يىگىتكە خۇن تۆلەيسەن دەپ ئېسىلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسىمۇ ئاجايىپ بىر نەرسىكەن، ئۇ: «ئۆزلىرىنى

بېسىۋالسىلا، مەن ياقا يۇرتلاردا يۈرۈپ مال ـ دۇنيالىق بولدۇم، ئۇنى سېغىنىپ قايتىپ كەلگىنىمنىڭ ئۆزىمۇ نىيىتىمنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ، چىنپۇتمىسىلە مانا بۇنى كۆرۈپ باقسىلا!» دەپ قويىنىدىن بىر قۇتا ئالتۇن ـ مەرۋايىت جابدۇقلارنى چىقىرىپتۇ. بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئۇ موماينىڭ دىلى يۇمشاپ: «كۆڭلۈڭ بار تۇرۇقلۇق نېمىشقا زۇۋان سۈرمىدىڭ؟» دەپتىكەن، ئۇ بالا: «خوتۇن خەقنىڭ كۆڭلى ئوڭاي ئېرىپ كېتىدۇ، پۇلۇم بار دەيدىغان بولسام، ئۇ پۇلۇمنى كۆزلىگەن بولاتتى. ئەمدى بىلدىمكى، بۇ ئادەمگەرچىلىكتە تېپىلغۇسىز قىز ئىكەن، مەن بۇ ئالتۇن ـ جابدۇقلارنى سىلەرگە بېرەي، ئۆزۈم بېرىپ مېيىت ساندۇقى ئەكېلىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كاتتا ئۆزىتاي» دەپتۇ. سىچىنىڭ ئانىسى ھېلىقى نەرسىلەرنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، قىزى بىلەنمۇ كارى بولماي جىيەنىنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، جىيەنى ئىككى مېيىت ساندۇقىنى كۆتۈرتكۈزۈپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ سىچىنىڭ ئانىسى ھەيران بوپتۇ ۋە «نېمىشقا ئىككى مېيىت ساندۇقى ئالدىڭ؟» دەپ سوراپتىكەن، جىيەنى «بىرىگە سىغمايدۇ، ئىككى بولغىنى ياخشى» دەپ كۈلۈپ قويۇپتۇ. سىچىنىڭ ئانىسى جىيەنىنىڭ كۆز يېشى قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئىچ ئاغرىقىدا ئېسىنى يىگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن، جىيەنى سىچىنىڭ جەسىتىنى ئالمان ـ تالمان ساندۇققا سېلىپ، يىغلاپمۇ قويماپتۇ. موماينىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپلا، يېنىدىن قەلەمتىرىچىنى چىقىرىپ، بوينىغا شارتلا سۇرۇپ ئۆلۈۋاپتۇ. سىچىنىڭ ئانىسى پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي، يىغلاپ تېلىقىپ ئۆلەيلا دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىكىلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، يامۇلغا مەلۇم قىلماقچى بوپتۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ھودۇقۇپ قېلىپ، مېنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىغا چۈشۈپ، بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇشلىرىنى ئىلتىماس قىلىپ ئەۋەتكەن. كېيىن ئۇ ئۆزى

www.uyghurkitap.com

كېلىپ ئۆزلىرىگە باش قويماقچى.

— توۋا ! مۇنداق ئەخمەق قىزمۇ بولىدىكىنا ! يەنە كېلىپ، ئاشۇنداق ھاماقەت يىگىتكە دۇچ كېلىپ قالغىنىنى قارا ئۇنىڭ ! — دېدى بۇنى ئاڭلىغان فېڭجيې ھەيران بولۇپ، — شۇڭىزە، قايسى كۈنىدىكى تىنتىشتا ئۇنىڭدىن ھېلىقى نەرسىلەر تېپىلغاندا ھېچنېمىدىن غەم تارتماي تۇرۇپتىكەن ـ دە. ئەجەبمۇ تەرسا قىزكىنا ! توغرىسىنى ئېيتسام، مۇنداق يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشقۇدەك چولاممۇ يوق ئىدى، بىراق بايا ئېيتقانلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بوپتۇ، بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئوتتۇرانچى بېگىمىزگە ئېيتاي، ئۇ ۋاقىتلىرى ئەۋەتىپ، بۇ ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ قويسۇن.

فېڭجيې ئۇ ئايالنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئاندىن جيا ئانا تەرەپكە ئۆتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالغاي.

ئەمدى جيا جېڭغا كەلسەك، شۇ كۈنى ئۇ جەن گۇاڭ بىلەن قورشام دامكا ئويناپ ئولتۇراتتى، بۇ قېتىملىق ئويۇندا يېڭىش ـ يېڭىلىش بىر تەرەپ بولاي دەپ قالغانىدى، پەقەت بىر بۇلۇڭنى تالىشىپ، نېرى ـ بېرى بولالماي تۇراتتى، دەرۋازىدىكى مۇلازىم بالا كىرىپ:

— فېڭ بېگىم ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— باشلاپ كىر ! — دېدى جيا جېڭ.

مۇلازىم چىقىپ فېڭ بېگىمنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. فېڭ زىيىڭ بوسۇغىغا كېلىشى بىلەنلا جيا جېڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. فېڭ زىيىڭ كىرىپ كۈتۈپخانىدا ئولتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ قورشام دامكا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئويناۋېرىشسىلە، مەن كۆرۈپ ئولتۇراي، — دېدى.

— كەمىنىلىرىنىڭ دامكا ئويۇنىنىڭ كۆرگۈچىلىكى يوق، — دەپ كۈلدى جەن گۇاڭ.

— يوقسۇ، ئۇنداق بولامدىغان، ئويناۋەرسىلە ! — دېدى فېڭ زىيىڭ.

— بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— يوقسۇ، ھېچ ئىش يوق، مويسىپىت تاغىمىز ئۆيۈننى داۋام قىلدۇرىۋەرسىلە، مەنمۇ بىرنەچچە يۈرۈشنى ئۆگىنىۋالاي، — دېدى فېڭ زىيىڭ.

— فېڭ بېگىم بىلەن بىز ناھايىتى يېقىن ئۆتىمىز، — دېدى جيا جېڭ جەن گۇاڭغا قاراپ، — باشقا ئىش بولمىسا، مۇشۇ قولنى ئوينىۋېتىپ، ئاندىن پاراڭلىشايلى، فېڭ بېگىم يېنىمىزدا كۆرگەچ ئولتۇرغاي.

— دو تىكتىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى فېڭ زىيىڭ.

— ھەئە، تىكتۇق، — دېدى جەن گۇاڭ.

— دو تىكىشكەن بولسىلا، ئارىلىشىشقا بولمايدىكەن ئەمەسمە ! — دېدى فېڭ زىيىڭ.

— ئارىلاشسىلىمۇ ھېچقىسى يوق، — دېدى جيا جېڭ، — ئۇ بەربىر ئون نەچچە سەر كۈمۈش ئۇتتۇرۇۋەتسىمۇ بەربىر بەرمەيدۇ، ئاخىرىدا پالىسىغا بىزنى مېھمان قىلسىلا بولدى.

— بۇ بولىدىغان گەپ، — دەپ كۈلدى جەن گۇاڭ.

— تاغا، جەن گۇاڭ ھەزرىتىم بىلەن تەڭ چىقىۋاتاملا؟ — دەپ سورىدى فېڭ زىيىڭ.

— دەسلەپتە تەڭ كېلىۋاتاتتۇق، — دېدى جيا جېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — كېيىن ئۇ يېڭىلىپ قالدى، بۇ قېتىم ئىككى ئۇرۇق يۈرۈۋېلىشقا ئۆتۈنسەممۇ يەنە ئۇتتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ، مېڭىپ بولۇپ پات - پات يېنىۋالىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇنىمىسام جىلە بولىدۇ.

— ئۇنداق ئىش يوق ! — دېدى جەن گۇاڭمۇ كۈلۈپ.

— قېنى كۆرۈپ باقايلى ئەمىسە، دېدى جيا جېڭ.

ئۇلار كۈلكە - چاقچاق بىلەن دامكىنى ئاياغلاشتۇردى. بىر چاغدا دامكىنى يىغىشتۇرۇپ جەن گۇاڭ ئۇرۇقلىرىنى سانىۋىدى، يەتتە ئۇرۇق ئۇتتۇرۇپتۇ.

— بۇدوقى ئويۇندا ھەمىشە قورشامدا قېلىپ زىيان تارتتىلا، تاغامنىڭ قورشامدا قالغان ئۇرۇقلىرى ئاز بولغاچقا ھايان ئالدى، — دېدى فېڭ زىيىڭ.

— بىئەدەپلىك قىلىپ قويدۇق، ئەمدى پاراڭلىشايلى، — دېدى جيا جېڭ فېڭ زىيىڭغا.

— كەمىنە جيەنلىرى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمىگىنىمگە ئۇزاق بولدى، شۇڭا ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ھەم ئۆزلىرىنى بىر ئىشتىن خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن كېلىۋىدىم: گۇاڭشىنىڭ ۋالىيسى كۆرۈشۈشكە كەپتىكەن، ئۇ ئوردىغا سوۋغات قىلىشقا يارىغۇدەك تۆت خىل چەت ئەل مېلى ئالغاچ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىرسى يىگىرمە تۆت قاناتلىق شىرمەل بولۇپ، تامامەن سەندەل ياغىچىدا نەقىشلەنگەنىكەن، ئوتتۇرىسىغا قاشتاش بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئەڭ ئېسىل شېشە تاش ئورنىتىلغان، تاغ - سۇ مەنزىرىلىرى، ئادەم، راۋاق، گۈل - گىياھ، ئۇچار قاناتلار ئويۇلغانىكەن. بىر قانىتىغا ھەرەم كېنىزەكلىرىدەك ياسالغان ئەللىك - ئاتمىش قىزنىڭ سۈرىتى ئويۇپ چۈشۈرۈلۈپتۇ. بۇ شىرمەلنىڭ نامى «خەن ئوردىسىدا باھار سۈبھى» ئىكەن. ئادەملەرنىڭ قاش - كۆز، ئېغىز، بۇرۇن ۋە قول ھەرىكەتلىرى، كىيىم - كېچەكلىرىدىكى پۈرمىلىرى ناھايىتىمۇ ئېنىق، نەپىس ئىشلىنىپتۇ. زىننەت ئۈچۈن قويۇپ قويسا بەك يارىشىدىكەن. مېنىڭچە، بۇ قەسىر شەرىپىلىرىدىكى نەزەرباغنىڭ مېھمانخانىسىغا راسا لايىق كېلىدۇ. يەنە بىر دانە سائەتمۇ بار، بويى ئۈچ چىدىن ئاشىدۇ، بىر بالا قورچاقنىڭ قولىدىكى ۋاقىت كۆرسەتكۈچ قايسى چاغ بولسا شۇ ۋاقىتنى مەلۇم قىلىپ تۇرىدىكەن. ئىچىدە تېخى ئون قېتىم جاڭ سوقىدىغان خەۋەرچىسىمۇ بار ئىكەن. بۇ ئىككى نەرسە يوغان ھەم ئېغىر بولغاچقا ئېلىپ كېلەلمىدىم. بۈگۈن ئالغاچ كەلگەن مۇنۇ ئىككى نەرسىمۇ خېلى قىزىقارلىق نەرسىلەر ئىكەن، — فېڭ زىيىڭ

شۇنداق دەپ يېنىدىن كىمخاب بىلەن تاشلانغان قۇتىنى ئالدى، ئۇ ئاق دارايى بىلەن قاتمۇقات ئورالغانىدى. مەشۇت بوغقۇچىنى يېشىۋىدى، ئۈستۈنكى قەۋىتىدىن شىشە قۇتا چىقتى، قۇتىدا ئالتۇن پايە بولۇپ، قىزىل دۇردۇندىن قىلىنغان تەگلىكتە كۈۋاك[①] چوڭلۇقىدا بىر دانە گۆھەر تۇراتتى، چاقناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

— ئاڭلىشىمچە، بۇ «ئانا گۆھەر» دېيىلىدىكەن، — دېدى فېڭ زىيىڭ، ئاندىن، — پەتنۇس ئەكېلىشسىلە، — دەپ جورۇدى.

جەن گۇاڭ دەررۇ قارا سىرلانغان خونچىنى ئېلىپ:

— مۇنۇ بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بولىدۇ، — دەپ فېڭ زىيىڭ قويىنىدىن ئاق شايە تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ، ئاندىن تۈگۈنچەكتىكى مەرۋايىتلارنى خونچىغا تۆكتى، ئاندىن ئانا گۆھەرنى خونچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، خونچىنى شىرەگە ئالدى. ئۇششاق مەرۋايىتلار دومىلاپ ـ دومىلاپ گۆھەرنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. گۆھەرنى كۆتۈرۈۋىدى، ئۇششاق مەرۋايىتلارنىڭ بىرىمۇ قالماي گۆھەرگە چاپلىشىۋالدى.

— ئاجايىپ ئىكەن ـ ھە ! — دېدى جەن گۇاڭ ھەيران بولۇپ.

— بۇ ئاجايىبكىنا! ئەسلىدە ئۇ مەرۋايىتلارنىڭ ئانىسى بولغاچقا، ئۇنى «ئانا گۆھەر» دەيدۇ، — دېدى جيا جېڭ.

— ھېلىقى قۇتا قېنى؟ — دېدى فېڭ زىيىڭ قايرىلىپ، ئۆزىگە سوغدىشىپ كەلگەم مۇلازىم بالىغا.

مۇلازىم بالا نەشپۈت ياغىچىدا ئىشلەنگەن گۈللۈك قۇتىنى دەررۇ سۇنۇپ بەردى. قۇتىنى ئېچىۋىدى، قۇتا تاغىل كىمخابتىن ئەستەرلەنگەن بولۇپ، ئىچىگە قاتلاقلىق كۆك شايى سېلىنغانىكەن.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى جەن گۇاڭ.

---

① كۈۋاك — ياڭاقتەك بىر خىل مېۋە.

www.uyghurkitap.com

— «بۇنى لەھەڭ شايە كېشىك» دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى فېلىڭ زىيىلىڭ.

شايىنى قۇتىدىن ئالغاندى، ئىچىدىن بويى بەش سۇڭمۇ كەلمەيدىغان، قېلىنلىقى يېرىم سۇكچە قىلىپ قاتلانغان بىر نەرسە چىقتى. فېلىڭ زىيىلىڭ ئۇنى بىر قەۋەتتىن - بىر قەۋەتتىن چۇۋۇۋىدى، ئۇن نەچچە قەۋەتنى چۇۋۇغاندا شىرەگە سىغماي قالدى.

قارىسىلا، ئىچىدە يەنە ئىككى قاتلاق بار، بۇنى ئېگىز ئۆيگە چىقىپ چۇۋۇساق ئاندىن بويلايدۇ. بۇ لەھەڭ مەشۇتىدىن توقۇلغان. تومۇز كۈنلىرى سارايغا تارتىپ قويۇلسا چىۋىن، پاشىلار كىرەلمەيدۇ، ئۆزى يەڭگىل ھەم يورۇق، — دېدى فېلىڭ زىيىلىڭ.

— ھەممىنى چۇۋۇۋەتمەڭ، — دېدى جىيا جېلىڭ، — تەخلەشتە ئاۋارىچىلىك بولىدۇ.

جەن گۋاڭ بىلەن فېلىڭ زىيىلىڭ ئۇنى ئۆز ئەينى بويىچە قاتلاپ يىغىشتۇرۇپ قويدى.

— بۇ تۆت نەرسىنىڭ باھاسىمۇ قىممەت ئەمەس، — دېدى فېلىڭ زىيىلىڭ، — ئىككى تۈمەن سەر كۈمۈشكىلا بېرىدۇ. ئانا گۆھەر بىر تۈمەن سەر، لەھەڭ شايى كېشىك بەش مىڭ سەر، «خەن ئوردىسىدا باھار سۈبھى» بىلەن كاككۇك سائەت بەش مىڭ سەر.

— بۇنى سېتىۋالغۇچىلىكىمىز يوق، — دېدى جىيا جېلىڭ.

— ھەربىرلىرى بولسا سەلتەنەت تۇغقانلىرى، بۇ نەرسىلەر ئوردىغا لازىم ئەمەسمىدۇ؟ — دېدى فېلىڭ زىيىلىڭ.

— لازىم نەرسىلەرگۇ ناھايىتى كۆپ، شۇغىنىسى بىزدە ئۇنچىلىك كۈمۈش نىمە قىلسۇن، — دېدى جىيا جېلىڭ، — خوپ، بۇنى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈپ بېرەي، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم كۆرۈپ باقسۇن.

— ئوبدان، — دېدى فېلىڭ زىيىلىڭ.

جيا جېڭ جيا ليەننى چاقىرتىپ، بۇ ئىككى نەرسىنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا كىرگۈزۈپ بەردى. جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار، فېڭجيې تەكلىپ قىلىندى، ئۇلار بۇ ئىككى نەرسىنى بىر ـ بىردىن كۆرۈپ چىقتى.

— ئۇنىڭدا يەنە ئىككى نەرسە بار ئىكەن، — دېدى جيا ليەن، — بىرسى شىرمەل، بىرسى نەغمىلىك سائەت، ھەننىۋاسىنى قوشۇپ ئىككى تۈمەن سەر كۈمۈشكە ساتماقچىكەن.

— دەرۋەقە ئېسىل نەرسىلەر ئىكەن، — دېدى فېڭجيې جيا ليەننىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — لېكىن، بىزدە ئۇنچىلىك بىكار پۇل نېمە قىلسۇن؟ بىز ياقا ۋىلايەتلەردە خانلىق سوۋغات ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان مۇراقىپ ئەمەس. مەن خېلى يىللاردىن بېرى مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن، بىزدەك ئائىلە ئۇچۇن، خەيرىيەتلىك زېمىن، ئاندىن ئەۋلادىي ۋەخپە، مازارلىق ئۆي ـ ئىمارەت دېگەندەك بىر ئاز كۆچمەس مۈلۈك قىلىپ قويغان ياخشى ئىكەن. شۇنداق قىلساق، كېيىنكى كۈنلەردە بالىۋاقىلىرىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇلارغا ئانچە ـ مۇنچە مەدەت بولىدۇ، بىر يولىلا يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتمەيدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئەنە شۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۇلۇغ بېگىملەر، ئاغىچا خېنىملار نېمە دەيدىكىن؟ بۇ نەرسىلەرنى بېگىملەر ئالىمىز دېسە ئېلىۋەرگەي.

— بۇ جايىدا گەپ بولدى، — دېيىشتى جيا ئانا ۋە باشقىلار.

— ئۇنداق بولسا ياندۇرۇۋېتەيلى، — دېدى جيا ليەن، — بېگىم ئوردىغا سوۋغات قىلىپ كىرگۈزۈپ بېرىشكە لازىم بولۇپ قالارمىكىن دېگەن ئويدا مېنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا كۆرسىتىپ باق دەپ جورۇغانىدى. كىم بۇنى سېتىۋېلىپ ئۆيىگە تىزىپ قويىدۇ دەيلا؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئېغىز ئاچقۇچە، سەن خەقنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ بىر تاغار گەپ قىلىپ كەتتىڭ.

شۇنىڭ بىلەن جيا ليەن بۇ نەرسىلەرنى ئاچىقىپ كېتىپ جيا جېڭغا:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا لازىم ئەمەس ئىكەن، — دەپ مەلۇم قىلدى. ئارقىدىن فېڭ زىيىڭغا، — بۇغۇ باھاسىز ئېسىل نەرسىلەر ئىكەن، بىراق قولىمىز قىسقىلىق قىلىۋاتىدۇ. مەنمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراي، خېرىدار چىقىپ قالغۇدەك بولسا، سىزگە ئۇچۇرىنى بېرەي، — دېدى.

فېڭ زىيىڭ ئۇ نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، ئاندىن زېرىككەندەك بولۇپ ئورنىدىن قوزغالدى.

— كەچلىك غىزانى مۇشۇ يەردە يېسىلە، — دېدى جىيا جېڭ.

— رەھمەت، ھەر كەلگىنىمدە سىلىگە مالاللىق سېلىۋېرىمەنمۇ؟ — دېدى فېڭ زىيىڭ.

— ئۇنداق گەپنى قويسىلا ! — دېدى جىيا جېڭ.

گەپ ئۇستىگە بىرسى كىرىپ، چوڭ بېگىم كەلدى دەپ خەۋەر قىلدى، ئاڭغىچە جىيا شې ئۆزى كىرىپ كەلدى، ئۇلار سالاملىشىپ، ئېسەنلىك سوراشتى.

شۇ ئەسنادا مەي - شاراب كەلتۈرۈلدى، نازۇنېمەتلەر تىزىلدى، شاراب ئىچىلىپ تۆت - بەش ئايلانغاندىن كېيىن، پەرەڭ مېلى ئۇستىدە گەپ باشلاندى.

— بۇغۇ ئەسلىدە كاسات مال. پەقەت ھەربىرلىرىدەك ئەزىز خاندانىنىڭلا بۇنى ئېلىشقا قۇربى يېتىدۇ، باشقىلارنىڭ ئېلىشى تەس، — دېدى فېڭ زىيىڭ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدى جىيا جېڭ.

— بۇرۇنقى ئەھۋالىمىز ھازىر يوق. بۇ كۈنلەردە قۇرۇق سۆلىتىمىزلا قالدى، — دېدى جىيا شې.

— شەرقىي قەسىردىكى جېن بېگىمنىڭ ھال - ئەھۋالى ياخشىدۇ؟ — دەپ سورىدى فېڭ زىيىڭ يەنە، — قايسى كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ بىرئاز پاراڭلىشىپ قالدۇق، ئۇ بەگزادىسىنىڭ ھازىر ئالغان ئاغىچىسىنىڭ ئىلگىرىكى چوڭ ئاغىچىسىغا يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھازىرقى كېلىنى قايسى

www.uyghurkitap.com

جەمەتتىن ئىكەن؟ بۇنى مەنمۇ سورىماپتىمەن.

— جىيەن نەۋرە كېلىنىمىزمۇ مۇشۇ يەرلىك چوڭ جەمەتتىن، پايتەختتىكە يېقىن يەردە ۋالىي بولغان خۇ بېگىمنىڭ قىزى بولىدۇ، — دېدى جيا جېڭ.

ۋالىي خۇ بېگىمنىغۇ تونۇيمەن، بىراق ئۇنىڭ ئائىلىسى مەرىپەت جەھەتتىن ئانچە ئەمەس ئىدى. بۇمۇغۇ مەيلى، قىز بالا ياخشى بولسىلا بولاتتىغۇ، — دېدى فېڭ زىيىڭ.

— ئىچكى دىۋاندىكىلەرنىڭ گېپىگە قارىغاندا، جيا يۈيسۇن يەنە كۆتۈرۈلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى جيا ليەن.

— شۇنداق بولسىغۇ ئوبدان بولاتتى، — دېدى جيا جېڭ، — راست شۇنداقمىدۇ؟

— شۇنداقراق بولسا كېرەك، — دېدى جيا ليەن.

— بۇگۈن مەنسەپدارلىق دىۋانىغا بارغىنىمدا، مەنمۇ ئاشۇنداق گەپلەرنى ئىشىتكەنىدىم. يۈيسۇن جانابلىرى ھەربىرلىرى بىلەن بىر جەمەتتىن بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى فېڭ زىيىڭ.

— شۇنداق، — دېدى جيا جېڭ.

— يېقىن تۇغقانلاردىنمۇ ياكى شىرەم تۇغقانلاردىنمۇ؟ — دەپ سورىدى فېڭ زىيىڭ يەنە.

— بۇنى دەپ كەلسەك گەپ ئۇزۇن، — دېدى جيا جېڭ، — ئۇ ئەسلىدە جېجىياڭنىڭ خۇجۇ ۋىلايىتىدىن، سەرسان بولۇپ سۇجۇغا كېلىپ تۇرۇپ قاپتىكەن، ئۇ يەر ھېچ دىتىغا ياقماپتۇ. جىن شىيىن دېگەن بىر كىشى ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ قېلىپ، دائىم ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغانىكەن. كېيىن ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ جىنشېلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ئەلام بويىچە ئامباللىققا مۇشەررەپ بوپتۇ، ئاندىن جىن ئائىلىسىنىڭ دېدىكىگە ئۆيلىنىپتۇ. ھازىرقى ئاغىچىسى رەسمىي چوڭ خېنىم ئەمەس. شۇ ئارىدا جىن شىيىن خانىۋەيران بولۇپ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپتۇ. كېيىن يۈيسۇن ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلىنىپتۇ. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمايتتۇق،

سىڭلىمىزنىڭ كۆيۈسى لىن رۇخەي غوجام ياڭجۇ ۋىلايىتىدە تۇز مۇپەتتىشى بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇنى ئائىلىۋى خەلپەتلىككە ئالغانىكەن، شۇڭا جىيەن قىزىمىز ئۇنىڭ تالىبەسى بولىدۇ. كېيىن ئۇ مەنسىپى ئەسلىگە كېلىدىغان خەۋەرنى ئاڭلاپ پايتەختكە كەلمەكچى بولىدۇ. دەل شۇكەمدە جىيەن قىزىمىزمۇ بىزنى يوقلاپ پايتەختكە ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇپتىكەن. كۈيۈئوغلىمىز لىن رۇخەي بېگىم قىزىدىن سەپەر ئۈستىدە خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇشۇمنى ئۆتۈنۈپ پېقىرغا بىر پارچە تەۋسىيە خېتىمۇ يېزىپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇياق ماڭا يامان ئەمەس ئادەمدەك كۆرۈندى، دائىم باردى - كەلدى قىلىشىپ تۇردۇق. جىيا يۈيسۈنگە ھەيران بولغان يېرىم شۇكى، ئۇ ئاتا مىراس مەنسەپ ۋارىسلىرى بولغان «دەي» ئىسمىلىك ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ، نىڭگو - رۇڭگو ئىككى خانىدانىنىڭ جان سانى، ئۆي - ئىمارەتلىرى، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە مەئىشەتلىرىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە تولۇق بىلىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ماڭا بارغانسېرى يېقىن قالدى، — ئاندىن جىيا جېڭ كۈلۈپ قويۇپ شۇنداق دېدى، — بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ئۇ يول تېپىپ، ۋالىيلىقتىن ئۆسۈپ دىۋان مىرزىبېگى بولۇپ كۆتۈرۈلدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا مەنسەپدارلىق دىۋانىنىڭ چۆپدار بېگى، ئەسكىرىي دىۋانبېگى بولۇپ كۆتۈرۈلدى. كېيىن بىر پېشكەللىككە ئۇچراپ، ئۈچ دەرىجە چۈشۈپ كەتكەن، مانا ئەمدى يەنە كۆتۈرۈلىدىغان بوپتۇ.

— ئىنساننىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ياكى ۋەيران بولۇپ غۇربەتتە قېلىشىنى، مەنسەپدارلىق بابىدا مۇشەررەپ بولۇش ياكى مەھرۇم بولۇشنى ئالدىن بىلىش تەس! — دېدى فېڭ زىيىڭ.

— جاھاندا ھەممە ئىشنىڭ يولى بىر بولىدۇ - دە، — دېدى جىيا جېڭ، — مەسىلەن، بايىقى مەرۋايىتلارنى ئالايلى، ھېلىقى يوغىنى خۇددى ئامەتلىك ئادەمدەك، ئۇششاقلىرى بولسا ئۇنىڭ خاسىيىتى شاراپىتىدىن ئۇنى ئۆزلىرىگە پاناھ قىلغاندەك، مۇبادا

يوغىنى بولمىسا ئۇششاقلىرى باشپاناھسىز قالىدىغاندەك تۇرۇپتۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىر جەمەتنىڭ ئاقساقىلى پېشكەللىككە ئۇچرىسا، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىمۇ سەرسان بولىدۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىمۇ غۇربەتچىلىك باسىدۇ، قەدىناس دوست - يارەنلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. دېمەك، گۈللەپ - ياشناش مەزگىلى ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىپ، شان - شەۋكىتى تۈگەپ سۇلىشىپ غۇربەتكە ئۇچراش بەئەينى باھار بۇلۇتلىرى بىلەن كۈز ياپراقلىرىغا ئوخشايدۇ. ئويلاپ كۆرسىلە، مەنسەپدار بولغاننىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن؟ جىيا يۈيسۈننى ئىشى ئوڭدىن كەپتۇ دېسە بولىدۇ. ئەمدى بىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان جەمەتلەر، مەسىلەن، جېن جەمەتىنى دەيلى، بۇرۇن ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاشلا خىزمەت كۆرسەتكەن، ئاتا مىراس مەنسەپكە ئىگە بولغان، تۇرمۇش مەئىشەتلىرىمۇ بىزگە ئوخشاش ئىدى، ئۇلار بىلەن ھەمىشە باردى - كەلدى قىلىشىپ تۇراتتۇق. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا ئۇلار پايتەختكە كەلگەنلىرىدە ئېسەنلىك سوراپ بىزنىڭكىگە ئادەم ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئۇ چاغلاردا شۇنچە كۆڭۈللۈك ئىدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ يۇرتىدىكى مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدى، تا بۈگۈنگىچە ئۇلاردىن ھېچقانداق خەۋەر يوق. بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە ھال - ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدۇق. ھازىر مېنىڭ غېمىم شۇلاردىلا قالدى.

— قانداق مەرۋايىت ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا شې.

جىيا جېڭ بىلەن فېڭ زىيىڭ مەرۋايىت توغرۇلۇق ئۇنىڭغا بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

— بىزنىڭ ئائىلىمىزدە ئەمدى پېشكەللىك يوق، — دېدى جىيا شې.

— دەرھەقىقەت، خانىدانلىرى ئۇچۇن ئەندىشە يوق، — دېدى فېڭ زىيىڭ، — چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئوردىدا ئەزىز خانىش غەمخورلۇق قىلىپ تۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئوبدان قەدىناس

www.uyghurkitap.com

يارەنلىرى بار، ئۈرۈق ـ تۇغقانلىرى كۆپ؛ ئۈچىنچىدىن، خانىدانلىرىدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن تارتىپ، تاكى بەگ ـ غوجاملارغىچە كاززاپلىق، مۇتتەھەملىك قىلىدىغىنى زادىلا يوق.

— كاززاپلىق ـ مۇتتەھەملىك قىلغۇچىلار بولمىسىمۇ، لېكىن ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ۋە قابىلىيەتلىكلىرى يوق. ئۇلارنى مۇنداق بىكاردىن ـ بىكار بېقىش بىزگە ئېغىر كەلمەمدۇ؟ — دېدى جىيا جېڭ.

— بولدى، بۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى، قېنى شاراب ئىچەيلى، — دېدى جىيا شې.

بىرنەچچە قەدەھ ئىچىلگەندىن كېيىن غىزا تارتىلدى، غىزادىن كېيىن چاي ئىچىلدى. فېڭ زىيىڭنىڭ بالا مۇلازىمى كىرىپ، ئۇنىڭغا پىچىرلاپ بىرنېمە دېۋىدى، فېڭ زىيىڭ خوشلاشماقچى بولدى.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى جىيا شې مۇلازىم بالىدىن.

— تاشقىرىدا قار يېغىۋاتىدۇ، جېڭ قېقىلغىلىمۇ خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى مۇلازىم بالا.

جىيا جېڭ ئادەم جورۇپ قاراتقۇزۇۋىدى، بىر غېرىچچە قار چۈشۈپتۇ.

— ھېلىقى ئىككى نەرسىنى ئېلىۋالدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا جېڭ فېڭ زىيىڭدىن.

— ئالدىم، قەسىر شەرىپىلىرىگە لازىم بولۇپ قالسا باھاسىنى ئازراق چۈشۈرۈشكىمۇ بولىدۇ، — دېدى فېڭ زىيىڭ.

— قېنى، يەنە ئويلىنىپ باقاي، — دېدى جىيا جېڭ.

— ئەمىسە ئۇچۇرىنى كۈتىمەن. كۈن سوغۇق، ئۇزىتىمىز دەپ ئاۋارە بولۇشمىسىلا، — دېدى فېڭ زىيىڭ.

جىيا شې بىلەن جىيا جېڭ ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشقا جىيا لىيەننى بۇيرۇدى. كېيىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# توقسان ئۈچىنچى باب

## جېن خاندانى چاكىرىنىڭ جيا خاندانىغا پاناھ ئىزدەپ كەلگەنلىكى
## شۈيىۋ ئىبادەتخانىسىدا ئىشق ـ ھەۋەس ماجىراسى كۆتۈرۈلگەنلىكى

فېڭ زىيىڭ كەتكەندىن كېيىن، جيا جېڭ دەرۋازىۋەننى چاقىرتىپ سورىدى:

بۈگۈن لىنئەن بېگىم بىزنى چىللاپتۇ، نېمە ئىش ئىكەن، ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— پېقىر قۇللىرى سوراپ كۆرگەنىدىم، — دېدى دەرۋازىۋەن، — ھېچقانداق قۇتلاش ـ مۇبارەكلەش ئىشى يوق ئىكەن. نەنئەن جۇنۋاڭ قەسرىگە كىچىك بىر بەنزە چاڭچىلىكەشلەر كەپتىكەن، خەقلەر ئۇلارنى مەشھۇر چاڭچىلىكەشلەر دېگەچكە، بوجۇن بېگىم خۇشلۇقى تۇتۇپ، يېقىن يارەنلىرىدىن بولغان بەگ ـ غوجاملارنى چىللاپ، ئىككى كۈن ئويۇن قويدۇرۇپ كۆڭلىنى ئاچماقچى بوپتۇ. سوۋغا ـ سالام يوللانمىسا كېرەك.

شۇ گەپ ئۈستىگە جيا شې كېلىپ قېلىپ:

— ئوتتۇرانچى بېگىم، ئەتە بارامسىز؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭدىن.

— ئۇ شۇنچە يېقىنچىلىق قىلىۋاتسا، بارمىسام بولماس؟ — دېدى جيا جېڭ.

شۇ ئارىلىقتا دەرۋازىدىكى مۇلازىملاردىن بىرسى كىرىپ:

— ياموٗلدىن بىگىمنى ئەتە ياموٗلغا بارغاي، ياموٗل باش سەركارىنىڭ تاپشوٗرىدىغان ئىشلىرى بار ئىكەن، ئەتىگەنرەك بېرىش لازىم ئىكەن دەپ، كاتىپ تەكلىپ قىلىپ كەپتوٗ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— ئوٗقتوٗم، — دېدى جىيا جېڭ.

شوٗ ئەسنادا سەھرادىكى يەر ئىجارىلىرىنى باشقوٗرىدىغان ئىككى غوجىدار كىرىپ، ئوٗلاردىن ئىسەنلىك سوراپ، باش ئوٗروٗپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، بىر چەتتە توٗردى.

— سىلەر خېجياجوٗاڭ جاڭزىسىدىنموٗ؟ — سورىدى جىيا جېڭ.

ئىككى غوجىدار خوش دەپ جاۋاب بەردى. جىيا جېڭ باشقا گەپ سورىماي، جىيا شې بىلەن بىرپەس پاراڭلىشىپ، ئاندىن ئوٚيلىرىگە قايتىشتى، موٗلازىملار پانوٗس كوٚتوٗروٗپ جىيا شېنى ئوٗزىتىپ مېڭىشتى.

— قېنى گەپ قىلىڭلار! — دېدى جىيا ليەن ھېلىقى غوجىدارلارغا.

— بىز چاكارلىرى ئوٗنىنچى ئايلىق ئىجارە ھەقلىرىنى ئېلىپ يولغا چىققان، — دېدى ئوٗلاردىن بىرسى، — ئەتە يېتىپ كەلمەكچىدوٗق، پايتەختنىڭ سىرتىدا دوغىلار ھارۋىلارنى توٗتوٗۋېلىپ، سوٗروٗشتوٗرمەيلا ئوٗستىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە تاشلىغىلى توٗردى. كەمىنە چاكارلىرى ئوٗلارغا بوٗ سودىگەر ھارۋىسى ئەمەس، خاندانىمىزغا تەئەللوٗق ئىجارە ھەقلىرى يوٗكلەنگەن ھارۋا دېسەك، ئوٗلار بوٗ گەپلىرىمىزگە قوٗلاقموٗ سېلىپ قويمىدى. پېقىر ھارۋىكەشلەرگە ھارۋىنى ھەيدىتىپ مېڭىۋەرسەم، بىرقانچە دوغا ھارۋىكەشلىرىمىزنى راسا دوٗمبالاپ، ئىككى ھارۋىمىزنى زورموٗزور ھەيدەپ كېتىشتى. شوٗ ۋەجىدىن پېقىرلىرى بوٗ ئەھۋالنى مەلوٗم قىلىش ئوٗچوٗن چېپىپ كەلدوٗق. بېگىم جانابلىرى، ھارۋىلارنى ياندوٗروٗپ كېلىش ئوٗچوٗن ياموٗلغا كىشى ئەۋەتسىلە ئوٗبدان بولاتتى، ئاندىن بوٗنداق يولسىزلىق

قىلىدىغان دورغىلارنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ قويغانمۇ ياخشى ئىدى. بېگىم، ئۆزلىرىگە تېخى مەلۇم ئەمەس، بىچارە سودىگەرلەرگە كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ. دورغىلار يولۇچى سودىگەرلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ھېچنېمىگە باقماي يەرگە چۇشۇرۇۋېتىپ، ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ كېتىشتى، ھارۋىكەشلەر بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قويغىنىغا ئۇلارنى ئۇرۇپ، دۇمبالاپ باش ـ كۆزلىرىنى يېرىۋەتتى.

— شۇنداقمۇ بولۇپ كېتەمدۇ! — دەپ جيا لىيەن كايىپ كەتتى ۋە دەرھال خەت پۈتۈپ، مۇلازىمدىن بىرىنى چاقىردى، — بۇ خەتنى ھارۋىلارنى تۇتۇۋالغان يامۇلغا ئېلىپ بار، ھارۋىلارنى، ھارۋىلاردىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى تولۇق ئېلىپ كېلىڭلار، بىرەر نەرسە كەم بولۇپ قالسا رىئايە قىلمايمىز! بول، جۇرۇينى چاقىر!

جۇرۇي يوق ئىكەن، ۋاڭئېرنى چاقىرتىۋىدى، ۋاڭئېر چۈشتە چىقىپ كەتكەن پېتى شۇ كەمگىچە كەلمەپتۇ.

— بۇ ھارامزادىلەرنىڭ بىرىمۇ يوققۇ! بۇ خەق ئەتىگەندىن كەچكىچە يەپ ـ ئىچىشنىلا بىلىدۇ، ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق، — دېدى جيا ليەن، ئاندىن مۇلازىم بالىلارغا، — ئۇلارنى چاپسان تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ تاپىلاپ، ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ ئۇخلاشقا ياتتى. بۇ گەپ مۇشۇيەردە قالغاي.

ئەمدى گەپنى لىنئەن بېگىمدىن ئاڭلايمىز. لىنئەن بېگىم ئەتىسى ئۇلارنى چىللاپ يەنە ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

— مېنىڭ يامۇلدا ئىشىم بار، ليەنئېر ھارۋىلارنىڭ خەۋىرىنى كۇتۇۋاتىدۇ، ئۇمۇ بارالمايدۇ، چوڭ بېگىم، ئۆزىڭىز باۋيۈينى ئالغاچ بېرىپ، بىر كۈن مېھمان بولۇپ كەلسىڭىز بولارمىكىن، — دېدى جيا جېڭ جيا شېغا.

— شۇنداق قىلسامۇ بولىدۇ! — دېدى جيا شې بېشىنى لىڭشىتىپ.

جىيا جېك، بۈگۈن چوڭ بېگىم بىلەن بىللە بېرىپ لىنئەن بېگىمنىڭكىدە چاكچىلە كۆرۈپ كەلسۇن، دەپ باۋيۈينى چاقىرىشقا كىشى جورۇدى.

خۇشاللىقىدىن باۋيۈينىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، ئېگىنلىرىنى يەڭگۈشلەپ، مۇلازىملىرىدىن بېيىمىڭ، ساۋخۇڭ، چۇيۈ ئۈچىنى ئېلىپ چىقىپ جىيا شېغا كۆرۈنۈش قىلىپ سالام بەردى. ئاندىن ئۇلار مەپىگە چۈشۈپ لىنئەن بېگىمنىڭ قەسرىگە كەلدى.

دەرۋازىۋەنلەردىن بىرسى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كىرىپ، كېتىپ بىر پەستىن كېيىن چىقتى ۋە:

— بېگىم، مەرھەمەت قىلىشسىلا ! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن جىيا شې باۋيۈينى ئېلىپ ئىچكىرىگە كىردى، ھويلىغا لىق كەلگەن مېھمانلار ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ تۇراتتى. جىيا شې، باۋيۈي لىنئەن بېگىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن قالغان مېھمانلار بىلەن سالاملاشتى. ھەممەيلەن ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، بىر پەس كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشتى، شۇ ئەسنادا چاكچىلىكەشلەر باشلىقى ئويۇن تىزىمى بىلەن دەندار دەستەكنى تۇتقان پېتى كېلىپ ئۇلارغا ئېگىلىپ سالام بەردى.

— جانابىي بېگىملەر، ئويۇن تاللاشسىلا، — دېدى ئۇ.

ئويۇن تاللاش مەرتىۋە بويىچە باشلىنىپ، نۆۋەت جىيا شېغا كەلگەندە ئۇمۇ بىرنى تاللىدى. ھېلىقى كىشى قايرىلىپ باۋيۈينى كۆرۈپ قالدى ـ دە، باشقا ياققا ماڭماي، ئۇدۇل باۋيۈينىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېگىلىپ سالام بېرىپ:

— غوجام، ئۆزلىرىمۇ بىر ـ ئىككىنى تاللىسىلا — دېدى.

باۋيۈينىڭ كۆزلىرىگە ئۇ كىشىنىڭ مەڭزى ئۇپا سۈرتكەندەك ئاپپاق، لەۋلىرى كەنئۇزدەك قىپقىزىل، تۇرقى يېڭىلا سۇدىن چىققان نىلۇپەردەك يېقىملىق، سىياقى شامالدا ئېگىلىپ تۇرغان مەجنۇنتالدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ باشقا بىر كىم ئەمەس جىياڭ يۈيخەن ئىدى. باۋيۈي قايسى كۈنى ئۇنى بىر بەنزە

www.uyghurkitap.com

چاگچىلىكەشلەرنى باشلاپ پايتەختتىكە كەپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدى. لېكىن، ئۇ باۋيۈيىنىڭكىگە بارمىغانىدى. باۋيۈي ئۇنى كۆرۈپ، ئورنىدىن قوپۇشنى ئەپ كۆرمەي، تەبەسسۇم بىلەن:

— قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

جياڭ يۈيخەن ئىككى يېنىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ، كۈلۈمسىرىدى ۋە:

— غوجام، كەلگىنىمنى ئاڭلىغانمىدىلە؟ — دېدى پىچىرلاپ.

ئەتراپتا ئادەم بولغاچقا، باۋيۈي ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىشتىن ئوڭايسىزلاندى ۋە بولۇشىغىلا بىر ئويۇننى تاللىدى.

جياڭ يۈيخەن كەتكەندىن كېيىن، بىرنەچچىسى ئۇنىڭ ھەققىدە گەپ ـ سۆزگە چۈشتى:

— بۇ كىمدۇ؟

— ئۇ بۇرۇندىن تارتىپ قىزلارنىڭ رولىغا چىقاتتى، — دېدى بىرسى، — ئەمدى يېشى چوڭىيىپ قالغاچقا، قىز رولىغا ئوينىغۇسى كەلمەي، قەسىردە چاگچىلىكەشلەرنى باشقۇرىدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۆتكەندە يىگىت رولىغىمۇ چىقىپ باقتى. ئۇ خېلى پۇل تېپىپ، ئىككى ـ ئۈچ دۇكانمۇ ئېچىۋالدى، لېكىن كونا كەسپىنى تاشلاشقا كۆزى قىيماي، ھېلىمۇ چاگچىلىكەشلەرنى باشقۇرۇپ يۈرىدۇ.

— بېشىنى ئوڭلىۋالغاندۇ، — دېدى يەنە بىرسى.

— ياق، تېخى بىر يەردىن لايىق تاپمىغان ئوخشايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بىرسى، — ئۇ شۇنداق قارارغا كەپتۇكى، ئىنسانىنىڭ توي قىلىپ جۈپ بولمىقى، ھە ـ ھۇ بىلەنلا قىلىۋېتىدىغان ئىش ئەمەس، ئەكسىچە ئۆمۈرۋايەتلىك چوڭ ئىش ئىكەن، مەيلى ئەزىز ياكى ھەقىر، دۆلەتمەن ياكى پېقىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا لايىق كېلىدىغان قىز بولۇشى كېرەك ئىكەن، شۇ ۋەجىدىن تېخىچە ئۆيلەنمەي يۈرۈپتۇ.

باۋيۈي ئىچىدە: «كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا كىمنىڭمۇ قىزى ياتلىق

بولار؟ مۇشۇنداق يىگىتكە تەگكەن قىز بىئارمان ئۆتىدۇ جۇمۇ» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئاڭغىچە ئويۇنمۇ باشلىنىپ كەتتى، كۈنشەن مۇقامىدا جور بولۇپ ئېيتىدىغان كۈي، يىياڭچە كۈي، ئاددىي، چاقچاق كۈيلەر بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ئويۇنلار قويۇلۇپ، ئىنتايىن قىزىپ كەتتى. چۈش بولغاندا جوزا راسلىنىپ شاراب ئىچىلدى. يەنە بىردەم ئويۇن كۆرگەندىن كېيىن، جىيا شې ئورنىدىن قوپۇپ قايتماقچى بولۇۋىدى، لىنئەن بېگىم ئۇنى يەنە بىردەم ئولتۇرۇشقا زورلاپ:

— كۈن تېخى ئەتىگەن، نېمىگە ئالدىرايسىز؟ ئاڭلىسام، چىگۇەن «ياغچى يىگىتنىڭ گۈلجامال سەتەڭنى قولغا چۈشۈرۈشى» دېگەن ئويۇننى ئورۇنلايدىكەن، بۇ ئويۇن ئۇلارنىڭ ئەڭ بەلەن ئويۇنى.

بۇنى ئاڭلىغان باۋيۈي جىيا شېنى كەتمىسىكەن دەپ تاقىلداپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن جىيا شې يەنە بىرپەس ئولتۇرۇپ قالدى. دەرۋەقە، جىياڭ يۈيخەن چىن جۇڭ رولىغا چىقتى. ئۇ گۈلجامالنى مەست قىلىپ قويغاندىن كېيىنكى قىلىقلارنى، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئاھ - ئۇھلىرىنى ئاجايىپ كېلىشتۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئىككىسى روبىرو ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ، ئەۋرىشىمدەك ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتتى.

باۋيۈي گۈلجامالغا قاراپمۇ قويماي، چىن جۇڭغىلا تىكىلىپ قالدى، جىياڭ يۈيخەننىڭ ئېنىق تەلەپپۇزدا، رىتىم بىلەن قاملاشتۇرۇپ ئېيتقان ناخشىسى تېخىمۇ جاراڭلىق ئاڭلىنىپ، باۋيۈينىڭ ئەس - ھوشىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتكەنىدى. ئويۇن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، باۋيۈي جىياڭ يۈيخەننىڭ ئادەتتىكى رول ئوينىغۇچىلارغا سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئاجايىپ ھېسسىياتچان ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى. شۇ ۋەجىدىن باۋيۈي: «نەغمىنامە» دە قەيت قىلىنىشىچە، ھېس قەلبتە پەيدا بولىدۇ، ئاۋازدا شەكىللىنىدۇ. ئاۋاز يېزىق بىلەن قەيت قىلىنسا،

ئاھاڭ دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا، ئاۋاز، ئاھاڭ، نەغمىنى بىلىشكە نۇرغۇن دىققەت ـ ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك. ئاۋاز بىلەن ئاھاڭنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرمەي بولمايدۇ. شېئىر ـ نەزم ھېس ـ تۇيغۇنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، لېكىن يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئاھاڭ ۋەزنىگە دىققەت ـ ئېتىبارىمنى بەرسەم بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى. باۋيوي ئەنە شۇنداق خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا، جيا شې ئورنىدىن تۇردى، ساھىبخانا ئۇنى يەنە ئولتۇرۇشقا زورلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن باۋيوي نائىلاج ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

قەسىرگە كەلگەندە، جيا شې ئۆز ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. باۋيوي جيا جېڭغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن ماڭدى. جيا جېڭ يامۇلدىن يېڭىلا قايتىپ كېلىپ، جيا لىيەندىن ھارۋا ۋەقەسىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتاتتى.

— بۈگۈن بىر پارچە مەكتۇپ پۈتۈپ كىشى ئەۋەتتىم، ئامبال يامۇلدا يوق ئىكەن، — دېدى جيا لىيەن، — يامۇل خادىمى: «بىزنىڭ يامۇلنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق، ھارۋا توسۇشقا دەستەك بېرىلگەنمۇ ئەمەس، بۇ نەدىكى بەڭباش مۇتتەھەملەرنىڭ سىرتتا قاقتى ـ سوقتى قىلىپ يۈرگەن ئىشىكىن! بېگىمنىڭ خاندانىغا خاس ھارۋا بولغان بولسا، دەرھال ئادەم جورۇپ سۈرۈشتۈرەي، ھۆددىگە، ئەتە ھارۋىلار نەرسە ـ كېرەكلەر بىلەن بىللە يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. مۇبادا قىلچە سۈسلۈق قىلىنىدىغان بولسا، ئاندىن ئامبالغا مەلۇم قىلىپ قاتتىق جازاسىنى بېرىش كېرەك. ھازىر ئامبال يوق، شۇنى ئۆتۈنۈپ قالاي، بەگلىرىمىز كەڭ قورساقلىق قىلغان بولسا، بۇ ئىشنى ئامبال ئۇقمىسا تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى» دەپتۇ.

— يامۇلدىن دەستەكمۇ بەرمىگەن بولسا، ئۇ يەردە مۇشۇنداق شۇملۇق قىلىپ يۈرگەنلەر زادى قانداق ئادەملەردۇ؟ — دېدى جيا جېڭ.

— بېگىم، ئۆزلىرى ئۇقمايلا، ئۇلار تالا ـ تۈزدە شۇنداق

قىلىشىدۇ. گېپىدىن قارىغاندا، ئەتە چوقۇم يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى جىيا لىيەن.

جىيا لىيەن گېپىنى تۈگىتىپ يېنىپ چىقتى، باۋيۈي كىرىپ جىيا جېڭغا كۆرۈنۈش قىلدى، جىيا جېڭ بىرنەچچە ئېغىز گەپ سوراپلا، ئۇنى جىيا ئانىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى.

جىيا لىيەن تۈنۈگۈن ئاخشام چاقىرتقان مۇلازىملىرىدىن ھېچقايسىسى ھازىر بولمىغاچقا، بۈگۈن ئۇلارنى تالادىن چاقىرتتۇردى، ھەممىسى تەل بولۇشتى. جىيا لىيەن ئۇلارنى بىر قۇر كايىپ بولۇپ، چوڭ غوجىدار لەي داغا:

— ھەرقانداق ئىشقا ئاجرىتىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسىملىكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىڭ، بىر پارچە ئېلان يېزىپ، ھەممىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇڭ! ئەگەر كىمكى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ بىسوراق چىقىپ كېتىپ، چاقىرغاندا ھازىر بولماي ئىشنى ئاقسىتىپ قويىدىغان بولسا، ئۇنى شۇ زامان تاياق ئاستىغا ئېلىپ قوغلاپ چىقىرىڭ! — دەپ تاپشۇردى.

لەي دا كەينى - كەينىدىن «خوش» دەپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ قايتىپ چىقىپ، باشقىلارغا جىيا لىيەننىڭ تاپشۇرۇقىنى يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ قالغانلار ھوشىنى تېپىشتى.

بىر پەستىن كېيىن بېشىغا مالىخاي، ئۇچىسىغا قارا ئېگىن، پۇتىغا تاسمىلىق خەي كىيگەن بىر كىشى دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولۇپ، دەرۋازىدىكىلەرگە تەزىم قىلدى.

— نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراشتى دەرۋازىدىكىلەر كەلگەن كىشىنىڭ ئۈستىبېشىغا سەپسېلىپ.

— جەنۇبتىكى جېن خانىدانىدىن، — دېدى ھېلىقى كىشى، — بېگىمىز ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن خەت بار، ھەرقايسىلىرىدىن بۇ خەتنى بېگىم ھەزرەتلىرىگە سۇنۇپ بېرىشلىرىنى سورايمەن.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ جېن خانىدانىدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئورۇنلىرىدىن قوپۇشۇپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە:

— ھېرىپمۇ قالغانسەن، ئولتۇرۇپ دېمىڭنى ئېلىپ تۇرغىن، بىز كىرىپ بېگىمگە مەلۇم قىلايلى، — دېيىشتى.

دەرۋازىدىكىلەردىن بىرسى كىرىپ بۇ ئىشنى جيا جېڭغا مەلۇم قىلىپ خەتنى سۇندى. جيا جېڭ خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى، خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

ئەسلىي نەسەبىمىزدىن قەدىناسىمىز ۋە يېقىن بۇرادىرىمىزگە سالام ئاداسىدىن سوڭ يېتىپ مەلۇم بولغايكى، كەمىنىلىرى ئاستانىلىرىدىن يىراقتا بولسامۇ، ھەرقايسىلىرىنى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرغانلىقىمنى سۆز بىلەن ئىزھار قىلىپ بولالمايمەن! كەمىنىلىرى ناقابىللىقىمدىن مەنسەپتىن مەھرۇم قىلىندىم، قىلغان گۇناھىم ئۇچۇن مىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىدىم، لېكىن بەختىمگە يارىشا كەڭچىلىككە سازاۋەر بولۇپ چېگراغا پالاندىم. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە خانۇمانىم سەرسان بولۇپ، ئائىلە ئەھلىم توزۇپ كەتتى. باقىمەندە قۇلۇم باۋيۈڭنى ئۇزاقتىن بۇيان ئىشلىتىپ كەلگەنىدىم، گەرچە ئۇنىڭ ئالاھىدە دېگۇدەك ھۈنىرى بولمىسىمۇ، ئۆزى ئاق كۆڭۈل ھەم ياۋاش، يوگۇر - يېتىم ئىشلىرىغا يارايدۇ، دوستانىلىقىمىزنىڭ شارايىتىدىن مەزكۇر قۇلىمىزغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، جان بېقىش پۇرسىتى بەرگەن بولسىلا، سىلىگە چەكسىز تەشەككۇر ئېيىلگەن بولاتتىم! شۇ ۋەجىدىن ئۇنى ھۇزۇرلىرىغا ئەۋەتتىم، قالغان گەپلەرنى دىدار كۆرۈشكەندە قىلىشارمىز.

ئېھتىرام بىلەن
ھەمتالىپ قېينىبويان ئىنىلىرى
جېن يىڭجا

— بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرى كۆپلۈك قىلىۋاتسا، جېن ئائىلىسى ئۇستىلەپ ئادەم تەۋسىيە قىپتۇ، يا بۇنىڭغا ياق دېگىلى بولمىسا، — دېدى جيا جېڭ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇنى چاقىرىڭلار، مەن بىلەن كۆرۈشسۇن،

بوپتۇ، ئېلىپ قالايلى، قولىدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلار.

دەرۋازىۋەن چىقىپ كېتىپ ھېلىقى كىشىنى باشلاپ كىردى. ئۇ جىيا جېڭنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم باش قويغاندىن كېيىن، ئورنىدىن قوپۇپ:
— ئۇلۇغ بېگىمىز ئۆزلىرىگە سالام ئېيتتى، — دەپ بولۇپ، — ئەسسالام، بېگىم جانابلىرى، — دەپ ئولجايدى.
جىيا جېڭ جېن بېگىمنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورىدى ۋە كەلگەن كىشىنىڭ تەق - تۇرقىغا سەپسالدى. باۋيۇڭ ئىككى يېرىم گەز كېلىدىغان ئېگىز بويلۇق، كەڭ غوللۇق، قويۇق قاشلىق، غورا قاپاق، ئۇزۇن زاڭاق، ساقاللىق، رەڭگىرويى قارىدىغان ئادەم ئىدى، ئىككى قولىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى.
— جېن ئائىلىسىدە ئەزەلدىن بارمىدىڭ ياكى تۇرغىنىڭغا بىرقانچە يىل بولغانمۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا جېڭ.
— پېقىر قۇللىرى جېن ئائىلىسىدە ئەزەلدىن بار ئادەم.
— ئەمدى نېمىشقا ئۇ يەردىن يېنىپ چىقتىڭ؟
— ئەسلىدە ئۇ يەردىن كەتكۈم يوق ئىدى، ئۇلۇغ بېگىمىز بۇ يەردىن كەتكىن دەپ تۇرىۋالدى. باشقا يەرگە دېسەم بارغۇلۇڭ كەلمەس، ئۇ يەردىكى ئۇ بېگىمنىڭ خاندانى ئۆز ئائىلىمىزگە ئوخشاش، شۇ يەرگە بار، دېگەچكە، پېقىرلىرى ھوزۇرلىرىغا كەلدىم.
— بېگىڭلار شۇنداق ئىشنى قىلمىغان بولسىغۇ، مۇشۇ كۈنگە قالمايتتى.
— پېقىر قۇللىرى بايا بۇ ھەقتە گەپ قىلىشتىن ئەيمەنگەندىم: بىزنىڭ بېگىم بەك ياخشى ئادەم، كىشىلەرگە ھەمىشە سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى، شۇنداق بولسىمۇ يەنە مۇشۇ بالاغا تىقىلىپ قالدى.
— نىيىتىنىڭ سەمىمىي بولغانلىقى تولىمۇ ئوبدان.
— ھەددىدىن زىيادە سەمىمىي بولۇپ كەتسىمۇ كىشىلەرگە

ياقماي قالىدىكەن، خەقنى بىزار قىلىپ قويىدىغان ۋاقىتلارنى بولىدىكەن.

— شۇنداقلا بولسا، خان ئالىيلىرى ئۇنى يەردە قويمايدۇ، — دېدى جيا جېڭ كۈلۈپ قويۇپ.

باۋيۈڭ يەنە گەپ قىلاي دەپ تۇراتتى، ئاڭغىچە جيا جېڭ ئۇنىڭدىن:

— ئاڭلىشىمچە، سىلەرنىڭ بەگزادەڭلەرنىڭ ئىسمىمۇ باۋيۈي دەمدا؟ — دەپ سورىدى.

— خوش، شۇنداق!

— ئۇ ئىلىم ئېلىشقا ئىجتىهات قىلامدۇ؟

— بېگىم، بىزنىڭ غوجام توغرىسىدا سۆزلەشتۇرىدىغان بولسىلا، ئۇنىڭ ئۆزى بىر قىزىق ھېكايە دېسىلە، — دېدى باۋيۈڭ، — بەگزادىمىزنىڭ مىجەزىمۇ بېگىمىزنىڭكىگە ئوخشاشلا، ئۆتۈپ كەتكەن ئاق كۆڭۈللەردىن. ئۇ كىچىككىدىن تارتىپلا ھەمشىرىلىرى بىلەن بىللە ئويناشقا خۇشتار ئىدى. بېگىمىز بىلەن ئاغىچا خېنىم ئۇنى بىرنەچچە قېتىم جېنىغا ئۆتكۈدەك دۇمبالىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خۇيى زادىلا ئۆزگەرمىدى. بىر يىلى ئاغىچا خېنىم پايتەختكە كەتكەندە بەگزادىمىز قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، يېرىم كۈنگىچە ئۆلۈكتەك ياتتى. بېگىمىز جېنى چىققۇدەك قورقۇپ كەتتى، ھەتتا ئاخىرەتلىكىنىمۇ تەييارلىتىپ قويغانىدى. بەختكە يارىشا كېيىن ئوڭشىلىپ ژۇۋانغا كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇ بىر پەيلۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېلىپ بىر قىزغا يولۇقۇپ قاپتۇ، ئۇ قىز ئۇنى بىر بۇتخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ، قارىسا، ئۇ يەردە نۇرغۇن جاۋەنلەر تۇرغۇدەك، جاۋەنلەردە خېلى جىق رىسالىلەر بارمىش. ئاندىن يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ قاپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ئۆيدە سان - ساناقسىز قىزلار تۇرارمىش. بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى جىن سىياقىغا كىرىپ، بەزىلىرى قورۇق سۆڭەككە ئايلىنىپ. بۇنى كۆرۈپ ئۇ قورققىنىدىن داد - پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاپتۇ. بېگىمىز ئۇنىڭ

ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەررۇ تېۋىپ چاقىرتىپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارا ـ بارا ساقىيىپمۇ قالدى. كېيىن بىگىمىز ئۇنى بالدۇرقىدەك ھەمشىرىلىرى بىلەن بىللە ئويناشقا رۇخسەت قىلىۋىدى، ئۇ خۇيىنى ئۆزگەرتىپ، ساق ۋاقتىدا ئوينىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، كىتاب ئوقۇپ بىلىم تەھسىل قىلىشقا بېرىلىپ كەتتى، بىركىم كېلىپ ئۇنى ئويۇنغا تۇتسىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ، ھازىر بىگىمىزگە ياردەملىشىپ ئائىلە ئىشلىرىغا ئانچە ـ مۇنچە قارىشىپ بېرىدىغان بولۇپ قالدى.

جيا جېڭ بىرپەس سۈكۈت قىلىپ خىيال سۈرگەندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— بېرىپ ئارام ئالغىن، بىزگە كېرەك بولۇپ قالغىنىڭدا سېنى بىرەر ئىشقا تەيىنلەرمىز.

باۋيۈك خوش دەپ يېنىپ چىقىپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن مۇلازىملارنىڭ كەينىدىن ماڭدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالغاي.

بىر كۈنى جيا جېڭ سەھەر تۇرۇپ يامۇلغا ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتى، دەرۋازىدىكىلەرنىڭ جيا جېڭغا بىر ئىشنى مەلۇم قىلىشقا ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندەك قىلىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلاۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. جيا جېڭ نېمىگە مۇنداق كۇسۇرلىشىپ تۇرىسىلەر؟ دېيىشىگە، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قۇللىرىنىڭ ئېيتىشقا ئاغزى بارمايۋاتىدۇ.

— ئاغزىڭ بارمىغۇدەك نېمە ئىش ئىدى ئۇ؟

— قۇللىرى بۈگۈن ئەتىگەن قوپۇپ دەرۋازىنى ئاچساق، — دېدى دەرۋازىدىكىلەر، — دەرۋازىغا بىر ۋاراق قەغەز چاپلاقلىق تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدا بىرمۇنچە ئېگىز ـ پەس گەپلەر يېزىلىپتۇ.

— شۇنداق ئىشمۇ بارمىكەن! — نېمە دەپ يېزىپتۇ؟

— شېيۈ ئىبادەتخانىسىدىكى رەسۋاچىلىق توغرىسىدا ئىكەن.

— قېنى مەن كۆرەي.

— پېقىر قۇللىرى قەغەزنى سويۇۋالماقچىدىم، بىراق مەھكەم چاپلىنىۋېتىپتىكەن، ئاللاماي، نائىلاج ئۇنى كۆچۈرۈۋېلىپ ئورنىنى يۇيۇپ تاشلىدىم، ھېلىراقتا لى دې يەنە بىر ۋاراقنى ئەكېلىپ پېقىرغا كۆرسەتتى، قارىسام، دەۋازىغا چاپلانغىنى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئۇنى يوشۇرۇشقا ھەددىمىز كەلمىدى، — دەپ دەرۋازىۋەن قەغەزنى جيا جېڭغا سۇندى.

جيا جېڭ ئېچىپ ئوقۇغۇدەك بولسا، ئۇنىڭغا مۇنداق يېزىلغانىكەن:

«شىبېي — ساۋجىن»① ئەجەبمۇ شاللاق يىگىتكەن،
بۇتخانىدا باش بوپتۇ راھىب قىزلارغا.
شۇنچە قىزنى بىر يىگىت يولدىن ئەگىتكەن،
بېرىلىپتۇ قىمارغا، كەيپ - ساپاغا.
بۇ نائەھلى پەرزەنت باش بولۇپ ئىشقا،
رۇڭگو قەسرى ئېچىنى قويدى بەتنامغا.

بۇ گەپلەرنى ئوقۇپ، جيا جېڭنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى ۋە شۇئان دەرۋازىدىكىلەرنى چۇقان كۆتۈرمەي، خۇپىيانە ھالدا نىڭگو - رۇڭگو قەسىرلىرى ئارىلىقىدىكى كوچىنىڭ تاملىرىغا قاراپ چىقىشقا بۇيرۇدى، جيا ليەننى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. جيا ليەن ئالمان - تالمان يېتىپ كەلدى.

— شېيۇ ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇۋاتقان راھىبە - بۇۋىلەرنى پات - پات بېرىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇۋاتامسەن، قانداق؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ ئالدىراپ.

— ياق ! ئۇلاردىن جيا چىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

— جيا چىننىڭ خەۋەر ئېلىپ كېتەلىشىگە كۆزۈڭ

① «شىبېي — ساۋجىن» — جيا چىننى دېمەكچى.

يەتكەنمىدى؟
— بېگىم، بۇ گەپلىرىچە جىيا چىن نالايىق ئىش قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ.
— قارا، بۇنىڭغا نېمىلەر يېزىلىپتۇ! — دېدى جىيا جېڭ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.
— مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ! — دېدى قەغەزدىكى گەپلەرنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن جىيا لىيەن.
شۇ ئارىدا «ئوتتۇرانچى بېگىمگە خاس» دەپ يېزىلغان لېپاپىنى كۆتۈرۈپ جىيا رۇڭ كىرىپ كەلدى. ئۇنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، يەنىلا ئىمزاسىز پاشنامە[①] بولۇپ، دەرۋازىغا چاپلانغىنى بىلەن بىر گەپ ئىكەن.
— لەي دا دەرھال ئۈچ-تۆت مەپە ئېلىپ، شۇيۈ ئىبادەتخانىسىدىكى راھىبە-بۇۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلسۇن، بىلىندۇرۈپ قويغۇچى بولمىسۇن، ئوردىدىن چاقىرتىپتۇ، دېسۇن، — دېدى جىيا جېڭ.
لەيدا بۇيرۇق بويىچە مېڭىپ كەتتى.

شۇيۈ ئىبادەتخانىسىدىكى راھىبە-بۇۋىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئىبادەتخانىغا يېڭى كەلگەندە، سىرامانلار بىلەن بۇۋىلەرگە قېرى نىكسۇنى قارايتتى، ھەر كۈنى ئۇلارغا كىتاب ۋە تۇۋا-ئىستىغپار ئۆگىتەتتى. كېيىن ئۇلار خانىشقا بىكىزەك بولۇپ قېلىپ بارا-بارا ھورۇنلىشىپ قالدى، قىزلارغىمۇ بارغانسېرى يېشى چوڭىيىپ ئانچە-مۇنچە خىيال كىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىيا چىن ئىشقىۋاز بولغاچقا، فاڭگۇەنلەرنى پەقەت گۆدەكلىك قىلىپ تەركىدۇنيا بولغان دەپ چاغلاپ، ئۇلارنى يولدىن ئازدۇرغىلى تۇردى. لېكىن، فاڭگۇەن بۇۋىلىككە چىن دىلىدىن بېرىلگەچكە، جىيا چىن ئۇنى قولغا چۈشۈرەلمەي، راھىبە-بۇۋىلەرنى قەستلەشكە باشلىدى. كىچىك

① پاشنامە — پاش قىلىش خاراكتېرىدىكى خەت.


www.uyghurkitap.com

سىراماىنلارنىڭ ئىچىدە چىنشياڭ، بۇۋىلەرنىڭ ئىچىدە خاۋشيەن دېگەن ئىككىسى بار ئىدى، ئۇلار چىراي ـ شەكلى كېلىشكەن نازىنىنلاردىن ئىدى. جىيا چېن ئاشۇ ئىككىسى بىلەن تېپىشىۋېلىپ، بىكار چاغلىرىدا ئۇلار بىلەن ساز چېلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ ئوينايدىغان بولۇۋالدى.

ئونىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، شۇ كۈنى جىيا چېن ئىبادەتخانىدىكىلەرنىڭ ئايلىق كۈمۈشىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ھىيلە ئىشلىتىپ، كۆپچىلىككە:

— سىلەرنىڭ مائاشىڭلارنى ئەكېلىپ بېرىمەن دەپ بۈگۈن شەھەرگىمۇ قايتىپ كېتەلمەيدىغان بولدۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك سوغۇق بولۇپ كەتتى، مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. قانداق دەيسىلەر؟ مېۋە شارابىدىن ئازراق ئالغاچ كەلدىم، ھەممەيلەن ئىچىپ كېچىچە يايراپ چىقساق بولمامدۇ؟ — دېدى.

قىزلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كېتىشتى ۋە دەررۇ شىرە قويۇشتى، ھەتتا بۇ ئولتۇرۇشقا ئىبادەتخانىدىكى نىكسۇنىمۇ چاقىرىلدى، يالغۇز فاڭگۇەنلا قاتناشمىدى. جىيا چېن بىرنەچچە قەدەھ ئىچكەندىن كېيىن، مەي تېپىشمىقى ئويناشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— بۇنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە چىنەك ئوينايلى، كىم ئۇتتۇرۇپ قويسا بىر قەدەھ ئىچسۇن، شۇنىڭدا كۆڭۈللۈك بولمامدۇ؟ — دېيىشتى چىنشياڭلار.

— ھازىر ئاخىر پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى ئىبادەتخانىنىڭ نىكسۇنىسى، — بۇنداق قىيقاس ـ چۇقان بىلەن ئىچىشسەك قاملاشمايدۇ، ئاۋۋال بىرنەچچە قەدەھتىن ئىچىشەيلى، ئاندىن تارقىلىدىغانلار تارقىلايلى، جىيا چېن بىلەن ھەمراھ بولىمەن دەيدىغانلار بولسا، كەچتە كېلىپ تويغۇچە ئىچسىمۇ كارىم يوق.

شۇ ئەسنادا قىرى بۇۋى شاپاشلاپ كىرىپ:

— تېز تارقىلىڭلار ! خانىداندىن چوڭ غوجىدار لەي دا كېلىپ قالدى، — دېدى.

راھىبەلەر ھاپىلا - شاپىلا ئۇياق - بۇياقنى يىغىشتۇرۇپ، جىيا چىنگە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشنى ئېيتتى.

بىرنەچچە قەدەمنى زىيادە ئىچىۋەتكەن جىيا چىن:

— مەن مائاشىڭلارنى ئېلىپ كەلگەن تۇرسام، نېمىدىن قورقاتتىم ! — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيلا لەي دا كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىچىدە شۇنداق ئاچچىقى كەلدى، لېكىن جىيا جېڭ «چۈقان كۆتۈرمە» دەپ جېكىلىگەچكە، نائىلاج يالغاندىن كۈلۈپ قويۇپ:

— جىيا چىن غوجامنىڭ بۇ يەردە ئىكەن - دە؟ — دەپ قويدى.

— لەي دا تاغا، نېمە ئىشقا كەلدىڭىز؟ — دېدى جىيا چىن ئالمان - تالمان ئورنىدىن قوپۇپ.

— غوجامنىڭ بۇ يەردە بولغىنى تېخىمۇ ئوبدان بولدى، — دېدى لەي دا، — سىرامانى - بۇۋىلەر دەررۇ جابدۇنۇپ، مېنىڭ بىلەن چۈشۈپ شەھەرگە كىرسۇن، ئوردىدىن چاقىرتىپتۇ.

جىيا چىن ۋە باشقىلار نېمە ئىشلىقىنى بىلمەي، يەنىمۇ ئېنىقراق سوراپ بىلمەكچى بولۇۋىدى:

— كەچ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، تېز بولۇڭلار، دەرۋازا ئېتىلگۈچە شەھەرگە كىرىۋالايلى، — دېدى لەي دا.

قىزلار نائىلاج مەپىلەرگە چۈشۈشتى، لەي دا چوڭ يورغا قېچىرنى مىنىپ، ئۇلارنى يالاپ شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. بۇ گەپ مۇشۇيەردە قالسۇن.

جىيا جېڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاچچىقىدا يامۇلغىمۇ بارغۇسى كەلمەي، ئىچكىرىدىكى كۇتۇپخانىغا كىرىپ ئۆزى يالغۇز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئولتۇردى. جىيا لىيەنمۇ بۇ يەردىن نېرى بولۇشقا پېتىنالمىدى.

شۇ ئارىدا دەرۋازىدىكى مۇلازىم كىرىپ:

— بۈگۈن كېچە يامۇلدا نۆۋەتچىلىك قىلىش جاڭ بېگىمگە كەلگەنىكەن، جاڭ بېگىم ئاغرىپ قالغاچقا، جانابلىرىنى شۇنىڭ ئورنىغا نۆۋەتچىلىك قىلىپ بەرسە، دەپ يامۇلدىن خەۋەر كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

جيا جېڭ جيا چىنىڭ تانابىنى تارتىش ئۈچۈن لەي دانىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى، نۆۋەتچىلىك قىلىپ بەرسۇن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچى پۇشقان بولسىمۇ، ئەمما لام - جىم دېمىدى.

— لەي دا غىزادىن كېيىن يولغا چىققان، — دېدى جيا ليەن جيا جېڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — شېيۈ ئىبادەتخانىسى بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقى يىگىرمە چاقىرىم يول، ئىككىنچى جېسەك ۋاقتىدا شەھەرگە يېتىپ كېلەلىشى مۇمكىن. بۈگۈن يەنە كېلىپ جاڭ بېگىمنىڭ ئورنىغا نۆۋەتتە تۇرىدىكەنلا، شۇڭا بېگىم خىزمەتكە كېتىۋەرگەن بولسىلا، لەي دا كەلگەندە چۈقان كۆتۈرمەي، ئۇلارغا بىر كېچە قاراپ تۇرسۇن، ئەتە ئۆزلىرى قايتىپ كەلگەندە جازاسىنى بېرەرلا. ناۋادا جيا چىن كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغىمۇ دېمەيلى، قېنى ئەتە ئۇ ئۆزلىرىگە كۆرۈنۈش قىلغاندا نېمە دەپ جاۋاب قىلاركىن.

جيا جېڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق تېپىپ ئامالسىز نۆۋەتچىلىككە كەتتى.

جيا ليەنگە شۇندىلا ھۇجرىسىغا قايتىش پۇرسىتى كەلدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئىچىدە فېڭجيېنىڭ جيا چىننى ئىبادەتخانىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن رەنجىدى، بېرىپ ئۇنىڭغا كايىماقچىمۇ بولدى. بىراق، ئۇ كېسەل بولغاچقا، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ھۇجرىسىغا كەلدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئىشىتكەيسىز. تۆۋەندىكى خىزمەتكارلار ئارىسىدا بۇ خەۋەر ئۇنىڭدىن - بۇنىڭغا تارقىلىپ

www.uyghurkitap.com

يۇرۇپ ئىچكىرىدىكىلەرنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتتى. ھەممىدىن بۇرۇن پېڭئېر خەۋەر تېپىپ، شۇ زامان فېڭجيېگە يەتكۈزدى. فېڭجيې قايسى كۈنى كېچىسى تاۋى بولماي قالغاندىن بېرى بوشىشىپلا كەتكەندى. تۆمۈر ئاستانىلىق مازاردىكى ئىشتىن ئەنسىرەپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە «تاشقىرىغا ئىمزاسىز پاشنامە چاپلىنىپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئالدىراپ:

— نېمە توغرۇلۇق چاپلاپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

پېڭئېر ئويلىماي، بولۇشىغىلا جاۋاب بېرىپ:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، مەنتۇ ئىبادەتخانىسىدىكى ئىش ئىكەن، — دەپ گەپنى خاتا قىلىپ قويدى.

فېڭجيېنىڭ يۈرىكى پوك - پوك ئىدى، «مەنتۇ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىشى» دېگەن گەپنى ئاڭلىشى بىلەنلا قورقىنىدىن قېتىپلا قالدى ۋە ئاغزىغا گەپ كەلمەي، سەپراسى ئۆرلەپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، بىرپەس يۆتىلىپ كېتىپ، قىڭغىيىپ يىقىلدى - دە، كۆزلىرى پارقىراپلا قالدى.

— خېنىم! — شىيۈ ئىبادەتخانىسىدىكى ئايال سىرامانى - بۇۋىلەرنىڭ چاتىقىغۇ، نېمانچە ھودۇقۇپ كېتىلا؟ — دېدى پېڭئېر ئالاقزەدە بولۇپ.

شىيۈ ئىبادەتخانىسى دېگەننى ئاڭلاپ، فېڭجيې ئۆزىگە كەلدى:

— ھوي گالۋاڭ، شىيۈ ئىبادەتخانىسىمۇ ياكى مەنتۇ ئىبادەتخانىسىمۇ، زادى قايسىسى؟ — دېدى ئۇ.

— دەسلەپتە مەنمۇ مەنتۇ ئىبادەتخانىسى دەپ خاتا ئاڭلىۋاپتىكەنمەن، — دېدى پېڭئېر، — كېيىن ئاڭلىسام، مەنتۇ ئىبادەتخانىسى ئەمەس، شىيۈ ئىبادەتخانىسى ئىكەن، شىيۈ ئىبادەتخانىسى دېيەلمەي، مەنتۇ ئىبادەتخانىسى دەپ سايتىمەن.

— مەنمۇ تايىنلىق شىيۈ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىشى دەپ ئويلىدىم، مېنىڭ مەنتۇ ئىبادەتخانىسى بىلەن نېمە كارىم! شىيۈ ئىبادەتخانىسىغا قاراشقا جيا چىننى مەن تەيىنلىگەن، ئۇ

يەردىكىلەرنىڭ ئايلىق مائاشىدىن ئۇ قاقتى ـ سوقتى قىلغان ئوخشايدۇ ـ دە، — دېدى فېڭجيې.

— ئاڭلىشىمچە، ئايلىق مائاشنىڭ ئىشى ئەمەستەك قىلىدۇ، رەسۋاچىلىق توغرىسىدا گەپ ـ سۆزلەر بار ئىكەن.

— ئۇنداق ئىشلار بىلەن مېنىڭ تېخىمۇ كارىم يوق. ئوتتۇرانچى بېگىمىڭ نەگە كەتتى؟

— ئاڭلىسام، ئۇلۇغ بېگىم خاپا بوپتىكەن، شۇڭا ئۇ نېرى كېتەلمەي تۇرغان ئوخشايدۇ. قاملاشمىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، بۇ يەردىكىلەرگە چۇقان كۆتۈرمەڭلار دەپ جېكىلەپ قويدۇم. ئاغىچا خېنىملار ئۇقتۇمىكىن، بۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق، ئۇلۇغ بېگىم ئۇ يەردىكى قىزلارنى ئېلىپ كېلىشكە لەي دانى ئەۋەتىپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم. ئالدىنقى هويلىغا ئادەم جورۇپ تىڭتىڭلىتىپ باقاي. خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ هازىر تاۋلىرى يوق، ئۇلارنىڭ بۇنداق بىهۇدە ئىشلىرى بىلەن كارلىرى بولمىسۇن.

گەپ ئۇستىگە جيا ليەن كىرىپ كەلدى، فېڭجيې ئۇنىڭدىن سوراپ باقماقچى بولغاندى، لېكىن ئۇنىڭ غەزەپلىك تەلەتىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى هېچنېمىنى بىلمىگەنگە سېلىۋالدى.

جيا ليەن غىزالىنىۋاتقاندا، ۋاڭئېر كىرىپ:

— تاشقىرىدا ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، لەي دا قايتىپ كەپتىكەن، — دېدى.

— جيا چېن كەپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ليەن.

— كەلدى.

— سەن چىقىپ لەي داغا ئېيت، بېگىم يامۇلغا كەتتى، قىزلارنى هازىرچە باغقا ئەكىرىپ قويسۇن. ئەته بېگىم كەلگەندە، ئاندىن ئوردىغا كىرگۈزۈپ بېرىمىز. جيا چېن ئۆزى ئىچكىرىكى كۇتۇپخانىدا مېنى كۈتۈپ تۇرسۇن.

ۋاڭئېر چىقىپ كەتتى.

جيا چېن كۇتۇپخانىغا كىردى، قارىسا، خىزمەتكارلار نېمە توغرىسىدۇر ئەيىب ئېتىپ گەپلىشىپ تۇرۇپتۇ، بۇلارنىڭ

ئەۋزايىدىن قارىغاندا قىزلارنى ئوردىدىن چاقىرتقاندەك ئەمەس. بىر كىمدىن سورايمۇ دەپ باقتى، لېكىن سورىيالمىدى. ئۇ دەرگۇمان بولۇپ تۇرغىنىدا جيا ليەن كىرىپ كەلدى، جيا چېن ئۇنىڭغا سالام بېرىپ قوللىرىنى سالغىنىچە ئۆرە تۇردى.

— خانىشنىڭ ئوردىسىدىن بۇ قىزلارنى نېمىگە چاقىرتقاندۇ؟ كەمىنە جىيەنىڭىز بۇ ئىشقا ئۆلگۈرۈپتىمەن! ھېلىمۇ ياخشى، ئايلىق مائاشىنى ئاپىرىپ بەرگىلى بېرىپ تېخى كەينىمگە يانمىغاندىم، شۇڭا لەي دا بىلەن بىللە كەلدىم. بۇ ئىشتىن تاغا سىزنىڭ خەۋىرىڭىز باردۇ؟

— مېنىڭ نېمىدىن خەۋىرىم بولاتتى؟ ئۆزۈڭ ئوبدان بىلەرسەن! — دېدى جيا ليەن

جيا چېن گاڭگىراپلا قالدى، يەنە سوراشقا پېتىنالمىدى.

— ياخشى ئىش قىپسەن! ئۇلۇغ بېگىم ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى! — دېدى جيا ليەن.

— كەمىنە جىيەنىڭىز ھېچقانداق ئىش قىلغىنىم يوق، — دېدى جيا چېن، — ئىبادەتخانىدىكىلەرنىڭ مائاشىنى ئايسايىن ئاپىرىپ بېرىپ تۇرۇۋاتىمەن، بالىلار بولسا توۋا - ئىستىغپارنى ئەستىن چىقارماي ئوقۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

جيا ليەن ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بايقىدى، ئادەتتە ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەچكىمۇ، جيا ليەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— تەستەكلىرىڭگە تازا سالىدىغان نېمىدە سەن! مانا ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق! — دېدى - دە، قونچىدىن ھېلىقى خەتنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردى.

ئۇنى ئوقۇپلا جيا چېننىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— بۇ كىمنىڭ ئىشىدۇ! مەن ھېچكىمگە ئازار بەرمىگەن تۇرسام نېمىشقا ماڭا مۇنداق ئورا كولايدىغاندۇ؟ ھەر ئايدا پۇل ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە بىرلا قېتىم بارىمەن. ئەزبىرايى خۇدا، مۇنداق ئىشنى قىلغىنىم يوق. ئەگەر ئۇلۇغ بېگىم كېلىپ



www.uyghurkitap.com

جىيەنىڭىزنى دۇمبالاپ قىستايدىغان بولسا، ناھەقچىلىكنىڭ ئەلىمىدە بوغۇلۇپ كېتىمەنغۇ! ئانام ئۇقۇپ قالسا مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — جيا چېن شۇنداق دەپلا ئەتراپتا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ تىزلاندى - دە:

— جېنىم تاغا! جىيەنىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىڭ! — دەپ يالۋۇردى ۋە ھەدەپ باش ئۇرۇپ مۆل - مۆل يىغلىۋەتتى.

جيا ليەن ئويلىنىپ قالدى: «ئۇلۇغ بېگىم مۇنداق ئىشلارغا بەك ئاچچىقى كېلىدۇ، ئەگەر سوراپ - تارتىپ، بۇ ئىشنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن جياچېنگە ئاز خاپىلىق كەلمەيدۇ، سىرتقا يېيىلىپ كەتسە تېخىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ، بۇ خەتنى چاپلىغان كىشىنىڭمۇ نوخۇلىسى ئۆسۈپ قالىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمىز تولا، ئۇنىڭدىن كۆرە، بېگىمنىڭ يامۇلغا كەتكەن پەيتىدىن پايدىلىنىپ، لەي دا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتسەك چاتاق تۇگەيدۇ. ھازىر ئۇنىڭغا گۇۋاھ - ئىسپاتمۇ يوق.» جيا ليەن شۇنداق قارارغا كەلگەندىن كېيىن، جيا چېنغا شۇنداق دېدى:

— مېنىڭدىن يوشۇرمەن دېمە! قىلغان - ئەتكەنلىرىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلايدىغان ئوخشايسەن! بۇ چاتاقتىن تۇگىشەي دېسەڭ، بېگىم تاياق ئاستىغا ئېلىپ سورىغاندا، ئۇنداق ئىش يوق دەپ قاتتىق تۇرۇۋالساڭلا بولىدۇ. ۋۇي شەرمەندە! تۇر ئورنۇڭدىن، — ئاندىن لەي دانى چاقىرىشقا ئادەم جورۇدى. ئۇزاق ئۆتمەي لەي دا كىرىپ كەلدى. جيا ليەن ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالدى.

— بۇ جيا چېن غوجامۇ قېلىپىدىن بەك چىقىپ كەتكەنىدى، — دېدى لەي دا، — قۇللىرى بۇگۈن ئىبادەتخانىغا بارسام، ئۇلار شاراب ئىچىشىپ ئولتۇرۇپتىكەن، خەتتە ئېيتىلغىنى چوقۇم بار ئىش!

— جيا چېن، ئاڭلىدىڭمۇ! لەي دا ساڭا قارا چاپلىماس؟ — دېدى جيا ليەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جيا چىن پوكاندەك قىزىرىپ، لام ـ جىم دېيەلمىدى. جيا ليەن لەي دانى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭغا يېلىندى:

ــ بۇ ئىشنى دوپپا ياپما قىلىۋەتسىڭىز. جيا چىن غوجىنى بېگىمنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرگەندە، ئۆيىدىن چاقىرىپ كەلدىم، دەپ قويۇڭ. ئەمما، مەن بىلەن كۆرۈشكەنلىكىڭىزنى دېمەڭ. ئەتە بېگىمگە راھىبە قىزلارنى سوئال ـ سوراق قىلماسلىقنى ئېلتىجا قىلىڭ. بىرەر دەللىنى چاقىرتىپ شۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭ، شۇ ئېلىپ چىقىپ سېتىۋەتسىلا ئىش تەگەيدۇ. مۇبادا خانىشقا يەنە لازىم بولۇپ قالسا قايتا سېتىۋالارمىز.

لەي دامۇ ئىشنى چوڭايتقاننىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى، ئۆزلىرىنىڭ نامىغىمۇ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، جيا ليەننىڭ گېپىنى خوپ كۆردى.

ــ لەي دا تاغىمىزنىڭ كەينىدىن ماڭ! ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، دېگىنىنى بويىچە ئىش قىل! ــ دېدى جيا ليەن جيا چىنغا.

گەپ تۈگىگەندە، جيا چىن جيا ليەنگە يەنە بىر قېتىم باش ئۇرۇپ، لەي دانىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. خالىي جايغا بارغاندا لەي داغىمۇ باش قويدى.

ــ ھەي غوجام! ــ دېدى لەي دا، ــ ئۆزىڭىزمۇ ھەددىڭىزدىن يامان ئېشىپ كېتىپتىكەنسىز! كىمنى رەنجىتىۋېدىڭىزكىنتاڭ، مانا بىرمۇنچە بالا تېرىلدى. ئويلاپ بېقىڭ، سىز بىلەن كىم چىقىشالمايتتى؟

جيا چىن بىر هازاغىچە ئويلاپمۇ چىقىشالمايدىغان بىرەر كىشىنىمۇ يادىغا كەلتۈرەلمەي سالپىيىپ، لەي داغا ئەگىشىپ ماڭدى. جيا چىننىڭ قانداق تېنىۋالغانلىقىنى بىلمەك بولسىڭىز، كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# توقسان توّتىنچى باب

## يەسمەن شەرپىگە زىياپەت بېرىپ جىيا ئانىنىڭ گۆل ئەرۋاھىنى تاماشا قىلغانلىقى
## ھېكمەتلىك قاشتاش يوقىلىپ كېتىپ ئاجايىپ بالا ـ قازانىڭ مەلۇم بولغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، لەي دا جىيا چىننى باشلاپ چىقىپ كەتتى. بۇ كېچە جىيا جېڭنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈش بىلەن گەپ ـ سۆزسىز ئۆتتى. ھېلىقى راھىبە ـ بۇۋىلەر باغقا يېڭىباشتىن كىرگەنلىكىدىن بۆلەكچىلا خۇشال بولۇشۇپ باغنى ئالا قويماي بىر سەيلە قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئەتىكى ئوردىغا كىرىش تەييارلىقىنى قىلىشماقچى بولۇشقاندى. بىراق، كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە لەي دا باغقا قاراۋاتقان مومايلار بىلەن مۇلازىملارنى ئۇلارغا قارىتىپ قويدى ۋە ئۇلارنى ئاندا ـ مۇندىلا غىزالاندۇرۇپ، بىر قەدەم نېرى ـ بېرى مېڭىشقا يول قويمىدى. ئۇ قىزلار ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ، چۈشكەن يېرىدە ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. باغدىكى چۆرە ـ دېدەكلەر راھىبەلەرنى ئوردىغا كىرگۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن چاقىرتىپتۇ دەپ ئۇققان بولسىمۇ، لېكىن تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمىگەنىدى.

ئەتىسى سەھەردە جىيا جېڭ نۆۋەتچىلىكتىن چۈشۈپ يانای دەپ تۇرغىنىدا، دىۋانبېگىدىن دەرھال تەكشۈرۈلسۇن دەپ ئىككى ئۆلكىنىڭ بىناكارلىق توغرىسىدىكى مۆلچەر ھېساباتى يوللانمىسى چۈشۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ھازىرچە ئۆيىگە قايتىشقا بولماي، ئادەم جورۇپ جىيا لىيەنگە: «لەي دا قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ

ئىشنى ئۆزۈڭ سوراپ ئېنىقلىغىن، قانداق قىلىشقا توغرا كەلسە، شۇنداق قىلىۋەر، مېنى ساقلىما» دەپ ئېيتقۇزۇپ قويدى.

جيا ليەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئالدى بىلەن جيا چېن ئۈچۈن خۇرسەن بولدى، لېكىن يەنە ئويلىنىپ قېلىپ، بۇ ئىشنى بۇسىنى چىقارماي تۈگىتىۋەتسەم بىگىم گۇمانلىنىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىدى. ئاخىرىدا «ئۇنىڭدىن كۆرە، ۋاڭ ئائىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ، شۇنىڭ پىكرى بىلەن ئىش كۆرەي، بېگىمنىڭ دىتىغا توغرا كەلمەي قالسىمۇ جاۋابكارلىقتا ئانچە چېتىلىپ قالمايمەن» دېگەن قارارغا كەلدى ـ دە، ئىچكىرىگە كىرىپ ۋاڭ ئائىچا خېنىمغا:

ــ تۇنۇگۈن تالاغا چاپلانغان خەتنى كۆرۈپ ئۇلۇغ بېگىمنىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كەلدى، سۈرۈشتۈرۈپ جازالاش ئۈچۈن جيا چېن بىلەن ئايال راھىبە ـ بۇۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى قەسىرگە ئالدۇرغانىدى. بىراق، بۈگۈن ئۇلۇغ بېگىمنىڭ بۇنداق ئەدەپسىزلىكنى سوراشقا چولىسى تەگمەي قالدى، قانداق قىلىشقا توغرا كەلسە، شۇنداق قىلغىلار دەپ مېنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىشقا جورۇغان، شۇ ۋەجىدىن ئۆزلىرىگە ئىلتىماس قىلىپ كەلدىم، بۇ ئىشنى قانداق قىلساق بولاركىن؟

ــ بۇ قانداق گەپ! ــ دېدى بۇنى ئاڭلىغان ۋاڭ ئائىچا خېنىم ئەجەبلىنىپ، ــ جيا چېن شۇنداقلا قىلغان بولسا ئۇنى بىزنىڭ جەمەتىمىزنىڭ ئادىمى دېگىلى بولامدۇ؟ لېكىن، ھېلىقى خەتنى چاپلىغان ئادەممۇ ئوسال نەرسە ئىكەن. بۇ، گېپىم بار دەپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغان ئىشمۇ؟ جيا چېندىن سوراپ كۆردۈڭمۇ، زادى شۇنداق ئىش بارمىكەن؟

ــ بايا سوراپ باقتىم، ــ دېدى جيا ليەن، ــ خېنىم، ئويلاپ باقسىلا، ئۇنىڭ قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى قويۇپ تۇرايلى، قىلغان تەقدىردىمۇ يامان ئىش قىلغان ئادەم بويىنىغا ئالامتى؟ مېنىڭچە، جيا چېننىڭ ئۇنداق ئىشنى قىلىشقا ھەددى ئەمەس،

بۇ قىزلارنى خانشىنىڭ تۇيۇقسىز چاقىرتىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇمۇ بىلىدۇ. مۇبادا چاتاق چىقىرىپ قويسا ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ ـ دە. مېنىڭچىغۇ، سوراقتا تارتىنىشمۇ ئاسان، ئەگەر ئىقرار قىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىدىغان گەپ، خېنىم؟

— ئۇ قىزلار ھازىر نەدە؟

— باغقا قاماپ قويدۇق.

— خان قىزلارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارمۇ؟

— خان قىزلار ئۇلارنى ئوردىغا كىرگۈزۈپ بەرگىلى ئېلىپ كەپتۇ دېگەن گەپنىلا بىلىدىغۇ دەيمەن، سىرتتا ئۇنىڭدىن باشقا گەپ بولۇنمىغان، — دېدى جيا ليەن.

— بۇ ئوبدان بوپتۇ! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بۇ بىرنېمىلەرنى مىنۇت تۇرغۇزۇشقا بولمايتتى. باشتا، بۇلارنى يولغا سېلىۋېتەيلى دېسەم، سىلەر ئېلىپ قالغىنىمىز ياخشى دېگەنىدىڭلار، مانا ئەمدى چاتاق چىقتىغۇ؟ لەي داغا تاپشۇرغىن. ئۇلارنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بارمۇ، يوق، سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسۇن، تىلخەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، بىرنەچچە ئون سەر كۈمۈش خەجلەپ كېمە كىرا قىلسۇن ـ دە، ئىشەنچلىك ئادەم يەيلەپ ئۇلارنى ئۆز يۇرتىغا يەتكۈزۈپ، تىلخەتلىرى بىلەن قوشۇپ بېرىۋەتسۇن، بىزمۇ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلايلى. بىر ـ ئىككى يامانىنىڭ كاساپىتىدىن ھەممەيلەننى راھىبلىقتىن ئەسلىگە ياندۇرۇۋەتسەك گۇناھلىق ئىش قىلغان بولىمىز. مۇشۇ يەردىلا دەللىلەرگە تۇتقۇزۇپ قويساق، ئۇلارنىڭ بەدىلىگە ھەق ئالمايمىز، شۇنداقتىمۇ دەللەلەر ئاپىرىپ پۇل قىلىشىدۇ، خەقنىڭ ئۆلەر ـ تىرىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كارى نېمە؟ جيا چىنغىمۇ جىنغا ئۆتكۈدەك گەپ قىلىپ قوي، تويى ـ تۆكۈن، نەزىر ـ نىياز مەرىكىلىرىدىن باشقا چاغلاردا ئىش بولمىسا بۇ ياققا كىرگۈزمەڭلار. ئۆزىگە ھېزى بولسۇن، بىگىمىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان چاغدا دوقۇرۇپ قالسا ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قالىدۇ. دەپتەرخانىغىمۇ ئېيتىپ

www.uyghurkitap.com

قوي، ئاشۇلارغا ئاجرىتىلغان خىراجەتنى داڭزىدىن ئۆچۈرۈۋەتسۇن. يەنە شىيۈ ئىبادەتخانىسىغىمۇ ئادەم جورۇپ بېگىمنىڭ بۇيرۇقى دەپ ئېيتقۇزۇپ قوي، تۇپراق بېشىغا قەغەز كۆيدۈرۈشكە بارغاندىن باشقا چاغلاردا جەمەتىمىزنىڭ بەگ-غوجاملىرى بېرىپ قالسا قوبۇل قىلىشمىسۇن، ناۋادا بىرەر بەتقىلىقلىقنىڭ شەپىسى بىلىنىپ قالىدىغان بولسا، قېرى بۇۋىلەرمۇ قوشۇپلا قوغلىنىدۇ.

جيا ليەن خوش دەپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ يېنىپ چىقتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ گەپلىرىنى لەي داغا يەتكۈزۈپ:

— ئاغىچا خېنىم سىزنى ئاشۇنداق تۇگەتسۇن دەپ جېكىلىدى! بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن ماڭا خەۋەر قىلىڭ، ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلاي. قېنى چاپسان بېرىپ ئىشقا كىرىشىڭ. بېگىم قايتىپ كەلگەندە، ئاغىچا خېنىمنىڭ دېگىنى بويىچە مەلۇم قىلىڭ، — دېدى جيا ليەن.

— بىزنىڭ ئاغىچا خېنىم نىمىدېگەن رەھىمدىل - ھە ! — دېدى لەي دا، — مۇشۇنداق بىر نىمىلەرنىمۇ مەخسۇس ئادەم ئاپىرىپ قويسۇن، دەپتۇ. ئاغىچا خېنىم شۇنداق مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن يەردە، تۇزۇكرەك ئادەم تاللىماي بولمايدۇ. ئەمىسە غوجام، جيا چېن غوجىنىڭ ئىشىنى ئۆزلىرى بىر ياقلىق قىلسىلا، خەت چاپلىغان ھېلىقى ئادەمنى پېقىر بىر ئامال قىلىپ تاپاي، ئۇنىڭ كېلىشتۈرۈپ جاجىسىنى بېرىپ قويغىنىمىز ياخشى.

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى جيا ليەن بېشىنى لىڭشىتىپ.

ئاندىن ئۇ جيا چېننىڭ ئىشىنى دەررۇ بىر تەرەپ قىلدى.

لەي دا بايىقى كېلىشكەنلىرى بويىچە راھىبە - بۇۋىلەرنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

كەچتە جيا جېڭ يېنىپ كەلدى، جيا ليەن بىلەن لەي دا قىلغان ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى. جيا جېڭ ئەسلىدە ئىشنىڭ ئۇلغىيىشىنى خالىمايدىغان ئادەم ئىدى، شۇڭا بوپتىلا

دەپ قول سىلكىپ قويدى. ئەمما، بىكار تەلەپلەر جيا قەسىرىدىن يىگىرمە تۆت قىز بالىنى چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندا تاماقلىرىنى چاكىلداتماي قالامدۇ؟ بۇ قىزلار ئۆز ئۆيلىرىگە يېنىپ بارالىدىمۇ، بارالمىدىمۇ، بۇنىسى هازىرچە قاراڭغۇ، بۇ ھەقتە بىرنېمە دېيىش قىيىن.

دەييۈي بارا ـ بارا ئويغىنىپ، زىجۈەننىڭ قولى خېلى بوشاپ قالغانىدى. ئۇ راھىبەلەرنىڭ ئوردىغا كىرگۈزۈلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، نېمە ئىشلىكىنى بىلەلمەي، تىڭتىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن جيا ئانا تەرەپكە ئۆتتى. تەلىيىگە يۈەنياڭ بىكار ئىكەن، ئىككىسى ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى. راھىبەلەر ھەققىدە گەپ بولغاندا، يۈەنياڭ ھەيران بولۇپ:

— ئەجەب مەن ئاڭلىماپتىمەنا. ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىدىن ئۇقۇپ باقساقلا ئايان بولىدۇغۇ، — دېدى.

شۇ ئارىدا فۇشى ئائىلىسىدىن ئىككى ئايال جيا ئانىدىن ئېسەنلىك سوراپ كېلىپ قالدى، يۈەنياڭ ئۇلارنى باشلاپ كىرمەكچى بولۇۋىدى، ئۇلار جيا ئانىنىڭ چۈشلۈك ئارام ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، يۈەنياڭغا بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپلا قايتىشتى.

— بۇلار كىمنىڭكىدىن كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى زىجۈەن.

— ئەجەبمۇ تويدۇم بۇ خەقتىن! — دېدى يۈەنياڭ، — ئۇلارنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئۆزى خېلى قاملاشقان قىز ئوخشايدۇ، ھەر قېتىم كەلسىلا خۇددى گۆھەر ئېلىپ كەلگەندەك قىلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا، بىزنىڭ خان قىز ئۇنداق چىرايلىق، بۇنداق ئاق كۆڭۈل، قائىدە ـ يوسۇننىمۇ ئوبدان بىلىدۇ، ئاز سۆزلەيدۇ، ئۇز سۆزلەيدۇ، يىڭنە ئىشلىرىغا قولى ئەپلىك، ساۋاتلىق، ھېسابنىمۇ بىلىدۇ، چوڭلارنى بەك ھۆرمەتلەيدۇ، تۆۋەندىكىلەرگىمۇ شۇنداق سىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، دېگەندەك بىرمۇنچە گەپ توقۇپ ئاغىچا

خېنىمغا دەپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ كەتتىم. بۇ مومايلاردىن ئەجەبمۇ تويدۇم! ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىممۇ شۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار! ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغۇ بىرنۆرى، باۋيۈينى دېمەمسەن، ئادەتتە ئۇ خىزمەتكار مومايلارنى بۆلەكچىلا يامان كۆرەتتى. بىراق، شۇلارنىڭكىدىن كەلگەن مومايلارنى يامان كۆرمەيدۇ. قارا، بۇ غەلىتە ئىش ئەمەسمۇ؟ بۇرناكۇن ئۇلار يەنە كەپتۇ، بىزنىڭ خان قىزغا خېلى ـ خېلى يەرلەردىن لايىق چىققاندى، بىگىمىزنىڭ ھېچقايسىسىغا ماقۇل دېگۈسى كەلمىدى، ھەر بىرلىرىنىڭكىدەك ئائىلە بىلەن قۇدا چۈشكۈسى بار ئىكەن، دېيىشتى. ئۇلار بىردەم خان قىزنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، بىردەم خۇشامەتگۈيلۇق قىلىپ يۈرۈپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىۋالغاندەك تۇرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ زىجۈەن تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن ئەتەي:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا يېقىپ قالغان بولسا، نېمە ئۈچۈن باۋيۈيگە دېيىشىپ قويمايدۇ؟ — دەپ سوراپ قويدى.

يۈەنياڭ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتاي دەپ تۇرۇشىغا، تۆر ئۆيدىن «ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئويغاندى» دېگەن گەپ ئاڭلىنىپ، دەررۇ تۆر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. زىجۈەن ئامالسىز ئورنىدىن قوپۇپ قايتتى. باغقا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ مېڭىپ كېتىۋېتىپ خىيال سۈرەتتى: «بۇ جاھاندا بىرلا باۋيۈي باردەك قىلىشىپ كېتىپتۇغۇ، بۇ خەق؟ ئۇمۇ شۇنى دەيدىكەن، بۇمۇ شۇنى دەيدىكەن! بىزنىڭ مۇنۇ خېنىممۇ شۇنى دەپ ئادا بولاي دېدى! ئەۋزايىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى باۋيۈيدە، كەينى ـ كەينىدىن ئاغرىۋېرىشىمۇ شۇنىڭدىن بولماي نېمە؟ بۇ يەردىكى ‹ئالتۇن›، ‹كۈمۈش› لەرنىڭ چىگىشى تېخى ئايرىلماي تۇرغان يەردە، يەنە فۇ خېنىم دېگەن بىرسى قوشۇلسا، تېخىمۇ چىگىش ئۈستىگە چىگىش بولىدىغان بولدى ـ دە! نەزىرىمچە، باۋيۈينىڭ كۆڭلىمۇ بىزنىڭ خېنىمغا چۈشكەندەك قىلاتتى، يۈەنياڭنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، باۋيۈيمۇ ئۈجمە كۆڭۈل ئوخشايدۇ! ئۇنداقتا

بىزنىڭ خان قىز ئۆزىنى بىكارلا ئۇپراتقان بولمامدۇ؟ »
دەييۇينىڭ غېمىنى يەۋاتقان زىجوەن ئويلىغانسېرى ئويىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي بېشى قاتتى. دەييۇيگە بىھۇدە ئۆزىگىزنى ئۇپراتماڭ، دېسە، ئۇنىڭ بىئارام بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى؛ شۇنداق كېتىۋەرسۇنمىكىن دېسە، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيتتى. زىجوەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولاتتى، ئاخىر بولالماي ئۆزىنى كايىدى: «خەق ئۇچۇن نېمانچىلا غەم يەپ كېتەتتىڭ ! دەييۇي خان قىزنى باۋيۇي بىلەن جۈپ بولدى دېگەندىمۇ، باۋيۇينىڭ ئاشۇ مىجەز ـ خۇيى بولىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلماقمۇ تەس. باۋيۇي خۇش پېئىل بولسىمۇ، ئەمما چاينىماي يۇتىدىغان تويماسلاردىن. مەن تېخى خەققە ئۆزىگىزنى بىھۇدە ئۇپراتماڭ دېمەكچى بولغىنىمنى قاراڭ، بىكارلا غەم يەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپتىمەن ! بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن خان قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، باشقا ئىشلار بىلەن زادىلا كارىم بولمىسۇن !» خىيالىغا شۇ كېچىشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى ئازادە بولۇپ قالدى. ئۇ بامبۇكزار سارايغا قايتىپ كەلگەندە، دەييۇي كاڭدا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ بۇرۇن يازغان شېئىر ـ نەزملىرىنى رەتلەۋاتاتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ زىجوەننى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭدىن:
—— نەگە باردىڭ؟ —— دەپ سورىدى.
—— ھەمشىرىلەرنى يوقلاپ كەلدىم.
—— تايىنلىق شىرېن ئاچاڭنى ئىزدەپ بارغانسەن.
—— ئۇنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىم؟
دەييۇي شۇئالىلا «بۇ گەپ قانداقچە ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەندۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، خىجىل بولۇپ قالدى.
—— ئۇنى ئىزدىگەن ـ ئىزدىمىگىنىڭ بىلەن نېمە كارىم؟ چاي ئېلىپ كەل، —— دېدى دەييۇي.
زىجوەن ئىچىدە كۈلۈپ قويۇپ، چاي قۇيغىلى چىقىپ كەتتى،

www.uyghurkitap.com

نىمىشقىكىن باغدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇ چاي قۇيۇۋېتىپ، سورۇشتۇرۇپ بېقىشقا ئادەم جورۇدى.

— ئارامبەخش ھويلىدىكى يەسمەننىڭ بىرنەچچە تۈپى قۇرۇپ كېتىپتىكەن، — دېدى چۆرە قىز قايتىپ كېلىپ، — ئۇنى بىركىم سۇغىرىپمۇ قويماپتۇ. تۈنۈگۈن باۋىيۇي تاماشا قىلىپ يۈرۈپ قارىسا، شېخىنىڭ ئۇچى خۇددى غۇنچىلىغاندەك كۆرۈنۈپتۇ، باشقىلار چىنپۇتمەي ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماپتۇ، بۈگۈن ئۇ يەسمەن ئۇشتۇمتۇتلا بىر چىرايلىق ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ھەممەيلەن ھەيران قېلىپ بەس ـ بەس بىلەن ئۇنى كۆرۈشكە بېرىپتۇ، ھەتتا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىملارغىچە تەۋرىنىپ كېتىپ گۈلنى كۆرۈشكە كەلمەكچى بوپتۇ. شۇ ۋەجدىن، چوڭ كېلىن ئاغىچا خېنىم باغدىكى غازاڭلارنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈۋېتىشكە ئادەم بۇيرۇپتۇ، شۇلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ئىكەن.

دەييۈي بۇ گەپتىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭمۇ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئېگىنلىرىنى يەڭگۈشلىدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم كەلگەن بولسا، دەررۇ كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلغىن، — دەپ شۆيەننى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

شۆيەن كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يۈگۈرگەن پېتى ھۇجرىغا كىرىپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىم باشلىق بىرمۇنچەيلەن كەپتۇ، خان قىز، چاپسان بولۇڭ! — دېدى.

دەيیۇي ئەينەككە ئاندا ـ مۇندىلا قاراپ، چاچلىرىنى سەل ـ پەل تۈزەشتۈرۈپلا زىجۈەنگە تايىنىپ ئارامبەخش ھويلىغا كەلدى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم باۋيۇي ياتىدىغان كاتتا ئولتۇرغانىكەن.

— بۇزرۇكۋار ئانا، ئوبدان تۇردىلىمۇ، — دەپ سالام بەردى دەييۇي. ئاندىن شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىلەن كۆرۈشتى، كەينىگە يېنىپ لى ۋەن، تەنچۈن، شىچۈن، شىڭ شيۇيەنلەر بىلەن ئېسەنلىك سوراشتى. يالغۇز فېڭجيېلا تاۋى بولمىغاچقا

كەلمىگەن، شى شاكىيۇننىڭ تاغىسى پايتەختتىكە يۆتكەپ كېلىنگەچكە، ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەن، شۇ باۋچىن ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەندى، باغدا ئىش تېرىلىۋەرگەچكە لى خان ئاچا لى چى بىلەن لى ۋېننى ئۆز يېنىغا تارتىپ سىرتتىن ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغانىدى. شۇڭا، بوگۇن دەيىۇيگە مۇشۇ بىرقانچەيلەن بىلەنلا دىدار كۆرۈشۈش نېسىپ بولدى.

كۆپچىلىك بىرپەس كۇلكە ـ چاقچاق قىلىشقاندىن كېيىن، بۇ گۇلنىڭ ئېچىلغانلىقى غەلىتە ئىش ئىكەنلىكى ئۇستىدە مۇلاھىزىگە چۇشۇپ كېتىشتى.

ــــ بۇ گۇل ئۇچىنچى ئايدا ئېچىلاتتى، ــــ دېدى جيا ئانا، ــــ ھازىرغۇ ئون بىرىنچى ئاي، لېكىن مەۋسۇم كېچىكىپ كەلگەچكە، يەنىلا ئونىنچى ئاي ھېسابلىنىدۇ، مۇشۇنداق كالتە يازدا ھاۋا ئىسسىپ كەتسە گۇللەر ئېچىلىۋېرىدۇ.

ــــ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى كۆپ، بۇ دېگىنى راست، بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغانىمۇ يېرى يوق، ــــ دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

ــــ بۇ گۇلنىڭ قۇرۇپ قالغىنىغا بىر يىل بولدى، ــــ دەپ ئاڭلىۋىدىم، نېمىشقا ۋاقىتسىز ئېچىلغاندۇ؟ بۇنىڭ بىر سەۋەبى بولسا كېرەك، ــــ دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم.

ــــ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا، ــــ دېدى لى ۋەن كۇلۇپ، ــــ مېنىڭ كالتە پەمىمچە، باۋيۇيگە بىر خۇشاللىق بار، شۇڭا بۇ گۇل ئالدىن بېشارەت بەرگەن.

تەنچۇن گەپ قىلمىغىنى بىلەن، ئىچىدە: «بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى بولمىسا كېرەك، كۆپ ھاللاردا ئوڭغانلار راۋاج تاپىدۇ، ئوڭمىغانلار زاۋال تاپىدۇ، گۇل ـ گىياھلار تەقدىرنى بىلىدۇ. بۇ گۇلنىڭ ۋاقىتسىز ئېچىلغانلىقى چوقۇم بىر نەسلىكنىڭ ئالامىتى» دەپ ئويلىدى ـ يۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. يالغۇز دەيىۇيلا خۇشاللىق بار دېگەننى ئاڭلاپ يۇرىكى ئويناپ

كەتتى ـ دە، ئېچىلىپ شۇنداق دېدى:

— ئۆز ۋاقتىدا تىيەن جەمەتىنىڭ ھويلىسىدا بىر تۈپ چېتىن بار ئىكەن، ئاكا ـ ئۇكا ئۈچەيلەن ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن چېتىن قۇرۇپ كېتىپتۇ. كېيىن ئاكا ـ ئۇكىلار بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ قايتا جەم بولۇشۇپتىكەن، ھېلىقى چېتىن باشقىدىن كۆكلەپتۇ. دېمەك، گۈل ـ گىياھلارمۇ ئادەمگە باقىدىكەن. ھازىر ئوتتۇرانچى ئاكام كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيدىغان بولدى، بۇنىڭدىن تاغاممۇ خۇشال، شۇڭا بۇ گۈلمۇ ئېچىلغان ـ دە.

دەييۈينىڭ گېپى جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا يېقىپ كېتىپ:

— دەييۈي خان قىزنىڭ تەمسىلى ئورۇنلۇق ھەم ناھايىتى مەنىلىك بولدى، — دېيىشتى.

شۇ ئارىدا جياشې، جيا جېڭ، جيا خۇەن، جيا لەنلەرمۇ گۈل كۆرگىلى كەلدى.

— مېنىڭ پىكرىمچە، گۈل ئەرۋاھى ئېزىتقۇلۇق قىلمىۋاتسا كېرەك، بۇنى كېسىۋېتەيلى، — دېدى جيا شې.

«غارايىپنى كۆرگەندە بولمىغىل ھەيران، ئۆز ـ ئۆزىدىن غارايىپ بولغۇسى ۋەيران» دەپتىكەن. كەسمەي مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى، — دېدى جيا جېڭ.

— ۋالاقشىغان كىم ئۇ؟ — دېدى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ جيا ئانا، — بۇ ئىش خۇشاللىقتىن، ياخشىلىقتىن دالالەت بېرىۋاتسا، غەلىتە ـ پەلىتە دېگەن نېمە گەپ؟ ئەگەر ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كەلسە سىلەر تەڭ كۆرۈڭلار، يامانلىق كەلسە مەنلا تارتاي. سىلەر ئۇنداق ۋالاقشىماڭلار!

جيا جېڭ يەنە گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى تارتتى ـ دە، مۇلزىم بولغىنىچە جيا شېلار بىلەن چىقىپ كەتتى.

جيا ئانا بۆلەكچىلا خۇشال ئىدى.

— ئاشخانىدىكىلەرگە ئېيتقۇزۇپ قويۇڭلار، دەررۇ شاراب ـ

تائام راسلىسۇن، ھەممەيلەن گۇل تاماشىسى قىلىمىز ! — دەپ ئادەم جورۇدى ئۇ. ئاندىن، — باۋيۇي، جيا خۇەن، جيا لەن ئۇچىڭلار بۇ خۇشاللىقتا ئاتاپ بىردىن شېئىر يېزىڭلار. دەيىيۇي خان قىز كېسەلدىن يېڭى قوپتى، ئۆزىنى جوۋاتمىسۇن، خۇشى كەلسە يازغىنىڭلارنى ئۆزگەرتىپ بېرەر، — دېدى ۋە يەنە لى ۋەنگە قاراپ، — سىلەر مەن بىلەن ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىسىلەر، — دېدى.

لى ۋەن «خوش» دەپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ قويۇپ، تەنچۇنگە قاراپ كۇلۇپ شۇنداق دېدى:

— ھەممىنى قىلغان سىز !

— شېئىر يېزىشتىنمۇ مەھرۇم قىلىنغان تۇرساق، قانداقسىغا بىز قىلغان ئىش بولسۇن؟ — دېدى تەنچۇن.

— يەسىمەن مۇشائىرە جەمئىيىتىنى سىز تەسىس قىلغان ئەمەسمۇ؟ — دېدى لى ۋەن، — ئەمدىلىكتە بۇ يەسىمەنمۇ مۇشائىرە جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ كىرىۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۇلۇشۇپ كەتتى.

ئاڭغىچە كۆك ـ گېزەك، شارابلار كەلتۈرۈلۈپ، ئىچىش باشلاندى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، ھەممەيلەن كۆڭۈلگە ياقىدىغان گەپلەرنى قىلىشتى. باۋيۇي كېلىپ شاراب قۇيدى. ئاندىن ئۆرە تۇرغىنىچە تۆت مىسرا شېئىر توقۇپ، ئۇنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن جيا ئانىغا ئوقۇپ بەردى:

نە سەۋەبتىن يەسىمەن گۇل بوپتۇ قاقشال ئۆزىچە؟
بائىسى نېمە بوگۇن كۆكلەپتۇ قايتا ئۆزگىچە؟
مېھرىبانىمنى ئۇزاق كۆرسۇن ئۆمۈر دەپتۇ بۇ گۇل،
ئېچىلىپتۇ كالتە يازدا شۇ مېيخۇا گۇلگىچە.

جيا خۇەنمۇ ئۆزىنىڭ يازغىنىنى ئوقۇدى:

كەلسە باھار گۈل ـ گىياھلار جانلىناتتى بىخ ئۇرۇپ،
مەزگىلىدە يەسمەن گۈل تۇردى ئېچىلماي قۇرۇپ،
بۇ جاھاندا كىم بىلىپتۇ ئۆڭكە ئىشلار كۆپ ئىكەن،
بىزدىلا ئېچىلدى گۈل قىش ئېيىدا خەندان ئۇرۇپ.

جىيا لىيەن يېزىپ چىققاندىن كېيىن چىرايلىق كۆچۈرۈپ، جىيا ئانىغا سۇندى. جىيا ئانا لى ۋەنگە ئوقۇتتى:

ئاچمىدى ئۆز رەڭگىنى تۇرگەن پىتى باھاردا گۈل،
نەملىنىپ قاردىن كېيىن ئاچتى چىراي قىرووۋدا گۈل.
دېمىگىل بۇ گۈلنى ھەرگىز بىخەۋەر نادان ئىكەن،
ياشنىغاچ بولدى مەدەتكار بۇ ۋىسال جامىغان گۈل.

شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جىيا ئانا:
— مېنىڭ شېئىردىن ئانچە خەۋىرىم يوق، قۇلاق سالغىنىمدەك بولسام لەنئىر بالامنىڭ قاملىشىپتۇ، خۇەنئىر ياخشى يازالماپتۇ. قېنى، غىزادىن يېقىڭلار، — دېدى.
جىيا ئانىنىڭ كەيپى چاغلىقىنى كۆرۈپ، باۋيۈينىڭ كۆڭلى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى: «چىڭۋېن ئۆلگەن يىلى يەسمەن قۇرۇپ كەتكەنىدى، بۇگۈن يەسمەن يېڭىباشتىن ياشاردى. بۇ ھويلىدىكى ھەممەيلەن ساق ـ سالامەت تۇرۇپتۇ، پەقەت چىڭۋېنلا مۇشۇ قۇرۇپ قالغان گۈلنىڭ قايتا تىرىلگىنىدەك بولالمايدۇ ـ دە!» دېگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭدىكى شادلىق بىردىنلا قايغۇغا ئايلاندى. شۇ ئەسنادا يەنە فېڭجيېنىڭ ۋۇئېرنى ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە بەرمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە چياۋجيېنىڭ قايسى كۈنى دېگەن گېپى يادىغا كېلىپ: «كىم بىلىدۇ، بۇ گۈل شۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىلدىمۇ تېخى» دېگەن ئوي بىلەن قايغۇسى قايتا شادلىققا ئۆرۈلدى ـ دە، يەنە كۈلكە ـ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.
جىيا ئانا بىرھازاغىچە ئولتۇرغاندىن كېيىن، جېنجۇغا

تايانغىنىچە ئۆيىگە قايتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارمۇ سوغدىشىپ ماڭدى. پىڭئېر ھى - ھى ... كۈلگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— كېلىن ئاغىچىمىز ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇ يەردە گۈل تاماشىسى قىلىشقا ئاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزى كېلەلمەي ھەر بىرلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مەن چۈرىلىرىنى ئەۋەتتى. باۋيۈي غوجامنى مۇبارەكلەپ، گۈلنى يۆگەپ قويغاي دەپ مۇنۇ ئىككى توپ قىزىل شايىنى سوۋغا قىلدى، — دېدى.
شىرېن سوۋغىنى ئېلىپ جيا ئانىغا ئىككى قوللاپ سۇندى.
— فېڭجيې قىزلا ئىشنىڭ يولىنى بىلىدۇ جۇمۇ! — دېدى جيا ئانا تەبەسسۇم بىلەن، — ئۇنىڭ قىلغان ئىشى خەققە يارىشىملىق، يېڭىلىق ھەم شۇنداق قىزىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ!
— بېرىپ باۋيۈي غوجامنىڭ نامىدىن ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىمغا رەھمەت ئېيتىپ قويغىن: خۇشاللىق كېلىدىغانلا بولسا، ھەممەيلەنگە تەڭ خۇشاللىق بولسۇن! — دېدى شىرېن كۈلۈپ پىڭئېرگە.
— ئوھۇي، ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىمامسىلەر! — دېدى جيا ئانا شىرېننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ، — فېڭجيې قىز ئاغرىق تۇرۇقلۇقمۇ مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ يېتىپتۇ، ئەۋەتكەن نەرسىنىمۇ قاملاشتۇرۇپ ئەۋەتىپتۇ!
پاراڭ سېلىشقاچ ھەممەيلەن جيا ئانىغا سوغدىشىپ ماڭدى.
پىڭئېر شىرېننى بىر چەتكە تارتىپ:
— كېلىن ئاغىچا بۇ گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى غەلىتە ئىش دەيدۇ. بۇنى ياخشىلىققا ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن سېنى قىزىل شايىدىن بىر پارچە كېسىپ، گۈلگە ئېسىپ قويسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن ئەجەبسىنىپ ئېگىز - پەس سۆزلەپ يۈرۈشمىسۇن، دەپ تاپىلىدى، — دېدى.
شىرېن بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى، ئاندىن پىڭئېرنى ئۇزىتىپ قويدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالغاي.

www.uyghurkitap.com

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلىغايسىز. شۇ كۈنى باۋيۈي ياندىن ئىزمىلىنىدىغان جۇۋا كىيىپ ھۇجرىسىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتى. گۈلنىڭ ئېچىلغانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، چىقىپ بىرپەس كۆز يۈگۈرتۈپ تاماشا قىلدى. بىردەم ئۇھ تارتىپ قويۇپ، يەنە بىردىنلا سۆيۈندى. كۆڭلىدىكى تۈگىمەس ھىجران قايغۇسى بىلەن ۋىسال خۇشاللىقى شۇ گۈلگە جەلپ قىلىنغانىدى. ئۇ جيا ئانىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا تۇلكە قولتۇقىدىن تىكىلگەن پەيكان يەڭلىك كەمزۇلىنى يەڭگۈشلەپ، ئۈستىگە قارا تۇلكە پۇچقىقىدىن تىكىلگەن كۆرپە يېپىنىپ، جيا ئانىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ ئالدىراپ كىيىم يەڭگۈشلىگەچكە، «ھېكمەتلىك قاشتاش»نى بويىنىغا ئېسىۋېلىشنى يادىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. جيا ئانىلار كەتكەندىن كېيىن كىيىملىرىنى قايتا يەڭگۈشلىگەندە، شىرېن باۋيۈينىڭ بويىنىدا قاشتاشنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

— قاشتاش قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— بايا كىيىم يەڭگۈشلەيمەن دەپ، ئالدىراشچىلىقتا كاڭدىكى شىرەگە قويۇپ قويۇپ ئاسماپتىمەن، — دېدى باۋيۈي.

شىرېن، قايرىلىپ شىرەگە قارىۋىدى، قاشتاش يوق، ھۇجرىنىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدىدى، قاشتېشى تۇرماق ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. قورقىنىدىن شىرېننى سوغۇق تەر باستى.

— ھودۇقمىغىن، ئۆيدىن باشقا يەرگە كەتمەيدۇ، ئاۋۇلاردىن سوراپ باقساق چىقىدۇ، — دېدى باۋيۈي.

شىرېن، شېيۈلەر باۋيۈينى قورقۇتمىز دەپ چاقچاق قىلىپ تىقىپ قويغاندۇ، دېگەن ئوي بىلەن، كۈلۈپ شېيۈلەردىن سورىدى:

— جۇۋاينىمەكلەر، چاقچاقنىڭ يولى بار، ئۇنى نەگە تىقىپ قويۇشتۇڭلار؟ ئويىنىشىپ يۈرۈپ راستلا يوقىتىپ قويۇشساڭ، ئۇ چاغدا ھەممىمىزگە كۈن يوق جۇمۇ!

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى شېيۇ جىددىي قىياپەتتە، — ئويۇن ئويۇنچە، چاقچاق چاقچاقچە بولىدۇ، بۇ ئوينىشىدىغان ئىشمىدى، ئۇنداق كەلسە ـ كەلمەس گەپنى قىلما ! ئۆزۈڭنىڭ بېشى تەۋرەپ قالغان ئوخشايدۇ ! ئۆزۈڭ نەگە قويغان؟ ئوبدان ئويلاپ باق ! خەققە يەنە قارا چاپلىغىلى تۇردۇڭمۇ دەيمەن !

شىرىن ئۇنىڭ بۇ ئەۋزايىنى كۆرۈپ چاقچاق ئەمەسلىكىنى بايقىدى ـ دە، ئىچى تىتىلداپ:

— ئىگەم بۇدساتۋام ! بۇزرۇكۋارىم غوجام ! زادى نەدە قويغانىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى باۋيۇيدىن.

— كاڭدىكى شىرەگە قويغىنىم ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ، ئىزدەپ بېقىڭلارچۇ ! — دېدى باۋيۈي.

شىرىن، شېيۆلەر باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەممە يەرنى يوشۇرۇنچە ئىزدەشتۇردى. خېلىغىچە ئاۋارە بولۇشۇپ ھېچ يەردىن ئىز ـ دېرىكىنى تاپالمىدى، ھەتتا ساندۇق ـ پاندۇقلارنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتتى، لېكىن ھېچ يەردىن چىقمىدى. ئاخىر ئۇلار بايا كەلگەنلەردىن بىرەرسىگە ئۇچرىغان بولسا، شۇ ئەكەتتىمىكىن دېگەن گۇمانغا كېلىشتى.

— كىرگەنلەردىن قايسىبىرى بۇ قاشتاشنىڭ جان بىلەن باراۋەر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ؟ — دېدى شىرىن، — ئۇنى ئەكېتىشكە كىمنىڭ ھەددى بولسۇن ! ھازىرچە چۇقان كۆتۈرمەي تۇرۇپ، ھەرقايسى ھۇجرىلارغا چاپسان بېرىپ سوراشتۇرۇپ كۆرۈڭلار، ئەگەر ھەمشىرىلەردىن بىرەرسى ئېلىۋېلىپ، بىز بىلەن ئويناشماقچى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا باش قويۇپ بولسىمۇ ئېلىپ كېلىڭلار. ناۋادا چۆرە قىزلاردىن بىرەرسى ئوغرىلىۋالغان بولسا، سۈرۈشتۇرۇپ تېپىۋالساقمۇ يۇقىرىغا مەلۇم قىلماي، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ بولسىمۇ ياندۇرۇپ كېلىڭلار. بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ! ئەگەر راستىلا يوقىلىپ كېتىدىغان بولسا، باۋيۇي غوجامنى يوقىتىپ قويغاندىنمۇ بەتتەر كۈنگە قالىمىز.

www.uyghurkitap.com

شىيۈ، چيۇۋېنلار ئىشىكتىن چىقىشىغا شىرىن كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— بايا بۇ يەردە غىزا يېگەنلەردىن ھازىرچە سورىماي تۇرۇڭلار، ئۇلاردىن چىقماي قالسا ئۇستىلەپ چاتاق تېرىلىپ، تېخىمۇ ياخشى بولمايدۇ، — دەپ يەنە جىكىلەپ قويدى.

شىرىننىڭ گېپى بويىچە سۈرۈشتۈرگىلى شىيۈ بىلەن چيۇۋېن ئىككىسى ئىككى يانغا ماڭدى. كىمدىنلا سورىسا، ئۇقمايمىز دەپ جاۋاب بەرگەننىڭ ئۇستىگە، ھەيران بولۇپ، ھەممىنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشتى.

شىيۈ بىلەن چيۇۋېن ھاپىلا - شاپىلا قايتىپ كېلىپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئاغزىلىرىنى ھاڭ ئېچىپ، بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپلا قالدى، باۋيۈيمۇ قورققىنىدىن قېتىپلا قالدى، شىرىن بولسا تىت - تىت بولۇپ يىغىدىن باش كۆتۈرمەيتتى. ئىزدەي دېسە، نەدىن ئىزدىگۈلۈك، مەلۇم قىلاي دېسە، نېمە دەپ مەلۇم قىلغۇلۇق؟ بۇ ۋەھىمە ئىچىدە ئارامبەخش ھويلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قورققىنىدىن بۇتتەك قېتىپلا قېلىشتى.

كۆپچىلىك ئاشۇنداق تېڭىرقاپ تۇرغاندا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلار تەرەپ - تەرەپتىن يېتىپ كېلىشتى. تەنچۈن ئاۋۋال باغنىڭ ئىشىكىنى ئەتكۈزۈپ خىزمەتكار مومايدىن بىرسىگە چۆرە قىزلاردىن ئىككىنى قوشۇپ، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ سۈرۈشتۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئاندىن كۆپچىلىككە: «كىم تېپىپ كەلسە، قەۋەتلەپ ئىنئام بېرىلىدۇ» دەپ ئۇقتۇردى. ھەممەيلەن بىرىنچىدىن، گۇماندىن خالاس بولۇشقا ئالدىراشتى، ئىككىنچىدىن، چوڭ ئىنئام بېرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ئۇدۇل كەلگەن يەرنى ئىزدەشتۈردى، ھەتتا ئىزدىمىگەن ھاجەتخانىمۇ قالمىدى. كۇنبويى شۇنداق ئىزدەشسىمۇ ئۇ قاشتاشنىڭ گويا يېتىپ كەتكەن كەشتە يىڭنىسىدەك زادىلا ئىز - دېرىكى چىقمىدى.

— بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، ئەمدى ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ مەيلى، بىر گەپ قىلماي بولمىدى، — دېدى لى ۋەن بىتاقەت بولۇپ.

— نېمە گەپ؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— بۇ ئىش مۇشۇ يەرگىچە بېرىپ يەتكەندىن كېيىن، — ئەمدى قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، — دېدى لى ۋەن، — هازىر باغدا تۇرۇۋاتقانلىرىمىزنىڭ ئىچىدە باۋيۈيدىن باشقىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئايال، شۇڭا ئاچىلار، سىڭىللار، خان قىزلار ئۆزلىرىمىز بىللە بىللەن كەلگەن دېدەكلەرنىڭ كېيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئاختۇرۇپ كۆرەيلى، ئۇلاردىن چىقمىسا، دېدەكلەر چىقىپ خىزمەتكار موماي لارنى، قارا ئىش قىلىدىغان چۆرىلەرنى ئاختۇرسۇن. مۇشۇنداق قىلساق بولارمۇ، بولماسمۇ؟

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ، — دېيىشتى كۆپچىلىك، — هازىر ئادەملەر غولداپ كەتتى، ئاق كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسىلا پاكىز ئەمەس، ئاشۇنداق قىلغاندا ئۇلارمۇ ئېرىغدىنىدۇ.

يالغۇز تەنچۈنلا بۇ ھەقتە زۇۋان سۈرمىدى. دېدەكلەرمۇ ئۆزلىرىنى ئېرىغداشنى خالايتتى.

— ئاۋۋال مېنىڭدىن باشلاڭلار! — دېدى پىڭئېر. شۇنىڭ بىلەن ئاختۇرۇش بىرىنچى بولۇپ پىڭئېردىن باشلاندى. قالغانلارمۇ ئىزمىلىرىنى يەشتى. لى ۋەن ئىزامۇ تارتماي بولۇشقا ئاختۇرىۋەردى.

— يەڭگە، سىزمۇ ھېلىقى بولۇمسىز رەزگىلەردەك قىلغىلى تۇردىڭىز! — دېدى تەنچۈن لى ۋەندىن رەنجىپ، — ئۇنى ئوغرىلىۋالغان ئادەم ئۆز يېنىدا ساقلامتى؟ ئۇ نەرسە بىزنىڭ بۇ يەردە گۆھەر بولغىنى بىلەن، بىلمىگەن ئادەم ئۈچۈن بىكىرەك بىرنېمە تۇرسا، ئۇنى ئوغرىلاپ تاشقىرىغا ئاچىقىپ نېمىمۇ قىلار؟ مېنىڭچە، بىركىم خۇپسەنلىك قىلىۋاتسا كېرەك.

جىيا خۇەن بۇ سورۇندا بۇگۈن بولمىغىنى بىلەن تۈنۈگۈن بۇ ھۇجرىنى بېشىغا كىيىپ مالىمان قىلىپ يۈرگەنىدى. تەنچۈننىڭ

بايىقى گېپى بىلەن كۆپچىلىك شۇنىڭدىن گۇمانلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىزلىرىدىن چىقىرالمىدى.

— خۇپسەنلىك قىلىدىغان پەقەت جىيا خۇەن، — دېدى تەنچۇن يەنە، — ئۇنى ئاستا چاقىرتىپ كېلىڭلار ـ دە، خالىي يەرگە ئاپىرىپ قاشتاشنى بېرىۋەتكىن دەپ ئالداڭلار، ئاندىن ئۇنى غوۋغا كۆتۈرمىگىن دەپ قورقۇتۇپ قويۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىسۇن.

كۆپچىلىك باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشتى.

— بۇ ئىشنى سەنلا قولغا ئالساڭ ئايىغى چىقىدۇ، — دېدى لى ۋەن پىڭئېرگە.

پىڭئېر خوش دەپ چىقىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن جىيا خۇەننى باشلاپ كەلدى. باشقىلار ئۆزلىرىنى ھېچ ئىش بولمىغانغا سېلىۋالدى، چاي دەملىنىپ ئۇنى ئىچكىرىكى ھۇجرىغا باشلىدى، ئاندىن باشقىلار ئۇنى ـ بۇنى دەپ گەپ يوپۇتۇپ ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشتى، ئۇ پىڭئېر بىلەن قالدى.

— ئوتتۇرانچى ئاكىڭىزنىڭ قاشتېشى يىتىپ كېتىپتۇ، سىزگە ئۇچرىمىدىمىكىن؟ — دەپ سورىدى پىڭئېر كۈلۈپ تۇرۇپ جىيا خۇەندىن.

جىيا خۇەن بۇ گەپكە جىلە بولۇپ، بوزىرىپ ـ تاتىرىپ كەتتى ـ دە، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— خەقنىڭ نەرسىسى يىتسە، نېمىدەپ مېنى چاقىرىپ سوراققا تارتىپ، مەندىن گۇمانلىنىپ يۈرەتتىڭ! مەن داڭخىزىغا چۈشۈپ قالغان ئوغرىمىدىم يا؟ — دېدى.

پىڭئېر ئۇنىڭ بۇ تەلەتىنى كۆرۈپ، يەنە سوراشتىن ھەزەر ئەيلەپ:

— ئۇنداق گەپ ئەمەس، غوجام، ئۇلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئېلىۋالغان بولسا بىكاردىن ـ بىكار ئىزدەتمىسۇن، دەپ مۇنداقلا سوراپ باققىنىم، — دەپ ھېجايدى.

— ئۇنىڭ قاشتېشى ئۆزىنىڭ بويىنىدا تۇرسا، كۆرگەن ـ

كۆرمىگەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سورىماي نېمىدەپ مەندىن سورايتتىڭ؟ ھەممىڭ شۇنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈشىسەن ! بىرەر نەرسە تېپىۋېلىشساڭ مەندىن سورىماي، يىتتۈرۈۋېتىشسەڭ مەندىن سورىشىسەن ! — جيا خۇەن لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. باشقىلار ئۇنى توسۇۋېلىشقا ئوڭايسىزلاندى.

باۋيۈي تېرىككىلى تۇردى.

— ھەممىنى قىلغان ئاشۇ لەنىتى نەرسە ! — دېدى ئۇ، — بولدى ئۇنىڭدىن كەچتىم. سىلەرمۇ چۇقان كۆتۈرمەڭلار، ئەمدى جيا خۇەن چىقىپ ھەممە يەرگە يايىدىغان بولسا ئىش چوڭايمامدۇ؟

شىرېنلا ئىچى تىتىلداپ يىغلامسىراپ:

— ۋاي بۇزرۇكۋار غوجام ! قاشتاشنىڭ يىتىپ كېتىشى سىزگە ھېچقانچە ئىش بولمىغىنى بىلەن، يۇقىرىدىكىلەر بىلىپ قالسا بىز يانجىلىپ كۇكۇم - تالقان بولۇپ كېتىمىز ! — دەپلا ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى.

كۆپچىلىك تېخىمۇ ھودۇقۇپ قىلىشتى، بۇ ئىشنى يوشۇرۇپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، جيا ئانا ۋە باشقىلارغا مەلۇم قىلىش ئۇچۇن دەيدىغان گەپلىرى ئۈستىدە كېلىشىۋېلىشتى.

— مەسلىھەتلىشىپمۇ تۇرماڭلار، مېنى يەرگە ئۇرۇپ چېقىۋەتتى دېسەڭلەرلا ئىش تۈگەيدۇ، — دېدى باۋيۈي.

— غوجام، خويمۇ ئاسان چاغلايدىكەنلا، — دېدى پىڭئېر، — تۆردىكىلەر نېمىشقا چېقىۋەتتى دەپ سورىمامدۇ؟ خىزمەتكار قىزلار يەنىلا ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدۇ ! مۇبادا چېقىۋەتكەن بولسا سۇنۇقى قېنى دېسە نېمە دېگۈلۈك؟

— ئەمىسە مېنى كوچىدا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ، دەڭلار، — دېدى باۋيۈي.

— بۇ گەپ بىلەنغۇ ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولغۇدەك، — دېدى كۆپچىلىك بىرئاز ئويلىنىپ، — شۇغىنىسى، ئىككى كۈندىن بېرى

يا مەكتەپكە بارمىدىڭىز، يا باشقا بىر ياقلارغا چىقمىدىڭىز ـ دە.

— نەدە بارماپتىمەن؟ — دېدى باۋيوي، — ئالدىنقى كۈنى لىنئەن بېگىمنىڭ قەسرىگە ئويۇن كۆرگىلى باردىمغۇ؟ شۇ كۈنى يىتتۈرۈۋېتىپتۇ دېسەڭلارلا تۈگىمەمدۇ.

— بۇ گەپمۇ توغرا كەلمەيدۇ، — دېدى تەنچۈن، — ئالدىنقى كۈنى يىتكەن بولسا نېمىشقا شۇ كۈنى مەلۇم قىلمىدىڭلار، دېمەمدۇ؟

كۆپچىلىك يالغان ئېيتىش ئۈچۈن ئېگىز ـ پەس خىيال سۈرۈۋاتقاننىڭ ئۈستىگە، جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ شەپىسى ئاڭلاندى. ئۇ دادلاپ يىغلىغان پېتى كىرىپ كەلدى ـ دە:

— يىتتۈرۈشنى ئۆزۈڭلار يىتتۈرۈپ، ئۆزۈڭلاردىن ئىزدىمەي نېمىدەپ خەقتىن يوشۇرۇنچە جيا خۇەنني سوراقتا تارتىسىلەر! مەن ئۇنى باشلاپ كەلدىم، سىلەر ياللاقچىلارغىلا تاپشۇرۇپ بېرەي، ئۆلتۈرۈشمەسىلەر، خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، — دەپلا جيا خۇەنني ئالدىغا ئىتتەردى، — سەن ئوغرى بولغاندىكىن چاپسان ئىقرار قىل!

ئاچچىقىدا جيا خۇەنمۇ يىغلاپ ھۆجرىنى بېشىغا كىيدى.

لى ۋەن نەسىھەت قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر چۆرە قىز كىرىپ: «ئاغىچا خېنىم كەلدى!» دەپ مەلۇم قىلىۋىدى، شېرىنلار ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. باۋيوي ۋە باشقىلار دەررۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىغا چىقتى. جاۋ كىچىك ئاپىمۇ زوۋان سۈرەلمەي، ئۇلار بىلەن بىللە چىقتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۆپچىلىكنىڭ چىرايلىرىدىكى ئەنسىزلىكنى كۆرۈپ، بايا ئۆزى ئاڭلىغان گەپنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.

قاشتاش راستلا يىتىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

كۆپچىلىك لام ـ جىم دېمىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ھۆجرىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ شىرېننى چاقىردى، شىرېن ئالاقزەدە بولۇپ دەرھال يۈكۈندى ـ دە، كۆزىگە ياش ئېلىپ بۇ ئىشنى مەلۇم

قىلماقچى بولۇۋىدى، ۋالى ئاغىچا خېنىم:

— تۇر ئورنۇڭدىن ! چاپسان ئادەم جورۇپ ئوبدانراق ئىزدىتىپ باق، پاتىپاراق بولغاندىن كېيىنلا بولمايدۇ، — دېدى. شىرىن ئېسەدەپ گەپ قىلالماي قالدى.

— خان ئانا — دېدى شىرىننىڭ پۇسۇقىدە راستىنى ئېيتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن باۋيوي، — بۇ ئىش شىرىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئۇلۇشكون لىنئەن بېگىمنىڭ قەسرىگە ئويۇن كۆرگىلى كېتىۋېتىپ يولدا چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن.

— نېمىشقا شۇ كۈنى ئىزدەشتۇرمىدىڭ؟ — دېدى ۋالى ئاغىچا خېنىم.

— مەن بۇلارنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئېيتمىغان، بېيمىڭلارغا تالانى ئىزدەتكۈزدۇم، — دېدى باۋيوي.

— ۋالاقشىما ! — دېدى ۋالى ئاغىچا خېنىم، — ھەر كۈنى كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلىگىنىڭدە شىرىن خىزمىتىڭنى قىلمامتى؟ كوچا ـ كويلىغا چىقىپ قايتىپ كەلگىنىڭدە قول ياغلىق، ھەميانلىرىڭ كەملەپ قالسا شۇنى ئېيتىلاپ تۇرغان يەردە، قاشتاش يوقالسا ئۇنىڭ سورىقىنى قىلمامدۇ؟

باۋيوي جاۋاب بېرىشكە گەپ تاپالمىدى. شۇ گەپ بىلەن جاۋ كىچىك ئاپا ئۆزىچە كۆرەڭلەپ، ئىتتىك گەپكە قوشۇق سالدى:

— تالادا يوقىتىپ قويۇشۇپمۇ خۇەنئېرگە دۆڭگەشىدىكەن...

— باغ دېسە، تاغ دەپ، نەدىكى يىك باسمايدىغان گەپنى قىلىدىكەنسىز ! — ۋالى ئاغىچا خېنىم ۋارقىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

جاۋ كىچىك ئاپا ئۈندىيەلمەي قالدى. لى ۋەن بىلەن تەنچۇن ۋالى ئاغىچا خېنىمغا ئەينى ئەھۋالنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. ۋالى ئاغىچا خېنىممۇ ئىچى تىتىلداپ كۆزىگە ياش ئالدى. بۇ ئەھۋالنى دەرھال جيا ئانىغا مەلۇم قىلىپ، شىڭ ئاغىچا خېنىم تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقماقچى بولدى. كېسەل ياتقان فېڭجيېمۇ باۋيوينىڭ قاشتېشىنى يىتتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

قويغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، بۇ ئىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، پىڭئېرگە تايىنىپ باغقا كىردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قوزغىلاي دەپ تۇراتتى، فېڭجيې كىرىپ قورۇنغان قىياپەتتە:

ـــ خېنىم، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ ـــ دەپ ئېسەنلىك سورىدى. باۋيۈيلەر ئالدىغا كېلىپ، فېڭجيېدىن ئېسەن ـ ئامانلىق سورىدى.

ـــ سەنمۇ ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـــ دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، ـــ بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ بىخەستەلىك قىلىپ يېڭىلا يىتتۇرۇۋېتىپتىكەن، تېخىچە تېپىلماپتۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدىكى دېدەكلەردىن تارتىپ، سىلەرنىڭ پىڭئېرگىچە، كىمنىڭ قولى ئەگرى، كىمنىڭ نىيىتى يامان، مۇشۇنى ئويلاپ باق. مەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلمەن، بۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرۈپ تاپقىنىمىز ياخشى. بولمىسا باۋيۈي جېنىدىن جۇدا بولىدۇ!

ـــ بىزدە ئادەم غولداپ قول ئاۋۇپ كەتتى، ـــ دېدى فېڭجيې، ـــ قەدىمدىن تارتىپ «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. كىمنى مۇشۇ ياخشى دەپ ھۆددە قىلغىلى بولىدۇ؟ ئالدى ـ كەينىڭلارغا باقماي مۇشۇنداق چۇقان كۆتۈرگەچكە ھەممە ئادەم ئۇقۇپ بولدى. قاشتاشنى ئوغرىلىۋالغان ئادەمنى ئاغىچا خېنىم تەكشۈرۈپ بىلىۋالىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزىگە چاشقان تۆشۈكى ساراي بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ قورقۇپ كېتىپ قاشتاشنى چېقىۋېتىپ ئىزىنى يوقىتىۋەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ شۇڭا مېنىڭ كالتە پەمىمچە: باۋيۈي ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قېلىپ تاشلاپ قويۇپتىكەن، يوقاپ كېتىپتۇ، بۇنىڭغا ئانچە ۋاي دەپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ، بۇنى مەخپىي تۇتۇپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئۇلۇغ بېگىمگە بىلدۈرۈپ قويمىساقلا بولغىنى، دەپ قويۇپ، ئاندىن ئاستىرتىن ئادەم پەيلىسەك، ئۇلار ھەممە يەرنى ئاراپ چىقسۇن، ئالداپ ـ سىيلاپ يۈرۈپ يېپ

ئۇچىنى تېپىۋالساق، قاشتاشمۇ قولغا كېلىدۇ، ئاندىن ئوغرىغا گۇناھ قويغىلىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاغىچا خېنىم نېمە دەيدىكىن؟
ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ:
— بۇ گېپىڭمۇ ئورۇنلۇق گەپ بولدى. بىراق، ئۇلۇغ بېگىمدىن قانداق يوشۇرۇپ كەتكىلى بولار؟ — دېدى. ئاندىن جىيا خۇەننى چاقىردى، — ئوتتۇرانچى ئاكاڭنىڭ قاشتېشى يىتتۈپ كېتىپ سەندىن بىر ئېغىز گەپ سوراپ قويغانغا نېمانچە ۋار - ۋۇر قىلىپ كېتىسەن؟ سەن ئاشۇنداق ۋارقىراپ يۇرۇپ بىلىندۇرۇپ قويساڭ، خەق ئۇنى نابۇت قىلىۋېتىدىغان بولسا سېنىڭ تىرىك قالغىنىڭنى كۆرەي!
— ئەمدى ئىككىنچى تۇۋلىمايمەن، — دېدى جىيا خۇەن قورققىنىدىن يىغلاپ تۇرۇپ. جاۋ كىچىك ئاپا بۇ گەپلەرگە غىرىڭ - پىرىڭ قىلالامتى؟
— ئويلاپ باقساڭلار، ئىزدەپ باقمىغان يەرلەر چىقىپ قالىدۇ. ئۆيدە ساپساق تۇرغان نەرسە قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كېتەمتى؟ لېكىن، چۇقان كۆتۈرمەڭلار. شىرېن، ساڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن، شۇنىڭغىچە تاپىسەن. ئۈچ كۈنگىچە تېپىلمىسا، ئۇ چاغدا بۇ ئىشنى يەنە مەخپىي تۇتقىلىمۇ بولمايدۇ، ھەممىڭلار پاراكەندە بولۇپ تەس كۈنگە قالىسىلەر!
ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شۇنداق دەپ جېكىلەپ قويۇپ، ئاندىن ئىز ئىزدەپ ئوغرىنى تۇتۇش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن، فېڭجيېنى باشلاپ شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە چىقىپ كەتتى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

بۇ يەردە قالغان لى ۋەن قاتارلىقلار ئۇنى - بۇنى دەپ مۇلاھىزە قىلىشىپ، ئاخىر باغقا قارايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ باغنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاتقۇزدى، لىن جىشياۋنىڭ ئايالىنى دەرھال چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:
— ئالدى - كەينى ئىشىكتىكىلەرگە: ئۈچ كۈنگىچە ئەر ياكى

www.uyghurkitap.com

ئايال خىزمەتكار بولسۇن، باغنىڭ ئىچىدە يۈرسە ـ تۇرسا مەيلى، تالاغا چىقمىسىلا بولدى.

تالاغا چىقمەن دېسە بىرمۇ ئادەمنى چىقارماڭلار ! دەپ جېكىلەپ، ئاندىن ئۇلارغا ئىچكىرىدە بىرنەرسە يوقىلىپتۇ، ئۇنىڭ دېرىكى چىققاندا باغدىن چىقىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، دەپ قويۇڭ، ــ دەپ پىچىرلاپ تاپىلىدى.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى «خوش» دەپ قۇللۇق بىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن:

ــ قايسى كۈنى پېقىرلىرىنىڭ ئۆيىدىن ئەرزىمەس بىر نەرسە يىتىپ كەتكەنىدى. لىن جىشياۋ ئۇنى بىر ئۇقۇپ باقاي دەپ رەستىگە بېرىپ بىر پالچىنى تېپىپتۇ. خەقلەر ئۇنى لىيۇ تاپقاق دەپ ئاتىشىدىكەن، ئۇ پال ئېچىپ تىكەن، پالغا شۇنداق ئېنىق چۈشۈپتۇ. قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىزدىۋىدى، ئۇ نەرسىمۇ تېپىلدى.

ــ جېنىم ئانىكا ! ــ تېز بېرىپ لىن تاغامغا ئېيتقان بولسىلا، بىزگىمۇ رەم ئاچۇرۇپ باققان بولسا ! ــ دېدى بۇنى ئاڭلىغان شىرېن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ماقۇل دەپ چىقىپ كەتتى.

ــ كوچىدا يۈرگەن پالچىلارنىڭ ھېچقايسىسى كارغا يارىمايدۇ، ــ دېدى شىڭ شيۈيەن، ــ جەنۇبتىكى ۋاقتىمدا مياۋيۈيىنىمۇ رەممالىلىقتىن خەۋىرى بار، دەپ ئاڭلىغانىدىم، شۇنىڭدىن سوراپ باقساق بولماسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قاشتاشنىڭ ھېكمىتى بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، رەمدىن چىقىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

ــ ھەممىشە كۆرۈشۈپ يۈرۈپمۇ ئۇنىڭ رەممالىلىقتىن خەۋىرى بارلىقىنى پەقەتلا ئاڭلىماپتىكەنمىز ! ــ دېدى كۆپچىلىك ھەيران بولۇپ.

ــ ئۇنىڭغا باشقىلار دېسە ئۇنىماس، ــ دېدى شېيۈ ئالمان ـ تالمان شىڭ شيۈيەنگە، ــ ئوبدان خېنىم، سىزگە باش قوياي، ئۆزىڭىز بېرىپ باقسىڭىز ! تېپىلىپ قالىدىغان بولسا، بىزگە

قىلغان بۇ شەيئىلەرنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمىغان بولاتتۇق، — شىيۈ شۇنداق دەپلا ئۇنىڭغا باش قويماقچى بولۇۋىدى، شىيۈيەن ئۇنى ئىتتىك تۇتۇۋالدى. دەبيۈي قاتارلىقلارمۇ شىيۈيەننى تېزدىن يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىغا بېرىشقا ئالدىراتتى.

— خېنىملارغا خۇش خەۋەر! — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى كىرىپ، — لىن جىشياۋ پال ئاچۇرۇپتىكەن، پالچى قاشتاش يىتمەيدۇ، كېيىن بىركىم ئەكېلىپ بېرىدۇ، دەپتۇ.

كۆپچىلىك بۇ گەپكە بىر تۇرۇپ ئىشەندى، بىر تۇرۇپ ئىشەنمىدى. يالغۇز شىرېن بىلەن شىيۈ بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كېتىشتى.

— پالدا قانداق خەت چىقىپتۇ؟ — دەپ سورىدى تەنچۈن.

— ئۇ جىقلا گەپ قىلىپ بېرىپتىكەن، پېقىر قۇللىرى ئانچە تۇتۇۋالالمىدىم، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — يادىمدا قېلىشىچە، پالدا كىشىگە نەرسە ئىنئام قىلىش مەنىسىدىكى «赏» (شاڭ) دېگەن خەت چىقىپتۇ. لىۇ تاپقاق سوراپمۇ ئولتۇرماي «بىر نەرسە يىتتۇرگەنمىدىڭلار» دەپ سوراپتۇ.

— پالنى ياخشى باقىدىكەن! — دېدى لى ۋەن.

— ئۇ يەنە مۇنداق دەپتۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — «赏» دېگەن خەتنىڭ ئۈستىدە «⺌» (كىچىك)، ئۇنىڭ ئاستىدا «口» (ئېغىز) دېگەن خەتلەر بار. دېمەك، بۇ نەرسە ئېغىزغا سېلىۋالغىلى بولىدىغان مەرۋايىت ياكى گۆھەرگە ئوخشاش بىرنېمە بولسا كېرەك.

— راستىلا ئەۋلىيا ئىكەن! — دەپ ماختىشىپ كەتتى ئاڭلىغانلار تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ، — ئاخىرىدا نېمە دەپتۇ؟

— ئۇ دەپتۇ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — تۆۋەندىكى «贝» (گۆھەر) دېگەن خەتنىڭ پۇتىنى كېرىۋەتسەك، «见» (كۆرمەك) دېگەن خەت بولىدۇ. دېمەك، بۇ بىرنەرسىنىڭ يوقالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ باش قىسمىنى ئاجرىتىۋەتسەك «当» (گۆرۈ) دېگەن خەت ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا، دەررۇ گۆرۈخانىغا بېرىپ ئىزدەڭلار، «赏» دېگەن خەتكە «人»

(ئادەم) دېگەن خەتنى يانداشتۇرساق «偿» (قايتۇرۇپ بېرىش) دېگەن خەت بولىدىغۇ؟ گۆرۈخاننى ئىزدەشتۇرسەڭلار ئادەم تېپىلىدۇ، ئادەم تېپىلغاندىن كېيىن، گۆھەر ھەققىنى بېرىپ ياندۇرۇپ ئەكېلىسىلەر، مانا بۇ قايتۇرۇپ بەرگەنلىك بولمامدۇ؟

— ئۇنداق بولسا، — دېيىشتى كۆپچىلىك، — ئاۋۋال يېقىن ئەتراپتىن ئىزدەشتۇرەيلى. ئىشقىلىپ، گۆرۈخانىلارنى ئالا قويماي ئىزدەپ چىقساق تېپىلىپمۇ قالار. قاشتاش تېپىلغاندىن كېيىن ئادەمنى تاپماق ئاسان بولىدۇ.

— قاشتاش تېپىلسىلا ئۇنى ئېلىۋالغان ئادەمنى سۈرۈشتۈرمىسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى لى ۋەن، — لىن يەڭگە، پالچىنىڭ گەپلىرىنى ئاۋۋال ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا يەتكۈزۈپ، ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىڭ، ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلى تىنىم تاپسۇن. ئاندىن ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا سۈرۈشتۈرۈشكە تېزدىن ئادەم ئەۋەتسۇن.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى «خوش» دەپ چىقىپ كەتتى.

كۆپچىلىك بىرئاز تەسكىن تېپىپ، شيۆيەننىڭ قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈشتى. شۇ ئارىدا باۋيۈينىڭ مۇلازىمى بېيمىڭ ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ بىر چۆرە قىزغا «بۇيەرگە چىقىڭ» دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىۋىدى، چۆرە قىز دەررۇ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— دەرھال كىرىپ، ئوتتۇرانچى غوجام بىلەن ئاغىچا خېنىم، كېلىن ئاغىچا، خان قىزلارغا ئالەمچە خۇشاللىق دەپ خەۋەر قىلىڭ، — دېدى بېيمىڭ.

— چاپسانراق دېگىنە! چاپسانراق دېگىنە! نېمانچە ئەزمىلىك قىلىسەن؟ — دېدى چۆرە قىز.

— سىزگە دەپ بەرسەم، — دېدى بېيمىڭ كۈلگىنىچە چاۋاك چېلىپ، — كىرىپ مەلۇم قىلسىڭىز، ئىككىمىز ئىنئام ئالىمىز! سىزچە، نېمە ئىشتۇ، دەپ بېقىڭا؟ مەن باۋيۈي غوجامنىڭ قاشتېشى توغرىسىدا ئېنىق خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

قانداق خەۋەر ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# توقسان بەشىنچى باب

## يالغان راستقا ئايلىنىپ خانىش يۈەنچۈننىڭ قازا قىلغانلىقى جىڭنىڭ ئورنىغا جا كۆرستىلىپ باۋيۈينىڭ ئالجىپ قالغانلىقى

باۋيۈينىڭ قاشتېشى تېپىلغانلىقىنى بېيمىڭ ئىشىك تۈۋىدىلا چۆرە قىزغا دەپ بېرىۋىدى، چۆرە قىز ھاپىلا ـ شاپىلا كىرىپ باۋيۈيگە ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك باۋيۈينى چىقىپ ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىشقا ئالدىراتتى، ئۆزلىرى ئايۋاندا ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇشتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ باۋيۈيمۇ خېلى كۆڭلى تىنغاندەك بولۇپ، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ:

— نەدىن تاپتىڭ؟ قېنى ئەكەل! — دېدى.

— بىركىمنى كېپىل قىلمىغۇچە مانا دەپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ، — دېدى بېيمىڭ.

— قانداقسىغا تاپتىڭ، چاپسان دېمەمسەن؟ شۇ چاغدا ئەكېلىشكە ئادەم بۇيرۇمايمەنمۇ، — دېدى باۋيۈي.

— لىن بوۋامنىڭ پال باقتۇرغىلى ماڭغانلىقىنى تالادا تۇرۇپ ئاڭلاپ قېلىپ مەنمۇ سوئۇدىشىپ باردىم. پالچىنىڭ گۆرۈخانىدىن ئىزدەڭلار دېگىنى قۇلىقىمغا كىرىشى بىلەنلا، گەپنىڭ ئايىغىنى كۈتمەي، گۆرۈخانىلارغا قاراپ چاپتىم. قاشتاشنىڭ شەكلىنى دەپ بېرىپ سوراۋەردىم. بىر گۆرۈخانىغا كەلگىنىمدە، ئۇلار «بىزدە بار» دېدى. «ماڭا بېرىڭ» دېسەم، گۆرۈكەش پۇلنىڭ گېپىنى قىلدى، «قانچە پۇلغا قويىدى؟» دېسەم، «ئۈچ يۈز داچەنلىكمۇ بار، بەش يۈز داچەنلىكمۇ بار، ئۆلۈشكۈن بىرسى سەن دېگەنچىلىك قاشتاشنى ئەكېلىپ، ئۈچ يۈز داچەنگە گۆرۈگە قويىدى. بۈگۈن

www.uyghurkitap.com

بىرسى يەنە بىرنى ئەكېلىپ بەش يۈز داچەنگە قويدى» دەيدۇ.

باۋيۈي ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغىنى كۈتمەيلا:

— ئۈچ يۈز داچەن بولامدۇ، بەش يۈز داچەن بولامدۇ، ئايرىپ بېرىپ تېز ئەكەلگىن، شۇمۇ، ئەمەسمۇ كۆرۈپ باقايلى! — دېدى.

— غوجام، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىسىلا! — دېدى ھۇجرىدا تۇرغان شىرىن، — كىچىك چېغىمدا ئاكامنىڭ دەپ بېرىشىچە، بەزىلەر شۇنداق كىچىك قاشتاشلىرىنى ساتىدىكەن، خەجلەيدىغانغا پۇلى بولمىسا گۆرۈگە قويىدىكەن. ئۇنداق نەرسە ھەممە گۆرۈخانىلاردا بولسا كېرەك.

باشتا كۆپچىلىك بىيمىڭنىڭ گېپىگە ھەيران بولۇپ تۇراتتى، كېيىن شىرىننىڭ بۇ گېپى بىلەن پاراقلىدە كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە:

— غوجام، ئۇ گالۋاڭنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي يېنىپ كىرسۇن، ئۇ دەپ بەرگەن ئۇنداق قاشتاشلار ساختا بىرنېمىلەر ئوخشايدۇ، — دېيىشتى.

باۋيۈي بۇ ئىشقا كۈلۈپ تۇرغىنىدا شيۈيەن كىرىپ كەلدى.

ئەسلىدە شيۈيەن يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىغا بېرىپ مياۋيۈي بىلەن كۆرۈشكەن ۋە باشقا گەپ قىلمايلا رەم ئېچىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلغانىدى.

— خېنىم، سىزنى چاپىنىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان چاكىنىلاردىن ئەمەس دەپ بىلىپ سىز بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ كېلىۋاتاتتىم، — دېدى مياۋيۈي دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — بۈگۈن نەدىكى يالغان - ياۋىداق گەپنى ئاڭلاپلا كېلىپ مېنى ئىلەشتۈرگىنىڭىز نېمىسى؟ «رەم سېلىش» دېگەن نېمىنى بىلسەم ئىدىم كاشكى.

مياۋيۈي ئۇنى سىنەكىمەيلا قويۇۋىدى، شيۈيەن كەلگىنىگە پۇشايمان يەپ قالدى. لېكىن، يەنە ئۇنىڭ خۇيىنى بىلگەچكە: «بۇ گەپنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەپ سايتىمەن، ئەمدى قۇرۇق قايتسام بولماس» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ رەم سېلىشتىن خەۋىرى بارلىقىنى

دەللەيدىغان گەپلەرنى ئۇدۇللا دېمەي، كۆلگەن پېتى بۇ ئىشنىڭ شىرىن قاتارلىقلارنىڭ جىنغا بېرىپ تاقالغانلىقىنى كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ دەپ بەردى. ۋە مياۋيۈينىڭ سەل ـ پەل يۇمشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىر نەچچە رەت تەزىم قىلدى.

— نېمىشقىمۇ خەق ئۇچۇن شاپاشلاپ يۈرىدىغانسىز؟ — دېدى مياۋيۈي ئۇھ تارتىپ، — پايتەختتە كەلگىنىمدىن بۇيان بۇ ئىشىمنى ھېچكىم بىلمەيتتى، بۈگۈن سىز بىرىنچى بولۇپ ئىشنى بۇزدىڭىز، ئەمدى خەق مېنى ئارام ئالدۇرمايدىغان بولدى ـ دە.

— مەنمۇ ئۇلارنىڭ ھالىغا چىداپ تۇرالماي قالدىم، — دېدى شيۈيەن، — سىزنى شەپقەتلىك دەپ بىلەتتىم. كېيىن خەقلەر سىزگە بۇ ھەقتە مۇراجىئەت قىلىپ كەلسە، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، كىم سىزنى زورلىيالايتتى؟

مياۋيۈي كۈلۈپ قويۇپ، قېرى بۇۋىگە كۆچە ياقتۇردى، ساندۇقتىن قۇم قاچىلانغان تاۋاقنى ۋە پال چوكىسىنى ئالدى، ئاندىن تۇمار پۈتتى، شيۈيەننى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى. شيۈيەن ئىبادەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مياۋيۈيگە پال چوكىسىنى تۇتۇشۇپ بەردى. بىرپەستىلا ھېلىقى كارامەتلىك پال چوكىسى شىرتىلداپ قۇمغا مۇنۇلارنى يازدى:

ۋادەرىخا ! كەلدى ئىزىسىز
كەتتى قويماستىن ئۇچۇر؛
چوققا ـ چىڭگىن تۈۋىدە
بولدى پاناھ قېرى قوچۇر.
ئىزدىمەك بولسا ئۇنى
يولدا كۆرمىڭ تاغ ئاشۇر.
كىرسە مېنىڭ سۇلۇكومگە
ئۇرۇپ خەندان ئۇچرىشۇر.

www.uyghurkitap.com

بۇ گەپلەر يېزىلىپ بولغاندا چوكا توختىدى.

— قايسى ئەۋلىياغا مۇراجىئەت قىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى شيۇيەن.

— ئاقساق ئەۋلىياغا.

شيۇيەن خەتنى كۆچۈرۈۋېلىپ، مياۋيۇيدىن تەبىر بېرىشنى ئۆتۈندى.

— ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، بۇنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، — دېدى مياۋيۇي، — مۇشۇ بويىچە ئېلىپ كېتىڭ، ئۇلاردا ئەقىللىكلەر ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ.

شيۇيەن نائىلاج قايتىپ كەتتى. ئۇ ھويلىغا كىرىشى بىلەن ھەممەيلەن «قانداق بولدى؟» دەپ سوراشتى. شيۇيەن نېرى - بېرىسىنى دەپ تۇرمايلا كۆچۈرۈۋالغان ئىبارىلەرنى لى ۋەنگە سۇندى. ھەمشىرىلەر بىلەن باۋيۇي تالىشىپ ئوقۇپ چىقىپ، ئىزدىگەنگە دەرمەھەل تېپىلمايدۇ، يىتتىشى يىتمەيدۇ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىزدىمىسىمۇ تېپىلىدۇ، ئەمما بۇ چىڭگىن چوققىسى نەدىدۇ؟ دېگەن چۈشەنچىگە كېلىشتى.

— بۇ ئەۋلىيالىق ھېكمەتتىكە خاس سىرلىق گەپلەر، — دېدى لى ۋەن، — بىزنىڭ خانىداندا چىڭگىن چوققىسى دېگەن نەدىن پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟ ئۇنى ئېلىۋالغان بىرسى بەلكىم ئاختۇرۇپ قالسا چىقىپ قالمىسۇن دەپ قورقۇپ، قارىغايلىق سۇنئىي تاغ تۈۋىگە تاشلاپ قويسىمۇ قويغاندۇ. لېكىن، «كىرسە مېنىڭ سۇلۇكۇمگە» دېگەن گەپتە زادى كىمنىڭ سۇلۇكىگە كىرىش كېرەكلىكىنى دەيدىكىنتاڭ؟

— كىمگە مۇراجىئەت قىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى دەيىيۇي.

— ئاقساق ئەۋلىياغا، — دېدى شيۇيەن.

— ئەگەر ئەۋلىيانىڭ سۇلۇكى بولسا ئۇنىڭغا قەدەم قويماق تەس گەپ، — دېدى تەنچۈن.

— ئىچ - ئىچىدىن تاقىلداپ تۇرغان شىرېن ئۇدۇل كەلگەن يەرنى ئاختۇرۇۋەردى، ئىزدىمىگەن بىرمۇ سۇنئىي تاغ قالمىدى،

لېكىن ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. ئۇ ھويلىغا قايتىپ كىرگەندە، باۋيۇي قاشتاش تېپىلدىمۇ، دەپ سوراپمۇ قويماي، مەجنۇنلارچە ھىجىيىپلا تۇراتتى.

— بۇزرۇكۋار غوجام! — دېدى شېيۆ تاقەتسىزلىنىپ، — زادى قەيەردە يوقاتتىڭىز؟ ئېنىقىنى ئېيتىسىڭىز، ھەرقانچە ئازابلانساقمۇ كۆڭلىمىز ئوچۇق - يورۇق بولسا بولاتتى!

— تالادا يوقاتتىم دېسەم، ئۇنىڭغا تېخى ئۇنىمايسىلەر، — دېدى باۋيۇي ھىجىيىپ، — يەنە سورىساڭ، مەن نەدىن بىلەي؟

— بۈگۈن سەھەردىن تارتىپ ئۆرىتۆپە بولۇۋېدۇق، مانا ھازىر ئۇچىنچى جىسەك ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. قاراڭلار، دەيىيۈي سىڭلىمىز بولالماي قايتىپ كەتتى. بىزمۇ ئارام ئالايلى، ئەتە ئىزدەرمىز، — دېدى لى ۋەن بىلەن تەنچۈن.

شۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن تارقاشتى، باۋيۇيمۇ ياتتى. بىچارە شىرېن، شېيۆلەر بىردەم يىغلاپ، بىردەم ئويلاپ دېگەندەك كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالغاي.

شۇنداق قىلىپ، دەيىيۈي ئاۋۋال قايتىپ كەلدى. كېلىپلا «ئالتۇن» بىلەن «تاش» توغرىسىدىكى كونا گەپنى ئەسلەپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئىچىدە «راھىبە - دەرۋىشلەرنىڭ گېپىگە راستلا ئىشىنىشكە بولمايدىكەن، ئەگەر ‹ئالتۇن قۇلۇپ› بىلەن ‹قاشتاش› نىڭ جۈپ بولمىقى قىسمىتىدە پۈتۈلگەن بولسا، نېمىشقا باۋيۇي قاشتېشىنى يىتتۈرۈۋېتىدۇ؟ بەلكى مېنىڭ تۈپەيلىمدىن ئۇلارنىڭ ‹زەر ئۈزۈككە ياقۇت كۆز› بولۇپ قوشۇلۇشى چۇۋۇلۇپ كەتسىمۇ كەتكەندۇ» دەپ ئويلىدى. ئويلا - ئويلا كۆڭلى تېخىمۇ خاتىرجەم بولۇپ، بىر كۈنلۈك ھېرىقىشقا پىسەنت قىلماي يەنە قولىغا كىتاب ئېلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. زىجۇەنگە ھاردۇق يېتىپ، دەيىيۈينى يېتىشقا ئالدىراتتى. دەيىيۈي يېتىپ تۇرۇپ يەسمەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپ ئۆز - ئۆزىگە، «بۇ قاشتاش ئۇ تۇغۇلغاندا ئۆزى بىلەن بىللە چۈشكەن، ئادەتتىكى

www.uyghurkitap.com

نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى بىلەن يوقىلىشىدا چوقۇم بىر قىسمەت بار. ئەگەر بۇ گۈل ئىگىسىگە ياخشىلىق تىلىگەن بولسا قاشتاش يىتمىسە بولاتتى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ گۈلنىڭ ئېچىلىشى ياخشىلىقنىڭ ئىشارىتى بولمىسا كېرەك. ئۇنى بىر پالاكەت كۈتۈپ تۇرامدۇيا؟» دەپ ئىختىيارسىز يەنە پەرىشان بولغىلى تۇردى. ئارقىدىن بۇنى يەنە خۇشاللىقتا ئۆرۈپ ئويلىۋىدى، گۈلمۇ ئېچىلىشقا، قاشتاشمۇ يوقىلىشقا تېگىشلىكتەك تۇيۇلدى. ئاشۇنداق بىر ھەسرەت چېكىپ، بىر خۇشال بولۇپ دېگەندەك، بەشىنچى جىڭ قېقىلغاندىلا ئاندىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم گۆرۈخانىلاردىن ئىزدەشتۈرۈپ بېقىشقا ئادەم ئەۋەتتۇەتتى، فېڭجىيېمۇ ئاستىرتىن ئىز - دېرىكىنى قىلىشنىڭ يولىغا چۈشتى. ئۇدا بىر نەچچە كۈنگىچە پايپېتەك بولۇپمۇ زادىلا دېرىكىنى ئالالمىدى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ ئىشنى جيا ئانا بىلەن جيا جېڭ تېخى بىلمەيتتى. شىرېنلەر كۈنبويى دەككە - دۈككىدە يۈرۈشەتتى. باۋيۈيمۇ مەكتەپكە بارمىغىلى نەچچە كۈن بولدى، ھەمىشە ۋەھىمە ئىچىدە كەم سۆخەن بولۇپ، كەيپى قېچىپ يۈرەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى قاشتاشنى يىتتۈرۈپ قويغاچقا شۇنداق بولۇپ قالغاندۇ دەپ، ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. بىر كۈنى ئۇ بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇراتتى، جيا لىيەن كىرىپ سالام بەردى - دە، ھى - ھى... قىلىپ كۈلۈپ:

— بۈگۈن يۈيسۈن بىزنىڭ بېگىمگە: «بەگ تاغىمىز ئوردىنىڭ باش مۇشاۋىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، پەرمانغا بىنائەن پايتەختكە قاراپ يولغا چىقماقچى، كېلەر يىل ھەمەل ئېيىنىڭ يىگىرمىسىدە مەنسەپكە ئولتۇرۇش يارلىقى ئوقۇلىدىغان بولدى، كۈنىگە ئۈچ يۈز چاقىرىم ماڭىدىغان تېز چاپارچىدىن پەرمان ئەۋەتىلدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بۇ گەپچە بەگ تاغىمىز كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، يېرىم ئايدا يېتىپ

كەلگۈدەك. ئۆزلىرىنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ قويساي دەپ ئالايىتەن كېلىشىم، — دېدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ئانا جەمەت ئائىلىسىدە جان سانىنىڭ ئازلىقىدىن، سىڭلىسى شۇ ھامما خېنىم ئائىلىسىنىڭمۇ خانىۋەيران بولغانلىقىدىن، ئاكىسىنىڭ سىرتتا خىزمەتتە بولۇپ قېلىپ ئۆزلىرىدىن خەۋەر ئالالمايۋاتقانلىقىدىن غەم يەپ يۈرەتتى. بۈگۈن ئاكىسىنىڭ مەنسىپى ئۆسۈپ پايتەختكە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەمدى ۋاڭ جەمەتىنىڭ شان ـ شەۋكىتى ئاشىدىغان بولدى، كەلگۈسىدە باۋيۈيگىمۇ يۆلەنچۈك بار بولدى دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن قاشتاشنىڭ يىتكەنلىكى بىلەن پەرىشان بولۇپ تۇرغان كۆڭلى سەل ئورنىغا چۈشۈپ، ھەر كۈنى ئاكىسىنىڭ يولىغا قارايدىغان بولدى.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز جيا جېڭ يۈز ـ كۆزى ياش يۇقى كىرىپ، ئۆپكىسىنى باسالماي:

— قېنى بول، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا دەرھال ئوردىغا كىرىش كېرەك ئىكەن دەپ خەۋەر قىلغىن، ئوشۇقچە ئادەم ئالماي سەن ئۆزۈڭ ھەمراھ بولۇپ كىرگىن. خانىش تۇيۇقسىز قاتتىق كېسەل بولۇپ قاپتۇ. شۇ تاپتا ئاغۋات سىرتتا ساقلاپ قالدى. ئۇ: «خانلىق شىپاخانىسىدىكىلەر، زىققە نەپەس ئىكەن، داۋا كار قىلمايدۇ، دەپ مەلۇم قىلدى» دەيدۇ، — دېدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئاڭلاپلا ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

— ھازىر يىغلايدىغان ۋاقىت ئەمەس، — دېدى جيا جېڭ، — ئالدىراپ بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى تەكلىپ قىل. يەنە بۇزرۇكۋارىمىز قورقۇپ كەتمىسۇن، گەپنى ھودۇقمايراق قىل.

جيا جېڭ ھويلىغا چىقىپ خىزمەتكارلارغا ئىش تاپىلىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۆز يېشىنى سۈرتۈپ جيا ئانىنىڭ قېشىغا كىردى ۋە خانىشنىڭ ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئوردىغا كىرىپ يوقلاپ چىقىشقا تەكلىپ قىلدى.

جىيا ئانا دۇرۇت ئوقۇپ قويۇپ:

— يەنە نېمە كېسەل بولۇپ قالغاندۇ؟ ئۆتكەن قېتىم قورقۇپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغانىدى، كېيىن ئۇقۇشساق ئۇنداق بولماي چىقتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق خاتا بولۇپ چىقسىكەن، ئىلاھىم! — دېدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىر ياقتىن جىيا ئانىنىڭ گەپلىرىگە جاۋاب بېرىۋېتىپ، بىر ياقتىن يەنىياڭلارنى ساندۇقتىن كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ جىيا ئانىنى جابدۇتۇشقا ئالدىراتتى ھەم ئۆزىمۇ ھۇجرىسىغا قايتىپ، جابدۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ياققا ئۆتۈپ جىيا ئانىنى قولتۇقلىغان پېتى مېھمانخانىدىن چىقىپ تەختىراۋانغا چۈشتى - دە، ئوردىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغاي.

ئەمدى گەپنى يۈەنچۈندىن ئاڭلىغايسىز. ئۇ زەكىيلىكىدىن ئەدىبلەر سارىيىغا تاللانغاندىن كېيىن، خانىنىڭ ئىنايىتى بىلەن دۆلەت يارىشىپ، سەمرىپ، يۈرۈش - تۇرۇشتا سەل ھەرەج تارتىپ قالغانىدى. كۆندىلىك مەئىشەتتە بەك ھېرىقىپ كېتىپ، پات - پات دېمى سىقىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۆلۈشكۈنكى زىياپەتتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ شامالداپ قېلىپ، كېسىلى قوزغىلىپ قالدى. بۇ قېتىم كېسىلى قاتتىقراق تۇتۇپ، دېمى سىقىلىپ بوغۇلۇپ قالدى، پۇت - قوللىرى مۇزلاشقا باشلىدى. خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىپ، دەررۇ ئوردا تېۋىپى چاقىرتىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ گېلىدىن سۈيۈق دورىمۇ ئۆتمەي قويىدى، ھەتتا نەپەس يوللىرىنى ئاچىدىغان دورىمۇ كار قىلمىدى، ھەرەمئاغىسى ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ھازىرلىق كۆرۈش توغرىسىدا خانغا ئىلتىماس قىلغانىدى، خان ئالىيلىرى جىيا جەمەتىنىڭ ئەھلى ئاياللىرىنىڭ ھەرەمخانىغا كىرىپ دىدار كۆرۈشۈشىگە يارلىق چۈشۈردى.

جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار يارلىقتا بىنائەن ئوردىغا

كىردى، خانىش دېمى كېسىلىپ، ئاغزى كۆپۈكلىنىپ گەپتىن قالغانىدى. ئۇ جىيا ئانىنى كۆرۈپ ئاچچىق يىغلاۋاتقاندەك قىلىسمۇ، كۆزىدىن ياش چىقمايتتى. جىيا ئانا يېقىن كېلىپ ئەھۋال سورىدى ۋە كۆڭلىنى ياساپ گەپ قىلدى. سەل تۇرۇپ جىيا جېڭلار ئەمەل نامەلىرىنى كىرگۈزدى. كېنىزەك ھۆرمەت بىلەن سۇنغانىدى، خانىشنىڭ نەزەر سالغۇچىلىك مادارى قالماي، رەڭگىمۇ بارا ـ بارا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. باش ھەرەمئاغىسى خان ئالىيلىرىغا دەرھال مەلۇم قىلماقچى بولدى، يۈەنچۈنگە باشقا خانىشلارنى قاراپ تۇرۇشقا تەيىنلەشكە توغرا كېلىپ قالسا، ھەرەم قۇدىلىرىنىڭ بۇ ھەرەمخانىدا ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى تاشقىرىقى ھەرەمدە كۈتۈپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. جىيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ خانىشنىڭ بىردەم نېرى بولۇشقا يۈرىكى چىدىمايتتى. بىراق، سەلتەنەت رەسمىيىتىگە رىئايە قىلىپ نائىلاج يېنىپ چىقىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغا ـ زار قىلىشقىمۇ پېتىنالماي، ئىچىدىلا ھەسرەت چېكىشتى.

شىغاۋۇل مەھرەم ئۈچۈر بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ھەرەمئاغىسى چىقىپ خان مۇنەججىمىنى دەرھال چاقىرغۇزدى. جىيا ئانا بۇنىڭدىن ئىشنىڭ يامانغا ئۆرۈلگەنلىكىنى پەملىگەن بولسىمۇ، قىمىرلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. سەل تۇرۇپ ئاغۋات بالا چىقىپ:

— جىيا خانىش ئالەمدىن ئۆتتى، — دېگەن يارلىقنى يەتكۈزدى. بۇ يىل يولۋاس يىلى بولۇپ، ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزى باش باھار باشلانغانىدى؛ خانىش يۈەنچۈننىڭ قازا تاپقان كۈنى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئون توققۇزىنچى كۈنى بولۇپ، توشقان يىلىنىڭ يولۋاس ئېيىغا مەنسۇپ بولغاچقا، قىرىق ئۈچ ياش ئۆمۈر كۆرگەن بولدى. جىيا ئانا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئورنىدىن قوزغالدى ۋە ھەرەمدىن چىقىپ تەختىراۋانغا چۈشۈپ ئۆيىگە قايتتى. جىيا جېڭلارمۇ خەۋەر تېپىپ، يول بويى قايغۇرۇپ مېڭىشتى. قەسىرگە يېنىپ كەلگەندە، شىڭ ئاغىچا خېنىم، لى

ۋەن، فېڭجيې، باۋيۇيلەر مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا ئىككى سەپ بولۇپ جيا ئانىنى كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى. ھەمدە جيا جېڭ بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا سالام بېرىشتى. ئۇلارنىڭ يىغا ـ زار قىلىشقانلىقلىرى توغرىسىدىكى گەپنى قويۇپ تۇرايلى. ئەتىسى سەھەر جىركىسى بارلارنىڭ ھەممىسى خانىشقا تەزىيە بىلدۈرۈش قائىدىسى بويىچە ئوردىغا كىرىپ خانىشنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ يىغا ـ زار قىلىشتى. جيا جېڭ رەسمىيەت بويىچە ئىش قىلىشقا توغرا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئىنشائات دىۋانىدا دىۋانبېگىدىن ئىش ـ كۈش تاپشۇرۇلۇپ قېلىشى، خىزمەتداشلىرىمۇ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپكە تەڭ يۈگۈرمەي بولماي، بالدۇر خانىكە ۋە جۇ خانىشنىڭ تەزىيە ئىشلىرىغا قاراشقاندەك قىلالماي قالدى. خانىش يۈەنچۈن پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پەقەت مەرھۇمە دانىشمەن ـ پازىل خانىش دېگەن ناملا بېرىلدى. بۇ خان جەمەتىنىڭ تۈزۈمىگە دائىر بولغاچقا، ئۇششۇقچە گەپ سېتىش ھاجەتسىز.

جيا خاندانىدىكى ئەر ـ ئاياللار ھەر كۈنى ئوردىغا كىرىپ تۇرۇۋاتقاچقا، بەكلا ئالدىراپ قېلىشتى. ھېلىمۇ ياخشى يېقىندىن بېرى فېڭجيې خېلى تۈزىلىپ قېلىپ، ئائىلە ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولۇپ قالغان يەنە بىر جەھەتتىن ۋاڭ زىتىنىڭ پايتەختكە كەلگەندە ھاردۇق چىيى بېرىپ، ئۇنى مۇبارەكلەش ھازىرلىقىنىمۇ كۆرۈۋاتقاندى. فېڭجيېنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى ۋاڭ رېن تاغىسىنىڭ ئىچكى دىۋانغا كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپلا بالىۋاقىسىنى ئېلىپ پايتەختكە كەلمەكچى بوپتۇ. فېڭجيې بۇ ئىشلار ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولدى. ئانا جەمەت بىر تۇغقانلىرىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولىدىغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ يۈرەك ئاغرىقىنىمۇ بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنى بالدۇرقىدىن خېلى ئوبدانلا ئوڭشىلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ فېڭجيېنىڭ بۇرۇنقىدەكلا ئىش بېجىرىۋاتقانلىقىنى



www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ، زىممىسىدىكى يۈكنىڭ نىسپىيدىن قۇتۇلغاندەك بولدى. ئاكىسىنىڭ پات ئارىدا پايتەختكە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، باشقا ئىشلاردىن كۆڭلى تىنىپ ئوبدانلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

يالغۇز باۋيۈيلا بىكارچى ئىدى، كىتابمۇ ئوقۇمايتتى، خەلپىتى دەيرۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلگەچكە، ئۇنى باشقۇرۇپمۇ كەتمىدى. ئالدىراشچىلىقتا جيا جېڭنىڭمۇ ئۇنىڭغا قارىغۇدەك چولىسى بولمىدى. باۋيۈي مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھەمشىرىلىرى بىلەن كۈندە كەڭ - كۇشادە تاماشا قىلىش بىلەنلا بولدى. لېكىن، قاشتاشنى يىتتۇرۇپ قويغاندىن بېرى كۈنبويى ھېچقاياقىقا چىقماي، ئالىجوقا سۆزلەپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. جيا ئانىلار تالا - تۈزگە چىقىپ قايتىپ كەلگەندە، بىركىم كېلىپ خېنىملاردىن ئېسەنلىك سوراپ كەلسىلە دېسە باراتتى، ئۇنداق دەيدىغان كىشى بولمىسا قىمىرمۇ قىلمايتتى. ئالدىغا چاي - تائام كەلتۈرۈلسە يەيتتى، ئىچەتتى، كەلتۈرۈلمىسە سورىمايتتى. شىرېنلارنىڭ يۈرىكى پوك - پوك بولغاچقا، جۇدۇنى تۇتۇپ قالارمىكىن دەپ ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ قىلمايتتى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىتى شىرېنگە خاپىلىقتىن ئەمەس، كېسەلدىن بولۇۋاتقاندەك كۆرۈندى. بىر كۈنى ئۇ غىپپىدىلا بامبۇكزار سارايغا بېرىپ، زىجۈەنگە:

— ئوتتۇرانچى غوجامنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، خان قىز بېرىپ نەسىھەت قىلىپ قويسا بولاتتى، — دېدى. زىجۈەن بۇ گەپنى شۇ زامان دەيىۈيگە يەتكۈزگەن بولسىمۇ، دەيىۈينىڭ ئوي - پىكرى تويدا بولۇپ، باۋيۈي چوقۇم مەن بىلەن توي قىلىدۇ، دەپ بىلگەچكە، ئۇنىڭغا كۆرۈنۈشتىن خىجىل بولدى. «ئەگەر ئۇ ئۆزى كەلگەن بولسىغۇ، كىچىكىمىزدىن بىللە چوڭ بولغاچقا تەتۈر قارىۋالسام بولمايتتى، ئەمدى مېنىڭ ئۇنى ئىزدەپ بېرىشىم زادىلا قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ» دېگەن ئوي بىلەن دەيىۈينىڭ

بارغۇسى كەلمىدى. شىرىن يەنە ئاستا بىرىنى تەنچۇنگە دەپ باقتى. بىراق، يەسمەننىڭ ئىچىلىشىنىڭ غەلىتە ئىش ئىكەنلىكى تەنچۇننىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە «قاشتاش» نىڭ يىتكەنلىكى تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولدى، كەيىندىنلا ئاچىسى يۈەنچۈن خانىش قازا تاپتى. تەنچۈن ئائىلىنىڭ بېشىغا كەيىنى ـ كەيىندىن كېلىۋاتقان بۇ پېشكەللىكلەردىن ۋايىم يەپ، كېچە ـ كۈندۈز غەم بىلەن يۈرگەندە بىرىپ باۋيۈيگە نەسىھەت قىلىشقا كۆڭلى تارتامتى؟ قانداقلا بولسۇن، ئۇلار ئاكا ـ سىڭىل ـ دە، شۇڭا بارماي بولمايتتى. ئۇ باۋيۈيىنىڭ قېشىغا بىر ـ ئىككى قېتىم كەلدى، لېكىن باۋيۈينىڭ ھەممىشە ئىزىلىپ ـ لاسىيىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، كېيىنچە ئانچە بارماس بولۇپ قالدى.

قاشتاشنىڭ يىتكەنلىكىدىن باۋچەيمۇ خەۋەر تاپتى. قايسى كۈنى شۆ ھامما باۋچەينى باۋيۈيگە ماقول دېيىشىپ قويۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باۋچەيگە بۇ ئىشنى ئېيتقان ھەم:

— ھامماڭ شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، مەن ئىنىق جاۋاب بەرمەي ئاكىسى كەلگەندىن كېيىن پۈتۈشەيلى، دېدىم. بۇ ئىش ساڭا ماقۇل كېلەمدىكىن؟ — دېگەن گەپنىمۇ قىلغانىدى.

باۋچەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، رەڭگىرويىنى ئۆزگەرتمەي:

— ئانا، بۇ گېپىڭىز توغرا بولمىدى. قىز بالىنىڭ تەقدىرى ئاتا ـ ئانىنىڭ قولىدا. ئاتام بولسا يوق، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىز باش بولۇشىڭىز كېرەك ياكى بولمىسا ئاكامدىن سوراڭ، نېمىدەپ مەندىن سوراپ يۈرەتتىڭىز؟ — دېگەنىدى.

شۇندىن باشلاپ شۆ ھامما ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى. گەرچە ئۇ كىچىكىدىن ئەركە چوڭ بولغان بولسىمۇ، لېكىن توغۇلۇشىدىنلا ئىپپەتلىك ۋە تەمكىن ئىدى. شۇڭا، شۆ ھامما ئۇنىڭ ئالدىدا باۋيۈينىڭ گېپىنى قىلمايدىغان بولغانىدى. باۋچەينىڭ شۇ گەپتىن كېيىن باۋيۈينىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماسلىقى تېخىمۇ تەبىئىي گەپ ئىدى. قاشتاشنىڭ



www.uyghurkitap.com

يىتكەنلىكىنى ئاڭلاپ چۆچۈگەن بولسىمۇ، سوراشتىن تارتىنىپ، باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ، ئۆزىگە ھېچ مۇناسىۋىتى يوقتەك يۈرۈۋەردى.

شۇ ھامما چۆرە قىزنى بىرنەچچە قېتىم ئەۋەتىپ خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئۇ ئوغلى شۇ پەننىڭ ئىشى بىلەن ئازابلىنىپ يۈرەتتى، ئاكىسىنىڭ پايتەختكە كىرىپ ئۇنى بۇ بەتنامىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خانىش يۈەنچۈن قازا تېپىپ، جيا خاندانى پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، فېڭجيې ساقىيىپ ئائىلىنى باشقۇرۇپ يۈرگەچكە، شۇ ھامما ئۇ تەرەپكە ئانچە ئاياغ باسمىدى. بۇ ياقتا بىرلا شىرېن جاپادا قالدى. ئۇ باۋيۈيگە پەخەس بىلەن تەسەللى بېرەتتى، لېكىن باۋيۈي زادىلا چۈشەنمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن شىرېنگە ئۆز ئىچىدە تەشۋىشلىنىشتىن باشقا ئامال بولمىدى.

بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ خانىش يۈەنچۈننىڭ جەسىتى بۇتخانىدا ئۈزىتىلىدىغان بولۇپ، جيا ئانا قاتارلىقلار ئۇدا بىرنەچچە كۈن باردى. باۋيۈي كۈندىن - كۈنگە ھاڭۋاقتى بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بويىمۇ قىزىمايتتى، بىر يېرىمۇ ئاغرىمايتتى، غىزاسىمۇ غىزادەك بولماي، ئۇيقۇسىمۇ ئۇيقۇ بولماي، تاقىتا - تۇقۇ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. شىرېن، شېيۆلەر تېخىمۇ ھودۇقۇپ كېتىپ فېڭجيېگە بىرقانچە مەرتەم مەلۇم قىلدى. فېڭجيېمۇ ئارىلاپ كېلىپ تۇردى. دەسلەپتە ئۇنى قاشتاش تېپىلمىغانلىقتىن خاپا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ چاغلىغانىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغان ئەپتىگە قاراپ، ھەر كۈنى تېۋىپ چاقىرتىپ ئەملىتىشتىن باشقا چارە قىلالمىدى. بىرنەچچە بولاق دورا قاينىتىپ ئىچۈرۈپ باقتى، كېسىلى يېنىكلەشنىڭ ئورنىغا بىر كېسىلى ئىككى بولدى، ھەتتا قەيىرىڭ ئاغرىيدۇ دەپ سورىسىمۇ باۋيۈي دەپ بېرەلمەيتتى.

تاكى خانىش يۈەنچۈننىڭ دەپنە ئىشلىرى تۈگىگەندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، جىيا ئانا ئاندىن باۋيۈيىنى ياد ئېتىپ يوقلىغىلى كىردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ سوگدىشىپ كىردى. شىرېن باۋيۈيىنى ئالدىغا چىقىپ تەزىم قىلىشقا دەۋەت قىلدى. باۋيۈي ئاغرىق دېگەن بىلەن، ھەر كۈنى بۇرۇنقىدەكلا قوپۇپ مېڭىپ يۈرەتتى. بۈگۈن جىيا ئانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىققاندا، ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا تەزىم قىلدى. بىراق، شىرېن ئۇنىڭغا يۆلەنچۈك بولۇپ ئۆگىتىپ تۇردى.

— جېنىم بالام! — دېدى باۋيۈيىنى كۆرۈپ جىيا ئانا، — مەن سېنى نېمىشقا ئاغرىپ قالغاندۇ دەپ يوقلاپ كەلگەنىدىم، قارىسام، تۇرقۇڭ بالدۇرقىدەكلا ئىكەن، يۈرىكىم خېلىلا ئىزىغا چۈشتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلىمۇ خېلى تەسكىن تاپتى، لېكىن باۋيۈي ھېچقانداق جاۋاب بەرمەستىن خىر - خىر قىلىپ كۈلۈۋېرەتتى. جىيا ئانىلار ھۇجرىغا كىرىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭدىن سورىغان گەپلەرگە ئۇ بۇرۇنقى خۇلقىدىن يېنىپ، شىرېن نېمە دەپ ئۆگەتسە، شۇنى دەپ جاۋاب بېرەتتى، بالدۇرقى ئەلپازىغا زادىلا ئوخشىمايتتى، خۇددى ساراڭلاردەك بولۇپ قالغانىدى. جىيا ئانا ئۇنىڭغا زەن سالغانسېرى شەكلىنىشكە باشلىدى.

— بايا كىرگىنىمدە قارىسام، ھېچقانداق كېسىلى يوقتەك كۆرۈنگەنىدى، ئەمدى سىنچىلاپ قارىسام، بۇنىڭ كېسىلى يېنىك ئەمەس ئىكەن. ئەپتىدىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ، جۇمۇ بۇ! زادى بۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟ — دېدى جىيا ئانا.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىشنى يوشۇرۇپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ۋە شىرېننىڭ بىچارىلىكىنى كۆرۈپ، نائىلاج، باۋيۈينىڭ بالدۇرقى دېگىنى بويىچە لىنئەن بېگىمنىڭ قەسرىگە ئويۇن كۆرگىلى كېتىۋېتىپ قاشتاشنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ، دېگەن گەپنى بىر قۇر كۇسۇرلاپ دەپ بەردى. جىيا ئانىنى ھودۇقۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئۆزىمۇ بەك تەمتىرەپ كېتىپ، ئاخىرىدا:

— هازىر تۇشمۇتۇشتىن ئىزدەشتۇرۇۋاتىمىز، پال باقتۇردۇق، رەم سالدۇردۇق، ھەممىسى گۆرۇخانىدىن ئىز - دېرىكىنى قىلىڭلار، دەپتۇ، بەربىر تېپىلماي قالمايدۇ، — دەپ قويدى.

جيا ئانا ئاڭلاپ ئىچى تىتىلداپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى:

— قاشتاشنى يىتتۇرۇۋەتتى دېگەن قانداق گەپ؟ سىلەر شۇنچە بىغەرەزلىشىپ كەتتىڭلارمۇ! ھەتتا بېگىڭلارنىڭمۇ كارى بولماي قاپتۇمۇ؟

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا ئانىنىڭ خاپا بولۇۋاتقىنىنى پەملەپ، شىرېنلارنى يۈكۈندۈردى. ئۆزىمۇ بېشىنى سېلىپ تۇزۇت بىلەن:

— ئۆزلىرىنى تەشۋىشلىنىپ قالارمىكىن، بېگىم خاپا بولارمىكىن، دەپ مەلۇم قىلمىغانىدىم، — دېدى.

— ئۇ باۋيۈينىڭ جېنى تۇرسا، — دېدى جيا ئانا «ھەي» دەپ ئىچىگە تارتىپ، — ئۇنى يىتتۇرۇپ قويغاچقا، باۋيۈي مانا مۇشۇنداق گالدى - گۇلدۇك بولۇپ قالغان ئىكەن - دە! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق! بۇ قاشتاشتىن پۈتۈن شەھەردىكىلەرنىڭ خەۋىرى بار تۇرسا، تېپىۋالغان كىشى سىلەرگە ئۇنى تۇتقۇزۇپ قويامدۇ؟ بېگىڭىزنى تەكلىپ قىلدۇرۇڭ، ئۇنىڭغا ئۆزۈم ئېيتاي!

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى مۇنچىۋالا خاپا بولغان يەردە، — دېدى قورقۇپ كەتكەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن شىرېنلار تەڭلا يالۋۇرۇپ، — ئۇلۇغ بېگىمگە مەلۇم قىلىنىدىغان بولسا، ئىش تېخىمۇ يوغىناپ كېتەرمىكىن؟ ھازىر باۋيۈي ئاغرىق، ئۇنى بىزگىلا تاپشۇرسىلا، جېنىمىز چىقسىمۇ ئۇ نەرسىنى ھەرنېمە قىلىپ تاپايلى.

— بېگىڭلارنىڭ ئاچچىقىدىن قورقساڭلار مانا مەن بار، — دېدى جيا ئانا. ئاندىن جيا جېڭنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەت دەپ شېيۈنى جورۇدى. بىرپەستىن كېيىن چاقىرغىلى كەتكەن ئادەم «بېگىم ياندۇرغۇ مېھمانغا كېتىپتۇ» دەپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ بولمىسىمۇ مەيلى، — دېدى جىيا ئانا، — مېنى دېدى دەپ ئېيتىڭلار، ھازىرچە تۆۋەندىكىلەرمۇ جازاغا تارتىلمىسۇن. مەن جىيا لىيەننى چاقىرىپ شۇنىڭغا تاپشۇراي. ئۇ: «كىمكى تېپىۋېلىپ ئەكېلىپ بەرسە، رازى ۋە راغىپ بولۇپ بىر تۈمەن سەر كۈمۈش بېرىمىز، تېپىۋالغۇچىنىڭ ئۇچۇرىنى يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەرگە بەش مىڭ سەر كۈمۈش بېرىمىز» دەپ ئېلان يازدۇرۇپ، قايسى كۈنى باۋيۈي ئۆتكەن كوچىغا چاپلاتقۇزۇپ قويسۇن. ئەگەر راستلا تېپىلىپ قالسا، كۈمۈشنى ئاياپ ئولتۇرماسلىق كېرەك. ئاشۇنداق قىلساق تېپىلماي قالمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ بىرقانچە ئادەملىرىگىلا ئىزدەتكۈزسەك، ئۇلار ئۆمۈرۋايەت ئىزدەپمۇ تاپالمايدۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم توغرىسىنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. جىيا ئانىنىڭ تاپشۇرۇقىنى جىيا لىيەنگە يەتكۈزۈپ، ئۇنى تېزدىن ئورۇنلاشقا جورۇدى.

— باۋيۈينىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى مېنىڭكىگە يۆتكەپ كېلىڭلار. شىرېن بىلەن چيۇۋېن ئىككىسىلا بىللە كىرسۇن. قالغانلىرى باغدا ئۆي باقسۇن، — دېدى جىيا ئانا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

بۇ گەپكىمۇ باۋيۈي زۇۋان سۈرمەي، مەجنۇنلارچە كۈلۈپلا تۇردى. جىيا ئانا باۋيۈينىڭ قولىدىن يېتىلەپ، شىرېنلار قولتۇقىدىن يۆلەپ باغدىن چىقتى، ئۆز ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى ئولتۇرۇڭ، دېدى. ئۈستىدە قاراپ تۇرۇپ ئىچكىرىكى ھۇجرىنى تۈزەپ جابدۇتتى.

— مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ — دېدى جىيا ئانا ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا، — باغدا ئادەم ئاز، ئارامبەخش ھويلىدىكى گۈل گاھىدا سولىشىپ قېلىپ، گاھىدا ئېچىلىپ ئاجايىپ ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. بۇرۇن ئاشۇ قاشتاشنىڭ شاراپىتىدىن بالا - قازادىن ئامان بولۇپ كەلگەن، ئەمدى قاشتاش يىتىپ كەتكەندىن كېيىن پېشكەللىك ئوڭايلا چاپلىشىۋېلىشى

مۇمكىن، شۇڭا ئۇنى مەن بىللە تۇرسۇن دەپ كۆچۈرۈپ چىقتىم. بىرنەچچە كۈنگىچە تالا ـ تۈزلەرگە چىقمىسۇن، تېۋىپ كەلسە مۇشۇ يەردە ئەملىسۇن.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، بەك توغرا ئويلاپسىلا، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جىيا ئانىنىڭ گېپىگە ئۇلاپ، — باۋيۈي ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرسا، ئۆزلىرىنىڭ بەخت ـ تەلەيلىرى چوڭ بولغاچقا، ئامەتلىرى ئالدىدا ھەرقانداق نەرسە ئۇجۇقۇپ كېتىدۇ.

— ئامەت ـ پامەت دېگىنىڭىز نېمىسى؟ مېنىڭ ئۆيۈم پاكىزرەك، بۇ يەردە نوم ـ نامەلەرمۇ كۆپ، شۇلارنى ئوقۇپ بەرسە كۆڭلى ئارام تاپارمىكىن دەيمەن. باۋيۈيدىن قانداق دەپ سوراپ بېقىڭا؟

باۋيۈي جاۋاب ئورنىغا ھىجىيىپلا قويدى. شىرېن «ئوبدان بولىدۇ» دەڭ دېۋىدى، باۋيۈي «ئوبدان بولىدۇ» دەپ قويدى. باۋيۈينىڭ بۇ ئەۋزايىغا قاراپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۆز يېشى قىلماي تۇرالمىدى. بىراق، بۇ يەردە جىيا ئانا بولغاچقا، ئۇنىنى چىقىرالمىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، جىيا ئانا مۇنداق دېدى:

— سىزمۇ ھۇجرىڭىزغا يېنىڭ، بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئۆزۈم قارايمەن. كەچتە بېگىڭلار كەلگەندە ماڭا كۆرۈنۈش قىلمىسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭغا باشقا گەپ قىلماڭ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، جىيا ئانا يۈەنياڭنى نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ جانغا ئارام بېرىدىغان دورىنى رۇشەتنە بويىچە باۋيۈيگە يېگۈزۈشكە بۇيرۇدى.

بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالغاي:

جىيا جېڭ شۇ كۈنى كەچتە ئۆيگە قايتتى. مەيدە كېتىۋېتىپ، كوچىدا بىركىمنىڭ «كىشى باي بولاي دېسە، ئۇمۇ ئاسان گەپ ئىكەن» دېسە، يەنە بىرسى «قانداق دەيسەن؟» دەپ سورىغىنىنى، ھېلىقى كىشىنىڭ «بۇگۈن رۇڭگو قەسرىدىكى

www.uyghurkitap.com

قايسىبىر غوجامنىڭ قاشتېشى يىتىپ كېتىپتىكەن، ئېلان چاپلاپ قويۇپتۇ، ئېلاندا قاشتاشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى، رەڭگىنى پۈتۈپ، ئاندىن كىم تېپىۋېلىپ ئاپىرىپ بەرسە، شۇنىڭغا بىر تۈمەن سەر كۈمۈش بېرىمىز، ئۇچۇرنى يەتكۈزگۈچىگە بەش مىڭ سەر كۈمۈش بېرىمىز دەپتۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى.

جيا جېڭ ئېنىق ئاڭلىيالمىغان بولسىمۇ، ھەيران قېلىپ، ئالدىراپ قايتىپ كەلدى ۋە دەرۋازىۋەنلەردىن بۇ ۋەقەنى سۈرۈشتۈردى.

يېقىنقى قۇللىرى ئاۋۋال ئۇقمىغاندىم، — دەپ مەلۇم قىلدى دەرۋازىۋەن، — بۈگۈن چۈشتە جيا ليەن بېگىم ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ گېپىنى يەتكۈزۈپ، ئېلان چاپلاتقۇزغاندىن كېيىن ئۇقتۇم.

«ئائىلىمىزنى پالاكەت بېسىپتۇ ـ دە ! — دېدى جيا جېڭ خورسىنىپ ئۆز ـ ئۆزىگە، — يەنە كېلىپ قېرىشقاندەك مۇشۇنداق نەس باسقۇر بالىنى بېقىپتىمىز ! بۇ شۇم تۇغۇلغان چېغىدىلا ئەل ـ مەھەللىنى پىتنە ـ پاسات بىر ئالغان. ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ ئەمدىلا ئازراق بېسىقىپ قېلىۋېدى، مانا ئەمدى ھەممىگە شايە قىلىپ قاشتاشنى ئىزدەشتۈرسە قانداق بولغىنى !» ئۇ ئالمان ـ تالمان ئىچكىرىگە كىرىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىن سورىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم زىر ـ زەۋەرگىمچە قويماي دەپ بەردى. جيا جېڭ بۇنىڭ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنالماي، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغىلا بىرنەچچە ئېغىز كايىپ قويدى ۋە يەنە ھويلىغا چىقىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن يوشۇرۇنچە ئېلاننى سويدۇرۇۋەتمەكچى بولغانىدى، كوچىدا لاغايلاپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپلەردىن بىرسى ئۇ ئېلاننى ئاللىقاچان سويۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن، بىركىم قاشتاشنى ئېلىپ

كەلدىم دەپ رۇڭگو قەسىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كەپتۇ.

خىزمەتكارلار خۇشاللىقىدا دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتتى ۋە:

— قېنى ماڭا بەر، كىرىپ مەلۇم قىلىمەن، — دېدى دەرۋازىۋەن.

— مانا بۇ سىلەرنىڭ قەسىردىن چىقارغان ئېلان ئەمەسمۇ، — دېدى ھېلىقى كىشى قويىنىدىن ئىنئام بېرىلىدۇ دېگەن قەغەزنى چىقىرىپ، — بۇنىڭدا قاشتاشنى ئېلىپ كەلگۈچىگە بىر تۈمەن سەر كۆمۈش بېرىلىدۇ، دەپ ئېنىق يېزىلىپتۇ. غوجاكا، مېنى شۇ تۇرقىدا گاداي كۆرۈۋاتىسىز، قېنى قولۇمغا كۆمۈش كىرسۇنچۇ، ئۇ چاغدا باي ئاتالمىغىنىمنى كۆرۈڭ، ماڭا مۇنداق سىنەكىمىگەندەك ئىش قىلماڭ!

دەرۋازىۋەن ئۇنىڭ پوك - پوك گەپ قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ:

— ئاۋۋال ماڭا سەل - پەل كۆرسەتسەڭ، ئاندىن كىرىپ خەۋەر قىلمايمەنمۇ!

ھېلىقى كىشى دەسلەپتە كۆنمىدى، كېيىن دەرۋازىۋەننىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق كۆرۈپ، قاشتاشنى چىقىرىپ ئالىقىنىغا قويۇپ، غىل - پال كۆرسىتىپ قويۇپ:

— مۇشۇدۇ؟ — دېدى.

بۇلار تالانىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرگەن خىزمەتكارلار بولغاچقا، قاشتاشنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى، لېكىن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۈگۈن بۇ قاشتاشنىڭ شەكلىنى كۆرۈپلا، خۇددى خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ سۆيۈنچە ئېلىشقا ئالدىرىغاندەك، شاپاشلاپ ئىچكىرىگە قاراپ يۈگۈردى.

شۇ كۈنى جيا جېڭ، جيا شېلار بىر ياققا كېتىپ قېلىپ جيا ليەنلا ئۆيدە ئىدى. خىزمەتكارلار مەلۇم قىلىۋىدى، جيا ليەن:

— راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دېدى دەرۋازىۋەن، — بىراق پېقىر قۇللىرىغا بەرگىلى ئۇنىمىدى. غوجايىنىڭلارنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشىمەن، بۇ قولغا كۆمۈشنى ئېلىپ ئۇ قولدىن

www.uyghurkitap.com

قاشتاشنى بېرىمەن دەيدۇ.

جىيا لىيەنمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ، دەررۇ ۋاڭ ئاغىچىنا خېنىمنى خەۋەردار قىلدى، ئاندىن جىيا ئانىغا مەلۇم قىلدى. خۇشاللىقىدا شىرىن قولىنى جۇپتەكلەپ دۇرۇت ئوقۇپ كەتتى.

ــ جىيا لىيەن بالام، ئۇ كىشىنى كۈتۈپخانىغا باشلاپ كىرگىن، ــ دېدى جىيا ئانا خۇشال سۆزلەپ، ــ قاشتاشنى كۆرۈپ بېقىپ كۈمۈشنى بېرەيلى.

شۇ گەپ بويىچە جىيا لىيەن ھېلىقى كىشىنى تەكلىپ قىلىپ كىردى، ئۇنى مېھمان قاتارىدا كۆرۈپ چىرايلىق گەپ بىلەن رەھمەت ئېيتتى:

ــ قاشتاشنى ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىرىپ ئۆزىگە كۆرسىتىپ باقمىز، ۋەدە قىلغان كۈمۈشنى بىر تىيىن كەم قىلماي بېرىمىز.

ھېلىقى كىشى نائىلاج، بىر قىزىل دۇردۇن تۇگۈچنى سۇندى. جىيا لىيەن يېشىپ كۆرگۈدەك بولسا، ۋىلىلداپ تۇرغان ئاشۇ گۈزەل قاشتاشنىڭ نەق ئۆزى ئىكەن. جىيا لىيەن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەن سالمىغانىدى، بۈگۈن قولىغا ئېلىپ راسا سىنچىلاپ كۆرۈپ باقتى. بىرھازاغىچە تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن «بالا ـ قازادىن خالىي بولغاي» دېگەن خەتلەرنى تونۇغاندەك بولدى. جىيا لىيەن خۇشاللىقىنى باسالماي قالدى ـ دە، بايىقى كىشىنى كۈتۈشكە مۇلازىملارنى قويۇپ، ئۆزى جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن پالاقلاپ كىرىپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا ئۆيگە توپلانغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈپۈر ـ تۈپۈر بولۇپ تەقەززا بولۇپ تۇرۇشاتتى. جىيا لىيەننىڭ كىرىشى بىلەنلا فېڭجيې ئۇنىڭ قولىدىن كاپلا قىلىپ قاشتاشنى ئالدى ـ دە، ئۆزى ئاۋۋال كۆرۈۋېلىشقا پېتىنالماي، جىيا ئانىنىڭ قولىغا سۇندى.

ــ مۇشۇنچىلىك ئىشتىمۇ مېنىڭ خىزمەت كۆرسىتىشىمگە

يول قويمىدىڭ ـ ھە ! — دېدى جيا ليەن كۈلۈپ.

جيا ئانا تۈگۈچنى يەشتى، ھېلىقى قاشتاش بۇرۇنقىغا قارىغاندا سەل تۇتۇق كۆرۈندى، قولى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، يۈەنياڭغا كۆزئەينىكىنى ئالدۇرۇپ تاقاپ سىنچىلاپ قارىدى.

— ئاجايىپ ـ ھە ! بۇغۇ ئاشۇ قاشتاشتەك قىلىدۇ ! نېمىشقا بالدۇرقى ھېكمەتلىك تۈسى يوقاپ كەتكەندۇ؟

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىر ئەسناغىچە قاراپ پەرق ئېتەلمەي فېڭجېيگە كۆرسىتىپ باقتى.

— ئوخشىشىغۇ ئوخشايدىكەن، — دېدى فېڭجېي كۆرگەندىن كېيىن، — بىراق رەڭگى ئانچە توغرا كەلمەيۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، باۋيۈي ئىنىم ئۆزى بىر كۆرسە مەلۇم بولىدۇ.

بىر چەتتە قاراپ تۇرغان شىرېن بۇنىڭ ئاشۇ قاشتاش ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن بولسىمۇ، قاشتاشنىڭ تېپىلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئوخشىمايدىكەن دېيەلمىدى.

فېڭجېي جيا ئانىنىڭ قولىدىن قاشتاشنى ئېلىپ، باۋيۈيگە كۆرسىتىش ئۈچۈن شىرېن بىلەن چىقىپ كەتتى. باۋيۈي يېڭىلا ئويغانغانىدى.

— قاشتېشىڭ تېپىلدى، — دېدى فېڭجېي.

باۋيۈي ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئاچا ـ ئاچمايلا قولىغا ئالدى ـ دە، قاراپمۇ قويماي يەرگە چۆرۈۋېتىپ:

— مېنى يەنە گوللىغىلى تۇرۇپسىلەر، — دەپ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى. فېڭجېي قاشتاشنى دەرھال يەردىن ئېلىپ:

— بۇ تېخىمۇ غەلىتە ئىش بولدى ! كۆرمەي تۇرۇپ ئەمەسلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟ — دېدى.

باۋيۈي جاۋابمۇ بەرمەي كۈلۈۋەردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ شۇ يەرگە كىرگەندى، باۋيۈينىڭ بۇ ئەپتىنى كۆرۈپ:

— بولدى، گەپ لازىم ئەمەس. ئۇنىڭ قاشتېشى ئۆزى بىلەن بىللە تۆرەلگەن خاسىيەتلىك نەرسە تۇرسا، ئەلۋەتتە ئۇ بىلىدۇ ـ

ده، خەقلەر ئېلاننى كۆرۈپ شەكلىگە قاراپ ياساتقان نېمە.

كۆپچىلىك شۇندىلا ھوشىنى تېپىۋېلىشتى.

— ئەمەس بولسا ماڭا بېرىڭلار، ئۆزىدىن سوراپ باقاي، — دېدى دالاندا گەپكە قۇلاق سېلىپ تۇرغان جيا لىيەن، — مۇشۇنداق بېشىمىز قېتىپ تۇرۇۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ بىزنى كولدۇرلاتماقچى بولغىنىنى قارا!

— بالام جيا لىيەن! — دېدى جيا ئانا ئۇنى قىچقىرىپ، — بۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنى يولغا سېلىۋەتكىن. ئۇمۇ كەمبەغەلچىلىكنىڭ دەردىدە كۈن ئالالماي، بىزنىڭ بۇ ئىشقا دۇچ كەلگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، بىزدىن بىر ئاز پۇل ھايان ئالماقچى بولسىمۇ بولغاندۇ. بۇ ئادەمنىڭ بىكارلا پۇل خەجلەپ ياساتقان بۇ نېمىسىنى بىز تونۇۋالدۇق. مېنىڭچە بولسا، ئۇنى تەڭلىكتە قويماي، قاشتېشىنى ئۆزگە ياندۇرۇپ بەرگىن، بىزنىڭكى ئەمەس ئىكەن دەپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە سەر كۈمۈش ئىنئام قىل. تالا - تۈزدىكىلەر ئاڭلىسىمۇ، ئىز - دېرىكىنى تاپسا بىزگە ئۇچۇر قىلىدۇ. ئەگەر بۇ بىر ئادەمگە ئازار بېرىپ قويساق، ئۆزىنى تېپىۋالغان ئادەممۇ ئەكېلىپ بېرىشكە پېتىنالمايدۇ.

جيا لىيەن خوش دەپ ئىلىك ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھېلىقى كىشى تېخىچە ساقلاپ تۇراتتى. بىر ھازاغىچە ھېچكىم كەلمەي يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغىنىدا، جيا لىيەن چېچىلغىنىچە كىرىپ كەلدى. ئەمدى نېمە ئىش بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# توقسان ئالتىنچى باب

## تۈيۈق چىقارماسلىق ئۈچۈن ڧېڭجيېنىڭ ئاجايىپ ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى
## مەخپىيەتلىكنى بىلىپ قالغان قەلەم قاشنىڭ خۇدىنى يوقاتقانلىقى

شۈنداق قىلىپ، جيا ليەن ھېلىقى جا قاشتاشنى ئېلىپ زەردە بىلەن يېنىپ چىقتى ـ دە، كۇتۇپخانىغا كەلدى. ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ ئۆڭگەن تەلەتىنى كۆرۈپ، يۈرىكى پوكۇلداپ، ئالمان ـ تالمان قوپۇپ ئالدىغا چىقتى، گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، جيا ليەن دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ھۇ، مۇتتەھەم! بۇ قانداق يەر بىلمەمسەن! قورقماي كېلىپ كۆز بوياپچىلىق قىلىدىغان نېمانچە يۈرىكى يوغان نېمە سەن؟ — دەپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا، — مۇلازىملار قېنى؟ — دەپ سورىدى.

تاشقىرىدا بىرقانچە مۇلازىم باللار تەڭلا خوش دەپ گۇركىرەپ جاۋاب بېرىشتى.

— ئارغامچا بىلەن باغلاڭلار بۇنى! — دېدى جيا ليەن، — بېگىمگە مەلۇم قىلىپ يامۇلغا ئەۋەتىپ بېرىمىز!

— ئارغامچا تەييار! — دېيىشتى بالا مۇلازىملار بىر ئېغىزدىن يەنە.

مۇلازىملار شۇنداق دەپ قويغىنى بىلەن قىمىرلاپمۇ قويمىدى. ھېلىقى كىشى ئاۋۋال قورققىنىدىن تەمتىرەپ كەتتى ۋە بۇ ھەيۋىنى كۆرۈپ، راستىنى ئېيتمىغۇچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى پەملىدى ـ دە، تىزلىنىپ جيا ليەنگە باش ئۇرۇپ ئاغزى ـ

ئاغزىغا تەگمەي يالۋۇرۇشقا مەجبۇر بولدى:
— ئۇلۇغ بېگىم، خاپا بولمىسىلا، راستىنى ئېيتاي! كەمبەغەلچىلىكتە كۈنۈمنى ئاللىماي مۇشۇنداق نومۇسسىزلىقنى ئويلاپ تېپىپتىمەن. بۇ قاشتاشنى پۇل قەرز ئېلىپ ياساتقانىدىم، ياندۇرۇۋېلىشقىمۇ ھەددىم ئەمەس، قەسىر شەرىپلىرىدىكى غوجامغا تۇتسام، غوجام ئۆينىسا.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ باش قويۇۋەردى.

— ھوي، ئۆلۈمدىن خەۋىرى يوق مۇتتەھەم! — دېدى جىيا لىيەن ئۇنىڭ يۈزىگە شاللاقىدە تۈكۈرۈپ، — خاندانىمىز سېنىڭ ئۇنداق ئەخلەتلىككە چۈرۈۋېتىدىغان رەزگى نېمەڭنى نېمە قىلاتتى!

ئاشۇ غەلۋە ئۈستىگە لەي دا كىرىپ كەلدى.

— بېگىم، ئاچچىقلانمىسىلا! بۇ خاپا بولغۇچىلىك بىر نېمىمىدى! كەچۈرسىلە بۇنى، ھازىرلا كۆزىمىزدىن يوقالسۇن، — دېدى ھېجىيىپ لەي دا.

— ئىنتايىن ئوسال نېمىكەن بۇ! — دېدى جىيا لىيەن.

جىيا لىيەن سەتلەپ، لەي دا ھاي بېرىپ تۇرغاندا، تاشقىرىدىكى مۇلازىملار:

— ھوي، ئىتتىن تۆرەلگەن كومشا! بېگىمگە، لەي دا تاغامغا باش قويمامسەن! يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇۋالىمىز بىكار، تېز يوقال بۇ يەردىن! — دەپ ۋارقىراشتى.

ھېلىقى كىشى دەررۇ ئىككى قېتىم باش ئۇرۇپ، شۈمشەيگىنىچە قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كوچا - كويلاردا «جىيا باۋيۈي جا قاشتاش پەيدا قىپتۇ» دېگەن گەپلەر تارالدى.

ئەمدى گەپنى جىيا جېڭدىن ئىشىتمەك كېرەك. ئۇ شۇ كۈنى مېھماندارچىلىقتىن قايتىپ كەلدى. پانۇس بايرىمى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، كۆپچىلىك جىيا جېڭنىڭ خاپىلىق تارتىپ قېلىشىدىن

ئەنسىرەپ، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات دەپ ئۇ ئىشنى مەلۇم قىلغۇسى كەلمىدى. ئادەت بويىچە پانۇس بايرىمىدا ئائىلە زىياپىتى ئۆتكۈزۈش لازىم بولسىمۇ، خانىش يۈەنچۈننىڭ ۋاپاتى بىلەن بىر مەزگىل پايپېتەك بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بۇيان باۋيۈي ساقسىز بولۇپ قالغانلىقى ۋەجىدىن، كۆپچىلىكنىڭمۇ كەيپى يوق ئىدى. شۇڭا، بۇ جەھەتتىن قەلەم تەۋرەتكۈدەك بىر ئىش بولمىدى.

ھەمەل ئېيىنىڭ ئون يەتتىسىدە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋاڭ زىتىڭنى پايتەختكە يېتىپ كېلىدۇ دەپ تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى، فېڭجيې كىرىپ:

— بۈگۈن غوجام كوچىدا خەقلەرنىڭ ئاغزىدىن بىر گەپ ئاڭلاپ قاپتۇ: بەگ تاغام پايتەختكە كېلىۋېتىپ، شەھەرگە ئىككى يۈز چاقىرىم قالغاندا يول ئۈستىدە قازا بوپتىمىش، خېنىم، ئاڭلىدىلىمىكىن؟ — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ياق، ئاڭلىماپتىمەن! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چۆچۈپ، — ئاخشام بېگىممۇ بۇ توغرىدا گەپ قىلمىدى. نەدىن ئاڭلاپتۇ؟

— ئەسكىرىي دىۋان ئەمىرى جياڭ بېگىمنىڭ خانىدانىدىن ئاڭلاپتۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىر ھازاغىچە قېتىپ قالدى، كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلدى.

— جيا لېەن قايتىدىن سۈرۈشتۈرۈپ، ئېنىق خەۋىرىنى ماڭا يەتكۈزسۇن، — دېدى ئۇ يېشىنى ئېرتقاچ.

فېڭجيې خوش دەپ چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆزى يالغۇز كۆز يېشى قىلىپ، قىزى ۋە قېرىندىشى ئۈچۈن ھەسرەت چەكتى، باۋيۈي ئۈچۈن غەم يېدى. كەينى - كەينىدىن بۇنداق كېلىشمەسلىكلەر بولۇۋاتسا، ئۇ بىئارام بولماي تۇرالامتى؟ شۇنىڭ بىلەن يۈرىكى ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جيا لېەن ئېنىق خەۋەر ئېلىپ

كېلىپ:

— بەگ تاغام يول ئاۋۇتمەن دەپ ھېرىقىپ كېتىپ، سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىپ زۇكام بولۇپ قاپتىكەن، — دەپ مەلۇم قىلدى، — شىلىدۇن ئۆتكىچە كەلگەندە تېۋىپقا كۆرۈنۈپتۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ يەردە ئۇستا تېۋىپ بولمىغاچقا، دورىنى خاتا بۇيرۇپ قويۇپتىكەن، بىر بولاق ئىچىپلا جان ئۈزۈپتۇ. ئۆيدىكىلىرى ئۇ يەرگە يېتىپ كېلەلىدىمىكىن، ئۇنى ئۇقالمىدىم.

بۇ گەپ بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلدى ـ دە، يۈرەك ئاغرىقى تۇتۇپ قېلىپ ئولتۇرالماي قالدى، سەيىۈنگە تايىنىپ كاڭغا چىقتى ۋە مىڭ تەستە ئاغزى گەپكە كېلىپ جيا لىيەننى جيا جېڭغا مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇدى.

— دەرھال يول جابدۇقى قىلىپ، شۇ يەرگە بېرىپ ئىشلارغا قارىشىپ بەرگىن، — دېدى جيا جېڭ جيا لىيەنگە، — ئۇ يەردىكى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، ھايال بولماي يېنىپ كېلىپ بىزگە مەلۇم قىلغىن، ئاغىچاڭنىڭ كۆڭلى تىنسۇن.

جيا لىيەن جيا جېڭنىڭ گېپىنى يېرالماي، نائىلاج خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى.

جيا جېڭ بۇنىڭدىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ، كۆڭلى پەرىشان يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە باۋيۈيىنىڭ قاشتاشنى يىتتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، سەۋدايىدەك بولۇپ قالغانلىقى ۋە تېۋىپنىڭ دورىسىمۇ كار قىلمايۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان، بۇنى ئاز دەپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندى. شۇ يىلى پايتەخت ئىمتىھانىغا① توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئىنشائات دىۋانى جيا جېڭنى بىرىنچى دەرىجىگە كىرگۈزۈپ باھالاپ تەۋسىيە قىلغانىدى. ئىككىنچى ئايدا مەنسەپدارلىق دىۋانبېگى ئۇنى خان

① پايتەخت ئىمتىھانى — مەنچىڭ دەۋرىدە، ئەمەلدارلاردىن ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئىمتىھان ئېلىنىپ، خانلىق ئۈچۈن جان پىدا قىلىش دەرىجىسىگە قاراپ مەنسىپى ئۆستۈرۈلەتتى ياكى چۈشۈرۈلەتتى. پايتەختتىكى ئەمەلدارلاردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان «پايتەخت ئىمتىھانى» دېيىلەتتى.

ئالىيلىرىغا كۆرۈنۈش قىلدۇردى. خان ئالىيلىرى ئۆنىڭ تىرىشچان، تېجەشلىك ۋە ئېھتىياتچانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، جىياڭشىنىڭ ئاشلىق نازىرلىقىغا تەيىنلىگەنىدى. ئۇ خان ئالىيلىرىنىڭ بۇ شەپقىتىگە تەشەككۈر بىلدۈردى ۋە يولغا چىقىش ۋاقتىنىمۇ تەيىنلەپ خاننىڭ تەستىقىغا سۇندى. مۇبارەكلەپ كەلگەن قوۋم ـ قېرىنداش دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئۆنچىلا جوۋاپمۇ كەتمىدى، ئەس ـ يادى بالىۋاقىسىدا ئىدى، يەنە كېلىپ ئائىلىسىدە هايال بولۇپ قېلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى.

ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، جيا ئانىنىڭ يېنىدىن «بېگىمنى تەكلىپ قىلىدۇ» دەپ كىشى كىردى. جيا جېڭ دەرهال جيا ئانىنىڭ يېنىغا كىردى، ئاغرىپ قالغان ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ شۇ يەردە ئىكەن، جيا جېڭ جيا ئانىغا تەزىم قىلدى. جيا ئانا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىپ:

ـــ بىرقانچە كۈنگە قالماي خىزمىتىڭگە ماڭىدىغان ئوخشايسەن، ساڭا دەيدىغان بىرمۇنچە گەپلىرىم بار ئىدى، قۇلاق سالامسەنكىن؟ ـــ دەپلا كۆز يېشى قىلدى. جيا جېڭ دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـــ ئۇلۇغ ئانىمىز، هەرقانداق گەپلىرى بولسا، ئىلتىپات قىلىپ تاپىلىسىلا، كەمىنە ئوغۇللىرىنىڭ ئىتائەت قىلماسقا هەددى ئەمەس.

ـــ بۇ يىل سەكسەن بىرگە كىرىپ قالدىم، ـــ دېدى جيا ئانا كۆكسۈنۈپ، ـــ مۇشۇنداق بىرچاغدا ياقا يۇرتقا خىزمەتكە ماڭماقچى بولۇپ قالدىڭ. ئائىلىدە ئاكاڭ بولغاچقا، بىز قېرى ـ چۈرىلەرنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراشقا بولمايدۇ. سەن كەتكەندىن كېيىن، كۆيۈنۈپ باققانلىرىمدىن باۋيۈيلا قالىدۇ، قېرىشقاندەك بۇمۇ كېسەل بولۇپ، خۇدىنى يوقىتىپلا قويىدى، ۋايتاڭەي، قانداق بولاركىن. تۈنۈگۈن لەي شېڭنىڭ ئايالىنى باۋيۈيگە پال باقتۇرۇپ باققىلى جورۇغاندىم، تاپقان پالچىسى راسا موللا تاپقاق ئىكەن: «مەدەن ئاناسىرىدىن

ئاپىرىدە بولغان كىشىگە ئۆيلىنىپ، شۇ كىشى يار ـ يۆلەك بولسا، پالاكەتكە توي خۇشاللىقى بىلەن بەرھەم بېرىلسە ساقىيىدۇ، بولمىسا ئامان قېلىشى تەس بولارمىكىن» دەپتۇ. ئۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەيدىغانلىقىڭنى بىلگەچكە، سېنى مەسلىھەتكە چاقىردىم. ئاغىچاڭمۇ مانا بۇ يەردە، ئىككىڭلار مەسلىھەتلىشىپ بېقىڭلار، باۋيۇيىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىمىز تۈزۈكمۇ ياكى ئۇنى نېمە بولسا بولسۇن دەپ بولۇشىغا قويۇۋېتەمدۇق؟

ــ ئۇلۇغ ئانا، ــ دېدى جيا جېڭ ھېجىيىپ، ــ ئۆز ۋاقتىدا كەمىنە ئوغۇللىرىغا شۇنداق كۆيۈنەتتىڭىز. ئەمدى كەمىنە ئوغۇللىرى ئۆز ئوغلۇمغا شۇنداق كۆيۈنمەسمەنمۇ؟ باۋيۇيىنى ئىجتىھات قىلمىدى دەپ ھەمىشە ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەنىدىم، بۇ پەقەت ئۇنى يارامىلىق ئادەم بولسۇن دېگىنىم ئىدى. ئۇنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويماقچى بولسىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئىيتقانلىرىچە بولسۇن، مەن ئۇلۇغ ئانىمىز قىلغاننىڭ تەتۈرسىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا كۆيۈنمەيدىغان ئىش قىلارمەنمۇ؟ باۋيۇي ئاغرىپ قالغاننىڭ بۇياقى كەمىنە ئوغۇللىرىمۇ بىئارام بولۇۋاتىمەن. ئۆزلىرى مېنى ئۇنىڭ بىلەن «كۆرۈشمەي تۇر» دېگەچكە، مەنمۇ لام ـ جىم دېيەلمىدىم. باۋيۇينىڭ كېسىلى زادى نېمىكەن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقسام بولاتتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا جېڭنىڭ گەپ قىلىۋېتىپ، كۆزىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، باۋيۇيگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى بىلدى ـ دە، شىرېننى جورۇدى. شىرېن باۋيۇينى يۆلەپ ئېلىپ كىردى. باۋيۇي ئۆز ئاتىسى بىلەن كۆرۈشكەندە شىرېن تەزىم قىلىڭ، دېۋىدى تەزىم قىلدى. جيا جېڭ ئۇنىڭ ناھايىتى جۇدەڭ چىرايى ۋە نۇرسىز كۆزلىرىگە قاراپ مەجنۇن سۈپەت بولۇپ قالغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنى ئاچقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن «ئۆزۈممۇ ئاتمىشقا بېرىپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياقا يۇرتقا خىزمەتكە تەيىنلىنىپ ماڭماقچى بولۇۋاتىمەن، قاچان

قايتىپ كېلىشىم نامەلۇم. مۇبادا بۇ بالام ساقىيالماي قالىدىغان بولسا، بىرىنچىدىن، قېرىغاندا بالىسىز قالىمەن، نەۋرەم بار دېگەن تەقدىردىمۇ، بەربىر ئاردا بىر بوغۇن ئۈزۈلۈپ قالغان بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم باۋيۇيگە بەك كۆيۈنىدۇ، ناۋادا بىرەر پېشكەللىك بولۇپ قالسا گۇناھىم ئۈستىگە گۇناھ قوشۇلۇپ قالامدۇ؟» دەپ خىيال سۈردى. ئۇ يۇم ـ يۇم يىغلاۋاتقان ئاغىچا خېنىمنى كۆرۈپ، خىيالى ئۇنىڭغا بۆلۈنۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ئۇلۇغ ئانىمىز شۇنچە ياشانغان تۇرۇقلۇق نەۋرىسىگە كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ غېمىنى يەۋاتقان يەردە، ئوغلى بولغان مەن بۇنى بىلىپ تۇرۇپ خىلاپ ئىش قىلامدىمەن؟ ئۇلۇغ ئانىمىز قانداق قىلىمەن دېسە شۇنداق بولسۇن. بىراق، ھامما خېنىمنىڭ سەمىگە سېلىندىمىكىن؟

— ھامما خېنىم بۇرۇنلا ماقۇل بولغان، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم گەپنى تارتىۋېلىپ، — ئوغلى شۆ پەننىڭ دەۋاسى بىر ياقلىق بولمىغاچقا، يېقىندىن بۇيان بۇ ھەقتە قايتا ئېغىز ئاچمىدۇق.

— مانا بۇ ئىشنىڭ ھەممىدىن تەس يېرى، — دېدى جيا جېڭ، — ئاكىسى تۈرمىدە ياتسا سىڭلىسى قانداق ياتلىق بولىدۇ؟ خانىشنىڭ تەزىيەسى مۇناسىۋىتى بىلەن توي ـ تۆكۈن ئىشلىرى مەنئى قىلىنمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا باۋيۇينىڭ ياتلىق بولغان ئاشۇ ئاچىسى ئۈچۈن توققۇز ئاي قارىلىق تۇتىدىغان يولى بار، شۇڭا ھازىرچە ئۇنىڭمۇ ئۆيلىنىشى ئەپسىز. ئاندىن قالسا، يولغا چىقىش كۈنۈمنى مەلۇم قىلىپ قويۇپتىكەنمەن، ھايال بولۇشقا تېخى توغرا كەلمەيدۇ، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قانداقمۇ بىر ئىش قىلغىلى بولار؟

جيا ئانا ئويلىنىپ قالدى: «دەرۋەقە، بۇنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ توغرا. لېكىن، مۇشۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتسۇن دەپ قاراپ تۇرساق، ئاتىسى كېتىپ قالىدۇ. مۇبادا كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە

ئېغىرلاشسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بەزى قائىدە ـ يوسۇنلارنى قايرىپ قويۇپ، بۇ ئىشنى پۈتكۈزۈۋەتسەك بولىدىغان ئوخشايدۇ.»

— ئەگەر تويىنى قىلمىسەن دېسەڭ، ھېچقانداق ئىشنىڭ پۇتلاشماسلىقىغا مېنىڭ ئامالىم بار، — دېدى جىيا ئانا، — ھاما خېنىمغا كەلسەك، ئاغىچاڭ بىلەن مەن ئۆزۈم كىرىپ ئۇنىڭدىن سورىنىمىز. شۆ پەنگە مەن شۆ كېينى جورۇسام، ئۇ بېرىپ، باۋيۈينىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، ھەر ئىشنى ئۆز يولىدا تۈگەتسەك دەپ ئېيتسا ئۇمۇ ماقۇل دەيدۇ، قارىلىق تۇتۇۋاتقاندا توي قىلىشقىغۇ توغرا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باۋيۈي كېسەل، بۇ ھالدا ئۇنى ئۆيلەشكىمۇ بولمايتتى، پەقەت پالاكەتتىن توي خۇشاللىقى بىلەن قۇتۇلدۇرىدىغان ئىش بولۇپ قالغاچقا، بىز ئىككى ئائىلە ماقۇل كۆرسەك، باللارنىڭمۇ «زەر ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» بولۇپ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا، نىكاھ يۇلتۇزلىرىنىڭ جۈپ كېلىش ـ كەلمەسلىكىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايلا، قۇتلۇق كۈننى تاللاپ ئەھۋالىمىزغا بېقىپ تويلۇقنى بەرسەكلا بولدى. ئاندىن قىز كۆچۈرىدىغان كۈننى بەلگىلەپ، نەغمە ـ ناۋا قىلمايلا ئوردىنىڭ يوسۇنى بويىچە ئون ئىككى جۈپ پانۇس كۆتۈرگۈزۈپ، سەككىز كىشىلىك تەختىراۋان بىلەن كۆچۈرۈپ كەلسەك، جەنۇبنىڭ قائىدىسى بويىچە تەزىم رەسمىيىتىنى ئادا قىلدۇرساق، چىمىلدىقتا كىرىش، چاچقۇ چېچىش ئىشلىرىنى قىلساق، ئۆيلەنگەن ھېساب بولمامدۇ؟ باۋچەي قىز كۆڭلى ئوچۇق، ئوڭلۇق قىز، ئۇنىڭدىن غەم يېمىسەكمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىدا شىرىن بار، ئۇمۇ كېلىشىملىك بالا، مۇشۇنداق ئوڭلۇق بىرسى ھەمىشە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ تۇرسا تېخىمۇ ئوبدان بولىدۇ. ئۇمۇ باۋچەي قىز بىلەن چىقىشالايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، شۆ ھاما خېنىممۇ: «باۋچەي قىزنىڭ ئالتۇن قۇلۇپى توغرۇلۇق بىر راھىب قاشتېشى بار كىشى بىلەن نىكاھلىنىدۇ دېدى» دېگەنىدى. بەلكىم باۋچەي

www.uyghurkitap.com

قىز كېلىن بولۇپ كىرسە، ئۇنىڭ ئالتۇن قۇلۇپىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ھېلىقى قاشتاش تېپىلىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىپ قالسا، ھەممىمىزنىڭ تەلىيى ئەمەسمۇ؟ ئەمدىچۇ، دەرھال ئۆيىنى راسلاپ، جابدۇش كېرەك. ئۆينى ئۆزۈڭ ئاجرىتىپ بەرگىن، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەردىن ھېچكىمنى قىچقىرمايمىز، توي داستىخىنىمۇ تارتمايمىز. باۋيۇي ساقىيىپ قارىلىق مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، مېھمان چىللاپ داستىخان سالساقمۇ بولىدۇ. شۇنداق قىلساق ھەممىگە تەڭ ئۇلىشالايدىكەنمىز، سەنمۇ بۇ ئىككى بالىنىڭ تويىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ، خاتىرجەم يولۇڭغا كېتىۋېرىسەن.

بۇنى ئاڭلىغان جيا جېڭ رازى بولسۇن - بولمىسۇن، بۇ ئىشقا جيا ئانا باش بولۇۋاتقاندىن كېيىن گېپىنى يىرالماي، ئارانچە ھېجىيىپ قۇللۇق بىلدۈردى:

— ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ ئويلىغىنى ناھايىتى توغرا، ھەممىنى ئېپى - جېپى بىلەن ئويلاپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئائىلىمىزدىكى جىمى كىشىگە جېكىلەپ قويۇش زۆرۈر. ئۇلار چوقان - سۈرەن كۆتۈرۈپ، ھەممە يەرگە يېيىپ يۈرمىسۇن، بولمىسا، بىزگە ئەيىب كېلىپ قالىدۇ. ھاما خېنىم ئۇنىماسمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، ئەگەر ئۇناپلا قالسا، ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قىلايلى.

جيا جېڭ يېنىپ چىقىپ، بىردەم دىلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى. تەيىنلەنگەن خىزمىتىگە مېڭىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىش - كۆشلىرى كۆپىيىپ كەتكەندى، دىۋاندىن سەنەتنامە ئالدى، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى ئۇنىڭغا ياردەملىشىشكە ھەرخىل كىشىلەرنى تەۋسىيە قىلىشتى. ئىشقىلىپ، ھەرخىل - ھەر ياڭزا ئىشلار ئۇنى بېسىۋېلىپ، باۋيۇينىڭ ئىشىنى جيا ئانىنىڭ ئىختىيارى بويىچە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيېگە قويۇپ بەردى. قۇتلۇق ئايۋان ئارقىسىغا جايلاشقان ۋاڭ ئاغىچا

خېنىم ھەرەمخانىسىنىڭ يېنىدىكى ئارىلىق ھويلىنى يىگىرمە نەچچە ئېغىز ئۆي بىلەن باۋيۈيگە كۆرسىتىپ بېرىپ، باشقا ئىش بىلەن كارى بولمىدى.

جىيا ئانا بىر پىكىرگە كېلىپ ئۇنىڭغا ئېيتقۇزغانىدى، ئۇ «ئوبدان بوپتۇ» دەپلا قويدى. بۇلار كېيىنكى گەپ.

ئەمدى گەپنى باۋيۈيدىن ئاڭلىغايسىز. جىيا جېڭغا كۆرۈنۈش قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شىرېن ئۇنى يۆلەپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ياندۇرۇپ كىرىپ كاڭغا چىقىرىپ قويدى. جىيا جېڭ دالاندا بولغاچقا، باۋيۈي بىلەن گەپلىشىشكە ھېچكىم پېتىنالمىدى. باۋيۈي مەست ـ ئەلەس ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى. شۇڭا، جىيا ئانا بىلەن جىيا جېڭنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر تالمۇ كىرمىدى. شىرېن بولسا قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئېنىق ئاڭلىۋالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئانچە ـ مۇنچە شەپىسىنى ئاڭلاپ قالغان بولسىمۇ، مىش ـ مىش گەپ دەپ، دەسلەپتە ئانچە سىنەكىمىگەنىدى، باۋچەي بۇ ياققا قەدەم باسماي قويغاندىن كېيىن، ئۇ گەپلەرگە چىنپۇتۇپمۇ قالغانىدى. بۈگۈن گەپنىڭ ئېنىقىنى ئاڭلاپ، خۇددى سۇ سۈزۈلگەندەك كۆڭلىمۇ يورۇپ قالدى ـ دە، بۇنىڭدىن خۇشال بولدى. ئۇ خىيال سۈرۈپ: «دەرۋەقە، چوڭلارنىڭ كۆزى ھەممىگە يېتىدىكەن! ئۇ ئىككىسى ئەمدى لايىقىنى تېپىشىپتۇ. مېنىڭ تەلىيىممۇ ئوڭدىن كەپتۇ. ئۇ كەلسە، يۈكۈم خېلىلا يېنىكلەيدىغان بولدى. بىراق، بۇ ياقنىڭ كۆڭلى يالغۇز دەيیۈيدىلا. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ گەپلەردىن بۇنىڭ خەۋىرى يوق، ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا ئالەمنى مالەم قىلىۋېتەرمىكىن» دەپ ئويلاۋېتىپ، بىردىنلا بايىقى خۇشاللىقى قايغۇغا ئايلاندى ـ دە، يەنە ئويغا چۆمدى: بۇ ئىشنى قانداق قىلسام بولار؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىملار ئۇنىڭ ئىچ سىرىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇلار، خۇشلۇقى تۇتۇپ كېتىپ كېسىلى ساقىيىپ قالارمىكىن دەپ، بۇنىڭغا يۈزتۇرا دەپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، بۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

كۆڭلى بالدۇرقىدەكلا تۇرسا. ئۇ دەيىۋى قىز بىلەن يېڭى كۆرۈشكەندىلا، قاشتاشنى چۆرۈۋېتمەن، چېقىۋېتىمەن دېگەن. قايسى يىلى يازدا يەنە باغدا مېنى دەيىۋى قىز دەپ چاغلاپ بىرمۇنچە كۆكۈل سىرىنى دەپ تاشلىغان. كېيىن زىجۇەننىڭ بىر ئېغىز چاقچاق گېپى بىلەن، يىغلاپ ئۆلەي دېگەن. مۇبادا ساڭا باۋچەي قىزنى ئېلىپ بېرىمىز دەپ، دەيىۋى قىزنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغان بولسا، ئۇ خۇدىنى بىلمىسىمۇ مەيلى، سەل ـ پەللا ئۇقۇپ قالىدىغان بولسا پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرماق يوق، ئەكسىچە ئۆلۈمىنى تېزلىتىپ قويارمىكىن! ئەگەر گەپنى ئېچىپ دېمەيدىغان بولسام، ئۇ چاغدا بىراقلا ئۈچ ئادەمگە زامىن بولغان بولمايمەنمۇ؟

شىرېن شۇ پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن، جيا جېڭ چىقىپ كەتكۈچە تەخىر قىلدى، ئاندىن چيۇۋېننى باۋيۈيگە قارىتىپ قويۇپ، ئىچكىرىكى ھۇجرىدىن چىقىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا كىردى ـ دە، ئۆزلىرىگە گېپىم ئىدى دەپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى جيا ئانىنىڭ ئارقا ھۇجرىسىغا كۇسۇرلاپ تەكلىپ قىلدى. جيا ئانا باۋيۈينىڭ گېپى بار ئوخشايدۇ دەپ ئۇنىڭغا ئېرەن قىلماي، تويلۇقنى قانداق بېرىش، قىزنى قانداق كۆچۈرۈش مەسلىھەتى بىلەن بولۇپ كەتتى.

شىرېن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن خالىي ھۇجرىغا كىرىپلا تىزلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى.

ـــ بىر ئوبدانلا تۇرۇپ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ـــ دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ غەرىزىنى ئۇقالماي قولىدىن تارتىپ، ـــ خورسىنغان يېرىڭ بولسا ئورنۇڭدىن قوپۇپ دېگىن!

ـــ مەن غالچىلىرى، ـــ دېدى شىرېن، ـــ بۇ گەپنى دېمىسەم بولاتتى، ئەمما ئېيتماسلىققا ئامالىم قالمىدى!

ـــ قېنى، ھودۇقماي ئېيتقىنا.

ـــ باۋيۈينىڭ توي ئىشى توغرىسىدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ۋە ئۆزلىرى باۋچەي خېنىمنى ئېلىپ بېرىش قارارىغا كېلىشىپلا.

بۇغۇ خويمۇ ئوبدان ئىش بوپتۇ. بىراق، مەن غالچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە بېشىم قېتىۋاتىدۇ. ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ پەمىچە، باۋيۇينىڭ دەييۇي خېنىم بىلەن ئېقى كېلىشەرمۇ ياكى باۋچەي خېنىم بىلەنمۇ؟

— ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئۆتكەچكە باۋيۇينىڭ دەييۇي قىز بىلەن بىرئاز ئېقى كېلىشىدۇ.

— «بىرئاز» ئەمەس، — دېدى شىربېن يەنە. ئۇ باۋيۇينىڭ ئادەتتە دەييۇي بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىرىدا شۇنداق دېدى، — بۇ ئىشلارنى، خېنىم، ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ئىشلار. ئاشۇ يىلى يازدا بولغان گەپنىلا بىركىمگە دېيىشكە پېتىنالمىغانىدىم.

— ئىككىسىنىڭ ئەپتىدىن مەنمۇ ئانچە ـ مۇنچە بايقاپ قالغان، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شىربېننى تارتىپ، — بۇگۈن دېۋىدىڭ، تېخىمۇ ئىشەندىم. بېگىمنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئۇمۇ ئاڭلىغاندۇ. بايقىشىڭچە، ئۇنىڭ كەيپى قانداقراق؟

— بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە، باۋيۇيگە بىركىم كېلىپ گەپ قىلسا كۈلۈپ قويىدۇ، ھېچكىم گەپ قىلمىسا ئۇخلايدۇ. شۇڭا، بايىقى گەپلەرنى ئۇ ئاڭلىمىدى.

— بۇ ئىشنى قانداق قىلساق بولار؟

— مەن غالچىلىرىڭىز دەيدىغاننى دېدىم. ئەمدى خېنىم ئۆزلىرى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا دەپ تەلتۆكۈس چارىسىنى قىلىشسىلا ئوبدان بولاتتى.

— سەن چىقىپ ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەر. شۇ تۇرقىدا ئۆيدە ئادەم تولا، ھازىرچە بۇ توغرىدا ئېغىز ئېچىشقا بولمايدۇ. كېيىن بىر پۇرسەت تېپىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن يولىنى قىلارمىز، — دەپ قويۇپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا ئانىنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى.

جيا ئانا فېڭجيې بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇراتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى كۆرۈپلا:



www.uyghurkitap.com

— شىرىن قىز نېمە دەيدۇ، شۇنچە كۈسۈرلاپ؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، باۋيۈينىڭ ئىچ سىرىنى يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە جيا ئانىغا سۆزلەپ بەردى. جيا ئانا بىرھازاغىچە ئۈندىمەي ئولتۇرۇپ قالدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيېمۇ باشقا گەپ قىلىشمىدى.

— باشقا ئىش بولسىمۇغۇ بىرنۆرى ئىدى، — دېدى جيا ئانا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — دەيىۈينىڭغۇ كارى چاغلىق، باۋيۈي راستىلا ئاشۇنداق بولىدىغان بولسا كىشىنى تەڭلىكتە قالدۇرىدۇ جۇمۇ!

— نېمىگە تەڭلىكتە قالدۇراتتى، — دېدى فېڭجيې بىر قۇر ئويلىنىپ باقاندىن كېيىن، — بۇنىڭغا بىر ئامال تاپتىم، ھامىمام ئۇنامدىكىن.

— ئامال تاپقان بولساڭ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا دەپ باققىن، ئانا - بالا ھەممەيلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلارمىز.

— مېنىڭچە بولسا، — دېدى فېڭجيې، — «ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا» قىلىش كېرەك.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— ئەمدىچۇ، — دېدى فېڭجيې، — باۋيۈي ئۇكام ئۇقتىمۇ، ئۇقمىدىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن. ھەممەيلەن ئۇلۇغ بېگىم ئۆزى ئىگە بولۇپ، دەيىۈي خېنىمنى ساڭا ئېلىپ بېرىدىغان بولدى دەپ چۇقان سالايلى، ئاندىن ئۇنىڭ كەيپى قانداق، شۇنىڭغا قاراپ باقايلى. ئەگەر ئۇنىڭ ھېچنېمە بىلەن كارى بولمىسا، يول سارىخانغا قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ئەگەر كۆڭلىگە ياقانلىقى بىلىنگۈدەك بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ئىش بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدۇ.

— ئۇنىڭغا خۇشياقتىمۇ دەيلى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇ چاغدا نېمە چارە قىلماقچىسەن؟

فېڭجيې ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا كېلىپ، مانا مۇنداق قىلمىز دەپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويۇپ: «شۇنداق قىلساقمۇ بولىدىكەن» دېدى.

— ئىككىڭلار قانداق ئويۇن چىقارماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا، — قېنى ماڭا دەپ بېرىڭلارچۇ؟

فېڭجيې، جيا ئانا ئۇقماي قېلىپ سىرنى بىلىنىدۇرۇپ قويمىسۇن يەنە دەپ، ئۇنىڭمۇ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ بىرقۇر دەپ بەردى. دېگەندەك، جيا ئانا بىردىنلا چۈشىنەلمىدى. فېڭجيې كۈلۈپ تۇرۇپ، يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قوشۇمچە قىلغاندىن كېيىن:

— شۇنداق قىلسىمۇ بولغۇدەك، — دېدى كۈلۈپ، — بىراق، باۋچەي قىزغا ئەلەم بولىدۇ - دە. بۇ ئىشنىڭ داۋرىڭى چىقىپ كەتسە، دەيۈي قىز قانداق بولۇپ كېتەر؟

— بۇ گەپنى، — دېدى فېڭجيې، — باۋيۈينىڭ ئۆزىگىلا دېيمىز، سىرتقا زادىلا دېمەيمىز، ئۇ چاغدا كىم خەۋەر تاپالايتتى؟

گەپ ئۇستىگە چۈرە قىز «جيا لىيەن بېگىم كەپتۇ» دەپ خەۋەر ئېلىپ كىردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا ئانىنىڭ سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، فېڭجيېگە ئىما قىلىپ قويدى. فېڭجيې دەرھال جيا لىيەننى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھوجرىسىغا باشلاپ كىردى. بىردەمدىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كىرىپ فېڭجيېنىڭ يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. جيا لىيەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا تەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شىلىدۇن ئۆتكەنگە بېرىپ، ۋاڭ زىتېڭنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا قاراشقانلىقىنى بىرقۇر دەپ بەردى. ئاخىرىدا شۇنداق دېدى:

— مېھىر - شەپقەتلىك خان ئالىيلىرى تاغىمىزغا ئوردا دىۋانىدا مەنسەپ - مەرتىۋە ئاتا قىلغاندىن كېيىن، يەنە مەرھۇمغا ۋېنچىنگۇڭ① دېگەن ئۇنۋان ئىلتىپات قىپتۇ. ئاندىن ئۆز جەمەتى

---

① ۋېنچىنگۇڭ — مەرىپەتلىك ئىشچان ئەمىر.

ئۇنىڭ جەسىتىنى ئانا يۇرتىغا ئېلىپ بارسۇن، يول ئۈستىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇلاردىن خەۋەر ئالسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇنۇگۈن يولغا چىقىپ جەنۇبقا سەپەر قىلدى. تاغاچام ھەر بىرلىرىگە سالام يوللىدى، ماڭا: «ھالا بۈگۈنكى كۈندە پايتەختتىكە كىرەلمەيدىغانلىقىمنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن، مۇڭدىشىدىغان گەپلىرىم تولا ئىدى» دېدى. قېيىنئاغامنىڭ پايتەختتىكە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتىكەن، يولدا ئۇچرىشىپ قالسا ئۇنى ئۆزۈڭلارنىڭكىگە باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ ئېيتىڭلار، دەپ تاپىلىدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىمىنىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قانچىلىك ھەسرەت ـ نادامەت چەككەنلىكىنى دەپ ئولتۇرمايمىز. فېڭجيې بىرپەس كۆڭلىنى ياساپ تەسەللى بەردى.

— خېنىم، — دېدى ئۇ، — سەل ئارام ئېلىۋالسىلا، كەچتە كېلىپ باۋيۈينىڭ ئىشىنى مەسلىھەتلىشەرمىز.

شۇ گەپ بىلەن فېڭجيې بىلەن جيا ليەن ئۆز ھۇجرىسىغا قايتتى. بولغان مەسلىھەتنى جيا ليەنگە دەپ بېرىپ، يېڭى ھۇجرىنى جابدۇشقا ئادەم بۇيرۇڭ دېدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالغاي.

بىر كۈنى ناشتىدىن كېيىن، دەييۈي بىرىنچىدىن ئامان ـ ئېسەنلىك سوراش، ئىككىنچىدىن، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ كېلىش ئۈچۈن زىجۈەننى ئەگەشتۈرۈپ جيا ئانىنىڭكىگە كەلمەكچى بولدى. بامبۇكزار سارايدىن چىقىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، قول ياغلىقى ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقى بىردىنلا يادىغا كېلىپ، زىجۈەننى ياغلىقنى ئېلىپ كېلىشكە جورۇدى. ئۇ كەلگۈچە ئۆزى بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئاستا ماڭغاچ تۇردى. ئەترەپشان كۆۋرۈكنىڭ ئۇ يېقىدىكى جايغا، قايسى بىر يىلى باۋيۈي بىلەن بىللە گۈل ـ چېچەك كۆمگەن يەرگە كەلگەندە، بىركىمنىڭ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

دەيىۋي قەدىمىنى توختىتىپ تىڭشىۋىدى، كىمنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى، يىغلاپ ـ قاقشاپ نېمە دەۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمەي كۆڭلىگە شەك كەلدى. ئاخىر ئۇ بىر ـ بىر بېسىپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قېشىغا بېرىپ قارىسا، قاشلىرى قويۇق، كۆزلىرى يوغان بىر چۆرە قىز يىغلاپ تۇرۇپتۇ.

دەيىۋي ئۇنى كۆرمىگەن چاغدا، قەسىردىكى چوڭ بولۇپ قالغان قىزلاردىن بىرسى ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقان يۈرەك سىرلىرى بولسا بۇ يەرگە كېلىپ دەردىنى تۆكۈۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلغانىدى. ئۇ چۆرە قىزنى كۆرگەندە، كۈلكىسى قىستاپ: «بۇنداق گالۋاڭ بىرنېمىدە ئىشقتىن ئەسەر بولامتى ! بۇ ھەرقاچان ھۇجرىدا قاتتىق ـ يىرىك ئىش قىلىدىغان چۆرە، بۇنى چوڭ دېدەكلەر ئانىي تاپقان ئوخشايدۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ، شۇنچە سىنچىلاپ قارىسىمۇ، ئۇنى تونۇيالمىدى.

دەيىۋينى كۆرۈپ قالغاچقا، ئۇ چۆرە قىز يىغىسىنى توختىتىپ، ئورنىدىن قوپۇپلا يېشىنى ئېرتىۋەتتى.

— بىكاردىن ـ بىكار بۇ يەردە نېمىدەپ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىپ تۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى دەيىۋي.

— خان قىز، — دېدى چۆرە قىز يەنە ياش تۆكۈپ، — بۇنى ئۆزلىرى بىر نېمە دەپ ئايرىپ باقسىلىچۇ؟ ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى مەن ئۇقمىسام، ئاغزىمدىن بىر ئېغىز گەپ خاتا چىقىپ قالغىنىغا ئاچام نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا مېنى ئۇرۇۋاتىدۇ.

دەيىۋي ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي، كۈلۈپ سورىدى:

— ئاچاڭ كىم؟

— جېجۇ ئاچامچۇ.

بۇنىڭدىن دەيىۋي جيا ئانىنىڭ ئۆيىدىكى چۆرە قىز ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە:

— ئېيتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ ئېتىم گالۋاڭ داجيې.
— ئاچاڭ سېنى نېمىشقا ئۇردى؟ — دەپ سورىدى دەييۈي يەنە كۇلۇپ قويۇپ، — قايسى گەپنى خاتا دەپ سالغانىدىڭ؟
— نېمە ئۈچۈن بولاتتى؟ باۋيۈي غوجامنىڭ باۋچەي خېنىمغا ئۆيلىنىدىغان ئىشى ئۈچۈن بولمامدۇ !
دەييۈي بۇ گەپنى ئاڭلىغان زامان بېشىدا چاقماق چاققانـدەك يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ سەل ھوشىنى يىغىۋېلىپ:
— بۇ ياققا كەلگىنە، — دېدى.
ئۇ چۆرە قىز دەيـيۈينىڭ كەينىدىن چەت بىر بۇلۇڭدىكى شاپتۇل چېچىكى كۆمگەن يەرگە كەلدى، ئۇ خالىي يەر ئىدى.
— باۋيۈي غوجام باۋچەي قىزغا ئۆيلەنسە ئۇ نېمە دەپ سېنى ئۇرىدىكەن؟ — دەپ سورىدى دەيـيۈي.
— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاغىچا خېنىم ۋە ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەنىدى، — دېدى گالۋاڭ داجيې، — ئۇلۇغ بېگىم يولغا چىقماقچىكەن، شۇڭا ئۇلار ھاما خېنىم بىلەن تېزرەك مەسلىھەتلىشىپ، باۋچەي خېنىمنى كېلىن قىلىپ كۆچۈرۈپ كىرەيلى، دېيىشتى. باۋيۈي غوجامنى پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرىمىز دەمدۇ نېمە؟ يەنە بىرسى... — ئۇ گېپى شۇ يەرگە يەتكەندە دەيـيۈيگە قاراپ كۇلۇپ قويدى - دە، ئاندىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، بۇ ئىشنى تۈگىتىپلا، خېنىم يەنە ئۆزلىرىگىمۇ قېيىنئانا تاپىدىكەن تېخى !
دەيـيۈي ئاللىقاچان تامدەك قېتىپ قالغانىدى.
— ئۇلار، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى ئۇ چۆرە قىز، — باۋچەي خېنىم ئاڭلاپ قېلىپ ئىزا تارتىپ قالمىسۇن دەپ غوۋغا كۆتۈرمەسلىكنى پۈتۈشۈپ قويغانىكەن، بۇنى مەن نەدىن بىلەي، باۋيۈي غوجامنىڭ ئۆيىدىكى شىرىن ئاچامغا: «ئەتە - ئۆگۈن تېخىمۇ قىزىق ئىش بولىدىكەن - دە، باۋچەي خان قىز تۇرۇپلا باۋچەي كېلىن ئاغىچا بولۇپ قالسا، ئۇنى نېمە دەپ ئاتايدىغاندىمىز؟» دەپ سايتىمەن. خان قىز، سىلى دەپ باقسىلا،

www.uyghurkitap.com

بۇ گېپىمدىن جىنجۇ ئاچامغا نېمە دەز كەتكەندۇ؟ ئۇ كېلىپ مېنى بىر كاچات سالدى، مېنى چوڭلارنىڭ دېگەن گەپلىرىنى دەپ، ئاغزىڭغا كەلگىنىنى ۋالاقشىدىڭ دېدى، تېخى قوغلاپ چىقىرىۋەتمەكچى بولدى. چوڭلارنىڭ زوۋانىڭلارنى چىقارماڭلار دېگىنىنى مەن نەدىن بىلەي ! ئۆزلىرى ماڭا دەپ قويماي، يەنە مېنى ئۇرامدىكەن؟ — ئۇ شۇنداق دەپ يەنە يىغلىدى.

شۇ تاپتا دەييۇي شۇنداق روھىي ھالەتتە قالدىكى، گويا دۇنيانىڭ جىمى ئاچچىق - چۈچۈك، تاتلىق - تېتىقلىرى ئەبجەش بولۇپ كەتكەندەك، ھېچقانداق تەمنى سەزمەيدىغان گاراڭ ھالەتتە بولۇپ قالغانىدى. بىرپەستىن كېيىن تىترەپ تۇرۇپ:

— كەلسە - كەلمەس گەپ قىلىپ يۇرمە ! بۇنداق ۋالاقشىپ يۇرسەڭ، خەق ئاڭلاپ قالسا سېنى دۇمبالايدۇ. ماڭ، كەتكىن، — دېدى.

دەييۇي ئۆزى كەينىگە بۇرۇلۇپ بامبۇكزار سارىيىغا ياندى. ئۇنىڭ گەۋدىسى مىڭ پاتمان يۈك ئارتىلغاندەك ئېغىرلىشىپ، پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ دەسسەۋاتقاندەك بوشىشىپلا كەتكەنىدى. ئىلاجسىزلىقتىن بىر چامداپ، ئىككى چامداپ دېگەندەك ئاستا ماڭاتتى، شۇنچە مېڭىپ ئەترەپشان كۆۋرۈكىنىڭ يېنىغىمۇ يېتىپ كېلەلمىدى. پۇتلىرى بوشىشىپ كەتكەچكە مېڭىشى ئاستا بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خۇدىنى بىلمىگەچكە پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىۋېرىپ، ئىككى ئوق يېتىم يولنى ئارتۇق مېڭىۋەتتى. ئەترەپشان كۆۋرۈكىنىڭ يېنىغا ئەمدىلا كەلگەنىدى، ھوشىنى بىلمەي، قىرغاقنى ياقىلاپ كەلگەن يېرىگە يەنە كېتىپ قالدى.

زىجۈەن قول ياغلىقنى ئېلىپ كېلىپ قارىسا، دەييۇي يوق. ئۇ ياق - بۇ ياققا كۆز يۈگۈرتتى. بىر چاغدا دەييۈينىڭ چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، غالداڭ - غۇلدۇڭ قىلىپ چۆرگۈلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. بىر قىز دەييۈينىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى، خىلىلا ئۇزاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى. ئۇ دەرگۇمان

بولۇپ، دەيىيۇيگە قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ بوشقىنا سورىدى:

— خان قىز، نېمىشقا ياندىڭىز؟ نەگە بارماقچىسىز؟

دەيىيۇيگە بۇ سوئال بىر نەرسە ۋىڭىلداۋاتقانىدەك ئاڭلاندى. ئۇ ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەپ:

— بېرىپ باۋيۇيدىن سوراپ باقاي دەيمەن! — دېدى.

زىجۈەن بۇ گەپنىڭ باش - ئايىغىنى ئاڭقىرالماي، نائىلاج ئۇنى يۆلەپ جيا ئانا تەرەپكە كەلدى.

جيا ئانىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، دەيىيۇينىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇغاندەك بولدى - دە، ئۆزىنى يۆلەپ كېلىۋاتقان زىجۈەنگە قايرىلىپ قاراپ قەدىمىنى توختاتتى.

— سەن نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مەن ياغلىقىڭىزنى تېپىپ كەلدىم، — دېدى زىجۈەن كۈلۈمسىرەپ، — باشتا قارىسام، خېنىم، سىز كۆۋرۈكنىڭ نېرىقى قېتىدا تۇرۇپسىز، قېشىڭىزغا كېلىپ گەپ سورىسام پەرۋا قىلمىدىڭىز.

— مەن، — دېدى دەيىيۇي تەبەسسۇم بىلەن، — سېنى باۋيۇي غوجامنى يوقلىغىلى كەلدىمىكىن دەپتىمەن، بولمىسا بۇ ياققا كېلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

زىجۈەن ئۇنىڭ ئەس - هوشىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى بايقاپ، بايىقى قىزدىن بىرەر گەپ ئاڭلاپ قالغانلىقىنى پەملىدى - دە، بېشىنى لىڭشىتىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بىراق، مۇشۇ تۇرقىدا بۇ باۋيۇي بىلەن كۆرۈشىدىغان بولسا، بىرسى ئۇنداق سەۋدايى مەجنۇن، بىرسى مۇنداق بىخۇد - گاراڭ تۇرسا، شۇ هالەتتە قاملاشمىغان گەپلەرنى چىقىرىپ قويۇشسا قانداق قىلغۇلۇق؟ دەپ ئىچ - ئىچىدىن ئەنسىرەپ قالدى. كۆڭلىدە شۇنداق ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، لېكىن گېپىنى يېرىشقا پېتىنالماي، نائىلاج ئۇنى يۆلىگەن پېتى ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن دەيىيۇي يەنە ئۆڭگۈلەڭلا بولۇپ قالدى، بايىقىدەك مىلىق - سىلىق بولۇپ تۇرماستىن،

www.uyghurkitap.com

زىجۇەنگمۇ مىلەڭزىنى قايرىتقۇزماي ئۆزى قايرىپلا كىردى. ئۆيئىچى جىمجىت ئىدى. جىيا ئانا ئىچكىرىدىكى ئۆيدە چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتاتتى، دېمەك، چۆرىلەردىن بەزىلىرى غىپپىدە ئويىنغىلى چىقىپ كەتكەن، بەزىلىرى مۈگدەپ قېلىشقان، بەزىلىرى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. شىرىن مىلەڭزىنىڭ شىتىرلىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھۇجرىدىن چىقتى ۋە دەييۈينى كۆرۈپلا:

— خان قىز، ئۆيگە كىرسىلە، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

— باۋيۈي غوجام ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى دەييۈي كۈلۈپ.

شىرىن ئەھۋالنى بىلمىگەچكە، جاۋاب بېرەي دەپ تەمشىلىشىگە، زىجۇەن دەييۈينىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ، دەييۈينى كۆرسىتىپ قولىنى چايقاپ قويدى. شىرىن ئۇنىڭ غەرىزىنى ئاڭقىرالماي، گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. دەييۈي بۇنىڭغىمۇ ئېرەن قىلماي، ئىچكىرىكى ھۇجرىغا ئۆزى كىرىپ كېتىۋەردى. باۋيۈي شۇ يەردە ئولتۇراتتى، ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويمىدى، دەييۈينى ئولتۇرۇڭمۇ دېمىدى، ئۇنىڭغا تىكىلگەن پېتى مەجنۇنلارچە پىخىلداپ كۈلىۋەردى. دەييۈي ئۆزى كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇمۇ باۋيۈيگە قاراپ كۈلدى. بۇ ئىككىيلەن سالاملاشماي، گەپمۇ قىلىشماي، تەكەللۇپمۇ قىلىشماي، بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە خۇددى مەجنۇنلاردەك كۈلۈشىۋەردى.

شىرىن بۇ ھالنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى. شۇ ئەسنادا دەييۈي بىردىنلا:

— باۋيۈي، نېمىشقا ئاغرىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— دەييۈي قىزنى دەپ ئاغرىپ قالدىم، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

شىرىن بىلەن زىجۇەن قورققىنىدىن رەڭگى ئۆڭۈپ ھاپىلا - شاپىلا گەپ ئارىلىدى. ئۇ ئىككىسى يەنە گەپ قىلىشماي بايىقىدەكلا مەجنۇنلارچە كۈلۈشكە باشلىدى. شىرىن بۇ ئەھۋالدىن دەييۈينىڭمۇ شۇ تاپتا باۋيۈيدەك خۇدىنى يوقاتقانلىقىنى پەملەپ:

— خان قىز ئەمدىلا ساقىيىپتۇ، بىرىپ ئارام ئالسۇن، چيۇۋېن ساڭا خان قىزنى يۆلەپ ئاپىرىشىپ بەرسۇن، — دېدى زىجوۋەنگە كۇسۇرلاپ. ئاندىن بۇرىلىپ چيۇۋېننى بۇيرۇدى، — زىجوۋەن ئاچاڭغا دەييۇي خېنىمنى ھوجرىسىغا ئاپىرىشىپ بەرگىن، ئېگىز - پەس گەپ قىلغۇچى بولما.

چيۇۋېن گەپ قىلماي كۈلۈپ قويۇپ، زىجوۋەن بىلەن كېلىپ دەييۇينى يۆلەپ تۇرغۇزدى، دەييۇيمۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا باۋيۇيگە قاراپ كۈلۈۋەردى، بېشىنى توختاتماي لىڭشىتىۋەردى.

— خېنىم، ئۆيگە قايتىپ ئارام ئېلىڭ، — زىجوۋەن يەنە ئۇنى ئالدىراتتى.

— شۇ ئەمەسمۇ، مانا ئەمدى قايتىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دەپلا دەييۇي كەينىگە بۇرۇلۇپ كۈلگەن پېتى چىقىپ كەتتى ۋە چۆرىلەرگە تايانماي، ئادەتتىكىدىن باشقىچە، خۇددى ئۇچقاندەك غۇيۇلداپ كېتىۋەردى. زىجوۋەن بىلەن چيۇۋېن ئارقىسىدىن قالماي شاپاشلاپ مېڭىشتى.

دەييۇي جيا ئانىنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل كېتىۋەردى.

— خېنىم، — دېدى زىجوۋەن ئۇنى ئالمان - تالمان توختىتىۋېلىپ، — بۇ ياققا ماڭسىلا.

دەييۇي كۈلگىنىچە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بامبۇكزار سارايغا قاراپ ماڭدى. دەرۋازىغا يېتەي دېگەندە:

— خۇداغا شۈكۈر ! — دېدى زىجوۋەن، — ئۆيگە كېلىۋالدۇق. بۇ گەپنىڭ ئايىغى چۈشە - چۈشمەيلا دەييۇي ئالدىغا مۈدۈرۈپ «ھۆ !» قىلىۋىدى، ئاغزىدىن قان ئوقچۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ھاياتى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

# توقسان يەتتىنچى باب

## لىن دەييۈيىنىڭ قول يازمىلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ ئىشق سەۋداسىدىن قول ئۈزگەنلىكى
## شۆ باۋچەيىنىڭ ياتلىق قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى

دەييۈي بامبۇكزار سارايىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە، زىجۈەننىڭ دېگەن بىر ئېغىز گېپى ئۇنىڭ يۈرىكىگە جاققىدە تەگدى ـ دە، شۇئان قان قۇسۇپ ئايلىنىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ھەر نېمە بولسا، زىجۈەن بىلەن چيۇۋېن ئۇنى دەررۇ يۆلىۋېلىپ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى. چيۇۋېن كەتكەندىن كېيىن، زىجۈەن بىلەن شۆيەن بىر دەممۇ نېرى بولماي ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. دەييۈي بارا ـ بارا ھوشىغا كېلىپ زىجۈەندىن:

— نېمىشقا ماڭا قاراپ يىغلايسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ خۇددى بىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ زىجۈەننىڭ كۆڭلى تىنندى:

— خېنىم، — دېدى ئۇ، — ھېلى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋېتىپ سەل بىئارام بولغانىدىلە، قورقۇپ تەمتىرەپ كېتىپ يىغلاپ تاشلاپتۇق.

— مەن تېخى ئۆلۈپ كەتكۈچىلىك ھالدا ئەمەس! — دېدى دەييۈي كۈلۈپ.

گېپىنىڭ ئايىغى چۈشە ـ چۈشمەيلا، دېمى سىقىلىپ تۇگۇلۇپلا قالدى.

دەييۈي بۈگۈن باۋيۈي بىلەن باۋچەيىنىڭ توي ئىشىنى ئاڭلاپ،

بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان دەرد بولغىنى ئۈچۈن، بىردىنلا ئاچچىقى تۇتۇپ خۇدىنى يوقىتىپ قويغانىدى. قايتىپ كېلىپ قان قۇسقان بولسىمۇ، كۆڭلى بارا ـ بارا يورۇپ ئۆزىگە كەلگەن ۋە بايا بولغان ئىش قىلچىمۇ يادىدا قالمىغانىدى. هازىر زىجۇەنلەرنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ، گالۋاڭ داجيېنىڭ گېپىنى ئارانلا ئېسىگە ئالالىدى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇشىنىڭ ئورنىغا، قەرزدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىدى. زىجۇەن بىلەن شۆيەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار بىركىمگە بېرىپ ئېيتىپ باقايلىمىكىن دېسە، ئۆتكەن دورەمدىكىدەك فېڭجيې يەنە نېمانچە هودۇقۇپ كەتتىكىلار دەمدىكىن دەپ ئۇنداق قىلىشتىن ئەيمەندى. جيا ئانا ئەمدىلا چۈشلۈك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ تۇراتتى، چيۇۋېن ئۆكسۈلى يوق كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ ئەۋزايىنى كۆرۈپ، جيا ئانا:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

قورقۇپ كەتكەن چيۇۋېن بايىقى ئىشنى ئالدىراپ ـ تېنەپ بىر قۇر دەپ بەردى.

— يائاللا ! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ! — دەپ چۆچۈپ كەتتى جيا ئانا ۋە دەرھال ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيېنى چاقىرىپ كىرىپ ئىككىسىگە بولغان ئىشنى دېدى.

— ھەممىسىگە قاتتىق جېكىلەپ قويغانىدىم، — دېدى فېڭجيې، — قانداق ئادەم بىلىندۇرۇپ قويغاندۇ؟ مانا ئەمدى بۇ ئىش تېخىمۇ تەس بولىدىغان بولدى !

— ئۇنداق ئىش بىلەن كارىڭ بولماي تۇرسۇن، ئاۋۋال بىز بېرىپ ئۇنى يوقلاپ كېلەيلى، — دەپلا جيا ئانا ئورنىدىن قوزغىلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيېلارنى ئەگەشتۈرۈپ دەييۈينى يوقلىغىلى كەلدى. ئۇلار كېلىپ قارىسا، دەييۈينىڭ چىرايىدا قاندىن ئەسەر قالمىغان، تامدەك ئاقىرىپ، رەڭگى ئۆچۈپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، تىنىقى ئارانلا قاپتۇ. بىرپەستىن كېيىن يەنە يۆتىلىپ تېلىقىپلا قالدى، چۆرە قىز تۈكۈرۈكدانىنى

www.uyghurkitap.com

تۉتۉپ بېرىۋىدى، قان ئارىلاش بەلغەم تۉكۉردى. ئۉلار ئالاقىزەدە بولۇشۉپ كەتتى. دەيىۉي كۆزىنى ئارانلا ئېچىپ، يېنىدا تۉرغان جيا ئانىنى كۆردى ـ دە، ھاسىراپ تۉرۉپ، ئارانلا:

— چوڭ ئانا! ماڭا بىكارلا كۆيۉنۉپتىكەنلا! — دېيەلىدى.

جيا ئانا بۉ گەپتىن ئازابلىنىپ:

— جېنىم بالام، ئۆزۉڭنى ئوبدان ئاسرا! ھېچ ۋەقەسى يوق! — دېدى.

دەيىۉي مىيىقىدا كۉلۉپ قويۉپ كۆزىنى يەنە يۉمۉۋالدى. چۆرە قىز تالادىن كىرىپ «تېۋىپ كەلدى» دەپ فېڭجيېگە مەلۉم قىلىۋىدى، ئۉلار دەررۉ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ۋاڭ تېۋىپ جيا لىەن بىلەن كىرىپ، تومۉر تۉتقاندىن كېيىن شۉنداق دېدى:

— ھازىرچە ھېچ گەپ يوق، دەرد ـ ئەلەمدىن جىگەر زەخىملىنىپ، جىگەردە قان ئازلاپ كەتكەچكە ماغدۉرى ئۆزۉلگەن. دەردنى ياندۉرۉپ، قان توختىتىدىغان دورا يېسە ساقىيىپ كېتىشى مۉمكىن.

ۋاڭ تېۋىپ تاشقىرىغا جيا لىەن بىلەن چىقىپ دورا يېزىپ بەردى.

جيا ئانا دەيىۉينىڭ ئەھۋالىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۉپ، يېنىپ چىقىپ فېڭجيېلارغا شۉنداق دەپ تاپىلىدى:

— مېنىڭ قارغىغانلىقىم ئەمەس، ھەرھالدا بۉ بالىنىڭ كېسىلى ساقايمايدىغاندەك تۉرىدۉ! ئۉنىڭمۉ غېمىنى يەپ تەييارلىقلىرىنى قىلىپ قويۉڭلار، دورا سەۋەب بولۉپ قېلىپ ساقىيىپ قالسا ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپسىمۉ ئەجەب ئەمەس! ئالمادىن بىرقانداق بولۉپ كەتسىمۉ، ۋاقتى كەلگەندە تېنەپ قالمايمىز. بولمىسا بىر ـ ئىككى كۉنگىچە ئۆز ئىشىمىز بىلەن ئالدىراش بولۉپ كېتىپ ئۉلگۉرەلمەي قالىمىز، قولىمىز بوشىماسىمىكىن.

فېڭجيې خوش دەپ قۉللۉق بىلدۉردى. جيا ئانا، زادى كىم ئېيتىپ قويغاندۉ، دەپ زىجۋەندىن يەنە بىر قۉر سوراشتۉرۉپ

باقتى. ھېچقانداق يىپ ئۇچى تاپالماي ئاخىرىدا:

— بۇ باللار كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ، بىر - بىرى بىلەن چىقىشىپ قالسىمۇ قالغاندۇ. ئەمدى چوڭ بولۇپ ئىشنىڭ يولىنى بىلىپ قالدى، ئەلۋەتتە ئايرىمىراق تۇرۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا قىز بالا دېگەن ئۆزىگە يارىشا ئىش قىلغان بولىدۇ، ئۇ چاغدا مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئامراقلىقىم كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقا بىر غەرەز بولىدىغان بولسا، ئۇ قانداق ئادەم بولۇپ قالغان بولىدۇ؟ مەن بۇنىڭدىن سەل ئەنسىرەپ قالدىم.

جيا ئانا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، شىرېننى چاقىرتىپ يەنە سورىدى، شىرېن ئۇلۇشكۇن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئېيتقانلىرىنى ۋە دەييۈيىنىڭ بايىقى ئەھۋالىنى يەنە بىر قۇر دەپ بەردى.

— بايا بېرىپ قاراپ باقسام، — دېدى جيا ئانا، — ئېسىنى يوقاتقاندەك كۆرۈنمەيدۇ. بۇنى مەن ھېچلا چۈشىنەلمەي قالدىم. بىزدەك كىشىلەردە ئۇنداق ئۆڭگىلەك ئىشلار كۆرۈنمىسە بولاتتى! مۇنداق يۈرەك دەردىگە مۇپتىلا بولىدىغان ئىشلارنىڭ بولۇشىغۇ زادىلا مۇمكىن ئەمەس! دەييۈي قىزنىڭ كېسىلى ئاشۇنداق كېسەل بولمىسىلا، ئۇنىڭغا قانچە پۇل كەتسە مەيلى. ئاشۇ كېسەل بولۇپ قالىدىغان بولسا ساقايتقىلى بولمايدۇ، مېنىڭمۇ رايىم يېنىپ قالدۇ!

— دەييۈي سىڭلىمنىڭ ئىشى توغرۇلۇق، — دېدى فېڭجيې، — غەم يېمەيلا قويسىلا، چوڭ ئانا! ئوتتۇرانچى ئاكىسى ھەر كۈنى تېۋىپقا كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەممىدىن ھامام تەرەپتىكى ئىش مۇھىم. بۈگۈن ئەتىگەن ئاڭلىسام، يېڭى ھۇجرا كەم - كوتىسىز ياسىلىپ بوپتۇ. ئەمدى ئۆزلىرى ئاغىچا خېنىم بىلەن ھامام ياققا ئۆتكەن بولسىلا، مەنمۇ بىللە بېرىپ، شۇ يەردە مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالساق بولاتتى. شۇغىنىسى، ھامامنىڭكىدە باۋچەي سىڭلىم قاراپ تۇرسا بەخۇدۇك سۆزلىشىشكە بولماسمىكىن. ئۇنىڭدىن كۆرە، ھامامنى كەچتە بىز تەرەپكە

www.uyghurkitap.com

ئۆتسىلە دەپ تەكلىپ قىلساق، بىر كېچىدىلا ھەممە گەپنى تۈگەتسەك ئىش ئوڭايلا پۈتەتتى.

— راست ئېيتىسەن، — دېدى جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەڭلا، — بۈگۈن كەچ كىرىپ قالدى، ئەتە ئانا ـ بالا ھەممىمىز بىللە كىرەيلى.

شۇنىڭ بىلەن جيا ئانا كەچلىك غىزاسىنى يېدى، فېڭجيې بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆز ئۆيلىرىگە يېنىشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالغاي.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، فېڭجيې باۋيۈينى سىناپ باقماقچى بولۇپ:

— باۋيۈي ئىنىم، مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئۆيگە كىرىپلا، — بېگىم قۇتلۇق كۈننى بەلگىلەپ سىنى ئۆيلىمەكچى بولدى! قانداق، خۇش بولارسەن؟

باۋيۈي فېڭجيېگە قاراپ كۈلۈۋەردى ۋە بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى.

— ساڭا دەيىۋي قىزنى ئېلىپ بەرسەك ياقامدۇ؟ — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

باۋيۈي قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. فېڭجيې ئۇنىڭ بۇ ئەپتىدىن يا خۇدى بار، يا يوقلۇقىنى ئىلغا قىلالماي، يەنە سورىدى:

— بېگىم سېنى ئوڭشالسا دەيىۋي خېنىمنى ئېلىپ بېرىمىز، مۇشۇنداق ساراڭلىق قىلسا، ئېلىپ بەرمەيمىز، دەيدۇ.

— ئۆزۈڭ ساراڭ، مەن ساراڭ ئەمەس! — دەپلا تەرىنى تۈرۈپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى باۋيۈي، — مەن دەيىۋي سىڭلىمنى يوقلاپ كېلەي، ئۇنىڭ كۆڭلى تىنسۇن.

— دەيىۋي سىڭلىڭ بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپتى، — دېدى فېڭجيې دەررۇ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، — ئۇ ئەمدى يېڭى كېلىن بولىدىغان قىز تۇرسا، ئىزا تارتىپ ساڭا كۆرۈنگۈسى كەلمەيدۇ.

— ئۇنى ئالغاندىن كېيىنغۇ مەن بىلەن كۆرۈشمەي

قالماس ! — دېدى باۋيوۋي.

فېڭجېيې ھەم كۈلگۈسى كەلدى، ھەم تەشۋىشلەندى. ئۇ ئىچىدە: «شىرىنىنىڭ گېپى خاتا ئەمەس ئىكەن، دەييوۋي قىزنىڭ ئىسمى چىقسا يەنە شۇنداق سارائىدەك گەپ قىلغىنى بىلەن، لېكىن خۇدىنى بىلىدىكەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئالغىنى دەييوۋي قىز بولماي چىقىپ، بۇ تېپىشماق ئاشكارا بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا بولغۇلۇقنىڭ ھەممىسى بولىدۇ جۇمۇ !» دەپ ئويلاپ دەرۇ كۈلكىسىنى باستى ۋە:

— ئوڭلۇقراق بولساڭ ئۇ ساڭا كۆرۈنىدۇ، مۇشۇنداق مەجنۇندەك ئالجىپ يۈرسەڭ، كۆرۈنمەيدۇ.

— بىرلا يۈرىكىم بار ئىدى، — دېدى باۋيوۋي، — ئۆلۈشكۈن ئۇنى دەييوۋي سىڭلىمغا بەردىم. ئۇ كەلسە يۈرىكىمنى ئالغاچ كېلىپ يەنە ئىچىمگە سېلىپ قويىدۇ.

فېڭجېيې ئۇنىڭ بۇنداق تاقىقا ـ تۇققا گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، چىقىپ جيا ئانىغا كۈلۈپ سۆزلەپ بەردى. جيا ئانىمۇ ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئىچىمۇ ئاغرىدى.

— ئۇنىڭ دەييوۋي قىزغا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم، — دېدى جيا ئانا، — يۈرۈڭلار، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، ئۇنى شىرىن ئوبدانراق بەزلىسۇن.

گەپ ئۈستىگە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن شۆ ھاممىنىڭ ئۆيىگە ئۆتتى.

— سىلى تەرەپتىكى ئىشلاردىن ئۈيەپ يوقلاپ كەلدۇق، — دېيىشىپ قويدى ئۇلار.

شۆ ھامما قەۋەتلا مىننەتدار بولۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇلارغا شۆ پەن توغرۇلۇق پاراڭ قىلىپ بەردى. چاي سۇنۇلدى، شۆ ھامما باۋچەيگە خەۋەر قىلدۇرماقچى بولۇۋىدى، فېڭجېيې:

— ھامما، باۋچەي سىڭلىمغا ئېيتمايلا قويايلى، — دېدى ئالمان ـ تالمان ئالدىنى توسۇپ. ئاندىن كۈلۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۈگۈن، بىرىنچىدىن،

www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلدى، ئىككىنچىدىن، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم گېپى بارئىكەن، سىلىنى بىز تەرەپكە ئۆتسە دەپ تەكلىپ قىلىپ كەلدى.

— ئوبدان بوپتۇ، — دېدى شۆ هاما بېشىنى لىڭشىتىپ. شۇنداق قىلىپ، كۆپچىلىك يەنە تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ سېلىشىپ، ئاندىن قايتىشتى.

شۇ كۈنى كەچتە شۆ هاما بۇيانغا ئۆتۈپ جيا ئانا بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ پاراڭلاشتى، ۋاڭ زېننىڭنىڭ گېپى چىقىپ قېلىپ، ئىككىسى بىر پەس كۆز يېشىمۇ قىلىشتى.

— هېلى مەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە كىرسەم، — دېدى شۆ هاما، — باۋيۈي غوجام چىقىپ ئامانلىق سورىدى، قارىسام، بىر ئوبدانلا تۇرىدۇ. سەل ـ پەل ياداپ قاپتۇ، نېمانچىمۇ ئاشۇرۇپ سۆزلىگەن بولغىيدىڭلار؟

— راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنچىۋالامۇ ئەمەس، — فېڭجيې دەررۇ گەپكە ئارىلاشتى، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تولىمۇ ئاشۇرۇۋېتىۋاتىدۇ. ئۇلۇغ بېگىم ياقا يۇرتتا مەنسەپكە ئولتۇرۇش ئۈچۈن سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، شۇ كەتكىنىچە قانچە يىلدا كېلىدۇ، بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ مەقسىتى مۇنداق: بىرىنچىدىن، بېگىمنى ئۇكام باۋيۈينىڭ توينى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كۆڭلى تىنسۇن دەيدۇ، ئىككىنچىدىن، توي شاراپىتى بىلەن ئۇكام باۋيۈينىڭ ئىشى ئوڭغا تارتىپ، سىڭلىمىزنىڭ ئالتۇن قولۇپىنىڭ خاسىيىتى بىلەن نەسلىك بېسىپ تاشلانسا ساقىيىپ قالارمىكىنمۇ، دەيدۇ.

— شۆ هاما كۆڭلىدە بۇنىڭغا رازى بولسىمۇ، لېكىن باۋچەينى خورسىنىپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلاتتى.

— شۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ، — دېدى شۆ هاما، — هەر هالدا ئۇزۇنراقنى كۆزلەپرەك ئويلاشقىنىمىز تۈزۈكمىكىن

دەيمەن.

— سىڭلىم، — دەپ گەپ قىستۇردى فېڭجىيېنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — شۇ تاپتا ئۆيىڭىزدىمۇ ئادەم يوق، قىزنىڭ سەپلىكىنى قىلمايلا قويۇڭ. شۆ كېنى يولغا سالسىڭىز، ئۇ بېرىپ پەنئېرگە دەپ قويسۇن، بىز بۇ يەردە قىزنى كۆچۈرۈۋېرەيلى، يەنە بىر تەرەپتىن بىر ئامال قىلىپ ئۇنىمۇ دەۋا - دەستۇردىن قۇتۇلدۇرايلى. سىز بىلەن قۇدا چۇشۇپ قىزنى كۆچۈرسەك، بىر كۈن بولسىمۇ باۋيۈي بالدۇرراق ساقايسا ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ، — لېكىن باۋيۈينىڭ كۆڭلى توغرىسىدا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىدى.

گەپ ئۇستىگە خەۋىرىنى بىلىپ كېلىش ئۇچۇن جيا ئانا بۇيرۇغان يۈەنياڭ كىرىپ كەلدى. شۆ ھامما باۋچەينى خورسىنىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، خوش - خوش دەپ رازىلىق بىلدۈرمەكتىن باشقا ئىلاج تاپالمىدى. يۈەنياڭ چىقىپ جيا ئانىغا مەلۇم قىلىۋىدى، جيا ئانا بۆلەكچىلا خۇشال بولدى، باۋچەينىڭ خورسىنىپ قالماسلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى چۇشەندۇرۇپ قويسىكەن دەپ شۆ ھاممىدىن سورىنىپ، يۈەنياڭنى يەنە كىرگۈزگەنىدى، شۆ ھامما بۇنىڭغىمۇ قۇللۇق بىلدۇردى. مەسلىھەت بويىچە فېڭجيې ئېرى بىلەن سوچىلىق قىلىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن تارقاشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆز سىڭلىسى بىلەن تۇن نىسپىيگىچە پاراڭ سېلىشىپ چىقتى.

ئەتىسى شۆ ھامما ئۆيىگە قايتىپ چىقىپ، ئۇ ياقتا بولغان گەپلەرنى زىر - زەۋىرىگىچە باۋچەيگە دەپ بېرىپ، ئاخىرىدا:

— مەن ماقۇل بولدۇم، — دېدى.

باشتا باۋچەي ئۇندىمەي يەرگە قاراپ ئولتۇردى. كېيىن ئۆزىچە كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى، شۆ ھامما ياخشى گەپ بىلەن كۆڭلىنى ياساپ، بىرمۇنچە چۇشەنچە بەردى، ئاندىن باۋچەي ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن، باۋچىنمۇ ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا كىردى. شۇ ھاما ئاندىن شۇ كېغا تاپىلىدى:

— ئەتە يولغا چىققىن. بىرسى، سوراق ئىشى قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى تىڭتىڭلاپ باق، يەنە بىرسى، ئاكاڭغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇپ ھايال بولماي قايتىپ كەل.

شۇ كې كېتىپ تۆت كۈندە يېنىپ كەلدى.

— ئاكامنىڭ ئىشىنى، — مەلۇم قىلدى ئۇ شۇ ھامىغا، — ئۇقۇشماسلىقتىن بولغان خۇن دەۋاسى ئىكەن دەپ يۇقىرى يامۇلدىن تەستىقلاپتۇ، ئەمدى يەنە بىر قېتىم داتاڭدا سوراقتىن ئۆتكەندە كېسىم قىلىنىدىكەن. گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن كۈمۈش تەييارلاڭلار، دېدى. سىڭلىمنىڭ ئىشى ھەققىدە: «ئانامنىڭ ئۆزى ئىگە بولغىنى ئوبدان بوپتۇ. تېزرەك پۈتكۈزۈۋەتسە بىرمۇنچە كۈمۈش تېجەپ قېلىنىدىكەن، ئانام ماڭا قاراپ قالماي، قاندىقى ئوڭ كەلسە شۇنداق قىلىۋەرسۇن» دېدى.

شۇ ھامىنىڭ شۇ پەن ئەمدى قايتىپ كېلەلىگۈدەك، باۋچەينىڭ ئىشىنىمۇ تۈگىتىدىغان بولدۇم، دەپ كۆڭلى خېلىلا تەسكىن تاپتى. ئۇنىڭغا باۋچەي كۆڭلىدە ئانچە خالاپ كەتمىگەندەك كۆرۈنگەنىدى. لېكىن، شۇ ھاما: ئۇنداق قىلىشى تۇرغان گەپ، چۈنكى ئۇ قىز بالا – دە. ئاندىن ئۇ ئەزەلدىن ۋاپادار، ئەدەپلىك بالا. مەن ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن ئۇ ھەرگىز ياق دېمەيدۇ، دېگەن ئوي بىلەن شۇ كېغا ئىش تاپىلىدى:

— ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن مۇچەلنامە قەغىزىگە مۇچىلىنى پۈتۈپ جيا لىيەن ئاكاڭغا ئەۋەتكۈزۈپ بەرگىن، تويلۇق سۇنۇلىدىغان كۈنىنىمۇ بىلىۋېلىپ تەييارلىق قىلىپ قويغىن، ئەزەلدىن بىز ئۇرۇق – تۇغقان، يېقىن – يورۇقلارنى جوۋاتمايدىغان خەق. ئاكاڭنىڭ دوست – ئاغىنىلىرى، سېنىڭ دېگىنىڭدەك، مۇتتەھەم بىرنېمىلەر ئىكەن، ئۇلارنى قويۇپ تۇرايلى. ئۇرۇق – تۇغقانلارغا كەلسەك، جيا – ۋاڭ ئىككى جەمەتتىنلا قىچقارساق بولار. جيا جەمەتى ئەمدى ئوغۇل تەرەپ

بولۇپ قالدى، بىزنىڭ ۋاڭ جەمەتىدىن پايتەختتە ئادەم يوق. شياڭيۈن قىزغا چاي ئىچۈرگەندە ئۇلار بىزنىمۇ قىچقارمىغان، بىزمۇ ئۇلارنى چىللىمايمىز. ھە راست، جاڭ دېخۇينى ئېيتىپ قويايلى، تويغا قارىشىپ بەرسۇن. ئۇ ياشىنىپ قالغان ئادەم، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدۇ.

شۆ كې بۇيرۇققا بىنائەن مۇچەلنامە، باغاق يەتكۈزۈشكە ئادەم جورۇغلى چىقىپ كەتتى. ئەتىسى جيا ليەن كېلىپ شۆ ھامما بىلەن كۆرۈشۈپ، ئېسەن - ئامانلىق سورىدى.

— ئەتە راسا قۇتلۇق كۈن ئىكەن، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن ئۆزلىرىگە شۇنى مەلۇم قىلاي دەپ كىرىشىم. ئەتە تويلۇقنى ئەكىرسەكمىكىن دەيمىز، بەك ئىنچىكىلەپ كەتمىسىلىكەن.

ئۇ گەپ قىلغاچ باغاقنى تەۋازۇ بىلەن سۇندى، شۆ ھاممىمۇ بىرنەچچە ئېغىز تەكەللۇپ قىلىپ قويۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ رازىلىق بىلدۈردى. جيا ليەن يېنىپ چىقىپلا جيا جېڭغا مەلۇم قىلدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قوي، — دېدى جيا جېڭ، — ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرنى چىللىمىغاندىن كېيىن، ئىشنى ھەرھالدا ئاددىيراق ئۆتكۈزگىنىمىز ياخشى. نەرسە - كېرەكلەرنى ئۇلۇغ ئانىمىز نەزىرىدىن ئۆتكۈزسىلا بولۇۋېرىدۇ، ماڭا دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

جيا ليەن خوش دەپ يېنىپ چىقىپ، ئىچكىرىگە كىرىپ بۇ گەپنى جيا ئانىغا يەتكۈزدى.

بۇ ياقتا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تويلۇق نەرسە - كېرەكنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن جيا ئانىغا كىرگۈزۈپ بەرگىن دەپ ئادەم جورۇدى، شىرېن ئارقىلىق باۋيۈيگە ئېيتقۇزۇپمۇ قويدى.

— نېمە جاپا بۇ؟ — دېدى باۋيۈي يەنە خىر - خىر كۈلۈپ، — باغقا ئاپىرىدىكەن، باغدىن يەنە بۇ يەرگە كېلىدىكەن، ئۆزىمىزنىڭ ئادىمى ئاپىرىپ يەنە ئۆزىمىزنىڭ ئادىمى تاپشۇرۇۋالىدىكەن.

بۇ گەپ جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا يېقىپ كېتىپ:

— بۇنى خۇدى يوق دېسەك، بۇگۈن نېمانچە ھوشيار بولۇپ كەتكەندۇ؟ — دېيىشتى.

يۈەنياڭلارنىڭ كۆلكىسى قىستاپ كېتىپ، تويلۇقنى بىر - بىرلەپ جىيا ئانىغا كۆرسەتتى:

— بۇ ئالتۇن زۇننۇق، مانا بۇ ئالتۇن بىلەن مەرۋايىتتىن قىلىنغان بېزەك جابدۇقلار، جەمئىي سەكسەن دانە، ماۋۇ ئەجدىھا گۈللۈك خاڭدەن تاۋار قىرىق توپ. مانا ماۋۇ ھەرخىل رەڭدار تاۋار - تۇرقا يۈز يىگىرمە توپ. بۇ تۆت پەسىللىك ئىگىن - ئاياغلىرى، جەمئىي يۈز يىگىرمە قۇر، بۇنىڭ تاشيىنىدا، تىرىك مال، شاراب تەييارلانمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇنىڭ بەدىلىگە بېرىلىدىغان كۈمۈش.

جىيا ئانا كۆزدىن كەچۈرۈپ: «ئوبدان بوپتۇ» دېدى. ئاندىن فېڭجيېگە پىچىرلاپراق تاپىلىدى.

— ھاما خېنىمنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغىن: بۇ قورۇق تەكەللۇپ ئەمەس، پەنئېر بوشاپ چىققاندىن كېيىن، سىڭلىسىغا سەپلىكنى ئالدىرىمايراق قىلدۇرۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ. قۇتلۇق كۈنگە كېرەكلىك يوتقان - كۆرپىلەرنىمۇ بىز ئۆزىمىز مۇشۇ يەردە تەييارلايمىز.

فېڭجيې خوش دەپ چىقىپ، ئاۋۋال جىيا ليەننى ئۇ ياققا ئەۋەتتى، ئاندىن جۇرۇي، ۋاڭ ئېرلارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا شۇنى تاپىلىدى:

— چوڭ دەرۋازىدىن ماڭماي، باغنىڭ بالدۇرقى يان ئىشىكىدىن ئېلىپ مېڭىڭلار، مەنمۇ ھايال بولماي يېتىپ بارىمەن. يان ئىشىك بامبۇكزار سارايدىن يىراقراق، ناۋادا باشقىلاردىن بىرەرسى كۆرۈپ قالسا، بامبۇكزار سارايغا بېرىپ بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچقۇچى بولما، دەپ جېكىلەڭلار.

ئۇلار خوش دېيىشىپ، تويلۇقنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى.

باۋيۈي بۇ ئىشنى راست دەپ چاغلاپ، كۆڭۈل - كۆكسى ئېچىلىپ، كەيپىمۇ خېلى ئوبدان بولۇپ قالدى. لېكىن، گەپ -

سۆزلىرى ھېلىمۇ تاققا - تۇققا ئىدى، تويلۇق ئاپارغانلار يېنىپ كېلىپ، ھېچقايسىسى قىزنىڭ ئات - ئۇچۇرىنى تىلغا ئېلىشمىدى، يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇقسىمۇ، فېڭجيې جېكىلىگەچكە، شەپىسىنى بىلىندۇرۇپ قويۇشتىن ئۆزلىرىنى تارتتى.

ئەمدى گەپنى دەييۇيدىن ئىشىتمەك كېرەك. ئۇ دورىنى ئۇزمەي ئىچىپ تۇرغان بولسىمۇ، كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋەردى.

— ئىش بۇ يەرگىچە بېرىپ يەتتى، ئەمدى گەپ قىلماي بولمايدۇ، — دېدى زىجۈەن ئاخىر بولالماي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى، — خان قىز، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىز بىلىمىز. ئالىمادىس باشقىچە ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چىنپۇتمىسىڭىز، ئويلاپ بېقىڭا، باۋيۈي شۇنداق قاتتىق كېسەل تۇرسا قانداقمۇ ئۆيلىنەلەيدۇ؟ خېنىم، يوقىلاڭ گەپلەرگە قۇلاق سالماي، ئارامىدا يېتىپ ئۆزىڭىزنى ئاسرىغىنىڭىز تۈزۈك.

دەييۇي كۈلۈمسىرەپلا قويدى، لام - جىم دېمىدى، يەنە بىرپەس يۆتىلىپ كېتىپ بىرمۇنچە قان تۈكۈردى. زىجۈەنلەر ئۇنىڭ تىنىقى ئارانلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، نەسىھەت كار قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە، كۆز يېشى قىلىشىپ بېشىدا قاراپ تۇرۇشتى. ئۇلار جيا ئانىغا كۈندە ئۈچ - تۆت قېتىمدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇردى، لېكىن، يۈەنياڭ شۇ كۈنلەردە جيا ئانىنىڭ بالدۇرقىغا قارىغاندا دەييۇيگە ئانچە كۆيۈنمەس بولۇپ قالغانلىقىنى پەملىدى بولغاي، دەييۇينىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالىنى جيا ئانىغا ئانچە مەلۇم قىلىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرقانچە كۈندىن بۇيان جيا ئانىنىڭ ئەس - يادى باۋيۈي بىلەن باۋچەيدىلا بولغاچقا، دەييۇيدىن ئۇچۇر بولماي قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گېپىنى ئانچە قىلماي، پەقەت تېپۈپقا كۆرسىتىش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

دەييۇي بالدۇر كېسەل بولۇپ قالغان چاغلىرىدا جيا ئائىدىن تارتىپ ھەمشىرىلىرىنىڭ خىزمەتكارلىرىغىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ ھال ـ ئەھۋال سوراپ تۇراتتى، ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە جيا خانداندىكى چوڭلاردىن تارتىپ خىزمەتكارلىرىغىچە ھېچقايسىسى بۇياققا ئۆتمەيدىغان، ھەتتا بىرەرسىمۇ سوراپ قويمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. كۆزىنى ئاچسا يېنىدا يالغۇز زىجۈەنلا تۇرغان. شۇڭا، ئۇ ئەمدى ياشاشنىڭ ئورنى قالماپتۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، تىرمىشىپ مىڭ تەسلىكتە زىجۈەنگە شۇنداق دېدى:

ـــ سىڭلىم، سەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشىم! سېنى چوڭ ئانام خىزمىتىمگە بەرگەن بولسىمۇ، بىرقانچە يىلدىن بۇيان سېنى بىر تۇغقان سىڭلىمدەك كۆرۈپ... ـــ گېپى شۇ يەرگە يەتكەندە، دېمى سىقىلىپ نەپەس ئالالماي قالدى. زىجۈەننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، يىغىدىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى.

خېلىدىن كېيىن دەييۇينىڭ تىنىقى كېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ سىڭلىم زىجۈەن، يېتىۋېرىپ بولالماي قالدىم، مېنى قوپتۇرۇپ قويساڭ، يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ باقسام ئوبدان بولاتتى.

ـــ خېنىم، ئانچە ماغدۇرىڭىز يوق، ـــ دېدى زىجۈەن، ـــ قوپىمەن دەپ ئېچىلىپ قالسىڭىز جاڭداپ قالارسىزمىكىن.

دەييۇي كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ زۇۋان سۈرمىدى. بىرپەستىن كېيىن يەنە قوپماقچى بولۇۋىدى، زىجۈەن نائىلاج شۆيەن بىلەن ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى يېنىغا يۇمشاق ياستۇقنى يۆلەپ قويۇپ، ئۆزى يۆلەنچۈك بولۇپ بەردى. دەييۇينىڭ نەدە ئولتۇرغۇچىلىك مادارى بولسۇن؟ ئۇ بېلىنىڭ تۆۋىنىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىغىنىغا چىشىنى چىشلەپ چىداپ تۇردى. ئۇ شۆيەننى چاقىرىپ:

ـــ شېئىر دەپتىرىم ... ـــ دەپلا دېمى يەنە سىقىلىپ كەتتى.

شۆيەن ئۇنى قايسى كۈنى رەتلىگەن شېئىر نۇسخىلىرىنى

دەيدىغان چىغى دەپ، تىپىپ كىلىپ ئالدىغا قويدى. دەيىۋي بىشىنى لىڭشىتىپ، يەنە بىشىنى كۆتۈرۈپ ساندۇققا قارىدى. شۆيەن ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشەنمەي ھاڭۋىقىپ قالدى، دەيىۋينىڭ غۇچچىدە ئاچچىقى كىلىپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، يۆتىلىپ يەنە قان تۈكۈردى. شۆيەن دەررۇ سۇ كەلتۈردى، دەيىۋي ئاغزىنى چايقاپ تۈكۈرۈكدانغا تۈكۈردى. زىجۈەن ياغلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئىرتىپ قويدى، دەيىۋي ئۇنىڭ قولىدىكى ياغلىقنى ئىلىپ ساندۇقنى ئىشارەت قىلدى، يەنە يۆتىلىپ، تىنىقىپ گەپ قىلالماي قىلىپ كۆزىنى يۇمدى.

— ئاززاق قىڭغىيىۋىلىڭ خىنىم ! — دىدى زىجۈەن.

دەيىۋي بىشىنى چايقاپ قويدى. زىجۈەن ئۇنىڭ ياغلىق دىمەكچى بولغانلىقىنى بايقاپ، شۆيەنگە ساندۇقنى ئاچتۇرۇپ ئاق داراي ياغلىقنى ئالدۇردى. دەيىۋي ئۇنى ئىلىپ بىر ياققا قويۇپ قويۇپ:

— خىتى بارىنى ! — دىيەلىدى زورۇقۇپ.

زىجۈەن ھىلىقى شىئىر پۈتۈلگەن كونا ياغلىقنى دەۋاتقانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى - دە، شۆيەنگە ئالدۇرۇپ دەيىۋيگە سۇندى.

— خىنىم، ئارام ئىلىڭ، — دەپ نەسىھەت قىلدى زىجۈەن يەنە، — نىمانچە ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلىدىغانسىز؟ ساقايغاندا كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇغۇ.

دەيىۋي ياغلىقنى ئىلىپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ باقماي، بار كۈچى بىلەن ياغلىقنى يىرتماقچى بولدى. شۇ تاپتا دىر - دىر تىترەپ ئارانلا تۇرۇۋاتسا ئۇنى يىرتىشقا ماجالى يىتەمتى؟ زىجۈەن ئۇنىڭ باۋيۇيدىن نەپرەتلەنگەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئىچىپ دەۋىتىشتىن ئۆزىنى تارتتى.

— خىنىم، ئۆزىڭىزچە خاپا بولۇپ نىمىمۇ قىلاتتىڭىز ! — دىدى ئۇ.

دەيىۋي بىشىنى ئاران لىڭشىتىپ قويۇپ، ياغلىقنى يۇكلەپ

يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىپ:

— چىراغ ياق ! — دېدى.

شۆيەن چىراغنى يېقىپ بەردى، دەيىيۈي يەنە كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇردى. بىر پەس ھاسىرىغاندىن كېيىن، يەنە:

— چوغدانغا ئوت سېلىڭلار — دېدى.

— خېنىم، يېتىۋېلىڭ، — دېدى زىجۇەن ئۇنى مۇزلىدىمىكىن دەپ، — قېلىنراق يېپىپ قوياي، كۆمۈرنىڭ ئىسىغا چىدىماسسىزمىكىن.

دەيىيۈي يەنە بېشىنى چايقىۋىدى، شۆيەن نائىلاج ئوت سېلىپ، چوغداننى تىيەك ئۈستىگە ئالدى. دەيىيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ، كاڭغا ئەكېلىپ بەر دەپ ئىما قىلدى. شۆيەن چوغداننى كاڭغا ئېلىپ قويۇپ، چوغدان شىرەسىنى ئەكىرىشكە چىقىپ كەتتى.

دەيىيۈي ئالدىغا ئېڭىشتى، زىجۇەن دەرھال ئىككى قولى بىلەن ئۇنى يۆلەپ تۇردى. دەيىيۈي ئوتقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ھېلىقى ياغلىقنى قولىغا ئېلىپلا ئوتقا تاشلىدى. زىجۇەن شۈركۈنۈپ كېتىپ دەررۇ ئوتتىن ئېلىۋالاي دېۋىدى، لېكىن قوللىرىنى قىمىرلىتىشقا بولماي قالدى. شۆيەن چوغدان شىرەسىنى ئەكىرىشكە چىقىپ كەتكەنىدى، شۇ ئارىلىقتا ياغلىق كۆيۈپ كەتتى.

— خېنىم، — دېدى زىجۇەن، — بۇ قانداق گەپ بولدى.

دەيىيۈي ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، شېئىر نۇسخىلىرىنى ئالدى - دە، ئۇنىڭغا قىيا بېقىپ قويۇپ يەنە تاشلاپ قويدى. زىجۇەن ئۇنىڭ بۇنىمۇ ئوتقا سېلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ گەۋدىسى بىلەن دەيىيۈينى يۆلەپ تۇرۇپ، ئەمدىلا ئىككى قولىنى بوشىتىپ ئۇنى ئالاي دېگۈچە، دەيىيۈي كاپلا قىلىپ ئېلىپ ئوتقا تاشلىدى. زىجۇەن ئوتتىن ئېلىۋېلىشقا قولى يەتمەي، تىت - تىت بولۇپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە شۆيەن شىرەنى كۆتۈرۈپ كىردى - دە، دەيىيۈينىڭ بىرنېمىنى ئوتقا تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپلا، يۈگۈرۈپ كېلىپ قول ئۇزارتقۇچە قەغەزگە لاپىدە ئوت تۇتىشىپ كەتتى. شۆيەن

قولىنىڭ كۆيۈپ قىلىشىغىمۇ قارىماي ئوتتىن قەغەزنى ئېلىپلا يەرگە تاشلىدى ۋە دەسسەپ ئۆچۈرگۈچە كۆيۈپ قولغا چىققۇدەك ھېچنېمە قالمىدى.

دەيىيۈي كۆزىنى يۇمۇپ ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلىۋىدى، زىجۈەننى بېسىۋېلىشقا تاسلا قالدى. ھاپىلا ـ شاپىلا شۆيەن بىلەن ئىككىسى دەيىيۈينى ئاستا ياتقۇزدى، زىجۈەننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئادەم چاقىراي دېسە، كەچ كىرىپ قالغان، چاقىرماي دېسە، ئۆزى بىلەن شۆيەن ۋە يىڭگېر قاتارلىق كىچىك چۆرە قىزلاردىن باشقا ھېچكىم يوق، بۇنداق چاغدا بىرەر ۋەقە بولۇپ قالسا قانداق قىلارمىز دەپ ئەنسىرىدى. شۇ دەككە ـ دۈككە بىلەن كېچىنى كىرپىك قاقماي ئاران ئۆتكۈزدى، ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ دەيىيۈي سەل ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى، ناشتىدىن كېيىن يەنە يۆتىلى تۇتۇپ قەي قىلىپ، يېڭىباشتىن ئۆزگىرىپ قالدى.

دەيىيۈينىڭ ئەھۋالى يامانلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، زىجۈەن شۆيەنلەرنى چاقىرىپ دەيىيۈيگە قاراتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى جيا ئانىنىڭ ئالدىغا ماڭدى. جيا ئانىنىڭ تۆر ئۆيىگە كەلسە، جىمجىتلىق، پەقەت خىزمەتكار موماي‌لاردىن ئىككى ـ ئۈچى ۋە قاتتىق ـ قۇرۇق ئىش قىلىدىغان چۆرىلەردىن بىرقانچىسى ئۆي بېقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى زىجۈەن.

— تاڭ، نەگە كەتتىكىن.

بۇ گەپكە زىجۈەن ھەيران قالدى. ئۇ يەردىن باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قارىۋىدى، ئۇ يەردىمۇ ئادەم يوق، چۆرە قىزلاردىن سورىسا، ئۇلارمۇ «تاڭەي» دېيىشتى.

زىجۈەن ھەر ھالدا ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ «بۇ ئادەملەر نېمانچە باغرى تاش بولۇپ كەتكەندۇ!» دېگەن خىيالغا كېلىپ، بىرقانچە كۈندىن بۇيان دەيىيۈينىڭ ھالىنى بىرمۇ ئادەمنىڭ

سوراپ قويمىغىنىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، ئويلىغانسېرى شۇنچە ھەسرەتلەندى. شۇنچىلىك ئوغىسى ئۆرلىدىكى، شارتىلا بۇرۇلۇپ ئۇ يەردىن يېنىپ چىقتى. ئاندىن ئۆزىچە: «بۈگۈن زادى باۋيۈينىڭ ئەپتىنى بىر كۆرۈپ باقايچۇ، مېنىڭ يۈزۈمگە قانداق قارايدىكىن! قايسى يىلى بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلىپ قويغىنىمغا تاقىتى تاق بولۇپ ئاغرىپ قالغاندى، بۈگۈن قانداق قىلار؟ تەپ تارتماي مۇشۇنداق ئىش قىلغىنىنى قارىمامدىغان ئۇنىڭ! دېمەك، دۇنيادىكى جىمى ئېرەكتىلەرنىڭ يۈرەكلىرى مۇزدىن سوغۇق ئىكەن، مىڭ لەنەت سەنلەرگە!» دەپ خىيال سۈرۈپ ماڭغاچ، ئارامبەخش ھويلىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. دەرۋازا قىيا ئوچۇق، ھويلا ئىچى جىمجىتلىق ئىدى. زىجۈەن بىردىنلا: «ئۇ ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە يېڭى ھۇجرا تۇتىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ يېڭى ھۇجرىسى نەدىدۇ؟» دېگەن ئويغا كەلدى.

ئۇ تېڭىرقاپ، ئۇيان ـ بۇيان بېقىپ تۇرغىنىدا، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان مېيىۋيىنى كۆرۈپ قېلىپ چاقىرىپ توختىتىۋالدى.

— ئاچا، — دېدى مېيىۋي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ كۈلۈمسىرەپ، — بۇ ياققا نېمەدەپ كېلىپ قالدىڭىز؟

— باۋيۈي غوجامنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تاماشا كۆرگىلى كەلگەنىدىم، نەدىن بىلەي، بۇ يەردە ئەمەس ئىكەن، قاچان بولىدىكىنتاڭ؟

— بۇ گەپنى ئاچا سىزگىلا ئېيتاي، — دېدى مېيىۋي كۇسۇرلاپ، — شۆيەنگە دەپ قويماڭ. ئۇلۇغلىرىمىز ھەتتا سىلەرگىمۇ بىلدۈرمەسلىكنى جېكىلەپ قويغان. ئۇياق بۈگۈن كېچە ئۆيلىنىدۇ. توي بۇ يەردە بولامتى؟ ئۇلۇغ بېگىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە جيا ليەن غوجام باشقىدىن ئۆي جابدۇدى، — ئارقىدىن ئۇ، — ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سوراپ قويدى.

— ئىشىم يوق، يولۇڭغا كېتىۋەر.

مېييۈي يەنە ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. زىجۈەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ، بىردىنلا دەييۈي يادىغا كەلدى - دە، شۇ تاپتا ئۇ ئۆلگەنمىدۇ ياكى تىرىكمىدۇ دېگەن ئەندىشە بىلەن كۆزلىرىدىن لۆم - لۆم ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى، ئۇ لېۋىنى چىشلىگىنىچە زەردە بىلەن: «ھەي باۋيۈي ! ھەي باۋيۈي! ئەتە ئۇ قازا تاپسا، ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ، كۆرۈنمەي قويساڭمۇ قويارسەن ! كۆڭۈللۈك ئىشلىرىڭمۇ ئۆتۈپ كېتەر، ئۇ چاغدا ماڭا قايسى يۈزۈڭ بىلەن قارايسەنكىن !» دەپ بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە كەينىگە قايتتى. بامبۇكزار سارايغا يېقىن قالغاندا، ئىككى چۆرە قىزنىڭ دەرۋازىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ، ئۇ ياق - بۇ ياققا ماراۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى.

— ئەنە، زىجۈەن ئاچام كېلىۋاتىدۇ ! — زىجۈەننى كۆرۈپلا ۋارقىرىۋەتتى ئۇلاردىن بىرسى.

زىجۈەن: «ھىم، ئۇ بولالماي قاپتۇ - دە» دەپ، ئاۋۋال قولىنى چايقاپ، ئۇلارغا غەلۋە قىلماڭلار دېگەننى ئىشارەت قىلىپ قويۇپلا، ئالدىراش - تېنەش كىرىپ قارىسا، دەييۈينىڭ ئىسسىق سەپراسى ئۆرلەپ، مەڭزىلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. زىجۈەن بولالماپتۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، دەييۈينىڭ ئېمىكئانىسى ۋاڭ موماينى چاقىرتتى. ئۇ كىرىپ كۆرۈپلا يىغلاپ تاشلىدى. زىجۈەن ۋاڭ موماينى خېلى ياشىنىپ قالغان ئايال، بىزگە مەدەت بېرىدۇ، دەپ چاقىرتقانىدى، ئەمەلىيەتتە، پەمسىز ئايال ئىكەن، ئەكسىچە زىجۈەننىڭ ئەرۋاھىنى ئۈركۈتۈۋەتتى. شۇ ئەسنادا بىردىنلا ئۇنىڭ يادىغا باشقا بىر كىم كېلىپ، شۇنى تېز چاقىرىپ كەل دەپ چۆرە قىزنى جورۇدى. ئۇ كىم بولغىيدى؟ كەشتە ماھىرى لى ۋەن تۇل ئايال بولغاچقا، بۈگۈن باۋيۈينىڭ تويىغا ئۆزىنى قاچۇرۇپ بارمايدۇ، يەنە كېلىپ باغدىكى ھەممە ئىشتىن شۇ خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپ، زىجۈەن شۇنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئادەم جورۇغانىدى.

لى ۋەن جيا لەننىڭ شېئىرلىرىنى تۈزىتىۋاتاتتى، بىر چۆرە

www.uyghurkitap.com

قىز پالاقشىپ كىرىپ كەلدى ـ دە:

ــ چوڭ خېنىم، دەيىۋي خان قىز بولالماي قالغان ئوخشايدۇ، ھەممىسى يىغا ـ زار قىلىشىۋاتىدۇ، ــ دەپ مەلۇم قىلدى.

لى ۋەن يۇرىكى قارتلا قىلىپ قالدى ـ دە، سوراشقىمۇ ئۇلگۇرمەي ئورنىدىن تۇرۇپلا ماڭدى، سەيىۋەن بىلەن بىيىۋ ئۇنىڭغا سوڭدىشىپ چىقتى. ئۇ كۆز يېشى قىلغاچ كېتىۋېتىپ: «بىر مەزگىل بىللە ئۆتكەن بۇ ھەمشىرىلەر ئارىسىدا، ئۇ چىرايلىق، ناھايىتى مېھرىبان، ھۆر ـ پەرىدەك تەڭدىشى يوق رەنا قىز ئىدى. ياپياش تۇرۇپ مۇساپىرچىلىقتا جېنىدىن جۇدا بولىدىغان بوپتۇ! قېرىشقاندەك، فېڭجيې نەدىكى شۇملۇقنى ئويلاپ تېپىپ، ئۆزىمۇ بامبۇكزار سارايغا كېلەلمەس بولۇپ قالدى، ئازراق بولسىمۇ ھەمشىرىلىك مېھرىنى كۆرسەتمىدى. ھەي ئىست! ھەي ئىست! بىچارە قىز!» دەپ ئويلىغاچ بامبۇكزار سارايىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى. سارايىنىڭ ئىچى تىمتاس ئىدى. لى ۋەن: «جان ئۈزۈپ بولۇپ، ھەممىسى يىغا ـ زار قىلىشىپ بولغان ئوخشايدۇ، ئاخىرەتلىك كىيىم ـ كېچەك لازىمەتلىكلىرىنى راسلىدىمىكىن؟» دەپلا ئىككى چامدامنى بىر قىلىپ ئىتتىك كىردى. ئىچكىرى ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە تۇرغان چۆرە قىز ئۇنى كۆرۈپلا:

ــ چوڭ كېلىن ئاغىچا كەلدى! ــ دېدى.

زىجۇەن ئالدىراپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقاي دەپ مېڭىشىغا، لى ۋەن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

ــ قانداقراق؟ ــ دەپ سورىدى لى ۋەن ئالمان ـ تالمان.

زىجۇەن گەپ قىلاي دېۋىدى، يىغلاپ ئۆكسۈپ، بوغۇلۇپ ئاغزى زادىلا گەپكە كەلمەي قالدى، كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مونچاقتەك ياش تۆكۈلدى، قولى بىلەن ئارانلا دەيىۋيىنى كۆرسەتەلىدى.

زىجۇەننىڭ بۇ ئەۋزايىنى كۆرۈپ لى ۋەن يۈرەك ـ باغرى

سىرىلىپ، قايتا گەپ سوراپ تۇرماي دەيىۋيىنىڭ يېنىغا كەلدى، دەيىۋي تىلىدىن قالغانىدى. لى ۋەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاستا ئىككى قېتىم قىچقىرىۋىدى، دەيىۋي كۆزىنى ئاران ئېچىپ، سەل هوشىغا كەلگەندەك بولدى. قاپاقلىرى، لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاپ تۇراتتى، تېخى تىنىقى باردەك قىلاتتى - يۇ، تىلىدا زۇۋان، كۆزىدە ياشنىڭ ئەسىرى يوق ئىدى.

لى ۋەن كەينىگە قارىدى، زىجۇەن ئۇ يەردە كۆرۈنمىگەچكە، شۆيەندىن سورىدى.

— ئۇ تاشقىرىقى ئۆيدە، — دېدى شۆيەن.

لى ۋەن چىقىپ قاراپ باقتى، زىجۇەن تاشقىرىقى ئۆيدىكى بوش كارىۋاتتا چىرايى سامانەدەك سارغىيىپ ياتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ياش تۆكمۇۋېرىپ، بېشى ۋە پوتلىسى گۈللۈك كىمخابتىن زەر تۇتۇلغان كۆرپىنىڭ ئايقۇردەك يېرىنى هۆل قىلىۋېتىپتۇ. لى ۋەن ئۇنى قىچقارغانىدى، زىجۇەن كۆزىنى ئاستا ئېچىپ ئورنىدىن تۇردى.

— گالۋاڭ قىز ! — دېدى لى ۋەن، — بۇ قانداق چاغ؟ يىغا بىلەنلا بولۇپ قاپسەنغۇ ! دەيىۋي خان قىزنىڭ ئېگىنلىرىنى تېپىپ يەڭگۈشلەپ قويماي قاچانغىچە ساقلاپ تۇراتتىڭ؟ ئۇ قىز بالا تۇرسا، نامەهرەملىكتە قالدۇرۇپ، ئاندىن تۇغما هالدا قىپيالىڭاچ يولغا سېلىپ قويماقچىمىدىڭ؟

زىجۇەن يىغىسىنى باسالماي تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، لى ۋەنمۇ يىغلىدى، ئىچى تىتىلداپ، يېشىنى ئېرتقاچ زىجۇەننىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ:

— ئاپپاق قىز، يىغلاۋېرىپ مېنىڭ كۆڭلۈمنىمۇ پاراكەندە قىلىۋەتتىڭ ! ئۇنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى تەييارلىغىن، يەنە بىرئاز كېچىكسەك چاتاق بولىدۇ ! — دېدى.

شۇ ئارىدا تالادىن بىرسى هودۇققىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىپ لى ۋەننى چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇ پىڭئېر ئىدى. ئۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ تامدەك قېتىپلا قالدى.

— شۇ تاپتا سەن ئۇ ياققا بارماي بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ ! — دەپ سورىدى لى ۋەن.

گەپ ئۈستىگە لىن جىشياۋنىڭ ئايالىمۇ كىرىپ كەلدى.

— كېلىن ئاغىچىمىز ئەنسىرەپ مېنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى، — دېدى پىڭئېر، — ئۆزلىرى بۇ يەردە بولغاندىن كېيىن، كېلىن ئاغىچىمىز ئۇياقنىڭ ئىشىدىن خەۋەر ئالسىمۇ بولغۇدەك.

لى ۋەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— مەنمۇ دەييۈي خان قىزنى كۆرۈۋالاي، — پىڭئېر ئىچكىرىگە قەدەم قويۇشى بىلەنلا كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

— كەلگىنىڭىز خويمۇ ئوبدان بوپتۇ ! — دېدى لى ۋەن لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغا، — يۈگۈرۈڭ، چىقىپ غوجىدارلارغا دەڭ، دەييۈي قىزنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشىغا تەييارلىق كۆرسۇن، تەييارلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن كېلىپ ماڭىلا دېسۇن، ئۇ ياققا بېرىپ يۈرمىسۇن.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى خوش دەپ قويۇپ، ئورنىدىن قوزغالمىدى.

— يەنە گەپ بارمىدى؟ — دەپ سورىدى لى ۋەن.

— بايا، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا بىلەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم مەسلىھەتلىشىپ، زىجۈەننى ئاشۇ ياقتا خىزمەتكە سالماقچى بولغانىدى.

لى ۋەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈچە، زىجۈەن:

— لىن ئانىكا، ئۆزلىرى ماڭغاچ تۇرسىلا، بۇ يەردىكى ئادەم ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىن، بىزمۇ چىقىپ كېتىمىز. مۇنداق... — دەپ، گېپىنى شۇ يەرگە كەلگەندە سەل ئەيمىنىپ گېپىنى يۆتكىۋەتتى، — يەنە كېلىپ بىز ھازىر كېسەلگە قاراۋاتقان ئادەم، ئۈستىبېشىمىز ئىرىغسىز، دەييۈي خان قىز تېخى تىنىقىدىن قالمىدى، پات - پات مېنى چاقىرىپ تۇرىدۇ.

— راست شۇنداق، — دېدى لى ۋەن چۈشەنچە بېرىپ، —

دەيېۋي خېنىم بىلەن بۇ قىزنىڭ بىر مەزگىل بىللە بولۇشى پېشانىسىگە پۈتۈلگەنىكەن. شۆيەن جەنۇبتىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن قىز بولسىمۇ، بۇ ئىشلارنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ، خان قىز بىلەن زىجۈەن ئىككىسىلا بىر - بىرىدىن بىردەممۇ نېرى بولالمايدۇ.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغا باشتا زىجۈەنىنىڭ گېپى ئېغىر كەلگەنىدى، لى ۋەنىنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا ئورۇن قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زىجۈەنىنىڭ يىغلاۋېرىپ ئادا بولاي دېگەن تۇرقىغا قاراپ، مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە:

— زىجۈەن قىزنىڭ بۇ قۇرۇق گېپىنىڭغۇ كارى چاغلىق، — دېدى، — شۇغىنىسى ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى مەن قانداقمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلارمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گەپلەرنى ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا دېگىلى بولامدۇ؟

شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە پىڭئېر يېشىنى سۈرتكەچ چىقىپ:

— ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا دەيدىغان نېمە ئىش بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بايا بولغان گەپلەرنى دەپ بەردى.

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، — دېدى پىڭئېر يەرگە قاراپ بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — شۆيەن قىز بارسۇن.

— ئۇ بولامدۇ؟ — دېدى لى ۋەن.

پىڭئېر لى ۋەنىنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. لى ۋەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— ئۇنداق بولسا شۆيەن بارسىمۇ ئوخشاش ئىكەن، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى:

— شۆيەن قىز بولارمۇ — دەپ سورىۋىدى، پىڭئېر:

— بولىۋېرىدۇ، ئىككىلىسى ئوخشاش ! — دېدى.

— ئەمىسە خېنىم، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — شۆيەن قىزغا دېگەن بولسىلا، ئىلدامىراق مەن بىلەن بىللە بارسۇن، مەن ئاۋۋال ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئوتتۇرانچى

كېلىن ئاغىچىغا ئۇچۇرىنى بېرەي. بىراق، بۇنى چوڭ كېلىن ئاغىچا بىلەن پىگئېر خېنىمنىڭ پىكرى دېمەن، كېيىن ئۆزلىرى ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا دەپ قويارلا.

— ماڭا قاراڭ! — دېدى لى ۋەن، — يېشىڭىز شۇنچىگە كېلىپمۇ مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئەپلەشتۈرەلمەمسىز!

— ئەپلەشتۈرەلمەسلىك ئەمەس، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — بىرىنچىدىن، بۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا ئۆزى قىلىنىۋاتقان ئىش، بىز بۇ ئىشنىڭ نېرى - بېرىسىنى ئانچە ئۇقۇپ كەتمەيمىز؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزلىرى بىلەن پىگئېر خېنىم دەرقەمتە تۇرۇشۇپتىلا.

پىگئېر شۆيەننى چاقىرىپ چىقتى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى دەبيۇي شۆيەننى كىچىك بالا، ھېچنېمىنى ئۇقمايدۇ، دەپ سىنەكىمىگەچكە، شۆيەننىڭمۇ ئۇنىڭغا بولغان كۆڭلى سوۋۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا چاقىرتقاچقا، بارماي بولمايتتى، شۇڭا ئالمان - تالمان تەزىنى تۈزەشتۈردى. پىگئېرنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يېڭى كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بىلەن چىقىپ كەتتى، ئاندىن كېيىن پىگئېر لى ۋەن بىلەن يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپلەشتى. لى ۋەن پىگئېرگە ئۇ ياققا ئۆتكىنىڭىزدە لىن جىشياۋنىڭ ئايالىنى سۆيلەپ قويۇڭ، ئۇنىڭ ئېرى تېزرەك تۇتۇش قىلسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

پىگئېر خوش دەپ يېنىپ چىقتى، دوقمۇشتىن بۇرۇلۇشىغا لىن جىشياۋنىڭ ئايالى شۆيەننى كەينىگە سېلىپ، ئالدىدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى توۋلاپ توختىتىۋالدى.

— بۇنى مەن باشلاپ باراي، — دېدى ئۇ لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغا، — سىز ئاۋۋال بېرىپ لىن دادىكامغا دەپ قويۇڭ، دەبيۇي خان قىزغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلىسۇن.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ماقۇل دەپ يۈرۈپ كەتتى. پىگئېر

شۆيەننى كەينىگە سېلىپ يېڭى ھۆجرىغا كېلىپ مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئىشىغا ماڭدى.

شۇنداق قىلىپ، شۆيەن بۇياقتا بولۇۋاتقان ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۆيدە قالغان دەيىيۈينى ئەسلەپ، كۆڭلى بۇزۇلماي تۇرالمىدى. لېكىن، جيا ئانا بىلەن فېڭجيېنىڭ ئالدىدا بىلىندۇرۇپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەپ خىيالغا چۆمدى: «بۇ خەق مېنى نېمە قىلىدىكىنە؟ قېنى قاراپ باقاي. باۋيۈي بىزنىڭ خان قىزدىن بىر كۈنمۇ نېرى بولماي، خۇددى ھەسەلگە سېرىق ياغ قوشۇلغاندەك ناھايىتى چىقىشىپ ئۆتەتتى، ئەمدى بولغاندا زادىلا دىدار كۆرۈشمەي قويدى. راست كېسەلمىدۇ ياكى يالغان كېسەلمىدۇ؟ بەلكىم بىزنىڭ خان قىزنى خاپا بولۇپ قالمىسۇن دەپ يالغاندىن قاشتاشنى يىتتۈرۈۋەتتىم دېگەن باھانە بىلەن سەۋدايى بولۇۋېلىپ، ئۇنى رايىدىن ياندۇرۇپ، باۋچەي خېنىمغا ئۆيلىنىش كويىدا بولسىمۇ بولغاندۇ. قېنى، مەن ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ باقايچۇ، مېنى كۆرگەندە ئۇ ساراڭلىق قىلامدۇ، قىلمامدۇ؟ شۇ تاپتا ئۇنداقمۇ ساراڭ بولۇۋالماس !» شۇ خىيال بىلەن ئۇ غىپپىدە ئىچكىرىكى ھۆجرىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ماراپ باقتى.

باۋيۈي قاشتاش يىتىپ كەتكەندىن بېرى خۇدىنى يوقىتىپ قويغانىدى. لېكىن، دەيىيۈيگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا گويا بۇ ئىش قەدىمدىن تا ھازىرغىچە، ئەرشئەلادىن تارتىپ يەر يۈزىگىچە تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان راسا كۆڭۈل - كۆكسىدىكى ئىشتەك تۇيۇلۇپ، ۋۇجۇدى بىردىنلا تېتىكلىشىپ قالدى، بىراق ئاۋۋالقىدەك تۇيغۇن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، فېڭجيېنىڭ ئاتقان ھىيلە ئوقلىرى دەل جايىغا تېگىپ، ئۇنىڭ دەيىيۈينى كۆرۈشكە جېنى تاقىلداپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن توي بۈگۈن ئادا بولاتتى، شۇڭا ئۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ يايراپلا كەتتى، ئانچە - مۇنچە ئالجىپ سۆزلەپ قويىدىغىنىنى دېمىسە، ئۇنى كېسەل ۋاقتىدىكى ئەۋزايىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزدى دېسىمۇ بولاتتى. بۇ ئەھۋالنى

كۆرۈپ شۆيەنىنىڭ ئاچچىقىمۇ كەلدى، دىلىمۇ رەنجىدى. ئۇ باۋيۇيىنىڭ كۆڭلىدىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ نېرىغا بېرىپ تۇردى.

بۇ ياقتا باۋيۇي شىرېننى چاپسانراق يېڭى ئېگىن - ئاياغلىرىمنى تەييارلا، دەپ جورۇپ قويۇپ، ئۆزى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراتتى. قارىسا، فېڭجيې بىلەن يۇشى خېنىم ئالدىراپ - تېنەپلا يۇرۇشەتتى. ئۇ ئاخىر قۇتلۇق چاغنىڭ تېخىچە يېتىپ كەلمەيۋاتقانلىقىدىن تاقىلداپ شىرېندىن سوراۋەردى:

— دەيىۇي سىڭلىمنىڭ باغدىن چىقمىقى نېمانچە تەس كەلگەندۇ؟ تېخىچە كەلمەيدىغۇ؟

— ۋاقتى - سائىتىنى كۈتۈۋاتىدىغاندۇ، — دېدى شىرېن، — كۈلكىسىنى بېسىپ.

فېڭجيېنىڭ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا: «قارىلىق تۇتۇۋاتقاچقا، سىرتتا نەغمە - ناۋا قىلىشقا بولمىسىمۇ، ئائىلىمىزنىڭ يوسۇنى بويىچە نىكاھ تەزىمىنى ئۆتەش كېرەك. ساز - پاز ئۆگەنگەن ۋە چاڭچىلىكەشلەرنى باشقۇرغان خوتۇنلارنى چاقىرتاي، سۇناي - پۇناي چېلىپ، ئاز - پاز قىزىتىپ بەرسۇن» دېگىنى ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگىنى باۋيۇينىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

بىردەمدىن كېيىن چوڭ تەختىراۋان دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى، بۇياقتىكىلەر نەي - نېپىر نەغمىسى بىلەن ئالدىغا چىقىشتى. ئون ئىككى جۈپ ئوردا پانۇسى كۆتۈرگەنلەر سەپ تارتىپ كىرىۋىدى، مەرىكىگە خېلىلا ئىسكەت بەردى. يىگىت - قىزنىڭ قولداشلىرى قىزنى تەختىراۋاندىن چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. باۋيۇي قاراپ تۇراتتى، قىزىل يېپىنچا سالغان قولداش دېدەك چۈمبەل تارتىۋالغان يېڭى كېلىننى يۆلەپ چۈشۈردى. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قىزنى يۆلەپ كېلىۋاتقان كىشى كىمدۇ؟

ئۇ دەل شۆيەن ئىدى. شۆيەننى كۆرۇشى بىلەنلا باۋيۇي «نېمىشقا زىجۇەن كەلمەي بۇ كەلدىكىنە؟» دەپ گۇمانلاندى. شۇئانلا يەنە: «هە راست! شۆيەن ئۆزىنىڭ ئادىمى، ئۇنى جەنۇبتىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن، زىجۇەننى بولسا بىز تەيىنلەپ بەرگەن، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئەكەلمەيدۇ - دە» دېگەن خىيالغا كەلدى - دە، شۆيەننى كۆرۇپ، گويا دەيىيۇينى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. قولداشلار «تەزىم» دەپ توۋلىۋىدى، قىز - يىگىت ئاسمان - زېمىن هەققىگە تەزىم بەجا كەلتۇردى. جيا ئانىمۇ تالاغا تەكلىپ قىلىنغانىدى، ئۇنىڭغا تۆت قېتىم تەزىم قىلدى، ئاندىن جيا جېڭ ئەر - خوتۇن ئىككىسى تەكلىپ قىلىندى، ئۇلارغىمۇ تەزىم قىلدى. تەزىم رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن، قىز - يىگىت يېڭى هۇجرىغا ئۇزىتىلدى. چىمىلدىققا كىرىش دېگەندەك ئىشلار مەزكۇر خانىدانىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە ئادا قىلىندى. بۇنى تەپسىلىي دەپ ئولتۇرمايمىز. جيا جېڭ توي مەرىكىسى بىلەن باۋيۇينى پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇش دېگەن گەپكە ئىشەنمەيتتى، بۇ ئىشقا جيا ئانا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا هەدەپ قويۇۋاتاتتى. كىم بىلسۇن، باۋيۇي بۇگۇن ساق ئادەمدەكلا بولۇپ قاپتۇ، بۇ هالنى كۆرۇپ جيا جېڭمۇ مەمنۇن بولدى.

قىز چىمىلدىققا كىرگەندىن كېيىن، يۈزىنى ئېچىش كېرەك ئىدى. فېڭجيې ئاللىقاچان بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنى كۆز تىكىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى. شۇ چاغدا باۋيۇينىڭ سەل سەۋدايىلىقى تۇتتى - دە، ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سىڭلىم، ساقىيىپ قالغانسىز؟ كۆرۇشمىگىنىمىزگە خېلى كۇنلەر بولۇپ قالدى، بۇنداق بىرنېمىنى ئارتىۋېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دەپلا قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىشقا تەمشەلگەنىدى، جيا ئانا بېشىدىن سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. شۇ هامان باۋيۇينىڭ كاللىسىغا: «توختا، دەيىيۇي سىڭلىم ئوڭايلا خاپا بولۇپ قالىدۇ، بىكار يەنە ئىش تېرىپ قويماي» دېگەن بىر خىيال

www.uyghurkitap.com

كېچىپ، ئورنىغا قايتىپ بېرىپ بىرپەس ئارام ئالدى. لېكىن، يەنە ئۆزىگە هاي بېرەلمەي، ئاخىر بېرىپ چۈمبەلنى قايرىۋىدى، قولداش دېدەك چۈمبەلنى قولىدىن ئالدى. شۆيەن نېرى كېتىپ، قىزنىڭ خىزمىتىگە يىڭئېر كەلدى. باۋيوي كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ زەن سېلىپ قارىۋىدى، كۆزلىرىگە باۋچەيدەك كۆرۈنۈپ كەتتى، ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، بىر قولىغا چىراغ ئېلىپ، بىر قولى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ يەنە سىنچىلاپ قارىسا، راست دېگەندەك باۋچەي ئىكەن! ئۇ فارفور، ئازادە كىيىنگەن، جۇغى ئەتلىك ـ پۇسمىلاق كەلگەنىدى، ماڭلاي ۋە ياڭاق چاچلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى، كۆزلىرى ئويناپ، يېنىك نەپەس ئالاتتى. نازاكەتلىكى مىسالى ئېگىلىپ تۇرغان نېلۇپەر، نازىنىنلىقى بەئەينى يۇمران ئۆرۈك چېچىكى ئىدى.

باۋيوي هاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالدى، كېيىن قىزنىڭ يېنىغا سەپسېلىۋىدى، شۆيەن غايىب بولۇپ، يىڭئېر تۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي، مەن چۈش كۆرۈۋاتسام كېرەك دېگەن يەرگە كېلىپ، داڭ قاتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى. باشقىلار ئۇنىڭ قولىدىن چىراغنى ئېلىپ يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە پەقەت لام ـ جىم دېمىدى. جىيا ئانا ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، ئۆزى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالدى. فېڭجيې بىلەن يۇشى خېنىم باۋچەينى ئىچكىرىكى هۇجرىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا باۋچەينىڭ بېشىنى سېلىپ زۇۋان سۈرمەسلىكى تەبىئىي ئىدى.

باۋيوي بىردەم ئېسىنى يىغىۋېلىپ، بىر چەتتە ئولتۇرغان جىيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا قاراپ قويۇپ، شىرېنىنى ئاستا چاقىردى:

— مەن هازىر قەيەردە؟ بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ؟

— بۈگۈن سىزنىڭچۇ مۇبارەك كۈنىڭىز، — دېدى شىرېن، — قويۇڭ ئۇنداق چۈش ـ پۈش دەپ جۆيلۈشلىرىڭىزنى! تاشقىرىدا

بېگىم بار جۇمۇ !

— ئاۋۇ يەردە ئولتۇرغان ساھىبجامال كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي قولى بىلەن باۋچەينى كۆرسىتىپ.

شىرېن كۆلكىسى قىستاپ، ئاغزىنى تۇسۇۋېلىپ، گەپ قىلالماي قالدى.

— ئۇ، — دېدى بىرھازادىن كېيىن، — سىز ئالغان يېڭى ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا بولىدۇ.

باشقىلارمۇ تەتۈر قاراپ، كۆلكىسىنى باسالماي قېلىشتى.

— ھوي گالۋاڭ ! — دېدى باۋيۈي يەنە، — «ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا» دېگىنىڭ زادى كىم بولىدۇ دەۋاتىمەن.

— باۋچەي خان قىز ئۇ، — دېدى شىرېن.

— دەييۈي قىز قېنى؟

— بېگىم ئۆزى باش بولۇپ سىزگە ئېلىپ بەرگىنى باۋچەي خان قىز تۇرسا، يەنە نېمە دەييۈي قىز دەپ جۆيلۈپ يۈرىسىز؟

— بايا دەييۈي قىزنى كۆرۈۋېدىمغۇ؟ تېخى يېنىدا شۆيەنمۇ بار ئىدى، ئەمدى نېمىشقا يوق دەيسىلەر؟ بۇ زادى سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار؟

شۇنىڭ بىلەن فېڭجيې كېلىپ:

— ھۇجرىدا باۋچەي خېنىم بار، ھەر قىسما گەپ قىلما، ئۇنى رەنجىتىپ قويساڭ ئۇلۇغ ئانىمىز كايىيدۇ جۇمۇ !

بۇ گەپ بىلەن باۋيۈي تېخىمۇ بەكرەك ئالجىغىلى تۇردى. بالدۇرقى گاراڭلىق كېسىلىنىڭ ئۈستىگە، بۈگۈن ئاخشام مۇشۇنداق ئەرۋاھىنى ئۈركۈتىدىغان ئىشلار قوشۇلۇپ، پىكىر - خىيالى تېخىمۇ چېچىلدى - دە، ھېچنېمىگە قارىماي، دەييۈي سىڭلىسىنى تېپىپ بېرىڭلار، دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي جاۋراپلا كەتتى. جيا ئانا ۋە باشقىلار يېنىغا كېلىپ شۇنچە بەزلىسىمۇ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى زادىلا چۈشەنمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكىرىكى ھۇجرىدا باۋچەي بولغاچقا، گەپنى ئېچىپ ئېيتىشقىمۇ بولمايتتى. ئۇلار باۋيۈينىڭ كونا كېسىلى

قوزغالغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئوچۇقىنى ئېيتماي، ھەدەپ ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە كۆتمۈر كۆجىسى يېقىپ، ئۇنىڭ روھىنى تىنچىتىپ، ئۇنى يۆلەپ ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇشتى. ھېچكىم زۇۋان سۈرمەيتتى. بىردەمدىن كېيىن باۋيۇي كاللىسى تۆرەپ ئۇيقۇغا كەتتى. جيا ئانا ۋە باشقىلارنىڭ كۆڭلى شۇ چاغدىلا بىرئاز تىندى. ئۇلار باشقا ئامال قىلالماي، ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزماقچى بولۇپ، باۋچەينى ئارام ئالدۇرۇشقا فېڭجيېنى جورۇدى. باۋچەي ئۆزىنى ھېچنېمىنى بىلمىگەنگە سېلىپ، ئۈستىبېشى بىلەنلا ياتقاندى. جيا جېڭ تاشقىرىدا بولغاچقا، ئىچكىرىدە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. پەقەت بايا كۆرگەن ئەھۋالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆڭلى ئارام تاپقانىدى. ئەتە دەل ئۇنىڭ يولغا چىقىدىغان قۇتلۇق كۈنى ئىدى، شۇڭا ئاز - پاز ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئۇنى مۇبارەكلەپ ئۇزاتماقچى بولۇشتى. باۋيۈينىڭ ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆرگەن جيا ئانىمۇ ئۆز ئۆيىگە چىقىپ ئارام ئالدى.

ئەتىسى سەھەردە جيا جېڭ ئەجدادلار خانىقاسىغا كىرىپ ۋىدالاشتى، ئۇ يەردىن جيا ئانىغا تەزىم قىلىپ خوشلاشتى:

كەمىنە بىۋاپا ئوغۇللىرى ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ يىراققا كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — ھەمىشە سەھەتى - سالامەت بولغايلا. كەمىنە ئوغۇللىرى خىزمەت ئورنۇمغا بارغان ھامان سالامەتلىكلىرىدىن خەت يوللايمەن. ھەرگىز ئۇيىمىگەيلا. باۋيۈينىڭ ئىشى ئۆزلىرىنىڭ رايى بويىچە ئادا بولدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا تەنبىھ - تەربىيە بېرىپ تۇرغايلا.

جيا ئانا جيا جېڭنى سەپەر ئۈستىدە كۆڭلى بىئارام بولۇپ قالمىسۇن دەپ، باۋيۈينىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا دېمەي قويدى.

— بىر گېپىم بار، — دېدى ئۇ، — ئاخشام باۋيۈينىڭ تويىنى ئۆتكۈزگەن بولساقمۇ، لېكىن ئۇنى بىر ھۇجرىدا قويمىدۇق. بۈگۈن سەپەرگە ماڭماقچى بولۇۋاتىسەن، باۋيۇي ئەلۋەتتە سېنى

خېلى يىراققىچە ئۇزىتىپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇنى كېسەلدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇنلا بۇگۇن تويىنى قىلىپ قويغاچقا، بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالدى، ئاندىن تۇنۇگۇن كەچكىچە ئۆرە يۇرۇپ ھېرىقىپىمۇ قالدى، تالا - تۇزگە چىقسا، شامالداپ قالامدىكىن دەيمەن. شۇڭا، ئۆزۈڭگىلا قويدۇم، ئۇزاتسۇن دېسەڭ، دەررۇ ئۇنى چاقىرتايلى، سېنى ئۇزىتىپ قويسۇن؛ ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا، ئۇنى بىركىم ئاچىقىپ ساڭا كۆرۇنۇش قىلدۇرسۇن، ساڭا باش قويسۇن - دە، شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلايلى.

— ئۇزىتىپمۇ نېمە قىلار؟ — دېدى جيا جېڭ، — بۇنىڭدىن كېيىن كۆڭۇل قويۇپ كىتاب ئوقۇيدىغانلا بولسا، مېنى ئۇزاتقىنىدىنمۇ شۇ ئەلا.

شۇنىڭ بىلەن جيا ئانا يەنە بىر غەمدىن قۇتۇلدى. جيا جېڭنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، يۇەنياڭنى مۇنداق قىل، ئۇنداق قىل، باۋيۇينى باشلاپ چىق، شىرېن بىلەن چىقسۇن دەپ جورۇدى. يۇەنياڭ كىرىپ كېتىپ، بىر پەستىنلا باۋيۇي چىقتى. ئۇ يەنە بالدۇرقىدەك، تەزىم قىل دېسە، تەزىم قىلدى. شۇنىسى قىزىق بولدىكى، باۋيۇي ئاتىسىنى كۆرۇپ ئەقىل - ھوشىنى سەل يىغىۋالدى، ئۇنىڭ خۇدىنى بىلىشى بىردەملىكلا بولۇپ، ئانچە كۆپ پەرقلەنمىدى. جيا جېڭ بىرنەچچە ئېغىز گەپ تاپىلىۋىدى، باۋيۇي خوش دەپ ئىلىك ئالدى. جيا جېڭ ئۇنى باشقىلارنىڭ يۆلەنچىلىكىدە ھۇجرىسىغا قايتۇرۇپ، ئۆزى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— ئۇنى، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ئوغلىنى تەربىيەلەشنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا قاتتىق تاپىلاپ، — بۇرۇنقىدەك ئەركىلىتىشكە زادى بولمايدۇ. كېلەر يىلى بولىدىغان مەھەللى ئىمتىھانىغا قاتناشماي قالمىسۇن.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ ھەممە گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇردى، باشقا گەپ قىلمىدى. دەرھال ئادەم جورۇپ باۋچەينى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئاچىقتۇردى. يېڭى كېلىن ئاقيول تىلەش

سالىمىنىلا بەجا كەلتۈرۈپ قويۇپ ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى. قالغان ئەھلى ئايالالار ئارا دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويۇشتى. جيا جېن قاتارلىقلارمۇ بىرقۇر ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ سەپىرى ئۇچۇن قەدەھ كۆتۈرۈشتى، ئوغۇل پەرزەنتلەر ۋە بىر دېمەتلىك بولمىغان ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرى ئۇنى ئون يوللۇق راباتقىچە ئۇزىتىپ بېرىشتى.

جيا جېڭنىڭ مەنسەپكە ئولتۇرۇشى ئۇچۇن سەپەر قىلغانلىقى ھەققىدە بايان قىلمايمىز. باۋيۇيگە كەلسەك، ئۇ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، كېسىلى قوزغىلىپ، تېخىمۇ خۇدىنى يوقىتىپ قويدى، ھەتتا گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھاياتى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.



www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# توقسان سەككىزىنچى باب

## دەردمەن مېھرىگىياھ ئەرۋاھىنىڭ ھىجران دۇنياسىغا قايتىپ كەتكەنلىكى
## كېسەلچان زەبەرجەت غىلمانىنىڭ شەيدالىق ماكانىغا ياش تۆككەنلىكى

شۇنداق قىلىپ، باۋيۇي جىيا جېڭغا كۆرۈنۈش قىلىپ بولۇپ ھۇجرىسىغا قايتىپ بارغاندا، بېشى تېخىمۇ گاڭگىراپ، مىدىر - سىدىر قىلىشمۇ خۇشياقماي، ھەتتا غىزامۇ يېمەي ئەلەك - سەلەك بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنى يەنە تېۋىپقا كۆرسەتتىشتى، ئىچكەن دورىسى كار قىلماي، بارا - بارا ئادەمنىمۇ تونۇيالمايدىغان بولۇپ قالدى. باشقىلار يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويسا ساق ئادەمدەك ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇدا نەچچە كۈنگىچە قەسىردىكىلەرنى ئاشۇنداق بىسەرەمجان قىلىۋەتتى. ئاشۇ كۈنى توققۇزلۇق تەزىمگە[1] بارىدىغان كۈن ئىدى. بارمىسۇنمىكىن دېسە، شۆ ھامىمنىڭ يۈزىگە سەت بولاتتى؛ بارسۇنمىكىن دېسە، باۋيۇينىڭ ئەھۋالى بۇ، دەييۈينىڭ دەردىدە ئاشۇنداق بولۇپ قالغانلىقى ھەممىگە ئايان؛ باۋيۇيگە ئېنىقىنى ئېيتايلىمىكىن دېسە، خاپىچىلىقتا كېسىلى تېخىمۇ ئۆزگىرىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىشەتتى. باۋچەي يېڭى كېلىن بولغاچقا، تەسەللى ئېيتىش

① توققۇزلۇق تەزىمگە بېرىش — كونا زاماندىكى ئادەت بويىچە، توي بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى يېڭى كېلىن ئانىسىنىڭكىگە بارىدۇ، بۇ «سالامغا بېرىش» دەپ ئاتىلىدۇ، توققۇزىنچى كۈنى يەنە بىر قېتىم ئانىسىنىڭكىگە بارىدۇ، بۇ «توققۇزلۇق قىلىپ بېرىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغىمۇ تەس ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، هامما خېنىم ئۆزى كەلسە ئوبدان بولغۇدەك دېگەن يەرگىمۇ كېلىشتى. توققۇزلۇق تەزىمگە بارمىسا، هامما خېنىمنىڭ قورسىقى كۆپەتتى. شۇڭا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا فېڭجيې مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

ـــ مېنىڭچە، باۋيۈينىڭ ئۆزى ئۆيدە بولغىنى بىلەن روھى ئۆيدە بولمىغاندىن كېيىن، تالا ـ تۈزگە چىقمىشىدىن ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ، ئىككى كىشى كۆتۈرىدىغان تەختىراۋانغا كىشىلەر يۆلەپ چىقىرىپ ئۇنى باغدىن ئېلىپ ئۆتسۇن ـ دە، توققۇزلۇق تەزىمگە بېرىش قۇتلۇق چېغىنى شۇنىڭ بىلەن ئادا قىلغان بولسۇن، ئاندىن هامما خېنىمنى تەكلىپ قىلساق، بۇ ياقتا ئۆتۈپ باۋچەيگە تەسەللى بەرسە، بىز پۈتۈن پىكىر ـ خىيالىمىز بىلەن باۋيۈينى داۋالاتساق، ئۇ چاغدا كاۋاپىمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئىش بولمامدۇ؟

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ مەسلىھەتنى خوپ كۆرۈپ، دەرهال شۇنىڭغا تۇتۇش قىلدى. هېلىمۇ ياخشى، باۋچەي يېڭى كېلىن، باۋيۈي مەجنۇن ئىدى، شۇڭا كۆز كۆرەرگە ئۇدۇمنى قىلىپ قويۇشتى. باۋچەينىڭ كۆڭلىگىمۇ بۇ ئىش ئايان ئىدى. ئۇ دەسلەپتە بۇ ئىشتا گالۋاڭلىق قىلىپ قويدى دەپ ئانىسىدىن ئاغرىنغانىدى. لېكىن، بولار ئىش بولۇپ بولغاچقا، ئوشۇقچە گەپ قىلىشقا رايى بارمىدى. يالغۇز شۇ هامىلا باۋيۈينىڭ بۇ ئەۋزايىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە پۇشايمان يەپ، ئىشنى قول ئۇچىدىلا تۈگىتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، باۋيۈينىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بەتتەر بولۇپ كەتتى، ئەتىسى ئورنىدىن قوپقۇچىلىكمۇ ماجالى قالمىدى. كېيىنلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ھەتتا گېلىدىن سۇيۇق ـ سەلەڭ نەرسىمۇ ئۆتمەس بولۇپ قالدى. شۇ هامما ۋە باشقىلار تەمتىرەپ پۈت ـ قولى يەرگە تەگمەيلا كەتتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن داڭلىق تېۋىپلارنى تېپىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن هېچقايسىسى كېسەلنىڭ يىلتىزىنى تاپالمىدى. شەھەر

تېشىدىكى خارابە ئىبادەتخانىنى پاناھ قىلىپ لى فامىلىلىك، جىئەن (ئابىد) تەخەللۇسلۇق كەمبەغەل بىر تېۋىپ كېلىپ كۆرگەندە، شۇ تېۋىپلا: ھەسرەت بىلەن خۇشاللىقتا تەڭلا نەشتەر ئۇرۇلۇپ، بەدەندە سوغۇقلۇق بىلەن ئىسسىقلىق تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ۋە يېمەك - ئىچمەك ۋاقتى - سائىتىدە بولمىغان، ئىچىگە غەم - غۇسسە تۇگۈلۈپ ماغدۇرى كېسىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىچىدىن ئاداش ۋە تېشىدىن جاڭداش كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان، دەپ، كېسەلنىڭ يىلتىزىنى تاپتى، چاغلاپىراق دورا بۇيرۇدى. شۇ ئاخشىمى دورىنى ئىچىۋىدى، ئىككىنچى جېسەك ۋاقتىدىن كېيىن سەل ھوشىغا كېلىپ ئۇسسۇزلۇق ئىچمەن، دېدى. جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئاندىن كۆڭلى تىندى. تەكلىپ بويىچە، شۆ ھامما باۋچەينى ئېلىپ باشقىلار بىلەن جيا ئانىنىڭكىگە كىرىپ، ۋاقتىنچە ئارام ئالغان بولدى.

باۋيۇي بىردەملىك ھوشىنى تاپقاندەك بىلەن، ئۆزىنىڭ ساق قېلىشىغا كۆزى يەتمىدى. كىشىلەر تارقالغاندىن كېيىن، ئۆيدە شىرېن يالغۇز قالغانىدى، ئۇنى قېشىغا چاقىرىپ، قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سەندىن شۇنى سوراي، — دېدى ئۇ يىغلاپ، — باۋچەي ئاچام قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟ ئەسلىسەم، بەگ ئاتام ماڭا دەييۈي سىڭلىمنى ئېلىپ بەرگەنىدى. ئۇنى باۋچەي ئاچام قانداقسىغا قوغلىۋەتتى؟ باۋچەي ئاچام نېمىشقا بۇ يەردە ئۆكتەملىك قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ؟ بىرنېمە دەي دېسەم ئۇنى رەنجىتىپ قويىمەنمىكىن دەيمەن. دەييۈي سىڭلىمنىڭ يىغلاپ قانداق بولۇپ كەتكىنىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

— دەييۈي خان قىز ئاغرىپ ياتىدۇ، — دېدى شىرېن ئوچۇقىنى ئېيتىشقا پېتىنالماي.

— ئۇنى يوقلاپ كېلەي، — باۋيۇي ئورنىدىن قوپماقچى بولۇۋىدى، ئۇدا نەچچە كۈنگىچە غىزادىن قېلىپ قالغان بولغاچقا، قىمىرلاشقا ماجالى يەتمەي يەنە يىغلاپ تاشلىدى، —

www.uyghurkitap.com

مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، ئىچىمدە بىر ئېغىز گېپىم بار، چوڭ ئانامغا مەلۇم قىلىپ قويساڭ، بەربىر دەييۈي سىڭلىمۇ ئۆلدۇ، مەنمۇ ئەمدى ساق قالالمايمەن، ئىككى ياقتىكى بىز ئىككى كېسەلنىڭ ھەر ئىككىمىز ئۆلىمىز! ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىن، سەرەمجانلاشقا تېخىمۇ تەس كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، بىر ئېغىز ئۆينى بوشىتىپ، دەييۈي سىڭلىم بىلەن ئىككىمىزنى شۇ ئۆيگە ئەكىرىپ قويسا، تىرىكىمىزدىمۇ بىر يەردە داۋالىنساق، بىر - بىرىمىزنى كۈتۈشسەك، ئۆلسەكمۇ ئۆلۈكىمىزنى بىر يەردە قويسا. مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ مۇشۇ گېپىمنى چوڭ ئانامغا يەتكۈزۈپ قويساڭ، نەچچە يىللىق مېھرىمىز بىكار كەتكەن بولمايتتى.

بۇ گەپتىن شىرىن ھودۇقۇپ قالدى، كۈلگۈسىمۇ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىچىمۇ ئاغرىدى. يىڭئېرنى كەينىگە سىلىپ كىرىپ كېلىۋاتقان باۋچەيمۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدى.

— كېسەل تۇرۇپ ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسرىماي، بۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى باۋچەي، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئەمدىلا ئارامىنى تېپىۋىدى، سىز يەنە ئىش تېرىپ بەرمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆمۈر بويى يالغۇز سىزگىلا كۆيۈنۈپ كەلدى، يېشىمۇ سەكسەندىن ئېشىپ كەتتى، سىزنىڭ مەنسەپكە مۇشەررەپ بولۇشىڭىزنى كۆزلىمەيدۇ، ھەر ھالدا ئادەم بولۇپ يېتىشسىڭىز، بىر كۈن بولسىمۇ شۇنىڭغا كۆڭلى خۇش بولسا، ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ جاپا تارتىپ سىڭدۈرگەن ئەجرى بىھۇدە كەتمىگەن بولىدۇ. ئاغىچا خېنىم توغرىسىدىغۇ گەپ لازىم ئەمەس، ئاغىچا خېنىم ئۆمۈر بويى كۆيۈپ - پىشىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سىز بىر تال ئوغلىنى ئاسراپ چوڭ قىلغان، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەيلا ئۆلۈپ كەتسىڭىز، ئاغىچا خېنىم كەلگۈسىدە قانداق قىلىدۇ؟ مەن شور پېشانە بولسامۇ، ھەر ھالدا ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمەيمەن. مۇشۇ ئۈچ تەرەپنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۆلۈۋالاي دېسىڭىزمۇ ھېچقاچان ئۆلۈشىڭىزگە يول

يوق، ئۆلۈۋالىمەن دەپ ئۆلۈۋالالمايسىز. ئارامىڭىزدا تۆت ـ بەش كۈن داۋالىنىپ كۈتۈنسىڭىز ئىمزەڭگۈلۈك تارقىلىپ، هالاللىق ـ غەندالىلىق كامالەتكە يېتىپ، بۇ نەسلىك ئىللەتلىرى ئۆز ـ ئۆزىدىن يوقايدۇ.

باۋيۈي بۇ گەپلەرگە جاۋاب بەرمىدى، بىر هازادىن كېيىن خىر ـ خىر كۈلۈپ كېتىپ:

— ماڭا گەپ قىلماس بولۇپ قالغىنىڭىزغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى، ئەمدى بولغاندا مۇنداق چوڭ ـ چوڭ گەپلەرنى كىمگە دەپ بېرىۋاتىسىزكىنتاڭ؟

— سىزگە راستىنى ئېيتاي، — دېدى باۋچەي ئۇنىڭ بۇ گېپىگە جاۋابەن، — خۇدىڭىزنى بىلمەي يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە دەيىۈي سىڭلىم تۈگەپ كەتتى.

باۋيۈي ئورنىدىن لىككىدە قوپۇپ ئولتۇرۇپ:

— نېمە؟ راستلا ئۆلۈپ قالدىمۇ؟ — دەپ، هەيران بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى.

— راست، ئۆلۈپ كەتتى، ئۆلمىگەن خەقنى ئۆلدى دەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىم سىلەر ئاكا ـ سىڭىل ئىككىڭلارنىڭ ئىناق ئىكەنلىكىڭلارنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالسا، سىزنىمۇ ئۆلۈۋالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، بۇ ئىشنى سىزگە ئېيتقۇسى كەلمىگەن.

باۋيۈي شۇ گەپ بىلەن ئۆزىنى توختىتالماي هۆكىرەپ يىغلاپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، بىردىنلا كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، هېچقاياقنى ئىلغا قىلالماي كۆڭلى غۇۋالاشتى، خۇددى ئالدىدىن بىر كىم كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ:

— تەخسىر، بۇ قەيەركىن؟ — دەپ سورىدى ئىختىيارسىزلا.

— بۇ جەهەننەم يولى، — دېدى هېلىقى كىشى، — ئۆمرۈڭ ئاخىرلاشمىغان تۇرسا، نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىسەن؟

— بىر قەدىناسىم قازا تېپىپتۇ دەپ ئاڭلاپ شۇنى ئىزدەپ

www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتاتتىم، يولدىن ئادىشىپ قاپتىمەن، — دېدى باۋىيوي.

— قەدىناسىڭ كىم؟

— گۇسۇلۇق لىن دەيىيوي.

— لىن دەيىيوي، — دېدى ھېلىقى كىشى سوغۇققىنا كۈلۈپ، — ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى ئىنساندىن ئۆزگىچە، ئۆلۈشمۇ جىنىدىن ئايرىمچە، روھى - ئەرۋاھى بولمىسا ئۇنى نەدىن ئىزدىمەكچىسەن؟ ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەرۋاھى جەم بولۇشى بىلەنلا جىسىم شەكلىگە كىرىدۇ. چېچىلىسا، بۇغ - ھاۋاغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ھايات چېغىدا جەملىنىشىدۇ، قازا تايقاندا چېچىلىپ كېتىدۇ. دېمەك، ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەرۋاھىنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمىغان يەردە، لىن دەيىيۇيىنىڭكىنى تاپقىلى بولامتى؟ چاپسان كەينىڭگە يان.

— ئۆلگەندە ئەرۋاھى چېچىلىپ كېتىدۇ دەيلا، — دېدى باۋيوي بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ، — ئۇنداق بولسا، نېمىشقا يەنە بۇ «جەھەننەم» مەۋجۇت بولىدىكەن؟

— «جەھەننەم» دېگىنىمىز، — دېدى ھېلىقى كىشى دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — بار دېسە بار، يوق دېسە يوق نەرسە. بۇ پاسىقلارنىڭ ھايات - ماماتلىقتا بىرلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېيتىلغان گەپ، شۇنداقلارنى بۇ دۇنيادا ئاشۇ گەپ بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، تەڭرى نادانلارغا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، يەنى زىرقى - نېسىۋىسىگە قانائەت قىلمىغانلار ياكى يەيدىغان رىزقى تۈگىمەي تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلار، ياكى ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ يامان يولغا كىرىپ كېتىپ ئۆزىنى بىھۇدە ھالاك قىلغانلارغا ئاشۇ «جەھەننەم» نى ئالاھىدە ياراتقان، ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ تىرىكلىكىدە قىلغان گۇناھلىرىنىڭ ئەجرى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئەرۋاھلىرىنى شۇنىڭغا ھەبەس قىلىپ چەكسىز ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. دەيىيوينى ئىزدەيمەن دېسەڭ، ئۆزۈڭنى بىھۇدە خەتەرگە يولۇقتۇرىسەن، دەيىيوي غايىب ئالەمگە قايتىپ كەتتى. ئۇنى

تېپىپ زىيارەت قىلىش نىيىتىڭ بولسا، جان ـ دىلىڭ بىلەن زاھىتلىق يولىغا كىرسەڭ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ۋاقتى نېسىپ بولىدۇ. مۇبادا، خاتىرجەم ئۆمۈر كۆرۈشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋېلىش گۇناھىنى سادىر قىلىدىغان بولساڭ، جەھەننەمگە ھەبەس قىلىنىسەن ـ دە، ئۇ چاغدا ئاتا ـ ئاناڭنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىنكى، دەيىۋى بىلەن دىدار كۆرۈشۈشىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ھېلىقى كىشى گېپىنى تۈگىتىپلا، يىغىنىڭ ئىچىدىن بىر تاشنى ئېلىپ باۋيۈينىڭ يۈرىكىگە قارىتىپ ئاتتى. باۋيۈي بۇ گەپكە قۇلاق سېلىپ تۇرغىنىدا، ئۇستىلەپ بۇ تاش يۈرىكىگە تەگدى ـ دە، قورقۇپ كېتىپ، دەررۇ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇۋىدى، يولدىن ئادىشىپ قالدى. ئۇ قايمۇقۇپ تۇرغاندا، نېرىسىدىن بىرسىنىڭ ئۇنى قىچقارغاندەك قىلدى، بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا باشقا بىركىملەر ئەمەس، جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، باۋچەي، شىرېنلار چۆرىدەپ يىغلاپ تۇرۇشۇپتۇ. ئۆزى بولسا ئاۋۋالقىدەكلا كارىۋاتتا يېتىپتۇ. كۆزى شىرەدىكى قىپقىزىل يېنىپ تۇرغان پانۇسقا، پەنجىرىدىن كۆرۈنگەن يوپيورۇق ئايغا چۈشتى. ئۆزى يەنىلا ئاجايىپ ياسىداق مۇھىت ۋە گۈللەپ ـ ياشنىغان دۇنيادا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى، كۆڭلىنى توختىتىپ ئويلىۋىدى، بايا ئۇزۇن چۈش كۆرگەنلىكىنى ئەسلىدى. ئۇ چىلىق ـ چىلىق سوغۇق تەرگە چۆمۈلۈپ، ئىچ ـ ئىچىدىن سەگىگەندەك بولدى. راسا ئويىدان ئويلىنىپ باقتى، لېكىن بىرنەچچە قېتىم قاتتىق ئاھ ئۇرغاندىن باشقا ئامال تاپالمىدى.

دەييۈينىڭ ئۆلگەنلىكىدىن باۋچەي باشتىلا خەۋەر تاپقانىدى. بىراق، جيا ئانىلار باۋيۈينىڭ كېسىلى ئۈستىگە كېسەل چاپلىشىپ داۋا كار قىلماي قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، بۇ خەۋەرنى باۋيۈيگە ئۇقتۇرماسلىقنى ھەممىگە جېكىلىگەنىدى. باۋچەينىڭ ئۆزى باۋيۈينىڭ كېسەل بولۇشىغا ھەممىدىن بۇرۇن

دەيىۇينىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى، قاشتاشنىڭ يوقىلىشى ئىككىنچى ئورۇندىكى سەۋەب ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، راستىنى ئېيتسام، پۇرتىكگە جاقلا تەگسە، ئۇنىڭدىن رىشتىنى بىر يولىلا ئۈزىدۇ ـ دە، روھى ئىزىغا چۈشۈپ شىپالىق تاپىدۇ، دەپ پەملىگەنىدى. جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار باۋچەينىڭ غەرىزىنى چۈشەنمەي، تەنتەكلىك قىلىپ قويۇپتۇ، دەپ ئۇنىڭدىن قاتتىق ئاغرىنغانىدى. باۋيۈي هوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۈلارنىڭمۇ كۆڭلى سەل تىنىم تېپىپ، دەرھال تاشقىرىقى كۇتۇپخانىدا ساقلاپ ئولتۇرغان لى تېۋپىنى تومۇر تۇتۇپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدۇردى. تېۋىپ كىرىپ تومۇرنى تۇتۇپ بېقىپ:

— ئاجايىب ھە! ئەمدى تومۇرنىڭ سوقۇشى ئىزىغا چۈشۈپتۇ، دەرد تارقاپ ئارام تېپىپتۇ، ئەتە شۇنىڭغا لايىقىدا دورا بەرسەك ساقىيىشىغا كۆز يېتىدىغان بولدى، — دەپ چىقىپ كەتتى. قالغانلارمۇ خاتىرجەم بولۇپ تارقاشتى.

شىرېن دەسلەپتە، بۇ خەۋەرنى ئېيتماسلىقى كېرەك ئىدى، دەپ باۋچەيدىن قاتتىق ئاغرىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئاغزىدىن چىقىرالمىغانىدى. يىڭئېرمۇ «خان قىز بەك ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويدى» دەپ غەيۋەتىنى قىلغانىدى. باۋچەي ئاڭلاپ قېلىپ:

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ! ھەرقانداق ئىش بولسا مانا مەن بار، — دېدى. باۋچەي خەقلەرنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىنى يېنىغىمۇ ئالماي، باۋيۈينىڭ يۈرەك دەردىگە تازا زەن سېلىپ، يەڭ ئىچىدە ئۇنىڭ داۋاسىنى قىلىپ قويدى.

بىر كۈنى باۋيۈينىڭ ئەس ـ ھوشى خېلى ئىزىغا چۈشۈپ قالدى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ دەيىۈي يادىغا كېلىپ قالسا گاراڭلىشىپمۇ قالاتتى. شىرېن: «ئۇلۇغ بېگىم باۋچەي خان قىزنى ئادەمگەرچىلىكنى ئوبدان بىلىدۇ دەپ تاللىغان، دەيىۈي خان قىزنى مىجەزى غەلىتە، ئۆگكەك دەپ ياراتمىغان، ياش تۇرۇپ

قازا تاپارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ سىزنى ياخشى - يامانىنى ئىلغا قىلماي، قاتتىق چېچىلىپ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالمىسۇن دەپ، شۇيەننى چاقىرتىپ كېلىپ سىزنى گوللىغان» دېگەن گەپلەر بىلەن دائىم بەزلەيتتى. باۋيۇينىڭ ھەمىشە ئىچى سىيرىلىپ كۆزىدىن ياش توختىمايتتى. ئۆلۈۋېلىش كويىدىمۇ بولغانىدى. لېكىن، چۈشىدىكى گەپلەرنى ئەسلەپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ھەم ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ خاپا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ نىيىتىدىن يانمايمۇ بولمىدى. ئۇ يەنە دەييۇينىڭ ئۆلگەنلىكىنى، باۋچەي بولسا بىرىنچى قاتاردىكى گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، «ئالتۇن بىلەن قاشتاشنىڭ ئەقىدى نىكاھى» پېشانىسىگە پۈتۈلگەنلىكىگە ئىشەندى، كاللىسىدىنمۇ خېلىلا ئۆتكەندەك بولدى. باۋچەيمۇ ئۆز نەزىرىدە ھېچقانچە چوڭ چاتاق يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ، جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئالدىدا ئائىلىۋى قائىدە - يوسۇننى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بار ئامال بىلەن باۋيۇينى دەردتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشتى. باۋيۇي ئادەتتە ئانچە كۆپ ئۆرە ئولتۇرالمايتتى، باۋچەينىڭ دائىم كارىۋىتىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغىنىنى كۆرسە، ئۆزىگە ھاي بېرەلمەي كونا كېسىلى قوزغىلىپمۇ قالاتتى. ئاشۇنداق چاغلاردا، باۋچەي توغرىسىنى ئېيتىپ: «بويىڭىزنى ئاسرىغىنىڭىز تۈزۈك، بىز ئىككىمىز دېگەن ئەر - خوتۇن، قاچانلا بولسۇن بىللە بولالايمىز» دەپ ئۇنى بەزلەپ قوياتتى. بۇ ھال باۋيۇينىڭ كۆڭلىگە ئانچە يېقىپمۇ كەتمەيتتى، كۈندۈزى جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە شۇ ھاممىلار گېزەك بىلەن ھەمراھ بولۇپ تۇراتتى. كېچىلىرى باۋچەي چىقىپ كېتىپ ئۆزى يالغۇز يېتىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جيا ئانا ئۇنى كۈتۈش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتەتتى، شۇڭا باۋيۇي ئارام ئېلىپ كۈتۈنۈشكە مەجبۇر بولاتتى. باۋچەينىڭ خۇي - پەيلىدىكى ناز اكەتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ دەييۇيگە بولغان كۆڭلى بارا - بارا باۋچەيگە كۆچۈشكە باشلىدى. بۇلار كېيىنكى گەپ.

www.uyghurkitap.com

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئىشىتمەك كېرەك. ۋاۋيۇيىنىڭ تويى بولغان كۈنى دەييۈي كۈندۈزى ھوشىدىن كېتىپ، گويا يۈرىكى ئۇرۇشتىن توختاپ تىنىقى ئۈزۈلگەندەك بولۇپ قالغان، بۇ ھالدىن لى ۋەن بىلەن زىجۈەن يىغلاۋېرىپ ئۆلەي دېگەنىدى. ئاخشىمى دەييۈي يەنە ئۆزىگە كېلىپ، كۆزىنى ئارانلا ئېچىپ، سۇ ياكى شورپا ئىچمەن دېگەندەك قىلدى. شۇيەن چىقىپ كېتىپ، يېنىدا زىجۈەن بىلەن لى ۋەن قالغانىدى. زىجۈەن كۆۋاك مېۋە شورپىسى قوشۇلغان نەشپۈت شەربىتىدىن بىر پىيالە ئەكېلىپ، كىچىك كۈمۈش قوشۇقتا ئىككى ـ ئۈچ قوشۇقلا ئىچۈردى. دەييۈي كۆزىنى يۇمۇپ، بىرپەس ئارام تاپقاندىن كېيىن، كۆڭلى سەل يورۇغاندەك بولدى. لى ۋەن دەييۈينىڭ ئاز ـ پاز ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ ئەھۋالنى زاۋال ئالدىدا ئەكس ئەتكەن غىل ـ پال نۇردەكلا سەگەك بولۇپ قالغانلىقى دەپ بىلدى ـ دە، يەنە بىرەر ـ يېرىم كۈنلۈك ۋاقتى بار ئىكەن دېگەن يەرگە كېلىپ، ئىش ـ كۈشلىرىدىن ئازراق بولسىمۇ قىلىۋېلىش ئۈچۈن خۇشبۇي شالزارغا كەتكەنىدى.

دەييۈي كۆزىنى ئاچتى، يېنىدا پەقەت زىجۈەن بىلەن ئېمىكئانا ۋە بىرنەچچە قىزلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، زىجۈەننى قولىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— مەن ئەمدى ئۈگۈشەلمايمەن! — دېدى ئۇ كۈچىنىپ تۇرۇپ، — بىرنەچچە يىل مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلدىڭ، ئىككىمىز ھەمىشە بىللە ئۆتسەك دەپ ئارزۇ قىلغانىدىم، كۈتۈلمىگەندە ... — دەپلا يەنە بىر پەس ھاسىراپ كېتىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئازراق ئارام ئالدى.

دەييۈي ئۆزىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمىگەچكە، زىجۈەنمۇ قولىنى تارتىۋالمىدى. ئەۋزايىدىن دەييۈي ئەتىگەنكىگە قارىغاندا ئۈگۈشىلىدىغاندەك كۆرۈندى. دەييۈينىڭ بۇ گېپى بىلەن زىجۈەننىڭ يەنە كۆڭلى يېرىم بولدى.

— سىڭلىم ! — دېدى بىر هازادىن كېيىن دەييۇي يەنە، — بۇ يەردە هېچقانداق قېرىندىشىم يوق. مېنىڭ بويۇم پاك، سەن هەرقانداق بولسىمۇ ئۇلارغا ئېيتساڭ، مېنى يۇرتۇمغا ئاپىرىپ قويسۇن !

گېپى ئاشۇ يەرگە يەتكەندە، يەنە كۆزىنى يۇمۇپ زۇۋان سۇرمەي قويدى. ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان قولى بارغانسېرى كىرىشىپ كەتتى، يەنە هاسىراپ تۈگۈلۈپلا قالدى، تىنىقى ئازلاپ سەكراتقا چۈشتى. زىجۇەن هودۇقۇپ كېتىپ لى ۋەنگە ئادەم جورۇدى، شۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە تەنچۇن كىرىپ كەلدى.

— خان قىز، دەييۇي خېنىمغا قاراپ باقسىلا، — دەپلا زىجۇەننىڭ كۆزىدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلدى. تەنچۇن كېلىپ دەييۇينىڭ قولىنى تۇتۇپ باقتى، قولى مۇزلاپ، هەتتا كۆزىنىڭ قارىسىمۇ تارتىلىپ كەتكەندى. تەنچۇن بىلەن زىجۇەن كۆز يېشى قىلغىنىچە، سۇ ئەكەلدۇرۇپ دەييۇينى سۇغا سالدۇرۇۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە لى ۋەن كىرىپ كەلدى. ئۈچى كۆرۈشۈپ تېخى گەپ قىلىشقىچىلىكمۇ بولماي، دەييۇينىڭ بەدىنىنى ئەمدىلا سۇرتۇۋاتاتتى، دەييۇي بىردىنلا: «باۋيۇي ! باۋيۇي! سىز نېمىدېگەن باغرى...» دەپ چىرقىراپ، ئاۋازى «باغرى» دېيىش بىلەن تەڭلا ئۆچۈپ، پۈتۈن بەدىنىدىن مۇزدەك تەر تەپچىدى. زىجۇەنلەر ئالمان - تالمان ئۇنى يۆلىۋالدى، سوغۇق تەر چىقا - چىقا، ئاخىرىدا بەدىنى مۇزلاپ كەتتى. تەنچۇن بىلەن لى ۋەن ئادەم جورۇپ ئۇنىڭ چېچىنى تاراپ كىيىندۇرۇش بىلەن ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كەتتى. دەييۇينىڭ كۆزلىرى يۇمۇلدى.

ۋا دەرىخا !

تۇزدى - كەتتى شامالدا قىزنىڭ ئەرۋاهى،
غايىب بولدى چۈش كەبى تۇندە غەم - ئاهى.

www.uyghurkitap.com

دەييۇي تىنىقىدىن قالغان ئاشۇ مىنۇت باۋيۇيىنىڭ باۋچەيگە ئۆيلەنگەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەنىدى. زىجۇەن ۋە باشقىلار ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. لى ۋەن بىلەن تەنچۈنمۇ ئۇنىڭ ئادەتتىكى كۆيۈمچانلىقىنى ئەسلەپ، بۈگۈنكى بۇ بىچارىلىكىنى كۆرۈپ، ئىچلىرى سىيرىلىپ زار - زار يىغلىشىپ كەتتى. بامبۇكزار ساراي يېڭى ھۇجرىدىن خېلى يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ياققا ھېچنېمە ئاڭلانمىدى. بۇ يەردە تۇرغانلار ئاشۇنداق زار - زار يىغلىشىۋاتقان چاغدا، يىراقتىن نەغمە - ناۋا ئاڭلانغاندەك بولدى، دىققەت قىلىپ قۇلاق سالغۇدەك بولسا، يەنە يوقاپ كېتەتتى. تەنچۈن بىلەن لى ۋەن ھويلىغا چىقىپ قۇلاق سېلىپ باقتى، شامالدا بامبۇك شاخلىرى شىلدىرلاۋاتاتتى، ئاينىڭ شولىسى تامغا چۈشكەنىدى، ئىنتايىن غېرىبسىندۇرىدىغان سۈرۈن بىر مەنزىرە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

دەرھال لىن جىشياۋنىڭ ئايالىنى چاقىرتىپ كىرىشتى. دەييۇينى ياتقۇزۇپ، مېيىتنى ساقلاشقا ئادەم تەيىنلەشتى، ئەتە سەھەردە فېڭجيېگە مەلۇم قىلماقچى بولۇشتى. جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار پايپېتەك بولۇپ كېتىشكەن، جيا جېڭ يولغا چىقماقچى بولغان، باۋيۇي تېخىمۇ خۇدىنى يوقىتىپ قويغان ئاشۇنداق قاتىلاڭچىلىق پەيتتە فېڭجيې دەييۇينىڭ بۇ شۇم خەۋىرىنى يەتكۈزىدىغان بولسا، جيا ئانا ھەم ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ غېمى ئۈستىگە دەرد قوشۇلۇپ كېسەل بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، نائىلاج باغقا ئۆزى كەلدى. بامبۇكزار سارايغا كېلىپ، ئۇمۇ ئۆزىنى يىغىدىن توختىتالمىدى. لى ۋەن بىلەن تەنچۈننى كۆرۈپ، ھەممە ئىشنىڭ جاي - جايىدا بولغانلىقىنى بىلدى - دە:

— ھازىرلىق ئوبدان بوپتۇ، بايا نېمىشقا زۇۋان سۈرمەي مېنى ھودۇقتۇرۇۋەتتىڭلار؟ — دېدى.

— بەگ ئاتامنى ئۇزىتىۋاتقاندا قانداق دېگىلى بولىدۇ؟ — دېدى تەنچۈن.

— ھەرنېمە بولسا، بۇ بىچارىگە كۆيۈنىدىغان سىلەر ئىككىڭلار بار ئىكەنسىلەر، — دېدى فېڭجيې، — ئەمىسە مەن ئۇ ياققا بېرىپ ھېلىقى كۆشەندىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاي. بۇمۇ راسا چاتاق بىر ئىش بولدى! بۇگۈن مەلۇم قىلمايلى دېسە، تېخى بولمايدۇ، مەلۇم قىلساق، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆزىنى يوقىتىپ قويارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيدىغان گەپ.

— بېرىپ ئەھۋالغا بېقىپ ئىش قىلمامسىز، — دېدى لى ۋەن، — مەلۇم قىلىشقا توغرا كەلسە، مەلۇم قىلىپ قويارسىز.

فېڭجيې بېشىنى لىڭشىتىپ، ئالدىراپ - سالدىراپ چىقىپ كەتتى. فېڭجيې باۋيۈي تەرەپكە يېتىپ كەلدى، تېۋىپ ھېچ ۋەقەسى يوق دېگەندىن كېيىن، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈرىكى سەل ئىزىغا چۈشكەندى. فېڭجيې دەيىۈينىڭ قازا تاپقانلىقىنى باۋيۈيدىن يوشۇرۇنچە ئالدىرىماي، ھودۇقماي تۇرۇپ مەلۇم قىلىۋىدى، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قورققىنىدىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى.

— ئۇنىڭغا مەن زامىن بولدۇم! — دېدى جيا ئانا ياش تۆكۈپ، — لېكىن بۇ قىزمۇ بەكمۇ قىيىق قىز ئىدى!

جيا ئانا بامبۇكزار سارايغا بېرىپ ئۇنىڭ دەردىدە تازا بىر يىغلىۋالماقچى بولدى، لېكىن باۋيۈيدىن ئۈيەپ ئىككى تەرەپكە تەڭ يېتىشەلمەي قالدى.

— بارمىسىلىمۇ بولار، — دەپ سايە قىلدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار ھەسرەت بىلەن، — ئۆزلىرىنىڭ بويلىرىنى ئاسراش ھەممىدىن مۇھىم ئىش.

جيا ئانا ئىلاجسىز «سىز بېرىڭ» دەپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى بۇيرۇدى:

— مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇنىڭ ئەرۋاھىغا: «مېنىڭ باغرى قاتتىقلىق قىلىپ سېنى ئۇزاتقىلى كەلمىگىنىم ئەمەس، تۇغقانچىلىقتا يېقىن - يىراقنىڭ پەرقى بولىدۇ. سەن ماڭا قىز نەۋرە بولغىنىڭ ئۈچۈن يېقىن تۇغقان بولسەن، ئەمما باۋيۈي

بىلەن سېلىشتۇرغاندا، باۋيۈي ماڭا سەندىن تېخىمۇ يېقىن تۇرىدۇ. باۋيۈيگە بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن !» دەپ قويۇڭ، — ئۇ شۇنداق دەپ يەنە يىغلاپ كەتتى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى دەييۈي خان قىزغا بەك ئامراق ئىدىلە، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەسەللى بېرىپ، — لېكىن ئۇ قىزنىڭ رىزقى شۇنچىلىك ئىكەن، ھەرقانچە قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ مېيىتىنى ئوبدان ئۇزاتساقلا بولىدۇ. شۇنداق قىلساق، بىرىنچىدىن، بىزنىڭ قايغۇمىزمۇ سەل بېسىلىدۇ، ئىككىنچىدىن، قېيىنسىڭلىمىز بىلەن قىز نەۋرىمىزنىڭمۇ روھى خېلى خۇش بولۇپ قالىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن جيا ئانا تېخىمۇ يىغلاپ كەتتى. فېڭجيې بۇ ياشانغان ئايالنىڭ تولىمۇ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆرۈنۈشتە باۋيۈينىڭ راسا ھوشىنى بىلمەيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، يوشۇرۇن ھالدا ئادەم جورۇپ، «باۋيۈي ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى سوراۋاتىدۇ» دەپ يالغان ئېيتقۇزۇپ جيا ئانىنى گوللىدى. جيا ئانا كۆز يېشىنى توختىتىپ سورىدى:

— يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟

— ھېچ ئىش يوق، باۋيۈينىڭ ئۆزلىرىنى كۆرگۈسى كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى فېڭجيې ھىجىيىپ.

جيا ئانا دەررۇ جېنجۇغا تايىنىپ، فېڭجيېمۇ سوگدىشىپ بۇيانغا ماڭدى. يول ئۈستىدە لى ۋەنلەر ئەۋەتكەن بىرەيلەن ئۇچراپ قېلىپ، بولغان ئىشنى جيا ئانىغا بىر - بىرلەپ مەلۇم قىلدى. جيا ئانا يەنە قاتتىق قايغۇردى. لېكىن، باۋيۈينىڭ يېنىغا كىرىپ كېتىۋاتقاچقا، يىغىسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھەسرەت بىلەن:

— ئۇنداق بولسا مەن بارماي قوياي، سىلەر ئۇزىتىۋېرىڭلار، ئۇنى كۆزۈم كۆرسە يۈرىكىم چىدىمايدۇ، ئۇ رەنجىپ قالمىسىلا بولدى، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيې بىر - بىرلەپ خوش دەپ ئېلىك ئالدى. جيا ئانا باۋيۈينىڭ يېنىغا كىردى.

— مېنى نېمىشقا چاقىرتتىڭ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈيدىن جيا ئانا.

— ئاخشام دەييۈي سىڭلىم يېنىمغا كىرىپتۇ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈمسىرەپ، — ئۇ جەنۇبقا كېتىمەن دېدى، ئويلاپ باقسام، ئۇنى ئېلىپ قالالايدىغان ھېچكىم يوق ئىكەن. چوڭ ئانا، مەن ئۈچۈن سىلى ئۇنى ئېلىپ قالسىلا.

— بولىدۇ، خاتىرجەم يېتىۋەر، — دېدى جيا ئانا.

شىرېن باۋيۈينى يۆلەپ ياتقۇزۇپ قويدى.

جيا ئانا ئۇ يەردىن چىقىپ باۋچەينىڭ يېنىغا كىردى. باۋچەي تېخىچە ئانىسىنىڭكىگە توققۇزلۇق تەزىمگە بارمىغاچقا، كىم بىلەنلا كۆرۈشسە سەل خىجىل بولغاندەك قىلاتتى. بوگۇن جيا ئانىنىڭ يۈز - كۆزىدىكى ياش يۇقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چاي سۇندى، جيا ئانا ئۇنى ئولتۇرغىن، دېۋىدى، باۋچەي يېنىچە ئولتۇرۇپ:

— دەييۈي سىڭلىمنى ئاغرىپ قاپتۇ دېيىشىۋىدى، ساقايدىمىكىن، — دەپ سورىدى.

بۇ گەپ بىلەن جيا ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي ياش قۇيۇلدى:

— ئاپپاق بالام! — دېدى ئۇ، — ئەمدى ساڭا ئېيتاي، باۋيۈيگە دەپ قويمىغىن، ئاشۇ دەييۈي سىڭلىڭنىڭ كاشىلىسىدىن سەن بىرمۇنچە ئازار يەپ قالدىڭ! سەن بىزگە كېلىن بولدۇڭ، ئەمدى ساڭا ئېيتاي: دەييۈي سېنىڭ تويۇڭ بولغان كۈنى قازا قىلىپ كەتكەن، باۋيۈينىڭ بۇ قېتىمقى كېسىلىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن بولغان. سىلەر بۇرۇن باغدا بىللە تۇرغاچقا، دەرۋەقە، ھەممىڭدىن خەۋىرىڭلار بار ئىدى.

باۋچەينىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزاردى. دەييۈينى ئەسلەپ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. جيا ئانا يەنە بىر قۇر گەپ قىلىپ

قويۇپ چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باۋچەي ئۇنداقمۇ ئويلىنىپ باقتى، بۇنداقمۇ ئويلىنىپ باقتى. ئاخىر باش قاتۇرۇپ يۈرۈپ بىر پىكىرگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن قارامىلىق قىلغۇسى كەلمىدى. توققۇزلۇقىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ ئامالنى تاپقانىدى. باۋيۈيمۇ شۇ كۈنلەردە خېلى ئوبدانلا بولۇپ قالغان، گەپ ـ سۆزدە بالدۇرقىدەك ئانچە پەخەس قىلىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.

باۋيۈينىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئوڭشىلىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەستانىلىكىدىن يانماي، ئۆزۈم باغقا كىرىپ دەييۈي ئۈچۈن يىغلاپ چىقمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى. جيا ئانىلار ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ يىلتىزى تۈگىمىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، كەلسە ـ كەلمەس خىيال قىلىشىغا يول قويماي كېلىۋاتاتتى. لېكىن، دەرد ـ ئەلەمگە چىدىيالماي، ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىپلا تۇراتتى. تېۋىپ ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى دەردنى بايقىۋېلىپ، ئۇ ئىچ پۇشۇقىدىن خالاس بولغاندىن كېيىن، دورا بىلەن ئەملەنسە پاتراق ساقىيىدۇ، دېدى. بۇنى ئاڭلاپلا باۋيۈي بامبۇكزار سارايغا بارماقچى بولدى. جيا ئانا ۋە باشقىلار نائىلاج، بامبۇك كۈرسى ئەكەلدۈرۈپ باۋيۈينى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار ئالدىدا ماڭدى. بامبۇكزار سارايغا كېلىپ، دەييۈينىڭ تاۋۇتىنى كۆرۈشى بىلەنلا جيا ئانا يىغلاپ تېلىقىپ قالدى، فېڭجيې ۋە باشقىلار يېنىشلاپ تەسەللى ئېيتىپ يۈرۈپ ئۇنى يىغىدىن توختىتىۋالدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ بىر پەس يىغلىدى. لى ۋەن جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنى ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز كۆز يېشى قىلدى. باۋيۈي كېلىشى بىلەنلا دەييۈي ساق ۋاقتىدا بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئەسلىدى، مانا ئەمدى ئىگىسىز قالغان قۇرۇق ئۆينى كۆرۈپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپ تاشلىدى. ئىلگىرى

شۇنداق يېقىن ئۆتكەن ئادىمى بۇگۇنكى كۇندە مەڭگۇ ۋىدالاشقان تۇرسا، ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلىدۇ ـ دە! باشقىلار كېسەلدىن ئەمدىلا قوپقان باۋيۇينى ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇدىن ئۇزۇلۇپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ، كەينى ـ كەينىدىن بەزلىگىلى تۇردى. باۋيۇي يىغلاۋېرىپ ئادا بولاي دېۋىدى، ھەممەيلەن ئۇنى يۆلەپ ئارام ئالدۇردى. سوڭدىشىپ كەلگەنلەردىن باۋچەي ۋە باشقىلارمۇ دەييۇيگە ئېچىنىپ يىغلاپ كېتىشتى.

باۋيۇي زىجۇەننى چاقىرتىپ، خان قىزنىڭ جان ئۇزەر چاغدا نېمە دېگەنلىكىنى ئۇنىڭدىن سوراپ بىلىپ باقاي دەپ تۇرۇۋالدى. زىجۇەن كۆڭلىدە سەل چۇشەنگەندەك بولدى. يەنە كېلىپ بۇ يەردە جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار دەرقەمتە تۇرغاچقا، باۋيۇيگە سوغۇق نەپەسلىك قىلىشقا پېتىنالماي، دەييۇي خان قىزنىڭ كېسىلى قانداق قوزغالغانلىقى، قول ياغلىق، شېئىر قول يازمىلىرىنى قانداق كۆيدۇرۇۋەتكەنلىكى ۋە جان ئۇزۇش ۋاقتىدىكى دېگەن گەپلىرىنى ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ دەپ بەردى. باۋيۇي يەنە يىغلاپ بوغۇلۇپلا قالدى. شۇ ئارىدا تەنچۇن دەييۇينىڭ جان ئۇزۇش ۋاقتىدا جەسىتىمنى جەنۇبقا ئاپىرىپ قويۇڭلار دېگەن ۋەسىيىتىنىمۇ دەپ ئۆتتى. جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار يەنە يىغلاشتى. فېڭجيې گەپدانلىق بىلەن تەسەللى خاتىرە ئېيتىپ يۇرۇپ ئۇلارنى يىغىدىن ئاران توختاتتى، ئاندىن ئۇلارنى ئۆيگە قايتىشقا دەۋەت قىلدى. باۋيۇينىڭ كەتكۇسى كېلەمتى؟ جيا ئانىنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇ ئامالسىز ھۇجرىسىغا ياندى.

جيا ئانا ياشىنىپ قالغان ئايال ئىدى، باۋيۇي ئاغرىپ قالغاندىن بۇيان كېچە ـ كۇندۇزلەپ ئارام تاپالماي، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇگۇن قاتتىق ھەسرەت چېكىپ كەتكەچكىمۇ بېشى ئايلىنىپ، بويى قىزىپ، باۋيۇيدىن ئۇيەپ كۆڭلى خاتىرجەم بولالمىسىمۇ، لېكىن چىدىغۇچىلىك ماجالى قالماي ئۆيگە

www.uyghurkitap.com

كىرىپ ياتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ يۈرىكى ئاغرىپ ھېچ توختىماي كەتكەچكە، سەييۈننى شىرېنگە قارىشىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ: «باۋيۈي يەنە ھەسرەتلىنىپ ئاھ ئۇرۇپ ياتمايدىغان بولسا، دەرھال بىزگە مەلۇم قىل» دەپ جېكىلەپ قويۇپ ئۆيىگە ياندى. باۋچەي باۋيۈينىڭ دەيۈيدىن دەرمەھەل رىشتىسىنى ئۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تەسەللىمۇ ئېيتماي، ئۇنى گەپتە چېقىپ قويدى، باۋيۈيمۇ باۋچەينى گۇمان قىلىپ قالمىسۇن دەپ، دەرد ــ ئەلەمنى ئىچىگە يۇتتى. بىر كېچە ئارام ئالغاندىن كېيىن، خېلى تەسكىن تېپىپ قالدى. ئەتىسى سەھەردە ھەممەيلەن ئۇنى يوقلاپ كېلىشتى. ئۇ ماغدۇرىدىن كېتىپ، بەدىنى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، يۈرەك دەردىدىن بىر ئاز خالاس تاپقانىدى. ئۈست ــ ئۈستىلەپ داۋالىنىپ بەرگەچكە، بارا ــ بارا ساقىيىشقا باشلىدى. بەختىگە يارىشا جيا ئانا ئاغرىپ يېتىپ قالمىدى. بىراق، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يۈرەك ئاغرىقىدىن ئۆڭشىلىپ كېتەلمىدى. شۇ كۈنى ئۇنى شۆ ھامما يوقلاپ كەلدى ۋە باۋيۈينىڭ ئازراق تېتىكلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى تىنىپ شۇ يەردە قونۇپ قالدى.

بىركۈنى جيا ئانا شۆ ھاممىنى ئالايىتەن مەسلىھەتكە چاقىردى.

ــ باۋيۈينىڭ جېنىنى ھامما خېنىم ئۆزلىرى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىلا ! ــ دېدى جيا ئانا، ــ ئەمدىغۇ بىر ئىش بولماس. شۇغىنىسى، قىزلىرىغا ئەلەم بولدى. باۋيۈيمۇ يۈز كۈن ئۇدا كۈتۈنۈپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى، خانىشقا قارىلىق تۇتۇش مۆھلىتىمۇ ئۆتتى، شۇڭا بۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇش پەيتىمۇ كېلىپ قالدى. ھامما خېنىم ئۆزلىرى باش بولۇپ، قۇتلۇق كۈنلەردىن بىرىنى تاللىغان بولسىلا.

ــ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى بەك ئوبدان ئويلاپلا، ــ دېدى شۆ ھامما، ــ مەندىن نېمىسىنى سورايتتىلە؟ باۋچەي قىز

ئەپتىدىن گالۋاڭدەك كۆرۈنسىمۇ، كۆڭلىدە ھەممىنى ئۇقۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مىجەزى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىگە مەلۇملۇق. بۇ ئىككىسى ئەپلىك - ئىناق ئۆتسۇن ئىگەكىم. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ غېمى ئازايسا، ئاچامنىڭمۇ كۆڭلى تەسكىن تاپسا، مېنىڭ كۆڭلۇم تىنچىيدۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، كۈننى ئۆزلىرىلا بەلگىلىسىلە، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا خەۋەر قىلىمىزمۇ، قانداق؟

— بۇ دېگەن باۋۇيۋي بىلەن قىزلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشى، — دېدى جيا ئانا، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە ئېگىز - پەسلىك بولۇپ ئەمدىلا ئارام تاپتۇق. شۇڭا، ھەممىمىز بىرنەچچە كۈن توي ئوينىمىساق بولمايدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلارنى قويماي چىللايمىز. بىرىنچىدىن، ۋەدىمىزنى ئادا قىلساق، ئىككىنچىدىن، بىزمۇ بىرەر قەدەھتىن توي شارابىغا ئېغىز تەگكۈزسەك، مەن مومايمۇ بىرمۇنچە بىھۇدە غەمدىن خالاس بولاتتىم.

شۆ ھامىمىمۇ بۇ گەپ ئەلۋەتتە خۇشياقتى، قىزىنىڭ ئۆزىگە خاس تويلۇق جابدۇقى توغرىسىدىمۇ بىر قۇر گەپ قىلدى.

— تۇغقان ئۈستىگە قۇدا بولدۇق، مېنىڭچىمۇ ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى جيا ئانا، — نەرسە - كېرەكنى دېسەكقۇ، ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا تولۇپ تېشىپ تۇرۇپتۇ، باۋچەي قىز ئۆزى يارىتىدىغان نەرسىلەردىن سوراپ - تارتىپ قالسا، ھاما خېنىم ئۆزلىرى قىلىپ بېرەرلا. باۋچەي قىزمۇ ئانچە زىغىرلاپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ مىجەزى مېنىڭ ھېلىقى قىز نەۋرەمنىڭ مىجەزىگە ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئۇ نەۋرەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمىدى.

شۆ گەپ بىلەن شۆ ھامىمىمۇ تەڭ كۆز يېشى قىلدى. شۇ گەپلەرنىڭ ئۈستىگە فېڭجيې كىرىپ كەلدى.

— چوڭ ئانا، ھاما، خىياللىرىغا يەنە نېمە كەچكەندۇ؟ —

دەپ كۈلۈمسىرىدى ئۇ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن مەن دەيىۋې سىڭلىڭىزنىڭ گېپىنى قىلىپ كۆڭلىمىز بۇزۇلدى، — دېدى شۇ ھامما.

— چوڭ ئانا، ھامما، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلىشمىسىلا، بايا مەن بىر قىزىق گەپ ئاڭلىدىم، چوڭ ئانا ئۆزلىرىگە، ھامماملىغا دەپ بېرەيمىكىن دەيمەن.

— يەنە كىمنى شاڭخو قىلىسەنكىنتاڭ؟ — دېدى جيا ئانا يېشىنى سۈرتۈپ كۈلۈمسىرەپ، — ئېيتە قېنى، ھامماڭ بىلەن مېنى كۈلدۈرەلمىسەڭ ئۇنىمايمىز جۇمۇ!

فېڭجيې ئېغىز ئاچماي تۇرۇپ، ئاۋۋال ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ پۇكۇلۇپلا قالدى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توقسان توققۇزىنچى باب

## تۆرنىڭ ئەمەلدارلىق نىزامىغا رىئايە قىلغانلىقى ۋە ئۇسال چاكارلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ قائىدىنى بۇزغانلىقى مويسىپىت تاغىنىڭ يامۇل مەلۇماتىنى ئوقۇپ ئۆز - ئۆزىدىن قورقۇمسىرىغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، دەييۈي ئۇچۇن كۆڭلى يېرىم بولغان جيا ئانىغا ۋە شۈ ھاممىغا تەسكىن بېرىش نىيىتىدە، فېڭجيې:

— كۈلكىلىك بىر گەپ بار، چوڭ ئانام بىلەن ھاممامغا دەپ بېرەي، — دەپ قويۇپ، گەپنى باشلا - باشلىمايلا ئۆزى كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — چوڭ ئانا، ھامما، قانداق كۈلكىلىك گەپتۇ دېمەملا؟ ئۇچۇ، يېڭى توي قىلغان يىگىتىمىز بىلەن قىزىمىزنىڭ گېپى!

— نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— بىرسى مۇنداقسىگە ئولتۇرۇپتۇ، بىرسى مۇنداقسىگە ئۆرە تۇرۇپتۇ، — دەپ فېڭجيې قوللىرى بىلەن دوراپ كۆرسەتتى، — بىرسى بۇ ياققا تولغىنىۋالسا، بىرسى ئۇياققا چۆرگۈلىۋاپتۇ، بىرسى يەنە ...

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە جيا ئانا پاراققىدە كۈلۈۋەتتى ۋە:

— تۈزۈكرەك دېمەمسەن! ئىككىسى ئۇياقتا قايرىلىپ قېلىپ، بىزنى تاقىلدىتىۋەتتىڭ، — دېدى.

— بولدى، دورىماي توغرىسىنىلا ئېيتىۋەرسىڭىزچۇ، — دېدى شۈ ھامما.

— بايا باۋيۈي ئۆكامنىڭ ھۇجرىسىغا بارسام بىرنەچچەيلەن

www.uyghurkitap.com

تازا كۆلۈشۈۋېتىپتۇ، ــ دەپ بەردى فېڭجيې، ــ بۇلارنى كۆلدۈرگەن كىمدۇ دەپ دېرىزىدىن قارىسام، باۋچەي سىڭلىم كاڭنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپتۇ، باۋيۈي ئۇكام پەگاھتا تۇرۇپتۇ. باۋيۈي ئۇكام باۋچەي سىڭلىمنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، ئاغزى ــ ئاغزىغا تەگمەي: «جېنىم ئاچا! نېمىشقا گەپ قىلماس بولۇپ قالدىڭىز؟ سىز بىر ئېغىز گەپ قىلغان بولسىڭىز مېنىڭ كېسىلىم ھۆددىگە ساقىيىپ كېتەتتى!» دەپ تۇرۇۋالدى. باۋچەي سىڭلىم تەتۈر قارىۋېلىپ، ھە دەپ ئۆزىنى قاچۇرغىلى تۇردى. باۋيۈي ئۇكام ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ قويۇپ، تېخىمۇ يېقىن كېلىپ باۋچەي سىڭلىمنىڭ كىيىمىنى تارتىۋىدى، باۋچەي سىڭلىم ئۇنى بىردىنلا سىلكىشلىۋەتتى. باۋيۈي ئۇكام كېسەلدىن كېيىن پۇتىنىڭ ماغدۇرى بولمىغاچقا، سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ باۋچەي سىڭلىمنىڭ ئۈستىگىلا يىقىلىپ چۈشتى. باۋچەي سىڭلىم جىلە بولغىنىدىن ھۈپپىدە قىزىرىپ: «بارغانسېرى بىھۆرمەت بولۇپ كېتىۋاتىسىز!» دېدى.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، جيا ئانا بىلەن شۆ ھامما كۈلۈشۈپ كەتتى، فېڭجيې گېپىنى يەنە داۋام قىلدۇردى:

ــ باۋيۈي ئۇكام ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈلگىنىچە: «يىقىلغىنىم خويمۇ ئوبدان ئىش بولدى، مېنىڭ يىقىلىشىم بىلەن سىزنىڭ تىلىڭىز زۇۋانغا كەلدى!» دېدى.

ــ باۋچەي قىزنىڭچۇ، غەلىتە مىجەزى بار، ئۇنداق قىلغانغا نېمە بوپتۇ؟ ــ دېدى كۈلۈپ شۆ ھامما، ــ ئىككىسى ئەر ــ خوتۇن بولغاندىن كېيىن، ئەيمەنمەي ئوينىشىپ ــ كۈلۈشۈپ ئۆتىۋەرمەمدۇ؟ ئۇ جيا ليەن ئاكىسى بىلەن سىزنىڭ ئويۇنىڭىزنى كۆرمىگەن ــ دە.

ــ بۇ نېمە دېگەنلىرى ــ دېدى فېڭجيې قىزىرىپ ھىجىيىپ، ــ ھاممامنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراي دەپ كاپشىپ كۈلۈشمەك قىلىپ بەرسەم، ئۆزلىرى قويۇپ مېنى زاڭلىق قىلغىلى تۇردىلىغۇ.

— شۇنداق قىلغىنى ئوبدان بوپتۇ، — دېدى جىيا ئانىمۇ كۈلۈپ، — ئەر - خوتۇنغۇ ئەپلىك ئۆتۈشى كېرەك، شۇنداقتىمۇ ھەر ئىش ئۆز لايىقىدا بولغىنى تۈزۈك، ماڭچۇ، باۋچەي قىزنىڭ ئاشۇنداق ھۆرمەتچانلىقى يارايدۇ.

— باۋيۈينى يەنىلا شۇنداق گالۋاڭلىق قىلارمىكىن دەپ غەم يېگەنىدىم. بۇ گەپچە، ئۇ بالدۇرقىدىن خېلى ئوبدانلا ئەقلىنى تاپقان ئوخشايدۇ. قېنى دېگىنە، يەنە قانداق كۈلكىلىك گەپلىرى بار؟

— ئەتە - ئۆگۈن باۋيۈي ھۇجرا - كەپىسىنى تۇتۇپ، قۇدا خېنىم نەۋرىسىنى كۆتۈرگەندە تېخىمۇ كۈلىدىغان ئىشلار بولمامدۇ؟ — دېدى فېڭجيې.

— ھوي مايمۇن ! — دېدى كۈلۈپ جىيا ئانا، — بۇ يەردە هاما خېنىم بىلەن ئىككىمىز دەيىۋي سىڭلىڭنى ياد ئېتىپ ئولتۇرساق، كۈلۈشمەك قىلغىنىڭنى ئاز دەپ بىزنى كولدۇرلاتقىنىڭ نېمىسى؟ سەن بىزنى دەيىۋي سىڭلىمنى ياد ئەتمىسۇن دېمەكچىمۇ يا؟ ئۇنچىۋالا خۇش بولۇپ كەتمە، بولمىسا دەيىۋي سىڭلىڭنىڭ روھى سەندىن نەپرەتلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن باغقا كىرگۈچى بولما، ئۆزۈڭگە ھېزى بول، ساڭا كاپلا قىلىپ ئېسىلىۋالمىسۇن يەنە.

— ئۇچۇ، ھەرگىزمۇ مەندىن ئاغرىنمايدۇ، — دېدى كۈلۈپ فېڭجيې، — ئۇ جان ئۈزەر چاغدا باۋيۈيدىن شۇنداق نەپرەتلىنىپتۇكى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كېتىپتۇ.

جىيا ئانا بىلەن شۆ هاما بۇ گەپكە چاقچاق دەپ ئانچە ئېرەن قىلمىدى.

— بولدى، تولا كاپىشىۋەرمە، — دېدى جىيا ئانا، — سەن چىقىپ تالادىكىلەرگە ئېيتقۇزغىن، باۋيۈي ئۇكاڭنىڭ ھۇجرا - كەپە بەزمىسىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ياخشى قۇتلۇق كۈندىن بىرنى تاللىسۇن.

فېڭجيې خوش دەپ ئىلىك ئېلىپ، يەنە بىردەم پاراڭ سېلىپ

بەردى، ئاندىن چىقىپ قۇتلۇق كۆن تاللاپ، يېڭىباشتىن بەزمە ئۆتكۈزۈش، ئويۇن قويدۇرۇش، مېھمان چىللاشقا ئادەملەرنى جورۇدى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

باۋيۇي ساقايغان بولسىمۇ، لېكىن ئەقىل ـ ھوشى بالدۇرقىدەك ئەمەس ئىدى، بۇ ھالىتىنى ھەتتا ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. شۇڭا، باۋچەينىڭ گاھىدا خۇشى تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇپ بەھس قىلىشقىنىدا، باۋيۇي ھەممىشە كۆرۈپ تۇرغانلىرىنىلا ئېسىگە ئالالايتتى. ئۇنىڭغا «ھېكمەتلىك قاشتاش» نى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن شۇنداق بولغانلىقى ئازراق ئايان ئىدى. لېكىن، شىرىن پات ـ پات ئۇنىڭغا: «بالدۇرقى ئەقىل ـ ھوشىڭىز نەگە كەتتى؟ كونا ئىللەتلىرىڭىزنى ئۇنتۇغىنىڭىزغۇ ئوبدان بولدى، لېكىن نېمىشقىدۇر مىجەز ـ خۇيىڭىز يەنىلا بالدۇرقىدەك، ئىشنىڭ يول ـ يوسۇنىغا كەلگەندە تېخىمۇ گالۋاڭ بولۇپ كېتىۋاتىسىز» دەيتتى. باۋيۇي بۇ گەپكىمۇ خاپا بولماي، ئەكسىچە پىخىلداپ كۈلۈپ قوياتتى. گاھىدا خۇيى تۇتۇپ غەلۋە قىلاتتى، ئۇنداق چاغلاردا باۋچەي نەسىھەت قىلسا سەل بېسىقىپ قالاتتى. شىرىن ئانچە ئاغزىنى ئۇپراتماي، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بىلەنلا بولاتتى. باشقا چۆرە قىزلارمۇ باۋچەينىڭ تەمكىنلىكىگە ۋە مۇلايىملىقىغا بېقىپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا قايىل بولۇشۇپ، ھەممەيلەن خېلىلا ئارام تېپىپ قالدى.

يالغۇز باۋيۇيلا تىنىم تاپمايتتى، پات ـ پات باغقا كىرىپ سەيلە قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى. جيا ئانا ۋە باشقىلار بىر تەرەپتىن ئۇنى سوغۇق تەگكۈزۈۋالىدۇ دەپ ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن باغدىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆڭلى پەرىشان بولىدۇ دەپ ۋايىم يەيتتى. دەييۈينىڭ مېيىتى شەھەر تېشىدىكى بۇتخانىغا ئاچىقىپ قويۇلغان بولسىمۇ، بامبۇكزار سارايىدىكى ئىگىسىز ئۆيلەر ئۆز پېتىچە تۇرغاچقا، باۋيۈينىڭ كونا دەردىنى قوزغاپ

قويدۇ دەپ، ئۇنىڭ باغقا كىرىشىگە يول قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇرۇق - تۇغقان ھەمشىرىلىرىدىن شۆ باۋچىن شۆ ھاممىسىنىڭكىگە چىقىپ كەتكەن؛ شى بېگىم پايتەختكە يېنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شى شياڭيۈننى ئۆز ئائىلىسىگە ئېلىپ كەتكەن، ئاندىن ياتلىق قىلىنىدىغان كۈنى يېقىن قالغاچقا بۇ يانغا ئانچە كەلمەس بولۇپ قالغان، باۋيۈي ئۆيلەنگەن كۈنى ۋە توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى بولۇپ ئىككى قېتىملا كەلگەن، كەلگەندىمۇ جيا ئانىنىڭ يېنىدا قونۇپ قالغانىدى. چۈنكى، باۋيۈينى ئۆيلەنگەن دەپ ۋە ئۆزىنىڭمۇ ياتلىق قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بالدۇرقىدەك خۇش چاقچاق بولۇشتىن ئۆزىنى تارتقانىدى، باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشكە توغرا كەلگەندىمۇ، باۋچەي بىلەنلا گەپلىشەتتى، باۋيۈي بىلەن سالاملىشىپلا قوياتتى. يىڭچۈن ياتلىق قىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، شىڭ شيۈيەنمۇ شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە كۆچۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. لى جى، لى ۋېنلارمۇ تاشقىرىغا كۆچۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. لى خان ئاچا بىلەن بىللە كېلىشكەنلىرىدىمۇ، ئاغىچا خېنىملار ۋە ھەمشىرىلەرنىڭكىگە كىرىپ ئامان - ئېسەنلىك سوراپ چىقاتتى، لى ۋەننىڭ يېنىدا بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپلا يېنىپ كېتىشەتتى. شۇڭا، باغدا لى ۋەن، تەنچۈن، شىچۈنلا قالغانىدى. جيا ئانا لى ۋەنلەرنىمۇ باغدىن كۆچۈرۈپ چىقماقچى بولغانىدى، بىراق خانىش يۈەنچۈننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئائىلىدە كەينى - كەينىدىن ئىش تۇغۇلۇۋېرىپ، ئالدىراشچىلىقتا ئۇنىڭغا چولىسى تەگمىگەنىدى. ھازىر ھاۋا كۈندىن - كۈنگە ئىسسىپ كېتىۋاتقاچقا، باغدا تۇرۇۋېرىشكىمۇ بولاتتى، شۇڭا ئۇلارنى كۈزدە كۆچۈرۈپ چىقماقچى بولدى. بۇلار كېيىنكى گەپلەر، ھازىرچە بايان قىلماي تۇرايلى.

جيا جېڭ توغرىسىدىكى گەپكە كەلسەك، ئۇ ئۆزىگە مەسلىھەتچىلىككە ئالغان بىرقانچەيلەن بىلەن پايتەختتىن

سەپەرگە ئاتلانغانىدى. كۈندۈزى يول يۈرۈپ، تۈندە قونۇپ، شۇ ماڭغىنىچە كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى تەيىنلەنگەن ئۆلكىگە يېتىپ كەلدى، ئۆزىدىن يۇقىرى باشلىقلارغا كۆرۈنۈش قىلىپ بولۇپ مەنسىپىگە ئولتۇردى ۋە تامغا ئېلىش، ئىش تاپشۇرۇۋېلىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتىدى. ھەرقايسى ئايماق ـ ناھىيەلەردىكى ئۆزىگە قاراشلىق ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئېدىتلاپ چىقتى. جيا جېڭ پايتەختتىلا ئەمەل تۇتۇپ كەلگەچكە، پەقەت دىۋاندا ئورپاق بەگ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىگە دائىر ئىشلارنىلا بىجىرىپ ئۆتكەنىدى. باشقا ئۆلكىلەرگە تەيىنلەنگەندىمۇ پەقەت مائارىپ مۇپەتتىشى بولۇپ بارغان ۋە قىلغان ئىشىمۇ ئەمەلدارلىق بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ئىشلار ئىدى. شۇڭا، ئۆلكە، ئايماق، ناھىيەلەردە، خېنى ئاشنى قاتلاپ ئېلىش ۋە سەھرالىقلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشتەك يامان ئىللەتلەرنى باشقىلارنىڭ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلىسا ئاڭلىغان بولغىيدى، لېكىن ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەنىدى، پاك ئەمەلدار بولۇشنىلا ئويلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كېڭىشىپ، ئۇنداق ئىشلارنى قاتتىق مەنئى قىلىپ ئېلان چىقاردى ۋە تەكشۈرۈپ تېپىلىپ قالسا، گۇناھىنى پاش قىلىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. جيا جېڭ مەنسەپكە يېڭى ئولتۇرغاندا، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار ھېيىقىپ، تەپ تارتىپ، نەپ ئېلىش كويىدا خىلمۇخىل يوللار بىلەن خۇشامەت قىلىشىپ باقتى. لېكىن، ئۇلار ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان كاج جيا جېڭغا دۇچ كەلگەنىدى. جيا جېڭنىڭ خىزمەتكارلىرى بۇ بېگىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ پايتەختتە ھېچقانداق نەپ ئالالماي، غوجىسىنىڭ ياقا ئۆلكىگە مەنسەپدار بولۇپ بېرىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈشكەنىدى، بۇ ئارزۇسىغا مىڭ تەسلىكتە ئۇلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار پايتەختتە چېغىدىلا ئەمدى ياقا ئۆلكىدە پۇل تېپىپ باي بولىمىز دېگەن ئوي بىلەن باشقىلاردىن پۇل قەرز ئېلىپ، ئۆزلىرىگە كىيىم ـ كېچەك قىلىپ، سالاپەتلىك بولۇپ

جابدۇنۇشقان ۋە كۆڭۈللىرىدە مەنسەپ ئورنىغا بارغان ھامان پۇل ئۆزىلا قولغا كېلىدۇ دەپ ئويلاشقانىدى. لېكىن، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئىشلار ئۇلارنىڭ كۆتكىنىدەك بولماي قالدى. قاتماللىقى ئېغىر بۇ بېگىم خىزمەتنى ئىخلاس بىلەن بېجىرگىلى تۇردى، ۋالىي ـ ھاكىملارنىڭ تۇتقان سوۋغىلىرىدىن بىرىنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. مىرزىلار، دوغىلار: «يەنە بىر يىل ئايلا مۇشۇنداق داۋام قىلىۋېرىدىغان بولسا، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنىمۇ گۆرۈگە قويۇپ بولىمىز، قەرزنىمۇ قىستاشقا باشلايدۇ. ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟ كۆمۈش كۆزىمىزگە پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، لېكىن ئالالمايمىز» دەپ كۆڭلىدە بېگىمدىن رەنجىشەتتى. سوڭدىشىپ يۈرىدىغان مۇلازىملارمۇ: «غوجىلىرىم، ھەرقايسىلىرى ھېچقانچە دەسمايە سالمايلا كېلىشكەن. بىز ئۇنداق ئەمەس: بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ، كىشىلەرنى ئارىغا سېلىپ يۈرۈپ بۇ يوچۇقنى ئاران تاپقانىدۇق، كەلگىنىمىزگە بىر ئايدىن ئاشتى، پۇچۇق يارماقنىمۇ كۆرمىدۇق! بۇ غوجايىنىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، ھەتتا دەسمايىمىزنىمۇ ئۇندۇرۇۋالالمايدىغان ئوخشايمىز. ئەتە ھەممىمىز تەڭلا خىزمەتتىن بوشىنىشقا رۇخسەت سورايلى» دېيىشتى. ئەتىسى دېگەندەكلا ئۇلار توپلىشىپ كېلىپ رۇخسەت سوراشتى. جىيا جېڭ بۇ ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتمەي:

— كەلگەنمۇ ئۆزۈڭلار، كەتكۈچىمۇ ئۆزۈڭلار. بۇ يەرنى يامان دېسەڭلار، مەرھەمەت، كېتىۋېرىڭلار، — دېدى.

دائىم سوڭدىشىپ يۈرىدىغانلار ئاغرىنىپ ـ غودۇڭشىپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇشتى، بىرقانچە مۇلازىملار قېلىپ قېلىشتى. ئۇلارمۇ: «كېتىدىغانلار كېتىشتى، بىزدەك كېتەلمەيدىغانلارمۇ بىرەر ئامال تاپمىساق بولمايدۇ» دەپ مەسلىھەتكە چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا لى شېر دەيدىغان ئىشىكلەرگە قارايدىغانلارنى باشقۇرىدىغان بىرسى بار ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ مەسلىھەت بەردى:

— قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان نېمە ئىكەنسىلەر، نېمىگە ئالدىرايتتىڭلار! ئانچە ـ مۇنچە ئەمىلى بارلار تۇرغان

يەردە مېنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىم ئورۇنسىز ئىدى. ئۇلار ئېچىرقاپ قۇيرۇقلىرىنى تىكنۆۋېتىشتى. ھەرقايسىڭ، ئەمدى مانا مەندەك غوجاكاڭنىڭ بىگىسىسىنى كۆرۈپ قويۇش. غوجايىنىمىز مېنىڭ گېپىمگە كۆنمەي قالمايدۇ! سىلەر ئالا كۆڭۈللۈك قىلمايدىغانلا بولساڭلار ھەممىمىز تەڭ پۇلنىڭ ئېپىنى قىلىمىز ـ دە، ئۆيلىرىمىزگە قايتقاندا مېغىزىنى چاقىمىز. گېپىمگە كىرمىسەڭلار، مېنىڭمۇ كارىم يوق، مەن بەرىبىر سىلەردىن قېلىشمايمەن.

— شىر غوجاكا! — دېيىشتى باشقىلار، — غوجىمىز سىزگە ئىشىنىدۇ، سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسا، راستىلا بىزنىڭ ئۆلگىنىمىز شۇ.

— مەن باش بولۇپ پۇل قولغا كەلگەندىن كېيىن، مېنى ئۇلۇشنىڭ چوڭىغا ئىگە بولۇۋالدى دەپ، تۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ يۈرمەڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار ھەممىمىزگە سەت بولىدۇ جۇمۇ، — دېدى لى شىر.

— خاتىرىڭىز جەم بولسۇن، زادى ئۇنداق قىلمايمىز. قولىمىزغا ھېچقانچە تەگمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۆز يانچۇقىمىزدىن پۇل چىقارغاندىنىغۇ ياخشى، — دېيىشتى باشقىلار.

گەپ ئۇستىگە غەللە ـ پاراق كاتىپى كىرىپ كەلدى، ئۇ جۇئېر دوغا بېگىمنى ئىزدەپ كىرگەنىدى. لى شىر ئورۇندۇقتا پۇتىنى ئالماپ غادىيىپ ئولتۇراتتى.

— ئۇنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— غەللىدار نازىر بېگىمىز بۇ يەرگە كېلىپ مەنسەپتە ئولتۇرغىنىغا بىر ئايدىن ئاشتى، — دېدى كاتىپ قوللىرىنى سىلىپ ھىجايغىنىچە، — ئۇ بېگىمىز ناھايىتى قاتتىق چەكلەپ ئىلان چىقارغانلىقتىن، بۇ تەۋەدىكى ئايماق ـ ناھىيە ئامباللىرى ئىغىز ئاچقىلى بولمىغۇدەك دەپ، شۇ كەمگىچە غەللە ـ پاراق ئىلىشقا ئۇتۇنمىدى. مۇبادا خېنى ئاشلىقنى ماڭدۇرۇش مۇددىتى ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسا، غوجاملار بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلگەن

بولىدۇ.

— سىز تولا ۋالاقشىماڭ، — دېدى لى شېر، — بېگىمىزنىڭ تېگى چىڭ، ھەرقانداق جايدا دېگىنىنى قىلىدۇ. ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىلا غەللە تاپشۇرۇشنى سۆيلەپ ئالاقە چۇشۇرمەكچى بولغانىدى، مەن بىرنەچچە كۈن تەخىر قىلساق، دېۋىدىم، توختاپ تۇردى. جۇ دوغا بېگىم بىلەن نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— باشقا ئىشىم يوق، سۆيلەش ئالاقىسى توغرىسىدا ئۇقۇشۇپ باقاي دېۋىدىم، — دېدى كاتىپ.

— يەنە يالغان گەپ قىلىۋاتىسىز! — دېدى لى شېر، — سۆيلەش ئالاقىسى توغرىسىدا مەن دېسەم، خۇددى ئاغزىڭىزغا گەپ سېلىپ بەرگەندەك سىزمۇ شۇنى دەۋاتىسىز. بىرەر نېمىنىڭ پېيىغا چۈشۈپ ئوغرى مۈشۈكتەك تىمىسقىلىغۇچى بولماڭ. بولمىسا، بېگىمگە ئېيتىپ سىزنى ئۇرغۇزغانىنىڭ ئۈستىگە قوغلىتىۋېتىمەن!

— مەن بۇ يامۇلدا ئىشلىگۈچى ئۈچىنچى ئەۋلاد بولىمەن، تالادا يۈز - ئابرۇيۇممۇ بار، ئائىلىدە كۈن - ئەھۋالىمىزمۇ يامان ئەمەس، مەن ئۇنداق گۇرۇچكە قاراپ قېلىپ قازان قاينىتالماي قالغانلارغا ئوخشىمايمەن. ياۋاش - يۇمشاقلىق بىلەن بېگىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلساملا بولىدى. خوش، ئەمىسە، مەن چىقاي، ئوتتۇرانچى غوجام، — ئۇ شۇنداق دەپلا ماڭماقچى بولدى.

— ئويناشقانىمۇ بىلمەيدىكىنا بۇ! — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ لى شېر ھىجىيىپ، — بىرنەچچە ئېغىز گەپنىمۇ كۆتۈرەلمەمسىز؟

— گەپ كۆتۈرەلمىگىنىم ئەمەس، — دېدى كاتىپ، — يەنە بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ تاشلىسام، ئۆزلىرىنىڭ پاك ناملىرىغا داغ تېگىپ قالارمىكىن دەيمەن.

— فامىلىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى لى شېر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىدىن تۇتۇپ.

— ئەرزىمەيدۇ، فامىلەم جەن، ئىسمىم خۇي، — دېدى

كاتىپ، ــــ بالا ۋاقتىمدا بىرنەچچە يىل پايتەختتە جان باققان.
ــــ جەن موللام، ئىسمىڭىزنى ئاڭلىغىلى ئۇزاق بولغان، ــــ دېدى لى شېر، ــــ بىز ئاكا - ئۇكىدەك كىشىلەر، بىرەر گېپىڭىز بولسا ئاخشاملىققا كېلىڭ، پاراڭلىشايلى.
ــــ لى شېر غوجامنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان زات ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىم بار! پوپوزىلىرىدىن قورقۇپ كەتتىم، ــــ دېدى كاتىپ.
بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ تارقىلىشتى. شۇ ئاخشىمى لى شېر كاتىپ بىلەن يېرىم كېچىگىچە كۇسۇرلىشىپ چىقتى. ئەتىسى لى شېر كىرىپ جىيا جېڭنى گەپ بىلەن چېكىپ بېقىۋىدى، جىيا جېڭدىن قاتتىق ئاھانەت ئىشىتتى. ئۆگۈنى مېھمانغا بارماقچى بولۇپ، خىزمەتكە ھازىر بولسۇن، دەپ ئىچكىرىدىن بۇيرۇق چىقتى، تاشقىرىدىكىلەر ئىلىك ئالدى. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچ قېتىم جەرز قېقىلدى. لېكىن، داتاڭدا دۇمباق سوققۇچى بولماي، مىڭ تەسلىكتە بىرسىنى تېپىپ دۇمباق چالدۇردى. جىيا جېڭ داتاڭدىكى قەپەس ئايۋاندىن كېرىلىپ چىقىپ كەلدى، لېكىن سەپ تارتىپ مەرھابا دەيدىغان دورغىلاردىن ئاران بىرسى تۇراتتى. جىيا جېڭ بۇ ئىشنىمۇ سۈرۈشتۈرمەيلا پەلەمپەيدىن چۈشۈپ تەختىراۋانغا چىقىپ تەختىراۋانكەشلەرنى كۈتتى، خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلار تەل بولۇپ تەختىراۋاننى كۆتۈرۈپ يامۇل دەرۋازىسىدىن چىقىشتى. ھۆرمەت ئۈچۈن ئېتىلىدىغان توپ پەقەت بىر قېتىملا ئېتىلدى، ناغرىخانىدا ئاران بىر ئادەم دۇمباق، بىر ئادەم سۇناي چالدى. جىيا جېڭ شۇندىلا ئاچچىقلىنىپ:
ــــ بالدۇر خېلى يامان ئەمەس ئىدى، بۈگۈن نېمىشقا ھەممىسى تەل بولمىدى؟ ــــ دەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ كارگەرلەرگە قارىۋىدى، ئۇلارمۇ مۇقەددەم - ئاخىر بولۇپ ئېزىلىپ كېلىشىۋېتىپتۇ. ئاشۇنداق تەسەلا بىلەن مېھماندارچىلىقنى تۈگىتىپ قايتقاندىن كېيىن، جىياجېڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى

ئۆتمىگەن خادىملارنى چاقىرتىپ ئۇرماقچى بولدى. بەزىسى كىيىدىغان قالپىقىم يوق، چىقالمىدىم، دېسە، بەزىسى دورغىلىق كىيىمىنى گۆرۈگە قويغانلىقتىن ئىشقا چىقالمىدىم، دېدى. بەزىلىرى بولسا غىزا يېمىگىلى ئۈچ كۈن بولدى، شۇڭا تەختىراۋان كۆتۈرگۈچىلىك ماغدۇرىمىز يوق، دېيىشتى. جىيا جېڭ غەزەپلىنىپ، بىر ـ ئىككىسىنى تاياق ئاستىغا ئېلىپلا بولدى قىلدى.

يەنە بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاشخانا مۇلازىمى كىرىپ پۇل تەلەپ قىلىۋىدى، جىيا جېڭ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن پۇلدىن بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ پىسەنتىگە ياقمىغىلى تۇردى، پايتەختتە تۇرغان ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا ئىشى زادىلا ئەپلىشىپ بەرمىدى، جىيا جېڭ بىتاقەت بولۇپ، لى شېرنى چاقىردى.

— مەن بىلەن بىللە كەلگەنلەر نېمىشقا مۇنداق ئۆزگىرىپ قالىدۇ؟ سېنىڭ كارىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى. يېنىمدا ئېلىپ كەلگەن پۇل خەجلىنىپ بولدى. ئۆلكە خەزىنىسىدىن بېرىلىدىغان مائاشنىڭ ۋاقتىغا خېلى بار، پايتەختتىن پۇل ئالدۇرۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى جىيا جېڭ.

— كەمىنە چاكارلىرى ئۇلارنى كايىمايدىغان كۈنۈم يوق! — دېدى لى شېر، — نېمە بولدىكىن، بۇ ئادەملەرنىڭ زادىلا ھەپىسلىسى يوقتۇ تاڭ، مېنىڭمۇ ئامالىم قالمىدى. بېگىم، ئۆيدىن پۇل ئەكەل، دەيلا، قانچىلىك ئەكېلىمەن؟ ئاڭلىشىمچە، ھىراۋۇل يامۇلدا مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە ھىراۋۇل بېگىمنىڭ مەۋلۇت كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، باشقا ئايماق ـ ۋىلايەت ئامباللىرى مىڭ سەرلەپ، تۈمەن سەرلەپ سوۋغات سۇنۇشۇپتۇ، بىز قانچىلىك سۇنساق بولار؟

— نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسەن؟ — دېدى جىيا جېڭ.

— بېگىم، جابانلىرى ئەۋلىيادەك زات، — دېدى لى شېر، — بىز بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە باشقا ئامبال ـ بېگىملەر بىلەنمۇ

رابىتە قىلىشمىساق، كىمنىڭ بىزنى خەۋەردار قىلغۇسى كېلىدۇ؟ ئۇلار جانابلىرىنىڭ بارماي قويۇپ، ئەيىب ئۆتكۈزۈشلىرىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىدۇ.

— تولا كاپشىما! — دېدى جيا جېڭ، — مېنى بۇ مەنسەپكە خان ئالىيلىرى تەيىنلىگەن، ھىراۋۇل بەگنىڭ مەۋلۇتىنى مۇبارەكلىمىگىنىم ئۈچۈن مېنى بۇ مەنسەپتىن ئېلىۋېتەلەمتى؟

— بېگىم، دېگەن گەپلىرىدە سەۋەنلىك يوق، — دېدى لى شېر كۈلۈپ قويۇپ، — پايتەخت بۇ يەردىن يىراق، شۇڭا ھەرقانداق ئىشتا ھىراۋۇل بېگىمگە ئىلتىماس قىلماي بولمايدۇ. ئۇ ياخشى دېسە، ياخشى ھېسابلىنىدىغان گەپ، يامان دەپ قالسا، ئىش تەس بولىدۇ. بېگىمگە يەتكۈچە بىلىك ئۇشتۇلىدۇ، دېگەن گەپمۇ بار ئەمەسمۇ . ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىملاردىن قايسىبىرى جانابلىرىنىڭ بۇ يەردە ھەشەمەتلىك مەنسەپدار بولۇشلىرىنى خالىمايدۇ دەيلا؟

جيا جېڭ كۆڭلىدە بۇ گەپنىڭ تېگىگە يەتتى ـ دە:

— سەندىن شۇنى سوراۋاتسام، نېمىشقا باشقا گەپلەرنى دەپ ۋالاقشىيسەن؟ — دېدى.

— كەمىنە چاكارلىرى دېيىشكە پېتىنالمىغاندىم، — دېدى لى شېر، — جانابلىرى بۇ گەپنى سورىغاندىن كېيىن، دېمىسەم ۋىجدانسىزلىق قىلغان بولىمەن، دېسەم، جانابلىرىنى خاپا قىلىپ قويارمەنمىكىن دەيمەن.

— گېپىڭ ئورۇنلۇق بولسىلا بولىدۇ.

— كاتىپ ـ مىرزا، دوغىلار غەللە ـ پاراق نازىرىنىڭ يامۇلىدىكى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى پۇلغا سېتىۋالغان تۇرسا، ئۇلارنى پۇل تېپىش كويىدا ئەمەس دېگىلى بولامدۇ؟ ھەممىسى بالىۋاقىسىنى بېقىپ كۈن كەچۈرۈشنى ئويلايدۇ. جانابلىرى كېلىپ مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خانلىق دۆلەت ئۈچۈن ھېچقانداق كۈچ چىقارماي تۇرۇپلا، ئەل ـ مەھەللە ئارىسىدا سۆز ـ چۆچەك تارقىلىپتۇ.

— ئەل ئارىسىدا نېمە گەپ بار ئىكەن؟

— پۇقرالار: «مەنسەپكە يېڭى ئولتۇرغان ھەرقانداق ئامبال يامان ئىشلارنى قاتتىق چەكلەپ ئېلان چىقىرىدىكەن. مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى پۇلنى كۆزلىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ۋالىي - ھاكىملار قورقۇپ كېتىپ، پۇلنى كۆپ - كۆپ سۇنۇپ بېرىدىكەن» دېيىشىۋېتىپتۇ. غەللە ئېلىش ۋاقتىدا، يامۇلدىكىلەر يېڭى كەلگەن نازىر بېگىمنىڭ پەرمانى دەپ، كۆرۈنۈشتە پۇل ئېلىشقا پېتىنالمايدۇ، چۈنكى ئۇنداق قىلىپ قويسا ھۆددىسىدىن چىقىش تەس كېلىدۇ. لېكىن، غەللە قويغىلى كەلگەن سەھرا خەلقى بىرنەچچە تىيىن خەجلەپ ئىشنى بالدۇرراق تۈگەتسەك دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا، ئۇلار جانابلىرىنى ئوبدان بېگىم ئىكەن، دېيىشىنىڭ ئورنىغا پۇقرالارنىڭ ھالىغا يەتمەيدىكەن، دەيدۇ. كەمىنىلىرى بىلەن فامىلىداش بولغان ھىراۋۇل بېگىمنىڭ جانابلىرى بىلەن بەك ئېپى كېلىشىدۇ. ئۇ كىشى بىرنەچچە يىلغا قالمايلا مەنسىپى ئۆرلەپ دۇنياسىمۇ كۆپىيىۋەردى. بۇمۇ ئۇ كىشىنىڭ جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئىش تۇتقانلىقى ۋە يۇقىرىدىكىلەر بىلەن ئەپلىك ھەم تۆۋەندىكىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتكەنلىكىدىن بولدى.

ئۇنىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە، جيا جېڭ گېپىنى ئۈزۈپلا:

— بىكار گەپ قىلما! — دېدى، — بۇ گېپىڭچە، مەن جاھاننىڭ رەپتارىغا باقماپتىمەن - دە؟ مۇبادا يۇقىرىدىكىلەر بىلەن ئەپلىك، تۆۋەندىكىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدىغان ئىش بولسا، مېنىمۇ شۇلارنى دوراپ «مۇشۇك بىلەن چاشقان دوست بولغان» دەك ئىش قىل دېمەكچىمۇ سەن؟

— كەمىنە چاكارلىرى، — دېدى لى شىر جاۋاب بېرىپ، — كۆڭلۇمدىكى ئاشۇ گەپنى يوشۇرغۇم كەلمەي دەپ باقتىم. بېگىم جانابلىرى ھازىرقى تۇتقان يوللىرى بىلەن ئىشلەۋېرىدىغان بولسىلا، بىرىپ - بىرىپ خىزمەتتىمۇ كۆرسىتەلمىگەن ۋە شۆھرەتمۇ قازىنالمىغان دەرىجىگە يەتكەندە، جانابلىرى پېقىر

چاكارلىرىنى ھەرقانداق گەپ بولسا ماڭا دېمەيسەن، ۋىجدانسىز دەپ كايىمىسۇن دېدىم.
— سېنىڭچە، قانداق قىلسا بولىدۇ؟
— باشقا ئۇسۇلمىغۇ يوق، جانابلىرى بەقۇۋۋەت تۇرغان مۇشۇ چاغلىرىدا ئوردا شىرىپىنىڭ ئىلتىپاتى ۋە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ مەزمۇت تۇرغان پەيتىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئالدى - كەينىلىرىنى ئويلاپ قويغانلىرى تۈزۈكمىكىن؟ بولمىسا، بىرەر يىلغا قالمايلا جانابلىرىنىڭ خانىدانلىرىدىكى پۇلمۇ سەپلىنىپ تۈگەيدۇ، بۇنى ئاز دەپ تېخى يۇقىرىدىكىلەردىن تارتىپ تۆۋەندىكىلەرگىچە ھەممىيلەن جانابلىرىغا قورساق كۆپۈكى قىلىپ، جانابلىرىنى ياقا ئۆلكىدە مەنسەپ تۇتۇپ، تاپقان پۇلىنى ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن يوشۇرۇپ قويىدى، دېيىشتىنمۇ يانمايدۇ. مۇبادا تەڭلىككە سالىدىغان بىرەر ئىشقا دۇچ كېلىپ قالسىلا، جانابلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنىدىغان ئادەم چىقامدۇ؟ ئۇ چاغدا تەڭلىكتىن چىقىشقا قوللىرى قىسقىلىق قىلىدۇ، پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ!
— سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسا، پارىخور ئەمەلدار بولۇشۇم كېرەك ئىكەن - دە؟ — دېدى جيا جېڭ، — جېنىمنى سېلىپ بەرسەمغۇ ئۇنىڭ كارى چاغلىق، لېكىن ئاتا - بوۋامنىڭ شان - شۆھرىتىنى يەرگە ئۇرسام بولىدۇ شۇ؟
— جانابلىرى ئىنتايىن دانىشمەن زات، — دەپ ئىلتىجا قىلدى لى شېر، — ئۆتكەن يىللاردا بېشىغا كۈن چۈشكەن بېگىملەرنى كۆرمىدىلىمۇ؟ ئاشۇ بېگىملەر جانابلىرى بىلەن ئوبدان چىقىشىپ ئۆتكەنىدى، جانابلىرى ئۇلارنى ھەمىشە پاك ئەمەلدارلار دەيتتىلە، بۇگۈنكى كۈندە قېنى ئۇلارنىڭ نام - نىشانى؟ جانابلىرى يامان كۆرىدىغان بىرقانچە تۇغقانلىرى بار ئىدى، ھازىر ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ مەنسىپى كۆتۈرۈلۈپ، بەزىلىرى باشقا يۇرتقا يۆتكىلىپ كەتتى. ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلسىلا بولىدىغان گەپ ئىكەن. جانابلىرى شۇنى بىلىشلىرى

كېرەككى، يۇقىرانىمۇ نەزەردە تۇتۇش لازىم، ئەمەلىنىمۇ نەزەردە تۇتۇش لازىم. مۇبادا بېگىمنىڭ رايى بويىچە، ۋالىي ـ ھاكىملارنىڭ بىرەر يارماقىنىمۇ ئىگە بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغان بولسا، سىرتتىكى ئىش ـ كۆشلەرنى كىملەر قىلىدۇ؟ جانابلىرى سىرتتا يەنە مۇشۇنداقلا پاك نام، ياخشى ئاتاق قازىنىۋېرىلا، ئىچكى جەھەتتىكى ئىشلارنى پېقىر توغرىلاۋېرىمەن، جانابلىرىغا قىلچە كاشىلىسى تەگمەيدۇ. كەمىنە چاكارلىرى جانابلىرىنىڭ كەينىدە يۈرگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ساداقىتىمنى كۆرسىتىشىم كېرەك ـ دە.

لى شېر ئاشۇنداق گەپلەر بىلەن ئېلىشتۇرغاچقا، جيا جېڭ بىر پىكىرگە كېلەلمەي:

— مەن جان ساقلىشىم كېرەك! چاتاق چىقىرىپ قويساڭلار مېنىڭ كارىم يوق! — دەپ قويۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە ئاستا كىرىپ كەتتى.

لى شېر شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى، يامۇلنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى ھەممىسى بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ، جيا جېڭنىڭ كۆزىنى بوياپ ئىش قىلغىلى تۇردى. ھەممە ئىش ئېپى ـ جېپى بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، جيا جېڭ گۇمان قىلماقتا يوق، ئەكسىچە ئىشىنىپمۇ قالدى. بىرقانچە ئورۇندىن پاش قىلىنىپ يۇقىرىغا مەلۇمات يوللانغان بولسىمۇ، يۇقىرىدىكى باشلىقلار جيا جېڭنىڭ ئەزەلدىن سەمىمىي ـ سادىق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ سۈرۈشتۈرۈپمۇ قويمىدى. مۇشاۋىرلىرى ئۇزۇن قۇلاق بولغىنى ئۈچۈن، بۇ ئىشلارغا كۆزى يېتىپ پەند ـ نەسىھەت قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن جيا جېڭ ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن، بەزىلىرى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. جيا جېڭ بىلەن ئېقى كېلىشىدىغانلىرى ئارىدا جان ساقلاپ يۈردى، خېنى ئاشلىقنى سۇ يولى بىلەن يۆتكەش ئىشى تۇگىدى، بىرەر

www.uyghurkitap.com

ئۇڭۇشسىزلىقمۇ كۆرۈلمىدى.

بىر كۈنى جىيا جېڭ خىزمەتتىن قولى بوشاپ كۇتۇپخانىسىدا كىتاب ئوقۇۋېتىپ ئولتۇراتتى. مىرزىخانىدىن بىر پارچە خەت سۇنۇپ بەردى. لېپاپ پېچەتلەنگەن ۋە ئۈستىگە «خەيمېن[①] قاتارلىق جايلارنىڭ باسقاق ـ مۇراقىپ بەگلىرىدىن ئەۋەتىلگەن ئالاقە. جياڭشى غەللە ـ پاراق نازىرى يامۇلىغا تېز يەتكۈزۈلگەي» دەپ يېزىلغانىدى. جىيا جېڭ خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى، ئۇنىڭدا مۇنۇلار يېزىلغانىكەن:

جىنلىڭلىق قەدىناسىمىزغا يۇرتداشلىق چوڭقۇر مۇھەببىتىم بىلەن سالام ئاداسىدىن سوڭرە يېتىپ مەلۇم بولغايكى، بۇلتۇر خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن پايتەختكە بارغىنىمدا، جانابلىرى بىلەن رابىتە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇش بولغانىدىم. جانابلىرىنىڭ كۆيۈمچانلىقلىرى شاراپىتىدىن «جۇ ـ چېن[②]» لاردەك بولۇشقا ئەھدۇ پەيمان قىلىشقانىدۇق. بۇ پەزلۇ ـ ئېھسانلىرىنى شۇ كەمگىچە ئۇنتۇمىدىم. بىراق، خىزمىتىم دېڭىز ياقىسىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، جانابلىرىغا تەنتەكلىك قىلىپ قويماي دەپ تەلەپكار بولۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم ۋە لېكىن بۇ بەخت تېخىچە ماڭا نېسىپ بولمىغىنى ئۈچۈن كۆڭلۇم تەسكىن تاپماي نادامەت چەككەنىدىم. ئەمدى ھەزرەتلىرىنىڭ داغدۇغا بىلەن بۇ تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، ھاياتىمدىكى ئارزۇ ـ ئارمىنىمنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىن ئۈمىدۋار بولدۇم. مۇبارەك قەدەم جايلىرىنىڭ بەرقارار بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ، ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن مەزكۇر مەكتۇپنى سۇندۇم ۋە چېگرادىكى بارگاھىمغا مۇشەررەپ بېغىشلىغان بولسىلا، قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ تەبرىكلىگەن بولاتتىم. ئارىلىقىمىز نېرى بولسىمۇ، لېكىن

---

① خەيمېن ــ ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى شياۋشەن ناھىيەسىنىڭ غەربىي شىمالى.

② جۇ ـ چېن ــ جياڭسۇنىڭ فېڭشيەن ناھىيەسىدىكى بىر يېزا. بۇ يەردە جۇ ھەم چېن دېگەن ئىككى فامىلىدىكى كىشىلەر بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قۇدا چۇشۇپ ئۆتىدىكەن.

دۆلەتلىرى سايىسىدىن بەھرىمەن بولغايمەن. كەمىنىلىرىنى پېقىر ـ مىسكىن كۆرمەي، ئۆزلىرىگە ئەھلى قۇدا قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئوغلىمىزمۇ يىگىتلىك قىرانىغا يەتكەن، ئەردەمدە يېتۈك قىزلىرىنىڭ ساھىبجامالىغا مۇشتاقدۇر. مۇبادا لەۋزىلىرىدە تۇرغان بولسىلا، دەرھال سوچى ئەۋەتكەن بولاتتىم. يول يىراق بولسىمۇ، لېكىن بىزنى دەريا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. يۇزلەپ مەپە ـ تەختىراۋان بىلەن كۈتۈۋېلىشقا ئاجىزلىق قىلسامىمۇ، لېكىن پەرىزاتقا خاس كېمە بىلەن مەرھابا قىلغايمەن. مەزكۇر قىسقىغىنا مەكتۇپ بىلەن بەختلىرىنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشىنى تىلەيمەن ۋە مۇبارەك لەۋزىلىرىنى كۈتىمەن. مەكتۇپىمنىڭ ئاخىرىدا جانابلىرىنىڭ ئۈچۈرىغا تەقەززا ئىكەنلىكىمنى ئىزھار قىلىمەن.

هۆرمەت بىلەن:

قەدىناس ئىنىلىرى جۇچيۇڭ

جيا جېڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ خىيال سۈردى: «يىگىت بىلەن قىزنىڭ نىكاھى دەرۋەقە پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ. ئۆتكەن يىللاردا ئۇنى پايتەختتە خىزمەت قىلىۋاتقىنىدا كۆرگەنىدىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇرتداش ئىكەنىمىز، ئېقىمىزمۇ كېلىشەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلىمۇ چىرايلىق چوڭ بوپتۇ، زىياپەتتە بىللە ئولتۇرغىنىمىزدا بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچقانىدى. لېكىن، گەپنى بىر يەرگە توختاتمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆيدىكىلەرگە بۇ ئىشنى دېمىگەنىدىم. لېكىن، ئۇ دېڭىز چېگراسىغا تەيىنلىنىپ شۇ ياققا كەتكەن بولغاچقا، ھېچقايسىمىز بۇ ئىش توغرىسىدا قايتا گەپ قىلىشمىغانىدۇق. كۈتۈلمىگەندە مەنسىپىم كۆتۈرۈلۈپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، ئەمدى ئۇ قىز سوراپ خەت يېزىپتۇ. مەنچىغۇ ئۇلار تېگى ـ تەكتى جەھەتتىنمۇ بىزگە مۇناسىپ كېلىدۇ، يىگىتىمۇ تەنچۇڭگە لايىق ئىكەن. يىگىت شۇغىنىسى، ئۆيدىكىلىرىم بۇ يەردە يوق، ئۇنىڭ بىلەن خەت يۈزىدە مەسلىھەتلەشسەم بولارمىكىن.» ئۇ ئەنە شۇنداق ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندا، لى شېر ئالاقە خەت كۆتۈرۈپ كىردى. جياجېڭنى ئۆلكە ياملۇغا بىر

ئىش توغرىسىدا كېڭەشكە چاقىرتقانىكەن. جيا جېڭ جابدۇنۇپ ئۆلكە ياموۇلىغا بېرىپ، ھىراۋۇل بەگنىڭ جورۇقىغا قولاق سېلىپ تۇردى.

بىر كۈنى مەھكىمىسىدە بىكار ئولتۇرغاندا، جورنىغا دۆۋىلىنىپ قالغان بىرمۇنچە ياموۇل مەلۇماتلىرىغا كۆزى چۈشتى. جيا جېڭ بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقىپ، ئەدلىيە دىۋانىغا «شۇل توغرىسىدا ئېنىق مەلۇم قىلىمىزكى، سۈرۈشتۈرۈشىمىزچە، جىنلىڭلىق سودىگەر شۆ پەن...» دەپ يوللانغان مەلۇمات كۆچۈرمىسىنى كۆرۈپلا: «ئاپلا، يامان بوپتۇ! يۇقىرىغا يوللىنىپتۇ!» دەپ چۆچۈپ كەتتى. ئاندىن زەن سېلىپ ئوقۇغۇدەك بولسا، بۇ مەلۇمات شۆ پەننىڭ ئۇرۇشۇپ جاڭ سەننى زەخملەندۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ۋە ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ئىسپاتنى يوققا چىقىرىپ، ئوقۇشۇلماسلىقتىن بولغان خۇن دەۋاسى دەپ يالغان قەيتنامە توقۇغانلىقى توغرىسىدا ئىكەن، بۇنى كۆرۈپ جيا جېڭ جوزىنى پاققىدە شاپىلاقلاپ: «تۈگىشىپتۇ!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. نائىلاج، يەنە ئاخىرىنى ئوقۇپ باقتى:

پايتەختتىكى ئۇردىگاھ ھىراۋۇل بېگىنىڭ ئالاقىسىدە: «بۇ ۋەقەنىڭ بائىسى شۇكى، جىنلىڭلىق شۆ پەن سەپەر ئۈستىدە تەيپىڭ ناھىيەسىدىن ئۆتەر چېغىدا لى ئېرنىڭ سارىيىغا چۈشكەن. ئۇ ساراي ئاشخانىسىدا تاڭجاڭلىق قىلغۇچى جاڭ سەن بىلەن تونۇشمايدىكەن. پالانى يىلى پوكۇنى ئاينىڭ مۇنچىنچى كۈنى شۆ پەن سارايۋەنگە شاراب ـ تائام بۇيرۇپ، تەيپىڭ ناھىيەسىنىڭ پۇقراسى ۋۇليانىڭنى بىللە شاراب ئىچىشكە چىللىغان، تاڭجاڭ جاڭ سەننى شارابقا جورۇغان، شاراب مەززىسىز بولغانلىقتىن، شۆ پەن ئوبدانراق شارابقا يەڭگۈشلەپ بەر دەپ بۇيرۇغان. جاڭ سەن سېتىلغان شارابنى يەڭگۈشلەشكە بولمايدۇ، دېگەن. شۆ پەن تەرسالىق قىلىپ، شارابنى ئۇنىڭ يۈزىگە چاچماقچى بولۇپ، بايقىماي قاتتىق كۈچىنىپ كەتكەچكە، جاڭ سەن ئېڭىشىپ يەردىن چوكىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقانىكەن، شۆ پەننىڭ قولىدىكى جام چىقىپ كېتىپ

جاڭ سەنناڭ لوققىسىغا تەگكەن ـ دە، تېرىسى يېرىلىپ قانىغان، ھايال قالمايلا جاڭ سەن جان بەرگەن. سارايۋەن لى ئېر قوتقۇزۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، جاڭ سەنناڭ ئانىسىغا شۇئان خەۋەر قىلغان. جاڭ سەنناڭ ئانىسى ۋاڭ موماي يېتىپ كېلىپ قارىسا، ئوغلى ئاللىقاچان ئۆلگەن. شۇناڭ بىلەن ئۇ دادلاپ مەھەللە ئاقساقىلىغا مەلۇم قىلىپ، ناھىيە يامۇلىغا ئەرز سۇنغان. ئامبال تەكشۈرۈشكە بۇيرۇغان، مۇردىكار دورغا مۇردىنىڭ باش سۆڭىكىدىكى بىر سۇڭ ئۇچ پۇڭلۇق يېرىقنى ۋە بىقىنىدىكى زەخمىنى يازمايلا جەدۋەلنى تولدۇرۇپ، يامۇلنىڭ ئىنقىلاپ يۇقىرىغا يوللىشىغا سۇنغان. شۆپەن شارابنى چاچماق بولغاندا، قولىدىن چىقىپ كەتكەن جام كېلىپ قاتتىق تەگكەنلىكتىن، جاڭ سەن زەخىملىنىپ ئۆلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، شۆ پەننى سەۋەنلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرگەن دەپ ئەنگە ئېلىپ، ئۇرۇشقانلىقتىن چىققان قاتىللىق دېگەن گۇناھ قويۇلغان» دېگەن مەزمۇن قەيت قىلىنغانىكەن. كەمىنە خادىملىرى گۇناھكارنى دەلىللىرى ۋە مۇردىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ سوراقتىكى جاۋابلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆرسەك، باشتىكىسى بىلەن كېيىنكىسى بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن كەلمىدى. ئۇرۇشقانلىقتىن تۇغۇلغان قاتىللىق توغرىسىدىكى قانۇنغا قارىساق، قانۇندا: بىر ـ بىرى بىلەن تالاشقانلىق سوقۇش بولىدۇ، بىر ـ بىرىنى دۇمبالىغانلىق مۇشتلاش بولىدۇ؛ ھېچقانداق سوقۇشۇش ياكى مۇشتلىشىش ئەھۋالى يۈز بەرمەي، تاسادىپىي ئۆلگەن بولسا، سەۋەنلىكتىن بولغان قاتىللىق دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ، دېيىلىپتۇ. شۇڭا، ھەر ۋاقىت بەگكە ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيدىتلاپ تەكشۈرۈپ، بۇ دەۋا توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوللاش بۇيرۇلغانىدى. ھازىر ھەر ۋاقىت بەگنىڭ يوللانمىسىدا ئېيتىلىشىچە، جاڭ سەن شارابنى يەڭگۈشلەپ بەرمىگەنلىكتىن، شۆ پەن مەستلىكتە جاڭ سەنناڭ ئوڭ قولىنى تارتىپ تۇرۇپ، ئاۋۋال بىقىنىغا بىر مۇشت سالغان، جاڭ سەن ئۇنىڭ مۇشتىغا تىل ياندۇرغان، شۆ پەن چىدىماي جامنى ئاتقان، جام جاڭ سەنناڭ لوققىسىغا قاتتىق تېگىپ سۆڭىكى يېرىلىپ مېڭىسى چۇۋۇلغان ۋە شۇ ئاندىلا جان ئۈزگەن. جاڭ سەنناڭ ئۆلۈمىگە ھەقىقەتەن شۆ پەننىڭ جام بىلەن قاتتىق ئۇرغانلىقى سەۋەب بولغان شۇ ۋەجىدىن شۆ پەن خۇنغا خۇن تۆلىشى كېرەك بولۇپ، ئۇرۇشۇپ قاتىللىق قىلغانلىق توغرىسىدىكى قانۇن

بويىچە دارغا ئېسىلىدانغانلار زىندىنىغا تاشلاندى، كۆزدىكى قايتا سوراقتىن كېيىن ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدۇ. ۋۇلياڭغا پالاق جازاسى بېرىلىدۇ. سوراقنى توغرا قىلمىغان ئايماق ـ ناھىيە ئامباللىرىغا... ئاخىرىغا «ئالاقىنىڭ ئاخىرى بار» دەپ ئىزاھلاپ قويۇلغانىكەن.

شۆ ھاممىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن جيا جېڭ بۇ ئىشنى ناھىيە ئامبىلىغا ھاۋالە قىلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ مۇبادا بۇ دەۋا قايتا تەكشۈرۈلىدىغان بولسا ماڭمۇ چېتىلىپ قالارمىكىن دەپ، بەك ئەنسىرىدى. باشقا بىر مەلۇماتنى ئېلىپ ئوقۇپ باقتى، لېكىن ئۇ بايىقى ئالاقىنىڭ داۋامى ئەمەس بولۇپ چىقتى. ئۇ مەلۇماتلارنى شۇ ۋاراقلىغىنى بويىچە ھەممىنى كۆرۈپ چىقتى، لېكىن ھېلىقى ئالاقىنىڭ داۋامىنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ، تېخىمۇ قورقۇشقا باشلىدى. راسا ئىچى پۇشۇپ تۇرغىنىدا لى شېر كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— داتاڭغا مەرھەمەت قىلغان بولسىلا، ھىراۋۇل بېگىمنىڭ يامۇلىدىن چىللاپ ئىككى قېتىم دۇمباق قېقىلدى.

جيا جېڭ داڭ قېتىپ ئولتۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ سۆزى قۇلىقىغا كىرمىدى. لى شېر يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلىۋىدى، جيا جېڭ:

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى.

— بېگىم، بىرنېمە ئويلاۋاتامىلا نېمە؟ — دەپ سورىدى لى شېر.

جيا جېڭ مەلۇماتتا كۆرگەنلىرىنى دەپ بەردى.

— بېگىم، خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى لى شېر، — ئەگەر دېۋاندىن شۇنداق بىر تەرەپ قىلغان بولسا، شۆ پەن غوجامنى پايدا ئاپتۇ دېسە بولىدۇ! پېقىرلىرى پايتەختتە چاغدىلا شۆ پەن غوجامنى سارايغا بىرمۇنچە چوكانلارنى چاقىرتىپ كىرىپ، ئىچىپ مەست بولۇپ چاتاق تېرىپتۇ، تاڭجاڭنى بىكاردىن ـ بىكار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم. تېخى ئامبالغا ھاۋالە قىلىغاندىن باشقا، جيا لىيەن غوجام ئارقىلىق بىرمۇنچە پۇل

خەجلەپ بىرقانچە يامۇلدىن يول تاپقانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىغا شۇنداق يوللاپتىكەن، نېمە ئۈچۈندۇر دىۋان بۇنى ئۇقماي قاپتۇ. ئەمدى ئاشكارا بولغىنىنى بىلەلمۇ، بەربىر مەنسەپدار مەنسەپدارنىڭ قاياشى، بىر - بىرىنى يۆلەيدۇ، ناھايىتى كەلسە شۇ، سوراقنى توغرا قىلماپتۇ، دەپ جازالاپ مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. ئامبال، پۇل ئېلىپ يۈز - خاتىر قىلغان، دېگەن گەپنى بوينىغا ئالامتى؟ ئۇنى ئويلىمايلا قويسىلا، بېگىم، پېقىر يەنە تىڭتىڭلاپ باقاي، ئۆز سەردارلىرىنىڭ ئىشىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويمىسىلا.

— سىلەر نېمىنى بىلەتتىڭلار؟ — دېدى جىيا جېيىڭ، — بىچارە ئامبال مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىمەن دەپ مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ، تېخى گۇناھقىمۇ تارتىلارمىكىن!

— ئەمدى ئۇنىڭ غېمىنى يېگەنىنىڭ پايدىسى يوق، — دېدى لى شېر، — ھىراۋۇل بېگىمنىڭ سىلىنى ساقلاۋاتقىنىغا خېلى بولدى. مەرھەمەت قىلسىلا، بېگىم.

جىيا جېڭنى ھىراۋۇل بېگى نېمە ئىش ئۈچۈن چاقىرتقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يۈزىنچى باب

## خەقنىڭ پەيزىنى قاچۇرۇۋەتكەن شياڭلىڭنىڭ تۇگمەس ئاداۋەتكە گىرىپتار بولغانلىقى
## ھەمشىرىسىنىڭ يىراقتا ياتلىق قىلىنغانلىقىدىن باۋيۈينىڭ ھىجران دەردىدە ئازابلانغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، جىيا جېڭ بىرىپ ھىراۋۇل بەگنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ يەردە خېلى ۋاقىتقىچە ئولتۇرۇپ قالغاچقا، سىرتتىكىلەر ھەر قىسما مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. تالادا قالغان لى شىرمۇ تىڭتىڭلاپ ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالماي، مەلۇماتتىكى ۋەقەنى يادىغا ئېلىپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كەتتى. بىر چاغدا جىيا جېڭ يېنىپ چىقتى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى ــ دە، سوئىدىشىپ كېتىۋېتىپ، ئۆيگە بارغىچىمۇ تەخىر قىلالماي، كىشىلەردىن خالىي جايغا كەلگەندە:

ــ بېگىم، ئەجەب ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدىلا، نېمە زۆرۈر ئىش بار ئىكەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھېچ ئىش يوق ئىكەن، ــ دېدى جىيا جېڭ كۈلۈپ قويۇپ، ــ دېڭىز ياقىسىنىڭ باسقاق ـ مۇراقىپ بېگى بۇ ئۇلۇغ بېگىمگە تۇغقان كېلىدىكەن، شۇڭا مەندىن خەۋەر ئېلىپ قويۇش توغرىسىدا ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىپ خەت يازغانىدىكەن. باشقا گەپ يوق، ماڭا بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلدى، ئاندىن «بىزمۇ ئەمدى ئۇرۇق ـ تۇغقان بولۇپ قالدۇق» دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، لى شىر قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتى، ھەتتا

تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇپ، بۇنداق قۇدىچىلىققا ماقۇل بولۇشقا جىيا جېڭنى قولىدىن كېلىشىچە ئۈندىدى.

جىيا جېڭنىڭ خىيالى شۇ پەيتنىڭ ئىشى بىلەن بەند ئىدى. زادى ئۇنىڭغا نېمە كاشىلا بولۇۋاتىدىغاندۇ؟ سىرتتىن ھېچقانداق ئۇچۇرنى ئالغىلى بولمىدى. ئىشنىڭ يولىنى قاندق قىلسا بولار، دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز يامۇلىغا كېلىپلا خىزمەتكارنى پايتەختكە بېرىپ بىلىپ كېلىشكە، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن باسقاق ـ مۇراقىپ بەگنىڭ قۇدا چۇشۇش توغرىسىدىكى تەلىپىنى جىيا ئانىغا مەلۇم قىلىپ، مۇبادا رازىلىق بىلدۈرسە، ئۇچىنچى خان قىزنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىشكە بۇيرۇدى. خىزمەتكارى شۇئان يولغا چىقىپ پايتەختكە كەلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ قويۇپ، مەنسەپدارلىق دىۋانىغا بېرىپ ئۇقۇشۇپ باقتى، جىيا جېڭنىڭ ھېچقانداق جازاغا تارتىلمىغانلىقىنى، پەقەت تەيپىڭ ناھىيەسىنىڭ ئامبىلىنىڭ مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، خەت يېزىپ جىيا جېڭنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇردى. ئاندىن خەتنىڭ ئۇچۇرنى كۈتۈپ تۇردى.

ئەمدى شۆ ھامىغا كېلەيلى. شۆ پەيتنىڭ خۇن دەۋاسى ئۇچۇن يامۇللارغا بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە، سەۋەنلىكتىن بولغان قاتىللىق دەپ بېكىتكەن ۋە ئەنزە يۇقىرىغا يوللانغانىدى. گۆرۈخانىسىنى باھاغا سۇندۇرۇپ سېتىۋېتىپ، ئوغلىنى گۇناھتىن خالاس قىلىش ئۇچۇن پۇلنىڭ يولىنى قىلىۋاتاتتى. كۇتۇلمىگەندە، ئەدلىيە دىۋانى بۇرۇنقى بېكىتىشنى رەت قىلىپ قايتۇرۇۋەتتى. شۆ ھامما يەنە كىشىلەرگە ھاۋالە قىلىپ نۇرغۇن پۇل خەجلەپ باقتى، لېكىن ئارا تۇرالمىدى، بالدۇرقى ئەنزە بويىچە شۆ پەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، كۈزدە چوڭ سوراقتىن ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن دارغا ئېسىلىدىغانلار زىندىنىغا تاشلاندى. شۆ ھامما ئوغلىغا ئاچچىقىمۇ كەلدى،

ئىچىمۇ ئاغرىدى، كىچە ـ كۈندۈز يىغىدىن باش كۆتۈرمىدى. باۋچەي پات ـ پات كېلىپ تەسەللى ئېيتىپ تۇردى.

— ئاكام ئەزەلدىنلا بىتەلەي ئىكەن ! — دەيتتى ئۇ، — ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان ئۆيۋاقىغا مىراسخور بولغاندىن كېيىن، سىڭگەن نېنىغا شۈكۈر قىلىپ كۈن ئۆتكۈزسە بولاتتى. جەنۇبتا چاغدىمۇ قاملاشمىغان ئىش تېرىپ قويدى، شياڭلىنىڭ توغرىسىدىكى قىلغان ئىشىمۇ چوڭ چاتاق ئىش ئىدى. تۇغقانلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ھىمات قىلىپ، پۇل خەجلەپ يۈرۈپ، بىكاردىن ـ بىكار بىر يىگىتنىڭ جېنىغا زامىن بولغان قاتىللىقتىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئاكام ئەلۋەتتە قىلغان گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ راۋرۇس ئادەم بولۇپ ئانىسىنى ئوبدان باققان بولسا توغرا ئىش قىلغان بولاتتى. پايتەختكە كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق قىلدى. ئانا، ئۇنىڭ دەردىدە نۇرغۇن خاپىلىق تارتتىڭىز، بىرمۇنچە ياش تۆكتىڭىز. ھەممىمىز ئارامخۇدا كۈن ئۆتكۈزەرمىز دەپ، ئۇنى ئۆيلەپ قويغانىدىڭىز، ۋايتاڭەي، پېشانىسى شۇنداق ئوخشايدۇ، قىرىشقاندەك بۇ يەڭگەممۇ تىنىمسىز بىرنېمە بولۇپ چىقتى، شۇڭا ئاكام ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ سەپەرگە چىقىپ كەتكەن. «كۈشەندىنىڭ يولى تار» دېگەن ماقال توغرا ئېيتىلغانىكەن، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا خۇن دەۋاسىنى تۇغدۇرۇپ قويدى. ئانا، سىز بىلەن ئوتتۇرانچى ئاكام ئىككىڭلارنى بۇ ئىشقا ئامال قىلمىدى دېگىلى بولمايدۇ: خەجلىگەن پۇلغۇ بۇ ياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۆزىڭىزمۇ بۇ ئىشنىڭ كەينىگە چۈشۈپ يېلىنىپ ـ يالۋۇرمىغان ئادىمىڭىز قالمىدى. ئىلاج قانچە، پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ. ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا، دېگەندەك بولۇۋاتىدۇ. ئاتا ـ ئانا دېگەنغۇ ئومۇمەن قېرىغاندا تايانچىم بولارمىكىن دەپ بالا تاپىدىكەن، يېلىڭ ـ يالپى پەسكاردىكى كىشىلەرمۇ بىرەر ـ يېرىم نان تېپىپ بولسىمۇ ئانىلىرىنى باقىدىكەن. قولىدىكى تەييار دۇنيانى بۇزۇپ ـ چاچقانىنىڭ ئۈستىگە، ئانىسىنى

مۇشۇنداقمۇ قاقشاتقان بارمۇ؟ مەن ئاكامنى دەپ ـ ئېيتماقچى ئەمەسمەن، ئاكامنىڭ مۇشۇنداق قىلىقلىرىغا قاراپ، ئۇنى ئوغۇل بالا ئەمەس، كۇشەندىنىڭ ئۆزى دېگۇم كېلىدۇ. ئانا، ئەمدى هوشىڭىزنى يىغىۋالمىسىڭىز بولمايدۇ، سىز ئەتىدىن كەچكىچە يىغلىغاننى ئاز دەپ، يەڭگەمۇ سىزگە خاپىلىق تېپىپ بېرىۋاتىدۇ. مەن دائىم يېنىڭىزدا بىللە بولۇپ، تەسەللى ئېيتىپ تۇرالمايدىكەنمەن. سىزنىڭ بۇ ئەهۋالىڭىزدىن مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن؟ ئاۋۇنى ئالجىپ قالغان دېگەن بىلەن، ئۇ مېنىڭ بۇ يەرگە يېنىپ كېلىشىمگە قويمايدۇ. قايسى كۈنى بېگىم ئەۋەتكەن كىشى كېلىپ، پايتەختتىن چىقىرىلغان مەلۇماتنى كۆرۈپ، بېگىمنى قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى دەپ مەلۇم قىلدى. شۇڭا، بېگىم ئىشنىڭ يولىنى قىلىشقا كىشى ئەۋەتىپتۇ. ئاكام چاتاق چىقىرىپ، بىرمۇنچە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. هېلىمۇ ياخشى، مەن سىزنىڭ قېشىڭىزدا تۇرغاندەكلا ئۆتۈۋاتىمەن، مۇبادا سىزدىن ئايرىلىپ يىراققا كېتىپ قېلىپ، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان بولسام، سىزنى تولا ئويلاپ ئادا بولۇپ كېتەتتىم. ئانا، سىزدىن ئۆتۈنەي، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ئاكامنىڭ تىرىك چېغىدا جاي ـ جايلاردىن هېساب ـ كىتاب ئىشلىرىنى سوراپ بىلىۋېلىڭ. خەقتىن ئالىدىغىنىمىز بولامدۇ، خەققە بېرىدىغىنىمىز بولامدۇ، كونا خىزمەتكارىمىزغا هېسابلىتىپ، يەنە قانچىلىكرەك پۇل قالدى، كۆرۈپ بېقىڭ.

— نەچچە كۈندىن بۇيان ئاكاڭنىڭ ئىشى بىلەنلا بېشىم قاتتى، — دېدى شۆ هاما يىغلاپ، — سەن كەلگىنىڭدىمۇ كۈنىمىز سەن ماڭا تەسەللى ئېيتىش ياكى مەن ساڭا يامۇلنىڭ گەپلىرىنى دەپ بېرىش بىلەنلا بولدى. قىزىم، سەن تېخى ئۇقمىدىڭ، پايتەختتىكى ئوردا سودىگىرى دېگەن نامىمىز دەپتەردىن ئۆچۈرۈۋېتىلىپتۇ، ئىككى گۆرۈخاننى خەقلەرگە بېرىۋەتتۇق، پۇللىرىنىمۇ ئېلىپ خەجلەپ بولدۇق. يەنە بىر گۆرۈخانا قېلىۋىدى، گۆرۈكىشىمىز قېچىپ كېتىپ، بىرقانچە

www.uyghurkitap.com

مىنىڭ سەر كۆمۈش گەدىنىمىزگە چۈشۈپ قېلىپ، پۇلنىڭ ئىگىلىرى بىز بىلەن دەۋالىشىۋاتىدۇ. ئوتتۇرانچى ئاكاڭ ھەر كۈنى سىرتقا قاتراپ نېسىلەرنى سۈيلەپ يۈرىدۇ. پايتەختتىكى ئېلىشىمىزدىن نەچچە تۈمەن سەر كۆمۈشنى ئېلىپ بولدۇق. ئەمدى جەنۇبتىكى شىركىچىلىك قىلغان پۇلنى ئالساق ۋە جاي - زېمىنىمىزنى ساتساق قەرزىمىزگە يېتەمدىكىن. قايسى كۈنى يەنە بىر شۇم خەۋەر ئاڭلىدىم، جەنۇبتىكى شېرىك ئاچقان گۆرۈخانىمىزمۇ دەسمايىسى غالتەككە چىقىپ تاقىلىپ قاپتۇ. مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا، مېنىڭ ئەمدى ياشىغۇچىلىكىم قالمىدى!

— ئانا، پۇل توغرىسىدا ھەرقانچە غەم يېگىنىڭىز بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، — دېدى باۋچەيمۇ يىغلاپ، — ئوتتۇرانچى ئاكام بىزگە قارشى بېرىۋاتىدۇ. مېنىڭ دۇكان خىزمەتچىلىرىمىزگە بەك ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ. ھالىمىزدىن كېتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ، ئۆز كۈنىنى كۆن ئېتىش ئۈچۈن تاشلاپ كېتىشىشىمىغۇ مەيلى ئىدى، لېكىن ئۇلار ئىككى پۇتىمىزنى بىر ئۆتۈككە تىقىش ئۈچۈن خەققە بولۇشۇپ بېرىۋېتىپتۇمىش. ئاكام شۇنچە چوڭ بولغىنىغا باقماي، تاپقان ئاغىنىلىرىنى دېمەمسىز، يالاڭ ھاراقكەشلەر بىلەن بۇرادەر بوپتۇ، بېشىغا كۈن چۈشكەندە بىرسىمۇ ئەسقاتمىدى. ئانا، ماڭا كۆيۈنسىڭىز، مېنىڭ گېپىمگە كىرىڭ: ياشىنىپ قالغان ئادەم ئۆزىنى ئاسرىغىنى ئوبدان. ئانا، ئاچ - يالىڭاچمۇ قالماسسىز. ئۆيدىكى كىيىم - كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى يەڭگەمگە تاشلاپ بېرىڭ، نېمە قىلسا قىلىۋەرسۇن، ئۇنىڭغا ئىلاجىمىزمۇ يوق. ھەممە مۇلازىملار، خىزمەتكار مومايلارنىڭ ئەپتىدىن بۇ يەردە تۇرۇۋېرىدىغان خىيالى يوق، كېتىدىغانلىرى كېتىۋەرسۇن. بىچارە شياڭلىڭ ئۆمرىدە خوۋلۇق كۆرمىدى، ئۇ يېنىڭىزدا قالسۇن. بىرەر نەرسىڭىز ئۆكسۈپ قالغاندا مەندە بولسىلا ئەكېلىپ ئىشلىتىپ تۇرارسىز، يەممىچە، بىزنىڭ ئادەممۇ

ئۇنىڭغا ياق دېمەس. شىرىن قىزىنىڭمۇ كۆڭلى تۈز ئىكەن، بىزنىڭ ئائىلىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئاڭلاپ، سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ يىغلايدۇ. بىزنىڭ ئادەممۇ ھېچ ئىش يوق دەپ چاغلىسا كېرەك، شۇڭا ئانچە تېنەپمۇ كەتمەيدۇ، ئەمما ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، جېنى چىققۇدەك قورقۇپ كېتىدۇ.

— جېنىم قىزىم! — دېدى شۆ ھامما ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئۇنىڭغا دېگۈچى بولما! ئۇ دەييۈي قىزنى دەپ جېنىدىن كەچكىلى تاسلا قالدى. ئەمدى بىرئاز ئوڭلاندى. ئىچ پۇشۇقىدا ئۇنىڭغا بىر پالاكەت چاپلىشىدىغان بولسىزە، ساڭا يەنە بىر قات دەرد ـ ئەلەم قوشۇلغانىنىڭ ئۈستىگە، مەنمۇ پاناھسىز بولۇپ قالىمەن!

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ ئۇنىڭغا زادىلا دېمىدىم، — دېدى باۋچەي.

گەپ ئۈستىگە جىنگۈي پالاقشىپ كىرگىنىچە تاشقىرىقى ئۆيدە تۇرۇپلا يىغلاپ ـ قاقشاپلا كەتتى:

— ماڭا جاننىڭ كېرىكى يوق! ئېرىمنىڭ تىرىك قېلىشىغا ئۈمىد قالماپتۇ! ئەمدى بىز غەلۋىنىڭ يوغىنىنى قىلماي بولمىدى. ھەممىمىز بىراقلا سوراقخانىدا تۇتۇشايلى! — دەپلا دەرپەردىنىڭ تاختىيىغا ئۇسۇۋېرىپ، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتتى. ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ كەتكەن شۆ ھاممىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى. ھېلىمۇ ياخشى، يەنە شۆ باۋچەي «ئاق يەڭگەم»، «كۆك يەڭگەم»، سىز ئۇنداق، سىز مۇنداق دەپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتتى.

— سىڭىل ئاغىچا! — دېدى جىنگۈي، — سىز دېگەن ھازىر بالدۇرقىغا ئوخشىمايسىز. ئەر ـ خوتۇن ئىككىڭلار ئوبدان كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىسىلەر. مەن بولسام تۇل، ماڭا يۈزنىڭ نېمە كېرىكى! — ئۇ دەررۇلا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتمەكچى بولۇپ كوچىغا چاپتى. ئادەم كۆپ بولغاچقا، توسۇۋېلىپ ئۇنىڭغا بىر ھازاغىچە تەسەللى ئېيتىپ ھاي بەردى. بۇ ئەھۋالدىن قورقۇپ كەتكەن باۋچىن

ئۇنىڭغا كۆرۈنمەيلا قويدى. مۇبادا، شۇ كې ئۆيدە بولۇپ قالىدىغان بولسا، جىنگۈي ئۇپا ـ ئەڭلىك سۇرتۇپ، قاشلىق ئېتىپ، پەرداز قىلىپ باشقىچىلا ياسىنىپ ـ جابدۇنۇپ كېتەتتى. پات ـ پات شۇ كېنىڭ ھوجرىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئەتەي «ئۆھۆ» دەپ يۆتىلىپ قوياتتى. ھوجرىدا شۇ كېنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆيدە كىم بار دەپ ئالايىتەن سوراپ قوياتتى. گاھىدا شۇ كېغا دۇچ كېلىپ قالغانلىرىدا ئايناقلاپ ـ نازلىنىپ، ئەھۋال سوراپ كۆيۈمچانلىق قىلىپ كېتەتتى، بىر ئېچىلىپ، بىر تۇرۇلۇپ قىلمىغان قىلىقى قالمايتتى. چۆرە قىزلار ئۇنى كۆرگەن ھامان داجىپ كېتىشەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، پىكىر ـ خىيالى شۇ كېدا ئىدى، بىر ئامال قىلىپ شۇ كېنىڭ ئىشقىنى قوزغاپ، باۋچەن كۆرسەتكەن ھىيلە بىلەن ئىش قىلساملا دەيتتى. شۇ كې بولسا ئۇنىڭدىن ھە دەپ ئۆزىنى قاچۇراتتى، دوقۇرۇشۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۇنى كۆكەرمىلىك قىلىپ مىنى تەڭلىكتە قويمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ يولدىلا مۇئامىلە قىلىپ قوياتتى. لېكىن، جىنگۈي، ئىشق ئوتىدا مەستانە بولۇپ، ئۇنى كۆرگەنسېرى تېخىمۇ كۆيۈپ، ئويلىغانسېرى تېخىمۇ مەستلىكى كېلىپ كېتەتتى. بۇ ھالدا شۇ كېنىڭ قىلىۋاتقان مۇئامىلىسى راستىمۇ ياكى يالغانمۇ، بۇنى ئۇ پەرق ئېتەلەمتى؟ بىر كۈنى مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى: شۇ كې ھەرقانداق نەرسىسىنى ساقلاش ئۈچۈن شياڭلىڭغا بېرەتتى، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيۇش ـ ياماش ئىشلىرىنىمۇ شياڭلىڭ قىلىپ بېرەتتى. شۇ كې بىلەن شياڭلىڭ تاسادىپىي پاراڭلىشىپ تۇرغاندا جىنگۈي كېلىپ قالدى، ئۇ ئىككىسى ئالمان ـ تالمان ئۆز يولىغا كېتىشتى. بۇنى كۆرۈپ، جىنگۈيدە شۇ ئانلا «كۈنداشلىق» پەيدا بولدى. شۇ كېغا چىچىلاي دېسە، ئۇنىڭغا كۆزى قىيمايتتى. شۇنىڭ بىلەن چىشى قىرىشىپ، ئۇچىنى شياڭلىڭدىن ئالماقچى بولدى. بىراق، شياڭلىڭغا چېقىلسام شۇ كې رەنجىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ لېۋىنى

چىشلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.
بىر كۈنى باۋچەن پىخسلداپ كۈلۈپ كىرىپ كەلدى.
— خېنىم، ئوتتۇرانچى غوجامنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى باۋچەن.
— ياق، — دېدى جىنگۈي.
— ئوتتۇرانچى غوجامنىڭ ئۆزىنى راۋۇرۇس ئادەم قىلىپ كۆرسەتكىنىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ دېمىدىمۇ، — دېدى باۋچەن ھىجىيىپ، — قايسى كۈنى بىز مەي سۇنۇپ بەرسەك، مەن ئىچىپ باقمىغان، دېگەنىدى. بايا ئۇنى ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىدا كۆرۈپ قالدىم، يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ، مەي ئىچكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. خېنىم، بۇ گەپكە ئىشەنمىسىلە، ھويلىمىزنىڭ دەرۋازىسىدا ئۇنى ساقلاپ تۇرۇپ، ئۇ كەلگەندە توختىتىپ سوراپ باقسىلا، ئۇ نېمە دەيدىكىن.
جىنگۈي قېيىداپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ گەپكە:
— ئۇنىڭ قاچان بىر ئۆيدىن چىققان يېرى بار؟ ئۇنىڭدا كۆڭۈل دېگەن نەرسە بولمىسا، سوراپ نېمە قىلاتتىم؟ — دەپ جاۋاب بەردى.
— خېنىم، يەنە قېيىپ قاپسىلىغۇ، — دېدى باۋچەن، — ئۇ چىرايلىق گەپ قىلسا، بىزمۇ چىرايلىق گەپ قىلىمىز، ئۇ توڭلۇق قىلسا، بىز باشقا ئىلاجىنى قىلمايمىزمۇ.
جىنگۈي بۇ گەپنى ئورۇنلۇق تېپىپ، باۋچەننى:
— ئۇ چىققۇچە سەن قاراپ تۇرغىن، — دەپ جورۇدى.
باۋچەن خوش دەپ چىقىپ كەتتى، جىنگۈي ئەينەك قۇتىسىنى ئېچىپ ئەينەككە قارىدى. كالپۇكىغا يەنە ئەڭلىك سۈرتتى، ئاندىن چاچما گۈللۈك ياغلىقىنى ئېلىپ تالاغا چىقماقچى بولۇپ، خۇددى بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تەمتىرەپ، نېمە قىلىشنى بىلمەيلا قالدى. تالادا باۋچەننىڭ: «غوجام، بۈگۈن سىلى ئەجەب خۇشالغۇ ! نەدە شاراب ئىچتىلە؟» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى. جىنگۈي بۇ گەپتىن ئۆزىنى چاقىقان چىق دېگەنگە ئىشارەت

www.uyghurkitap.com

قىلىنغانلىقىنى بىلىپ، مىلەڭزىنى قايرىپلا، چىقتى. شۆ كي باۋچەنگە: «بۇگۇن جاڭ تاغامنىڭ قۇتلۇق كۇنى ئىكەن، شۇلار زورلاپ تۇرۇۋالغاچقا، بىرىم قەدەھ ئىچىپ قويغاندىم. تېخىچە يۈزۈم ئوتتەك يېنىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، جىنگوي:

— دېمىسىمۇ، ياتلارنىڭ تۇتقان شارابى ئۆز ئائىلىمىزدىكى شارابتىن مەززىلىكتە! — دېدى.

بۇ گەپ قاتتىق تېگىپ، شۆ كي تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى ۋە ئالدىراق كېلىپ كۇلۇپ تۇرۇپ:

— يەڭگە، نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ — دېدى.

باۋچەن ئۇلارنىڭ گەپكە چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپلا ئۆزىنى ئۆيگە ئالدى. جىنگوي دەسلەپتە شۆ كېنى قەستەن گەپتە چېقىۋالماقچى بولغانىدى. بىراق، شۆ كېنىڭ ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىقنى، خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى قانداقتۇر بىچارىلىكىنىڭ ئالامىتى دەپ بىلدى ـ دە، بىردىنلا ئۆزىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى يوقىلىپ، ئېرىپ لاسىدە بولۇپ قالدى ۋە كۇلۇپ قويۇپ:

— ئۇنداقتا، شارابنى زورلاپ تۇرۇۋالسا ئىچىدىكەنسىز ـ دە! — دېدى.

— يوقسۇ، مەن شاراب ئىچەلمەيمەن!

— ئىچمىگىنىڭىزمۇ ياخشى، ئاكىڭىزدەك شارابقىلا بېرىلىپ چاتاق چىقىرىدىغان ئىش بولسا، ئەتە ـ ئۆگۈن ئۆيلەنگىنىڭىزدە، ئالغان ئاغىچىڭىز مەندەك ئېرى بار تۇل بولۇپ قېلىپ، يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىدۇ! — گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە جىنگوينىڭ كۆزلىرى ئەلەسلىنىپ، ئىككى مەڭزىمۇ قىزىرىپ كەتتى. شۆ كي ئۇنىڭ گەپلىرى سەل يولدىن چىقىپ قېيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، كەتمەكچى بولدى. بۇنى سەزگەن جىنگوي ئۇنىڭ كېتىشىگە يول قويامتى؟ يېقىن كېلىپ كاپلا تۇتۇۋالدى.

— يەڭگە ! — دېدى ھودۇقۇپ كەتكەن شۆكې غال - غال تىترەپ، — ئىززەتلىرىنى ساقلىسىلا !

— ئۆيگە كىرىڭ، سىزگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار، — دېدى جىنگۇي يۈزىنى داپتەك قىلىپ.

شۇ جېدەل بولۇۋاتقاندا، كەينىدىن بىر كىمنىڭ «خېنىم، شياڭلىڭ كېلىۋاتىدۇ» دېگىنى ئاڭلاندى. جىنگۇي شۈركۈنۈپ كېتىپ كەينىگە قارىغاندى، باۋچەن مىلەڭزىنى قايرىپ تۇرۇپتۇ. باۋچەن ئۇ ئىككىسىنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ تۇراتتى، شۇنداق قاراپلا شياڭلىڭنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، دەررۇلا جىنگۇينى خەۋەردار قىلىپ قويغانىدى. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن جىنگۇينىڭ قولى بوشىشىپ كەتتى، شۆكې ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى. شياڭلىڭ ھېچ نەرسىدىن بىخەۋەر كېلىۋاتاتتى، باۋچەنىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپلا، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندى، جىنگۇي ئۇ يەردە جان - جەھلى بىلەن شۆكېنى ئۆيگە سۆرەۋېتىپتۇ. شياڭلىڭنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سېلىپ كېتىپ، ئالمان - تالمان كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى. جىنگۇي قورققاننىڭ ئۈستىگە ئاچچىقى تۇتۇپ، شۆكېنىڭ كەينىدىن قاراپلا قالدى، بىرھازاغىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ، «خەپ» دەپ قويۇپ، پەيزى ئۇچۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ شياڭلىڭنى چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ كۆرىدىغان بولدى. شياڭلىڭ ئەسلىدە باۋچەنىنىڭ قېشىغا كېتىۋاتاتتى، يان ئىشىكتىن چىقىشىغىلا، ھېلىقى ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقىنىدىن كەينىگە يانغانىدى.

ئەتىسى باۋچەي جيا ئانىنىڭ ئۆيىدە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ تەنچۈنگە لايىق چىققانلىقى توغرىسىدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا دەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

— بىر يۇرتلۇق بولغىنى ئوبدان ئىكەن، — دېدى جيا ئانا، — ئۇ بالىنى بىزنىڭكىگە كەلگەن، دەپ ئاڭلىغانىدىم. بېگىڭىز

نېمىشقا بىزگە دېمىگەن بولغىيدى؟

— بىزمۇ ئۇقماپتىمىز، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ياخشىلىقىغۇ ياخشى ئىكەن، شۇغىنىسى بەك يىراقتا ئىكەن ـ دە، — دېدى جيا ئانا، — هازىرغۇ ئاتىسى شۇ تەرەپتە، ئەگەر ئاتىسىنىڭ خىزمىتى يۆتكىلىپ كەتسە، قىزىمىز بەك غېرىبسىنىپ قالارمىكىن؟

— هەر ئىككى تەرەپ مەنسەپدار بولغاندىن كېيىن، بىر يەردە تۇرىۋېرىشىمۇ ناتايىن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بەلكىم ئۇياق پايتەختكە يۆتكىلىپ قالىسىمۇ قالىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندىمۇ بەرىبىر ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ، دېگەندەك، بىر كۈنلەردە پايتەختكە يېنىپمۇ كېلەر. بېگىم شۇ تەرەپتە ئەمەلدار تۇرسا، بېگىمنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئەمەلدار ئېغىز ئاچقاندىن كېيىن، ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى قىلمىسا بولماس؟ بېگىم بىر پىكىرگە كېلىپ بولۇپ، ئۆزى ئىگە بولۇشقا پېتىنالماي، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەن چېغى بار.

— سىلەر ماقۇل بولغان بولساڭلار ئوبدان بوپتۇ. لېكىن، ئۈچىنچى خان قىز مۇشۇ كەتكىنىچە ئۆيگە ئىككى ـ ئۈچ يىلسىز قايتىپ كېلەلمەسمىكىن! ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق هايال بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئۆمرۈم يار بەرمەي قالارمۇ! — دەپلا جيا ئانا كۆزىگە ياش ئالدى.

— قىز بالا دېگەننى بويىغا يەتكەندىن كېيىن ياتلىق قىلماي بولمايدىكەن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بىر يۇرتلۇق، بىر مەھەللىلىك بولغىنىدىمۇ ئەمەل تۇتمىسىغۇ بىر نۆرى، ئەمەل تۇتقان بولسا، هەمىشە بىر يەردە تۇرىۋېرىمەن دەپ قايسىسى هۆددە قىلالايدۇ؟ باللارنىڭ تەلىيى كەلسىلا بولدى. ئەنە، يىڭچۈن قىزنى يېقىن يەردە ياتلىق قىلغان ئىدۇق، ئۇلارنىڭ جېدەللى پات ـ پاتلا قۇلىقىمىزغا كىرىپ تۇرىۋاتىدۇ، كۈيۈسى ئۇرۇشىدىكەن، هەتتا غىزامۇ بەرمەيدىكەن، بىز ئەۋەتكەن نەرسىلەرمۇ



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ قولىغا تەگمەيدىكەن. يېقىندىن بۇيان تېخىمۇ سەتلەشكىلى
تۇرۇپتۇ، ھەتتا ئۇنى بۇ يەرگە ئەۋەتمەسمۇ بوپتۇ. ئەر - خوتۇن
ئىككىسى تاكاللىشىپ قالغانلىرىدا كۈيۈسى بىزنى پۇلۇمنى
خەجلىۋالغان، دەيدىكەن. بىچارە قىزغا زادىلا كۈن يوق ئىكەن.
قايسى كۈنى ئۇنىڭدىن ئۇيەپ، ئۇنى يوقلىغىلى كىشى ئەۋەتكەند-
دىم، يىگچۈن قىز يان ھۇجرىغا مۆكۈۋېلىپ چىققىلى ئۇنىماپتۇ.
خىزمەتكار مومايلىرىمىز ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي ئۆزلىرى كىرىپ-
تۇ. قارىسا، مۇشۇنداق سوغۇق كۈنلەردىمۇ قىزىمىزنىڭ ئۇچى-
سىدا كونا ئېگىن تۇرغۇدەك. ئۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ،
مومايلارغا: «قايتىپ بارغىنىڭلاردا مېنىڭ بۇ دەردىمنى چوڭ ئا-
ناملارغائېيتماڭلار، بۇنى مەن ئۆز پېشانەمدىن كۆرىمەن! كى-
يىم - كېچەك بىر نەرسىلەرمۇ ئەكەلمەڭلار، قولۇمغا تەگمىگەن-
نىڭ ئۈستىگە، تاياق يەيمەن، سەن دەپسەن دەپ ئۇرىدۇ!» دەپ
بېرىپتۇ. ئويلاپ باقسىلا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، كۆز ئالدىمىزدا
تۇرغانىنىڭ ئەھۋالى بۇ، قاملاشمىسا تېخى ئەلەم قىلىدىكەن، چوڭ
ئاغىچا خېنىممۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، چوڭ بېگىممۇ بېشىنى
ئىچىگە تىقىۋالدى. شۇ تاپتا يىگچۈن قىزنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنى
بىزنىڭ ئۇچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چۆرە قىزلىرىمىزنىڭكىگە-
مۇ يەتمەيدۇ. تەنچۈن قىزنىغۇ مەن تۇغمىغان، لېكىن بەگ ئاتىسى
ئۇ كۈيۈئوغۇل بولغۇچىنى كۆرۈپ، ياراتقانلىقتىن ماقۇل بولغان-
مىكىن دەيمەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئىلتىپات قىلغان بولسىلا،
قۇتلۇق كۈنلەردىن بىرىنى تاللاپ، بىرقانچە ئادەمنى كۆپرەك تە-
يىنلەپ، بەگ ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتسەك. قانداق قىلىش كې-
رەكلىكى توغرىسىدا بەگ ئاتىسى ئانچە زىغىرلاپمۇ كەتمەيدۇ.

— ئاتىسى ئۆزى باش بولغاندىن كېيىن، سىزمۇ ئۆز لايىقىدا
ھازىرلىقىنى قىلىڭ، ئۇزۇن سەپەرگە چىقىدىغان كۈننى تاللاپ
يولغا سالسىڭىز، بۇ ئىشمۇ شۇنىڭ بىلەن ئادا بولسۇن.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم «خوش» دەپ ئىلىك ئالدى. باۋچەيمۇ بۇ
ئىشتىن ئېنىق خەۋەردار بولدى. لېكىن، ئۇن دېيىشكە

پىتىنالماي، ئىچىدە: «بىزنىڭ خانىداندىكى قىزلارنىڭ سەرخىلى شۇ ئىدى، مانا ئەمدى يىراققا ياتلىق قىلىنىدىغان بوپتۇ. بۇ يەردىكىلەر كۆندىن ـ كۆنگە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ ئازابلاندى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قوزغىلىپ خوشلىشىۋىدى، باۋچەي ئۇنى ئۇزىتىپ قويغاچ ئۆز ھۇجرىسىغا ياندى، لېكىن بايىقى گەپلەرنى باۋيۈيگە ئۇقتۇرمىدى. شىرېن ئۆزى يالغۇز يىگىنە ئىشى قىلىۋاتاتتى، ئاڭلىغان گەپلىرىنى شۇنىڭغا دەپ بەردى. شىرېننىڭمۇ بەك كۆڭلى يېرىم بولدى.

جاۋ كىچىك ئاپا تەنچۈننىڭ توي ئىشىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە: «مېنىڭ بۇ قىزىم ئۆيدىغۇ مېنى زادىلا كۆزگە ئىلمايتتى، ھەرقانداق بولسامۇ بەرىبىر مەن ئۇنىڭ ئانىسىغۇ؟ مېنى ئۆزىنىڭ چۆرە قىزى قاتارىدىمۇ كۆرمىدى! يەنە كېلىپ سۇنىڭ ئېقىشىغا بېقىپ، باشقىلارغا يان باستى. ئۇ بالىلارنىڭ چوڭى بولغاچقا جيا خۇەن ئوغلۇممۇ باش كۆتۈرەلمىدى. ئەمدى ئۇنى بەگ ئاتىسى ئالدۇرۇپ كېتىدىغان بوپتۇ، مەنمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلغۇدەكمەن! ئۇنىڭدىن ۋاپا كۈتكىنىم بىلەنمۇ ماڭا ۋاپا كەلمەيدۇ. ئىگەكىم ئۇنىڭ كۈنىمۇ يىگچۈن قىزنىڭكىدەك بولۇپ قالسا، خويمۇ ئوبدان بولاتتى» دەپ ئويلىغاچ، پالاقلاپ تەنچۈننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇنى مۇبارەكلىدى:

— خان قىز، ئەمدى قانات قېقىپ ئۇچىدىغان بوپسىز. كۈيئوغۇلنىڭكىدە ئۆيدىكىدىنمۇ ئوبدان ئۆتىسىز. كۈيئوغۇل ئۆزىڭىزگىمۇ ياققاندۇ. سىزنى مەن تۇغقانغا تۇشلۇق، سىزدىن ھېچقانداق نەپ كۆرمىدىم. ھەرقانچە يامان بولسامۇ ئانچە ـ مۇنچە ياخشى يېرىممۇ باردۇ. مۇشۇ كەتكىنىڭىزچە مېنى يادىڭىزدىن چىقىرىۋەتمەڭ.

تەنچۈن يىگىنە ئىشىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي، ئۇنىڭ بولسىز گەپلىرىگە قولاق سېلىپ ئولتۇرىۋەردى، ھەتتا بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. جاۋ كىچىك ئاپا ئۇنىڭ سىنەكىمىگەنلىكىدىن

ئاچچىقى كېلىپ چىقىپ كەتتى. تەنچۆن ئۆنىڭ گەپلىرىگە جىلە بولدى، كۆلگۆسى كەلدى، رەنجىپ كۆزىگە ياشمۇ ئالدى، بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ، ئىچى پۇشتى ـ دە، باۋيۆيىنىڭكىگە كەلدى.

— سىڭلىم، — دەپ سوراپ قالدى باۋيۆي، — دەييۈي سىڭلىم جان ئۆزگەن چاغدا سەن شۇ يەردە ئىكەنسەن. دەييۈي سىڭلىم قازا قىلغاندا، يىراقتىن نەغمە ـ ناۋا ئاڭلىنىپتۇ. بەلكىم بۇنىڭ بىر سەۋەبى بارمىكىن دەيمەن؟

— ئۇ سىزنىڭ خىيالىڭىز، — دېدى تەنچۆن كۈلۈپ، — دېمىسىمۇ شۇ كېچىسى ئاجايىپ بىر ئىش بولدى، خەقلەر چالغان داپ ـ دۇمباق ئاۋازىغىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ گېپىمۇ توغرىدەك قىلىدۇ.

باۋيۆي بۇ گەپ بىلەن تېخىمۇ چىنپۇتۇپ قالدى، قايسى كۈنى خۇدىنى يوقىتىپ قويغان چاغدا، بىركىم يولۇقۇپ، دەييۈي ئىنسانىدىن ئۆزگىچە يارالغان، ئۆلگەندىمۇ ئۇنىڭ ئەرۋاھى جىنىدىن ئۆزگىچە بولىدۇ، بەلكىم ئۇ يەر يۈزىگە چۈشكەن بىرەر پەرىزاتتۇر، دېگىنىنى ئەسلەپ، قايسى يىلى چاڭچىلىدە ئوينىاپ چىققان ئاي پەرىسىنىڭ جىلۋىگەر چېھرىسىنى ۋە ئاجايىپ گۈزەل ھۆسنىنى يادىغا كەلتۈردى. بىردەمدىن كېيىن تەنچۆن چىقىپ كەتتى. چۈنكى، باۋيۆي زىجۈەننى چاقىرتقانلىقتىن، ئۇنى بۇ يەرگە ئەۋەتىش ئۈچۈن دەرھال جىيا ئانىغا مەلۇم قىلىشى كېرەك ئىدى.

زىجۈەن ئىلاج بار باۋيۆيىنىڭ يېنىغا كىرىشنى خالىمايتتى، جىيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بارغىن دەپ بۇيرۇسا نائىلاج كېلەتتى، باۋيۆينى كۆرسە ئاھ ئۇراتتى ياكى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قوياتتى. باۋيۆي خالىي قالغان چاغلاردا ئۇنى قولىدىن تارتىپ، دەييۈي توغرۇلۇق كۆسۈرلاپ گەپ سورىسا زادىلا ياخشىلىقچە جاۋاب بەرمەيتتى. باۋچەيمۇ زىجۈەننى ئەيىبلىمەيتتى، بەلكى ئۇنى دىلى ساپ دەپ كەينىدىن ماختاپ قوياتتى. شۈيەن گەرچە باۋيۆيىنىڭ تويى بولغان ئاخشىمى خىزمەت

كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن باۋيۈي ئۇنى كۆڭلىدە دىتى يوق دەپ، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ، ئۆز كۈننى كۈن ئەتسۇن دەپ مۇلازىملاردىن بىرسىگە چېتىپ قويدۇرغانىدى. ۋاڭ ئېمىكئانا دەيىيۈينىڭ جەسىتىنى جەنۇبقا بىللە ئاپىرىشىپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ قېلىندى. يىنئېر قاتارلىق چۆرە قىزلار يەنە بالدۇرقىدەك ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بولدى.

باۋيۈي هامان دەيىيۈينى ئەسلەپ تۇراتتى، شۇڭا دەيىيۈينىڭ ئادەملىرى تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ تېخىمۇ ئىچى پۇشاتتى. شۇنداق چاغلاردا يەنە دەيىيۈينىڭ ئۆلگەندىمۇ شۇنداق هوشيار بولغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇ ئادەمزات دۇنياسىدىن پەرىزاتلار ماكانىغا قايتىپتۇ دېگەن يەرگە كېلەتتى ـ دە، قايتا سۆيۈنۈپ كېتەتتى. تەنچۈننىڭ ياتلىق قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا شېرېن بىلەن باۋچەيىنىڭ دېيىشىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ، باۋيۈي بىردىنلا «ۋايجان !» دەپ يىغلاپ كاڭغا يىقىلدى. باۋچەي بىلەن شېرېن ئالاقزادە بولۇشۇپ، ئۇنى يۆلەپ: «نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. يىغلاۋېرىپ باۋيۈينىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى، بىر هازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ سۆزلەپ كەتتى:

ــ مېنىڭ كۈن كۆرگۈچىلىكىم قالمىدى ! هەمشىرىلىرىم بىر ـ بىرلەپ كېتىشىپ بولدى ! دەيىيۈي سىڭلىم پەرىزاتقا ئايلىنىپ كەتتى، چوڭ ئاچام ئالىلىقاچان ئۆلدى. ئۇمۇغۇ مەيلى، كۈنىمىز هەمىشە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتمەيتتى، لېكىن ئىككىنچى ئاچام مۇتتەهەم بىر نېمىگە يولۇقۇپ قالدى، ئەمدى تەنچۈن سىڭلىم يىراققا ياتلىق قىلىنىدىغان بوپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى هەرگىزمۇ دىدار كۆرۈشەلمەيمىز ! شياڭيۈن سىڭلىممۇ نەلەرگە كېتەركىن؟ باۋچىن سىڭلىمنىڭمۇ ئىگىسى بار. بۇ ئاچا ـ سىڭىللىرىمدىن بىرەرسىمۇ ئائىلىمىزدە قالمىسا، مەن يالغۇز قېلىپ نېمە قىلاتتىم؟

شېرېن ئۇنى بەزلىمەكچى بولۇۋىدى، باۋچەي قولىنى چايقاپ:

— بەزلىمەيلا قوي، ئۆزۈم گەپ قىلىمەن، — دەپ قويۇپ، باۋيۇيدىن سورىدى، — سىزنىڭ كۆڭلىڭىزچە بولغاندا، بۇ ھەمشىرىلەرنىڭ ھەممىسى سىز قىرىغۇچە ئۆيدە سىزگە ھەمراھ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرۋايەتلىك ئىشلىرىنى ئويلىمىسا بولىدىكەن ـ دە؟ باشقىلار توغرىسىدىغۇ بەلكىم باشقىچە خىيالىڭىز بولسىمۇ باردۇ، ئەمما سىزنىڭ ھەمشىرىلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە يىراققا ياتلىق قىلىنغانلىرى يوق ئىدى، ھازىر بار بولغان بولسا، بۇنىڭغا بىگىم ئۆزى باش بولۇۋاتقان تۇرسا، سىزنىڭ نېمە ئامالىڭىز بولاتتى؟ بۇ گەپچە، جاھاندا ھەمشىرىلىرىگە كۆيۈنىدىغان يالغۇز سىزلا ئىكەنسىز ـ دە؟ ھەممەيلەن سىزدەك بولىدىغان بولسا، ھەتتا مەنمۇ سىزگە ھەمراھ بولالمىغۇدەكمەن. ئادەم دېگەن ئىشنىڭ يولىنى بىلىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ، سىز ئوقۇغانسېرى نېمانداق گاللىۋاڭلىشىپ كېتىسىزكىنتاڭ؟ ئۇنداق بولسا مەن بىلەن شىرېن ئىككىمىزمۇ ئۆز يولىمىزغا كېتىۋېرەيلى، سىز ھەممە ھەمشىرىلىرىڭىزنى چاقىرتىۋېلىڭ، سىزگە شۇلار كېلىپ قارىسۇن.

شۇ گەپ بىلەن باۋيۇي باۋچەي بىلەن شىرېننىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ:

— مەنمۇ ئۇلارنىڭ نېمىشقا مۇنداق بالدۇر تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقمايمەن. مەن كۇلگە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن تارقىلىشسىمۇ كېچىكىپ قالمايتتىغۇ؟ — دېدى.

— يەنە جۆيلۈگىلى تۇردىڭىز! — دېدى شىرېن ئۇنىڭ ئاغزىنى توسۇپ، — بىر ـ ئىككى كۈندىن بۇيان سەل ئوڭلىنىپ قالغانىدىڭىز، كېلىن ئاغىچىنىڭمۇ ئاغزى ئەمدى ئاشقا تەگكەن. يەنە مۇشۇنداق غەلۋە قىلسىڭىز مېنىڭمۇ كارىم يوق!

باۋيۇيگە ئۇلارنىڭ دېگەن گەپلىرى ئورۇنلۇق بىلىنسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ:

— ئوقۇشنىغۇ ئوقۇۋاتىمەن، لېكىن كۆڭلۈم بەك پەرىشان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ـــ دېدى.

باۋچەي ئۇنىڭغا ئېرەن قىلماي، شىرىننى ئۇنىڭغا كۆڭۈلنى توختىتىدىغان كۇمىلاچ دورىنى يېگۈزۈپ، ئاستا ـ ئاستا بەزلىگىن دەپ يەڭ ئىچىدە بۇيرۇدى. شىرىن تەنچۇنگە سەپەرگە چىقىش ۋاقتىدا كېلىپ باۋيۈي بىلەن خوشلاشمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، دەپ ئېيتىپ قويماقچى بولۇۋىدى، باۋچەي ئۇنىڭغا:

ـــ نېمىدىن قورقاتتىڭ؟ بىرنەچچە كۈن ئۆتسۇن، ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ ھوشىنى يىغقاندا، ئىككىسى كۆپرەك پاراڭلىشىۋالسۇن. ئۈچىنچى خان قىز بەك ئوڭلۇق قىز، يالغانچى ـ ساختىپەزلەرگە ئوخشىمايدۇ. باۋيۈي بەلكىم ئۇنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمايدىغان بولار.

شۇ گەپ ئۈستىگە جيا ئانىنىڭ يېنىدىن يۈەنياڭ كېلىپ:

ـــ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، باۋيۈينىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ ئېگىز ـ پەس خىيال قىلىشىغا يول قويماي، شىرىن گەپ قىلىپ ئۇنى بەزلىسۇن دەيدۇ، ـــ دېدى.

شىرىن «خوش» دەپ قۇللۇق بىلدۈردى. يۈەنياڭ بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

جيا ئانا تەنچىنىڭ يىراققا كېتىپ قالىدىغانلىقىنى يەنە ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئېگەتلىك سەرەمجانلارنى تەلتۆكۈس قىلىپ بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، لازىمەتلىك نەرسىلەرنى كېرەكلىكىگىچە تەييارلاپ بېرىش كېرەك، دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، فېڭجيېنى چاقىرتىپ، جيا جېڭنىڭ مەقسىتىنى ئۇنىڭغا بىر قۇر دەپ بېرىپ، يول جابدۇقىنى قىلىشقا ئۇنى جورۇدى. فېڭجيې خوش دەپ ئىلىك ئالدى. يول جابدۇقىنى قانداق قىلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز بىرىنچى باب

## نەزەرباغدا ئايدىڭدا فېڭجيېنىڭ كۆزىگە ئەرۋاھ كۆرۈنۈپ قورقۇپ كەتكەنلىكى
## گۈل چاچقۇ ئىبادەتخانىسىدا ھېكمەتلىك پالدىن غەلىتە بېشارەت بېرىلگەنلىكى

شۇنداق قىلىپ، فېڭجيې ھۇجرىسىغا يېنىپ كەلدى. قارىسا، جيا ليەن تېخىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەنچۈنىڭ يۇك ـ تاقلىرى ۋە ئېگەتلىكلىرىنى جابدۇپ بېرىدىغان كىشىلەرنى تەيىنلىدى. شۇ كۈنى گۇگۇم چۈشكەندىن كېيىن، فېڭجيې تەنچۈننى ئەسلەپ قالدى ـ دە، فېڭئېر بىلەن يەنە ئىككى چۆرە قىزنى كەينىگە سېلىپ، ئالدىدا بىر چۆرە قىزغا پانۇس كۆتۈرتكۈزۈپ، تەنچۈننى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدى. ئاي ئۆرلەپ، تالا سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. فېڭجيې ئىشىكتىن چىقىپ ئايدىڭنى كۆرۈپ:

—— پانۇس كۆتۈرگەن ئۇ قىز كىرىپ كەتسىمۇ بولىدىكەن، —— دېدى.

ئۇلار چايخانىنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، كىشىلەرنىڭ جاۋىلداپ گەپلىشىۋاتقانلىقى دېرىزىدىن ئاڭلاندى. چايخانىدىكىلەر بىر تۈرۈپ يىغلىشىۋاتقاندەك، بىر تۈرۈپ كۈلۈشۈۋاتقاندەك، يەنە بىر تۈرۈپ نېمە توغرىسىدىدۇر سۆز ـ چۆچەك قىلىشىۋاتقاندەك قىلدى. فېڭجيې ئۇلارنىڭ ئۆي خىزمەتكارلىرى ئىكەنلىكىنى پەملىدى، لېكىن نېمە دەپ غەيۋەت قىلىشىۋاتقانلىقىنى

ئۇقالماي، ئىچى تىتىلداپ:

— ھېچنېمىنى ئۇقمىغان كىشى بولۇپ كىرىپ ئوبدان قۇلاق سال، گەپكە سېلىپ، تۇتامىنى ئۇقۇپ چىق، — دەپ شىياۋ خۇڭنى بۇيرۇدى.

فېڭجيې يېنىغا فېڭئېرنىلا ئېلىپ باغنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى، دەرۋازا تېخىچە تاقالمىغان، قىيا ئوچۇق ئىكەن. غوجايىن بىلەن دېدەك ئىككىسى قاپقىنى ئىتتىرىپلا كىردى. باغدا ئاينىڭ شولىسى تالادىكىدىنمۇ يورۇق ئىدى. ھەممە يەر دەرەخلەرنىڭ قويۇق سايىسى بىلەن قاپلانغان، ئىنس - جىنىنىڭ تىۋشى يوق، ئاجايىپ تىمتاس ئىدى. كۆز نەسمى قىرائەتخانىسىغا بارىدىغان يولغا قايرىلاي دېيىشىگە، گۈررىدە شامال چىقىپ دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرىنى چۇشۇرۈۋەتتى. باغنىڭ ئىچىدە قاراس - قۇرۇس كۆتۈرۈلۈپ دەرەخ شاخلىرى شالدىرلاپ كەتتى، شاخلاردا تۈنىگەن تولۇق قاغا، قۇش - جانىۋارلار ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىشتى. فېڭجيې شاراب ئىچىۋالغاچقا، شامال تېگىشى بىلەن ئەندىكىپ كەتتى. كەينىدە كېلىۋاتقان فېڭئېرمۇ دۈگدىيىپ: «نېمانچە سوغۇق !» دەۋەتتى. فېڭجيېمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي:

— چاپسان بېرىپ تېيىن جىلىتكەمنى ئەكەل، مەن ئۈچىنچى خان قىزنىڭكىدە تۇرۇپ تۇرىمەن، — دەپ فېڭئېرنى بۇيرۇدى.

فېڭئېرمۇ يېنىپ بېرىپ قىلىنىراق كېيىنىۋالاي دەپ تۇراتتى، بۇيرۇقنى ئاڭلىشى بىلەنلا خوش دەپ كەينىگە يېنىپ چاپتى. فېڭجيې بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا، ئارقىسىدىن خۇددى بىر نېمىنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتقاندەك بىر ئاۋاز كەلگەندەك بولۇپ، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئىختىيارسىزلا كەينىگە قارىۋىدى، قاپقارا بىرنەرسە تۇمشۇقىنى سوزۇپ بىر نەرسىنى پۇراۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ نەرسىنىڭ كۆزلىرى پال - پۇل قىلىپ تۇراتتى. فېڭجيې قورققىنىدىن جان - پېنى چىققۇدەك بولۇپ، «ۋايجان» دەپ تاشلىدى. ئەسلىدە ئۇ يوغان بىر ئىت ئىكەن. ئىت كەينىگە بۇرىلىپلا، سۇپپۇرگىدەك قۇيرۇقىنى

سۆرىگىنىچە سۇئىي تاغقا چىپىپ چىقىپ توختىدى، ئاندىن فېڭجېيگە قاراپ پۈتلىرىنى كۆتۈرگەندەك قىلدى.

فېڭجېي شۇ تاپتا قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، پالاقشىغىنىچە كۆز نەسمى قىرائەتخانىسىغا ماڭدى، ئىشىك ئالدىغا يېقىن قالغاندا، سۇئىي تاغدىن بۆرىلىشىغا، ئۇدۇلىدىن بىر كىمنىڭ غىل ـ پاللا قارىسى كۆرۈنگەندەك بولدى. فېڭجېي ھۇجرىلارنىڭ بىرىدىكى چۆرە قىز ئوخشايدۇ دېگەن گۇمان بىلەن: «كىم سەن؟» دەپ يېنىشلاپ سورىدى. لېكىن، ئالدىغا ھېچكىم چىقمىدى، فېڭجېي ئەرۋاھى ئۇچۇپ مەڭدەپلا قالدى، ئاندىن گويا بىر كىم كەينىدىن: «خان ئاچا! مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟» دېگەندەك قىلدى. فېڭجېي ئالمان ـ تالمان كەينىگە قارىدى، ھېلىقى گەپ قىلغان كىشى تەق ـ تۇرقى كېلىشكەن، ئازادە كىيىنگەن بولۇپ، كۆزىگە ناھايىتى تونۇشتەك كۆرۈندى. لېكىن، قايسى ئۆي، قايسى ھۇجرىدىكى كېلىن ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى. ھېلىقى كۆرۈنگەن ئايال: «خان ئاچا! راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە دۆلەت كۆرۈشنىڭلا كويىدا بولۇپ، قايسى يىلى، مىڭ يىللاپ ئۈزاق باياشات ئۆتۈشنىڭ ئاساسىنى يارىتىش كېرەك، دېگەن گېپىمنى توققۇز تاغنىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋەتتىڭىز!» دېگەندەك قىلدى. فېڭجېي بېشىنى سېلىپ ئويلاپ باقتى، زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى. ھېلىقى ئايال: «خان ئاچا! ئۆز ۋاقتىدا ماڭا شۇنچە كۆيۈنەتتىڭىز، مېنى پۈتۈنلەي يادىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپسىز ـ دە!» دەپ دىمىقىدا كۈلۈپ قويدى. فېڭجېي ئاندىن جيا رۇڭنىڭ بالدۇرقى كوجىسى چىن كېچىڭنى يادىغا ئېلىپ: «ۋىيەي! سىز ئۆلۈپ كەتكەنىدىڭىزغۇ، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟» دەپ يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ، كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭاي دېيىشىگە، تاشقا پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى، چۈشەكەپ ئويغانغاندەك بولۇپ، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. قورققىنىدىن قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ كۆڭلى يورۇق ئىدى. شۇ ئەسنادا

www.uyghurkitap.com

شىياۋ خۇڭ بىلەن فېڭئېرنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

فېڭجيې چۈپرەندىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزىگە قىلىشتىن ئەنسىرەپ، ئالمان ـ تالمان ئۆملەپ قوپۇپ:

ــ شۇ چاغقىچە كەلمەي نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ چاققان بولۇڭلار، مېنى كىيىندۈرۈڭلار، ــ دەپ كايىدى.

فېڭئېر ئالدىغا كېلىپ ئېگىنىنى كىيدۈردى، شىياۋ خۇڭ يۆلەپ ماڭماقچى بولدى.

ــ بۇ يەرگە كەلسەم ئۇلار ئۇخلاپ قاپتۇ، قايتىپ كېتەيلى، ــ فېڭجيې كەينىگە ئىككى دېدىكىنى سېلىپ، ئالمان ـ تالمان ئۆيىگە ياندى. جيا ليەنمۇ يېنىپ كەلگەنىكەن. فېڭجيې ئۇنىڭ رەڭگىرويى ئۆچۈپ بۆلەكچىلا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سورىماقچى بولدى، لېكىن ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، بىردىنلا سوراشقا پېتىنالماي، يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى بەشىنچى جىسەك ۋاقتىدا، جيا ليەن ئورنىدىن قوپۇپ، ئىچكى ئوردىغا نازارەتچىلىك قىلغۇچى باش ھەرەمئاغىسى چيۇ شىئەننىڭكىگە بېرىپ بەزى ئىشلارنى ئۇقۇشۇپ باقماقچى بولدى. لېكىن، بەك ئەتىگەن بولغاچقا، جوزىدا تۇرغان تۈنۈگۈنكى كۆچۈرمە ئاخباراتنى ئېلىپ ۋاراقلىدى. ئاخباراتتىكى بىرىنچى مەسىلە «مەنسەپدارلىق دىۋانىنىڭ دەرھال ئورپاق بەگ تەيىنلەش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىغا خاننىڭ نىزام بويىچە ئىشقا قويۇلسۇن دەپ چۈشۈرگەن پەرمانى» ئىكەن. ئىككىنچىسى «ئەدلىيە دىۋانىنىڭ يوللانمىسىدا دېيىلىشىچە: يۈننەن ھىراۋۇل بېگى ۋاڭ جۇڭ مەلۇم قىلىدۇكى، چېگرادىن ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرگەن ھېكمەتلىك مىلتىق ۋە پوروخ يېڭىدىن قولغا چۈشتى، جىنايەتچى جەمئىي ئون سەككىز كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى باۋيىن. بۇ ئەسلىي مۇرەببىي جېڭگوگۇڭ جيا خۇانىڭ خىزمەتكارى ئىكەن» دېيىلگەن. جيا ليەن ئويلىنىپ بېقىپ، يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۈچىنچىسى: «سۇجۇ ئايماقبېگى مەلۇم

قىلىدۇكى: ئۆز خاھىشىغا قويۇپ بېرىلگەن چاكارنىڭ ھەمماتىغا تايىنىپ ئەسكەر ۋە پۇقرانى ئانىي تاپقانلىقى ۋە باسقۇنچىلىق غەربىزىنى ئىشقا ئاشۇرالماي، ئىپپەتلىك ئايالنى ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا. قاتىل شى فۇ بولۇپ، ئۆزىنى ئۇچىنچى دەرىجىلىك مەنسەپ ۋارىسى جيا فەننىڭ خىزمەتكارى دەيدۇ» دېيىلگەنىكەن. جيا لېن بۇ ئاخباراتنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى، يەنە ئاخىرىنى ئوقۇماقچى بولغانىدى، كېچىكىپ قېلىپ چيۇ شىئەن بىلەن كۆرۈشەلمەي قالىمەنمىكىن دەپ، ئېگىنلىرىنى كىيىپلا، ناشتىغىمۇ قارىماي ماڭماقچى بولدى، پىڭئېر چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەنىدى، جيا لېن چايدىن ئىككى ئوتلاپلا، چىقىپ ئاتقا مىندى. پىڭئېر ئۇ يەڭگۈشلەپ قويغان ئېگىنىنى يىغىشتۇرۇۋەتتى.

فېڭجيې تېخى ئورنىدىن قوپمىغانىدى، پىڭئېر:

— كېچىچە قۇلاق سالسام، خېنىم تۈزۈك ئۇخلىيالمىدىلا، مەن ئۇيقۇلاپ قوياي، ئازراق مۇگدىۋالسىلا، — دېدى.

فېڭجيې گەپ قىلمىدى. پىڭئېر ماقۇل كۆرگەن ئوخشايدۇ دەپ كاڭغا ئۆمىلەپ چىقىپ، يېنىدا ئولتۇرۇپ فېڭجيېنى ئۇيقۇلاشقا باشلىدى. فېڭجيېنى ئۇيقۇ بېسىپ كېلىۋاتاتتى. نېرىقى ياندىن داجيېر يىغلاشقا باشلىدى، فېڭجيې يەنە كۆزىنى ئاچتى:

— لى ئانىكا، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ قىچقاردى پىڭئېر نېرىقى ئۆيگە قاراپ، — جيېر يىغلاۋاتىدۇ، ئۇنى پەپىلەپ قويۇڭ، تولىمۇ ئۇيقۇچان بولۇپ كەتتىڭىزسىز.

لى ئانىكا چۈش كۆرۈۋاتاتتى، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. پىڭئېرنىڭ كايىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلدى ـ دە، جان ـ جەھلى بىلەن قاتتىق پەپىلەپ: «جېنى چىققۇر شۇم ! مۇردىدەك سوزۇلۇپ يېتىۋەرمەي، يېرىم كېچىدە ئاناڭنىڭ ئۆلۈمىگە ھۆكرەمتىڭ !» دەپ غودۇڭشىدى ۋە لېۋىنى چىشلىگىنىچە بالىنى بىرنى چىمدىۋىدى، بالا ۋار ـ ۋۇر قىلىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

— ۋاي بولمىدى ! — دېدى فېڭجيې، — بالىنى ئۇ ئازابلىدى !

ماڭ، كىرىپ ئاۋۇ يۇندىخور، كۆڭلى قارا دەللىنى ئۆلگۈدەك ئۇر، قوزامنى بۇياققا ئېلىپ چىق.

— خېنىم، خاپا بولمىسىلا، — دېدى پېڭئېر كۈلۈپ، — قىزچاقنى ئازابلاشقا ئۇنىڭ ھەددىمۇ؟ بىخەستەلىكتە قولى قاتتىقراق تېگىپ كەتسىمۇ كەتكەندۇ. شۇ تۇرقىدىلا ئۇنى ئۇرساقمىغۇ بولاتتى، لېكىن ئۇلار ئەتە - ئۆگۈن تىللىرىنى چايناپ، يېرىم كېچىدە ئادەم ئۇردى دەپ غەيۋەت قىلىشىدۇ.

فېڭجيې بىرھازاغىچە زۇۋان سۇرمەي، ئاندىن:

— كۆرۈۋاتىدىغانسەن، مەن شۇ كۈنلەردە بۇرۇنقىدەك راسا دەۋر سۇرەلمەس بولۇپ قالدىم ! — دېدى ئۇھ تارتىپ، — ئەتە - ئۆگۈن مەن ئۆلۈپ كېتىپ مۇنۇ پېيسەندە شۇم قېلىپ قالىدىغان بولسا، نېمە كۈنلەرنى كۆرەركىنتاڭ !

— جېنىم خېنىم، نېمە دېگەنلىرى بۇ ! — دېدى پېڭئېر كۈلۈپ قويۇپ، — قاق سەھەردە نېمىشقىمۇ ئۆزلىرىنى ئۈپرىتىدىغانلا؟

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ ! — دېدى فېڭجيې دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — ئۆزۈمگىمۇ مەلۇم، مەنمۇ ئۇزاققا بارالمايمەن ! ئەمدى يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن بولسامىمۇ، لېكىن خەق كۆرمىگەننى كۆردۈم، يېمىگەننى يېدىم، مەئىشەتتە كۆرىدىغان راھەتنىمۇ كۆرۈپ بولدۇم. جاھاندا بارلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆردۈم، خاپىلىقنىمۇ تويغۇچە تارتتىم، ئۆزۈمنى تونۇتۇشنىمۇ يېتەرلىك تونۇتتۇم. شۇغىنىسى، «ئۆمۈر»گە كەلگەندە، ئۆمرۈم كوتا ئىكەن، بۇمۇ مەيلى !

پېڭئېرنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىدى. فېڭجيې كۈلۈپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بولدى، يالغاندىن ئېقىتمايلا قويغىنا، مەن ئۆلسەم سىلەر خۇش بولىسىلەر. مەنمۇ كۆزۈڭلارغا قادىلىپ تۇرماي كۆزۈڭلاردىن يىتسەم، سىلەرمۇ نىيىتىڭلارنى بىر قىلىپ ئەپلىك ئۆتەرسىلەر. شۇنى دەپ قويايكى، ھەرقانداق ئەھۋالدا



www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئاشۇ بالامغا كۆيۈنۈپ قويساڭلارلا بولدى.
بۇ گەپ بىلەن پىڭئېرنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش قۇيۇلدى. فېڭجيې كۈلۈپ يەنە گەپ باشلىدى:
— تولا لاۋزىلاشمىغىنا! تېخى ئۆلگىنىم يوققۇ؟ ئۆلمەي تۇرۇپلا يىغلاۋاتقىنىڭنى قارا! يىغلاپ ئۆلتۈرەمدىكىنە!
— خېنىم، شۇنداق دەپمۇ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتامدىلا! — پىڭئېر دەرھال يىغىسىنى توختاتتى ۋە ئۇنى ئۇيقۇلاشقا باشلىدى. فېڭجيې خىرە - شىرە ئۇيقۇغا كەتتى.
پىڭئېر كاڭدىن چۈشۈشىگە تاشقىرىقى ئۆيدىن ئاياغ تىۋىشى كەلدى، جيا ليەن ئەتىگەن كېچىكىپ قالغانىكەن، چيۇ شىئەن دەرگاھقا چىقىپ كېتىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالماي بىتەلەيلىكىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ يېنىپ كەلگەنىدى. ئۆيگە كىرىپلا پىڭئېردىن:
— بۇلار تېخىچە قوپمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— قوپمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى پىڭئېر.
جيا ليەن مىلەڭزىنى شارتلا قايرىپ ئىچكىرىگە كىردى.
— بەللى! — دەپ دىمىقىدا كۈلۈپ قويدى ئۇ، — شۇ كەمگىچىمۇ قوپمايدىغان ئىشمۇ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تاماشا كۆرمەكچى بوپسىلەر - دە!
جيا ليەن كەينى - كەينىدىن «چاي - چاي» دەۋەردى. پىڭئېر دەرھال بىر پىيالە چاي قۇيۇپ كەلدى. چۆرە قىزلار، خىزمەتكار ئايالالار جيا ليەننىڭ چىقىپ كېتىشىگىلا ئۇنى ھازىرچە كەلمەيدۇ دەپ، چاي تەييارلاپ قويماي قايتىدىن ئۇخلىشىپ قالغانىدى، شۇڭا پىڭئېر ئىلىلتقان چايدىن قۇيۇپ كەلگەنىدى. جيا ليەن ئاچچىقلاپ، پىيالىنى ئېلىپلا تاراڭڭىدە ئېتىپ پارە - پارە قىلىۋەتتى. فېڭجيې چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، قورققىنىدىن سوغۇق تەرگە چۆمۈپ، «ۋايجان» دەپ تاشلاپ كۆزىنى ئاچتى، قارىسا، جيا ليەن ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ، پىڭئېر ئېڭىشىپ چىنە سۇنۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپتۇ.

— نېمىشقا يېنىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې. لېكىن، بىر هازاغىچە جاۋاب بولمىغاچقا، يەنە بىر قېتىم سورىدى.

— مېنى قايتىپ كەلمەي تالادا ئۆلسۇن دېمەكچىمىدىڭ؟ — دەپ چالۋاقىدى جيا لېەن.

— نېمانچە چېچىلىدىغانسىز؟ — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — هېچقاچان بۈگۈنكىدەك مۇنداق تېز قايتمايتتىڭىز، شۇڭا سوراپ باققان. بىر ئېغىز گەپ سورىغانغا مۇنچىلا خاپا بولۇش كەتمەيدۇ.

— كۆرۈشەلمىگەندىن كېيىن تېز قايتىپ كەلمەمتىم! — دەپ يەنە چالۋاقىدى جيا لېەن.

— كۆرۈشەلمىگەن بولسىڭىز، سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، ئەتە بارسىڭىز ئەلۋەتتە كۆرۈشىسىز، — دەپ كۈلدى فېڭجيې.

— «يېمەك - ئىچمەك ئۆزۈمدىن، خەقنىڭ ئىشىغا بىكار قاتراڭ»، قانداق گەپ بۇ! — دەپ تەگىدى جيا لېەن، — ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرى دۆۋىلىنىپ تۇرسا، ماڭا ياردەملىشىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق، خەقنىڭ قىلچە پايدىسى بولمىغان ئىشقا پالاقلىغىلى نەچچە كۈن بولدى. نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك بۇ؟ ئىش تېرىغان ئادەم ئۆيدە هېچنېمىدىن بىخەۋەر خىرامان ئولتۇرىدۇ. داقا - دۇمباق چالدۇرۇپ ئويۇن قويدۇرۇپ، مېهمان چىللاپ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزەرىمىش تېخى! مەنزە، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىكار پالاقشىغۇدەكمەن، ئانىسىنىڭ غېرى! — جيا لېەن يەرگە تۈكۈرۈپ قويۇپ، پېڭئېرنى يەنە تىللىدى.

فېڭجيې ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ قالاي دېدى، ئۇنىڭ بىلەن دە تالاش قىلماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئويلىنىپ بېقىپ، ئۆزىگە هاي بەردى - دە، زورىغا هىجىيىپ قويدى:

— نېمانچە تېرىكىدىغاندۇ؟ قاق سەھەردە بىزگە نېمىدەپ ۋارقىراپ بېرىسىز؟ كىم سىزنى خەقنىڭ ئىشىنى ئۈستىگە ئېلىۋالسۇن دەپتۇ؟ ئۆزىڭىز ماقۇل دېگەندىن كېيىن، ئاۋارىچىلىكتىن قاچماي ئورۇنلاپ بېرىڭ. ئۆزىنى شۇنچە



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەڭلىككە سالغان ئىشى تۇرۇقلۇق، ئويۇن ـ تاماشىنى كۆڭلى تارتىدىغان ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن.

— شۇنى دېمەمسەن! ئەتە ئۆزىدىن بىر سوراپ باققىنا، — دېدى جيا ليەن.

— كىمدىن سورايمەن؟ — دېدى فېڭجيې ھەيران بولۇپ.

— كىمدىن سورايتتىڭ، ئاكاڭدىن سورا!

— شۇمىدى؟

— شۇ بولماي كىم بولاتتى؟

— سىزنى مۇشۇنداق چاپتۇرغۇدەك ئۇنىڭ يەنە نېمە ئىشى چىقىپتۇ؟

— سەن تېخىچە قاپاقىا سولىنىپ يېتىپسەن!

— ئاجايىپ گەپقۇ بۇ، مېنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرىم يوق.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ! بۇ ئىشنى ھەتتا ئاغىچا خېنىم بىلەن هاما خېنىممۇ ئۇقمايدۇ. بىرىنچىدىن، ئاغىچا خېنىم بىلەن ھاما خېنىمنى ئەنسىرەپ قالمىسۇن دەپ، ئىككىنچىدىن، تاۋىم يوق دەپ دائىم ۋايساپ يۈرگىنىڭ ئۈچۈن ئىچكىرىگە ئۇقتۇرماي، ئىچىمدە بىلىپلا يۈرۈۋاتىمەن. دەپ كەلسە، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ئىش! بۈگۈن سورىمىغان بولساڭ مەنمۇ ساڭا دېمەيتتىم. ئاكاڭنىڭ قىلغان ئىشىنى ئادەم قىلمايدۇ! بىلەمسەن، تالا ـ تۈزدە خەق ئۇنى نېمە دەۋاتىدۇ؟

— نېمە دەيدىكەن؟

— نېمە دەيتتى! «ۋاڭرېن»[①] دەيدىكەن!

— ئۇنى ۋاڭ رېن دېمەي نېمە دەيتتى؟ — دەپ قاقاھلاپ كۈلدى فېڭجيې.

① ۋاڭرېن — ئەسلىدە فېڭجيېنىڭ ئاكىسىنىڭ ئىسمى ۋاڭ رېن (王仁)، بۇ يەردە كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئادەمگەرچىلىكنى ئۇنتۇغان» دېگەن مەنىدە «ۋاڭرېن» (忘仁) دەپ لەقەم قويۇپ قويغان.

www.uyghurkitap.com

— قايسى «ۋاڭ رېن» ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمامسەن؟ ئادەمگەرچىلىك، ئىنساب، پاراسەت دىيانەتنى ئۇنتۇغان دېگەن مەنىدىكى «ۋاڭ رېن» دەيدىكەن!

— كىممۇ شۇنداق ئاغزىنى ئۇششۇتۇپ خەقنى ھاقارەتلىگەندۇ!

— ئۇنى ھاقارەتلىگەن ئىش ئەمەس! ئەمدى ساڭا دېمەي بولمىدى، ئاكاڭنىڭ ياخشىلىقىنى سەنمۇ بىلىپ قوي، ئۇنىڭ ئوتتۇرانچى تاغىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قىلىپ بەرگەنلىكىدىنمۇ خەۋەر تېپىپ قال!

— ۋاي راست! — دېدى فېڭجيې ئويلىنىپ قېلىپ، — شۇنى دەڭ، سىزدىن سورايمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئوتتۇرانچى تاغامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى قىش پەسلىدە ئەمەسمۇ؟ ھەر يىلى باۋيۈي باراتتى. ئۆتكەن دورەم بېگىم مەنسەپكە چىققاندا، ئوتتۇرانچى تاغام قۇتلاپ ئويۇنچىلارنى ئەۋەتكەندى، مەن تېخى ئۇنىڭ غەيۋەتىنى قىلىپ: «ئوتتۇرانچى تاغام ناھايىتى پىخسىق، چوڭ دادامغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئۆيدە بىر - بىرىگە خورازدەك ھۈرپىيىشىپ تۇراتتى. چوڭ دادام قازا قىلغاندا، بىر تۇغقان ئاكا - ئۇكا تۇرۇقلۇق، ئۆزى باش بولۇپ ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا تارتمىغاندىغۇ؟» دېگەندىم. ئاشۇ كۈنلا بىز ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاندا بىر بەنزە ئويۇنچى ئەۋەتىپ يان تاۋىقىم قىلايلى، تۇغقانلارنىڭ ئالدىدا قەرزدار بولۇپ قالمايلى، دېيىشكەندۇق. تۇغۇلغان كۈنىنى مۇنداق بالدۇر ئۆتكۈزمەكچى بولغىنىنى نېمە قىلغىنىڭىزنىتاڭ.

— سەن تېخى چۈش كۆرۈۋېتىپسەن! ئاكاڭ پايتەختكە كېلىشى بىلەنلا، چوڭ تاغاڭنىڭ قازا تاپقانلىق باھانىسى بىلەن ھازا ئاچقان بولدى. بىزنى ئۇقۇپ قالسا توسۇيدۇ دەپ، بىزگىمۇ ئۇقتۇرمىدى، بۇنىڭدىن بىرقانچە مىڭ سەر كۈمۈشكە ئىگە بولدى. كېيىن كىچىك داداڭ كېلىپ ھەممىنى سۈپۈرۈپ ئېلىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى، دەپ ئۇنى ئەيىبلىگەندى. ئۇ

چىدىيالماي ھىيلە ئىشلەتتى، ئوتتۇرانچى تاغاڭلارنىڭ تۇغۇلغان كۈننى كۆزلەپ تور سېلىپ، يەنە بىر ئاز پۇلغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، كىچىك داداڭنى خاپا قىلماسلىق ئۈچۈن، شۇنىڭغا تۇتۇپ بەرمەكچى. قىشتا تۇغۇلغانمۇ ياكى يازدىمۇ، بۇنى ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلەرنىڭ بىلىش-بىلمەسلىكى بىلەنمۇ كارى بولماي، مۇشۇنداق يۈزسىزلىك قىلىۋاتىدۇ! بىلەمسەن، نېمىشقا بۇگۈن سەھەر قوپۇپ كەتتىم؟ دېگىنىز ياقىسىدا تۇغۇلغان ۋەقە توغرىسىدا باش كاتىپ ئىلتىماس تۇتۇپتۇ، چوڭ داداڭنىڭ تۆلەيدىغان قەرزى بار ئىكەن، ئۆزى قازا قىلغاچقا، ئىنىسى ۋاڭ زىشېڭ، جيەنى ۋاڭ رېنلار تۆلىشى كېرەك، دەپتىكەن. ئاتا-بالا ئىككىسى ھودۇقۇپ كېتىپ، كىشىلەرگە ھاۋالە قىلىپ باقسالىڭ، دەپ ماڭا يالۋۇردى. مەن ئۇلارنىڭ قورققىنىغا قاراپ، ئاندىن ئاغىچا خېنىم بىلەن ساڭىمۇ ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ماقۇل دېگەنىدىم. ئىچكى ئوردىغا نازارەتچىلىك قىلغۇچى باش ھەرەمئاغىسى لاۋ جيۇنى تاپسام، چوڭ داداڭنىڭ بالدۇرقى ۋە كېيىنكى مەنسەپ تۇتقان ۋاقىتلىرىنى ئۇيان-بۇيان قىلىپ يولنى توغرىلاپ بېرەرمىكىن دەپ ئويلىغان، قېرىشقاندەك كىچىكىپ قاپتىمەن، ئۇ ئىچكى ئوردىغا كىرىپ كېتىپتۇ. شاپاشلىغىنىم بىكارغا كەتتى. ئۇلار تېخى ئۆيدە ئويۇن قويدۇرۇپ زىياپەت بەرمەكچىمىش! دېگىنە قېنى، بۇ خاپا بولىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟

فېڭجيې بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋاڭ رېننىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ئۇقتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ گەپ بەرمەيدىغان ئادىتى بولغاچقا، جيا لىيەننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ قانداقلا بولسۇن، سىزنىڭ قېيىنئاغىڭىز بولىدۇ. ئاندىن قالسا، ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ دادامىمۇ، تىرىك تۇرغان ئوتتۇرانچى تاغامىمۇ سىزدىن بۇ ئىشىڭىز ئۈچۈن مىننەتدار بولىدۇ. بوپتۇ، بۇنىڭغا گەپ لازىم ئەمەس، بىزنىڭ ئائىلىنىڭ

ئىشى ئىكەن، ئايىغىڭىزغا يىقىلىپ توقۇز تەزىم بىلەن مەنلا سىزگە يالۋۇراي، بۇنىڭ كاساپىتىدىن باشقىلار خاپىلىق تارتىپ كەينىمدىن تىللاپ يۈرمىسۇن ! ــــ شۇ گەپ بىلەن تەك فېڭجيي يىغلاپ تاشلىدى. يوتقاننى قايرىۋېتىپ قوپۇپ ئولتۇرۇپ، چاچلىرىنى تۈزىتىپ، ئۇچىسىغا چاپىنىنى يېپىندى.

ــــ سەن ئۇنداق قىلمىغىن، ــــ دېدى جيا ليەن، ــــ ئاكاڭ ئادەم ئەمەس نېمىكەن، سېنى بىر نەرسە دەۋاتقىنىم ئەمەس. يەنە كېلىپ مىجەزىڭمۇ يوق، مەن سەھەر تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كېتىپ كىرسەم بۇلار يەنە ئۇخلىۋاپتۇ، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ نەدە بىزدە بۇنداق ئادەت بار ئىدى؟ بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە سەن ياخشىچاق بولۇۋېلىپ، ھېچ ئىش بىلەن كارىڭ بولمايدىغان بولدى. بىر ئېغىز گەپ قىلغىنىمغا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەتتىڭ. ئەتە ـ ئۆگۈن مەن ئۇلاردىن بىزار بولىدىغان بولسام، سەن شۇلارغا يان باسىدىغان ئوخشىمامسەن؟ ئۇنداق بولسا توغرا كەلمەس !

بۇ گەپ بىلەن فېڭجيي كۆز يېشىنى توختاتتى ـ دە:

ــــ تاڭ ئاتقىلىمۇ خېلى بولدى، مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم كېرەك. سىز ئاشۇنداق دېگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىشىنى كۆڭۈل قويۇپ ھەل قىلىپ بەرسىڭىز ئادەمگەرچىلىك قىلغان بولاتتىڭىز. يالغۇز مەنلا ئەمەس، ئاغىچا خېنىممۇ ئاڭلىسىمۇ خۇش بولاتتى، ــــ دېدى.

ــــ ئۇقتۇم. «ئەقىلگە ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» ــــ دېدى جيا ليەن.

ــــ خېنىم، نېمانچە ئەتىگەن تۇرۇۋالدىلا؟ ــــ دېدى پىڭئېر، ــــ ھەر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرىدىغان ۋاقتىلىرى بار ئىدىغۇ؟ غوجام نەدىن خاپا بولۇپ كەلدىكىن، ئەتىنى بىزدىن ئېلىۋاتىدىغۇ، نېمانچە قىلىدىغاندۇ ! خېنىممۇ يەتكۈچە ئۆزلىرىنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ كەلدى، قېنى قايسىبىر ئىشتا خېنىم كۆكرەك كېرىپ چىقماپتۇ؟ مېنىڭ تاپقان گېپىم ئەمەس، غوجام، تەييار دىن يەپ

تۇگەتكەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس، ئەمدى خېنىمنىڭ ئىشى ئۇچۇنمۇ ئانچە ـ مۇنچە يۇگۇرۇپ قويسىلا، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قاتمۇقات كاشىلىسى تېگىدىغان ئىش ئىكەن. خەقنىڭ كۆڭلىگە كېلەرمۇ دېمەي، شۇنداقمۇ ئۆزىنى كۆرسەتكەن بارمۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ ئىش يالغۇز خېنىمنىڭلا ئىشى ئەمەس! كېچىكىپ قويغانلىقىمىز ئۇچۇن، ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ خاپا بولۇشقا ھەققىلىرى بار، قانداقلا قىلغان بىلەن بىز دېگەن چاكار ـ دە. خېنىمنى دەپ ئۆزىمىزنى سېلىپ بېرىپ يىگلەپ كەتتۇق، نېمانچە جاپا بۇ! — ئۇ شۇنداق دەپلا كۆزىگە ياش ئالدى.

جيا ليەننىڭ قورسىقى راسا كۆپۈپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ مۇنداق جۇپلىشىپ كەلگەن نازىنىن ئايال بىلەن چىرايلىق توقالنىڭ جانغا تېگىدىغان ھەم كىشىنى ئېرىتىۋېتىدىغان گەپلىرىگە تاقەت قىلىپ تۇرالامتى؟

— بولدىلا ئەمدى! — دېدى ئۇ ھىجىيىپ، — بۇ ئۆزى يالغۇزمۇ تېتىيالايدۇ، سەن بولۇشمىساڭمۇ بولىدۇ. بەرىبىر مەن يات ئادەم بولۇپ قالدىم. بالدۇرراق ئۆلسەمغۇ سىلەرمۇ قۇتۇلاتتىڭلار!

— سىزمۇ ئۇنداق گەپنى قىلماڭ، كىمنىڭ نېمە بولۇشىنى كىم بىلەتتى؟ سىز ئۆلمەيسىز، مەن ئۆلۈپ كېتىمەن! بىر كۇن بولسىمۇ بالدۇرراق ئۆلسەم، بالدۇرراق تىنىم تاپارمەن، — دەپلا فېڭجيې يەنە يىغلاشقا باشلىدى. پىڭئېر ئۇنىڭغا بىردەم تەسەللى بەردى.

تاڭ يورۇپ دېرىزىدىن ئاپتاپ چۇشتى. جيا ليەنمۇ قايتا گەپ قىلىپ تۇرماي ئورنىدىن تۇرۇپلا چىقىپ كەتتى. فېڭجيې ئورنىدىن قوپۇپ بېشىنى تاراۋاتاتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدىكى چۆرە قىز كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— ئاغىچا خېنىم، كېلىن ئاغىچىنى بۇگۇن تاغىمىزنىڭكىگە بارامدىكىن، بارسا باۋيۇي غوجامنىڭ ئاغىچىسى بىلەن بىللە بارسۇن، دەيدۇ.

فېڭجيې بايىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى سوۋۇپ، ئانا جەمەتىنىڭ ئۆزىنى يەرگە قارىتىپ قويغانلىقىدىن يىرگىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاخشام باغدا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن راستلا تاۋى يوق ئىدى.

— سەن بىرىپ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قوي، تۈگىتەلمىگەن ئىشلىرىم بار، بۈگۈن بارالمايمەن. ئاندىن ئۇلارنىڭ بۇ قىلىۋاتقىنىمۇ توغرا ئىش ئەمەس. باۋيۈي غوجامنىڭ ئاغىچىسى بارار بولسا ئۆزى بارسۇن، — دەپ جاۋاب بەردى فېڭجيې.

چۆرە قىز خوش دەپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى، بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

شۇنداق قىلىپ، فېڭجيې چىچىنى تاراپ، ئېگىنلىرىنى يەڭگۈشلەپ بولۇپ ئويلىنىپ قالدى: ئۆزۈم بارمىساممۇ، ھەرھالدا ئۇچۇرىنى بىرىشىم كېرەك، يەنە كېلىپ باۋچەي يېڭى كېلىن تۇرسا، تاشقىرىغا چىقماقچى بولغاندا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يولىنى قىلىپ بەرمىسەم بولماس، دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە كېلىپ، بىر ئىش توغرىسىدا ئاندا ـ مۇندىلا دەپ قويۇپ باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىغا ئۆتتى. باۋيۈي ئېگىنلىرىنى كىيىپ كاڭدا قىڭغىيىپ ياتاتتى، كۆزلىرى چىچىنى تاراۋاتقان باۋچەيگە قادىلىپ قالغانىدى. ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان فېڭجيېنىڭ كەينىگە بۇرالغانلىقىنى باۋچەي كۆرۈپ قالدى ـ دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. باۋيۈيمۇ ئورنىدىن قوزغالدى، فېڭجيې قاقاھلاپ كۈلۈپ قويۇپ، كىرىپ ئولتۇردى.

— سىلەر كېلىن ئاغىچىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ زۇۋان سۈرمەيسىلەر! — دەپ شېيۈگە كايىدى باۋچەي.

— كېلىن ئاغىچا كىرىپلا بىزنى گەپ قىلماڭلار دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويغان تۇرسا، — دېدى كۈلۈپ شېيۈ.

— تېخىچە ماڭماي نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ — دېدى فېڭجيې

باۋيۇيگە، — چوپچوڭ بولۇپ قېلىپمۇ بالىلاردەك قىلىق قىلىدىكەن. خەق چېچىنى ئۆزى تاراۋاتسا، سەن نېمە قىڭغىيىپ قاراپ ياتاتتىڭ؟ ئەتىدىن كەچكىچە بىر ئۆيدە بىللە تۇرۇپ قاراپ تويمىدىڭمۇ؟ چۆرە قىزلارنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىنمۇ تەپ تارتماپسەن! — ئۇ شۇنداق دەپلا پاراققىدە كۈلۈۋەتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپ تامىقىنى چىكىلدىتىپ قويدى.

باۋيۇي سەل خىجىل بولغاندەك قىلدى - يۇ، سىنىەكمىدى. لېكىن، باۋچەي ئىزا تارتىپ ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى، گەپكە قۇلاق سېلىشقىمۇ، بىرنېمە دېيىشكىمۇ ئوڭايسىزلاندى. شىرېن چاي كۆتۈرۈپ كېلىپ گەپ يوپۇتتى، باۋچەي ئۆزى غاڭزا تۇتتى. فېڭجيې ئورنىدىن تۇرۇپ غاڭزىنى ئالدى.

— سىڭلىم، بىز بىلەن كارىڭىز بولماي چاپسانىراق كىيىنىڭ، — دېدى فېڭجيې.

باۋيۇيمۇ گەپ پۇتلاپ قويۇپ، ئۇنى - بۇنى ئىزدەشتۇرگىلى تۇردى.

— سەن مېڭىۋەرگىن. نەدە غوجاملار كۈتۈپ تۇرۇپ خېنىملار بىلەن بىللە بارىدىغان يوسۇن بار ئىكەن؟

— مۇنۇ كىيىمىم ماڭا ئانچە يارىمايۋاتىدۇ، — دېدى باۋيۇي، — بۇ قايسى يىلى چوڭ ئانام بەرگەن ھېلىقى «توز ماموق زەرباب»قا يەتمەيدۇ.

— نېمىشقا شۇنى كىيمەيسەن؟ — دېدى فېڭجيې ئۇنىڭغا غەشلىكى كېلىپ.

— ئۇنى كىيىشكە تېخى بالدۇر.

فېڭجيې بىردىنلا يادىغا ئېلىپ، دېگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى، باۋچەيمۇ ۋاڭ جەمەتىگە ئانا تەرەپ تۇغقان ئىدى، پەقەت چۆرە قىزلارنىڭ ئالدىدا ئۇ گېپىدىن سەل خىجىل بولدى.

— خېنىم، تېخى سىلى ئۇقمايلا، — دېدى شىرېن ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — كىيىشكە توغرا كەلگەندىمۇ ئۇ كىيمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

— سەۋەبى نېمە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— ئۆزلىرىگە دەپ بەرسەم، — دېدى شىرىن، — بۇ غوجامچۇ، ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. قايسى يىلى ئوتتۇرانچى تاغا بېگىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاندا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاشۇ كىيىمنى بەرگەنىدى، كىيگەن كۈنلا بىر يېرىنى كۆيدۈرۈپ قويۇپتۇ. ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قېلىپ مەن ئۆيدە بولماي قالغانىدىم. ئۇ چاغدا چىڭۋېن سىڭلىم بار ئىدى، ئۇ كېسەل تۇرۇپ كېچىچە ياماپ بېرىپتۇ، ئەتىسى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم يامىغان يېرىنى پەرق ئېتەلمەپتۇ. بۇلتۇر بىر كۈنى مەكتەپكە ماڭغىنىدا قارىسام، كۆن سوغۇق، شۇنىڭ بىلەن ئالغاچ كېتىپ يېپىنچاقلىتىپ قوي دەپ بېيمىڭغا بەرسەم، بۇ غوجام ئۇ كىيىمنى كۆرۈپلا، چىڭۋېن يادىغا كېلىپ زادىلا كىيگىلى ئۇنىماپتۇ، كېيىن ماڭا ئۆمۈرۋايەت ساقلاپ بەرگىن، دەپ تاپىلاپ قويغانىدى ...

— چىڭۋېننىڭ گېپىنى قىلساڭ، بىچارىگە ئىچىم ئاغرىيدۇ! — دېدى فېڭجيې ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئۇ قىز چىرايىمۇ كېلىشكەن، قولىمۇ ئەپلىك قىز ئىدى، شۇغىنىسى، ئاغزى ئىتتىكرەك ئىدى، قېرىشقاندەك، ئاغىچا خېنىم نەدىكى يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغانكىن، ئۇنىڭ ياش جېنىغا قاراپ تۇرۇپ زامىن بولدى. ئاندىن مۇنداق بىر ئىشمۇ بولدى، شۇ كۈنى قارىسام، ئاشخانىدىكى لىۇ ئايالمىنىڭ ۋۇ ئېر دېگەن قىزى بار ئىكەن، ئۇنىڭ تۇرقىمۇ چىڭۋېنگە بەك ئوخشايدىكەن. كۆڭلۈمدە شۇنى بۇ يەرگە ئەكىرىپ قوياي دەپ، كېيىن ئانىسىغا دېسەم، ئانىسىمۇ رازىلىق بىلدۈردى. باۋيۈي غوجامنىڭ ھۇجرىسىدىكى شياۋ خۇڭنى يېنىمغا ئاچىقىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا بىركىمنى سەپلەپ بەرمىگەنىدىم، شۇڭا ۋۇ ئېرنى شۇنىڭ ئورنىغا بېرەي دەپ ئويلىغان. پىڭئېر: «ئاغىچا خېنىم شۇ كۈنى چىڭۋېنگە ئوخشايدىغانلاردىن بىرەرسىنىمۇ باۋيۈي

غوجامنىڭ ھوجرىسىغا يولاتماسلىق كېرەك، دېدى» دېگەن گەپنى قىلىشىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى توختىتىپ قويدۇم. مانا ھازىر باۋيوي غوجامۇ ئۆيلەندى، ئەمدى نېمىدىن ئەنسىرىگۈلۈك؟ ئۇنى ئەكىرىپ قويسامۇ بولغۇدەك، باۋيوي غوجام خالامدىكىن؟ چىڭۋېننى ئەسلىگىنىدە ئاشۇ ۋۇ ئېرنى كۆرسىمۇ بولىدۇ.

باۋيوي ماڭاي دەپ تۇراتتى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمىشقا خالىمىسۇن؟ — دېدى شىرېن، — بالدۇرلا ئېلىپ كىرىش كېرەك ئىدى، ئاغىچا خېنىم گەپنى ئۇزۇۋەتكەچكە قېلىپ قالغان.

— ئۇنداق بولسا، ئەتە ئۇنى ئەكىرگۈزۈپ قوياي، ئاغىچا خېنىمغا ئۆزۈم جاۋاب قىلاي، — دېدى فېڭجيې.

باۋيوي بۇ گەپتىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، جيا ئانىنىڭ يېنىغا ماڭدى. باۋچەي جابدۇنۇشقا باشلىدى. فېڭجيې بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە شۇنچە رىشتىسى باغلانغانلىقىنى كۆرۈپ، جيا ليەننىڭ بايىقى ئەۋزايىنى ئەسلەپ كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپ ئولتۇرالماي ئورنىدىن قوپۇپ:

— ئىككىمىز ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە كىرەيلى، — دېدى كۈلۈپ باۋچەيگە.

ئۇلار ھوجرىدىن چىقىپ جيا ئانىغا كۆرۈنۈش قىلدى. باۋيوي جيا ئانىغا تاغىسىنىڭكىگە بارىدىغانلىقىنى دەپ بېرىۋاتاتتى.

— بارغىن، — دېدى جيا ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ، — شارابنى ئازراق ئىچكىن، بالدۇرراق يېنىپ كەل، ئەمدىلەتىن ساقايغىلىۋاتىسەن.

باۋيوي ماقۇل دەپ، ھويلىغا چىقىپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، باۋچەينىڭ قۇلىقىغا بىرنېمە دەپ پىچىرلىدى.

— شۇنداق، سىز مېڭىۋېرىڭ، — باۋچەي كۈلۈپ باۋيوينى مېڭىپ تۇرۇشقا ئالدىراتتى.

www.uyghurkitap.com

جيا ئانا فېئجيې، باۋچەيلەر بىلەن تېخى ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز گەپ قىلغۇچىلىكمۇ بولمىغانىدى، چيۇۋېن كىرىپ خەۋەر يەتكۈزدى:

— باۋيۈي غوجام كېلىن ئاغىچىنى تەكلىپ قىلىپ بېيمىڭنى ئەۋەتىپتۇ.

— يەنە نېمىسىنى ئۇنتۇپ قالغانكىن، ئۇنى ئەۋەتىپتىغۇ؟ — دېدى باۋچەي.

— چۈرە قىز ئارقىلىق بېيمىڭدىن سوراتقۇزسام، ئۇ: «باۋيۈي غوجام بىر ئېغىز گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىكەن، مېنى كېلىن ئاغىچىغا ئېيتىپ باقسا، بارىدىغان بولسا چاپسانراق ماڭسۇن، بارماس بولسا مېنى شامالدا ساقلىتىپ قويمىسۇن دېدى» دەپتۇ.

بۇ گەپكە جيا ئانا، فېئجيې، ھەتتا پەگاھتا تۇرغان خىزمەتكار موماي ۋە چۈرە قىزلارمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى. باۋچەي ھوپپىدە قىزىرىپ، چيۇۋېنغا قاراپ تۈكۈرۈپ قويۇپ:

— ۋۇي كالۋا! شۇنىڭغىمۇ ھودۇقۇپ پايپاسلاپ كىرگەن بارمۇ؟ — دېدى.

چيۇۋېنمۇ كۈلگەن پېتى چىقىپ، بېيمىڭنى تىللاشقا چۈرە قىزنى جورۇدى، بېيمىڭ كەينىگە بۇرىلىپ:

— ئوتتۇرانچى غوجام مېنى بىكاردىن ـ بىكار ئاتتىن چۈشۈرگۈزۈپ ئەۋەتتى. كېلىپ دېمىسەم، كېيىن سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ قالسا، يەنە مېنى تىللايتتى. مانا ئەمدى كېلىپ دېگىنىم ئۇچۇن بولاردىن ئاھانەت ئىشىتىۋاتىمەن! — دەپ قويۇپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ھېلىقى چۈرە قىزمۇ كۈلۈۋېتىپ، كىرىپ ئۇنىڭ گېپىنى ھۆجرىدىكىلەرگە دەپ بەردى.

— بارغىن، بالام، ئۇ ئەنسىرەپ قالمىسۇن، — دېدى جيا ئانا باۋچەيگە.

بۇ گەپ بىلەن باۋچەي ئولتۇرالماي قالدى، يەنە كېلىپ فېئجيې ئېيتىشىپ زاڭلىق قىلغاچقا، خىجىل بولۇپ چىقىپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا گۇل چاچقۇ ئىبادەتخانىسىدىكى راھىبە دالياۋ كىرىپ، جيا ئانىدىن ئىسەنلىك سورىدى، فېڭجيې بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى.

— ئۇزاق بولدى، كەلمىدىڭىزغۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— بىرقانچە كۈن بولدى، ئىبادەتخانىمىزدا ساۋابلىق ئىزدەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، — دېدى دالياۋ، — مەرتىۋىلىك ئائىلە خېنىملار تىلاۋەت ئۈچۈن پات - پات كېلىپ تۇرغاچقا، ھېچ بوشىيالمىدىم. بۈگۈن بۇزرۇكۋار ئانىمىزغا بىر ئىشنى مەلۇم قىلاي دەپ ئالايىتەن كېلىشىم: ئەتە بىر ساۋابلىق ئىش ئۆتكۈزۈلمەكچىدى، ئۆزلىرىگە خۇش كېلەرمىكىن؟ خۇش كەلسە، ئۆزلىرىنىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلارمىكىن، دېۋىدىم.

— قانداق ساۋابلىق ئىش ئىكەن؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— ئۆتكەن ئايدا ۋاڭ بېگىمنىڭ خانىدانىدا بىئاراملىق بولۇپ جىن - ئەرۋاھلار كۆرۈنۈپتىكەن. ئۇ يەردىكى ئائىلە خېنىمنىڭ چۈشىگە مەرھۇم بېگى كىرىپ قاپتۇ. شۇڭا، تۈنۈگۈن بىزنىڭ ئىبادەتخانىغا كېلىپ، ماڭا: گۇل چاچقۇ بۇددساتۋا ئىگەمنىڭ ھۇزۇرىدا كۈجە كۆيدۈرۈپ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىكى جىمى جىن - ئەرۋاھلارنىڭ ھەققىگە ئاتاپ قىرىق كۈنلۈك سەدىقە - ئېھسان زاراخەتمىسى ئۆتكۈزۈپ، ئائىلىمىزگە ئاسايىشلىق، ئۆلگەنلەرگە جەننەت، تىرىكلەرگە بەخت - سائادەت تىلىسەك، دېگەنىدى. شۇ ئىشلار بىلەن ئۇلۇغ ئائىلە خېنىمدىن ئامان - ئېسەنلىك سوراپ كېلىشكە چولام تەگمەي قالدى.

فېڭجيې ئادەتتە بۇنداق ئىشلارنى بەك يامان كۆرەتتى. تۈنۈگۈن كۆزىگە جىن كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن، كۆڭلى سەل دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغانىدى. بۈگۈن ئەمدى دالياۋنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بالدۇرقى مىجەزى خېلىلا ئۆزگىرىپ، بىرئاز ئىشىنىپ قالدى.

— گۇل چاچقۇ بۇددساتۋا دېگىنىمىز كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ دالياۋدىن، — ئۇ قانداق قىلىپ ئادەمنى نەسلىكتىن ساقلاپ، جىن - ئەرۋاھلاردىن خالاس قىلالايدۇ؟

دالياۋ ئۇنىڭ بۇ سوئالىدىن بىرئاز ئىشىنىپ قالغانلىقىنى پەملەپ، سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى:

— خېنىم، بۇدساتۋانى سوراپ قالدىلا، مەن ئۆزلىرىگە دەپ بېرەي: بۇ بۇدساتۋا ئىگەمنىڭ تېگى - تەكتى بار، تەرىقەت يولى ئۆزگىچە. ئۇ زات كۇنپېتىشتىكى بوستانلىقتا ئاپىرىدە بولغان. ئاتا - ئانىسى ئوتتۇنچىلىق قىلىپ كۇن ئۆتكۇزىدىكەن. بۇدساتۋا تۇغۇلۇشىدا ئۇچ تال مۇڭگۇزى بار، توغرىسىغا تۆت كۆزى بار، بويى تۆت گەز، ئىككى قولى يەرگە تەگكۇدەك ئۇزۇن تۇغۇلۇپتىكەن. ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئالۋاستى ئىكەن دەپ، مۆز تاغنىڭ كەينىگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ. شۇ تاغدا تەرىقەتتە يېتىشكەن بىر قېرى مايمۇن بار ئىكەن، ئۇزۇقلۇق ئىزدەپ چىقىپ، بۇدساتۋانىڭ چوقىسىدىن چىقىپ پەلەككە يەتكەن ئاپپاق بۇغىنى، بۆرە - يولۋاسلارنىڭ ئۇنىڭدىن داجىپ يىراقتا كەتكەنلىكىنى كۆرۇپ، بۇنىڭ بائىسى ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ - دە، ئۇنى ئېلىپ باغرىغا تېڭىپ ئۆڭكۇرگە ئەكېلىپ بېقىپتۇ. بۇدساتۋا يارىلىشىدىن ئەقىل - پاراسەتلىك بولغاچقا، ھېكمەت توغرىسىدا مۇكاممەل قىلىپ: مايمۇنلار بىلەن ھەر كۇنى تىلاۋەت سۆھبەت قۇرۇپ، خۇددى ئەرشتىن گۇل چاچقاندەك سۆزلەيدىكەن. مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئەرشكە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ھېلىمۇ شۇ چاغدا نومدىن دەرس ئېيتقان ماكانى بار ئىكەن، ئۇ يەردە ئەرش گۇللىرى چېچىلىپ تۇرىدىكەن، نېمە تىلىسە شۇ ئەجابەت بولىدىكەن، ھەمىشە كارامەتنى كۆرسىتىپ، ئىنسانىنى ئازاب - ئوقۇبەت، خېيىم - خەتەردىن قۇتقۇزىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرى بۇتخانا سېلىپ، ھەيكىلىنى ياساپ ئۇنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغان بوپتۇ.

— بۇنىڭغا نېمە ئاساس بار؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— خېنىم، يەنە گەپ كوچىلىغىلى تۇردىلا، — دېدى دالياۋ، — ئۇ بىر بۇددا تۇرسا، ئۇنىڭغا نېمە ئاساس كېرەك بولاتتى؟ يالغان



www.uyghurkitap.com

ئېيتقان بولسىمۇ بىر ـ ئىككى ئادەمنىلا ئالدىغاندۇ، قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۇنچە كۆپ ياخشى ئادەملەرنى ئالدىمىغاندۇ؟ خېنىم، ئويلاپ باقسىلا، پەقەت بۇددا ئىگەم ھەققىگە قىلىنىدىغان كۇجە ـ ئىسرىقلار ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ ـ ئۆكسۈپ قالغىنى يوق، ئەلگە ئامانلىق ۋە خەلققە پاراۋانلىق تىلىگەن تىلەكلەرنى ئانچە ـ مۇنچە ئىجابەت قىلغىنى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقاندۇ دەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى فېڭجيې ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئورۇنلۇق تېپىپ، — ئىبادەتخانىڭىزدا پال چۆپلىرى باردۇ؟ مەن ئەتە بېرىپ بىر تەلەي سىناپ باقاي. كۆڭلۈمدىكى ئىش پال چۆپىدىن تېپىلسا، ئاندىن مەن ئىشىنىمەن.

— مېنىڭ پال چۆپلىرىم ناھايىتى تاپقۇر، — دېدى دالىياۋ، — ئەتە بارغاندا بىلىپ قالارلا.

— ئەمىسە، ئۆگۈنلۈككە ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى بولىدىكەن، شۇ كۈنى بېرىپ پال سالدۇرۇپ باق، — دېدى جيا ئانا.

دالياۋ چاي ئىچىپ بولۇپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە ۋە باشقا ھۇجرىلارغا كىرىپ سالام بېرىپ چىقتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

فېڭجيې ئەتىسى بىر كۈننى تەستە ئۆتكۈزۈپ، ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى سەھەردە مەپە ـ ئۇلاغ تەييارلاتقۇزۇپ، پىڭئېرنى ۋە بىرمۇنچە چاكارلىرىنى ئېلىپ گۈل چاچقۇ ئىبادەتخانىسىغا كەلدى. دالياۋ ھەممە راھىبە ـ بۇۋىلەرنى باشلاپ ئالدىغا چىقتى. ئىچكىرىگە باشلاپ چاي سۇنغاندىن كېيىن، دالىياۋ قولىنى يۇيۇپ، كاشانىغا كىرىپ كۇجە ياقتى. فېڭجيېمۇ بۇتقا قاراشقا كۆڭلى تارتماي، بىردەملىك تەقۋالىقى تۇتۇپ باش قويدى، قولىغا چۆپداننى ئېلىپ، قايسى كۈنى كۆزىگە جىن كۆرۈنگەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ساقسىزلىقىنى كۆڭلىدە بىر قۇر دەپ، تىلىكىنى ئېيتىپ، چۆپداننى ئۈچ قېتىم رالىۋېتىپ چۆپداندىن شارتلا

www.uyghurkitap.com

قىلىپ بىر تال چوّپنى ئالدى. ئاندىن باش قويۇپ چوّپكە قارىغانىدى، ئۇنىڭدا «ئوتتۇز ئۇچىنچى چوّپ، ئىنتايىن كۆپ ياخشىلىق» دەپ يېزىلغانىكەن، دالىياۋ ئالمان ـ تالمان تەبىرنامىنى ئېلىپ قارىغانىدى، ئۇنىڭدا ۋاڭ شىفېڭ باي ـ دۆلەتمەن بولۇپ ئۆز يۇرتىغا قايتقاي» دەپ يېزىلىپتۇ. فېڭجيې بۇ خەتنى كۆرۈپ قاتتىق چوّچۇپ كەتتى ـ دە، دەرھال دالىياۋدىن سورىدى:

— قەدىمكى ئادەملەرنىڭ ئېچىدىمۇ ۋاڭ شىفېڭ ئىسىملىك كىشى بار ئىكەن ـ ھە؟

— خېنىم، ئۆزلىرى ھازىرقى ۋە قەدىمكى ئىشلاردىن ئوبدان خەۋەردار ئىدىلە، — دېدى دالىياۋ كۈلۈپ، — خەن خاندانلىقى زامانىسىدىكى ۋاڭ شىفېڭنىڭ مەنسەپ تىلىگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەنى بىلمەمتىلە؟

— قايسى يىلى لى مەدداھمۇ ئاشۇ توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئېيتقانىدى، — دېدى بىر چەتتە تۇرغان جۇ رۇينىڭ ئايالى، — بىز ئۇنى خېنىمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدىڭ دەپ سۆزلەتكۈزمىگەنىدۇق.

— شۇنى دەڭا، مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى كۈلۈپ فېڭجيې. ئاندىن تەبىرنامەنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇدى، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

بولدى قوش ئون يىل مۇساپىر يۇرتىدىن ھىجرەت ئېيتىپ،
قايتقۇسى يۇرتىغا ئەمدى باي بولۇپ دۆلەت تېپىپ.
ھەرىلەر يۇز خىل چېچەكتىن تەرسە ھاسىلدۇر ھەسەل،
كىم ئۇچۇن چەكتى جاپا كىم يايرىغاي شېرىن تېتىپ.
سەپەرنى بەس ئېتەر.
خەت ـ ئۇچۇرى كېچىكەر.
دەۋا پۈتۈپ ئەپلىشەر.
توينى قايتا كېلىشەر.

فېڭجيې ئوقۇپ ئانچە چۈشىنەلمىگەندى، دالىياۋ چۈشەندۈرۈپ:

— خېنىم، مۇبارەك بولسۇن، بۇ پال ناھايىتىمۇ ئوبدان چىقتى. ئۆزلىرى بالا چاغلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان، ھېچقاچان نەنجىڭغا قايتىپ باقمىغان بولغىيدىلە؟ بۈگۈنكى كۈندە بېگىم باشقا ئۆلكىدە مەنسەپكە قويۇلدى، بالىۋاقىسىنى ئالغىلى كەلسە، شۇ باھانە بىلەن يۇرتقا قايتىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن «باي - دۆلەتمەن بولۇپ يۇرتقا قايتقانلىق» بولامدۇ؟ — دەپلا تەبىرنامەنى يىغىشتۇرۇپ چۆرە قىزغا بەردى. فېڭجيې دەرگۇمان بولۇپ قالدى. دالياۋ نەزىر - سەدىقە يېمەكلىكلىرىدىن تارتىۋىدى، فېڭجيې ئاندا - مۇندىلا ئېغىز تەگكۈزۈپ قويۇپ كەتمەكچى بولدى. كۆجە ھەققىنى بېرىپ، دالياۋ ھەرقانچە تۇتۇپ باققان بولسىمۇ ئۇنىماي، ئاخىر قايتىپ كەتتى. فېڭجيې قەسىرگە قايتىپ بېرىپ جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا كۆرۈنۈش قىلدى. ئۇلار پال توغرىسىدا سورىغانىدى، بىللە بارغانلاردىن بىرسى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەن: «بېگىم شۇنداق نىيەتكە كەلگەن بولسا، بىز بىر بېرىپ كەلسەكمۇ ئەجەب ئەمەس !» دەپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. ھەممە ئادەم شۇنداق دېگەچكە، فېڭجيېمۇ ئىشىنىپ قالدى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

ئەمدى باۋيۈيگە كەلسەك، شۇ كۈنى ئۇ چۈشلۈك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ قارىسا باۋچەي يوق، ئۇنى نەگە كەتتى دەپ سوراي دېيىشىگە باۋچەي كىرىپ كەلدى.

— ئەتىدىن كۆرۈنمىدىڭىز، نەگە كەتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— فېڭجيې ئاچام بىلەن بېرىپ پال باقتۇرۇپ كەلدىم، — دەپ كۈلدى باۋچەي.

باۋيۈي قانداق بولدى دەپ سورىغانىدى، باۋچەي تەبىرنامىدە

www.uyghurkitap.com

چىققان گەپلەرنى ئېيتىپ بېرىپ:

ــــ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق ئىكەن، دېيىشتى. «باي ـ دۆلەتمەن بولۇپ يۇرتىغا قايتقاي» دېگەن گەپنىڭ تېگىدە گەپ بولسا كېرەك. بوپتۇ، كېيىن كۆرەرمىز، ــــ دېدى.

ــــ يەنە گۇمانخورلۇق قىلىپ، ئەۋلىيانىڭ سۆزىنى خالىغانچە چۈشىنىۋاتىسىز، ــــ دېدى باۋيۈي، ــــ «باي ـ دۆلەتمەن بولۇپ يۇرتىغا قايتقاي» دېگەن گەپنى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەممە ئادەم ياخشىلىق دەپ بىلىپ كەلگەن، ئەمدى سىز ئەتەي بۇنىڭ تېگىدە گەپ بار دەپ قاراۋاتىسىز! سىزچە بولغاندا، «باي ـ دۆلەتمەن بولۇپ يۇرتىغا قايتقاي» دېگەن گەپنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق شەرھى باردۇ؟

باۋچەي چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدىن ئۈنى چىللاپ بىر چۆرە قىز كەلدى. باۋچەي شۇئان چىقىپ كەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز ئىككىنچى باب

## نىڭگو قەسىرىدىكى قان قېرىنداشلارنىڭ نەسلىنىڭ كاساپىتىگە ئۇچرىغانلىقى
## نەزەرباغدا ئەرۋەش بىلەن دەمدە سۈيى چېچىپ جىنلارنى قوغلىغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋچەيىنى قىچقارتقانىدى، باۋچەي ئالمان - تالمان كېلىپ سالام بەردى.

— ئۈچىنچى سىڭلىڭىز ياتلىق قىلىنىدىغان بولدى، سىلەر يەڭگىلىرى بولغاندىن كېيىن، ھەمشىرىلىكىڭلارنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويۇڭلار، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇ تولىمۇ ئوڭلۇق بالا، سىلەر ئىككىڭلارمۇ ئوبدان چىقىشاتتىڭلار. ئاڭلىسام، باۋيۈي ئۈچىنچى سىڭلىسىنىڭ تالالىق قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغىمۇ نەسىھەت قىلغىنىڭىز تۈزۈك. بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە مەن ئاغرىقچان بولۇپ قالدىم، ئوتتۇرانچى يەڭگىمىزمۇ بىر كۈن ساق بولسا ئۈچ كۈن ئاغرىق. بۇ يەرنىڭ ئىشلىرى سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگىمۇ ئايان، شۇڭا خەقنى رەنجىتىپ يۈرگۈچە ئىچىمگە سىڭدۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېتەي دېمەي، ئىش - كۈشلەردىن خەۋەر ئالغاچ تۇرۇڭ. كېيىنكى كۈنلەردە ئائىلىنىڭ ھەممە ئىشى سىزگە يۈكلىنىدۇ.

باۋچەي خوش دەپ قۇللۇق بىلدۈردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يەنە مۇنداق دېدى:

— يەنە بىر ئىش بار، تۇنۇگۈن ئوتتۇرانچى يەڭگىڭىز لىيۇ ئايلىنىنىڭ قىزىنى سىلەرنىڭ ھۇجرىڭغا سەپلەپ بېرىمىز دەپ باشلاپ كەپتۇ.

— بۇگۈن پىڭئېر ئۆزلىرى بىلەن ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىڭ پىكرى دەپ باشلاپ كىرىپتىكەن، — دېدى باۋچەي.

— شۇنداق، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئوتتۇرانچى يەڭگىڭىز ماڭا دېگەندى. مەنمۇ چاغلىق ئىش ئىكەن دەپ ئۇنىڭ گېپىنى يىرىۋەتمىدىم. شۇغىنىسى، ئۇ بالا قاش - كۆزىدىن بەك تىنىمسىزدەك كۆرۈنىدۇ. بالدۇر، باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىدىكى چۆرىلەرنىڭ تولكىلىرىدىن بىرنەچچىسىنى قوغلىۋەتكەنىدىم، شۇ چاغدا سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بولغاچقا، ئۆز ئۆيىڭىزگە كۆچۈپ چىقىپ كەتكەنىدىڭىز. ھازىرغۇ سىز بار، ئەلۋەتتە بالدۇرقىدەك ئىشلار بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ دەپ قوياي، پەخەسرەك بولۇڭ. سىلەرنىڭ ھۇجراڭلاردا شىرىپنىلا خېلى يارايدىغان بالا.

باۋچەي خوش دەپ، يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپلەشكەندىن كېيىن ھۇجرىسىغا يېنىپ چىقتى. غىزادىن كېيىن تەنچۈن تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا كۆيۈپ - پىشىپ بىرمۇنچە تەسەللىي ئېيتتى. بۇ گەپلەرنى بىر - بىرلەپ دەپ ئولتۇرمايمىز.

ئەتىسى تەنچۈن سەپەرگە ماڭماقچى بولۇپ، باۋيۈي بىلەن خوشلاشقىلى كىردى. باۋيۈينىڭ زادىلا ۋىدالاشقۇسى كەلمىدى. تەنچۈن ئۇچ ئەھكام - بەش ئەقىدىگە دائىر گەپلەرنى قىلغىلى تۇرۇۋىدى، باۋيۈي باشتا بېشىنى ساڭگىلىتىپ زۇۋان سۈرمىدى، كېيىن گويا غاپىللىقتىن ئويغانغاندەك بولۇپ، قايغۇسى خۇشاللىققا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن تەنچۈن ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ تەختىراۋانغا چۈشۈپ ماڭدى. سۇدا كېمە بىلەن، قۇرۇقلۇقتا مەپە بىلەن سەپەر قىلدى.

بالدۇر ھەممە ھەمشىرىلەر نەزەرباغدا تۇرۇشاتتى، خانىش جيا يۈەنچۈن قازا قىلغاندىن كېيىن، باغمۇ ئانچە تۈزەشتۈرۈلمەيدىغان بولۇپ قالدى. باۋيۈي ئۆيلەندى، لىن دەيۈي ئۆلدى، شى

شياڭيوَن قايتىپ كەتتى، باۋ چىن ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن باغدا ئادەملەر سىيرەكلىشىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇق چۈشۈپ قالغاچقا، لى ۋەن ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى، تەنچۈن، شىچۈنلەر بۇرۇنقى ئۆيلىرىگە كۆچۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. گۈل - چېچەكلەر ئېچىلغان ۋە ئاي تاماشىسى قىلىنىدىغان چاغلاردا، بالدۇرقىدەك بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ باغقا كىرىپ ئويناپ چىقىشاتتى. ئەمدى تەنچۈن كەتتى، باۋيۈي كېسەل بولغاندىن بۇيان تالاغا چىقماس بولدى، شۇنىڭ بىلەن باغنى كۆڭلى تارتىدىغان ئادەممۇ قالمىدى. شۇڭا، باغدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، باغقا قارايدىغان بىرنەچچە ئۆيلۈك كىشىلەرلا قالغانىدى. تەنچۈن ماڭىدىغان كۈنى يۈشى خېنىم تەنچۈننى ئۇزاتقىلى كېلىپ، كەچ كىرىپ قالغاچقا، مەپە قوشتۇرۇپ يۈرمەي دەپ، قايسى يىلى باغنى ياساتقاندا نىڭگو قەسىرىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ئېچىلغان يان ئىشىكتىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى. سۇپا - ئايۋانلار شۇ پېتىچە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن باغ ئۇنىڭغا چۆلدەرەپ قالغاندەك تۇيۇلدى. كۈنگۈرە تامنى بويلاپ كەتكەن يەرلەر كۆكتاتلىقلا ئايلانغاندەك كۆرۈندى، شۇنىڭ بىلەن خۇددى بىر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۆيىگە يېنىپ چىققاندىن كېيىن، بويى قىزىپ، بىر - ئىككى كۈن ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. كۈندۈزلىرى قىزىشىغۇ چاغلىق ئىدى، لېكىن كېچىلىرى بەك قىزىپ، توختىماي جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدى. جيا جېن دەرھال تېۋىپ چاقىرتىپ كۆرسەتتى. تېۋىپ: كېسەل زۇكامدىن باشلانغانىكەن، ئەمدى مەيدە ۋە تال تومۇرلىرىغا ئۆتۈپتۇ، جۆيلۈش ئەنە شۇنىڭدىن بولىدۇ، چوڭ تەرىتى كەلسىلا ساقىيىپ كېتىدۇ، دېدى.

يۈشى خېنىم ئىككى بولاق دورىنى ئىچىپ بولدى، لېكىن قىزىتمىسى پەسىيىشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتتى. جيا

جېن ھودۇقۇپ قېلىپ، جيا رۇڭنى چاقىرتىپ:
— ئوبدان تېۋىپلارنى ئۇقۇشۇپ، بىرقانچە تېۋىپ چاقىرتىپ كۆرسەت، — دەپ بۇيرۇدى.
— قايسى كۇنى كەلگەن تېۋىپ ھازىر راسا نام چىقارغان تېۋىپ، شۇنىڭغا كۆرسىتىپ باقايلى. مېنىڭچە، ئانامنىڭ كېسىلىگە دورا كار قىلماسمىكىن، — دېدى جيا رۇڭ.
— ۋالاقشىما ! — دەپ كايىدى جيا جېن، — دورا بەرمەي شۇ ھالىچە تاشلاپ قويامتۇق؟
— داۋالىمايمىز دېمەكچى ئەمەسمەن، — دېدى جيا رۇڭ، — قايسى كۇنى ئانام غەربىي قەسىرگە ئۆتۈپ قايتار چېغىدا باغدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپتىكەن، ئۆيگە كېلىپلا بويى قىزىپ قاپتۇ، شامال دارىپ قالدىمىكىن دەيمەن. موللا تاپقاق ماۋ دېگەن جەنۇبلۇق بىر پالچى بار ئىكەن، پالدا بەك ئېنىق تاپىدىكەن. شۇنى چاقىرتىپ پال ئاچقۇرۇپ باقساقمىكىن. پالدا سەل ئۇچى چىقسا، شۇنىڭ گېپىگە بېقىپ ئىش قىلساق، ئۇ كارغا يارىماي قالسا، باشقا ئۇستا تېۋىپ تېپىپ تەكلىپ قىلساق.
جيا جېن شۇ گەپ بىلەن دەرھال پالچىنى چاقىرتتى. پالچى كېلىپ قىرائەتخانىدا ئولتۇرۇپ، چاي ئىچكەچ:
— قەسىر شەرىپلىرىدىن مېنى نېمە ئىش توغرىسىدا پال ئېچىشقا چاقىرتتىكىن؟ — دەپ سورىدى.
— ئانام ئاغرىپ قالغان، شۇنىڭغا پال سېلىپ باققان بولسىلا، — دېدى جيا رۇڭ.
— ئۇنداق بولسا، پاكىز سۇ كەلتۈرۈلسۇن، قولۇمنى يۇيۇپ كۆجىدانىنى قويۇپ پال سالاي، — دېدى موللا تاپقاق ماۋ.
خىزمەتكار ھەممىنى راسلاپ بەردى. پالچى قوينىدىن رەمماللىق چۆپدانىنى چىقىرىپ، تۆرگە ئۆتۈپ، ناھايىتى تەۋازۇلۇق بىلەن تەزىم قىلدى، ئاندىن چۆپدانىنى شاراقلىتىپ تۇرۇپ: «ئالەم بىنا بولۇپ ئاسمان ـ زېمىن بىر ـ بىرىنى قىلدى تەقەززا ھەم ئالامەت، زايىچە ـ نامەلەر يارىلىپ چەكسىز

كۆرسىتىپ كەلدى كارامەت، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار شاراپىتىدىن دۇئايى ـ تەلەپلەر ھەممىشە بولدى ئىجابەت. ئىخلاسمەن جىيا پالانچىنىڭ ئانىسى كېسەل بولغانلىق ۋەجىدىن، فۇشى، ۋېنۋاڭ جۇگۇڭ، كۇڭزى تۆت دانىش ـ ئەۋلىياغا ئىلتىجا قىلىمىزكى، يۇكسەك ماقامدا سالغان نەزەرلىرىدىن سەمىمىي ئىستەكلەر بەجا بولغاي. يامانلىق بولسا يامانلىقتىن، ياخشىلىق بولسا ياخشىلىقتىن خەۋەر كەلگەي، شۇ توغرىدىن ئالدى بىلەن قەبزى داخىل ئۈچ شەرتىگە مۇراجىئەت قىلدۇق» دەپلا چۆپداندىكى يارماقلارنى پەتنۇسقا تۆكتى، ئاندىن «تۇيۇق تاپقۇچى ئۈچۈن بىرىنچى شەرتتە (جامە) بولسۇن» دەپ، يەنە چۆپداننى شاراقلىتىپ قويۇپ، تۆكتى ـ دە، «پەرد» دېدى، ئۈچىنچى شەرتتە يەنە «جامە» چىقتى. يارماقلارنى قولىغا ئېلىپ: «داخىل شەرتتە ئايان بولدى، ئەمدى قەبزى خارىج ئۈچ شەرتكە مۇراجىئەت قىلساق رەملىنىڭ بىر يۈرۈشى تامام بولىدۇ» دەپ قويۇپ، بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن، «پەرد قىياسى بىلەن پەرد شەكلى» ئاشكارا بولدى. موللا تاپقاق ماۋ چۆپدان بىلەن يارماقلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئولتۇردى.

— ئولتۇرسىلا، ئولتۇرسىلا، مەن ئېدىتلاپ كۆرۈپ باقاي، — دېدى ئۇ، — بۇ رەمل «تەپرىق» رەملى ئىكەن. ئەجداد شەرتى ئۈچىنچى شەرتىگە توغرا كەلدىكى، ئات يىلىلىق ئاتەش ئاناسىرىدىن بولغان ئەر قېرىنداشنىڭ مال ـ دۇنياسى تالان ـ تاراج بولغاي، چۈنكى ئۇ نەسلىككە ئىشارەتتۇر. ھازىر جانابلىرى ئانىلىرىنىڭ كېسىلى توغرىسىدا سورىغانلىرى ئۈچۈن، مۇئەككىلنى جوۋاتقاندۇق، دەسلەپكى شەرتتە ئاتا ـ ئانا شەرتى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەربابلارنىڭ ئەرۋاھلىرى قوزغىلىپ چىقتى. بەشىنچى شەرتىدىمۇ يەنە بىر قات مەنسەپدار ئەرۋاھلىرى نامايان بولدى. بۇنىڭدىن پەرەز قىلىمەنكى، جانابلىرىنىڭ ئىززەتلىك ئانىلىرىنىڭ كېسىلى يېنىك ئەمەس ئىكەن ۋە لېكىن شۇنىسى ياخشىكى، بۇ يىل توڭگۇز مۇچىلى كەلگەچكە سۇ ئاناسىرى بەند

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئوت ـ گىياھ ئاناسىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇنىڭدىن ئوت ـ ئاتەش ئاپىرىدە بولۇر. ئەجداد شەرتىدە بىر ئوغۇل نەۋرە نامايان بولدىكى، ئۇ جىن ـ ئالۋاستىلاردىن غالىب كەلگەي، ھالبۇكى، ياشىق ـ يالچىق شاراپىتىدىن ۋۇجۇد تۆرەلگەن، شۇڭا ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇ ئاناسىرىدىن بولغان مەنسەپدار ئەرۋاھلىرىنىڭ ئۇرۇنۇشى بىھۇدە بولۇپ، مەزكۇر ئائىلىنىڭ ئىت كۈنىگە ئۇلاشقاندا شىپالىق تاپىدۇ. ئەمما، ئاتا ـ ئانا شەرتىدە جىن ـ ئەرۋاھ داخىل بولۇپ قالسا، جانابلىرىنىڭ پەدەرلىرىگە دەخلىسى تېگىپ قالۇرمىكىن. ئۆزلىرىگە تەئەللۇق ئەجداد شەرتىدە نامايان بولۇشىچە، قازا ۋە قەدەر ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر كېلىپ سۇ ئاناسىرى جۇش ئۇرغان ۋە تۇپراق ئاناسىرى سولغان كۈنلىرى كەلگەندە، بۇنىڭدىمۇ ياخشىلىق بولمايدۇ، — ئۇ شۇ گەپلەرنى دەپ بۇرۇتىنى دىڭگايتىپ ئولتۇردى.

جىيا رۇڭ دەسلەپتە ئۇنى قىزىل كۆزلۈك قىلىۋاتىدۇ دەپ كۆلۈۋېتىشكە تاسلا قالغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز يولى بويىچە ئېنىق سۆزلەپ كېلىپ، ئاتاڭغىمۇ ياخشىلىق يوق دېيىشى بىلەنلا، جىيا رۇڭ:

— رەملىغۇ ناھايىتى ئېنىق تاپىدىكەن، لېكىن ئانامنىڭ كېسىلى زادى نېمە كېسەل بولغىيدى، شۇنى بىلەلمىدىم! — دەپ سورىدى.

— رەملىگە قارىغاندا، — دېدى موللا تاپقاق ماۋ، — ئەجداد شەرتىدە كەلگەن ئات مۇچىلىدە ئوت ئاناسىرى سۇ ئاناسىرىغا غالىب كېلىشى ئۈچۈن، سوغۇق بىلەن ئوت ئۇيۇشمىقى لازىم. بۇنىڭ ئېنىق ھۆكمىنى بىلمەك بولغاندا، قۇرئەمۇ بۇنى ئانچە ئوچۇق دەپ بېرەلمەيدۇ، پەقەت «ئالتە ئاپىرىدە» بۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

— تەخسىر، ھەممىدە كامىل ئوخشىمامىلا؟ — دەپ سورىدى جىيا رۇڭ.

— ئازراق خەۋىرىم بار.

جىيا رۇڭ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ، ۋاقىت - سائىتىنى ئېيتىپ بەردى. موللا تاپقاق ماۋ تاۋۇقىغا ئەشكال سىزىپ، مۆئەككىللەرنىڭ ئورۇن - ماقاملىرىنى بەلگىلەپ رەمل ئاچقانىدى، شام ۋاقتىدىكى ئاق يولۋاس بولۇپ چىقتى. رەممال سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ رەمل «قەبزى روھ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئاق يولۋاس يامانلىق سەركەردىسى ھېسابلىنىدۇ، كىشى ماغدۇرىغا تولۇپ ياشناپ تۇرغان پەيتتە ئۇ تىزگىنلىنىپ، كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ھازىر ئۆلۈم ۋە يامانلىق مۆئەككىلى بۇيرۇق قىلىشى بىلەنلا ماماتلىق بەندىتىن بوشاپ، ئېچىرقىغان يولۋاسقا ئايلىنىدۇ - دە، كىشىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدۇ، يەنى ئەرۋاھ مۆئەككىلى چۆچۈپ كېتىپ سەرسان بولغاچقا، «قەبزى روھ» دەپ ئاتالغان. بۇ رەملدە ئېيتىدۇكى، ئىنسان روھىدىن ئايرىلىپ غەم - غۇسسىگە مۇپتىلا بولىدۇ - دە، كېسەلچان بولۇپ قازا قىلىدۇ، چۆچۈش - جۆيلۈش شۇنىڭ بېشارىتىدۇر. رەملىگە قارىغاندا، كۆن ئولتۇرۇشى بىلەنلا يولۋاس پەيدا بولىدۇ، شۇڭا بۇ كېسەل كەچقۇرۇندا تېگىپتۇ. قەبزى داخىلىنىڭ تەبىرى شۇكى: ئەگەر كىمگە بۇ رەمل چىقسا، كونا تۇرالغۇسىدا ئۇنىڭغا يولۋاس يولۇققان بولغاي ياكى ئۇنىڭ شەپىسى بىلىنگەي.» جانابلىرى بۇ رەملنى پەدەرلىرى ئۈچۈن سالدۇردىلا، مەلۇم بولىدۇكى، يولۋاس مۆزەككەرگە توغرا كەلسە ئەرگە پالاكەت كېلىدۇ، مۆئەننەسكە توغرا كەلسە ئايالغا پالاكەت كېلىدۇ. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك رەمل !

— تەخسىر، ناھايىتى توغرا دېدىلە، — دېدى جىيا رۇڭ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىغا قۇلاق سالماي قورقىنىدىن رەڭگى ئۆچۈپ، — بىراق بايىقى رەملىگە ئۇدۇل كەلمەي قالدى، زادى بۇنىڭ دەخلىسى بارمىدۇ؟

— ھودۇقمىسىلا، مەن يەنە ئاخىرىغا قاراپ باقاي، — دېدى موللا تاپقاق ماۋ. ئاندىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — خەيرىيەت، نىجاتلىق بار

ئىكەن ! رەملىدە مەلۇم بولدىكى، ئاش ۋاقتىدا ئىززەت مۇئەككىلى قۇتقۇزغاي، بۇ «قەبزى بولغان روھ ئۆز جايىغا قايتقاي» دېيىلىدۇ، يەنى ئاۋۋال قايغۇ، كېيىن خۇشاللىق كېلىدۇ، بۇنىڭ دەخلىسى يوق، ئېھتىيات قىلسىلا بولىدۇ.

جىيا رۇڭ رەممالنىڭ ھەققىنى بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپ، ئاندىن جىيا جېنغا مەلۇم قىلدى:

— ئانامغا كونا تۇرالغۇدا ئاخشىمى كېسەل تېگىپتۇ، قانداقتۇ «مۇردىغا چاپلاشقان ئاق يولۋاس»قا يولۇقۇپتۇ.

— ئاناڭنى ئۇلۇشكۇن باغ بىلەن ئايلىنىپ يېنىپ چىققان دەۋاتاتتىڭ، شۇ يەردە يولۇقۇپتۇ ـ دە ! — دېدى جىيا جېن، — ئېسىڭدە باردۇ، ئوتتۇرانچى خان ئاچاڭمۇ باغقا كىرىپ چىقىپلا ئاغرىپ قالغان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ. كېيىن چۆرە قىز بىلەن خىزمەتكار ئايالالارنىڭ ئېيتىشىچە، سۇئىي تاغدا كۆزلىرى پانۇستەك ھەم گەپ قىلالايدىغان يوغلۇق بىرنېمە پەيدا بولۇپ، ئوتتۇرانچى خان ئاچاڭنى قوغلاپتىكەن، خاڭ ئاچاڭ شۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىپ ئاغرىپ قاپتۇ.

— ئېسىمدە بولمامدىغان ! — دېدى جىيا رۇڭ، — باۋيۈي غوجامنىڭ مۇلازىمى بېيمىڭنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە: چىڭۋېن باغدىكى نىلۇپەر گۈلىنىڭ مۇئەككىلىگە ئايلىنىپتۇ، دەيىۋۇي قىز جان ئۈزگەندە ئاسماندا نەغمە ـ ناۋا ئاڭلىنىپتۇ، بەلكىم ئۇمۇ بىرەر گۈلنىڭ مۇئەككىلىگە ئايلانغان بولسا كېرەك. باغدا مۇنچىۋالا جىن ـ ئالۋاستىلار تۇرسا يامان بولىدۇ ـ دە ! باشتا ئادەم كۆپ بولغاچقا مۇسىبەت بۇغى قويۇق ئىدى، دائىم كىرىپ ـ چىقىپ تۇرسا ئۇنىڭ ھېچ بالاسى يوق ئىدى. ھازىر مۇنداق چۆلدەرەپ قالغان چاغدا، ئانام باغدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ياكى بىرەر گۈلنى دەسسەپ تاشلىغان، ياكى بولمىسا ئاشۇلاردىن بىرىگە يولۇقۇپ قالغاندۇ؟ بايىقى رەملىمۇ توغرا چىققاندەك تۇرىدۇ.

— زادى دەخلىسى بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى جىيا جېن.

— ئۇنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا، — دېدى جيا رۇڭ، — ئىت كۈنىگە بارغاندا شىپالىق تاپىدىكەن. ئىككى كۈن بالدۇر كەلسە ياخشى بولىدىكەن، ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتسىمۇ بولىدىكەن.

— بۇ قانداق گەپ بولدى؟

— رەممال موللامنىڭ سالغان رەملىسى توغرا بولسا، ئاتا، ئۆزلىرىگىمۇ سەل پەرىشانلىق يېتىدىغان ئوخشايدۇ.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، ئىچكىرىكى ئۆيدىن: «خېنىم ئورنىدىن قوپۇپ باغقا كىرىمەن دەۋاتىدۇ، چۆرە قىزلار هاي بېرەلمىدى» دەپ بىركىم توۋلىدى. جيا جېن بىلەن جيا رۇڭ كىرىپ تەسەللى بەردى.

— قىزىل كىيىملىكلەر مېنى قىچقىرىۋاتىدۇ! يېشىل كىيىملىكلەر مېنى قوغلاۋاتىدۇ! — دەپ يۇشى خېنىم ئاغزىغا كەلگىنىنى دېگىلى تۇردى.

پەگاهتا تۇرغانلار ئۇنىڭ گېپىدىن قورققۇسى كەلدى هەم كۈلگۈسىمۇ كەلدى. جيا جېن قەغەز تەڭگە سېتىۋېلىپ باغدا كۆيدۈرۈشكە ئادەم بۇيرۇدى. شۇ كېچىسى يۇشى خېنىم تەرلەپ، سەل ئارام تاپتى. ئىت كۈنىگە يەتكەندە بارا - بارا ساقىيىشقا باشلىدى.

بۇ گەپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ، قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ، هەممەيلەن نەزەرباغدا جىن - ئالۋاستى بار ئىكەن، دېگىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن باغقا قارايدىغانلارمۇ قورقۇپ، گۈل - گىياهلارنى پەرۋىش قىلمايدىغان، مېۋە - كۆكتاتلارنىمۇ سۇغارمايدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپتە ئاخشاملىرى قۇش - هايۋانلار بىزنى قوغلايدۇ، دەپ ماڭماس بولۇشقانىدى، كېيىنكى هەتتا كۈندۈزلىرىمۇ قولىرىغا ياراغ ئېلىپ، بىر - بىرىگە هەمراھ بولۇشۇپ ماڭىدىغان بولدى. بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن جيا جېنمۇ ئاغرىپ قالدى، ئەمما تېۋىپقا كۆرۈنمىدى، كېسىلى يېنىك چاغلاردا باغقا كىرىپ قەغەز كۆيدۈرۈپ تۇردى، ئېغىرلىشىپ قالغاندا يۇلتۇز مۇئەككىللىرىگە تىلاۋەتنامە يېزىپ

سەجدە قىلدى. جىيا جېن ساقىياي دېگەندە، كەينىدىن جىيا رۇڭلارمۇ ئاغرىپ قالدى. ئاشۇنداق ئۇدا بىرقانچە ئايغىچە ئىككى قەسىر ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شامال چىقسىمۇ، تۇرنىلار غاقىلدىسىمۇ، ھەتتا گۈل ـ گىياھلارمۇ جىن كۆرۈنىدىغان بولدى. باغدىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ھۇجرا ئىگىلىرىنىڭ ئايلىق مائاشلىرى يېڭىباشتىن قوشۇپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە، رۇڭگو قەسرى تېخىمۇ مۇشكۇلچىلىك ئىچىدە قالدى. باغقا قارايدىغانلار ھايان ئالالمىغاچقا، بىر ـ بىرلەپ ئۇ يەردىن ئۆزلىرىنى چەتكە تارتتى. ھەر قېتىم گەپتىن گەپ تۇغۇلۇپ بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا، گۈللەردە جىن بار، دەرەخلەردە ئالۋاستى بار ئىكەن دەپ گەپ توقۇشۇپ، باغدىن كۆچۈپ چىقىپ كېتىشتى. باغنىڭ دەرۋازىسى پېچەتلىنىپ ئادەم كىرمەس بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەشەمەتلىك بىنا ۋە ئېگىز راۋاقلار، مەرمەر كاشانە ۋە قاشتاش سۇپىلار ئۇچار قاناتلار بىلەن چارپايلارغا ماكان بولدى.

چىڭۋېننىڭ ئىككى تۇغقان ئاكىسى ۋۇ گۈي باغنىڭ دەرۋازىسى تۈۋىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى چىڭۋېن ئۆلگەندىن كېيىن گۈل مۇئەككىلىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئاخشاملىرى پەقەتلا تالاغا چىقماس بولدى. بىر كۈنى ۋۇ گۈي تالاغا سودا قىلغىلى چىقىپ كېتىپ كەچ قايتىپ كەلدى. خوتۇنى ئەسلىدە زۇكامداپ قالغانىدى، كۈندۈزى دورىنى خاتا يەپ قويغاچقا، ئاخشىمى ۋۇ گۈي كېلىپ قارىسا، كاڭدا ئۆلۈك ياتقۇدەك. بۇ خوتۇن سەل قىيسىق دەسسەيدىغان خوتۇن بولغاچقا، تاشقىرىدىكى كىشىلەر، تامدىن ئالۋاستى ئارتىلىپ چۈشۈپ يىلىكىنى شورىۋالغانلىقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ، دەپ گەپ تېپىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بولەكچىلا قورقۇپ كېتىپ، باۋيۈي تۇرغان ھۇجرىنىڭ ئەتراپىدا كۆزەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن باشقىدىن بىرقانچە ئادەم تەيىنلىدى. چۆرە قىزلارمۇ، بىرسى

قىزىل يۈزلۈكنى كۆردۈم دېسە، بىرسى ناھايىتى كېلىشكەن ئايال كۆرۈندى، دەپ چۇۋۇلدىشىپلا كەتتى، شۇ سەۋەبتىن باۋيۈيگە تېخىمۇ قورقۇنچ ئۇلاشتى. ھېلىمۇ ياخشى، باۋچەي ئۆزىنى تۇتۇۋالغاچقا، ھەرەڭ ــ سەرەڭ گەپ قىلغان چۆرە قىزلارنى ئۇرىمەن دەپ قورقاتقاچقا، پىتنە ــ ئىغۋالارمۇ سەل بېسىقتى. شۇنداقتىمۇ، ھەرقايسى ھۇجرىدىكىلەر جىن بار دەپ گۇمانلىنىپ ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغاچقا، كۆزەتچىلىك قىلىشقا ئۇلارغىمۇ ئادەم قوشۇپ بېرىلدى، نەتىجىدە تاماق خىراجىتى تېخىمۇ كۆپەيدى.

يالغۇز جيا شېلا بۇ گەپلەرگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى. «بىر ئوبدان باغدا جىن ــ ئالۋاستى نېمە قىلسۇن!» دەپ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردىن بىرىنى تاللاپ، كەينىگە بىرنەچچە مۇلازىمنى سېلىپ، قوللىرىغا قورال – ياراغ ئېلىپ باغنى كۆزىتىپ چىقماقچى بولۇپ، باشقىلارنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي باغقا كىردى. باغدا كىشىنى شۈركۈندۈرىدىغان سۆرۈنلۈك ھۆكۈم سۈرەتتى. جيا شې چىشىنى چىشلەپ مېڭىۋەردى، سوڭدىشىپ كىرگەنلەر باشلىرىنى ئىچىگە تىقىپ شۈمشىيىۋېلىشتى. ئارىدا ياش بىر مۇلازىم بار ئىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ تۇراتتى. «شار» قىلغان تاۋۇشنى ئاڭلاپلا كەينىگە قارىغانىدى، كۆزىگە قېچىپ كېتىۋاتقان رەڭگارەڭ بىر نەرسە كۆرۈنگەندەك بولۇپ، قورققىنىدىن «ۋايجان» دەپ تاشلاپ، پۇت ــ قولىدا جان قالماي يىقىلىپ چۈشتى. جيا شې كەينىگە بۇرۇلۇپ سوئال ــ سوراق قىلغانىدى، ئۇ مۇلازىم:

ــــ سېرىق يۈزلۈك، قىزىل ساقاللىق، يېشىل كىيىملىك بىر ئالۋاستى ئورمانلىقنىڭ كەينىدىكى تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ كەتتى، ــــ دەپ جاۋاب بەردى ھاسىراپ تۇرۇپ.

جيا شېمۇ سەل قورقۇمسىراپ: «سىلەرمۇ كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ باشقىلاردىن سورىغانىدى، ئۇلارمۇ «سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۈكنىڭ

پېتىشغا بېقىپ»:

— نېمىشقا كۆرمەيمىز، بېگىم؟ ئۆزلىرى ئالدىمىزدا بولغاچقا، چۆچۈتۈۋەتمەيلى دەپ، پېقىر چاكارلىرى بەرداشلىق بېرىپ تۇردۇق، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇ گەپ بىلەن جيا شې راستىلا قورقۇپ، ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي دەرھال كەينىگە ياندى، مۇلازىملىرىغا بۇ گەپنى ئىككىنچى ئېغىزغا ئالماڭلار، ھەممە يەرنى كۆرۈپ چىقتۇق، ھېچنېمە يوق ئىكەن دەڭلار، دەپ تاپىلاپ قويدى، لېكىن ئۆزى راستىلا ئىشىنىپ قېلىپ، نەسلىكنى قوغلاش ئۈچۈن، پىر - ئەۋلىيالار جامەسىدىن شەيخ - باخشىلارنى تەكلىپ قىلىشقا ماڭدى. مۇلازىملار يوق يەردىن ئىش چىقىرىدىغانلاردىن ئىدى، جيا شېنىڭ قورققانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى يوشۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، تېخى بىرمۇنچە گەپ قوشۇپ تارقىتىۋىدى، كىشىلەر تىللىرىنى چىقىرىشىپ زاڭلىق قىلىشتى.

جيا شې نائىلاج، باغدا جىن - ئالۋاستىلارنى سۈر - توقاي قىلىش ئۈچۈن باخشىلىق قىلىشقا دەرۋىشلەرنى تەكلىپ قىلدى. باخشى كۈنلەردىن بىرىنى تاللاپ، ئۇلار ئاۋۋال مۇلاقات كاشانىسىدە تىلاۋەت سورۇنى تەييارلىدى. ئۈچ قۇتبۇل ئەقتابنىڭ بۇتى قويۇلدى، بۇلارنىڭ ئىككى يېنىغا يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز مەنزىللىرىنىڭ ساھىبلىرى ۋە ماچاۋ، جاۋ يۈن، ۋېنخۇ ھەم جۇ يۇ تۆت چوڭ سەركەردىنىڭ نام تاختىلىرى، پەسكە ئوتتۇز ئالتە پەلەك سەركەردىسىنىڭ سۈرەتلىرى تىزىلدى. كوچە - نۆكچە، شام - چىراغلار ئۆينى بىر ئالدى. جەز دۇمباق، ئەپسۇن ياراغلىرى ئىككى قاسناقتا قاتار قويۇلدى، بەش يان پېشۋالىرىنىڭ تۇغلىرى قادالدى. دەرۋىشكالان قىرىق توققۇز دەرۋىشكە ۋەزايىپ تەيىنلەپ بىر كۈن تىلاۋەت ئوقۇدى. ئۈچ شەيخ باخشى ئىسرىق سېلىپ، سۇ ئالغاندىن كېيىن ئەپسۇن دۇمبىقى ياڭرىتىلدى. باخشىلار باشلىرىغا يەتتە يۇلتۇز تاجلىرىنى

كىيىپ، ئۇچىلىرىغا توققۇز ماقام ۋە سەككىز ئەشكاللىق جەندىلىرىنى ئارتىپ، پۇتلىرىغا بۇلۇت پايەكەشلىرىنى سىپىپ، قوللىرىغا پىل چىشى تەمتەكلىرىنى تۇتۇپ، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارغا سەجدە بىلەن ئىلتىجا قىلىشتى. ئاندىن بالا ـ قازانى دەپنە قىلىپ، نەسلىكنى سورۇپ، بەخت ـ ئامەت تىلەيدىغان «ئۆتكۈننامە»نى بىر كۈن ئوقۇشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەركەردىلەرنى چىللاپ ئېلان چىقاردى. ئېلانغا «ساقىپ، ساما، ئەرش ئۈچ ماكانىنىڭ ھېكمەتلىك زايچىسىدىن دەرس ئېيتقۇچى پازىل شەيخكالان مەزكۇر نامە بىلەن پەرمان قىلىدۇكى، مەزكۇر ماكاندىكى ھەممە مۆئەككىللەر تىلاۋەت سورۇنىغا ھازىر بولسۇن» دەپ يېزىلغاندى. شۇ كۈنى ئىككى قەسىردىكى چوڭ ـ كىچىك بەگ ـ غوجاملار باغقا كىرىپ، شەيخ ـ باخشىلارنىڭ جىن ـ ئالۋاستىلارنى تۇتۇشىنى كۆزىتىپ تۇردى. ئۇلار:

— كارامىتى قالتىس ئىكەن! مۆئەككىللەرنى چىللاپ، سەركەردىلەرنى ئىشقا سېلىپ مۇنداق ئالتوپىلاڭ قىلىۋاتسا، ھەرقانداق جىن ـ ئالۋاستىلارمۇ قورقۇپ قاچىدۇ، — دېيىشىپ. سورۇن ئالدىغا سىغدىلىشتى.

بالا دەرۋىشلەر تۇغ ـ بويداشلارنى كۆتۈرۈپ، بەلگىلەنگەن بەش تەرەپتە سەپراس بولۇپ شەيخكالاننىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئۈچ شەيختىن بىرسى قولىغا ھېكمەتلىك شەمشەر بىلەن دەمىدە سۇيى، بىرسى يەتتە يۇلتۇزلۇق ئاق تۇغ، بىرسى شاپتۇل ساپلىق جىن سوقۇش قامچىسىنى ئېلىپ سورۇن ئالدىدا تىك تۇردى. سېھىر ئەسۋابلىرى توختاپ، تۆردىن پەرمان تەمتىكى ئۈچ قېتىم شىلتىلدى، شەيخلەر ئەپسۇن ـ ئەرۋەش ئوقۇدى، بەش ياندىكى تۇغلار ئىرماش ـ چىرماش لەپىلدىتىلدى. شەيخكالان سورۇندىن چۈشۈپ، مەزكۇر خانىداندىكىلەرنى كەينىگە سېلىپ، بىنا ـ راۋاق، ئايۋان ـ ساراي، دەھلىز ـ ياتاق، تاغ يارلىرى ۋە سۇ بويلىرىنى ئارىلاپ دەمىدە سۇيىنى

چىچىپ، شەمشەرنى شىلتىپ چىقتى. قايتىپ پەرمان تەمتىكىنى ئۇدا ئۇرۇپ، يەتتە يۇلتۇز تۇغىنى كۆتۈرۈۋىدى، دەرۋىشلەر تۇغ ـ بويداشلارنى تەڭلا سىيپىلاتتى، جىن سوقۇش قامچىسىنى ھاۋادا ئۈچ قېتىم قارسىلداتتى. خانىداندىكىلەر، ئۇلار جىن ـ ئالۋاستىلارنى تۇتتى دەپ، كۆرۈشكە ئالدىراشتى. يېنىغا كېلىپ قاراشقاندى، ھېچقانداق ئەسەر كۆرۈنمىدى. شەيخكالان دەرۋىشلەرگە كوزىنى كەلتۈرۈپ، جىننى شۇنىڭغا سولاپ پېچەتلىدى، ئاندىن قىزىل موي قەلەم بىلەن ئۈستىگە دۇرۇت پۈتتى، ئۆز خانىقاسىنىڭ مۇنارى ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇشقا كىشى بۇيرۇپ، تىلاۋەت سورۇنىنى يىغىشتۇرۇپ، سەركەردىلەرگە رەھمەت بايان قىلدى. جيا شې شەيخكالانغا تەۋازۇ بىلەن باش قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

جيا رۇڭ قاتارلىق ياش ئاكا ـ ئۇكىلار كەينىدىن كۈلۈشۈپ:

ــ شۇنچە چوڭ داغدۇغا قىلغاندىن كېيىن، جىننىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىزگە تۇتۇپ كۆرسىتىدۇ دەپتىكەنمىز، بايا ئاشۇنداق ئىزدىشىدىكەن ـ دە! جىننى تۇتالىغاندىمۇ؟ ــ دېيىشكەندى، جيا جېن شۇئانلا:

ــ ۋۇي ئەخمەقلەر! ــ دەپ كايىدى، ــ جىن دېگەن يىغىلسا شەكىلگە كىرىدۇ، چېچىلسا بۇغ ـ بۇسقا ئايلىنىدۇ، بۇ يەردە شۇنچە كۆپ مۇئەككىل ـ سەركەردىلەر تۇرسا ئۆز قىياپىتىنى كۆرسىتەلەمتى؟ جىنلارنىڭ بۇغ ـ بۇسلىرىنى يىغىۋالسا ئېسىرلىك قىلالمايدۇ، سېھرىنىڭ قۇدرىتى دېگەن شۇ.

باشقىلار بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، قايتا پاراكەندە قىلمىسىلا شۇنىڭغا قاراپ بىرنېمە دەرمىز دېگەن يەرگە كېلىشتى. خىزمەتكارلار جىن ـ ئالۋاستىلار تۇتۇلۇپتۇ، دەپ بىلىپ، گۇماندىن قۇتۇلدى ـ دە، ئانچە قورقماس بولۇپ، بارا ـ بارا جىن ـ ئالۋاستىلارنى ئېغىزغا ئالمايدىغان بولدى. جيا جېنلارمۇ سەللىمازا ساقىيىپ، بۇنى شەيخكالاننىڭ سېھرى

كۆچـىدىن بولـدى، دەپ يۇرۇشتى. ئـارىدا بىرلا مـۇلازىم زاڭلىـق قىلىپ:

— باشتا بىلىنگەن ئۇ شەپىلەرنى مەنمـۇ ئۇقمايـتتىم. چـوڭ بېگىم بىلەن باغقا كىرگەن كۈنى يـوغان بىر قـىرغاۋۇل ئۇچـۇپ ئۆتۈپ كېتىۋىدى، شۇئەنىېر قورقىنىىدىن كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولـۇپ، راسـتىلا جـىن كـۆرۈنـدى، دېدى. بـىزمـۇ ئـۇنـىڭ يـالغانچىلىقـىنى راسـت دېيىشـىپ بەردۇق، چوڭ بـېگـىمـمۇ ئىشىنىپلا قالدى. شۇنىڭ بىلەن تىلاۋەت قىلىۋىدى، راسا تاماشا كۆردۇق ! — دېدى.

باشقىلار بۇ گەپلەرگە ئىشىنەمتى؟ شۇنداقتىمۇ باغدا تۇرۇشقا ھېچكىم پېتىنالمىدى.

بىر كۈنى جيا شېنىـڭ قىلىـدىغان ئىشى يوق، كېچىلىـرى باغقا ئوغرى ـ يالغان مۆكۈۋالمـىسۇن دەپ، باغـقا قاراش ئۇچـۇن بىرقانچە خىزمەتكارنى كۆچۈرگۈزمەكچى بولدى. تۆۋەندىكىلەرگـە بۇيرۇي دەپ تۇرۇشىغا، جيا ليەن كـىرىـپ سالام بەردى:

— بۇگۈن چوڭ تاغامنىڭكىگە بارغانىدىم، شۇ يەردە بىر مـىش ـ مىش گـەپ ئاڭلاپ قالـدىم، كـىچـىك ئاتامـنى قول ئـاسـتىدىكـى خادىملىرىنى چارلاپ تۇرمىغاچقا، غەللـە ـ پاراقنى زىـيادە ئاپتـۇ دەپ، بـۇيرۇق تۇتۇقـبەگ ئۇنى خـىزمـىتـىدىن ئېـلىـپ تـاشلاش توغرىسىدا خانغا ئىلتىماس تۇتۇپتىمىش، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— پىتنە ـ ئىغۋا بولسا كېرەك ! — دەپ ھەيران بولدى جيا شې، — قايـسى كۈنـلا تېخى كـىچىك ئـاتاڭدىن: تـەنچۇن پالانـى كۈنى يېـتىـپ كەلـدى. پالانى قۇتلۇق كۈنـدە تەنچۇنـنى دېڭـىز يـاقـىسـىغا ئۇزاتقـانـىدىم، تـىنچ ـ ئامـان يـېتىـپ بېرىپـتـۇ، ئۆيدىكىلەر غەم يېمىـگەي دەپ خەت كەلـگەن تۇرسا. ئـۇ خېتـىدە يەنـە: بۇيرۇق تۇتـۇقبەگ، قۇدا بـولدۇق، دەپ، مۇبارەكـلەپ چايغا چىللىدى دەيتىكەن. تۇغقان بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ئـۇستىدىن

ئەرز ـ شىكايەت قىلامدۇ؟ بۇ توغرىدا گەپ ـ سۆز قىلىپ يۈرمەي، مەنسەپدارلىق دىۋانىغا چاپسان بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ ماڭا ئۇچۇرىنى بەر.

جيا ليەن شۇ زامان چىقىپ كېتىپ، بىرھازادىن كېيىن كېلىپ مەلۇم قىلدى:

ــ مەنسەپدارلىق دىۋانىغا بېرىپ ئۇقۇشسام، كىچىك ئاتامنىڭ ئۈستىدىن ئەرز ـ شىكايەت سۇنۇلغانىكەن. شىكايەتنامە يۇقىرىغا يوللانغاندا، بەختىگە يارىشا، خان ئالىيلىرى شەپقەت ياغدۇرۇپ، بۇ ئىشنى دىۋانغا تاپشۇرماي: «قول ئاستىدىكى خادىملىرىنى چارلاپ تۇرماي، غەللە ـ پاراقنى ئېغىر قويۇپ پۇقراغا زۇلۇم سالغانلىقى ئۈچۈن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك ئىدى، ئەمما چەت ئۆلكىگە بىرىنچى قېتىم مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلىكى ۋە مەنسەپدارلىق خىزمىتىدە خام بولغانلىقى ئۈچۈن، قول ئاستىدىكى خادىملىرى تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۈچ دەرىجە چۈشۈرۈلۈپ، ئىنشائات دىۋانىغا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغان مۇئاۋىن چۆپدارلىققا تەيىنلەنسۇن، پايتەختكە دەرھال قايتىپ كەلسۇن!» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بۇ ئېنىق گەپ. مەنسەپدارلىق دىۋاندا پاراڭلىشىۋاتقىنىمدا جياڭشىدىن دىۋانبېگىنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەن ناھىيە ئامبىلى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئامبال كىچىك ئاتامنىڭ خاننىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن بەك مىننەتدار بولغانلىقىنى دەپ بەردى. ئاندىن ئۇ يەنە: ئوبدان باشلىقىمىز ئىدى. شۇغىنىسى، ناباب ئادەملەرنى ئىشلەتكەچكە، ئۇلار سىرتتا كۆز بويامچىلىق قىلىپ، كىشىلەرنى بوزەك ئېتىپ بېگىمنىڭ ياخشى نامىنى بۇلغاپ قويدى. بۈيرۈق تۇتۇقبېگىممۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋىرى بار بولغاچقا، بېگىمنى ياخشى ئادەم، دېگەن. نېمە ئىش بولدىكىن، يەنە ئەرز ـ شىكايەت قىلىشىپتىغۇتاڭ. بەلكىم غەلۋە ئاۋۇپ كەتكەچكە، كېيىن بىرەر پالاكەت يۈز بەرمىسۇن دەپ، ئىشلارنى

چارلاپ تۇرمىغان، دېگەن سەۋەب بىلەن مەلۇم قىلغان ئوخشايدۇ، ئىشنى يېنىكلەتمەكچى بولغان بولسا كېرەك، دەيدۇ.

جيا لىيەننىڭ گېپى تېخى تۈگىمەيلا، جيا شې ئۇنى:

— ئاۋۋال چىقىپ خان ئاچاڭغا ئېيتىپ قوي، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا ئېيتمىساقلا بولدى، — دەپ بۇيرۇدى.

جيا لىيەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلغىلى چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئۈچىنچى باب

## زەھەرلىك تۇزاق قۇرغان جىنگۇيىنىڭ ئۆز بېشىنى ئۆزى يېگەنلىكى
## قەدىناسى بىلەن ئۈچرىشىپ قالغان يۈيسۈننىڭ پارىخ بولۇش ئىشارىتىنى چۈشەنمىگەنلىكى

شۇنداق قىلىپ، جىيا لىيەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە كىرىپ، ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ دەپ بەردى. ئەتىسى دىۋانغا بېرىپ ئىشنى توغرىلاپ قويۇپ يېنىپ كېلىپ، بۇ ئىشىدىنمۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى خەۋەردار قىلدى.

— ئېنىق ئۇقۇشقانسەن؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — شۇنداقلا بولسىغۇ بېگىمگىمۇ ياقىدۇ، جىمى جەمەتىمىزمۇ خاتىرجەم بولىدۇ. ئۇنداق چەت - ياقا جايدا ئەمەلدار بولۇپ نېمە قىلىدۇ؟ بۇ باھانىدە قايتىپ كەلمەيدىغان بولسا، ئۇ خۇنپەرلەر بېگىمنىڭ جېنىغىمۇ زامىن بولۇشى مۇمكىن!

— خېنىم، ئۆزلىرى قانداق بىلىپ قالدىلا؟

— كىچىك ئاتاڭ چەت ئۆلكىگە ئەمەلدارلىققا ئەۋەتىلگەندىن بېرى بىزگە بىر داچەن ئەۋەتمەكتە يوق، ئۆيدىن بىرمۇنچە پۇلنى سەپلەپ بەردى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بېگىم بىلەن بارغانلارغا سەپسېلىپ باقە، ئېرەكتىلىرى كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا توقاللىرىنىڭ ئۇستىبېشى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن پۇركىنىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ سىرتتا بېگىمگە تۇيدۇرماي پۇل تاپقانلىقى مانا مەن دەپ تۇرمامدۇ؟ كىچىك ئاتاڭ ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ

بەرگەن ئوخشايدۇ. چاتاق چىقىپ قالىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ مەنسىپى بۇياقتا تۇرسۇن، ئەجدادلارنىڭ نام ـ شۆھرەتلىرىمۇ تۆگەيدۇ!

— ئېيتقانلىرى توغرا، خېنىم، — دېدى جيا ليەن، — بايا، شىكايەتنامە بىرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بەك قورقۇپ كەتكەنىدىم. ئوقۇشۇپ ئېنىقنى بىلگەندىن كېيىن يۈرىكىم ئىزىغا چۈشتى. بولىسغۇ ئۇلۇغ بېگىم پايتەختتە ئەمەل تۇتۇپ تىنچ ـ ئامان بىرقانچە يىل مەنسەپدارلىق قىلغان بولسا، ئۆمۈرۋايەتلىك شان ـ شۆھرىتىنى ساقلاپ قالالايتتى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاڭلىسىمۇ خاتىرجەم بولاتتى. خېنىم، ئۆزلىرى بۇ گەپنى ئەگىتىپ‌پىرەك ئېيتىپ قويارلا.

— بىلىمەن، يەنە بېرىپ ئوبدانراق ئۇقۇشۇپ باققىن جۇمۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

جيا لىيەن خوپ دەپ يېنىپ چىقاي دەپ تۇراتتى، شۇ ھاممىنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتكار خوتۇن ھودۇقىقان پېتى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيىگە كىرىپ كەلدى ۋە سالامىمۇ بەرمەي:

— بىزنىڭ خېنىم ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلغىن دەپ مېنى ئەۋەتتى: بىزنىڭ ئۆيدە يامان ئىش بولدى، يەنە چاتاق چىقتى! — دېدى.

— قانداق چاتاق چىقتى؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— يامان بولدى، بەك يامان بولدى! — دېدى ھېلىقى خوتۇن يەنە.

— ھۇي كالۋا! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى جىملەپ، — يامان ئىش بولغان بولسا، بېزىرىپ تۇرماي دېمەمسەن!

— ئۆيدە ئوتتۇرانچى غوجىمىزمۇ يوق، بىرمۇ ئېرەكتە يوق ئىدى. چاتاق چىقىپ قالدى، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى! خېنىم ئۆزلىرى غوجاملارنى ئەۋەتكەن بولسىلا قارىشىپ بەرگەن بولسا، —

دېدى ھېلىقى خوتۇن.

— غوجاملارنى زادى نېمە ئىشقا ئەۋەتىدىغان گەپ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇقالماي ئىچى تىتىلداپ.

— بىزنىڭ چوڭ كېلىن ئاغىچا ئۆلۈپ قالدى! — دېدى خىزمەتكار خوتۇن.

— تۇفى! ئۇنداق رەپتاردا يوق خوتۇن ئۆلسە ئۆلمەمدۇ، شۇنىڭغىمۇ مۇشۇنچىلا ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟ — دەپ كايىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ئۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەي ئىش تېرىپ ئۆلدى! خېنىم، ئۆزلىرى پاتراق ئادەم بۇيرۇپ ياردەملەشتۇرۇپ بەرگەن بولسىلا! — دەپ كەتكىلى قوپتى ئۇ خىزمەتكار خوتۇن.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقىمۇ كەلدى، كۈلگۈسىمۇ كەلدى:

— ئەجەبمۇ قاملاشمىغان خوتۇن ئىكەن بۇ. جيا ليەن غوجا، بۇ بىغەرەز بىلەن كارىڭ بولماي، ئۆزۈڭ بېرىپ كۆرۈپ باقساڭ بولغۇدەك، — دەپ بۇيرۇدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

ھېلىقى خىزمەتكار خوتۇن جيالىيەننى بۇيرۇغانلىقىنى ئاڭلىماي، «كارىڭ بولمىسۇن» دېگەننىلا ئاڭلاپ قېلىپ قورسىقى كۆيۈپ پالاقشىپ چىقىپ كەتتى.

بۇياقتا شۆ ھاما ھېچكىم كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىچى تىتىلداپ تۇراتتى. ئاڭغىچە ھېلىقى خىزمەتكار خوتۇن يېتىپ كەلدى.

— ئاچام كىمنى ئەۋەتتى؟ — دەپ سورىدى شۆ ھاما.

— ئىلاھىم، ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشمىسۇن! ھەرقانچە يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان بولغىنى بىلەنمۇ ئەسقاتمايدىكەن! ھاما خېنىم بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن بۇياقتا تۇرسۇن، مېنى كالۋا دەپ تىللاۋاتىدۇ تېخى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ خىزمەتكار خوتۇن.

شۆ ھاما ئۇ ھەم خاپا، ھەم تىت - تىت بولۇپ:

— ئاچامنىڭ كارى بولمىسا، ئۆزىمىزنىڭ قىزىچۇ، ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — دېدى.
— هاما خېنىمنىڭ كارى بولمىغان يەردە، خان قىزنىڭ تېخىمۇ كارى بولمايدۇ ـ دە، شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىغا بارمايلا قويدۇم.
— ئاچام بولسا هازىر يات كىشى، خان قىزنى مەن تۇغقان، ئۇنىڭ نېمىدەپ كارى بولمايدىكەن؟ — دېدى شۇ هاما بۇ خوتۇننىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈرۈپ.
— هە راست! ئەمىسە يەنە بىر باراي، — دېدى ئۇ خوتۇن دەررۇ ئەقلىنى تېپىپ.
گەپ ئۇستىگە جيا ليەن يېتىپ كەلدى ۋە شۇ هامىدىن ئېسەنلىك سوراپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى:
— خان ئاچام ئىنىمنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، خىزمەتكار خوتۇندىن سۈرۈشتۈرۈۋىدى، تىلىنى چايناپ دەپ بېرەلمىدى، شۇڭا بىتاقەت بولۇپ، مېنى ئېنىق ئۇقۇپ باق هەم ئىشلارغا قارىشىپ بەر، دەپ ئەۋەتتى. قانداق قىلىش توغرىسىدا ئۆزلىرى نېمە دېسىلە، مەن شۇ بويىچە بېجىرەي.
ئاچچىقىدا يېرىلىپ كېتەي دەپ تۇرغان شۇ هاما جيا ليەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئالمان ـ تالمان:
— يەنە سىلىنى جوۋتىپتىمىز، غوجام. ئاچام ماڭا بەكمۇ كۆيۈنەتتى، مۇشۇ دەللە گەپنى ئۇقشاپ قىلالماي، ئىشنى بۇزۇپ قويۇشقا تاس قاپتۇ ـ دە. غوجام، ئولتۇرسىلا، بىر ۋىراقى دەپ بېرەي، — دەپ گەپنى باشلىدى، — بۆلەك ئىش ئۈچۈن ئەمەس، كېلىنىمنىڭ يامانلىق تىلەپ ئۆلگىنى ئۈچۈن ئەمتىرەپ قالدىم.
— ئىنىمغا ئەرزىيەت يېتىپ قالغاچقا، تەلىيىم كاج ئىكەن دەپ ئۆلۈۋالغانمىكىن؟ — دېدى جيا ليەن.
— ئۇنداق بولسىغۇ مەيلىدى! — دېدى شۇ هاما، — بىرنەچچە ئاي بۇرۇن ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە يالاڭ ئاياغ، پاخما باش ساراڭدەك غەلۋە قىلىپ يۈردى. كېيىن ئىنىمىزنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا

تارتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر قۇر يىغلىغان بولدى، ئاندىن ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ ياسىنىدىغان بولۇۋالدى. گەپ قىلاي دېسەم يەنە، جاڭجال كۆتۈرمىسۇن دەپ سىنەكمىگەنىدىم. بىر كۈنى ئۆزىچىلا شىياڭلىڭنى ماڭا ھەمراھ بولسا دەپ كىرىپتۇ. مەن، يېنىڭىزدا باۋچەن تۇرسا، شىياڭلىڭنى نېمە قىلاتتىڭىز؟ يەنە كېلىپ شىياڭلىڭ بىلەن خۇشىڭىز كەلمەيدۇ، بىكار ئۆزىڭىزگە خاپىلىق تېپىپ نېمە قىلىسىز، دېسەممۇ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. نائىلاج شىياڭلىڭنى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا چىقاردىم. بىچارە شىياڭلىڭ گېپىمنى يىرالماي، كېسەل بولسىمۇ باردى. نەدىن بىلەي، ئۇ شىياڭلىڭغا قەۋەتلا ئوبدان مۇئامىلە قىپتۇ، مەنمۇ خۇش بولۇپ قالدىم. چوڭ سىڭلىڭىز بۇنى ئاڭلاپ: «نىيىتى ياخشى بولمىسا كېرەك؟» دېسە، مەنمۇ ئېرەن قىلماپتىمەن. ئالدىنقى كۈنلەردە شىياڭلىڭ ئۆزىنىڭ تاۋى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن شورپا قىپتۇ. شىياڭلىڭ ئەجەبمۇ بىتەلەي ئىكەن، شورپىنى ئەمدىلا قېشىغا ئاپىرىپتىكەن، ئۇ قولىنى ئۆزى كۆيدۈرۈۋېلىپ چىنىنى چېقىۋېتىپتۇ. مەن ئەمدى ئەيىبنى شىياڭلىڭغا ئارتىدىغان بولدى دېسەم، ئۇ خاپىمۇ بولماي، ئۆزى سۈپۈرگىنى ئېلىپ سۈپۈرۈۋېتىپتۇ، يەرنىمۇ سۇ چېچىپ تازىلاپتۇ. ئىككىسى يەنە ئىناق ئۆتتۇۋەردى. تۈنۈگۈن كەچتە شىياڭلىڭ بىللە ئىچىمەن دەپ، باۋچەنگە ئىككى چىنە شورپا ئەتكۈزۈپتۇ. بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا چۇقان كۆتۈرۈلدى. باۋچەن ھودۇقۇپ ئاغىل - تاغىل توۋلىغىلى تۇردى، شىياڭلىڭمۇ ۋارقىراپ تام ياقىلاپ چىقىپ ئادەم چاقىردى، مەن ئىتتىك كىرىپ قارىسام، كېلىنىمنىڭ بۇرنىدىن، كۆزلىرىدىن قان قۇيۇلۇپ، يەردە دومىلاپ - تولغىنىپ يېتىپتۇ. قورقۇپ جېنىم چىقاي دېدى! گەپ سورىسام، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمىدى، بىر پەس جان تالاشقاندىن كېيىن جان ئۈزدى. مەن بۇ ئەپتىدىن زەھەر ئىچۈۋالدىمىكىن دېگەن يەرگە كەلدىم. باۋچەن يىغلاپ كېلىپ، كېلىن ئاغىچىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن مۇشۇ، دەپلا

www.uyghurkitap.com

شياڭلىڭغا ئېسىلدى. شياڭلىڭ ئۇنداق قىز ئەمەس. يەنە كېلىپ ئۇ كېسەلدىن ئۆرە بولالماي تۇرسا، قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا زەھەر بېرىدۇ؟ باۋچەن ئۇنى چىشلەپ تارتىپ تۇرۇۋالدى. جېنىم غوجام، مەن قانداق قىلاي؟ ئامالىنىڭ يوقىدىن باغرى تاشلىق قىلىپ شياڭلىڭنى خوتۇنلارغا باغلىتىپ باۋچەنگە تاپشۇرۇپ ئىشىكنى تاقىتىپ قويدۇم. سىڭىللىرى باۋچىن بىلەن كېچىچە ئۆلۈكنى ساقلاپ، قەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغاندا، ئاندىن خەۋەر قىلدۇردۇم. غوجام، ئۆزلىرى ئوقۇمۇشلۇق كىشى، بۇ ئىشنى قانداق قىلساق بولار؟

— شيا جەمەتى خەۋەر تاپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ليەن.

— ئېنىقلاپ بولۇپراق ئاندىن خەۋەر قىلارمىز! — دېدى شۆ هاما.

— مېنىڭچە بولغاندا، — دېدى جيا ليەن، — بۇ ئىشنى هۆكۈمەت ئالدىدا ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. بىزغۇ باۋچەندىن گۇمان قىلمىز، لېكىن باشقىلار، باۋچەن ئۆز خېنىمىنى نېمىشقا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرىدىكەن، دەيدۇ. شياڭلىڭنى قىلدى دېسە، بۇ جىنايەت شۇنىڭغا يۈكلىنىدىغاندەك تۇرىدۇ.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، رۇڭگو قەسىرىنىڭ خىزمەتكار ئاياللىرى:

— ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىمىز كەلدى، — دەپ كىرىشتى. جيا ليەن قېيىنئاغا بولسىمۇ، كىچىكىدىن كۆرۈپ يۈرگەچكە ئۆزىنى ئۇنىڭدىن تارتىپ يۈرمىدى. باۋچەي كىرىپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشتى، جيا ليەن بىلەنمۇ كۆرۈشتى، ئاندىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. شۆ هاما بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغىمۇ بىر قۇر دەپ بەردى.

— شياڭلىڭنى باغلىتىپ قويسىڭىز، بىزمۇ شياڭلىڭ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ، دېگەن بولۇپ قالمايمىزمۇ؟ ئانا، شورپىنى باۋچەن ئەتكەن دېدىڭىز، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن باۋچەننى باغلاپ سوراقىغا تارتىش كېرەك - دە. بىر ياقتىن شيا جەمەتىگە

خەۋەر قىلىپ، يەنە بىر ياقتىن ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغىنىمىز تۈزۈك، — دېدى باۋچەي.

شۆ ھامما بۇ گەپنى ئورۇنلۇق بىلىپ، جيا لىيەندىن سورىغانىدى، جيالىيەن:

— ئىككىنچى سىڭلىمنىڭ گېپى توغرا، — دېدى، — ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىدىغان بولساق، مەن ئاۋۋال بېرىپ ئەدلىيە دېۋانىدىكىلەرگە ھاۋالە قىلىپ قوياي، جەسەت تەكشۈرگەندە، سوراق قىلغاندا ئۇلار لايىقىدا ئىش قىلىدۇ. بىراق، باۋچەننى باغلاپ شياڭلىڭنى بوشىتىۋەتسەك ئىش مۈشكۈللىشىپ كېتەرمىكىن دەيمەن.

— شياڭلىڭنى باغلاتقۇم كېلىپ باغلىتىپ قويمىدىم، — دېدى شۆ ھامما، — ئۇ بىتاپلىقىدا خورلۇقتا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ يەنە بىر جانغا زامىن بولمايلى دەپ باغلىتىپ، مەقسەتلىك ھالدا باۋچەنگە تاپشۇرغانىدىم.

— بۇنداق قىلساق بىز باۋچەنگە بولۇشقان بولىمىز، — دېدى جيا لىيەن، — ئۇ ئۈچى بىللە تۇرىدىغان بولغاچقا، قويۇپ بەرسەك، ئىككىلىسىنى تەڭ قويۇپ بېرەيلى، باغلىساق، ئىككىلىسىنى باغلايلى. بىركىمنى بۇيرۇساق شياڭلىڭغا تەسەللى بېرىپ قويسا بولىدۇ.

شۆ ھامما ئىشىكنى ئاچتۇرۇپ كىردى. باۋچەي ئۆزى باشلاپ كەلگەن بىرنەچچە ئايالنى باۋچەننى باغلىشىپ بېرىشكە كىرگۈزدى، شياڭلىڭ يىغلاۋېرىپ ئۆلەي دەپ قالغان، باۋچەن بولسا كېرىلىپ كەتكەنىكەن. كېيىن ئۇ ئۆزىنىمۇ باغلىماقچى بولۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ كەتتى. ئۇنىمىغىنىغىمۇ قويماي رۇڭگو قەسىرىدىكىلەر ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۇنىمۇ باغلاپ قويدى ھەم خەق كۆرسۇن دەپ ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىپ قويدى.

شيا جەمەتىگە خەۋەر يەتكۈزگىلى كىشى كەتتى. شيا جەمەتى بۇرۇن پايتەختتە ئەمەس ئىدى، بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان

www.uyghurkitap.com

خىراجدىن قىسىلىپ قېلىپ ھەم قىزنى سېغىنىپ پايتەختكە يېڭىلا كۆچۈپ كەلگەندى. جىنگۇينىڭ ئاتىسى تۇگەپ كېتىپ ئانىسىلا قالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر مۇتتەھەمنى ئوغۇلچىلاپ بېقىۋالغانىدى، ئۇ ئۆينىڭ تەئەللۇقاتلىرىنى خەجلەپ تۈگىتىپ بولۇپ، پات ـ پات شۆ ئائىلىسىگە كېلىۋالاتتى. جىنگۇي ئۇجمە كۆڭۈل چوكان تۇرسا، قۇرۇق ھۇجرىدا تۇرالامتى؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەتىدىن كەچكىچە شۆ كېگە كۆڭلى تارتىپ نەپسى تاقىلداپ يۈرەتتى. يەنە كېلىپ ھېلىقى ئاتاق ئىنىسىمۇ دۆت بىرنېمە ئىدى، ئۇنىڭمۇ كۆڭلىگە بىرئاز سۇ يۇگۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن تېخىچە ئۇندەككە كەلمەي يۈرەتتى، شۇڭا جىنگۇي پات ـ پات ئانىسىنىڭكىگە بېرىپ ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ تۇراتتى. شۇ كۈنى ئۇ جىنگۇينىڭ كېلىشىگە تەقەززا بولۇپ تۇرغاندا شۆ ئائىلىسىدىن ئادەم كەلدى، ئۇ ئىچىدە: «يەنە بىرەر نەرسە ئەكەلدى بولغاي» دەپ ئويلىغانىدى، كەلگەن كىشى كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۇلارنىڭ قىزىنىڭ زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالغانلىقىنى خەۋەر قىلىۋىدى، ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالا ـ تاغىل ۋارقىراپ كەتتى. جىنگۇينىڭ ئانىسى ئاڭلاپ، ھۇ تارتىپ يىغلىغىنىچە: «ساپساق تۇرغان قىزىم ئۇلارنىڭ ئۆيىدە نېمىشقا زەھەر يەپ ئۆلىۋالىدۇ؟» دەپ جاۋرىغان پېتى ئوغلىنى باشلاپ، مەپە كىرا قىلىشقىمۇ قارىماي ياياق ماڭماقچى بولدى. شيا ئائىلىسى ئەسلىدە سودىگەر ئىدى، ئەمدى پۇلى تۈگىگەن تۇرسا نېمىدىن نومۇس قىلاتتى؟ ئوغلى ئالدىدا كەتتى، ئۆزى موماي بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپ كوچىدا خىرتىلداپ يۈرۈپ بىر مەپىنى كىرا قىلىپلا ئۇدۇل شۆ ئائىلىسىگە كەلدى، دەرۋازىدىن كىرىپلا گەپ ـ سۆز يوق، «ۋاي بالام، جېنىم بالام» دەپ يىغىنى سالدى.

شۇ چاغدا جيا ليەن بىركىمگە ھاۋالە قىلىش ئۇچۇن ئەدلىيە دىۋانىغا كەتكەن، ئۆيدە شۆ ھامما بىلەن باۋچەي، باۋچىنلا قالغانىدى. ئۇلار مۇنداق جاڭجالنى ھېچقاچان كۆرۈپ

www.uyghurkitap.com

باقمىغاچقا، قورقۇپ زۇۋان سۈرەلمەي قالدى. يوللۇق سۆزلىشەيلى دېسە، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان تۇرى يوق ئىدى.

— قىزىم سىلەرنىڭكىگە كەلگەندىن بۇيان نېمە خوۋلۇق كۆرۈپتۇ؟ ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئەتىدىن كەچكىچە ئۇرۇش - تالاش بىلەنلا ئۆتتى، بىرنەچچە قېتىم غەلۋە قىلىشقان بولسىمۇ ئىككىسىنىڭ بىر يەردە بولۇشىغا يول قويمىدىڭلار، ھەرگىز دىدار كۆرۈشمىسۇن دەپ پۇتۇشۇۋېلىپ، كۇيۇ ئوغلۇمنى زىندانغا تاشلاتقۇزدۇڭلار. ئانا - بالا ئۇچىڭلارنىڭ دۆلەتمەن تۇغقانلىرىڭلارنى ھىمات قىلغىنىڭلارنى ئاز دەپ كۆزۈمگە سەت كۆرۈندى دەپ، ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزى زەھەر يەپ ئۆلۈۋالدى دېيىسلەرغۇ! نېمىشقا زەھەر يەيدىكەن؟ — ئۇ ئايال شۇنداق دەپلا شۇ ھامىمغا ئېتىلدى.

— قۇدا خېنىم! — دېدى شۇ ھاما كەينىگە داجىپ، — ئاۋۋال قىزلىرىنى كۆرسىلە، باۋچەندىن سوراپ باقسىلا، ئاندىن ئاغزىلىرىغا كەلگەننى دەۋەرسىلىمۇ مەيلى!

تالادا شيا جەمەتىنىڭ ئوغلى بولغاچقا، باۋچەي، باۋچىنلەر چىقىپ ئارىچىلاشقا ئوڭايسىزلىنىپ، ئىچكىرىدە ئىچى تىتىلداپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قارىشىشقا ئەۋەتكەن جو رۈيىنىڭ ئايالى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا قارىسا، بىر قېرى خوتۇن شۇ ھامىمىنىڭ يۈزىگە قولىنى شىلتىپ، يىغلاپ تىللىغىلى تۇرۇپتۇ. جو رۈيىنىڭ ئايالى ئۇنى جىنگۈيىنىڭ ئانىسى ئىكەن دەپ چاغلاپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— بۇ خېنىم قۇدىمىز بولامدۇ؟ كېلىن ئاغىچا ئۆزى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان تۇرسا، ھاما خېنىم بىلەن نېمە داخىلەتچىلىكى بولاتتى؟ شۇنچە ئاھانەت قىلغانمۇ بارمۇ! — دېدى.

— سىز كىم ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى جىنگۈيىنىڭ ئانىسى.

— بۇ كىشى بىزنىڭ جيا قەسىرىدىكى تۇغقانلىرىمىزنىڭ

يېنىدىن كېلىدۇ، — دېدى شۇ ھامما بولۇشىدىغان ئادەم كەلگەنلىكىدىن سەل يۈرەكلىكرەك بولۇپ.

— يانتاياق بولىدىغان تۇغقىنىڭلار بولغاچقا، كۈيئو ئوغلىمىزنى زىندانغا تاشلىتىۋېتەلىگەنلىكىڭلارنى كىم بىلمەيتتى! مانا ئەمدى مېنىڭ قىزىممۇ بىكاردىن - بىكار ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟ — دېدى جىنگۇينىڭ ئانىسى شۇ ھاممىنى تارتقۇچىلاپ، — قىزىمنى زادى قانداق ئۆلتۈردۈڭ؟ ماڭا كۆرسەت!

— كىرىپ كۆرىۋېرىڭ! مۇنداق تارتقۇچىلاپ يۈرمەي، — جۇ رۇينىڭ ئايالى نەسىھەت قىلغاچ، ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— خاندانىڭلارنى ھىمات قىلىپ ئانامنى ئۇرامتىڭ؟ — دەپ يۈگۈرۈپ كىرىپ بولۇشتى شىيا جەمەتىنىڭ ئوغلى ۋە ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىپ ئېتىۋىدى تەگمەي قالدى. باۋچەي بىلەن كەلگەنلەر تاشقىرىدا جېدەل چىققانلىقىنى ئۇقۇپ ئىچكىرىدىن ئۈپۈر - تۇپۇر يۈگۈرۈشۈپ چىقتى، جۇ رۇينىڭ ئايالى ئەدەپ يەپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلاش - چولاش كېلىپ، ئارىچىلىدى، شىيا جەمەتىدىن كەلگەن ئانا - بالا ئىككىسى كۆكەرمىلىك قىلىپ:

— رۇڭگو قەسىرىڭلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى بىلىمىز! قىزىمىز ئۆلۈپتۇ، ئەمدى بىزمۇ جېنىمىزدىن تويدۇق! — دەپ، شۇ ھاممىغا جېنىنى تىكىپ ئېتىلدى. قەدىمكىلەرنىڭ: «جاندىن كەچسە بىر كىشى، توسالماپتۇ مىڭ كىشى» دېگىنىدەك، شۇنچە ئادەم تۇرۇپمۇ ئۇلارنى توسۇۋالالمىدى. جېدەل تازا ئەۋج ئالغاننىڭ ئۈستىگە، جىيا ليەن يەتتە - سەككىز خىزمەتكارنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، ئاۋۋال شىيا جەمەتىنىڭ ئوغلىنى ئاچىقتۇرۇۋەتتى، ئاندىن:

— غەلۋە قىلىشما، گېپىڭ بولسا چىرايلىقچە ئېيتىش. ئۆيلەرنى چاپسان يىغىشتۇرۇڭلار، ھېلى ئەدلىيە دىۋانىدىكى بېگىملەر جەسەت تەكشۈرگىلى كېلىدۇ، — دېدى.

جىنگۇينىڭ ئانىسى تازا كۆكەرمىلىك قىلىۋاتاتتى، شۇ ئارىدا بىر بېگىم كىرىپ كەلدى. باشتا ھاي - ھۇي دېيىشىۋاتقانلار بۇ

بېگىمنى كۆرۈپلا قوللىرىنى سېلىپ تىك تۇرۇشۇپ قالدى، جىنگۇينىڭ ئانىسى بۇ ئەھۋالغا قاراپ، بۇ كەلگۈچىنىڭ جىيا قەسرىنىڭ قانداق ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. قارىسا، ئوغلىنىمۇ بىرمۇنچە ئادەم تۇتۇپ تۇرغان، تېخى ئەدلىيە دىۋانىدىنمۇ جەسەت تەكشۈرىدىغانلار كېلىدۇ دەۋاتقان. ئۇ ئەسلىدە قىزىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ، ئاۋۋال بولۇشىچە غەلۋە تېرىۋېتىپ، ئاندىن دادلاپ بارماقچى بولغانىدى، بەختىگە قارشى، بۇلار ئاۋۋال مەلۇم قىلىپ بولغاچقا، ئۇمۇ سەل بوشاشتى. شۇ ھاما قورقىنىدىن مەڭدەپلا قالغانىدى، شۇڭا بولغان ئىشنى جو رۇينىڭ ئايالى مەلۇم قىلىشقا توغرا كەلدى:

— ئۇلار كېلىپ، قىزىنىمۇ كۆرمەيلا ھاما خېنىمغا يېپىشىپ ئاھانەت قىلغىلى تۇردى، — دېدى ئۇ، — بىز ئۇنىڭغا چىرايلىقچە گەپ قىلىۋاتساق، خانلىرىمىزنىڭ ئارىسىغا نەدىندۇر بىر ساياق ئېرەكتە يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئەسكىلىك قىلىپ قارىقويۇق ئۇرغىلى تۇردى، قانۇن - قائىدە دېگەن نەدە قالدىكىنتاڭ!

— بۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، كېيىن دۇمبالاپ سورىقىنى قىلىمىز، — دېدى جىيا ليەن، — ئەرلەرگە ئەرلەرنىڭ سورۇنى بار، ئىچكىرى ئۆيدە خېنىم - ئاغىچىلار تۇرىدۇ، قىزىنى كۆرمەكچى بولسا، ئانىسى كۆرسىمۇ بولاتتىتىغۇ؟ ئۇ ئۇرۇش - تالاش ئۈچۈن كىرگەن نېمە؟

خىزمەتكارلىرى ئۇنى - بۇنى قىلىپ يۇرۇپ ئۇلارنى بېسىقتۇردى.

— شىيا ئاغىچا خېنىم، ئىشنىڭ يولىنى بىلمىدىڭىز! — دېدى جو رۇينىڭ ئايالى ئادەم كۆپىيىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، — كەلگەندىن كېيىن ئاق - قارىنى سوراپ باقىدىغان گەپ. قىزىڭىز ئۆزى زەھەر يەپ ئۆلۈۋالغان، ئۇنداق بولمىسا، باۋچەن زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەن. نېمىشقا نېرى - بېرىسىنى سورىمايلا، جەسەتنىمۇ كۆرمەي تۇرۇپلا خەققە پوپوزا

قىلىسىز؟ بىز قاراپ تۇرۇپ ئۆز كېلىنىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەمدۇق؟ ھازىر باۋچەننى باغلاپ قويدۇق. قىزىڭىز، ساقسىزمەن، شياڭلىڭ ھەمراھ بولسۇن دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر ھۇجرىدا تۇرغانىكەن، شۇڭا ئىككىلىسىنى نەزەربەندكە ئالدۇق. سىلەرنى كەلسە، ئەدلىيە دىۋانىدىكىلەرنىڭ جەسەتنى تەكشۈرۈپ سوراق قىلىپ سەۋەبىنى تېپىپ چىققىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسە، دەپ ساقلاپ تۇرغان، بۇ يوللۇق ئىشقۇ!

شۇ تاپتا جىنگۈينىڭ ئانىسى يانتاياقسىز يېگانە قالغانىدى، نائىلاج جۇ رۈينىڭ ئايالىغا سوڭدىشىپ قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. قىزى يۈز - كۆزى قانغا بويالغان ھالدا كاڭدا قېتىپ ياتاتتى، ئۇ بۇنى كۆرۈپلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— خان قىزىمىز ياخشى كۆڭلى بىلەن شياڭلىڭنى مەن بىلەن بىللە تۇرسۇن دەپ يېنىغا ئەكىرىۋالغانىدى. ئۇ پەيتنى تېپىپ، خان قىزنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويدى! — دېدى باۋچەن ئۆز كىشىلىرىنى كۆرۈپلا يىغلىغىنىچە.

شۇ جەمەتىدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ئىدى.

— كاپىشما! — دەپ ۋارقىرىدى ھەممەيلەن تەڭلا، — تۈنۈگۈن كېلىن ئاغىچا شورپىنى ئىچىپلا ئۆلدى، شورپىنى سەن ئەتكەنغۇ؟

— شورپىنىغۇ مەن ئەتتىم، ئەكىرىپ قويۇپ بىر ئىش بىلەن چىقىپ كەتكەنىدىم، — دېدى باۋچەن، — شياڭلىڭ شورپىغا نېمە سېلىپ قويدىكىن، ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

جىنگۈينىڭ ئانىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلار - ئاڭلىمايلا، شياڭلىڭغا ئېسىلغانىدى، كۆپچىلىك ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— مەرگىمۇش بىلەن زەھەرلەنگەندەك تۇرىدۇ، بىزنىڭكىدە ئەزبىرايى مۇنداق نەرسە يوق ئىدى، بۇنى يا شياڭلىڭ ياكى باۋچەن سىرتتىن سېتىۋېلىپ بەرگەن نېمە، — دېدى شۇ ھامما، — ئەدلىيە دىۋانىدىكىلەر كېلىپ سوراق قىلغاندا

بەربىر تېنىۋالالمايدۇ. ئەمدى كېلىننى تۈزەشتۈرۈپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئەمەلدارلارنىڭ كېلىپ جەسەتنى تەكشۈرۈشىنى كۈتەيلى.

خىزمەتكار خوتۇنلار تۆپىگە چىقىپ جەسەتنى كۆتۈرۈشۈپ ياتقۇزدى.

— ساپلا ئەر خەقلەر كىرىدۇ، ئاياللارغا خاس نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭلار، — دېدى باۋچەي.

كاڭدىكى كۆرپە ئاستىدىن يىمىرىپ قويۇلغان قەغەز تۈگۈچ چىقىپ قالدى. جىنگۈينىڭ ئانىسى كۆرۈپ قېلىپ، ئېچىۋىدى، ئىچىدىن ھېچنېمە چىقمىغاچقا چۆرۈۋەتتى.

— مانا دەلىل ـ ئىسپات دېگەن ! — دېدى بۇنى كۆرگەن باۋچەن، — بۇ قەغەز تۈگۈچنى مەن تونۇيمەن: ئالدىنقى كۈنلەردە چاشقان ئەدەپ كەتكەنىدى. بىر كۈنى كېلىن ئاغىچا ئۆيگە بارغاندا بەگ تاغىمىزدىن ئازراق چاشقان دورىسى سورىۋالغان، ئۆيگە ئەكەلگەندىن كېيىن ئۇنى پەرداز قۇتىسىغا سېلىپ قويغان. ھەرقاچان شياڭلىڭ كۆرۈپ قېلىپ، كېلىن ئاغىچىنى شۇنىڭدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن نېمە، چىنپۇتمىسەڭلار پەرداز قۇتىسىنى ئاختۇرۇپ بېقىڭلار.

جىنگۈينىڭ ئانىسى باۋچەننىڭ گېپى بىلەن پەرداز قۇتىسىنى ئېلىپ ئېچىۋىدى، بىرنەچچە تال كۈمۈش چارا ـ تۈرگۈچلا چىقتى.

— شۇنچىۋالا بېزەك ـ جابدۇقلىرى نەگە كەتتى؟ — دېدى شۆ ھامما.

باۋچەي ئىشكاپ ـ ساندۇقلىرىنى ئاچقۇزۇۋىدى، ھەممىسى قۇرۇقدىلىنىپ قاپتۇ.

— يەڭگەمنىڭ تەئەللۇقلىرىنى كىم ئەكەتتى؟ بۇنىغۇ باۋچەندىن سۈرۈشتۈرەرمىز، — دېدى باۋچەي. شۆ ھامما باۋچەندىن ئىزدەك ـ سورىقىنى قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، جىنگۈينىڭ ئانىسىنىڭ يۈرىكى خېلىلا پوكۇلداپ:

— خان قىزنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ —



www.uyghurkitap.com

دېدى.
ــ قۇدا خېنىم، ئۇنداق دېمىسىلە، ــ دەپ گەپ ئارىلىدى جۇ رۇينىڭ ئايالى، ــ مېنىڭ بىلىشىمچە، باۋچەن قىز ئەتىدىن كەچكىچە كېلىن ئاغىچىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى، نېمىشقا بىلمەيدىكەن؟
ــ كېلىن ئاغىچا ھەر بارغىنىدا ئۆيگە ئەكېتىۋاتسا مەن نېمە دېيەلەيتتىم؟ ــ دەۋەتتى سوراقنىڭ چىڭغا ئايلانغانلىقىنى بايقىغان باۋچەن تېنىۋېلىشقا پېتىنالماي.
ــ مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە، قۇدا خېنىم! ــ دېيىشتى كۆپچىلىك تەڭلا، ــ قىزىڭىزنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى گوللاپ ئېلىۋېرىپ قۇرۇتۇپ بولغاندا، ئۆزىڭىز ئۇنى ئۆلۇشكە مەجبۇر قىلىپ بىزگە ئۇششۇقلۇق قىلماقچى بوپسىز ـ دە! ئەمدى ئوبدان بولدى! جەسەت تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەرگە، بۇ گەپنىمۇ دەيلى.
ــ تالاغا چىقىپ جيا ليەن ئاكامغا ئېيتىپ قويۇڭلار: شيا جەمەتىنىڭ ئادەملىرىنى قويۇپ بەرمىسۇن! ــ دەپ ئادەم چىقارتتى باۋچەي.
ئىچكىرىدە جىنگۈينىڭ ئانىسى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئالدىراپ قالدى.
ــ جۇۋاينىمەك! تىلىڭنى چاينىما! ــ دەپ تىللىدى باۋچەننى ئۇ، ــ خان قىز قاچانلاردا بىزنىڭ ئۆيگە بىرنەرسە توشۇپتۇ؟
ــ ھازىر نەرسە ـ كېرەك چاغلىق گەپ، خان قىزنىڭ جېنىغا جان ئېلىش چوڭ ئىش، ــ دېدى باۋچەن.
ــ نەرسە ـ كېرەك تېپىلىدىكەن، جانغا جان تۆلەيدىغان ئادەممۇ چىقىدۇ! ــ دېدى باۋچىن، ــ دەرھال جيا ليەن ئاكامغا ئېيتىڭلار، شيا جەمەتىنىڭ ئوغلىدىن مەرگىمۇش سېتىۋالغانلىقىنى سوراپ ئېنىقلاپ قويسۇن، ئەدلىيە دېۋانىدىكىلەر كەلگەندە مەلۇم قىلىمىز.

— باۋچەنگە جىن چاپلىشىۋالغان ئوخشايدۇ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋاتىدۇ! — دېدى جىنگۇينىڭ ئانىسى ھودۇقۇپ قېلىپ، — خان قىزىمىز نەدە يۈرۈپ مەرگىمۇش سېتىۋالىدۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئۇنى چوقۇم باۋچەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ!

— باشقىلارغۇ مەندىن كۆرسۇن، سىلەرمۇ مەندىن كۆرۈۋاتىسىلەرغۇ؟ — دەپ چالۋاقاپ كەتتى باۋچەن جىلە بولۇپ، — ئۆزۈڭلار ھەمىشە خان قىزغا: ئۆزۈڭنى خار قىلدۇرما، ئۇلارنى خانىۋەيران قىلىۋەت، ئاندىن نەرسە - كېرەكلەرنى يۆگەپلا كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇبدان بىر يىگىتكە تېگىۋالسەن، دېيىشىڭلار، بۇ گەپقۇ راستتۇ؟

جىنگۇينىڭ ئانىسى جاۋاب بەرگۈچە، جۇ رۇينىڭ ئايالى گەپنى ئېلىپلا:

— بۇ گەپنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئادىمى دەۋاتىدۇ، يەنە تېنىۋالماقچىمۇسىز؟ — دېدى.

— ساڭا يامانلىق قىلغان يېرىم يوقتىغۇ! — دەپ باۋچەنگە تىل سالدى جىنگۇينىڭ ئانىسى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — مۇشۇ گەپ بىلەن مېنىڭ بېشىمغا چىقماقچىمىدىڭ؟ ھېلى ئەمەلدارلار كەلگەندە سېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى دەپ ئېيتمىغىنىمنى كۆر!

— ئاغىچا خېنىم، شياڭلىڭنى بوشاتقۇزۇۋەتسىلە، ئۇنىڭغا بىكار زىيانكەشلىك بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى باۋچەن ئاچچىقىدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئەمەلدارلار كەلگەندە قىلىدىغان گېپىم بار.

باۋچەي گەپنىڭ ئۇچى چىققانلىقىنى بايقاپ، ئەتەي باۋچەننى قويدۇرۇۋەتتى ۋە:

— سەن ئەزەلدىن كۆڭلى تۈز قىز ئىدىڭ، بىكاردىن - بىكار ئۆزۈڭنى ناھەقچىلىككە تۇتۇپ بېرىپ نېمە پايدا تاپتىڭ؟ دەيدىغان گېپىڭنى بىراقلا دەۋەتسەڭ، كۆپچىلىككە ئايان بولسا ئىش تۈگىمەمدۇ؟ — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— كېلىن ئاغىچىمىز ھەمىشە ئاغرىنىپ يۈرەتتى، — دەپ گەپ باشلىدى ئەمەلدارلارنىڭ ئازابلىشىدىن قورققان باۋچەن، — ئۇ: «مەن شۇم تەلەي نېمىشقىمۇ مۇنداق كۆزى كور ئانىغا يولۇققاندىمەن. مېنى ئوتتۇرانچى غوجامغا بەرمەي، قېرىشقاندەك بىر مۇتتەھەم ئۇششۇققا بېرىپ قويدى! ئوتتۇرانچى غوجام بىلەن بىر كۈن بولسىمۇ ئۆي تۇتقان بولسام، ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق ئىدى!» دەپ، شياڭلىڭغا غەزەپلىنىپ كېتەتتى. دەسلەپتە مەنمۇ سىنەكىمەپتىمەن، كېيىن قارىسام، شياڭلىڭ بىلەن چىقىشىپ قالدى. مەن، شياڭلىڭ ئۇنى بىرقانداق قىلىپ ئۆزىگە رام قىلىۋالغان ئوخشايدۇ، دەپتىكەنمەن. خىيالىمدىمۇ يوق، تۇنۇگۈنكى شورپىنى ياخشى نىيەتتە ئەتكۈزمەپتىكەن...

— بارغانسېرى جۆيلۈگىلى تۇردىغۇ! — دېدى جىنگۈينىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ، — شياڭلىڭغا زەھەر ئىچۈرمەكچى بولغان بولسا، يەنە نېمىشقا ئۆزىنى زەھەرلىۋالىدۇ؟

— شياڭلىڭ، سەن تۇنۇگۈن شورپىنى ئىچىپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى باۋچەي شۇ زامان.

— بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن بۇرۇن كېسەلدىن بېشىمنى كۆتۈرەلمەي ياتقانىدىم، — دېدى شياڭلىڭ، — كېلىن ئاغىچا شورپا ئىچ، دېدى، ئىچمەيمەن دېيىشكە ئاغزىم بارماي تەسلىكتە قوپقىلىۋاتسام ئۇ شورپا تۆكۈلۈپ كەتتى، كېلىن ئاغىچام ئۆزى تازىلاپ يىغىشتۇردى، مەن بەكمۇ خىجىل بولدۇم. تۇنۇگۈن شورپا ئىچكىن دېگەندە زادى ئىچكۈم يوق ئىدى، ئىلاج بولماي ئەمدى ئىچەي دەۋاتسام بېشىم قېيىپ كەتتى. شۇ ئارىدا باۋچەن ئاچام شورپىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋىدى، بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولدۇم. كۆزۈمنى ئەمدىلا يۇمۇشۇمغا، كېلىن ئاغىچا شورپا ئىچىۋېتىپ مېنىمۇ تېتىپ باق دېدى، زورلاپ بىر - ئىككى يۇتۇم ئىچتىم.

— ھە راست! — دېدى باۋچەن گەپنى بۆلۈپ، — راستىنى

ئېيتاي ئەمدى: تۈنۈگۈن كېلىن ئاغىچام شىياڭلىڭ بىلەن بىللە ئىچىمەن دەپ، مېنى ئىككى چىنە شورپا ئىچىشكە بۇيرۇغان. ئىچىمدە: مەن شىياڭلىڭغا شورپا ئىچىپ بېرىمەنمۇ دەپ ئويلاپ بەك ئاچچىقىم كېلىپ، قەستەن بىر چىنە شورپىغا تۇزنى ئارتۇق سېلىپ، چىنىگە بەلگە قىلىپ قويۇپ ئۇنى شىياڭلىڭغا ئىچۈرمەكچى بولدۇم. شورپىنى كۆتۈرۈپ كىرىشىمگە كېلىن ئاغىچام ئالدىمنى توسۇپ، بۈگۈن ئانامنىڭكىگە بارىمەن، مۇلازىم بالا مەيە كىرا قىلدۇرسۇن، دەپ مېنى ئىشقا بۇيرۇۋەتتى. مەن چىقىپ دەپ قويۇپ قايتىپ كىرسەم، ھېلىقى تۇزلۇق شورپا كېلىن ئاغىچىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. كېلىن ئاغىچا تۇزلۇق قىلىۋېتىپسەن دەپ يەنە ماڭا كايىمىغىيدى، نېمە قىلسام بولار دەپ تۇرسام، كېلىن ئاغىچا كەينىگە مېڭىپ قالدى، شۇ ئارىدا كۆزىنى غەلەت قىلىپلا شىياڭلىڭنىڭ ئالدىدىكى شورپىنى يەڭگۈشلەپ قويدۇم. رىزقى شۇنداق ئىكەنمۇ دەيمەن. كېلىن ئاغىچام كېلىپ شورپىنى ئېلىپلا شىياڭلىڭ ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىغا بېرىپ شورپىنى ئىچىپ تۇرۇپ، «تېتىپ باقە» دېدى، شىياڭلىڭمۇ تۇزلۇق ئىكەنغۇ دېمەي، ئىككىسى ئىچىپ بولدى. شىياڭلىڭنىڭ تۇز تەمىنىمۇ پەرق ئېتەلمىگىنىگە كۈلگۈم كېلىپ تۇراتتىم، ۋايتاڭەي، بىشنى يەيدىغان كېلىن ئاغىچا شىياڭلىڭغا زەھەر ئىچۈرمەكچى بولۇپ، مەن يوق چاغدا مەرگىمۇش سېلىپ قويغان ئوخشايدۇ. مېنىڭ چىنىنى يەڭگۈشلىۋەتكىنىمنى ئۇقماي قالغان گەپ. «ھەق كۆرسىتەر كۆزىگە، ھەركىم قىلۇر ئۆزىگە» دېگەن مۇشۇ ـ دە.

كۆپچىلىك باش ـ ئاخىرىنى بىر قۇر ئويلىنىۋىدى، دەرۋەقە قىلچە سەۋەن چىقمىدى. ئاندىن ئۇلار شىياڭلىڭنىمۇ بوشىتىپ، يۆلەپ ئاپىرىپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويدى.

شىياڭلىڭنىڭ بوشىتىلغانلىقى تۇرۇپ تۇرسۇن، جىنگۈينىڭ ئانىسىغا كەلسەك، ئۇ يۈرىكى پوك ـ پوك بولغاچقا، يەنە تاكاللىشىپ تېنىۋالماقچى بولۇۋىدى، شۆ ھامما ۋە باشقىلار تەڭلا

چۈۋۈلدىشىپ، ئۇنىڭ ئوغلىنى جىنگۈيىنىڭ خۇنىنى تۆلەيدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. شۇ جاڭجال بولۇۋاتقاندا، تالادا تۇرغان جىيا لىيەن:

— ئارتۇق گەپنى قويۇڭلار، چاپسان ئۆيلەرنى تۇزەشتۇرۇپ تەخ بولۇپ تۇرۇڭلار. ئەدلىيە دىۋانىنىڭ بەگلىرى كېلىپ قالدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

شىيا جەمەتىدىن ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بەربىر بىز ئۇتتۇرىمىز دەپ ئويلاپ، دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قېلىپ، شۆ ھامىنغا يېلىنىشقا مەجبۇر بولدى:

— مەن ئۇقماپتىمەن، بىلمەپتىمەن، ھەرنېمە دېگەنبىلەنمۇ مېنىڭ قىزىم كالتە پەملىك قىپتۇ. بۇمۇ ئۆزىنىڭ شورى. ئەدلىيە دىۋانىدىن جەسەت تەكشۈرۈپ كەلسە، قەسىر شەرىپلىرىگە سەت بولىدۇ، بۇ ئىشنى مۇشۇ يەردە بولدى قىلىۋەتسىلىكەن، قۇدا خېنىم!

— ھەرگىز ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى باۋچەي، — مەلۇم قىلىنىپ بولغان تۇرسا، قانداق بولدى قىلغىلى بولسۇن؟

— بولدى قىلىدىغان ئىش بولسا، — دەپ دەۋەت قىلدى جۇ رۇينىڭ ئايالى قاتارلىقلار، — قۇدىمىز شىيا خېنىم جەسەت تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئالدىنى ئۆزى توسسا بولىدۇ، بىز بىرنېمە دېمەيلى.

جىيا لىيەن تالادا ئۇنىڭ ئوغلىنىمۇ قورقۇتۇپ ئەيۋەشكە كەلتۈردى. ئۇ ئەدلىيە دىۋانىغا بېرىپ جەسەت تەكشۈرۈشنى توختىتىپ قويىدىغان بولدى، بۇنىڭغا كۆپچىلىكمۇ ماقۇل بولۇشتى. شۆ ھاما جەسەت ساندۇقى ئەكەلدۈرۈپ مېيىتنى ئۇزىتىۋەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالغاي.

ئەمدى گەپنى جىيا يۈيسۇندىن ئاڭلىغايسىز. ئۇ جىڭجاۋ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا كۆتۈرۈلگەندى، قوشۇمچە باج ئىشلىرىنىمۇ باشقۇراتتى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئېچىلغان بوز يەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن مەھكىمىسىدىن

چىقتى. جىجى ناھىيەسىدىن ئۆتۈپ، جىلىۋ ئېقىنىغا كېلىپ قالدى. ئۇ قاتقا ئۆتەي دېگىنىدە كېمىچىلەر ھايال بولۇپ قېلىپ، تەختىراۋاننى توختىتىپ تۇردى. شۇ ئارىدا بىردىنلا كەينى يېنىدىكى كىچىك بىر بۇتخانىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇتخانا تاملىرى ئۆرۈلگەن، بىرنەچچە تۈپ قېرى قارىغايلىرى چوقچايغان ھالدا بەكمۇ غېرىبانە كۆرۈنەتتى. يۈيسۈن تەختىراۋاندىن چۈشۈپ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ بۇتخانىغا كىردى. بۇتخانا ئىچىدىكى بۇت - ھەيكەللەرگە بېرىلگەن ئالتۇن ھەل سويۇلۇپ كەتكەن، ساراي - سۇپىلىرى قىڭغىيىپ قالغانىدى. يېنىغا تىكلەكلىك پۈچۈلغان خاتىرە تاشقا پۈتۈلگەن مۇناجاتلارنىڭ خەتلىرى ئۆچۈپ كەتكەچكە ئوقۇپ چۈشەنگىلىمۇ بولمايتتى. ئۇ سارايىنىڭ كەينىگە ئۆتەي دەپ تۇرۇشىغا، بىر تۈپ ئارچا دەرىخىنىڭ سايىسىدا بىر كەپە كۆرۈندى. كەپىدە بىر دەرۋىش كۆزىنى يۇمۇپ ئىستىغپار ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن. يۈيسۈن قېشىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ چىرايى ناھايىتى تونۇشتەك بىلىندى. بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىسىمۇ، ھە دېگەندە يادىغا كەلتۈرەلمىدى. مۇلازىملىرى ۋارقىراشقا تەمشىلىۋىدى، يۈيسۈن ئۇلارنى توسۇپ قويۇپ، شىپ - شىپ بېسىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— تەخسىر، دەرۋىش! — دەپ قىچقاردى. دەرۋىش كۆزىنى قىيا ئېچىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— جانابلىرىنىڭ نېمە ئىشلىرى باركىن؟ — دېدى.

— بىر ۋەقەنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن مەھكىمەدىن چىقىپ كېلىۋاتىمەن، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا جانابىڭىزنىڭ بەھۇزۇر ئىبتىكاپتا ئولتۇرغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، ئىبادەت - تەرىقەتتە كامالەتكە يەتكەن زات بولسا كېرەك، دەپ تەلىم ئېلىش ئىستىكىدە تەنتەكلىك قىلىپ قويدۇم.

— كەلمىشىدە بار ماكانى، كەتسە باردۇر قايانى، — دېدى دەرۋىش.

يۈيسۈن بۇنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى پەملەپ، ئېگىلىپ

تەزىم قىلىپ سورىدى:

— تەخسىر، قاياقتىن زاھىتلىقتا قەدەم قويۇپ بۇ يەردە ماكان تۇتۇپ قالدىلا؟ بۇ بۇتخانىنىڭ نامىشەرىپى نېمىكىن؟ بۇتخانىدا قانچەيلەن باركىن؟ تەرىقەت ئىزدىگەن بولسىلا، نېمىشقا مەشھۇر تاغلاردا بولمىدىلا؟ ساۋابلىق ئىزدىگەن بولسىلا، نېمە ئۈچۈن ھەممە يوللار ئۆتۈشىدىغان جاينى تاللىمىدىلا؟

— «قاپاق» پاناھ بولالىغان يەردە مەشھۇر تاغنى ماكان تۇتۇپ نېمە قىلاي؟ — دېدى ئۇ دەرۋىش، — بۇ بۇتخانىنىڭ نامىنىڭ يوشۇرۇنۇپ كەلگىنىگە ئۇزاق زامانلار بولدى، پۇچۇلغان تاشتىكى مۇناجات ھېلىھەم ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ، ئۆز سايەم ئۆزۈمگە ھەمراھ بولىدۇ، ماكان ياسايمەن دەپ ئىئانە توپلاش نېمە ھاجەت؟ پېقىرنى «ئۈنچە ـ گۆھەر باھاسىنى كۆتەر پىنھانە دۇرداندا، جىغا ـ تۇرگۈچ قىممىتى ھەم پەيتى كېلىپ ئۈچقاندا» دەيدىغانلارغا ئوخشاتقىلى بولماس!

يۈيسۈن ئەسلىدە غاپىللىقتىن ئويغانغان كىشى ئىدى، شۇڭا دەسلەپتە «قاپاق» دېگەن سۆزنى، ئاندىن «تۇرگۈچ ـ قاشتاش» دېگەن بېيىتنى ئاڭلاپ، شۇ زامانلا جېن شىيىنىنىڭ ئىشىنى يادىغا كەلتۈردى، دەرۋىشكە باشقىدىن بىر پەس زەن سېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ چىراي ـ شەكلىنىڭ ھېلىمۇ شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، خىزمەتكارلىرىنى چىقىرىۋېتىپ:

— تەخسىر، ئۆزلىرى ئۇستازىم جېن جانابلىرىمۇ يا؟ — دەپ سورىدى.

— «جىڭ»، «جا» دېگەن نېمە ئۇ؟ — دېدى ئۇ دەرۋىش تەبەسسۇم بىلەن، — بىلىش كېرەككى، «جىڭ» دېمەك، «جا» دېمەكتۇر؛ «جا» دېمەك، «جىڭ» دېمەكتۇر.

يۈيسۈن ئۇنىڭ «جا» دېگىنىنى ئاڭلاپ، گۇمانلىرى يەنىمۇ يېشىلدى ـ دە، قايتىدىن تەزىم قىلىپ مۇنداق دېدى:

— پېقىر تالىپلىرى جانابلىرىنىڭ مەردلىك بىلەن قىلغان ئىنئاملىرىغا مۇشەررەپ بولۇپ پايتەختكە باردىم. جانابلىرىنىڭ

شاراپىتى بىلەن ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتۈپ مەنسەپكە ئېرىشىپ، مۇبارەك يۇرتلىرىغا خىزمەت بىلەن كەلگەنىدىم. جانابلىرىنىڭ ئادەمزات دۇنياسىنى تەرك ئېتىپ، ئەۋلىيا ـ پەرىزاتلار ماكانىغا ئۇچقانلىقلىرىدىن مانا ئەمدىلا خەۋەر تاپماقتىمەن. جانابلىرىنى چىن نىيەتتىن ياد ئەيلەپ، ئىز ـ دېرەكلىرىنى قىلغان بولسامۇ، ئۆزۈم ئادەمزات ئارىسىدىكى چاكىنا مەنسەپدار بولغاچقا، مۇبارەك چېھرىلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم. بۈگۈن بېشىمغا نەدىندۇر بەخت قۇشى قونۇپ، ئۆزلىرى بىلەن مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىش نېسىپ بوپتۇ! ئەۋلىيا ئۇستازىم، ئۆزلىرى ئەقىل كۆرسىتىپ مېنى غاپىللىقتىن خالاس قىلغايلا. مۇبادا نەزەرلىرىدىن ساقىت قىلىنغۇەتمىگەن بولسىلا، پايتەختتىكى كۆلبەممۇ يىراق ئەمەس، كەمىنە تالىپلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇپ، ئەتە ـ ئاخشاملىرى دائىم تەلىملىرىدىن بەھرىمەن بولسام.

— پېقىر يېكەن سېلىنچىدىن باشقا، جاھاندا يەنە نېمىلەرنىڭ بولۇشىدىن خەۋەرسىزمەن، — دېدى ئۇ دەرۋىشمۇ سالامنى ئىلىك ئېلىپ، — ھۆرمەتلىك مەنسەپدار، باياتىن دېگەنلىرىنى پېقىر گاداي دەرۋىش زادىلا چۈشەنمەيمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ، ئېتىكاپىغا قايتا ئولتۇردى. جيا يۈيسۈننىڭ كۆڭلىگە يەنە شەك كەلدى: «شىيىن ئەمەسمىكىن دەي دېسەم، رەڭگىرويى بەئەينى ئوخشايدۇ! ئايرىلغىنىمىزغا ئون توققۇز يىل بولدى، ئەمما ئۇنىڭ چىرايى زادىلا ئۆزگەرمەپتۇ. ئۇ چوقۇم تەرىقەت يولىدا كامالەتكە يەتكەن بولسا كېرەك، ئەمما كەچۈرمىشلىرىنى دەپ بېرىشنى راۋا كۆرمىدى. ئەمدى مەن ھىممەتلىك ئۇستازىمنى ئۇچراتقانىكەنمەن، قاراپ تۇرۇپ بۇ پەيتنى غەپلەتتە ئۆتكۈزۈۋەتمەي. ئەۋزايىدىن ئۇنى دۆلەت ـ پاراغەت بىلەن كۆندۈرگىلى بولمىغۇدەك، خوتۇنى ۋە قىزى توغرىسىدا سۆز ئېچىشقا تېخىمۇ بولماس.» ئۇ شۇنداق ئويلاپ:

— تەخسىر ئۇستازىم، كەچۈرمىشلىرىنى ئېيتىپ



www.uyghurkitap.com

بەرمىسلە، تالىپلىرىنىڭ كۆڭلى زادىلا ئارام تاپمايدۇ، — دەپ يۈكۈنۈپ باش قويۇشقا تەمشىلىۋىدى، خىزمەتكارى كىرىپ:

— كەچ كىرىپ قالدى، ئېقىندىن چاپسانراق ئۆتۈۋالايلى، — دېدى.

يۈيسۈن بىقارار بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئۇ دەرۋىش:

— ھۆرمەتلىك مەنسەپدار، ئىلدام ئۇ قاتقا ئۆتۈۋالسىلا، قايتا كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولۇپ قالار، كېچىكىپ قالسىلا بىردەمدىلا بوران چىقىپ دولقۇن كۆتۈرۈلىدۇ. ئەگەر پېقىرنى ياد ئەتسىلە، كەمىنە نامرات دەرۋىشلىرى كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ كېچىكتە ئەمرىمەرۈپلىرىنى كۈتىمەن، — دەپ كۆزىنى يۇمۇپ يەنە ئېتىكاپقا ئولتۇردى. يۈيسۈن نائىلاج دەرۋىش بىلەن خوشلىشىپ بۇتخانىدىن يېنىپ چىقتى. كېچىككە كېلىپ كېمىگە چۈشەي دەپ تۇرۇشىغا، بىرسى ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. كەلگەن كىشىنىڭ كىملىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بىر يۈز تۆتىنچى باب

## مەست ئەزىمەتنىڭ مۇشتتەك جىنىغا باقماي چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلغانلىقى
## سەۋدايى بەگزادىنىڭ دەردىسەر تۇپەيلىدىن كونا ئىشقى قوزغالغانلىقى

جيا يۈيسۈن ئەمدىلا كىمگە چۈشۈپ ئىچىدىن ئۆتەي دەپ تۇرۇشىغا، بىر كىم غۇيۇلداپ يۈگۈرۈپ كىلىپ:

— بېگىم، ئۆزلىرى ئايلىنىپ چىققان ھىلىقى بۇتخانىغا ئوت كەتتى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

يۈيسۈن كەينىگە قاراپ باقتى، لاۋۇلدىغان ئوت ئاسمانغا يامرىغان، ئىس - تۈتۈن كۆن يۈزىنى قاپلىغانىدى. يۈيسۈن: «ئۇ يەردىن چىقىپ تېخى ھېچقانچە ماڭمىسام، بۇ ئوت نەدىن پەيدا بولغاندۇ؟ شىيىن ئۇ يەردە پالاكەتكە ئۇچرىغان بولمىغىيدى؟» دېگەن ئوي بىلەن، يېنىپ بارغۇسىمۇ كەلدى - يۇ، لېكىن ھايال بولۇپ قېلىپ ئىچىدىن ئۆتەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىدى، بارماي دېسە، خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ:

— ھىلىقى دەرۋىش بوۋاينىڭ چىققان يا چىقمىغانلىقىنى كۆردۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كەمىنە مۇلازىملىرى كەينىلىرىدىنلا بىللە چىققانىدىم، بېگىم، — دېدى ئۇ كىشى، — قورسىقىم ئاغرىپ كىتىپ ئازراقلا ماڭالىدىم. بىر چاغدا كەينىمگە بۇرالسام، ئوت يالقۇنى كۆرۈندى، بايا ئۇ بۇتخانىغا ئوت كىتىپتىكەن، شۇڭا ئۆزلىرىگە

ئالايىتەن مەلۇم قىلغىلى كەلدىم. ئۇ يەردىن بىركىمنىڭ چىققانلىقىنى كۆرمىدىم.

يۈيسۈننىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. لېكىن، ئۇ شۆھرەتپەرەس، تەمەگەر ئادەم بولغاچقا، قايتىپ بېرىپ قاراپ بېقىشقا رايى بارامتى؟

— مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇپ، ئوت ئۆچكەندە بۇتخانىغا كىرىپ بايىقى دەرۋىشنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىپ دەرھال ماڭا مەلۇم قىل، — دەپ بۇيرۇدى ئۇ ھېلىقى كىشىنى.

ئۇ كىشى خوپ دەپ كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. يۈيسۈن ئېقىنىدىن ئۆتۈپ، كۆزدىن كەچۈرىدىغان ئىشىغا كېتىۋەردى ۋە بىرنەچچە جاينى تەكشۈرۈپ بولۇپ، خانلىق سارايغا چۈشۈپ ئارام ئالدى.

ئەتىسى يولىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ پايتەخت قوۋۇقىغا يېتىپ كەلدى، دورغىلىرى ئالدىغا چىقتى ۋە ئالدىدا پوش - پوش دەپ، كەينىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىشتى. يۈيسۈن تەختىراۋاندا كېتىۋاتاتتى، ئالدىدا پوش - پوش دەپ ماڭغانلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈشتى. يۈيسۈن نېمە ئىش دەپ سورىسۇندى، ئۇلار بىر كىشىنى سۆرەپ ئەكېلىپ تەختىراۋان ئالدىدا يۈكۈندۈرۈپ قويۇپ مەلۇم قىلىشتى:

— بۇ ئادەم مەست ئىكەن، داجىماقتا يوق، ئوقچۇپ كېلىۋەردى. ھاي دېسەكمۇ، مەستلىكىگە ئېلىپ ئۇششۇقلۇق قىلىپ، مېنى دۇمبالىدىڭلار، دەپ كوچىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا يېتىۋالدى.

— مەن بۇ يەرنىڭ ھاكىمى، — دېدى يۈيسۈن، — سەنلەر بولساڭ مېنىڭ پۇقرالىرىم، ھاكىمنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ھاراق ئىچىۋېلىپ، ئۆزۈڭنى چەتكە ئالمىغانىڭ ئۈستىگە يەنە ئۇششۇقلۇق قىلامتىڭ؟

— مەن ھاراقنى ئۆز پۇلۇمغا ئىچتىم، — دېدى ھېلىقى كىشى، — مەست بولۇپ ياتقان بولسام، خانىنىڭ يېرىدە ياتتىم،

كاتتا بىگىملەرنىڭمۇ بۇنىڭغا چىشى پاتمايدۇ !

— بۇنىڭ نەزىرىدە قانۇن ـ ئىنتىزام دېگەن يوق ئىكەنغۇ ! — دەپ چىچىلدى يۈيسۈن، — سورا ئۇنىڭدىن، ئىسمى نېمىكەن؟

— ئىسمىم مەست ئەزىمەت نىئېر، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى كىشى.

— ئۇر، بۇ خۇنپەرنى، ئۇنىڭ چىلىك ئەزىمەتلىكىنى كۆرەيچۇ قېنى ! — دەپ بۇيرۇدى يۈيسۈن ئاچچىقىدا.

قول ئاستىدىكى ئادەملىرى نىئېرنى ياتقۇزۇپ راسا بىرنەچچە قامچا سېلىۋىدى، قامچىغا چىدىماي، مەستلىكى يېشىلىپ يالۋۇرغىلى تۇردى.

— ھالىڭ شۇنچىلىكلا ئەزىمەت ئىكەنسەنغۇ ! — دېدى يۈيسۈن تەختىراۋاندا قاقاھلاپ كۈلۈپ، — ھازىرچە ئۇرماي تۇراي، يامۇلغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئالدىرىماي سوراق قىلاي.

دورغىلار خوش دەپ، نىئېرنى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى، نىئېر ھەرقانچە يېلىنىپ ـ يالۋۇرسىمۇ كار قىلمىدى.

يۈيسۈن ئوردا شېرىپكە كىرىپ، يارلىقنىڭ ئۇچۇرىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن يامۇلغا قايتتى. نىئېرنىڭ ئىشى ئۇنىڭ يادىدا تۇرامتى؟ كوچىدا تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ: «نىئېر كۈچۈم بار دەپ تەمەننا قويۇپ، شىركەيپ بولۇۋېلىپلا خەقنى ئانىي تاپاتتى. مانا بۈگۈن جيا ئامبالنىڭ قولىغا چۈشتى، ئەمدى ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدۇ !» دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا تارقىلىپ، نىئېرنىڭ خوتۇنى ۋە قىزىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. دېگەندەكلا، شۇ ئاخشىمى نىئېر ئۆيىگە قايتمىدى. قىزى ھەممە قىمارخانىلارنى ئالا قويماي ئىزدەپ چىقتى. قىمارۋازلارمۇ شۇ گەپنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قىزى يىغلاپ تاشلىدى.

— بۇنىڭغا ئانچە ھودۇقۇپ كەتمەڭ، — دېدى ئۇلار، — جيا ئامبال رۇڭگو قەسىرىدىكىلەر بىلەن بىر جەمەت. رۇڭگو قەسىرىدىكى جيا يۈن دەمدۇ، بىر غوجامنىڭ ئاتىكىز بىلەن

ئاغىنىدارچىلىقى بار ئىدى. ئانىڭىز بىلەن بېرىپ، ئاشۇ غوجىغا ئىلتىجا قىلساڭلار قويدۇرۇۋېتىدۇ.

نىئېرنىڭ قىزى: «راست، ئاتام ھەقەمسايىمىز ئوتتۇرانچى غوجام جىيا يۈن بىلەن ئېقىم كېلىشىدۇ، دەپ يۈرەتتى، شۇنىڭغا نېمىشقا دەپ باقمايمىز؟» دەپ ئويلاپ، دەرھال ئۆيىگە كېلىپ ئانىسىغا ئېيتىپ، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن جىيا يۈننىڭكىگە ماڭدى. شۇ كۈنى جىيا يۈن ئۆيىدە ئىدى. ئانا ـ بالا ئىككىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، جىيا يۈننىڭ ئانىسى ئۇلارغا چاي كەلتۈرگۈزدى. نىئېرنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى جىيا ئامبالنىڭ نىئېرنى تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى بىر قۇر دەپ بېرىپ:

— غوجام، ئارىغا چۈشۈپ جايا بېگىمگە گەپ قىلىپ، ئۇنى قويدۇرۇۋەتسىلىكەن! — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس، — دەپ شۇ زامان ماقۇل بولدى جىيا يۈن، — غەربىي قەسىرگە بېرىپ دېسەملا قويدۇرۇۋېتىدۇ. جىيا ئامبال پۇتۇنلەي غەربىي قەسىرنىڭ ھىماتى بىلەن مۇشۇنداق مەنسەپكە ئېرىشكەن. ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر قىلدۇرۇپ قويساقلا ئىش تۈگەيدۇ.

نىئېرنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى خۇش بولۇپ، ئۇ يەردىن يېنىپ چىقىپلا يامۇلغا بېرىپ، نىئېرگە: ئالدىرىماي تۇرۇڭ، ئوتتۇرانچى غوجام جىيا يۈنگە ئىلتىجا قىلىۋىدۇق. ياق دېمەي، ماقۇل بولدى، ئۇ گەپ قىلىپ قويسىلا قويدۇرۇۋېتىدۇ، دەپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى. نىئېرمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇش بولدى.

بىراق، جىيا يۈننىڭ قايسى كۈنى تۇتقان سوۋغىسىنى فېڭجېي رەت قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ رۇڭگو قەسىرگە كىرىشكە خىجىل بولۇپ يۈرەتتى ھەم تولا بارمايتتى. رۇڭگو قەسىرنىڭ دەرۋازىۋەنلىرىمۇ غوجايىنلىرىنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش كۆرەتتى. كىمنىڭ باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرۇشىغا ئىجازەت قىلىنغان بولسا، شۇنى ئابرۇيى بار ئىكەن دەپ بىلىپ، ئۇ ئادەم كېلىپ

قالسا كىرىپ مەلۇم قىلىشاتتى. ئەگەر غوجايىنلىرى ئانچە پەرۋا قىلماي قويسا، ھەتتا ئۇ جەمەت تۇغقانلىرىدىن بولسىمۇ، مەلۇم قىلمايلا يولغا سېلىۋېتىپ تۇگىشەتتى. شۇ كۈنى جيا يۈن قەسىرگە كېلىپ:

— جيا ليەن غوجامدىن ئامان - ئېسەنلىك سورىماقچىدىم، — دېۋىدى، دەرۋازىۋەنلەر:

— ئوتتۇرانچى غوجام ئۆيدە يوق، قايتىپ كەلگەندە بىز مەلۇم قىلىپ قويايلى، — دېدى.

جيا يۈن: «ئەمىسە، ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا سالام بېرىپ چىقاي» دېمەكچىمۇ بولدى، لېكىن يەنە، دەرۋازىۋەنلەرنى ئۆزۈمدىن بىزار قىلىۋەتمەي، دەپ، نائىلاج ئۆيىگە قايتتى. نىئېرنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى يەنە سۆيلەپ كەلدى.

— غوجام، — دېدى ئۇلار، — ئۆزلىرى ھەمىشە قەسىردىكىلەر ھەرقانداق يامۇلغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپلا قويسىلا، ھېچقايسىسى گېپىنى يېرالمايدۇ، دەيتتىلىغۇ؟ ئۆزلىرى قەسىردىكىلەر بىلەن بىر جەمەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئىشىمىز چوڭ دېگۈدەكمۇ ئىش ئەمەس، شۇنچىلىك ئادەمگەرچىلىكنىمۇ يەتكۈزەلمىدىلىميا؟ سىلىنى بىكارلا ئوتتۇرانچى غوجام دەپ يۈرۈپتىمىز - دە!

جيا يۈن يۈزىنى كۆتۈرەلمەي قېلىپ، يەنە چوڭ گەپ قىلدى:

— تۇنۇگۈن ئۆيىمىزدە ئىشىم چىقىپ قېلىپ ئۇلارغا دەپ قويۇشقا كىشى ئەۋەتەلمىدىم، بۈگۈن ئېيتقۇزۇپ قويسامىلا قويدۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەسقۇ!

نىئېرنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى بۇ گەپكە ئىشەنمەي بولمىدى. بىراق، شۇ كۈنلەردە جيا يۈننىڭ دەرۋازىدىنمۇ كىرەلمەس بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن. ئۇ ئاخىر باغنىڭ كەينى ئىشىكىدىن كىرىپ باۋيۈي بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. قېرىشقاندەك، باغنىڭ ئارقا ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق ئىكەن، نائىلاج سالپىيىپ يېنىپ كەلدى. ئۇ: «قايسى يىلى نىئېر ماڭا كۆمۈش



كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uighurkitap.com

ئۆتنه بېرىپ تۇرۇۋىدى، خۇشبۇيلۇق سېتىۋېلىپ سوۋغا قىلغانلىقىم ئۈچۈن، مېنى كۆچەت تىكتۈرۈش خىزمىتىگە قويغان؛ مانا ئەمدى ئىشىنىڭ يولىنى قىلىدىغانغا پۇلۇم بولمىغاچقا، مېنى يېقىن يولاتمايۋاتىدۇ، تېخى شۇنىمۇ قولىدىن ئىش كېلىدۇ دېيىشىدىكەن. بوۋىمىزدىن قالغان ئوتتۇرىدىكى كۈمۈش پۇللارنى بىرگە بىر ئۈسۈم بىلەن جازانە قىلىۋاتىدۇ. بىزدەك كەمبەغەل غوجىدارلار بولساق، بىرەر سەر كۈمۈشمۇ ئۆتنە ئالالمايمىز. خىيالىچە ئۇ، ئۆمۈرۋايەت كەمبەغەلچىلىكنى كۆرمەي ئۆتمەن دەيدىغان ئوخشايدۇ! تاشقىرىدا يامان ئاتىقى چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق. مەنغۇ گەپ قىلماي كېلىۋاتىمەن، ناۋادا دېگىلى تۇرىدىغان بولسام قانچىلىغان خۇن دەۋاسى چىقاركىنتاڭ!» دەپ ئويلىغاچ ئۆيىگە كەلگەندى، ئۆيىدە نىئېرنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— غەربىي قەسىردىن بىرەيلەن بېرىپ ئېيتقانىكەن. جىيا ئامبال ئۇنىمىدى دەپ كەپتۇ، — دەپ قويدى جىيا يۈن ئۇلارغا گەپ ئېيتىپ بېرەلمەي، — ئەمدى، خاندانىمىزنىڭ چاكىرى جۇ رۈينىڭ تۇغقىنى لېك زىشىڭغا ئىلتىجا قىلساڭلار شۇ كارغا كېلىدۇ.

— سىلىدەك شۇنچە يۈز - ئابرۇيلۇق غوجاملار كارغا كەلمىگەن يەردە، چاكار تېخىمۇ كارغا كەلمەيدۇ، — دېدى نىئېرنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن.

— سىز ئۇقمايسىز، — دېدى جىيا يۈن ئۇياتقىنىدىن تەمتىرەپ قېلىپ، — غوجايىنلارغا قارىغاندا چاكارلارنىڭ گېپى بەكرەك ئۆتىدۇ!

— ئوتتۇرانچى غوجامنى جوۋتىپ بىكارلا بىرنەچچە كۈن قاترىتىپ قويۇپتۇق، — دېدى نىئېرنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ دىمىقىدا كۈلۈپ، — ئاۋۇ كىشى چىققاندا ئۆزلىرىگە شۇ ھەشقاللا دەپ قويار.

ئۇلار گېپىنى دەۋېلىپ يېنىپ چىقتى. ئاندىن باشقا

كىشىلەرنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن نىئېرنى قاماقتىن بوشاتقۇزدى. ئۇنى بىرنەچچە پالاق ئۇرۇپ، باشقا گۇناھىمۇ ئارتماپتۇ.

نىئېر ئۆيىگە يېنىپ كەلگەندە، خوتۇنى بىلەن قىزى جىيا جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئارىغا چۈشۈپ گەپ - سۆز قىلىپ قويمىغانلىقىنى دەپ بەردى. نىئېر ھاراق ئىچىۋاتاتتى.

— ھۇ ھارامزادە، ۋىجدانسىز سولتەك! — دېدى ئۇ ئاچچىقىدا جىيا يۈننى ئىزدەپ بارماقچى بولۇپ، — قايسى چاغدا قورسىقىنى باقالماي ئاچ قېلىپ، قەسىرگە قاتراپ بىرەر ئىشقا ئېلىشىۋالاي دېگەندە، ئۇنىڭغا مانا مەن نىئېر غوجا ئاكىسى ياردەم قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشسە، ئەجەب ئۇنىڭ كارى بولمايدىكىنە! خەپ! مەن غەلۋە قوزغايدىغان بولسامغۇ ھەر ئىككى قەسىر رەسۋا بولىدۇ!

— ئۇشتە! سېرىق زەردابنى ئىچىۋالسىڭىزلا جاھاننى بېشىڭىزغا كىيگىلى قويىسىز، — دەپ نەسىھەت قىلدى خوتۇنى بىلەن قىزى، — قايسى كۈنىمۇ مەست بولۇپ قېلىپ چاتاق چىقىرىپ تاياق يېدىڭىزغۇ؟ تېخى ساقايماي تۇرۇپلا يەنە چاتاق تېراي دەمسىز؟

— تاياق يېدىم دەپ ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالامتىم؟ شۈغىنىسى، بىرەر باھانە تېپىلمايۋاتىدۇ - دە! — دېدى نىئېر، — قاماقتىكى چېغىمدا بىرنەچچە مەرد بۇرادەرلەر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، جىيا فامىلىلىكلەر شەھەردىمۇ، باشقا ئۆلكىلەردىمۇ تولا ئىكەن. قايسى كۈنى جىيا جەمەتىنىڭ بىرقانچە خىزمەتكارلىرى قاماققا چۈشتى. مەن تېخى، بۇ يەردىكى جىيا خاندانىنىڭ ئۇششاق ئەۋلادلىرى بىلەن قول - چاكارلىرى ئەسكى بولسىمۇ، چوڭلىرى ياخشى ئىدى، بۇلارغا نېمە كېلىشمەسلىك كەلگەندۇ دەپتىكەنمەن. ئۇقۇشسام، ئۇلار بۇ يەردىكى جىيا خاندانى بىلەن بىر جەمەت بولۇپ، باشقا ئۆلكىلەردە تۇرۇشىدىكەن، سوراقتا ئېنىقلانغاندىن كېيىن،



www.uyghurkitap.com

جازاغا تارتىش ئۈچۈن سولىنىپتىكەن، بۇنى بىلىۋېلىپ كۆڭلۈم خاتىرجەم بولدى. بۇ جىيا يۈن غوجا دېگەن ھارامزادە مۇشۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مەن بىرنەچچە ئاغىنىلىرىمگە ئۇنىڭ جەمەتى خەقنى ئۇنداق بوزەك قىلدى، مۇنداق جازانىخورلۇق قىلدى، خەقنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋالدى، دەيمەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ يېيىلىپ، باش مۇپەتتىشبېگىمنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالىدىغان بولسا غەلۋە ئۇلغىيىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا مەن ئەزىمەت نىئېر ئۆزۈمنى ئۇلارغا تونۇتۇپ قوياتتىم!

— ئىچىۋالغاندىن كېيىن يېتىپ ئۇخلىسىڭىزچۇ، — دېدى خوتۇنى، — ئۇ كىمنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋاپتۇ؟ قويۇڭا، ئۇنداق يوقىلاڭ گەپنى.

— سىلەر ئۆيدىن چىقمىساڭلار تالادىكى ئىشلارنى نەدىن بىلەتتىڭلار؟ — دېدى نىئېر، — ئوزاقى يىلى تاۋكادا شياۋ جاڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ: خوتۇنۇمنى جىيا جەمەتى تارتىۋالدى، دەپ، ماڭا مەسلىھەت سالغانىدى، مەن نەسىھەت قىلىپ، بۇ ئىشنى باستۇرۇۋېتىپتىمەن. شياۋ جاڭ ھازىر نەلەردە يۈرىدىكىن. ئۇنى يەنە ئۇچرىتىپ قالسام، مەن غوجا ئاكىسى ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ قويىمەن، شۇ چاغدا جىيا يۈن دېگەن سولتەكنىڭ جېنىدىن ئايرىلمىغىنىنى كۆرەي! ياخشىلىقچە ئالدىمدىن ئۆبدان ئۆتۈپ، مەن غوجا ئاكىسىنى رازى قىلسا، ئاندىن بولدى قىلىمەن!

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ قىڭغايدى ـ دە، يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ بىردەم غودۇڭشىپ ئۇيقۇغا كەتتى. خوتۇنى بىلەن قىزى مەستنىڭ گېپى دەپ ئۇنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلمىدى. ئەتىسى نىئېر سەھەر تۇرۇپ يەنە تاۋكا قۇرغان يەرگە كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالغاي.

خوش، ئەمدى جىيا يۈيسۈنگە كېلەيلى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ

بىر كېچە ئارام ئالدى، يولدا جېن شىيىنغا ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى ئاغىچىسىغا بىر قۇر دەپ بەردى.
— نېمىشقا يېنىپ بېرىپ قاراپ باقمىدىلا؟ — دەپ ئاغرىندى ئاغىچىسى ئۇنىڭدىن، — ناۋادا كۆيۈپ ئۆلگەن بولسا بىز ۋاپاسىزلىق قىلغان بولۇپ قالمايمىزمۇ؟ — خوتۇنى گەپ قىلىۋېتىپ كۆز يېشى قىلدى.
— ئۇ تەركىدۇنيا بولغان كىشى، بىز بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمايدۇ، — دېدى جيا يۈيسۈن.
ئۇلار گەپلىشىۋاتقاندا، تالادىن بىر كىم كىرىپ مەلۇم قىلدى:
— بېگىم، ئۇلۇشكۈن ئۆزلىرى ئوت كەتكەن بۇتخانىنى كۆرۈپ كېلىشكە بۇيرۇغان كىشى قايتىپ كەپتۇ.
يۈيسۈن بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ تالاغا چىقتى. ھېلىقى دورغا ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ئۇچۇرنى مەلۇم قىلدى:
— ئەمرلىرىگە بىنائەن مۇلازىملىرى قايتىپ بېرىپ ئوت ئۆچكۈچە قاراپ تۇرماي، بۇتخانىغا كىرىپ ھېلىقى دەرۋىشنى ئىزدىدىم. قارىسام، ئۇنىڭ ئولتۇرغان يېرىمۇ كۆيۈپ كېتىپتۇ. ئەتىمالىم، ئۇ دەرۋىش كۆيۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئوت كەتكەن بۇتخانىنىڭ تاملىرى كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتىپ، دەرۋىشنىڭ ئىزنىمۇ يوقىتىۋېتىپتۇ. يېكەن سىلىنچىسى بىلەن قاپىقى ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ. جەسىتىنى تاپاي دەپ ئاختۇرمىغان يېرىم قالمىدى، بىر تال سۆڭىكىنىمۇ تاپالمىدىم. بېگىم چىنپۈتمەسمىكىن دەپ ئىسپات قىلىش ئۇچۇن يېكەن سىلىنچا بىلەن قاپاقنى ئېلىپ كەلمەكچى بولۇۋىدىم، شۇنداق تۇتۇشۇمغا كۇل بولۇپ توزۇپ كەتتى.
يۈيسۈن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆز ئىچىدە ئەۋلىيا شىيىننىڭ غايىب بولغانلىقىنى بىلدى - دە، دورغىنى چىقىرىۋەتتى. ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئايال كىشى نادانلىقىدىن ھەسرەت چېكىپ قالمىسۇن دەپ، شىيىننىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا گەپ



www.uygurkitap.com

قىلماي، ئۇ يوق ئىكەن، ئالدىن كېتىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپلا قويدى.

يۈيسۈن ھۇجرىسىدىن چىقىپ، كۇتۇپخانىسىدا تەنھا ئولتۇرۇپ شىيىننىڭ دېگەن گەپلىرى توغرىسىدا ئويلىنىشقا باشلىغانىدى. خىزمەتكارى ئۇشتۇمتۇت كىرىپ:

— ئىچكى دىۋاندىن ئۇقتۇرۇشچە، ئۆزلىرىگە يارلىق چۈشۈپتۇ، تاپشۇرۇۋالدىغان ئىش بار ئوخشايدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. يۈيسۈن ھاپىلا ـ شاپىلا تەختىراۋانغا چۈشتى ـ دە، ئوردىغا كەلدى. ئۇ يەردە كىشىلەردىن: بۈگۈن جياڭشىننىڭ غەللە ـ پاراق نازىرى مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلىنىپ قايتۇرۇپ كېلىنىپتۇ، ئۇ خان ھۇزۇرىدا گۇناھىغا كەچۈرۈم سوراۋاتىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ، دەرھال دىۋانغا كىرىپ، ۋەزىر ـ ئورپاق بەگلەر بىلەن كۆرۈشتى. دېڭىز ياقىسىدىكى ئىشلارنىڭ ئوبدان بېجىرىلمىگەنلىكى توغرىسىدىكى پەرماننى كۆرۈپ، ئالمان ـ تالمان جيا جېڭنى ئىزدەپ تاپتى. ئاۋۋال ئۇنىڭغا كۆڭۈل ياسايدىغان گەپلەرنى قىلدى، ئاندىن مۇبارەكلەپ ئۇنىڭدىن ھاردۇق سورىدى. جيا جېڭمۇ ئايرىلىشقاندىن بۇيانقى ئىشلارنى بىر قۇر بايان قىلىپ بەردى.

— گۇناھلىرىغا كەچۈرۈم سوراش ئىلتىماسلىرىنى يوللىدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى يۈيسۈن.

— يوللىدىم، خان ئالىيلىرى تائامدىن يانغۇچە يارلىقنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى جيا جېڭ.

ئۇلار ئاشۇنداق گەپلىشىپ تۇرغاندا، خان دەرگاھىدىن جيا جېڭنى چاقىرتىپ يارلىق چىقتى. جيا جېڭ ئالمان ـ تالمان كىرىپ كەتتى. كاتتىلاردىن جيا جېڭ بىلەن كۆڭلى يېقىنلىرى ئوردىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. بىرھازادىن كېيىن جيا جېڭ يېنىپ چىقتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىغا كېلىپ سوراشتى:

— قانداق پەرمان قىلدى؟

— قورقۇپ جېنىم چىققۇدەك بولدى! — دېدى جيا جېڭ تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ، — ھەربىرلىرىنىڭ خەيرخاھلىقلىرى شاراپىتىدىن، بەختىمگە يارىشا، ھەرھالدا ھېچ ئىش بولمىدى.

— خان ئالىيلىرى نېمىلەرنى سورىدى؟ — دېدى ئۇلار.

— يۈننەندە خۇسۇسىي قورال - ياراغ يۆتكىگەنلىك توغرىسىدىكى دېلونى سورىدى، — دېدى جيا جېڭ، — شىكايەتنامىدە، سابىق ئوردا باش مۇرەببىيسى جيا خۇانىڭ مۇلازىمى دەپ يېزىلىپتىكەن، خان ئالىيلىرىنىڭ يادىغا دەرھال ئەجدادىمىزنىڭ ئىسمى يېتىپتىكەن، شۇنى سوراپ قالدى. مەن دەررۇ باش قويۇپ، بوۋىمىزنىڭ ئىسمى دەي خۇا ئىدى دەپ مەلۇم قىلىۋىدىم، خان ئالىيلىرى كۈلۈپ قويدى. ئاندىن: «باشتا ئەسكىرىي دىۋانغا قويۇلۇپ، كېيىن ۋالىيلىققا چۈشۈرۈۋېتىلگىنىمۇ جيا خۇا ئەمەسمىدى؟» دەپ سورىدى.

يۈيسۈنمۇ شۇ تاپتا جيا جېڭنىڭ يېنىدا ئىدى، بۇ گەپتىن ئۇ چۆچۈپ كېتىپ:

— ئۆزلىرى قانداق دەپ جاۋاب بەردىلە تەخسىر؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭدىن.

— ئاندىن مەن ھودۇقماي: «باش مۇرەببىيلىك مەنسىپىدە بولغان جيا خۇا ئەسلىدە يۈننەنلىك كىشى، ھازىر ۋالىي قىلىنغان جيا پالانچى بولسا جېجياڭلىق كىشى» دەپ مەلۇم قىلدىم، — دېدى جيا جېڭ، — خان ئالىيلىرى يەنە: «سۇجۇ ھەربىي ۋالىيسى مەلۇم قىلغان جيا فەن سىلەر بىلەن بىر جەمەتمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن باش قويۇپ «خوش» دېسەم، خان ئالىيلىرى تەرىنى تۈرۈپ: «مۇلازىملىرىنىڭ زورلۇق قىلىپ ئاق كۆڭۈل پۇقرانىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى تارتىۋېلىشىغا يول قويىدى، دېگەن قانداق قاملاشمىغان ئىش بۇ؟» دەپ كايىدى. مەن لام - جىم دېيەلمەي قالدىم. خان ئالىيلىرى يەنە: «جيا فەن نېمەڭ بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن دەرھال: «شىرەم جەمەتىمىز بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم. خان ئالىيلىرى ھىم دەپ قويۇپ

يېنىپ چىقىشىمغا ئىجازەت بەردى. ئاجايىپ ئىش ـ دە، بۇ !
— ماۋۇ ئىشلارنىڭ توغرا كېلىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان. نېمانداق بىر يولىلا ئىككى ئىش تەڭ كېلىپ قالىدىكىنە؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك.
— بۇ ئىشنىڭ ئەجەبلىنىدىغان يېرى يوق. ئەسلىدە جىيا جەمەتى ياخشى ئادەملەر ئەمەس، — دېدى جىيا جېڭ، — ھېسابلاپ كەلسەك ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمىزمۇ تولا خەق ئىكەنمىز. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ھەممىلا جايغا دېگۈدەك ئورۇنلىشىپ كېتىپتۇ. ھازىرغۇ بىرەر پېشكەللىك يۈز بەرمىدى. لېكىنزە، خان ئالىيلىرىنىڭ ئىسمىدە «جىيا» دېگەن نامنىڭ قالغانلىقى ياخشى بولمىدى.
— راستى راست، يالغىنى يالغان بولۇپ چىقىدۇ، نېمىدىن ئەنسىرەيتتىلە؟ — دېيىشتى باشقىلار.
— مېنىڭ مەنسەپ تۇتۇشقىمغۇ زادىلا رەۋىتىم يوق ئىدى، بىراق قېرىپ قالدىم دەپ ئىستىپا بېرىشكە ھەددىم ئەمەس ئىكەن. ھازىر خاندانىمىزدا مىراس قالغان ئىككى مەنسەپ بار، بۇمۇ ئامالسىزلىقنىڭ ئىشى.
— جانابلىرىنىڭ ئىنشائات دىۋانىدا ھېلىمۇ ۋەزىپىلىرى بار. پايتەختتىكى بۇ ئەمەلدىن چاتاق چىقماس، — دېدى يۈيسۈن.
— پايتەختتىكى ئەمەلدىن چاتاق چىقمىغىنى بىلەن، مەن ئىككى مەرتەم سىرتتا مەنسەپ تۇتتۇم. شۇڭا بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، — دېدى جىيا جېڭ.
— ئوتتۇرانچى بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ پەزىلىتىگە، تۇتقان يوللىرىغا ھەممىمىز قول قويىمىز. ئاكىلىرى چوڭ بېگىممۇ ئوبدان كىشى. ئەمدى جىيەنلىرىنى چىڭراق تۇتسىلا بولىدۇ، — دېيىشتى باشقىلار.
— خاندانىدا تۇرغان ۋاقتىم ئاز بولغاچقا، جىيەنلىرىمنىڭ ئىشلىرىنى ئانچە سۈرۈشتە قىلىپ كېتەلمىدىم. بۇ توغرىدا ئۆزۈمنىڭمۇ كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس، — دېدى جىيا جېڭ، —

www.uyghurkitap.com

بۇگۈن بۇ گەپنى ئېچىپ قىلىشتىلا، ھەممىلىرى مېنىڭ قەدىناس بۇرادەرلىرىم، شەرقىي قەسىردىكى جىيەنلىرىمىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنغا سىغمايدىغان بىرقانداق ئىشلىرىدىن خەۋەر تېپىپ قېلىشلىمۇ نېمە؟

ــ باشقا گەپقۇ ئاڭلىمىدۇق، ــ دېيىشتى باشقىلار، ــ بىرقانچە مىرزىبەگلەر قورسىقىدا بىر ئاز غۇم ساقلايدىكەن، بۇنداقلاردىن ھەرەمئاغىلىرى ئىچىدىمۇ بار ئوخشايدۇ. بۇنىڭ كارى چاغلىق، ھەرھالدا ئۇيانىدىكى جىيەنلىرىگە ھەر ئىشتا پەخەس بولۇشنى تاپىلاپ قويغانلىرى تۈزۈكرەكمىكىن.

كۆپچىلىك گەپلىرىنى تۈگىتىپ خوشلىشىپ قايتىشتى. ئاندىن جىيا جېڭمۇياندى. پەرزەنت ـ جىيەنلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشتى. جىيا جېڭ ئاۋۋال جىيا ئانا تەرەپكە قاراپ تەزىم قىلدى، ئاندىن پەرزەنت ـ جىيەنلىرى جىيا جېڭدىن ئېسەنلىك سورىدى ۋە قەسىرگە بىللە كىرىشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلار قۇتلۇق ئايۋانغىچە ئالدىغا چىقىشتى. جىيا جېڭ ئاۋۋال جىيا ئانىنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام بەردى ۋە ئايرىلغاندىن بۇيانقى ئىشلارنى بايان قىلدى. جىيا ئانا تەنچۇننىڭ خەۋىرىنى سورىۋىدى، جىيا جېڭ تەنچۇننى قانداق ئۇزاتقانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇم قىلىپ كېلىپ، مۇنداق دېدى:

ــ كەمىنە ئوغۇللىرى يولغا چىقىشقا ئالدىراپ تاۋۇز چاغىنىغىچە تەخىر قىلالمىدىم. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسامۇ، قۇدىمىزنىڭكىدىن كەلگەنلەر: ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، دېيىشتى. قۇدا بېگىم، قۇدا ئاغىچا خېنىملار ئۆزلىرىگە ئالاھىدە سالام ئېيتىپتۇ. بۇ يىل قىشتا ياكى كېلەر يىلى باھاردا پايتەختكە يۆتكىلىدىغاندەك تۇرىمىز، دەيدۇ. شۇنداق بولسىغۇ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئاڭلىسام، دېڭىز ياقىسىدا يەنە چاتاق چىقىپتۇ، بۇنداقتا دەرمەھەل يۆتكىلەلمەسمىكىن.

دەسلەپتە جىيا جېڭنىڭ مەرتىۋىسى چۈشۈپ قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكى ھەم تەنچۇننىڭ يىراق ياقا يۇرتتا ئۇرۇق ـ

تۇغقانسىز يالغۇز قالغانلىقىدىن جىيا ئانىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغانىدى. كېيىن جىيا جېڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشى ۋە تەنچۈنىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، جىيا ئانىنىڭ قايغۇسى خۇشاللىققا ئايلاندى - دە، چىرايى ئېچىلىپ جىيا جېڭنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى. جىيا جېڭ چىقىپ قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشتى. پەرزەنت - جىيەنلىرى سالامغا كىرىشتى. ئەتىسى ئەجدادلار خانىقاسىغا كىرىپ سەجدە قىلىدىغان بولدى.

جىيا جېڭ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىلەن كۆرۈشتى، باۋيۈي بىلەن جىيا لىەن يېڭىباشتىن ئايرىم تەزىم قىلىشتى. جىيا جېڭ يولغا چىققان چاغدىكىگە قارىغاندا باۋيۈينىڭ مەڭزى تولۇپ، سەمرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى خېلى خاتىرجەم بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا ئەمەسلىكىنى بىلمىگەچكە، تۇرقىنى كۆرۈپلا خاتىرجەم بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسى چۈشۈرۈلگەنلىكىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ، ئۇلۇغ ئانامنىڭ قىلغان ئىشى ئوبدان بوپتۇ، دەپ ئويلىدى. ئاندىن باۋچەينىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ تەمكىن، ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغانلىقىنى، جىيا لىەننىڭ خېلى ئەدەپكە قايتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا كۆڭلى تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى. پەقەت جىيا خۇەن بۇرۇنقى پېتىچە تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا ئانچە ئامراقلىقى كەلمىدى. بىرھازاغىچە ئارام ئالغاندىن كېيىن، بىردىنلا بىرسى يادىغا كېلىپ:

— نېمىشقا بۇگۈن بىر كىشى كەم؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ دەيىۋېنى ئەسلىگەنلىكىنى بىلدى، لېكىن تازا خۇشال بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر چاغدا توغرىسىنى ئېيتىشقا ئوڭايسىزلىنىپ «ئاغرىپ قالدى» دەپلا قويدى. بىراق، باۋيۈينىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولۇپ، ئاتىسى يېڭى كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم داستىخان تارتىپ ھاردۇق چىيى بەردى.

نەۋرە ـ ئەۋرىلەر شاراب تۇتۇشتى، فېگجىيې جىيەن كېلىنى بولسىمۇ، ئائىلە ئىشلىرىغا غوجىدارلىق قىلىۋاتقاچقا، باۋچەيلەرنىڭ كەينىدىن ئۇمۇ شاراب تۇتتى. بىر قۇر شاراب تۇتۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، جيا جېڭ:

— ئەمدى چىقىپ ئارام ئېلىڭلار، — دېدى ۋە خىزمەتكارلارنى بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرماي، ئەتە سەھەردە ئەجدادلار خانىقاسىدا سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆرۈنۈش قىلىساڭلارمۇ بولىدۇ، دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، جيا جېڭ ئۆزى كەتكەندىن بۇيانقى ئىشلار ئۈستىدە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن بىر پەس پاراڭ سېلىشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باشقا ئىشلار توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدى. جيا جېڭ ئاۋۋال ۋاڭ زىتېڭنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئۆزى گەپ ئېچىپ قالدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇنىڭغىمۇ ھەسرەت چېكىشكە پېتىنالمىدى. جيا جېڭ شۆپەننىڭ ئىشىنى سورىغانىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇ ئۆزىگە قىلدى، دەپ جاۋاب بەردى. گېزى كەلگەندە دەيۈيىنىڭ قازا قىلغانلىقىنىمۇ ئېيتتى. جيا جېڭ قاتتىق چۆچۈپ، كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى ۋە كەينى ـ كەينىدىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ھەسرەتلەندى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ تاشلىدى. قېشىدا تۇرغان سۈيىيۈن پېشىدىن ئىتتىك تارتىپ قويۇۋىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغىسىنى توختىتىۋېلىپ، كۆڭۈلنى كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى يېڭىباشتىن قىلىپ بېرىپ، ئاندىن ئارام ئېلىشتى.

ئەتىسى سەھەردە جيا جېڭ پەرزەنت ـ جىيەنلىرىنى كەينىگە سېلىپ ئەجدادلار خانىقاسىغا كەلدى. جيا جېڭ خانىقانىڭ يان ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ، جيا جېن بىلەن جيا ليەننى چاقىرتىپ، جەمەتنىڭ ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلدى. جيا جېن ئېيتىشقا تېگىشلىك دەپ ئويلىغانلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى.

— مەن قايتىپ كەلدىم، — دېدى جيا جېڭ جياجېنغا، — ھەممىنى بىر - بىرلەپ سۈرۈشتە قىلىشىمىز بىئەپ. تاشقىرىدا بەزى گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئائىلىدىكى يۈرۈش - تۇرۇشلىرىڭىز بالدۇرقىدەك بولماي قاپتۇ. ھەرقانداق ئىشتا ئېھتىياتچان بولغان تۈزۈك. يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. باللارنى ئوبدانراق تۇتۇش كېرەك، ئۇلار تاشقىرىدا خەقنى رەنجىتىپ يۈرمىسۇن. جيا ليەن، سەنمۇ ئاڭلاپ قوي، مەن ئۆيگە قايتىپ كېلەر - كەلمەيلا سىلەرنى ئەيىبلىگىنىم ئەمەس. بەزى گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالغاچقا سىلەرگە دەۋاتقىنىم. تېخىمۇ پەخەس بولۇڭلار.

جيا جېنلارنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزارغىنىچە خوش دەپ تۇرۇشتىن باشقا گەپ ئاغزىغا كەلمىدى. جيا جېڭمۇ ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات دەپ، غەربىي قەسىرگە قايتىپ كەلدى. خىزمەتكارلار باش قويۇشقاندىن كېيىن، ئۇ ئىچكىرىكى قورۇغا كىردى، چۆرە - دېدەكلەر سالام بېرىشتى، بۇ ھەقتە كۆپ بايان قىلمايمىز.

ئەمدى گەپنى باۋيۈيدىن ئاڭلىغايسىز. جيا جېڭ تۈنۈگۈن دەييۈينى سورىغاندا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئاغرىپ قالدى، دەپ جاۋاب بەرگەچكە، باۋيۈي ئۇلاردىن ئۆز ھەسرىتىنى يوشۇرغانىدى. جيا جېڭ «چىقىپ كەت» دېگەندىن كېيىن، ئۇ ھۇجرىسىغا كەلگۈچە ياش تۆكۈپ كەلدى. ھۇجرىسىدا باۋچەي بىلەن شىرېن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ دالاندا ئۆزى يالغۇز مۈڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. باۋچەينىڭ جورۇشى بويىچە شىرېن چاي قۇيۇپ بەردى. باۋچەي ئۇنى ھەرقاچان ئاتىسىنىڭ دەرسىنى سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قېلىپ، دالانغا چىقىپ ئۇنى بەزلىدى. باۋيۈي شۇ باھانىدە باۋچەيگە:

— بۈگۈن كېچە سىز ياتقاچ تۇرۇڭ، مەن سەل ئېسىمنى يىغىۋالاي. شۇ تۇرقىدا ئەھۋالىم بۇرۇنقىدىنمۇ ياماناپ كېتىۋاتىدۇ، ئىككى گەپنىڭ بىرىمۇ ئېسىمدە تۇرماس بولۇپ قالدى. بەگ ئاتام بۇ ئەھۋالىمنى كۆرسە ياخشى بولمايدۇ. سىز يېتىۋېرىڭ، شىرىن ماڭا ھەمراھ بولۇپ سەل ئولتۇرسۇن، — دېدى.

باۋچەيمۇ ئۇنى زورلىماي، بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۇردى. باۋيۈي چىقىپ، شىرىنگە:

— زىجۈەننى قىچقىرىپ قويغان بولساڭ، ئۇنىڭدىن سورايدىغان گېپىم بار ئىدى، — دەپ ئاستا يالۋۇردى، — زىجۈەن مېنى كۆرسىلا چىرايىنى ئاچمايدۇ، سەن ئۆزۈڭ چىقىپ گەپ قىلىپ، چىرايى ئېچىلغاندىن كېيىن باشلاپ كىرسەڭ ياخشى بولاتتى.

— بايا ئەس - ھوشۇمنى يىغىۋالاي دېۋىدىڭىز، خېلى خۇش بولۇپ قالغانىدىم. ئەس - ھوشىڭىزنى شۇنىڭغا يىغىپتىكەنسىزمۇ دەيمەن! گېپىڭىز بولسا ئەتە سورىسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى شىرىن.

— بۈگۈن ئاخشام مەن بىكار، — دېدى باۋيۈي، — ئەتە بەگ ئاتام بىرەر ئىشقا بۇيرۇپ قالسا چولام تەگمەي قالىدۇ. جېنىم ئاچا، چاپسانراق چىقىپ قىچقىرىپ كىرسەڭچۇ!

— كېلىن ئاغىچا قىچقارمىغۇچە ئۇ كىرمەيدۇ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، سېنى ئۆزى چىقىپ ئېنىقىنى ئېيتسۇن دەۋاتىمەن.

— چىقىپ نېمە دەيمەن؟

— مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەنلا بىلىسەن، ھەر ئىككىمىز دەيىۋي خان قىز ئۈچۈن ئېچىنىمىز. چىقىپ مېنى بىۋاپا ئەمەس، دېمەمسەن. مېنى بۈگۈنكى كۈندە بىۋاپا قىلىپ قويغان سىلەر! — باۋيۈي شۇ گەپنى دەۋېتىپ



www.uyghurkitap.com

ئىچكىرىكى ئۆيگە لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — ئاۋۇنى زادىلا كۆڭلۈم تارتمايتتى، ھەممە قىلغۇلۇقنى ئاناملار قىلىپ بىر ئوبدان دەييۇي قىزنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئۇ جان ئۈزەر چېغىدا مېنى ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشتۈرگەن بولسا، ئىچىمدىكى گېپىمنى ئۇنىڭغا ئوچۇق دەۋالغان بولسام، جان ئۈزگەندە ئۇ مەندىن ئاغرىنماي كەتكەن بولاتتى! ئۇچىنچى خان قىزنىڭ دېگەن گەپلىرىنى سەنمۇ ئاڭلىدىڭغۇ. دەييۇي قىز جان ئۈزەر چېغىدا مەندىن بەك نەپرەتلىنىپتۇ. زىجۈەنمۇ دەييۇي قىز ئۇچۇن ماڭا قاتتىق غۇم ساقلاپ يۈرىدۇ. سەن ئويلاپ باققىنا، مەن شۇنچىلىك رەھىمسىز ئادەممۇ؟ چىڭۋېنغۇ بىر چۆرە قىز ئىدى، ئۇنىڭ ھېچقانچە ئارتۇقچىلىقىمۇ يوق، شۇنداق بولسىمۇ، ساڭا راستىنى ئېيتسام، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ مەرسىيە يازغاندىم، ئۇنى دەييۇي قىزمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە دەييۇي سىڭلىم ئۆلسە، مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنىڭ چىڭۋېنچىلىكمۇ قەدرى بولمامدۇ؟ ھەتتا ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر – چىراغمۇ ئۆتكۈزمەمدىمەن؟ يەنە كېلىپ دەييۇي قىز ئۆلگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئەرۋاھى بارغۇ؟ مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۇ مەندىن تېخىمۇ ئاغرىنمامدۇ؟

— نەزىر قىلىسىڭىز قىلىۋەرمەمسىز. سىزنى كىم توسۇپتۇ؟

— مەن ئوڭشىلىپ ئۆرە بولغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا ئاتاپ مەرسىيە يازاي دېگەنىدىم، — دېدى باۋيۈي، — نېمە بولدىكىن زادىلا ئىلھامىم كەلمەيدۇ. باشقىلىرىغا ئاتاپ يازسامغۇ، بولۇشىچە يازساممۇ بولىۋېرەتتى، لېكىن ئۇنىڭغا ئاتاپ يازغاندا قىلچىلىكمۇ غورا – خوتا قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، خان قىزنىڭ يۈرەك دەردىنى زىجۈەننىڭ نېمىدىن بىلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىدىن سوراپ باقاي دەيمەن. كېسەل بولماس چېغىمدا ئويلىسام ئېسىمگە كېلەتتى، كېسەل بولغاندىن كېيىن ئېسىمنى

يوقىتىپلا قويدۇم. سەن دەيىۋي قىزنى ساقايدى دېگەنىدىڭ، ئەمىسە نېمىشقا تۈيۈقسىزلا قازا قىلىدۇ؟ ساق چېغىمدا مەن يوقلاپ بارمىسام ئۇ نېمىلەرنى دېگەندۇ؟ مەن ئاغرىپ قالغاندا ئۇمۇ كەلمەي يەنە نېمىلەرنى دېگەن بولغىيدى؟ ئۇنىڭ ھەممە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئەكىرگۈزۈۋالاي دېسەم، كېلىن ئاغىچاڭ ئۇنىڭغا زادىلا قول تەگكۈزگىلى قويمايدۇ، نېمە قىلغىنىڭنىڭ!

— كېلىن ئاغىچا سىزنى كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن دەپ ئەنسىرىگەندۇ، باشقا نېمە ئىش بولاتتى؟ — دېدى شىرىن.

— بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن، — دېدى باۋيۈي، — ئەگەر دەيىۋي خان قىز مېنى يادىدا تۇتقان بولسا، ئۆلەر چېغىدا قول يازمىلىرىنى ماڭا يادىكار قىلىپ قالدۇرماي نېمىشقا كۆيدۈرۈۋېتىدۇ؟ يەنە كېلىپ شۇ كۈنى ئاسماندىن نەغمە ـ ناۋا ئاڭلىنىپتۇ. دېمەك، ئۇ مۇئەككەلگە ئايلاندى ياكى بولمىسا پەرىزاتلار ماكانىغا كەتتى. جەسەت ساندۇقىنىغۇ كۆردۈم، لېكىن ئۇ ساندۇقتا ئۇ زادى بارمۇ، يوق، بىلىپ بولمايدۇ.

— تېخىمۇ ئالجىغىلى تۇردىڭىز! — دېدى شىرىن، — ئۆلمىگەن ئادەمنى ئۆلدى دەپ تاۋۇتقا سالىدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى باۋيۈي، — ھۆر ـ پەرىزات بولۇپ كەتكەنلەردىن بەزىسى ۋۇجۇدى بىلەن كېتىدۇ، بەزىسى ۋۇجۇدىنى تاشلاپ كېتىدۇ. جېنىم ئاچا، زىجۇەننى چاقىرىپ بەرسەڭ نېمە بولىدۇ؟

— ھازىر مەن چىقىپ ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئىچ سىرىڭىزنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ ئېيتاي. كېلىشكە ئۇنىسىغۇ ياخشى، ئۇنىماي قالسا بىرمۇنچە گەپ سېتىشقا توغرا كېلىدۇ. كەلگەن تەقدىردىمۇ سىزگە ئۇجۇر ـ بۇجۇرنى دەپ بەرمەيدۇ. گېپىمگە كىرسىڭىز، ئەتە كېلىن ئاغىچا تۆر ئۆيگە چىقىپ كەتكەندە، ئۇنىڭدىن ئاستا كوچىلاپ سوراپ باقاي، شۇ چاغدا ئۇ بىر ـ بىرلەپ دەپ بېرەر، ئاندىن ئارامىمىزنى تاپقاندا ئۇنىڭ

دېگەنلىرىنى ئالدىرىماي سىزگە دەپ بەرمەيمەنمۇ، — دېدى شىرىن.
— بۇ گېپىڭمۇ توغرا، لېكىن ئىچىمنىڭ تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى بىلمەيسەن - دە، — دېدى باۋيۈي.
گەپ ئۇستىگە شېيۈ كىرىپ قېلىپ:
— كېلىن ئاغىچا، تۆتىنچى جېسەك ۋاقتى بولۇپ قالدى، غوجام كىرىپ ياتسۇن، شىرىن ئاچام پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەيدۇ، — دېدى.
— شۇنى دېمەمسەن؟ — دېدى شىرىن، — ئەمدى ئۇخلايلى، گەپ بولسا ئەته قىلىشارمىز.
باۋيۈي نائىلاج كىرىپ كېتىۋېتىپ، شىرىننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:
— ئەته زادى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ!
— ماقۇل، — دېدى شىرىن كۈلۈمسىرەپ.
— ئىككىڭلار يەنە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىۋاتىسىلەر - ھە، — دېدى شېيۈ بارمىقى بىلەن ئۇيات ئىشارىسىنى قىلىپ، — نېمىشقا كېلىن ئاغىچىغا دەپ قويۇپلا شىرىننىڭ قېشىغا كىرىپ يېتىۋەرمەيسىز؟ ئۇ چاغدا كېچىچە پاراڭلاشساڭلارمۇ كارىمىز يوق ئىدى!
— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى باۋيۈي قولىنى چايقاپ.
— ھۇي جۇۋاينىمەك، يەنە تىلىڭنى چايىنىغىلى تۇردۇڭغۇ! خەپ! ئەته ئاغزىڭنى يىرتىۋەتمىگىنىمنى كۆر! — دېدى شىرىن. ئاندىن باۋيۈيگە قاراپ، — سىز مېنى، تۆتىنچى جېسەككىچە پاراڭغا تۇتۇپ، ئۆزىڭىز ئىش تاپتىڭىز! — دېدى.
شىرىن شۇ گەپ بىلەن باۋيۈينى ھوجرىسىغا كىرگۈزۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئورنىغا بېرىپ ياتتى.
باۋيۈي شۇ كېچىسى كىرپىك قاقماي چىقتى. ئەتىسىمۇ شۇ

ئىش بىلەن خىيالدىن نېرى بولماي تۇراتتى، شۇئاندا تاشقىرىدىن بىر كىم خەۋەر ئېلىپ كىردى:

— ئۇرۇق - تۇغقانلار، يار - بۇرادەرلەر بېگىمنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن هاردۇق سوراپ ئۆيۈن قويدۇرۇپ بەرمەكچىكەن، بېگىم ئۆيۈن قويمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ ئۆزرە ئېيتىپ قاتتىق تۇرۇۋالغاچقا، ئاددىي بولسىمۇ ئۆيدە داستىخان تەييارلاپ، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەرنى چىللاپ ئەھۋاللىشىپ ئولتۇرۇشىدىغان بولدى. ئۆگۈنلۈككە داستىخان تەييارلاپ مېھمان چىللىنىدىكەن، شۇنى خەۋەر قىلغىلى كىردۇق.

كىملەر چىللانغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز بەشىنچى باب

## تۇرقاۋۇللارنىڭ نىڭگو قەسرىنى تىنتىپ پىچەتلەپ تاشلىغانلىقى ئوردا مۇپەتتىش مىرزىسىنىڭ پىگئەن ۋالىيسىنى پاش قىلغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، جيا جېڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ قەدەھ كۆتۈرۈۋاتاتتى، قۇتلۇق ئايۋانغا لەي دا شاپاشلاپ كىرىپ كەلدى - دە، جيا جېڭغا:

— تۇرقاۋۇللار مەھكىمىسىنىڭ باش سەركارى جاۋ چۇەن بېگىم زىيارەت قىلغىلى كەلدۇق، دەپ بىرنەچچە سىپاھ بەگلەرنى باشلاپ كەپتۇ. كەمىنە قۇللىرى، مەنسەپ نام - نىشانلىرىنى بەرسىلە مەلۇم قىلاي، دېسەم، جاۋ بېگىم: «بىز قەدىناسلارغا ئۇنداق قىلىش ھاجەتسىز» دەپ مەپىدىن چۈشۈپ كىرىپ كېلىۋاتىدۇ. بېگىم، غوجاملار بىلەن تېز ئالدىغا چىقسىلا، — دەپ مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان جيا جېڭ: «جاۋ ئاقساقال بىلەن باردى - كەلدىمىز يوق ئىدى، ئۇ نېمىشقا كەلگەندۇ؟ شۇ تاپتا مېھمان بار، ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلسام ئەپلەشمەيدۇ، تەكلىپ قىلمىسام سەت بولىدۇ» دەپ بىردەم خىيال سۈرۈپ قالدى.

— تاغا، چاققانراق چىقسىلا، يەنە بىر پەس ئويلىنىۋالغۇچە ئۇلار كىرىپ قالىدۇ، — دېدى جيا ليەن.

شۇ ئەسنادا ئارا دەرۋازىدىكى خىزمەتكار كىرىپ:

— جاۋ بېگىم ئارا دەرۋازىدىن ئۆتتى، — دەپ مەلۇم قىلدى. جيا جېڭ باشلىق كىشىلەر ھاپىلا - شاپىلا ئالدىغا

چىقىشتى. باش سەركار جاۋ بېگىم چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرغان هالدا، گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئۇدۇل ئايۋان سارايغا قاراپ ماڭدى. بىللە كەلگەن بەش ـ ئالتە سىپاھ بەگلەردىن گاھىلىرى تونۇش، گاھىلىرى ناتونۇش ئىدى، بىراق ئۇلار گەپكە جاۋابمۇ بەرمىدى. جيا جېڭ قاتارلىقلار ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ، نائىلاج سوڭدىشىپ كىرىپ، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشتى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەردىن باش سەركار جاۋ بېگىمنى تونۇيدىغانلارمۇ بار ئىدى. بىراق، ئۇ غادىيىۋېلىپ ھېچكىمگە پەرۋا قىلماي، جيا جېڭ بىلەنلا قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز ئەھۋاللىشىپ قويدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ بۇ كېلىشىدىن يامانلىقنى سېزىپ، بەزىلىرى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىشۋالدى، بەزىلىرى قول باغلاپ تىك تۇرۇشتى.

جيا جېڭ كۈلۈمسىرەپ گەپ ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، خىزمەتكار:

— شىپىڭ جۇنۋاڭ غوجام ھەزرەتلىرى كەلدى، — دەپ ھودۇقۇپ خەۋەر قىلدى.

جيا جېڭ ھاپىلا ـ شاپىلا ئالدىغا چىقتى، ئاڭغىچە ۋاڭ غوجام كىرىپ كەلدى. باش سەركار جاۋ بېگىم ئالدىغا ئۆتۈپ سالام بەردى. ئاندىن:

— ۋاڭ غوجام يېتىپ كەپتۇ، بىللە كەلگەن بېگىملەر مەھكىمىنىڭ دورغىلىرىنى باشلاپ، ئالدى ـ كەينى دەرۋازىلارنى بېقىپ تۇرۇڭلار، — دېدى. سىپاھ بەگلەر خوش دېيىشىپ چىقىپ كېتىشتى. جيا جېڭ قاتارلىقلار بۇ ئىشتىن ياخشىلىق يوقلۇقىنى پەملەپ، دەرھال يۈكۈنۈپ تۇردى. شىپىڭۋاڭ ئۇنى ئىككى قوللاپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ:

— ئىش چىقمىغان بولسا بۇنداق تەنتەكلىك قىلىشقا ھەددىمىز ئەمەس ئىدى، يارلىقنى بىنائەن ئىش بېجىرىشكە كەلدۇق، جيا شې ئاقساقال يارلىقنى قوبۇل قىلسۇن، — دېدى ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ قويۇپ، — ھازىر مېھمانخانىدا زىياپەت

بولۇۋېتىپتۇ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئەپسىز بولارمىكىن، شۇڭا بۇ خانىدانىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرى قايتىپ كېتىپ ئۆز كىشىلىرىلا قېلىپ قۇلاق سالسۇن.

— ۋاڭ غوجام جانابلىرىغۇ مەرھەمەت ـ ئىلتىپات قىلدىلا، — دەپ مەلۇم قىلدى باش سەركار، — شەرقىي قەسىرنىڭ ئىشىنى تۇتقان ۋاڭ غوجام ئىشىنى ئەستايىدىل قىلىدىغان زات، دەرۋازىلارنى ئاللىقاچان پېچەتلىۋەتتىمىكىن.

كۆپچىلىك بۇ ئىشقا ئىككىلا قەسىرنىڭ چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، پاتراق قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشكە تاقەتسىز تاق بولۇپ تۇراتتى.

— ھەربىرلىرى ئۆيلىرىگە مەرھەمەت قىلىشسىلا، — دېدى ۋاڭ غوجام كۈلۈمسىرەپ، — بۇلار ئۆزىتىپ قويۇلسۇن! تۇرقاۋۇللار مەھكىمىسىنىڭ سىپاھىلىرىغا ئېيتىپ قويۇڭلار: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرى، تەكشۈرۈپ ئولتۇرماي، تېز چىقىرىۋەتسۇن.

جىيا قەسىرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئالدى ـ كەينىگە باقماي شامالدەك غۇيۇلداپ چىقىپ كېتىشتى. پەقەت، جىيا شې، جىيا جېڭ قاتارلىقلار قورقىنىدىن رەڭگى تاتىرىپ، غال ـ غال تىترەپ تۇرۇپ قېلىشتى.

بىر پەستىن كېيىن بىرمۇنچە پاششاپ ـ دورغىلار كىرىپ ئىشىك ـ دەرۋازىلاردا تۇرۇۋىدى، قەسىردىكى يۇقىرى ـ تۆۋەن، ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر قەدەممۇ قىمىر قىلالماي قالدى. باش سەركار جاۋ دەررۇ تەلەتىنى ئۆزگەرتىپ:

— ھەزرەتلىرى، خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىنى جاكارلىغان بولسىلا، ئاندىن تۇتۇش قىلغان بولساق، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. ھېلىقى دورغا ـ پاششاپلارمۇ يەڭلىرىنى شىمايلاپ، پەشلىرىنى قىستۇرۇپ، يارلىقنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

— خان ئالىيلىرى كەمىنە ۋاڭغا تۇرقاۋۇللار مەھكىمىسىدىن

جاۋ چۈەننى ئېلىپ جيا شېنىڭ ئۆيىۋاقىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىق، دەپ يارلىق قىلدى، — دېدى شىپىڭۋاڭ ئالدىرىماي سۆزلەپ. جيا شې قاتارلىقلار دەرھال يەرگە دۈم يېتىشتى. ۋاڭ غوجام تۆرگە چىقىپ دېدى:

— خان ئالىيلىرى يارلىق قىلىدۇكى، جيا شې پايتەخت سىرتىدىكى ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ خان ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمىتىنى يەردە قويغانلىقى، بۇۋىلىرىنىڭ شان - شۆھرىتىگە داغ كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، مىراس مەنسىپىدىن قالدۇرۇلسۇن. يارلىق تامام.

— جيا شېنى تۇتۇڭلار. قالغانلىرىنى پايلاپ تۇرۇڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى باش سەركار جاۋ چۈەن.

شۇ تاپتا جيا شې، جيا جېڭ، جيا ليەن، جيا رۇڭ، جيا چاڭ، جيا جى، جيا لەنلەر ھازىر ئىدى، پەقەت باۋيۈيلا كېسەللىكنى باھانە قىلىپ جيا ئانىنىڭ يېنىدا قالغانىدى. جيا خۇەن ئەزەلدىن خەققە ئانچە كۆرۈنمەيتتى، شۇڭا ھازىر بار بولغان ئاشۇ بىرنەچچە كىشىلا پايلاپ تۇرۇلدى، باش سەركار جاۋ چۈەن ئۆز مۇلازىمى ئارقىلىق سىپاھلارنى تولۇق چاقىرتتى - دە، دورغا - پاششاپلارنى باشلاپ ئۆيمۇئۆي يۇرۇپ تىنتىپ، مال - مۈلۈكلەرنى دەپتەرگە تىزىملاپ چىقىشقا بۇيرۇدى. بۇ ۋەھىمىلىك گەپتىن جيا جېڭ باشلىق ئۇلۇغ - ئۇششاقلار قورقۇپ كېتىپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ قېتىپ قېلىشتى. دورغا - پاششاپلار خۇشاللىقىدىن يەڭلىرىنى شىمايلاپ، تەرەپ - تەرەپتىن تۇتۇش قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، شىپىڭۋاڭ:

— ئاڭلىسام، جيا شې ئاقساقال بىلەن جيا جېڭ ئاقساقال بىر ئائىلە بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئالدىلىرىغا ئۆي تۇتقانىكەن، شۇڭا يارلىققا بىنائەن جيا شېنىڭ تەئەللۇقاتلىرىنى تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك. باشقا ئۆيلەر پېچەتلەپ تۇرۇلسۇن! بىزگە خان ئالىيلىرىدىن باشقا يارلىق چۈشكەندىن كېيىن بىر

تەرەپ قىلىنسۇن ! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپ قالدى.
— ۋاڭ غوجامغا ئىلتىماس قىلىمەنكى، — دېدى باش سەركار جاۋ ئورنىدىن قوپۇپ، — جيا شې بىلەن جيا جېڭ مىراس بۆلۈشكەن ئەمەس. ئاڭلىساق، جېيەنى جيا ليەن باش غوجىدارلىق قىلىۋېتىپتۇ، شۇڭا جىمىسىنى تەكشۈرۈپ تىنتىماي بولمايدۇ.
بۇ گەپكە شىپىڭۋاڭ لام - جىم دېمىدى.
— جيا ليەن بىلەن جيا شېنىڭ ئۆيلىرىنى كەمىنە چاكارلىرى باشچىلىق قىلىپ تىنتىپ چىقسام ئوبدان بولاتتى، — دېدى باش سەركار جاۋ.
— ئالدىراشنىڭ هاجىتى يوق، ئاۋۋال ئىچكىرى هۇجرىلارغا خەۋەر يەتكۈزۈڭلار، ئايال خەقلەر ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالسۇن. ئاندىن تىنتىساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى شىپىڭۋاڭ.
بۇ گەپ تۈگە - تۈگىمەيلا، جاۋ چۈەننىڭ مۇلازىم پاششاپ - دورغىلىرى قەسىرنىڭ خىزمەتكارلىرىنى ئالدىغا سېلىپ، تىنتىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە ماڭغانىدى، ۋاڭ غوجام:
— پاراكەندە قىلىشما. مەن ئۆزۈم تەكشۈرۈپ كۆرىمەن ! — دەپ ۋارقىراپ بۇيرۇق قىلدى. ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تاپىلىدى، — مەن بىلەن كەلگەنلىرىڭ قىمىرلاشما، مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇش. كېيىن بىللە كۆزدىن كەچۈرۈپ دەپتەرگە چۈشۈرىمىز.
گەپ ئۈستىگە، تۇرقاۋۇل سىپاھ بېگى كېلىپ تىزلىنىپ مەلۇم قىلدى:
— ئىچكىرىكى هۇجرىدىن ئوردىغا خاس بىرمۇنچە ئېگىن ۋە مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر چىقتى، قول تەگكۈزۈشكە پېتىنالماي، هەزرەتلىرىدىن يوليورۇق سوراپ كەلدىم.
بىر پەستىن كېيىن يەنە بىر قانچەيلەن كېلىپ، شىپىڭۋاڭنىڭ ئالدىنى توسۇپ:
— شەرقىي قارناقتىن ئىككى ساندۇق يەر - زېمىن

ھۆججەتلىرى چىقتى، يەنە بىر ساندۇق قەرز تىلخەتلىرىمۇ بار ئىكەن، جىمىسى قانۇنغا مۇخالىپ جازانە قويغان نەرسىلەر، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

— نىمىدىگەن ئېغىر ئۈسۈم بىلەن جازانىخورلۇق قىلىنىش بۇ ! — دىدى جاۋ بىگىم، — ئالا قويماي تىنتىش كېرەك ! ۋاڭ غوجام ھەزرەتلىرى بۇ يەردە ئولتۇرغاچ تۇرسىلا، كەمىنە چاكارلىرى جىمىسىنى تىنتىپ كېلەي، ئاندىن بىر تەرەپ قىلىسىلا.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كارىبېگى كېلىپ:

— دەرۋازىنى بېقىپ تۇرغان تۇرقاۋۇللار: «خان ئالىيلىرى بېيجىڭۋاڭنى يارلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالايىتەن ئەۋەتىپتۇ، ۋاڭ غوجام ئالدىغا چىققان بولسا» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

باش سەركار جاۋ چۈەن: «ئەمدى مېنى نەس باسىدىغان بولدى - دە. تازا گىرى ۋاڭغا يولۇقۇپ قالدىم ! بايا، ئاۋۇ بىرسى كېلىپ، ھەيۋەمنى كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلغاندى !» دەپ ئويلىغاچ، ئۇمۇ ئالدىغا چىقتى. بېيجىڭۋاڭ چوڭ مېھمانخانىغا كىرىپ بولغانىكەن، تالاغا قاراپ تۇرۇپ:

— خان ئالىيلىرى يارلىق چۈشۈردى، تۇرقاۋۇللار مەھكىمىسىدىكى جاۋ چۈەن قولاق سالسۇن، — دەپ جاكارلىدى، — يارلىق شۇكى، تۇرقاۋۇل سەركارى پەقەت جىيا شېنى تۇتۇپ كېلىپ سوراق قىلسۇن، قالغان ئىشلارنى يارلىق بويىچە شىپىڭۋاڭ بېجىرسۇن، يارلىق تامام.»

شىپىڭۋاڭ بۇ يارلىقنى قوبۇل قىلىپ خۇشال بولۇپ بېيجىڭۋاڭ بىلەن ئولتۇرۇشتى، باش سەركار جاۋ بەگ جورۇق بويىچە جىيا شېنى ئېلىپ يامۇلغا قايتىپ كەتتى، ئىچكىرىدە ئاختۇرۇپ تىنتىۋاتقانلار بېيجىڭۋاڭنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ جىمىسى قايتىپ چىقىشتى ھەم باش سەركار جاۋ بىگىمنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەممىسىنىڭ كەيپى ئۇچتى - دە،

قول باغلاپ تىك تۇرۇشتى. بېيجىڭۋاڭ پەقەت ئىككى نەپەر ئاق كۆڭۈل سىپاھ بەگ بىلەن ئون نەچچە نەپەر ياشانغان پاششاپ ـ دورغىنى ئېلىپ قېلىپ قالغانلىرىنى قوغلاپ چىقاردى.

— ھېلىقى جاۋ بېگىمگە ئاچچىقىم كېلىپ تۇراتتى، — دېدى شېپىڭۋاڭ، — ۋاڭ غوجام جانابلىرى دەل ۋاقتىدا كېلىپ يارلىق يەتكۈزدىلە، بولمىسا بۇلارغا چوڭ تارتقۇلۇق كەلگەن بولاتتى.

— مەن دەرگاھتا جانابلىرىنىڭ يارلىق بويىچە جيا قەسىرىنى تىنتىشقا كەلگەنلىرىنى ئاڭلاپ، بۇلارغا قاتتىق شىكەستە يەتمەس دەپ ئويلاپ خاتىرجەم بولغانىدىم. جاۋ بەگنى مۇنچىۋالا مۇتتەھەملىك قىلىپ كېتەر دېمەپتىكەنمەن، — دېدى بېيجىڭۋاڭ، — جيا جېڭ ئاقساقال بىلەن باۋيۈي نەدىدۇ؟ ئىچكىرىنى قانچىلىك مالىمان قىلىۋەتكەندۇ بۇ خەق؟

— جيا جېڭ قاتارلىقلار تۆۋەنكى ئۆيدە نەزەربەند قىلىنىپ تۇرىدۇ، ئىچكىرى ھۇجرىلار تىنتىلىپ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتىلدى، — دەپ مەلۇم قىلىشتى كۆپچىلىك.

— جيا جېڭنى ئەكېلىڭلار، گەپ سورايمەن، — دەپ بۇيرۇدى سىپاھ بەگلەرنى بېيجىڭۋاڭ. سىپاھ بەگلەر بۇيرۇققا بىنائەن جيا جېڭنى ئەكەلدى. جيا جېڭ تىزلىنىپ تۇرۇپ ئىلتىپات تىلەپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى.

— تەخسىر جيا جېڭ، خاتىرجەم بولغايلا، — بېيجىڭۋاڭ شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېلىپ ئۇنى يۆلىدى ۋە خاننىڭ يارلىقىنى ئۇنىڭغا يەنە بىر قۇر دەپ بەردى. جيا جېڭ مىننەتدار بولۇپ، پوتلىسىنى ئاققۇزۇپ، شىمالغا قاراپ خاننىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر بىلدۈردى ـ دە، كېلىپ ۋاڭ غوجامنىڭ ھۇزۇرىدا ھازىر بولدى.

— تەخسىر جيا جېڭ، — دېدى ۋاڭ غوجام، — بايا جاۋ بېگىم بۇ يەردىكى چاغدا، پاششاپ ـ دورغىلار مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر ۋە ئېغىر ئۆسۈملۈك جازانە ھۆججەتلىرى چىققانلىقىنى مەلۇم قىلدى، بۇنى يېپىش بىزگىمۇ تەس. بۇ مەنئى قىلىنغان

نەرسىلەر، ئەسلىدە خانىش ئۈچۈن تەييارلانغان بولغاچقا، ئېنىقنى مەلۇم قىلىپ قويساقلا كارايىتىمۇ يوق. پەقەت جازانە ھۆججەتلىرى توغرىسىدا بىرەر ئامال قىلىنسا ئوبدان بولاتتى. ئەمدى ئۆزلىرى سىپاھ بەگلەرنى باشلاپ جيا شېنىڭ مال-بىساتىنى راستى بىلەن تاپشۇرۇۋەتسىلە ئىش تۈگەيدۇ، ھەرگىز يەنە يوشۇرۇپ، ئۆزلىرىگە گۇناھ بولىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

— كەمىنە گۇناھكارنىڭ ئەمدى ھەددىم ئەمەس، — دېدى جيا جېڭ خۇش بولۇپ، — لېكىن بوۋىمىزدىن قالغان مىراسلىرىمىزنى ئۈلەشمىگەندۇق، ھەرقايسىمىزنىڭ ئۆز ئۆيلىرىمىزدىكى نەرسىلەر ئۆزىمىزنىڭ بولۇپ قالغان.

— بۇنىڭ كارى چاغلىق. جيا شېگە تەئەللۇق جىمى نەرسىنى تاپشۇرساڭلارلا كۇپايە، — دېيىشتى ئىككى ۋاڭ غوجام. ئاندىن سىپاھ بەگلەرگە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قالايمىقان قىلماي، بۇيرۇقتا بىنائەن ئىش قىلىشنى تاپىلىدى. سىپاھ بەگلەر شۇ ئەمر بىلەن چىقىپ كېتىشتى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئىشىتكەيسىز. جيا ئانا تەرەپتە ئاياللارمۇ زىياپەت قىلىشقانىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم:

— باۋيۈي، تاشقىرىغا چىقىپ باقمىدىڭ، ئاتاڭنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالمىسۇن جۇمۇ، — دېدى.

— مېنىڭچە، باۋيۈي خەققە كۆرۈنۈشتىن قورقۇپمۇ تۇرمايدۇ، — دېدى فېڭجيې كېسەل بولغاچقا ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، — ئۇ يەردە مېھمانلارغا ھەمداستىخان بولغۇچىلارنى كۆپ دەپ بۇ يەردە قارىشىپ بېرىۋاتقىنى بولسا كېرەك ئۇنىڭ. مۇبادا بېگىم، ئىچكىرىدىكىلەردىن بۇ يەردە قارىشىپ بېرىدىغانغا بىرەرسى كەم بولۇپ قالدى، دەپ قالسا، خېنىم شۇ چاغدا باۋيۈي ئىنىمنى چىقارتىپ بەرسىلە ئوبدان بولارمىكىن؟

— بۇ فېڭجيې قىزنىڭزە، كېسىلى شۇ ھالەتتە تۇرۇپمۇ ئاغزى

يەنە شۇنداق چاققان ! — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

ئۇلار راسا ئېچىلىپ گەپ قىلىشىۋاتاتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم تەرەپتىن بىرسى ۋارقىرىغان پېتى يۈگۈرۈپ كىردى:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىم ! يا ... يا ... يامان بولدى ! ئۆتۈك - كۆلا كىيىشكەن نۇرغۇن باسما ... باسمىچى كەلدى ! ساندۇق - پاندۇقلارنى ئاختۇرۇپ، نەرسە - كېرەكلەرنى بۇلاۋاتىدۇ !

جيا ئانا قاتارلىقلار بۇنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ قالدى. ئارقىدىن پىڭئېر چاچلىرى چۇۋۇق، چياۋجيېنى يېتىلىگەن ھالدا يىغلاپ كىرىپ:

— يامان بولدى ! چياۋجيېنى بىلەن غىزا يەپ ئولتۇراتتۇق، خەقلەر لەي ۋاڭنى باغلاپ ئەكىردى. ئۇ: «خېنىم، تېز كىرىپ ئاغىچا خېنىملارغا خەۋەر قىلىڭ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالسۇن، تالادا ۋاڭ غوجام خانىدانىنى ئاختۇرغىلى كەپتۇ !» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ جېنىم چىققۇدەك قورقۇپ كەتتىم ! ھۇجرىغا كىرىپ مۇھىم نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشقا تەمشەلسەم، بىر توپ كىشىلەر مېنى ئىتتىرىپ قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. بۇياقتىكى كىيىدىغان - سالىدىغان نەرسىلەرنى ئىلدام يىغىشتۇرسىلا ! — دېدى.

شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار قورققىنىدىن ئەرۋاھى ئۇركۈپ نېمە قىلىشىنى بىلمەيلا قېلىشتى. فېڭجيې دەسلەپتە كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، كېيىن بىردىنلا ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. جيا ئانا بولسا بۇ گەپنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ بولمايلا ياش - يوتلىسىنى ئاقتۇرۇپ تىلىقىپ قالدى، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمىدى.

شۇ تاپتا كىشىلەر ئۆينى بىر ئالغاندى، ئۇلار بىرسى ئۇنى تارتسا، يەنە بىرسى بۇنى يۆلەشتۇرۇپ دېگەندەك، ئۆرىتۆپە بولۇپ تۇرۇشاتتى. شۇ ئەسنادا يەنە بىر چوقان ئاڭلاندى:

— ئىچكىرىدىكى ئاياللار ئۆزلىرىنى چەتكە ئالسۇن، ۋاڭ غوجام كىرىدۇ !

باۋچەي، باۋيۇيلەر پەگاھتىكى چۆرە ـ دېدەكلەر، خىزمەتكار خوتۇنلارنىڭ پالاقشىپ كېتىشىۋاتقىنىغا ئىلاجسىز قاراپ تۇراتتى. جيا ليەن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى.

ـــ ياخشى بولدى، ياخشى بولدى، بەختىمىزگە ۋاڭ غوجام بىزنى قۇتقۇزدى، ـــ دېدى ئۇ.

كۆپچىلىك نېمە بولغانلىقىنى سورىماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئاڭغىچە، جيا ليەن يەردە ئۆلۈكتەك ياتقان فېڭجيېنى كۆرۈپ يىغلاپ ـ ۋارقىراپ تاشلىدى. ئاندىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قورقىنىدىن دېمى كېسىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ تەمتىرەپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، پىڭئېر فېڭجيېنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ باشقىلارغا يۆلەتكۈزۈپ قويدى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىممۇ ھوشىغا كەلگەندى، يەنە يىغلاپ ئۆزىنى يوقىتىپ كاڭغا يىقىلدى، لى ۋەن توختىماي تەسەللى بەردى. ئاندىن جيا ليەن ئېسىنى يىغىپ، ئىككى ۋاڭ غوجامنىڭ ئىلتىپاتىنى چۈشەندۈردى. جيا ئانا بىلەن شىڭ ئاغىچا خېنىمنى جيا شېنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئۇقۇپ قالسا، يەنە يۈرىكى چىقىپ كەتمىسۇن دەپ، ھازىرچە ئۇچۇق ئېيتىشقا پېتىنالماي، ئۆز ھۇجرىسىدىن ئەندىشە قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا قارىسا ساندۇق ـ پاندۇقلىرى ئېچىلغان ـ چېقىلغان، نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان. ئۇ بۇنى كۆرۈپ ئىچى ئاداپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، قېتىپلا قالدى. شۇ ئارىدا تالادا بىرسىنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ، نائىلاج يېنىپ چىقتى. جيا جېڭ بىلەن سىپاھ بەگلەر نەرسە ـ كېرەكلەرنى تىزىمغا ئېلىۋاتاتتى، بىرسى مەلۇم قىلىپ بېرىۋاتاتتى:

قوۋۇق غاچتىن ياسالغان ئۆمۈر بۇتى بىر دانە، قوۋۇق غاچتىن ياسالغان بۇدساتۋا ھەيكىلى بىر دانە، بۇت پايە بىر دانە، قوۋۇق غاچتىن ياسالغان تەسۋى ئىككى تىزىق، ئالتۇن بۇت بىر يۈرۈش،

ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن مىس ئەينەك توققۇز دانە، قاشتاش بۇت ئۈچ دانە، ئۆمۈر يۇلتۇزى چۇشۇرۇلگەن چاسا قاشتاش شىرە بىر يۇرۇش، قوۋۇق غاچىتىن ياسىلىپ ئالتۇن ۋە قاشتاش ئورنىتىلغان مۇتكە ئىككى دانىدىن، قەدىمكى جانان لوڭقا ئون يەتتە دانە، قەدىمكى ھۆسنخەت ياكى رەسىم ئەتىقىلىرى ئون تۆت ساندۇق، قاشتاش كۇپ بىر دانە، قاشتاش كوزا ئىككى دانە، قاشتاش پەتنۇس ئىككى جۇپ، چوڭ شىشە توسۇق ئىككى دانە، كات چىمىلدىقى ئىككى دانە، كۇمۇش ئاپقۇر، كۇمۇش تەخسە ئاتمىش دانىدىن، شىشە تەخسە تۆت دانە، قاشتاش تەخسە تۆت دانە، ھېقىق تەخسە ئىككى دانە، مىيانە ئالتۇن تەخسە تۆت دانە، ئالتۇن پىيالە ئالتە جۇپ، ئالتۇندىن نەقىشلەنگەن سىرلىق پىيالە سەككىز دانە، ئالتۇن قوشۇق قىرىق دانە، ئالتۇندىن ئۈچ قات زەيلەنگەن دەندان چوكا تۆت باغلام، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن چەينەك ئون ئىككى دانە، قاتلىنىدىغان چىلاپچا ئۈچ جۇپ، چاي خۇنچىسى ئىككى دانە، كۇمۇش تەخسىچە، كۇمۇش پىيالە بىر يۈز ئاتمىش دانە، قارا تۈلكە تېرىسى ئون سەككىز دانە، بۇلغۇن تېرىسى ئەللىك ئالتە دانە، سېرىق ھەم ئاق تۈلكە تېرىلىرى قىرىق تۆت دانىدىن، سۇلەيسۇن تېرىسى ئون ئىككى دانە، يۇنىنەن تۈلكە تاختىسى يىگىرمە بەش دانە، قاما يىگىرمە ئالتە دانە، تيۈلىن تېرىسى ئۈچ دانە، يولۋاس تېرىسى ئالتە دانە، يىرىك تۈلكە تېرىسى ئۈچ دانە. سۇغۇر تېرىسى يىگىرمە سەككىز دانە، قىزىل قوي تېرىسى قىرىق دانە، قارا كۆرپە ئاتمىش ئۈچ دانە، ئىپار چاشقان تاختىسى يىگىرمە دانە، ئاغمىخان تېرىسى يىگىرمە تۆت دانە، ئاق قۇ پەرى تۆت ئورام، تىيىن تېرىسى ئىككى يۈز ئاتمىش ئۈچ دانە، ياپون تاۋىرى ئوتتۇز ئىككى قېرى، پەرەڭ موۋۇت ئوتتۇز قېرى، بىچىر مووۇت ئوتتۇز ئۈچ قېرى، مەخمەل قىرىق قېرى، تاۋار ــ دۇردۇن بىر يۈز ئوتتۇز ئورام، شايى ــ دارايى بىر يۈز سەكسەن ئورام، گىر بوز شايى ئوتتۇز ئىككى ئورام، يامغۇرلۇق تاۋار ــ شايى يىگىرمە ئىككى ئورامدىن، شىزاڭ يۇڭ چەكمىنى ئوتتۇز ئورام، ئەجدىھا گۈللۈك تاۋار ئون سەككىز ئورام، رەڭدار رەخت ئوتتۇز تاي، جۇۋا بىر يۈز ئوتتۇز ئىككى ياقا، پاختىلىق، يېلىڭ شايى ــ دۇردۇن ئېگىن ئۈچ يۈز قىرىق ياقا، سىرغا ــ تۇرگۆچ توققۇز پار، مىس ــ قەلەي جابدۇق بەش يۈز دانىدىن ئوشۇق، ئاسما ۋە ئۈستەل سائەتلىرى ئون سەككىز دانە،

رەسمىيانە ئوتتۇغات مونچاقلىرى توققۇز تىزىق، ئۇنچە ـ مەرۋايىت ئون ئۈچ تىزىق، ساپ ئالتۇن جابدۇقلىرى بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ دانە، دۇر ـ گۆھەر جابدۇقلار تەلتۆكۈس، خان ئوردىغا خاس سېرىق تاۋار يۆلەنگۈچ ئۈچ دانە، ئوردا ـ ھەرەم ئېگىن ـ كۆڭلەكلىرى سەككىز قۇر، ئاق قاشتاش كەمەر ئىككى دانە، سېرىق تاۋار ئون ئىككى ئورام، مىيانە كۈمۈش يەتتە مىڭ سەر، مىيانە ئالتۇن بىر يۈز ئەللىك ئىككى سەر، داچەن يەتتە مىڭ بەش تىزىق.

ئۇلاردىن باشقا بارلىق جابدۇق ـ جاھازلار ۋە رۇڭگوگۇڭغا ئىنئام قىلىنغان نەرسە ـ كېرەكلەر بىر ـ بىرلەپ دەپتەرگە ئېلىندى. يەر ـ زېمىن خەت ـ چەكلىرى، خىزمەتكارلارنىڭ تىلخەتلىرىمۇ يۆگەپ پېچەتلەندى.

جيا لىيەن بىر چەتتە خۇپيانە ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى، مەلۇم قىلىنغانلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ، كۆڭلىگە شەك كېلىپ تۇراتتى، بىردىنلا:

— تىنتىلىپ چىققان تەئەللۇقلار ئىچىدە قەرز ھۆججەتلىرى بار ئىكەن، بۇنىڭدىن قارىغاندا، جازانە قويۇلغانلىقى راست، — دېدى ئىككى ۋاڭ غوجام، — بۇنى زادى كىم قىلغان؟ تەخسىر جيا جېڭ، راستىنى ئېيتقانلىرى تۈزۈك.

بۇنى ئاڭلىغان جيا جېڭ يۈكۈنۈپ باش ئۇرۇپ دېدى:

— كەمىنە گۇناھكار خادىملىرى ئائىلە ئىشلىرى بىلەن ھەقىقەتەن كارىم بولمىغان، بۇ ئىشلاردىن تامامەن خەۋىرىم يوق، كەمىنە گۇناھكار خادىملىرىنىڭ جىيەنى جيا لىيەندىن سورالسا مەلۇم بولاتتى.

— بۇ ساندۇقتىكى ھۆججەتلەر پېقىر قۇللىرىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقتى، بىلمەيمەن دېيىشكە نە ھەددىم بولغاي؟ — دېدى جيا لىيەن ھاپىلا ـ شاپىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ، — ۋاڭ غوجام، ھەزرەتلىرى رەھىم قىلغايلا، بۇنىڭدىن پېقىرنىڭ تاغىسى بىخەۋەر.

— ئاتاڭ گۇناھقا تارتىلدى، بۇنى شۇ دېلوغا قوشۇپ سوراشقا



www.uyghurkitap.com

توغرا كېلىدۇ. بۇگۈن تەن ئالغانلىقىڭمۇ ئورۇنلۇق ئىش بولدى. خوش، ئۇنداق بولسا، جىيا لىيەن نەزەربەندكە ئېلىنسۇن. قالغان ـ قاتتى جاھاز ـ مۈلۈكلەر ھۇجرىلارغا يىغىشتۇرۇلسۇن. تەخسىر جىيا جېڭ، پەخەس بولۇپ يارلىقنى كۆتكەيسىز، بىز بېرىپ خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىمىز. بۇ يەردە پاششاپ ـ دورغىلارمۇ قاراپ تۇرىدۇ، ــ دەپ قويۇپ، ئىككى ۋاڭ غوجام تەختىراۋانغا چۈشۈپ دەرۋازىدىن چىقتى. جىيا جېڭ قاتارلىقلار ئارا دەرۋازىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۇزاتتى. بېيجىڭۋاڭ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزارتىپ:

ــ خاتىرجەم بولغايسىز، ــ دېدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قىيماسلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

جىيا جېڭنىڭ ئەس ـ ھوشى ئەمدى ئورنىغا چۈشكەندى، لېكىن يەنىلا ھاڭۋىقىپ ئولتۇراتتى.

ــ چوڭ دادا، ئىچكىرىگە كىرىپ ئۇلۇغ ئانامنى يوقلاپ چىقسىلا بولاتتى، ــ دېدى جىيا لىيەن.

جىيا جېڭ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرىگە ماڭدى. ئىشىك ـ دەرۋازىلاردىكى ئاياللار نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۇيۇر ـ تۇپۇر بولۇشۇپ يۈرەتتى. جىيا جېڭ سورۇشتۇرگۇسىمۇ كەلمەي ئۇدۇل جىيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كىردى، ھەممەيلەننىڭ يۈز ـ كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باۋيۈي قاتارلىقلار جىيا ئانىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئۈن ـ تىن چىقارماي جىم تۇرۇشاتتى. كۆپچىلىك ياش تۆكۈۋېتىپتۇ، پەقەت شىڭ ئاغىچا خېنىملا يىغلاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىپتۇ. جىيا جېڭنى كۆرۈپ ھەممەيلەن تەڭلا:

ــ شۈكۈر ! ــ دېيىشتى ۋە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا، ــ ئۇلۇغ بېگىم ساق ـ سالامەت قايتىپ كىرىپتۇ مانا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم خاتىرجەم بولسىلا، ــ دېيىشتى.

جىيا ئانىنىڭ تىنىقى ئۈزۈلەيلا دەپ قالغانىدى. ئۇ كۆزىنى ئاران ئېچىپ:

ــ ئوغلۇم، سېنى ئەمدى كۆرەلمەسمەنمىكىن دەپتىكەنمەن ! ــ دېدى ـ دە، ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۆيدىكى جىمى كىشى

يىغىدىن ئۆزلىرىنى توختىتالمىدى. جىيا جېڭ جىيا ئانىنى يىغلاۋېرىپ ئادا بولۇپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، كۆز يېشىنى توختىتىپ، دېدى:

— ئۇلۇغ ئانا، خاتىرجەم بولسىلا، ئەسلىدە كىچىك ئىنىش ئەمەس ئىدى، خان ھەزرەتلىرىنىڭ مېھىر - شەپقىتى، ئىككى ۋاڭ غوجامنىڭ مەرھەممىتى سايىسىدا مىڭ - مىڭ مەرتەم ئېتىبارغا ئىگە بولدۇق. چوڭ بېگىم ھازىرچە قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئېنىقلانغاندىن كېيىن خان ھەزرەتلىرى يەنە مېھىر - شەپقەت قىلىدۇ. ئەمدى خانىدانىمىزنىڭ قالغان تەئەللۇقلىرىغىمۇ تەگمەيدىغان بولدى.

جىيا ئانا جىيا شېنىڭ ئېلىپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى، جىيا جېڭنىڭ يېنىشلاپ - يېنىشلاپ تەسەللى بېرىشى بىلەن ئۆزىنى ئاران توختىتىۋالدى.

كۆپچىلىك تارقىلىپ كېتىشكە پېتىنالمىدى. پەقەت شىڭ ئاغىچا خېنىملا ئۆز خانىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكلەرنىڭ قۇلۇپلىنىپ پېچەتلەنگەنلىكىنى، چۆرە - دېدەك، خىزمەتكار خوتۇنلارنىڭمۇ بىرنەچچە ئېغىز ئۆيگە سولاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، تۇرار جاي تاپالماي، ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ كەتتى ۋە نائىلاج فېڭجيې تەرەپكە باردى. قارىسا، ئارا دەرۋازىمۇ پېچەتلەنگەن، پەقەت ئۆي ئىشىكىلا ئوچۇق تۇرۇپتۇ، ئىچىدىن مىشىلدىغان يىغا ئاڭلىناتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۆيگە كىردى، فېڭجيېنىڭ يۈزلىرى كۆلدەك بوزىرىپ، كۆزلىرى يۇمۇق يېتىپتۇ، پىڭئېر يېنىدا ئولتۇرۇپ يىغلاۋېتىپتۇ. شىڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجيېنى ئۆلگەن ئوخشايدۇ دەپ، يىغلاپ كەتتى.

— ئاغىچا خېنىم، يىغلىمىسىلا، — دېدى پىڭئېر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — كېلىن ئاغىچامنى يېڭىلا كۆتۈرۈپ ئەكەلدۇق، بايا ئۆلۈكتەك ياتقانىدى. بىر پەس ئارام ئالغاندىن كېيىن سەل ئېسىگە كېلىپ، يەنە يىغلىدى. ئەمدى كۆڭلى سەل - پەل تەسكىن تاپتى. ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىمۇ سەۋر قىلسىلا.

ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم قانداق بولۇپ كەتتىكىن؟

شىلىڭ ئاغىچا خېنىم لام ـ جىم دېمەي، جىيا ئانا تەرەپكە كەلدى. قارىسا، ساپلا جىيا جېڭنىڭ ئادەملىرى تۇرۇپتۇ، ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن ئوغلى قاماقتا ئېلىنغان، كېلىنىنىڭ كېسىلى خەتەر ھالەتتە، قىزى بولسا ھەسرەت ـ نادامەتتە قالغان، ئۆزىنىڭمۇ بارار ـ تۇرار جايىنىڭ تايىنى يوق. ئۇ بۇ ھەسرىتىنى قانداقمۇ باسالىسۇن؟ كۆپچىلىك ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. لى ۋەن قاتارلىقلار ئۆي ھازىرلىتىپ، شىلىڭ ئاغىچا خېنىمنى ھازىرچە شۇ ئۆيگە جايلاشتۇردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئادەم بۇيرۇپ بەردى.

جىيا جېڭ تاشقىرىدا دەككە ـ دۈككە ئىچىدە، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى يىمىرىپ، ئالىقىنىنى ئۇۋۇلاپ تەقەززالىق بىلەن يارلىق كۈتۈپ تۇراتتى. بىردىنلا سىرتتا ساقلاپ تۇرغان ئەسكەرلەر ۋارقىرىشىپ قالدى:

— سەن زادى قايسى تەرەپكە ھېساب؟ بىزگە دوقۇرۇپ كەلگەنىكەنسەن، بىزنىڭ دەپتەرگە يېزىلسا. بۇنى باغلاپ ئىچكىرىدىكى تۇرقاۋۇللار مەھكىمىسىنىڭ سىپاھلىرىغا تاپشۇرىمىز ئەمىسە.

جىيا جېڭ چىقىپ قارىسا، جىياۋ دا ئىكەن.

— بۇ يەرگە نېمىدەپ پالاقشىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى جىيا جېڭ.

— مەن بۇ ئىلگىرى كەلمىگۇر غوجاملارغا ھەر كۈنى دېگۈدەك نەسىھەت قىلىپ كەلگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى جىياۋ دا قاقشاپ ـ يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۇلار تېخى مېنى كۆشەندىمىز دەپ قاراپ كەلدى. بېگىم، پېقىر جىياۋ دانىڭ مەرھۇم ئۇلۇغ بېگىمنىڭ خىزمىتىدە يۈرۈپ قانداق جاپالارنى تارتقانلىقىمنى بىلمەمىلا؟ ئەمدى كېلىپ مۇشۇ كۈنگە قالدىمۇ؟ جىيا جېن بېگىم، جىيا رۇڭ غوجاملارنى بىرنېمە دېگەن ۋاڭ غوجام ئەكەتتى؛ ئىچكىرىدىكى ئايال غوجايىنلىرىمنى بىرنېمە مەھكىمىسىنىڭ

دورغا ـ پاششاپلىرى بۇلاپ ـ تالاپ، چاچلىرىنى پاخپايتىپ، ھەممىنى بوش ئۆيگە سولاپ قويىدى؛ ھېلىقى كارغا يارىماس ناكەس قۇل ـ مالايلارنى ئىت ـ چوشقىلاردەك بىر يەرگە قوروپ قويىدى؛ ھەممە ئۆيۋاقىلارنى تىنتىپ تاشلاپ قويىدى؛ ياغاچ جاھازلارنى چېقىپ، قاچا ـ قۇچىلارنى سۇندۇرۇپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى. ئۇلار تېخى مېنىمۇ باغلىماقچى بولۇشتى! مەن سەكسەن ـ توقسان يىل ئۆمۈر كۆرۈپتىمەن، مەرھۇم ئۇلۇغ بېگىمنىڭ كەينىدە يۈرۈپ خەقنى باغلىسام باغلىدىمكى، ئۆزۈمنى خەققە باغلاتمىغان. ئۆزۈمنى غەربىي قەسىرنىڭ ئادىمى دەپ قېچىپ چىقتىم. ھېلىقى بىر نېمىلەر بۇنىڭغا كۆنمەي مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى. نەدىن بىلەي، بۇ يەرمۇ شۇنداق بولۇپ كېتىپتۇ. ئەمدى ماڭا جانىڭمۇ كېرىكى يوق، ئۇلار بىلەن بىر ئېلىشاي، ــ ئۇ شۇنداق دەپلا بېشى بىلەن ئۇسۇپ كەلدى.

دورغىلار ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ھەم ئىككى ۋاڭ غوجامنىڭ جىكىپ قويغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، قاتتىقلىق قىلماي:

ــ ھەي تاغا، ئۆزىڭىزنى سەل بېسىۋېلىڭ. بۇ خانىنىڭ يارلىقى بويىچە قىلىنغان ئىش. ھازىرچە بىر پەس ئارام ئالغاچ، ئۇچۇرنى كۈتۈپ تۇرۇڭ، ــ دېيىشتى.

جيا جېڭ ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئېرەن قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولۇپ:

ــ تۈگەشتۇق، تۈگەشتۇق! مۇنداق يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كېتىشىمىز خىيالىمىزغىمۇ كەلمىگەن، ــ دېدى.

ئۇ ردىدىن خەۋەر كۈتۈپ تازا بىتاقەت بولۇپ تۇرغىنىدا، شۆ كې ھاسىرىغان پېتى كىرىپ كەلدى.

ــ ئاران دېگەندە كىردىم، تاغام قەيەردە؟ ــ دېدى ئۇ.

ــ كەلگىنىڭ ئوبدان بوپتۇ! ــ دېدى جيا جېڭ، ــ تالادىن قانداق كىردىڭ؟

ــ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدىم ھەم پۇل بەردىم، شۇنىڭ بىلەن

كىرىپ - چىقىپ تۇرالايدىغان بولدۇم.

جىيا جېڭ خانىدانىنىڭ تىنتىلغانلىقىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى ۋە ئۇنى تىڭتىڭلاپ بېقىشقا بۇيرۇپ:

— مۇشۇ يامان پەيتتە باشقا ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەرگە خەۋەر يەتكۈزمەك ئەپسىز بولۇپ تۇراتتى، ئەمدى سەن ئارقىلىق خەۋەرلىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق، — دېدى.

— بۇياقنىڭ ئىشى خىيالىمغىمۇ كەلمەپتۇ، شەرقىي قەسىردە بولغان ئىشنى ئاڭلاپ قالدىم.

— زادى نېمە گۇناھ قىپتۇ؟ — دېدى جىيا جېڭ.

— بۇگۇن ئاكامنىڭ گۇناھى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم توغرىسىدا ئۇقۇشاي دەپ يامۇلغا بېرىۋىدىم، ئىككى مىرزىبەگنىڭ پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئاڭلىسام، جىيا جېن چوڭ ئاكام نەسەبداش ئىنىلىرىنى يولدىن ئازدۇرۇپ قىمار ئويناپتۇ. بۇغۇ، ھېچقانچە ئېغىر ئىش ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ئىشى، پۇقرانىڭ خوتۇنىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىگە توقال قىلىۋاپتۇ، ئۇ ئايالنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي زورلاپتىكەن، ئاخىر ئۆلۈۋاپتۇ. ھېلىقى مىرزىبەگ يالغان بولۇپ قالمىسۇن دەپ، خانىدانىمىزدىكى باۋ ئېرىنىمۇ ئاپىرىپ سوراپتۇ، يەنە جاڭ فامىلىلىك بىر نېمىنىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ، ھەتتا تەپتىش مەھكىمىسىمۇ ئەيىبلىك بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، سەۋەب، جاڭ فامىلىلىك ئادەم بۇرۇن بىر قېتىم ئەرز قىلغانىكەن.

جىيا جېڭ ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشاپ بولار - بولمايلا، يەرنى تېپىپ كەتتى ۋە:

— يامان بوپتۇ! ئەمدى تۈگىشىپتۇق! — دەپ ئاھ ئۇرۇپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش قۇيۇلدى.

شۇ كې بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەن تەسەللى ئېيتىپ قويۇپلا تىڭتىڭلاش ئۈچۈن يەنە چىقىپ كەتتى. يېرىم كۈندىن كېيىن كېلىپ دېدى:

www.uyghurkitap.com

— ئىش يامان بوپتۇ. سوراقخانىدىن ئۇقۇشسام، ئىككى ۋاڭ غوجامنىڭ خان ھەزرەتلىرىگە مەلۇم قىلغان ـ قىلمىغانلىقىدىن ئۇچۇر بولمىدى. پەقەت لى مىرزىبېگىمنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن يەنە: پىنئەن ۋالىيسى پايتەخت ئەمەلدارلىرىغا خۇشامەت قىلىپ، كاتتىبېشىنىڭ رايىغا بېرىپ، پۇقرالارنى خورلاپ بىرنەچچە چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن، دەپ مەلۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— خەقنىڭ ئىشى بىلەن نېمە كارىمىز ! — دېدى جيا جېڭ تەمتىرەپ قېلىپ، — بىزنىڭ ئىشىمىز زادى قانداق بوپتۇ؟

— پىنئەن ۋالىيسىنىڭ ئىشىغا بىزنىڭمۇ چېتىشلىقىمىز بار ئىكەن، — دېدى شۆ كې، — پايتەخت ئەمەلدارى دەپ مەلۇم قىلىنغىنى دەل چوڭ بېگىمىز ئىكەن. ئۇنى دەۋا ـ دەستۇرگەردە تىل بىرىكتۈرۈپ يان باسقان دەپ مەلۇم قىلىپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئىش قىپتۇ. خاننىڭ دەرگاھىدا بىللە ئىشلەۋاتقان ئەمەلدارلارمۇ ئۆزلىرىنى تارتىپ مۆكۈۋالغان تۇرسا، كىممۇ بىزگە خەۋەر يەتكۈزەتتى؟ بايا تارقىلىپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەردىن بەزىلىرى ئۆيلىرىگە كېتىشتى، بەزىلىرى ئۆزلىرىنى يىراق تۇتۇپ ئارامخۇدا تىكىتىڭلاپ تۇرۇشۇپتۇ. ئادەمنىڭ قايناپىدىغان يېرى، ئۆز جەمەتىمىزدىن بولغان ئېسىلزادىلەرمۇ كوچىدا: «بۇۋىمىزدىن مىراس قالغان مەنسەپلىرىمىزمۇ بۇ چاتاقنىڭ چىقىشى بىلەن ئەمدى كىمنىڭ بېشىغا بېرىپ قوناركىن، ھەممەيلەنگە نەپ تەگكەن بولسا» دەپ يۈرگۈدەك ...

جيا جېڭ گەپنىڭ ئايىغىنى كۈتمەيلا، يەنە يەرنى تەپكىلەپ دېدى:

— بۇ زادى چوڭ بېگىمىزنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىقىدىن بولغان ئىشلار ! شەرقىي قەسىردىكىلەرمۇ بەك قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن ! شۇ تاپتا ئۇلۇغ ئانام بىلەن جيا لىيەننىڭ ئاغىچىسى ئۆلدىمىكىن، تىرىكمىكىن ! يەنە بېرىپ ئۇقۇشۇپ باق، مەن ئۇلۇغ ئانامنى يوقلاپ چىقاي. مۇبادا، بىرەر خەۋەر

بولسا بىر قەدەم بولسىمۇ بالدۇرراق كېلىپ يەتكۈز !
شۇ گەپ ئۈستىگە ئىچكىرىدىن «ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بولالماي قالدى !» دېگەن ۋاڭ - چۇڭ ئاڭلاندى.
جىيا جېڭ ئالاقزەدە بولۇپ ئىتتىك كىرىپ كەتتى. جىيا ئانىنىڭ ئۆلگەنلىكى ياكى تىرىك ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىر يۈز ئالتىنچى باب

## ۋاڭ شىفېڭنىڭ بالا تېرىپ قويۇپ خىجالەتتە قالغانلىقى جيا تۆرە ئاغىچىنىڭ بالا ـ قازانى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن دۇئا تەلەپ قىلغانلىقى

جيا جېڭ جيا ئانىنىڭ كېسىلى خەۋپلىك بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ هامان يوقلاپ كىردى. جيا ئانا قاتتىق ئەندىكىپ تەتۈر تىنىپ قالغانىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، يۈەنياڭ ۋە باشقىلار ئۇنى قىچقىرىپ يۈرۈپ هوشىغا كەلتۈرۈپ، يەلنى تارقىتىپ ئارام بېرىدىغان كۆمەلاچ دورىنى ئىچۈرۈۋىدى، ئاستا ـ ئاستا ئوڭلىنىپ قالدى. بىراق، كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىدىن ياش توختىمىدى، جيا جېڭ يېنىدا تۇرۇپ تەسەللى ئېيتتى:

— بىز ئوغۇللىرى ۋاپاسىز ئىكەنمىز، بالايىئاپەتكە سەۋەبچى بولۇپ ئۆزلىرىنى پاراكەندە قىلىپ قويدۇق. ئۆزلىرىنى بەھۇزۇر تۇتقان بولسىلا، سىرتتىكى ئىشلىرىمىزنى ھېلىھەم ئۆزىمىز يوللاپ كېتەلەيمىز. مۇبادا ئۆزلىرىگە بىرەر مالاللىق يېتىپ قالسا، بىز ئوغۇللىرىنىڭ گۇناھىمىز تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ!

— يېشىم سەكسەندىن ئېشىپتۇ، — دېدى جيا ئانا، — قىز بالا چېغىمدىن تارتىپ ئاتاڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ تا شۇ كەمگىچە ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ بەخت ـ دۆلىتىدە مۇنداق ئىشلارنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئەمدى قېرىپ قالغىنىمدا مۇنداق ئازاب چېكىۋاتساڭلار، بۇنىڭغا يۈرىكىم چىدامدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە كۆزۈم يۇمۇلسا، نېمە بولساڭلار بولىۋەرمەمسىلەر!

جيا ئانا يەنە يىغلاپ كەتتى.

جيا جېڭ تىت ـ تىت بولۇپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي تۇراتتى، تالادىن بىر كىشىنىڭ: «بېگىمنى تەكلىپ قىلىدۇ، ئوردا شېرىپتىن خەۋەر كەپتۇ» دېگىنى ئاڭلاندى. جيا جېڭ ئالدىراپ تالاغا چىقسا، بېيجىڭۋاڭ قەسىرىنىڭ باش دورغا بېگى كەلگەنىكەن.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى دورغا بەگ كۆرۈشۈپلا.

جيا جېڭ رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا ئورۇن كۆرسەتتى.

— ۋاڭ غوجامنىڭ قانداق يارلىقى باركىن؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— بىزنىڭ ۋاڭ غوجام شىپىڭ جۇنۋاڭ بىلەن دەرگاھقا كىرىپ خان ئالىيلىرىغا قايتا ئىلتىماس قىلغان، — دېدى دورغا بەگ، — جانابلىرىنىڭ تەشۋىشلىرىنى، خاننىڭ شەپقىتىگە ئېيتقان مىننەتدارلىقلىرىنى مەلۇم قىلغان. خان ھەزرەتلىرى ئۆزلىرىگە بەكمۇ رەھىم قىلىپ ۋە خانىش يۈەنچۈن خېنىمنىڭ تۇيۇقسىز ئالەمدىن كەتكىنىگە ئۇزاق بولمىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆزلىرىنى گۇناھلىق قىلىشقا رايى بارماي، ئىنشائات دېۋانىنىڭ قوشۇمچە چۆپدارلىقىدا قالدۇرۇشنى ئىلتىپات قىپتۇ. پېچەتلەنگەن جەمەت مۈلۈكلىرىدىن پەقەت جيا شېغا تەئەللۇقلىرىلا پادىشاھلىق خەزىنىسىگە ئېلىنىپ، قالغانلىرى قايتۇرۇپ بېرىلىدىكەن، خوش، يەنە خان ئالىيلىرى ئۆزلىرىگە ۋەزىپىنى ئىخلاس بىلەن ئۆتىسۇن، دەپ يارلىق قىپتۇ. تىنتىشتا تېپىلغان قەرز پۇللارنىڭ ھۆججەت ـ خەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش بىزنىڭ ۋاڭ غوجامغا تاپشۇرۇلۇپتۇ. تەقىبكە خىلابەن ئارتۇق ئېلىنغان پايدىنىڭ ھەممىسى نىزامغا بىنائەن پادىشاھلىق خەزىنىسىگە ئېلىنىدىكەن، نىزامغا مۇۋاپىق ئۆسۈمنىڭ خەت ـ چەكلىرى ئۆي ـ جاي خەت ـ چەكلىرى بىلەن قوشۇپ پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بېرىلىدىكەن. جيا ليەن مەنسەپتىن ئېلىنىپ، گۇناھى كەچۈرۈلۈپ قويۇپ بېرىلىدىكەن.

جيا جېڭ بۇلارنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، خاننىڭ

www.uyghurkitap.com

شەپقىتىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ دەرھال باش ئۇردى ھەم ۋاڭ غوجامنىڭ ھىممىتىگە تەزىم بىلەن رەھمەت ئېيتتى:

— دورغا بېگىم جانابلىرى، ئاۋۋال پېقىرنىڭ ۋاڭ غوجامغا مىننەتدارلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، ئەتە سەھەردە ئوردا - شېرىپكە كىرىپ خاننىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۈر ئېيتىمەن ھەم ۋاڭ غوجامنىڭ قەسرىگە بېرىپ باش قويىمەن.

دورغا بەگ قايتىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن خاننىڭ يارلىقى يەتكۈزۈلدى، ئىجراچى بەگ يارلىققا بىنائەن بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، پادىشاھلىق خەزىنىسىگە ئېلىنىدىغانلىرىنى خەزىنىگە ئالدى، قايتۇرۇلىدىغانلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. جيا لىيەننى قويۇپ بەردى، جيا شېغا تەئەللۇق ئەر - ئايال خىزمەتكارلار ۋە باشقىلارنى رويخەتكە چۈشۈرۈپ پادىشاھلىققا ئالدى.

بىچارە جيا لىيەننىڭ ئۆيىدىكى نەرسە - كېرەكلىرى، نىزامىغا بىنائەن بېرىلگەن قەرزلەرنىڭ خەت - چەكلىرى قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گەرچە ھەننىۋاسى پادىشاھلىق خەزىنىسىگە ئېلىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، تىنتىغۇچىلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان بۇلۇشچە بۇلاپ - تالاپ كېتىلگەن، پەقەت ئۆي جابدۇقلىرىلا قېلىپ قالغانىدى. دەسلەپتە گۇناھىدىن قورقۇپ تۇرغان جيا لىيەننىڭ كېيىن قويۇپ بېرىشكە سازاۋەر بولغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ بەخت بولدى، ئەمما ئۇزاقتىن بۇيان يىغىپ - جۇغلاپ كەلگەن نەرسىلىرى فېڭجېينىڭ تۈگكەن تۈگۈچلىرى بولۇپ ئاتمىش - يەتمىش مىڭ سەر ئالتۇندىن كەم ئەمەس بايلىقنىڭ بىر ئەتىگەندىلا سورۇلۇپ تۈگىگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا قانداقمۇ ئىچى ئېچىشمىسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىسى تۇرقاۋۇللۇق مەھكىمىسىدە نەزەربەند قىلىنغان، فېڭجېي بولسا ئېغىر كېسەل، ئۆلۈم خەۋپىدە ياتقان. بۇ كۆرگۈلۈك ئۇنى بىر مەھەل قاتتىق قايغۇ - ھەسرەتكە

سالدى. شۇ ئەسنادا جيا جېڭ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇنى چاقىرىپ سوراپ قالدى:

— مەن خانلىق خىزمەت ۋەجىدىن جەمەتىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ئانچە قارىيالمايدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئەر - خوتۇن ئىككىڭلارغا قەسىرنىڭ ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنى تاپشۇرغانىدىم. ئاتاڭنىڭ قىلىدىغان - ئېتىدىغان ئىشلىرىغا سېنىڭ مەسلىھەت بېرىشىڭ دەرۋەقە تەس، بىراق ئېغىر ئۆسۇم بىلەن پايدا شىلىۋېلىشنى زادى كىم قىلدى؟ يەنە كېلىپ بۇ بىزنىڭ جەمەتىمىزگە مۇناسىپ ئىش ئەمەسقۇ؟ مانا ئەمدى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھلىق خەزىنىسىگە ئېلىندى، كۈمۈش پۇلنىڭغۇ كارى چاغلىق، لېكىن مۇنداق يامان نام - ئاتىقىمىز چىقىپ كەتسە قانداق بولغىنى؟

— كەمىنە جىيەنلىرىنىڭ، — دېدى جيا لىيەن تىزلىنىپ تۇرۇپ، — جەمەت ئىشلىرىنى بېجىرىشتە قىلچە نەپسانىيەتلىك قىلىشقا ھەددىم كەلمىدى، كىرىم - چىقىمنىڭ ھەممە ھېساب - كىتابىنى لەي دا، ۋۇ شىندېڭ، دەي لياڭلار تۇتۇپ دەپتەرگە ئېلىپ كەلگەن. بېگىم، ئىلتىپات قىلىپ شۇلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەن بولسىلا، مۇشۇ بىرقانچە يىلدا خەزىنىدە چىقىم كۆپ، كىرىم ئاز بولۇپ كەلدى، ئۇنى تولدۇرۇش ئۈچۈن سەپلەنمىگەن بولسىمۇ، بىرمۇنچە جايدا قەرز ھېسابىغا چىقىم قىلىندى، جانابلىرى ئاغىچا خېنىمدىن سوراپ كۆرسىلە مەلۇم بولىدۇ. جازانە توغرىسىدىكى ھېسابقا كەلسەك، كەمىنە جىيەنلىرى نەدىن كەلگەن كۈمۈشلۈكىنىمۇ ئۇقمايمەن، بۇ ئىش جۇ رۇي بىلەن ۋاڭ ئېردىن سورالسا مەلۇم بولىدۇ.

— بۇ گەپلىرىڭگە قارىغاندا، — دېدى جيا جېڭ، — ئۆز ھۇجراڭدىكى ئىشنىمۇ بىلمىگەن يەردە، خانىداننىڭ يۇقىرى - تۆۋەندىكى ئىشلىرىنى تېخىمۇ بىلمەيدىكەنسەن - دە ! بولدى، سەندىن سۈرۈشتۈرمەيلا قوياي. خوش، سەن ئەمدى چاتاقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، دەرھال بېرىپ ئاتاڭ بىلەن ئاكاڭ جيا

جىننىڭ ئىشىنى ئاڭلاپ باقمامسەن؟
جيا ليەن بىرمۇنچە ئازار يەپ، كۆز يېشى قىلغان ھالدا ماقۇل دەپ چىقىپ كەتتى.
جيا جېڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇھ تارتىپ خىيالغا چۆمدى: «چوڭ دادىلىرىم پادىشاھلىققا مېھنەت سىڭدۇرۇپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاتىدىن بالىغا مىراس قالدىغان ئىككى مەنسەپكە مۇيەسسەر بولغانىكەن، ھالا بۈگۈنكى كۈندە مىراسخورلار گۇناھ سادىر قىلىپ بۇ مەنسەپلەردىن مەھرۇم قىلىندى. بىز بۇ ئوغۇللار بىلەن جىيەنلەردىن بىرەرىمىزمۇ ياراملىق بولالماپتۇق! ئاھ، تەڭرىم، پەرۋەردىگارىم! جيا خانىدانى شۇنچىلا ۋەيران بولۇپ كەتتى ـ ھە! مەنغۇ خان ھەزرەتلىرىنىڭ مەرھەمىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ ئالاھىدە ئىلتىپاتقا ئېرىشتىم، ئۆز تەئەللۇقاتىم قايتۇرۇپ بېرىلدى، لېكىن ئىككى قەسىرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئېھتىياجلىرى قوشۇلۇپ بىر قەسىرنىڭ زىممىسىگە چۈشسە، بۇنى بىر مەن قانداق كۆتۈرەلەيمەن! باياتىن جيا ليەننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولدۇم، خەزىنىدە كۈمۈش قۇرۇپ قالغانىنىڭ ئۈستىگە، قەرزدارمۇ بولۇپ قاپتىمىز! بايىزە مۇشۇ بىرقانچە يىلنىڭ مابەينىدە خالايىق ئالدىدا قۇرۇق ئاتىقىمىزلا قاپتىكەن. ئىسىت، نېمىشقا شۇنچىزە ھاماقەتلىك قىلغاندىمەن؟ كاشكى ئوغلۇم جۇ ئېر ھايات بولغان بولسىيدى، قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولاتتى. باۋيۈيغۇ چوڭ بولدى، لېكىن كارغا كەلمەيدىغان بىرنەرسە بولۇپ چىقتى.» ئۇ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە پەشلىرىنىڭ كۆز يېشى بىلەن سۇزمە خالتىسىدەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئۇ يەنە خىيال سۈردى: «ئۇلۇغ ئانام شۇنچە ياشقا كىرگۈچە بىز ئوغۇللىرى بىرەر كۈنمۇ يېنىدا بولۇپ بېقىۋالالمىدۇق، ئەكسىچە ئانىمىز بىزنىڭ كاساپىتىمىزدىن تەشۋىشكە قېلىپ، بىر ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ تۇرىۋاتىدۇ، بۇ گۇناھلارنى مەن كىمگىمۇ ئارتاي؟»



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جىيا جېڭ ئۆزى يالغۇز ھەسرەت چېكىپ ئولتۇراتتى، خىزمەتكارلاردىن بىرسى كىرىپ:

— ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر يوقلاپ كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. جىيا جېڭ كەلگەنلەرگە بىر - بىرلەپ رەھمەت ئېيتىپ:

— خاندانىمىزغا كەلگەن بەختسىزلىككە مېنىڭ ئوغۇللارغا ۋە جىيەنلەرگە ئوبدان تەربىيە بېرەلمىگەنلىكىم سەۋەب بولدى، — دېدى.

— ئاغىلىرى جىيا شې چوڭ بېگىمنىڭ قىلغان ئىشلىرى لايىقىدا بولماپتىكەن، ئۇزاقتىن پىقىرغا مەلۇم ئىدى، — دېدى كەلگەنلەرنىڭ بىرسى، — ئۇياقتىكى جىيا جېن بېگىممۇ بەك ھاكاۋۇرلىشىپ قېلىپتىكەن. ئۇ بادا ئوردا خىزمىتىدە خاتالىق سادىر قىلىپ يەرگە قاراپ قالغان بولسىغۇ، بۇنچىلىك خىجالەتچىلىكمۇ بولمايتتى. ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە چاتاقنى ئۇ تېرىغان بولسىمۇ، جانابىلىرىغا ئۇنىڭ كاساپىتى تېگىۋاتىدۇ.

— باشقىلارمۇ تالاي چاتاق چىقارغانغۇ، — دېدى يەنە بىرسى، — مۇپەتتىش مىرزا ئۇلارنى مەلۇم قىلىپمۇ كەتمىگەن! جىيا جېن بېگىم دوست - يارەنلەرنى رەنجىتىپ قويمىغان بولسا، ئەھۋال بۇ دەرىجىگىمۇ يەتمەس ئىدى!

— بۇ ئىشلارنى مۇپەتتىش مىرزىدىنمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ، — دېدى يەنە بىرسى، — بىزنىڭ ئاڭلىشىمىزچە، قەسىر خىزمەتكارلىرى سىرتتا بىرنەچچە پوق پاچاقلار بىلەن غوۋغا قىلىشىپ ئاشكارىلاپ قويغانىمىش. مۇپەتتىش مىرزا سۈنۈلىدىغان مەلۇماتنى ئەينەن بولماي قالمىسۇن دەپ، بۇ يەردىكى خىزمەتكارلارنى گوللاپ ئاپىرىپتىكەن، شۇلار ئېيتىپ بېرىپتۇ. مېنىڭچە، خاندانلىرى مۇلازىم - خىزمەتكارلارغا ناھايىتى كەڭ قول ئىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا مۇنداق ۋەقە كۆرۈلىدىغاندۇ؟

— ئومۇمەن ئېيتقاندا، — دېدى باشقا بىرسى، — غالچا - مالاي دېگەن نېمىلەردىن بىرسىنىمۇ باقماسلىق كېرەك ئىكەن. بۈگۈن بۇ يەردە هازىر بولغانلارنىڭ هەممىسى ئوبدان ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر بولغاچقا، پېتىنىپ بۇ گەپنى دەۋاتىمىز. ئۆزلىرىغۇ پۇل - بايلىقنى يار تۇتمايلا، جانابلىرى ياقا يۇرتتا ۋەزىپە ئۆتەپ تۇرغان چاغلىرىدىمۇ، ئەتىمالىم، ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىلىرىدىن تارقالغان گەپلەر ئوبدان بولمىدى بولغاي، بۇنىڭ جىمىسىگە غالچا - مالايلار سەۋەبچى بولغان. ئۆزلىرى بىرئاز پەخەس بولۇپ قويسىلا. هازىر ئۆزلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا قول تەگكۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، مۇبادا خان هەزرەتلىرى ئۆزلىرىدىن يەنە گۇمانلىنىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىرمۇنچە مۇشكۈلچىلىك بولۇپ قالارمىكىن.

— مېنىڭ ئۇستۇمدىن قانداق گەپلەرنى ئاڭلاشتىلىكىن؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ سەل هودۇقۇپراق.

— دەلىل - ئىسپاتىنىغۇ كۆرمىدۇق، — دېدى كۆپچىلىك، — كوچا - كويدىكىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۆزلىرى غەللە - پاراق نازىرى بولۇپ تۇرغانلىرىدا نېمىشقىمۇ بوسۇغىلىرىدىكى خىزمەتكارلىرىنى پۇل ئېلىشقا چىقارتقان بولغىيدىلە.

— بۇ توغرىدا مېنى تەڭرىم ئۆزى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى جيا جېڭ بۇنى ئاڭلاپ، — ئەزبىرايى، مۇنداق نىيەتتە بولغانمۇ ئەمەسمەن. غالچا - مالايلار سىرتتا كۆز بويامچىلىق قىلىپ چاتاق چىقارغان بولسا، بۇنى مەن زىممەمگە ئالالمايمەن.

— ئەمدى قورقۇشىڭىزمۇ پايدىسى يوق، — دېدى جامائەت، — ئىشنىڭ يولى شۇكى، هازىرقى غوجىدارلارنىڭ هەنىڭۋاسىنى بىر قۇر قاتتىق تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باققۇلۇق. مۇبادا ئۆز غوجىسىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن غالچا - مالايلار بولۇپ قالغان تەقدىردە، شۇنداقلارغا قاتتىق چارە كۆرۈلسىلا بولىدى.

جيا جېڭ ئۇنىڭ تەكلىپىنى خوپ كۆرۈپ بېشىنى



www.uyghurkitap.com

لىڭشىتتى. شۇ ئەسنادا دەرۋازىۋەنلەردىن بىرسى كىرىپ:
— كۈيۇ ئوغۇل سۈن بېگىمنىڭكىدىن ئادەم كەپتۇ، ئۆزرىسى بولغاچقا، ئۆزى كېلەلمەي يوقلاپ قويۇش ئۈچۈن بۇ كىشىنى ئەۋەتىپتۇ. بۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، سۈن بېگىمنىڭ چوڭ بېگىمدىن بىرئاز كۆمۈش ئېلىشى بار ئىكەن، بۇنى جانابلىرىنى تۆلىۋېتىدۇ، دەپ لەۋزى قىلىشقانىكەن، — دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ جيا جېڭنى غەم باستى.
— بىلدىم، — دەپلا قويدى ئۇ.
— خەقلەر كۈيۇ ئوغۇللىرى سۈن شاۋزۇنى مۇتتەھەم دېيىشىۋاتاتتى، دەرۋەقە راست ئىكەن، — دېدى دىمىقىدا كۈلۈشۈپ جامائەت، — قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىۋاقى مۇسادىرە قىلىنىپ كەتكەن بۇگۈنكىدەك چاغدا كېلىپ كۆرۈشۈپ ھەمدەمدە بولماقتا يوق، كۆمۈشلىرىنى ئۇندۇرۇۋېلىشقا ئالدىراپ كېتىپتۇ، ھەقىقەتەن ئىنسابسىز بىر نېمە ئىكەن!
— ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى جيا جېڭ، — ئەسلىدە ئاغام ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىپ خاتا قىلغان. جىيەن قىزىمىز تارتقۇلۇقنى تازىمۇ تارتتى، مانا ئەمدى ماڭىمۇ يۇقۇنۇپ كەپتۇ.
گەپ ئۈستىگە شۆ كې كىرىپ كەلدى:
— ئۇقۇشسام، تۇرقاۋۇللۇق مەھكىمىسىنىڭ باش سەركارى جاۋ بېگىم مۇپەتتىش مىرزىنىڭ پاش قىلىپ سۇنغان مەلۇماتىغا بىنائەن چارە كۆرمەكچى بوپتۇ. شۇنداق قىلىدىغان بولسا، چوڭ بېگىم بىلەن جيا جېن بېگىمنىڭ بېلى ئوشتۇلۇپ كېتەرمىكىن.
— بېگىم، — دېدى ھەممەيلەن، — يەنە ئۆزلىرى ۋاڭ غوجامغا ئىلتىجا قىلىپ، بىر ئامال بىلەن ئوڭشاپ قويسىلا بوپتىكەن، بولمىسا بۇ ئىككى ئائىلە تەڭلا سورۇلۇپ كېتىدۇ.
جيا جېڭ رەھمەت ئېيتىپ ماقۇل بولدى، جامائەت تارقىدى.
چىراغ ياقىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى، جيا جېڭ جيا ئانىنىڭ يېنىغا سالامغا كىردى، جيا ئانا بىرئاز ياخشى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قاپتۇ. ئاندىن ئۆز ئۆيىگە قايتىپ، جيا ليەن بىلەن فېڭجيې ئەر - خوتۇن ئىككىسى ياخشى - يامانىنى ئىلغا قىلماي جازانىخورلۇق ۋەقەسىنى سادىر قىلىپ، مانا ئەمدى ھەممىيلەننى يەرگە قارىتىپ قويدى، دەپ ئۇلاردىن ئاغرىنىپ، بەكمۇ ئاچچىقى كېلىپ تۇراتتى. فېڭجيېنىڭ ھازىر قاتتىق ئاغرىپ ياتقانلىقى، تۆپىلەپ ئۇنىڭ ھەممە بىساتى قويماي مۇسادىرە قىلىنىپ بولاپ كېتىلگەنلىكى ۋەجىدىن كۆڭلى بىئارام بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭغا دەرمەھەل بىرنېمە دېيىشكە ئوڭايسىزلىنىپ، ھازىرچە ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

ئەتىسى سەھەردە جيا جېڭ ئوردىغا كىرىپ خان ھەزرەتلىرىنىڭ شەپقىتىگە تەشەككۇر ئېيتتى ۋە بېيجىڭۋاڭ، شىپىڭۋاڭ قەسىرلىرىگە بېرىپ باش قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى ھەم بۇ ئىككى ۋاڭ غوجامغا ئاغام ۋە جىيەنلىرىمگە ئېلتىپات قىلىپ قويۇشقان بولسىلا، دەپ ئىلتىجا قىلدى. ھەر ئىككى ۋاڭ غوجام بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. جيا جېڭ يەنە يېقىن قۇرداش - يارەنلىرىگىمۇ ھاۋالە قىلىپ قويدى.

ئەمدى گەپنى جيا ليەندىن ئاڭلىغايسىز. جيا ليەن ئاتىسى بىلەن ئاغىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشتى، ئۇلارنىڭ ئىشى ئانچە ئەپلەشمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قولىدىن ھېچ ئىلاج كەلمەي ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆيدە فېڭجيېغا ھەمراھ بولۇۋاتقان پىڭئېر يىغلاپ ئولتۇراتتى، چيۇتۇڭ يان ھۇجرىدا تۇرۇپ فېڭجيېدىن ئاغرىنىپ سۆزلەۋاتتى. جيا ليەن فېڭجيېنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى - دە، بىر تالاي تاپا - تەنىلىرى بولسىمۇ ئۇپۇل - توپۇل ئېغىز ئاچالمىدى.

— بولىدىغىنى بولدى، — دېدى پىڭئېر يىغلاپ، — ۋەج - تەئەللۇقلار قولدىن كەتتى، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ. خېنىم

مۇشۇ ھالەتتە ياتقاندىن كېيىن، تېۋىپ چاقىرىپ كۆرسىتىپ باقمىدىغان ئىش ئىدى.

— ئۆتۈپ بارە، — دېدى جيا ليەن ئۇنى سىلكىشلەپ، — ئۆز جېنىمنىڭ قايغۇسىدا قېلىۋاتسام، ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشىم!

فېڭجيې ئاڭلاپ قېلىپ، كۆزىنى ئېچىپ قاراپ قويدى، ئەمما ئۇن چىقمىدى، كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش قۇيۇلدى. جيا لىيەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پىڭئېرغا شۇنداق دېدى:

— سەن ئۇنداق بىغەرەزلىك قىلما. مۇشۇ ھالەتتىمۇ غېمىمنى يەپ نېمە قىلاتتىڭ؟ مەن شۇ تۇرقىدىلا جېنىم چىقسىدى دەپ تۇرىۋاتىمەن! سېنىڭ كۆزۈڭگە ئېلىنغۇچىلىكىم بولسا، مەن ئۆلگەندىن كېيىن چياۋجيېرنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قويغىن، شۇنداق قىلساڭ، بۇ ياخشىلىقىڭغا ئاخىرەتتىمۇ مىننەتدار بولىمەن!

پىڭئېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— سەن گالۋاڭمۇ ئەمەس، — دېدى فېڭجيې، — ئۇلار كېلىپ ماڭا بىرنېمە دېمىگىنى بىلەن چوقۇم مەندىن ئاغرىنىۋاتىدۇ، چاتاق سىرتتىن چىقتى دېگەن بىلەنمۇ، مەن جازانىگە پۇل چاچمىغان بولسام، ماڭا گەپ كەلمەيتتى. بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ ئۆمۈر بويى تۆر تالىشىپ كېلىپ، مانا ئەمدى قېرىشقاندەك پەگاھقا چۈشۈپ قالدىم! جيا جېن بېگىم توغرۇلۇقمۇ بەزى گەپلەرنى ئىشىتكەندەك تۇرىمەن: ئۇ ياۋاش يۇقرانىڭ خوتۇنىنى تارتىۋېلىپ كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بوپتىكەن، ئاخىرىدا ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بوپتۇ. ئاردا يەنە جاڭ جەمەتىدىن بولغان بىر كىشىمۇ بار ئىكەن، دېيىشىدۇ. ئويلاپ باقمىنا، باشقا كىم بولاتتى؟ بۇ ئىش سوراقتا ئېنىقلىنىپ چىقمىدىغان بولسا، بىزنىڭ جيا لىيەن بېگىممۇ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇ چاغدا مەن خەقنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ شۇ تاپتىلا جېنىم چىقىپ كەتكەن بولسا ئىگەكىم، ئالتۇن يۇتۇش، زەھەر ئىچىشنى كۆتۈرگۈچىلىك ھالىم يوق، سەن تېخى تېۋىپ چاقىرىشنىڭ كويىدا. بۇ سېنىڭ

www.uyghurkitap.com

ماڭا كۆيۈنگىنىڭ ئەمەس، مېنى ئازابلىغىنىڭ بولمامدۇ؟

پىغئېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانسېرى ئېچىنىپ كەتتى، ھەقىقەتەن تەڭقىسلىقتا قالدى. فېڭجيې كەم ئەقىللىك قىلىپ قويمىسۇن دەپ، يېنىدىن بىردەممۇ نېرى بولماي ئۇنى بېقىپ ئولتۇردى.

ھېلىمۇ ياخشى، جيا ئانا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىدىن خەۋەرسىز ئىدى، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان خېلىلا ساقىيىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جيا جېڭغا گەپ - سۆز يەتمىگەنىدى، باۋيۈي، باۋچەيلەر ھەر كۈنى يېنىدىن ئايرىلماي قاراپ تۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا جيا ئانىنىڭ بىر ئاز كۆڭلى تىنىدى. ئۇ فېڭجيېغا بەك كۆيۈنەتتى، شۇڭا يۆەنياڭنى:

— بىساتىمدىن بىزەچە نەرسە ئېلىپ فېڭجيې قىزغا بەرگىن، يەنە بىرەز كۈمۈش ئاچىقىپ پىغئېرغا بېرىپ قوي، فېڭجيې قىزنى ئوبدان كۈتسۇن، مەن يەنە ئاستا - ئاستا چىقارتىپ بېرىپ تۇرىمەن، — دەپ بۇيرۇدى. يەنە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى تاپىلىدى. شۇ كەملەردە نىڭگو قەسىرىنىڭ ھويلا - ئارانلىرى پادىشاھلىققا ئېلىنىپ كەتكەن، ھەممىنىۋا مال - مۈلۈك، ئۆي - زېمىنلىرى غالچا - دېدەكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ دەپتەرگە ئېلىنىپ، قويماي مۇسادىرە قىلىنغانىدى. جيا ئانا مۇلازىملارنى بۇيرۇپ، يۇشىنى كېلىنى بىلەن مەيدە كۆچۈرتۈپ كەلدى. شۇنچە داڭلىق نىڭگو خانىدانىدا ئاشۇ بىچارە قېيىنئانا بىلەن كېلىن ئىككىسى ھەم پېيفېڭ بىلەن شىيلۈەن ئىككى توقال قالغان، مۇلازىملاردىن بىرەرسىمۇ قالمىغانىدى. جيا ئانا ئۇلارغا شىچۈننىڭ تۇرالغۇسىغا ئارا تام بىر تۇرالغۇنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە تۆت ئايال، ئىككى چۆرە قىزنى ئاجراتتى، جىمى يېمەك - ئىچمەك، لازىمەتلىكنى چوڭ ئاشخانىدىن يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى. ئۇششاق - چۈششەك خەج - خىراجەتلىرىمۇ دەپتەرخانىدىن رۇڭگو

قەسىرىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ ئايلىقى بويىچە ھېسابلاپ چىقىم قىلىپ بېرىلىدىغان بولدى.

جىيا شى، جىيا جېن، جىيا رۇڭلارنىڭ تۇرقاۋۇللۇق مەھكىمىسىدىكى خىراجەتلىرى ئۇچۇن دەپتەرخانىدىن چىقىم قىلىشنىڭ زادىلا ئورنى يوق ئىدى. شۇ تاپتا فېڭجېيىنىڭ ھېچنېمىسى قالمىغان، جىيا لىيەن سىرتتا بېشىدىن تاپىنىغىچە قەرزگە بوغۇلغان، جىيا جېڭ بولسا ئائىلە ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى، شۇڭا: «باشقىلارغا تاپىلاپ قويدۇم. ئۇلارغا قاراپ قويىدىغان ئادەم بار» دەپلا تۈگىشەتتى. جىيا لەن ھېچ ئىلاج قىلالماي، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى بىر قۇر خىيالىدىن كەچۈردى: شۇ ھامىنىڭ ئائىلىسى ۋەيران بولدى، ۋاڭ زىتېڭ ئۆلۈپ كەتتى، بۇلاردىن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلار بولسىمۇ ھېچقايسىسى ئۆزلىرىگە ھەمدەم بولالمايتتى. شۇڭا، ئۇ زىنداندىكى خەج - خىراجەت ئۈچۈن، نائىلاج يېزىغا خۇپىيانە ئادەم بۇيرۇپ، ھازىرچە بىرنەچچە مىڭ سەر ئالتۇنغا يەر - زېمىن ساتقۇزدى. جىيا لىيەن شۇنداق قىلىپ قويۇۋىدى، جەمەتنىڭ غالچا - مالايلىرىمۇ غوجايىنىنىڭ ھالى خاراب بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ شۇملۇق قىلىشقىلى تۇردى ۋە شەرقىي يېزىدىكى يەر ئىجارىسىدىنمۇ ئۇنىڭ نامىنى سېتىپ تۇرۇپ بىرمۇنچە قەرز ئېلىپ خەجلەپ كەتتى. بۇ كېيىنكى گەپلەر، ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى جىيا ئانىدىن ئاڭلىغايسىز. جىيا ئانا قارىسا، ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس قالغان مەنسەپلەردىن مەھرۇم قىلىنغان، پەرزەنت ۋە نەۋرىلىرى زىنداندا سوراققا تارتىلىۋاتقان، شىڭ ئاغىچا خېنىم، يۇشىلارنىڭ كۆنى كېچە - كۈندۈز يىغا - زار بىلەن ئۆتۈۋاتقان، فېڭجېيى سەكراتتا چۈشۈپ قالغان. باۋيۈي، باۋچەيلەر يېنىدا بولسىمۇ، تەسەللى ئېيتىپ را بېرىشكىلا يارايتتى، غەم - قايغۇنى تەڭ تارتىشىپ بېرەلمەيتتى. شۇڭا،

www.uyghurkitap.com

جىيا ئانا كېچە ـ كۈندۈز بىئارام بولاتتى، بولۇپ ئۆتكەن ۋە بولغۇسى ئىشلارنى ئويلاپ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ باۋيۈينى ئۆيىگە قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى ـ دە، يۆەنياڭ ۋە باشقىلارنى ھەرقايسى جايلاردىكى ئىبادەتخانىلارغا كۆجە ئەۋەتكۈزۈپ بېرىشكە جورۇدى ھەم ئۆز قورۇسىغا كۆجە كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە ياساتقان داڭقاندا كۆجە ياقتۇردى. ئۆزى ھاسىغا تايىنىپ ھويلىغا چىقتى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىبادەت قىلىشقا چىققانلىقىنى بىلگەن خۇيو قىپقىزىل چوڭ كىگىزنى ئاچىقىپ ئاستىغا سېلىپ بەردى. جىيا ئانا كۆجىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، تىزلىنىپ ئولتۇرغان پېتى جىقلا سەجدە قىلدى ۋە بىردەم دۇرۇت ئوقۇپ، ئاندىن يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى:

— تەڭرى ئىگەم بۇدساتۋا، جىيا خاندانىدىكى كەمىنە شى جەمەتىدىن بولغان مۆمىن بەندىڭىز سىز ئىگەمدىن مېھىر ـ شەپقەت تىلەيمەن. جىيا خاندانى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ يامانلىق ـ زوراۋانلىق قىلىپ باقمىغان. كەمىنە بولسام، مۆرەبىيمگە ھەمدەم، باللىرىمغا يۆلەك بولۇپ ساۋابلىق ئىش قىلالمىسامىمۇ، گۇناھ ـ شۇملۇقتىن ئۆزۈمنى تارتىپ كەلدىم. ئەۋلادلىرىمىزدىن ئوغۇل ـ نەۋرىلىرىم ئەيش ـ ئىشرەتكە، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى بۇزۇپ ـ چېچىپ ئىسراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئايۋان ـ سارايلىرىمىز تىنتىلدى. شۇ ۋەجىدىن ئوغۇللىرىم، نەۋرىلىرىمدىن بەزىلىرى زىندانغا تاشلاندى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىزدە يامانلىق كۆپ، ياخشىلىق ئاز ئىكەن، باللىرىمغا ئوبدان تەربىيە بەرمەي، مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا مەن زامىن بولغىنىم ئۈچۈن، جىمى گۇناھ مەندە. تەڭرى ئىگەمدىن مەرھەمەت تىلەيمەنكى، ئەۋلادىمىزدىن زىندانغا چۈشكەنلەر ئۇچرايدىغان رىزالەتنى سائادەتكە ئۆرۈۋەتكەيسىز، كېسەل بولغانلارغا بالدۇرراق شىپالىق

بەرگەيسىز. پۈتكۈل قەسىر ـ جەمەتنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆزۈم تەنھا تارتىشقا رازىمەنكى، باللىرىمنى كەچۈرگەيسىز. ئاھ، پەرۋەردىگارىم، كەمىنە مۆمىن بەندىڭىزگە رەھىم قىلىپ ماڭا بالدۇرراق ئۆلۈم ئاتا قىلغايسىز، باللىرىمنى گۇناھتىن خالاس قىلغايسىز!

جيا ئانا دۇئا تەلەپ قىلىپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆكسىنىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. يۈەنياڭ، جېنجۇلار تەسەللى ئېيتقاچ، يۆلەپ ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈي، باۋچەيلەرنى باشلاپ كەچلىك تەزىمگە كىردى. جيا ئانىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇچىلىسى قاتتىق يىغلاپ كەتتى. باۋچەي تېخىمۇ ئازابلاندى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاكىسىمۇ باشقا يەردە زىنداندا ئىدى. ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئۆلۈم جازاسىنى يېنىكلىتىش ئېھتىمالى نامەلۇم ئىدى. قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسىغا ھېچ ئىش كەلمىگەن بولسىمۇ، ئائىلىسىنىڭ ھالى خاراب بولۇپ كېتىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. باۋيۈي يەنىلا شۇنداق سەۋدايى، بىغەرەز ئىدى. باۋچەي شۇلارنى ۋە ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىنى ئويلاپ، جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملاردىنمۇ بەكرەك قايغۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. باۋيۈيمۇ باۋچەينىڭ شۇنچىزە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەسرەتلەندى. ئۇ: «ئۇلۇغ ئانام قېرىغىنىدا كۆڭلى پاراكەندە بولۇۋاتىدۇ، ئانىلارمۇ بۇ ئەھۋالدا قايغۇدىن خالىي بولالمىدى، ئاچا ـ سىڭىللىرىم تەرەپ ـ تەرەپكە توزۇپ كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇرۇن باغدا شېئىر ئوقۇپ، مۇشائىرە بولۇپ ئوينىغانلىرىمىزنى ئويلىسام، شۇ چاغلىرىمىز زەپمۇ قىزىق ئىدى. دەيۈي سىڭلىم ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيان، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىچ پۇشۇقىدىن قۇتۇلمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە باۋچەي ئاچام ھەمراھ بولۇپ تۇرغاچقا ھەمىشە يىغلاپ يۇرسەممۇ قاملاشمايدىكەن. ئۇمۇ ئۆز ئاكىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ غېمىنى يەپ تۇرغاچقا، كېچە ـ كۈندۈزلەپ چىرايى ئېچىلماي يۇرىدۇ» دەپ

www.uyghurkitap.com

ئويلايتتى. بوگۇن باۋچەينىڭ دەرد ـ ئەلەم ئازابىدا ئادا بولاي دېگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى تېخىمۇ سىيرىلىپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى. يۈەنياڭ، سەيىۈن، يىڭئېر، شىرېنلارمۇ بۇ ئەھۋالغا قاراپ، ھەركىم ئۆز خىيالى بىلەن مىشىلدىغىلى تۇردى. قالغان چۆرە قىزلارنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغىسى تۇتتى، تەسەللى بېرىدىغان ئادەممۇ قالمىدى. يىغا ـ زار ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك ئەۋج ئالغانلىقى ئۈچۈن، تالادا جېسەكچىلىك قىلىۋاتقان خىزمەتكار خوتۇن قورقۇپ كېتىپ، ئىتتىك كىرىپ جيا جېڭغا مەلۇم قىلدى.

جيا جېڭ كۇتۇپخانىسىدا غەمگە پېتىپ ئولتۇراتتى، جيا ئانىنىڭ خىزمەتكارىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈرىكى قارتلا قىلدى ـ دە، ئۈچقاندەك ئىچكىرىگە ماڭدى. يىراقتىن جىقلا ئادەمنىڭ يىغا ـ زارىنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ياخشى بولالمىغان ئوخشايدۇ دەپ، جان ـ پېنى چىقىپلا كەتتى. ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ، جيا ئانىنىڭ ئېچىنىپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاندىن يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى.

ــ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ تۇرسا، سىلەر تەسەللى بەرمەي، ئەكسىچە ھەممىڭلارنىڭ تەڭلا يىغلىغىنىڭلار نېمىسى؟ ــ دېدى ئۇ. ئاندىن ھەممەيلەن دەرھال يىغىسىنى توختاتتى ۋە بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. جيا جېڭ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغا بېرىپ تەسەللى بەرگەچ، باشقىلارغا بىرنەچچە ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىۋەتتى. كۆپچىلىك ئۆز كۆڭلىدە: «بىز ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى ھەسرەت چېكىپ ئازابلانمىسۇن دەپ تەسەللى بەرگىلى كىرگەندۇق، نېمىشقا خۇدىمىزنى يوقىتىپ، ھەممىمىز تەڭلا يىغلاپ كەتكەندىمىز؟» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇلار شۇنداق تېڭىرقىشىپ تۇرغاندا، خىزمەتكار خوتۇن شى بېگىمنىڭكىدىن كەلگەن ئىككى ئايالنى باشلاپ كىردى، بۇ

ئاياللار كىرىپلا جيا ئانىغا سالام بەردى، ئاندىن قالغانلارغىمۇ سالام بېرىپ بولۇپ، گەپ باشلىدى:

— بىزنىڭ خاندانىمىزدىكى چوڭ بېگىم، ئاغىچا خېنىم ھەم خان قىز بىزنى ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىغا: قەسىردە بولغان ئىشلارنى ئاڭلىدۇق، ئۇنچىۋالا چوڭ ئىشمۇ ئەمەس ئىكەن، تەرەپپاللا بولغاچقا چۆچۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىمدىن ئەنسىرىدۇق، بەكمۇ پاراكەندە بولۇپ كەتمىگەي، باۋ يۈي غوجامىمۇ بەك قورقۇپ كەتمىسۇن، دېگەن گەپنى ئېيتىپ قويۇشقا بىزنى ئەۋەتتى. خان قىز ئۆزى كەلمەكچىدى، بىراق ياتلىق قىلىنىدىغان كۈنى يېقىنلىشىپ قالغاچقا كېلەلمىدى.

جيا ئانا بۇ گەپلەر ئۈچۈن رەھمەت دېيىشنى ئەپ كۆرمەي مۇنداق دېدى:

— بېرىپ مەندىن ئۇلارغا سالام ئېيتىڭلار. بۇ بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن كەلگۈلۈك ئىكەن. بېگىم، ئاغىچا خېنىم بىزنى ياد ئېتىپ تۇرۇپتۇ، باشقا بىر كۈنى بېرىپ رەھمەت ئېيتارمىز. خان قىزنىڭلار ياتلىق بولماقچى بولغان بولسا، كۈيئوغۇلمۇ گەپ سىغمايدىغان يىگىت بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ مەئىشىتى قانداقراق ئىكەن؟

— مەئىشىتىغۇ ھېچقانچە ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى ئىككى ئايال، — بىراق كۈيئوغۇل قالتىس كېلىشكەن يىگىت ئىكەن، ناھايىتى مۇلايىم. بىز بىرقانچە قېتىم كۆردۇق، ئۆزلىرىنىڭ باۋيۈي غوجامغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئاڭلىساق، قەلەم قابىلىيىتىمۇ ئوبدانمىش.

— ئۇنداق بولسا ياخشى ئىكەن، — دېدى جيا ئانا ياقتۇرۇپ، — خان قىزىڭلارنىڭ تەلىيى بار ئىكەن. بىزنىڭ خاندانىمىزنىڭ قائىدە - يوسۇنى ھېلىمۇ جەنۇبتىكى يۇرتىمىزنىڭ قائىدە - يوسۇنىغا ئوخشاش. شۇڭا، يېڭى كۈيئوغۇلنى كۆرۈپ باقمىدۇق. مەن تېخى ئالدىنقى كۈنىلا ئانا جەمەتىمدىكىلەرنى بىر قۇر

ئۆيلىغانىدىم، مەن خان قىزنىڭلارغا ھەممىدىن بەك كۆيىمەن. ئۇ بىر يىلنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنى ئىچىدە ئىككى يۈز نەچچە كۈن مېنىڭ قېشىمدا تۇراتتى. ئۇ ھازىر خېلى چوڭ بولۇپ قالدى، مەن ئۇنىڭغا ئاتاپ ئوبدان بىر كۈيۈ ئوغۇل تاپاي دەپمۇ ئۆيلىغانىدىم، تاغىسى ئۆيدە بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش ماڭا بىئەپ تۇردى. تەلىيىگە ياخشى كۈيۈ ئوغۇلغا جورا بولىدىكەن، بۇنى ئاڭلاپ مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم. مۇشۇ ئاينىڭ ئىچىدە ياتلىق بولىدىغان بولسا، مەن بېرىپ توي شارابىغا ئېغىز تېگىپ كېلىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، كىم بىلسۇن، خانىدانىمىزدا بۇ ۋەقە چىقىپ قېلىپ، دەردىنىڭ يامانلىقىدىن يۈرەكلىرىم پۇچۇلۇپ تۈگەيلا دېدى، بۇ ئەھۋالدا سىلەرنىڭكىگە قانداقمۇ بارالايمەن؟ سىلەر بېرىپ مەندىن دۇئا ئېيتىڭلار. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىن سالام ئېيتىڭلار خان قىزنىڭلارغا يەنە ئايرىم ئېيتىپ قويۇڭلار، ئۇ مېنىڭدىن ھەرگىزمۇ غەم يېمىسۇن. مەن بولسام سەكسەن نەچچە ياشقا كىرگەن ئادەم، ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق، ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئىككىسىنىڭ ئوبدان قاملىشىپ ئۆمۈرلۈك ئەر ـ خوتۇن بولۇپ كېتىشىگە نېسىپ بولسىلا مېنىڭ كۆڭلۈم تىنىدۇ.

جيا ئانا سۆزلەۋېتىپ كۆزىدىن ياش قۇيۇلغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، — دېدى ھېلىقى ئاياللار، — كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، خان قىز ياتلىق بولغاندىن كېيىن، توققۇزلۇق تەزىمگە كەلگەندە، كۈيۈ ئوغۇل بىللە ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا سالامغا كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تازا خۇش بولۇپ كېتىلا.

جيا ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ھېلىقى ئاياللار چىقىپ كەتتى، باشقىلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن ئىشى بولمىدى، پەقەت باۋيۈيلا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قېتىپ



www.uyghurkitap.com

تۇرۇپلا قالدى، «خەقلەر قىز بالىنى تۇغۇپ چوڭ قىلىپ نېمىشقا ئەرگە بېرىشىپتىمدىغاندۇ؟ ئەرگە تەگسىلا باشقا ئادەم بولۇپ قالغاندەك بولىدىكەن، شياڭيۈن سىڭلىمنىمۇ تاغىسى زورمۇزور خەققە بېرىدىغان بوپتۇ. ئۇمۇ كېيىنكى كۈنلەردە مېنى كۆرسە، ھەرقاچان ماڭا پەرۋامۇ قىلماس بولۇپ قالىدىغاندۇ. مېنىڭچە، ئادەم ئاشۇنداق ھېچكىمگە پەرۋا قىلمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالسا ياشاپ نېمە قىلىدۇ!»

ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆڭلىمۇ بۇزۇلدى، بىراق جيا ئانا ئەمدىلا ئارام ئالغانلىقى ئۈچۈن، يىغلىۋېتىشكە پېتىنالماي، ئىچى سىقىلىپ ئولتۇردى.

بىردەمدىن كېيىن جيا جېڭ خاتىرجەم بولالماي ئۈلۈغ ئاغىچا خېنىمنى يەنە يوقلاپ كىردى. ئۇنىڭ خېلى ئوبدان بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يېنىپ چىقتى. ئاندىن لەي دانى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن قەسىردە ئىشلەيدىغان مۇلازىملارنىڭ رويخېتىنى ئەكىرگۈزۈپ ھەنسۇاسىنى يوقلىما قىلىپ كۆردى. جيا شېنىڭ پادىشاھلىققا ئېلىنىپ كەتكەن ئادەملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە ئوتتۇز نەچچە ئۆيلۈك جەمئىي ئىككى يۈز ئون ئىككى نەپەر ئەر ـ ئايال بار ئىكەن. جيا جېڭ ھازىر قەسىر ئىچىدە ئىشلەۋاتقان جەمئىي قىرىق بىر نەپەر ئەر خىزمەتكارنى چاقىرتىپ، بىرنەچچە يىلنىڭ مابەينىدە جەمەتتە قىلىنغان خەج ـ خىراجەتلەرنى، قانچىلىك كىرىم، قانچىلىك چىقىم بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. باش غوجىدار يېقىنقى يىلدا قىلىنغان چىقىمنىڭ دەپتىرىنى سۇندى. جيا جېڭ قاراپ كۆرسە، كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماپتۇ، بۇنىڭغا نەچچە يىلدىن خان ئوردىسىغا قىلىنىپ كەلگەن خىراجەتلەر قوشۇلۇپ، دەپتەردە سىرتتىن قىلىنغان بىرمۇنچە كۆچمە قەرزلەر تۇرۇپتۇ. ئاندىن شەرقىي ئۆلكىدىكى يەر ئىجارىسىنى سۈرۈشتۈرۈۋىدى، بۇ يىل تاپشۇرۇلغان ئىجارە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋاقتىدا تاپشۇرۇلغىنىنىڭ يېرىمىغىمۇ

www.uyghurkitap.com

يەتمەپتۇ، خەج ـ خىراجەت بولسا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋاقتىدىكىدىن ئون باراۋەر ئېشىپ كېتىپتۇ. جيا جېڭ كۆرمىسىغۇ بىر گەپ ئىدى، كۆرۈپلا تىت ـ تىت بولۇپ يەرنى تېپىپ كەتتى:

— بۇ قانداق گەپ ! مەن جيا ليەن قاراۋاتىدۇ، جەمەتكە چىڭ ئىگىدارچىلىق قىلالايدۇ، دەپتىكەنمەن، بىرنەچچە يىلدىن بېرى «كېلەر يىلنىڭكىنى بۇ يىل يەپ»، يەنە شۇنداق سۆلەتمىزدىن چۈشمەي كەپتۇق. ئاتا مىراس مەنسەپنىڭ مائاش ـ تەمىناتىنى ھېچقانچە ئىش ئەمەستەك چاغلاپ يۈرسە، ۋەيران بولماي نېمە بولاتتۇق؟ مانا ئەمدى مەن تېجەي دېگەن بىلەنمۇ بولىدىغىنى بولۇپ بوپتۇ.

ئۇ خىيال سۈرۈپ، قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ كەتتى، ھېچ ئىلاج تاپالمىدى.

كۆپچىلىكنىڭ نەزىرىدە جيا جېڭ ئائىلە ئىشىنى باشقۇرۇشنى بىلمەيتتى، شۇ تاپتا ئۇ بىكارلا غەم يەپ تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى.

— بېگىم، — دېيىشتى ئۇلار، — سەۋر قىلسىلا، ھەرقانداق ئائىلىدە مۇنداق ئەھۋال بار، مۇبادا ھەممىسىنى ھېسابقا ئالىدىغان بولسا، ھەتتا ۋاڭ غوجامنىڭ خانىدانىمۇ كۈننى كۈن ئېتەلمەيدۇ ! قۇرۇق سۆلەت بىلەن قاچانغىچە كۈنى ئۆتسە شۇڭغىچە ھېساب دەپ ئۆتىۋېرىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا جانابلىرى، قانداقلىكى بولسۇن، خان ھەزرەتلىرىنىڭ شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، مۇشۇنچىلىك ئۆي ـ تەئەللۇقاتقا ئىگە بولۇپ تۇرۇپتىلا، مۇبادا بۇمۇ قوشۇلۇپ پادىشاھلىققا ئېلىنىپ كەتكەن بولسا، ئۆزلىرى شۇ كۈنىمۇ تارتماي قالاتتىلىمۇ؟

— يوق يەپسەن ! — دېدى جيا جېڭ زەردە بىلەن، — سەن غالچا ـ مالاي دېگەنلەردە ۋىجدان دېگەن نەرسە يوق ! غوجايىنلىرىڭنىڭ كۈنى ئوبدان چاغدا مەيلىڭچە

خەجلىشىۋېرىسەن؛ قۇرۇق قول بولۇپ قالغاندا كەتكىنىڭ كېتىشىسەن، قاچقىنىڭ قېچىشىسەن. غوجايىنلىرىڭنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن چاتىقىڭ بولۇشامتى سەن خەقنىڭ؟ ئەمدى قويۇپ، تىنتىلىمىدى، مۇسادىرە قىلىنمىدى، دېيىشىسىنا، سەنلەر نېمىنى بىلىشەتتىڭ؟ نام - ئەمەلىمىزگە قوشۇلۇپ ھەتتا چوڭ دەسمايىمىزمۇ قولدىن كېتىۋاتسا، ھەرقايسىڭنى تالا - تۇزدە سۆلەتۋازلىق قىلىپ خەقنىڭ كۆزىنى بويايدىغانغا ساقلامتۇق؟ سەن خەق چاتاقنى تېرىپ قويۇپ، غوجايىنلىرىڭغا دوڭگەپ قويۇپلا تۇگىشىسەن! كىشىلەر چوڭ بېگىم بىلەن جيا جېن بېگىمنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشنى بىزنىڭ ئۆيدىكى مۇلازىم باۋئېرنىڭ جاڭجال قىلىپ چىقارغان چاتىقى دېيىشىۋاتىدۇ، ماۋۇ دەپتەرگە قارىسام، باۋئېر دەيدىغىنى يوققۇ، بۇ قانداق گەپ؟

— باۋئېر داڭزىدا يوق، — دەپ جاۋاب بەردى كۆپچىلىك، — بۇرۇن نىڭگو قەسرىنىڭ دەپتىرىدە بولىدىغان. جيا لىيەن بېگىم ئۇنى ياۋاش ئىكەن دەپ ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى بۇياققا ئۆتكۈزۈۋالغان، كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆزىمۇ نىڭگو قەسرىگە قايتىپ كەتكەن. جانابلىرى يامۇلدا ئىش بىلەن بولۇپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خانلىرىمىز، بەگلىرىمىز خانلىق قەبرىستانلىقتا كېتىپ قېلىپ، جيا جېن چوڭ بېگىم جەمەت ئىشلىرىغا قاراپ بەرگەن چاغدا ئۇنى بىللە ئەكەلگەندى، كېيىن يەنە كېتىپ قالدى. ئۆزلىرى نەچچە يىلدىن بۇيان جەمەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارىلىرى بولمىغاچقا، بۇ ئىشلاردىن نەدىمۇ خەۋەرلىرى بولسۇن؟ جانابلىرى دەپتەردە ئېتى بولسىلا شۇ ئادەم بار، دەپ ئويلايدىكەنلا! ھەربىر ئادەمنىڭ يېنىدا نەچچىلەپ ئۇرۇق - تۇغقىنى بارلىقىنى بىلمەيلا، غالچىنىڭمۇ غالچىسى بار تېخى!

— بۇ قانداق بولۇپ كەتكىنى - ھە! — دېدى جيا جېڭ ۋە دەرھاللا ئاق - قارىنى ئايرىغىلى بولمىغۇدەك دەپ، نائىلاج

ھەممىسىنى ھەيدەپ چىقاردى. ئۇ كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ قويغانىدى، بىراق جىيا شې ۋە باشقىلارنىڭ دەۋا ــ دەستۇرى ئۈستىدىكى سوراقنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئاندىن بىر قارارغا كەلمەكچى بولدى.

بىر كۈنى جىيا جېڭ كۈتۈپخانىسىدا نېمىدۇر بىر نېمىنىڭ ھېسابىنى قىلىپ ئولتۇراتتى، بىرسى ئۈچقاندەك كىرىپ:

ــ بېگىم، دەرھال ئوردا ـ شېرىپكە ئىلتىپات قىلسىلا، ئۆزلىرىدىن سورايدىغان گەپ بار ئىكەن، ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان جىيا جېڭ يۈرىكى پوكۇلداپ تەمتىرەپلا كەتتى ۋە نائىلاج ئوردىغا ماڭدى. بۇنىڭدىن بىرەر ياخشىلىق ياكى يامانلىق كېلىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز يەتتىنچى باب

## جىيا ئانىنىڭ ئېشىنغان دۇنياسىنى ئۆلەشتۈرۈپ مەردلىكىنى كۆرسەتكەنلىكى
## ئاتا مىراس مەنسەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ جىيا جېڭنىڭ خان شەپقىتىگە چۆمگەنلىكى

جىيا جېڭ ئوردا ـ شېرىپكە كىرىپ، مۇشاۋىرخانىدا ۋەزىرلەر بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن ۋاڭ غوجاملار بىلەن سالاملاشتى. بېيجىڭۋاڭ مۇنداق دېدى:

— خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن سىزدىن سورايدىغان ئىشلار بار، شۇڭا سىزنى چاقىرتتۇق.

جىيا جېڭ ئىلدام تىزلىنىپ ئولتۇردى. ۋەزىرلەر سوراشقا باشلىدى:

— ئاغىڭىزنىڭ ياقا جايدىكى مەنسەپدار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئابرۇيىغا تەمەننا قىلىپ ئاجىزلارنى خورلىغان، بالىلىرىنىڭ تاۋكا ئېچىپ قىمار ئوينىشىغا، ياۋاش پۇقرانىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى تارتىۋېلىپ، مۇرادى ھاسىل بولمىغاندا جېنىغا زامىن بولۇشىغا يول قويغان قىلمىشلىرىنى بىلەمسىز؟

— كەمىنە گۇناھكار خادىملىرى، — دەپ جاۋاب بەردى جىيا جېڭ، — خان ھەزرەتلىرىنىڭ مېھىر ـ شەپقەت ياغدۇرۇپ ئۆز نامىشەرىپى بىلەن تەيىنلەنگەن مائارىپ مۇپەتتىشلىك ۋەزىپەمنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، يارلىق بويىچە قۇتقۇزۇش ـ نەپىقە بېرىش ئىشلىرىنى چارلاپ كۆرۈپ، ئوزاقى يىل قىشنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆيگە قايتتىم ھەم دىۋاندىن بەلگىلىگەن ئىنشائات ئىشىدا

بولدۇم. كېيىن يەنە جياڭشىدا غەللە ـ پاراق نازىرى بولۇپ تۇرغىنىمدا، ئۈستۈمدىن شىكايەتنامە سۇنۇلغانلىقى ۋەجىدىن پايتەختكە قايتىپ كېلىپ، يەنە ئىنشائات دىۋانىدا ئىشلەپ تۇردۇم، خاھ كېچە، خاھ كۈندۈز خىزمەتتە سۇسلۇق قىلىشقا ھەددىم بولمىدى. جەمەتىمنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىغا كۆڭۈل قويۇپ كۆز سېلىپ تۇرماي، بەكمۇ ھاماقەتلىك قىپتىمەن، جىيەنلىرىمگە پەند ـ نەسىھەت قىلالماپتىمەن، شۇ ۋەجىدىن خان ھەزرەتلىرىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە ۋاپاسىزلىق قىلدىم، خان ھەزرەتلىرىنىڭ قاتتىق جازاغا تارتىشىنى تىلەيمەن.

بېيجىڭۋاڭ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى خانغا مەلۇم قىلدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئىچكىرىدىن يارلىق چىقتى. بېيجىڭۋاڭ يارلىقنى مۇنداق جاكار قىلدى:

مۇپەتتىش مىرزا خان ھەزرەتلىرىگە: جيا شې ياقا يۇرتتىكى مەنسەپدار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئابرۇيىغا تەمەننا قىلىپ ئاجىزلارنى خورلىغان، دېگەن مەزمۇندا شىكايەتنامە سۇنغانىدى ... مەزكۇر مۇپەتتىش مىرزا جيا شېنى پىگئەن ۋالىيسى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىپ، دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىغا چات كەرگەن... شۇڭا جيا شېغا قاتتىق جازا بېرىلسە، دەپ ئىلتىماس قىلغان. ئىقرارىغا قارىغاندا، ئۇلار قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشقان، ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئىشلىرى بىلەن چېتىشلىقى يوق ئىكەن، مۇپەتتىش مىرزىمۇ بۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىيالمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئابرۇيىغا تايىنىپ دۆگىنا تاشۋاينىڭ قەدىمكى يەلپۈگۈچلىرىنى ئېلىۋالغانلىقى راست ئىكەن. ۋاھالەنكى، يەلپۈگۈچ بولسا ئويۇنچۇق نەرسە، بۇنى ياۋاش پۇقرانىڭ مۈلكىنى تارتىۋالغانلىق دېگىلى بولمايدۇ. دۆگىنا تاشۋاي ئۆلۈۋالغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سەۋدايىلىقى سەۋەب بولغان، بۇ، قىيىن ـ قىستاق قىلىپ بىراۋنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىدىن پەرق قىلىدۇ. شۇڭا، كەڭچىلىك قىلىپ،



www.uyghurkitap.com

جيا شي ھەربىي بېكەت[1] كە پالانسۇن، شۇ يەردە ئىشلەپ گۇناھىنى يۇسۇن. شىكايەتنامىدە جيا جېن ياۋاش پۇقرانىڭ خوتۇنىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىگە توقال قىلماقچى بولغاندا، ئايال ئۇنىماي مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئۆلگەن، دەپ مەلۇم قىلىنغان. بۇ مەسىلە توغرۇلۇق، تەپتىش مەھكىمىسىدىن ئەسلىي ئەنزىنى ئالدۇرۇپ كۆرسەك، بۇ ئېرجىيې جاڭ خۇانىڭ قورساقتىكى چاغدا ئاتا ـ ئانىلىرى كېلىشىپ قويغان، لېكىن نىكاھلانمىغان خوتۇنى ئىكەن، جاڭ خۇا نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ نىكاھتىن يالتايغان، بۇ ئېرجىيېنىڭ ئانىسى ئۇنى ئۆز رازىلىقى بىلەن جيا جېننىڭ ئىنىسىغا توقاللىققا بەرگەن. زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان ئەمەس ئىكەن. بۇ سەنجيېنىڭ ئۆزىنى بوغۇزلىۋالغانلىقى ھەم جەسەتنىڭ ئوردىغا مەلۇم قىلىنماي كۆمۈۋېتىلگەنلىكى توغرۇلۇق چارلاپ كۆرۈلگەندە، بۇ سەنجيې جيا جېننىڭ قېيىنسىڭلىسى بولۇپ، جيا جېن ئۇنى ياتلىق قىلىش نىيىتىدە بولۇپ تۇرغانىكەن، بۇ سەنجيېگە لايىق بولغۇچى شو كۈمىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى قىستاپ تۇرۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن خالايىق ئارىسىدا ئۇششاق گەپ كۆپىيىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇ نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، ئۇنىڭ جېنىغا جيا جېن قىيىن ـ قىستاق قىلىپ زامىن بولغان ئەمەس. لېكىن، جيا جېن ئاتا مىراس خىزمەتچى تۇرۇقلۇق قانۇن ـ نىزامنى كۆزگە ئىلماي، ئۆلۈكنى يەڭ ئىچىدە كۆمۈۋەتكەنلىكى ئۇچۇن قاتتىق جازاغا تارتىلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، جازاغا تارتىشقا رەغدىمىز بارمىدى. ئۇنىڭغىمۇ كەڭچىلىك قىلىپ، ئاتا مىراس مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ دېڭىز

① ھەربىي بېكەت ــ چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا چېگرادا ھەربىي جەھەتتە مۇداپىئە ۋە يۆتكەش ئىشلىرى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئورگان «ھەربىي بېكەت» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەردىكى «ھەربىي بېكەت» سۈرگۈن قىلىش جازاسى بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ساھىلىغا ئەۋەتىلسۇن، شۇ يەردە ئىشلەپ گۇناھىنى يۇسۇن! جىيا رۇڭ يېشى كىچىك ۋە بۇ ئىشلارغا چېتىلمىغانلىقى ئۈچۈن قويۇپ بېرىلدى. جىيا جىڭ ھەقىقەتەن كۆپ يىللار سىرتتا مەنسەپتە بولغان. ۋەزىپىسىنى بەجانىدىل ئۆتىگەن. ئۇنىڭ ئۆز جەمەتىگە دۇرۇس ئاتىدارچىلىق قىلالمىغانلىق گۇناھى كەچۈرۈلسۇن.

جىيا جىڭ بۇ ھۆكۈمگە مىننەتدار بولۇپ كۆزىگە ياش ئالدى، توققۇز تەزىم قىلىپ باش ئۇردى. ئاندىن بېيجىڭۋاڭدىن ئۆزىنىڭ قاملاشمىغان ئىستىكىنى خان ھەزرەتلىرىگە مەلۇم قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

— خاننىڭ شەپقىتىگە رەھمەت ئوقۇشىڭىز لازىم، — دېدى بېيجىڭۋاڭ، — يەنە نېمىنى ئىلتىماس قىلىپ يۈرەتتىڭىز؟

— كەمىنە گۇناھكار خادىملىرى، — دېدى جىيا جىڭ، — خان ھەزرەتلىرىنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە سازاۋەر بولۇپ چوڭ جازاغا تارتىلمىدىم، ئىلتىپات قىلىنىپ تەئەللۇقلىرىمۇ قايتۇرۇپ بېرىلدى، چوڭ خىجالەتچىلىكتە قولۇمنى كۆكسۈمگە ئالىمەن، ئاتا - بوۋامدىن قالغان يۇقىرى مائاش - تەمىناتىنى يىغقان - تۈگكەن مال - مۈلۈكلىرىم بىلەن قوشۇپ پادىشاھلىققا تۇتتۇم.

— خان ئالىيلىرى قول ئاستىدىكىلەرگە رەھىمدىل، — دېدى بېيجىڭۋاڭ، — جازا بېرىشتە دانا - تەمكىن، مۇكاپاتلاشتىمۇ، جازالاشتىمۇ سەۋەن قىلمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە شۇنچىۋالا كاتتا ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولغان، مال - مۈلۈكلىرىڭىز قايتۇرۇپ بېرىلگەن يەردە، بۇ ئارتۇقچە ئىلتىماسىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟

باشقا مەنسەپدارلارمۇ بىھاجەت، دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن جىيا جىڭ ئىلتىپاتقا رەھمەت ئېيتىپ، ۋاڭ غوجامغا تەزىم بېرىپ يېنىپ چىقتى ۋە جىيا ئانىنى ئەنسىرەپ قالدىمىكىن دەپ ئالدىراپ ئۆيگە قايتتى. يۇقىرىدىكى، تۆۋەندىكى مۇلازىملارنىڭ ھەممىۋاسى جىيا جېڭنىڭ ئوردىغا قىچقارتىلىشىدا ياخشىلىق ياكى يامانلىق بارلىقىنى بىلەلمەي، تالادا تىڭتىڭلاپ

يۇرەتتى، جيا جېڭنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بىر ئاز كۆڭلى تىندى، لېكىن سوراپ بېقىشقا پېتىنالمىدى. جيا جېڭ ئىلدام جيا ئانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، خان ئالىيلىرىنىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغان ئەھۋالنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە ئېيتىپ بەردى. جيا ئانا خاتىرجەممۇ بولغانىدى، بىراق ئاتا مىراس ئىككى مەنسەپنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقى، تۆپىلەپ جيا شېنىڭ ھەربىي بېكەتكە ئىشلەشكە كېتىدىغانلىقى، جيا جېننىڭمۇ دېڭىز ساھىلىغا كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم، يۇشىلار بولسا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ يىغلىشىپ كەتتى.

— ئۇلۇغ ئانا، خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى جيا جېڭ، — ئاكام گەرچە ھەربىي بېكەتتە ئىشلىسىمۇ دۆلەت ئۈچۈن ئىش بېجىرىدۇ، جاپا چېكىپ كەتمەيدۇ، ئىشنى لايىقىدا ئوبدان بېجىرسىلا مەنسىپى ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن. جيا جېن بولسا تېخى ياش، ئۇنىڭ تازا كۈچىنى كۆرسىتىدىغان ۋاقتى. شۇنداق قىلمايدىغان بولسا، چوڭ دادىمىزدىن قالغان دۆلەتمۇ ئۇزاققىچە داۋام قىلالمايدۇ.

جيا جېڭ جيا ئانىغا ئاشۇنداق تەسەللى ئېيتتى. جيا ئانىنىڭ ئەسلىدىمۇ جيا شې بىلەن ئانچە خۇشى يوق ئىدى. جيا جېن ئۇيياقتىكى شەرقىي قەسىردە تۇرغاچقا، قانداقلا بولسۇن ئوتتۇرىدا ئارىلىق بار ئىدى. پەقەت شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن يۇشىلا ئۆزىنى توختىتالماي قاتتىق يىغلايتتى: «تەئەللۇقلىرىمىزدىن ھېچنېمە قالمىدى، — دەپ ئويلايتتى شىڭ ئاغىچا خېنىم، — كۈيۈيۈم قېرىغاندا يىراققا كېتىدىغان بوپتۇ، يېنىمدا جيا ليەن قالغان بولسىمۇ، ئۇ ئىلگىرىدىن تاغىسى جيا جېڭنىڭ گېپىدىن چىقماي كەلگەن، ھازىر ھەممىمىز تاغىنىڭ قولىغا قاراپ قالغان تۇرساق، جيا ليەن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئەلۋەتتە تېخىمۇ ئۇلارنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. يالغۇز مەنلا يەككە ـ يېگانە ئىكەنمەن، ئەمدى قانداقمۇ

www.uyghurkitap.com

قىلارمەن؟»

يۈشى نىڭگو قەسرىنىڭ تىرىكچىلىكىنى يالغۇز ئۆزى تۇتۇپ كەلگەنىدى، جىيا جېيدىن قالسىلا شۇ نوپۇزلۇق ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىيا جېن بىلەن ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئەپ ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە جىيا جېن گۇناھ سادىر قىلىپ يىراققا كېتىدىغان بولدى، پۇل - پۇچەكلىرى قويماي مۇسادىرە قىلىنىپ كېتىپ، ئۆزى رۇڭگو قەسرىگە كېلىپ شۇلارغا بېقىنىپ قالدى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئامراقلىق قىلغان بىلەنمۇ بەربىر ئۇ خەقنىڭ قولىغا قارام بولۇپ قالغانىدى. بۇنى ئاز دەپ ئۇنىڭ يېنىدا پېيفېڭ بىلەن شىيلۇەن بار ئىدى. جىيا رۇڭ ئەر - خوتۇن ئىككىسى تېخى ئۆز كۈنىنى كۆن ئېتەلمەيتتى. ئۇ يەنە: «ئىككىنچى سىڭلىم بىلەن ئۈچىنچى سىڭلىمغىمۇ جىيا لىيەن زامىن بولغان، مانا ئەمدى جىيا لىيەن بىلەن خوتۇنى ئىككىسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىللە ئۆتۈۋاتىدۇ، بىزدىن پەقەت بىرنەچچىمىزلا قالساق قانداقمۇ كۈن كەچۈرەرمىز؟» دەپ ئويلاپ، قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

جىيا ئانا بۇنىڭغا سەۋر - تاقەت قىلالماي، جىيا جېڭدىن سورىدى:

— ئاكاڭنىڭ ھەم جىيا جېن غوجامنىڭ ئەنزىسى بېكىتىلىپ بولغان بولسا ئۆيگە قايتىپ كېلەر؟ جىيا رۇڭغا بىرەر ئىش كەلمىگەندىكىن، ئۇمۇ قويۇپ بېرىلىدىغاندۇ.

— مۇبادا، — دېدى جىيا جېڭ، — قانۇن - قائىدە بويىچە بولسا، ئاكام ئۆيگە كېلەلمەيتتى. مەن كىشى قويۇپ، ئاكامنى جىيەنىم بىلەن بىللە ئۆيگە كېلىپ يول جابدۇقى قىلىۋالسا، دەپ يەڭ ئىچىدە ئىلتىجا قىلىۋىدىم، يامۇلدىكىلەر ماقۇل بولدى. جىيا رۇڭمۇ دادىسى، ئاتىسى بىلەن بىللە چىقار. ئۇلۇغ ئانا، خاتىرجەم بولسىلا، بۇ ئىشنى كەمىنە ئوغۇللىرى ئورۇنلايمەن.

— مەن، — دېدى يەنە جىيا ئانا، — مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى قېرىپ كاردىن چىقىپ جەمەتنىڭ ئىشلىرى بىلەنمۇ كارىم

بولمىدى. ھازىر شەرقىي قەسىرغۇ مۇسادىرە قىلىنىپ كەتتى، ئۆي ـ ئىمارەتنىڭ پادىشاھلىققا ئېلىنىشىدىمۇ گەپ يوق. ئاكاڭ تەرەپمۇ، جىيا لىيەننىڭ بىساتىمۇ مۇسادىرە قىلىنىپ كەتتى. ئەمدى بىزنىڭ غەربىي قەسىرنىڭ خەزىنىسى بىلەن شەرقىي ئۆلكىدىكى يەر ـ زېمىنىنىڭ قانچىلىك قالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ بۇ ئىككىيلەن يولغا چىقسا، ئۇلارغا بىرنەچچە مىڭ سەر كۈمۈش بەرسەك ئوبدان بولاتتى.

جيا جېڭ ھېچ ئىلاج قىلالماي تۇرغاندا جيا ئانا ئۇستىلەپ بۇنى سوراپ قالغانلىقى ئۈچۈن: «ئەھۋالنى ئېيتسام، ئۇلۇغ ئانامنىڭ يەنە ئىچى تىتىلدايدۇ، ئېيتمىسام، كېيىنكى كۈنلەرنىڭ غېمىنى يېيىش بىر چەتتە تۇرسۇن، ھازىرقىسىنى قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ ئويلاپ، ئانىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدى:

— ئۇلۇغ ئانا، ئۆزلىرى سورىمىغان بولسىلا پېقىر پەرزەنتلىرى ئېيتىشقا ئاجىزلىق قىلاتتىم. بۈگۈن بۇنى سوراپ قالدىلا، جيا لىيەنمۇ بۇ يەردە تۇرۇپتۇ، تۈنۈگۈن ئېيتىلاپ كۆردۈم: كونا خەزىنىدىكى كۈمۈشلەر بۇرۇنلا قۇرۇقدىلىنىپ بوپتۇ، ئۇنى خەجلەپ بولغاننىڭ ئۈستىگە سىرتتىنمۇ قەرزدار بولۇپ قاپتىمىز. ھازىر ئاكامنىڭ ئىشىغا كەلسەك، خان ئالىيلىرى كەڭچىلىك قىلىپ ئىلتىپات قىلغان تەقدىردىمۇ، پۇل خەجلەپ بىركىمگە ھاۋالە قىلمايدىغان بولساق ئۇ ئىككىسىگە ئانچە ياخشى كۈن يوق، شۇنىڭغا كېتىدىغان پۇلنىمۇ ئورنىنى قىلالمايۋاتىمەن. شەرقىي ئۆلكىدىكى يەرلەرگە كەلسەك، كېلەر يىلنىڭ ئىجارىسىنى بۇ يىل يەپ بولىدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتىمىز، ئۇنىڭدىنمۇ دەرھال بىرنېمە پۈتمىگۈدەك. ياخشىسى، خان ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن قول تەگكۈزۈلمىگەن جىمى كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەتلەرنى پۇلغا سۇندۇرۇپ سېتىپ، ئاكام بىلەن جيا جېنغا يول خىراجىتى قىلىپ بەرسەك، كېيىنكى كۈنلەرنىڭ غېمىنى باشقا ئويلاشساق.

www.uyghurkitap.com

— بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى جيا ئانا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى، — بىزمۇ شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇقمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدىكى مېنىڭ ئاتا - ئانامنىڭ ھال - كۈنىنى ئۆزۈم بېشىمدىن كەچۈرمىگەن بولسامۇ، ئويلىسام، بۇ يەردىكىدىن ئون باراۋەر ئارتۇق ئىدى. ئۇلارمۇ بىرقانچە يىل قۇرۇق سۆلەت ئۆتكەن، بۇ يەردىكىدەك ئىشلار بېشىغا كەلمىگەن، شۇنداق بولسىمۇ ھالى خارابلىشىپ كېتىپ، بىر - ئىككى يىلغىمۇ پايلىماي تۈگىشىپ كەتكەن! بايىقى گەپلىرىڭگە قارىغاندا، بىز بىر - ئىككى يىلغىمۇ پايلىمىغۇدەكمىز - ھە؟

— بۇ ئىككى ئاتا مىراس مائاش - تەمىناتىمىزغا تېگىلمىگەن بولسىيدى، سىرتتا يەنە بىرئاز ئېلىش - بېرىش قىلىپ تۇرۇشنىڭ ئورنى بولاتتى. مانا ئەمدى ئۇمىد كۈتكۈدەك يەر قالمىدى، بۇ ھالدا كىمنىڭمۇ بىزگە ياردەم قولىنى سۇنغۇسى كېلەر؟ — دەپ سۆزلەۋېتىپ جيا جېڭنىڭمۇ كۆزىدىن بۇلدۇقلاپ ياش ئېقىپ كەتتى، — ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئويلىساق، بىزدىن نەپ كۆرگەنلەر بوگۈنكى كۈندە نامراتلىشىپ كەتتى، نەپ كۆرمىگەنلەرنىڭ بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئالغۇسى كەلمەيدۇ. پېقىر تۈنۈگۈن بىر - بىرلەپ ئېدىتلىماي، خانىدانىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ رويخېتىنىلا كۆرۈپ باقتىم، يۇقىرىدىكىلەرگە كېتىدىغان پۇلنىڭ ئورنى يوق، قول ئاستىمىزدىكى خىزمەتكارلاردىنمۇ بىرمۇنچىسىنى باقالمىغۇدەكمىز.

جيا ئانا غەمگە چۆمۈپ ئولتۇراتتى، جيا شې، جيا جېن، جيا رۇڭلار بىللە كىرىپ جيا ئانىغا سالام بەردى. جيا ئانا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بىر قولىدا جيا شېنى، بىر قولىدا جيا جېننى تۇتۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. بۇ ئىككىسى يۈزىنى كۆتۈرەلمەي تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، جيا ئانىنىڭ يىغلاپ كېتىۋاتقىنىدىن تېخىمۇ خىجىل بولدى - دە، يەرگە تىزلىنىپ يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئوغۇللىرى بىلەن نەۋرىلىرى يارامسىزلىق قىلىپ بوۋىمىزنىڭ شان - شەۋكىتىنى يوقىتىپ قويدۇق، تۆپىلەپ ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ كۆڭلىنىمۇ بىئارام قىلدۇق، ئۆلسەك، بىزنىڭ ئۆلۈكىمىزنى يەرمۇ قوبۇل قىلمايدۇ!

ئۆيدىكى ھەممەيلەن بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، يەنە تەڭلا ئۈن سېلىپ يىغلىشىپ كەتتى.

— ئاۋۋال بۇ ئىككىيلەننىڭ خەج - خىراجىتىنىڭ غېمىنى قىلساق، — دەپ را بېرىشكە مەجبۇر بولدى جيا جېڭ، — ئۆيدە ئالاھازەل بىر - ئىككى كۈنچىلا تۇرالايدۇ، تەخىر بولۇپ قالسا خەق ئۇنىمايدۇ.

— ئىككىڭلار ھازىرچە چىقىپ، ئاغىچىلىرىڭلار بىلەن گەپ - سۆزۈڭلار بولسا قىلىشىپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ. ئاندىن جيا جېڭغا، — بۇ ئىشنى تەخىر قىلىشقا بولمايدۇ! ئويلىسام، تاشقىرىدىن غەملەشنىڭ ئىلاجى يوق ئىكەن. ئۇ چاغدا خاننىڭ توختاتقان قەرەلىدىن ئۆتۈپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇنىڭ غېمىنى سىلەر ئۈچۈن مەنلا قىلاي. خانىدانىمىزدا مۇشۇنداق مالىمانچىلىق بولىۋەرسە بۇنىڭغا ئامال قىلماي بولماس!

جيا ئانا شۇ گەپ بىلەن يۈەنياڭنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ئىش تاپىلىدى.

جيا شې، جيا جېنلار يېنىپ چىقتى، سىرتقا چىققاندىن كېيىن جيا جېڭ بىلەنمۇ بىرھازا يىغلاشتى ۋە بۇرۇن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقانلىرى، كېيىن پۇشايمان يېگەنلىكلىرى، مانا ئەمدى بولسا ئايرىلىپ كېتىۋاتقانلىقلىرى ئۈستىدە بىردەم سۆزلەشتى، ئاندىن ھەرقايسىسى ئۆز ئاغىچىلىرىنىڭ قېشىغا دەردىنى تۆكۈشكىلى مېڭىشتى. جيا شېغۇ ياشىنىپ قالغان، ئاغىچىسىنى تاشلاپمۇ كېتەر، جيا جېن بىلەن يۇشى بۇ جۇدالىققا قانداقمۇ چىدىشار؟ جيا ليەن، جيا رۇڭلارغىمۇ ئاتىلىرىغا ئېسىلىپ يىغلاشتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى. سۇرگۈن چېرىك

بولۇشتىن بىر بالداق يېنىك بولدى دېگەندىمۇ، بۇ بەربىر ئۆلمەي تىرىك ئايرىلىش دېگەن گەپ ـ دە. بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن باغرىنى قاتتىق قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە مەجبۇر ئىدى.

ئەمدى گەپنى جىيا ئاندىن ئاڭلىغايسىز. ئۇ شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا يۈەنياڭنى قوشۇپ ئۈچىگە ساندۇقلارنى ئاچۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگەن ۋاقتىدىن تارتىپ ھازىرغىچە يىغقان ـ تۇگكەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدۇردى، ئاندىن جىيا شې، جىيا جېڭ، جىيا جېنلارنى قىچقارتىپ، بىر ـ بىرلەپ ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىشكە باشلىدى. جىيا شېغا ئۈچ مىڭ سەر بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ھازىر بارى مۇشۇ، بۇ كۈمۈشنىڭ ئىككى مىڭ سەرىنى سەن ئېلىپ يول خىراجىتىڭگە سەرىپ قىلغىن، مىڭ سەرىنى بۇ يەردە قويۇپ قوي، چوڭ ئاغىچا خېنىم خىراجىتىگە ئىشلەتسۇن. بۇ ئۈچ مىڭ سەرنى بالام جىيا جېنغا بەردىم. بۇنىڭ مىڭ سەرىنى ئۆزۈڭ ئالسەن، ئىككى مىڭ سەرىنى ئاغىچاڭغا بەر، ئېلىپ قويسۇن. ھېلىمۇ ھەركىم ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالسۇن. ئۆيلىرى بىز بىلەن بىر يەردە بولۇۋېرىدۇ، قازىنى بۆلەك بولىدۇ. تۆتىنچى خان قىزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە توي ئىشىنى قىلىشمۇ مېنىڭ بېشىمدا. بىچارە فېڭجيې قىز ئۆمۈر بويى جان كۆيدۈرگەنىدى، بۈگۈنكى كۈندە سورۇلۇپ ھېچنېمىسى قالمىدى، ئۇنىڭغىمۇ ئۈچ مىڭ سەر بېرەي، ئۆزى تۇتسۇن، جىيا لىيەن خەجلىۋالمىسۇن. ئۇ ھازىر ئاغرىق، دېمى ئۆزۈلۈپ خۇدىنى بىلمەي ياتىدۇ. پىڭئېر كېلىپ ئەكەتسۇن. ماۋۇلار بوۋاڭلاردىن قالغان كىيىملەر، مەن كىچىك چاغدا كىيگەن كىيىم ـ كېچەك، بېزەك ـ جابدۇقلارمۇ بار، بۇلار ئەمدى ماڭىمۇ لازىم ئەمەس. ئەرەنچىلىرىنى چوڭ بېگىم، باللىرىم جىيا جېن، جىيا لىيەن، جىيا رۇڭلار ئاچىقىپ بۆلۈشۇۋېلىڭلار. مەزلۇمچىلىرىنى چوڭ ئاغىچا خېنىم، جىيا

جىننىڭ ئاغىچىسى، فىڭجىيې قىزلار ئاچىقىپ بولۇشۇۋالسۇن. ماۋۇ بەش يۈز سەر كۈمۈشنى جىيا ليەنگە تاپشۇرىمەن. بۇ پۇل بىلەن كېلەر يىلى دەييۈي خان قىزنىڭ جەسىتىنى جەنۇبتىكى يۇرتىغا ئاپىرىپ يەرلىكىدە قويسۇن.

جىيا ئانا بىساتىنى ئۈلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، جىيا جېڭغا شۇنداق دېدى:

— سىرتتىمۇ قەرزىمىز بار دەۋاتىسەن، بۇنى بەرىبىر قايتۇرماي بولمايدۇ، سەن ماۋۇ ئالتۇننى ئاچىقىپ ساتقۇزۇپ قەرزلەرنى تۆلىتىۋەتكىن. مۇشۇلارنىڭ چاتىقىدىن مەنمۇ سورۇلۇپ كېتىۋاتىمەن. سەنمۇ مېنىڭ ئوغلۇم، مەن ئالا كۆڭۈللۈك قىلمايمەن. باۋيۈي ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ قالدى، قولۇمدا قالغان مۇشۇ ئالتۇن - كۈمۈش نەرسە - كېرەكلەر ئالاھازەل يەنە بىرقانچە مىڭ سەر كۈمۈشكە يارايدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى باۋيۈيگە قالىدۇ. ئوغلۇم جۇ ئېرنىڭ ئاغىچىسى ئەزەلدىن ماڭا ۋاپا قىلىپ كەلدى، ئوغلى لەنئېرمۇ ئوبدان، ئۇلارغىمۇ ئاز - پاز دىن بۆلۈپ بېرىمەن. مۇشۇنىڭ بىلەن مېنىڭ قەرزىم ئادا بولغان بولىدۇ.

جىيا جېڭلار ئانىسىنىڭ مۇنداق ئېنىق - ئېدىتلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەممىسى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ئۇلۇغ ئانا، شۇنچە ياشانغانلىرىدا بىز پەرزەنتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق خىزمەتلىرىنى قىلالمىدۇق، ئەكسىچە بۇزرۇكۋار ئانىمىز ئۆزلىرى بىزگە يەنە مۇنداق ئىلتىپات قىلىۋاتىدىلا، خىجالەتچىلىكتە بىزگە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇۋاتىدۇ!

— ئۇنداق گەپنى قويۇڭلار! — دېدى جىيا ئانا، — مۇبادا بۇ چاتاق چىقمىغان بولسا، بۇ نەرسىلەرنى ساقلاپ تۇرىۋېرەتتىم. ھازىر مۇلازىم - خىزمەتكارلار ئاۋۇپ كەتتى. يالغۇز جىيا جېڭ بەگلا ئىشلەۋاتقاندىن كېيىن، بۇلاردىن بىرنەچچىسىنىلا ئېلىپ

قالساڭلار كۇپايە قىلىدۇ. سەن غوجىدارغا تاپىلاپ قوي، ئادەملەرنىڭ ھەنىۋاسىنى قىچقىرىپ قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئوبدان ئايرىپ بەرسۇن. ھەممە ئۆيدە بىرەردىن مۇلازىم بولسىلا بولدى. ئاشۇ كۈنى ھەنىۋاسىنى پادىشاھلىقتا ئىلىپ كەتكەن بولسا قانداق قىلغۇلۇق ئىدى؟ بىزنىڭ قىشمىزدىكىلەرنىمۇ ئايرىپ چىقسۇن. ياتلىق قىلىۋېتىدىغانلىرىنى ياتلىق قىلىۋەتسۇن، قايتىشقا ئىلتىپات قىلىنىدىغانلىرىنى قايتۇرۇۋەتسۇن. ھېلىمۇ بەختىمىزگە بۇ ئۆي - جايىمىز پادىشاھلىققا ئېلىنمىدى، شۇنداقتىمۇ نەزەربىغىنى تاپشۇرۇۋەتكىنىڭ تۈزۈك. جىيا لىەننى بۇيرۇساڭ، يەر - زېمىنلارنىمۇ بىر ئېلىپ چىقسۇن، سېتىۋېتىشكە تېگىشلىكلىرىنى سېتىۋەتسۇن، ئېلىپ قالىدىغانلىرىنى ئېلىپ قالسۇن، ئەمدى يەنە قۇرۇق سۆلەتنى ساقلاپ قەرز قىلىپ يۈرسەك بولمايدۇ. شۇنىمۇ دەۋېتەي: جياڭنەن①دىكى جېن جەمەتىنىڭمۇ بىزەچە كۈمۈشى بار، چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قولىدا، ئۆزگە ئەۋەتىپ بېرىۋېتىڭلار. يەنە بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىپ، ئۇلار «بوراندىن قۇتۇلۇپ، يامغۇردا قېلىپ قالمىسۇن !»

جىيا جېڭ جەمەتىنىڭ مەئىشىتىگە ئىگىدارچىلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىدى، جىيا ئانىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بىر - بىرلەپ بەجا كەلتۈرمەكچى بولدى، «ئۇلۇغ ئانام، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — راستلا ئۆي تۇتۇشنى بىلىدىكەن ! بۇ كاساپەتچىلىكنىڭ ھەممىسىگە بىز يارىماسلار سەۋەبچى بوپتىمىز !»

جىيا جېڭ جىيا ئانىنىڭ چارچاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئارام ئېلىۋېلىشقا سايە قىلدى.

— مېنىڭ قولۇمدا تايىنلىقلا نەرسە قالدى، — دېدى جىيا ئانا يەنە، — بۇنى مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئاخىرەتلىككە ئىشلىتىڭلار، ئاشقىنىنىڭ ھەممىسىنى مېنى كۈتۈپ باققان

① چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جىڭلىڭنى دېمەكچى.

دېدەكلەرگە بېرىڭلار.

جيا جېڭ باشلىق ھەممەيلەن گەپلەرنى مۇشۇ يەرگىچە ئاڭلاپ، تېخىمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇشۇپ، ھەنىنۋاسى تىزلىنىپ ئولتۇردى:

— ئۇلۇغ ئانا، كۆڭلى - كۆكسىلىرىنى كەڭ تۇتسىلا، ئۆزلىرىنىڭ بەخت - دۆلەتلىرىنىڭ شاراپىتىدىن بىز ئوغۇللىرى ئانچە ئۇزاققا قالمايلا يەنە ئىلتىپاتقا ئېرىشىش ئۈمىدىمىز بار، شۇ چاغدا سەئى - ئىجتىھات بىلەن خانىدانىمىزنى ئوڭشاپ، ئۆتكەنكى گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇپ، ئۆزلىرى يۈز ياشقا كىرگۈچە خىزمەتلىرىنى قىلىمىز.

— ئىگەكىم شۇنداق بولسۇن، — دېدى جيا ئانا، — شۇنداق بولسا ئۆلگەندە ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىلەنمۇ چىرايلىق كۆرۈشەتتىم، سىلەر مېنى باياشات ياشاشنىلا بىلىپ، نامراتچىلىققا چىدىمايدىغان ئادەم ئىكەن دەپ قالماڭلار! مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى سىلەرنىڭ ھەشەمەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىڭلارغا قاراپ، خۇشاللىقىمدىن ھېچ ئىش بىلەن كارىم بولماي، ئويۇن - كۈلكە بىلەن بولۇپ، ئۆزۈمنى ئاسراپ كېتىپتىمەن. ئامىتىمىز قېچىپ بۇ كۈنلەرگە قېلىشىمىزنى نەدىن بىلەي! تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال بولۇپ قېلىۋاتقىنىمىزنى ئازراق سەزگەندەك قىلىۋىدىم، لېكىن ئانچە سىنەكمەپتىمەن. «شارائىت مىجەزنى ئۆزگەرتسە، مەئىشەت بەدەننى ئۆزگەرتىدىكەن»، شۇڭا دەرمەھەل ئۇزەڭگىدىن چۈشەلمەي كەلدۇق. ئەمدى مۇشۇ باھانىدە ئالدى - كەينىمىزنى ئوبدان يىغىشتۇرۇپ، ئىخچاملاپ، ھازىرقى ھالىتىمىزنى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىڭلار، بولمىسا خەق بىزنى زاڭلىق قىلىدۇ. مېنى نامراتلىشىپ قالغانلىقىمىزنى كۆرۈپ ئۆلگۈدەك تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دەيدىغانسىلەر. مەن بوۋاڭلارنىڭ خىزمەت كۆرسىتىپ تاپقان كاتتا شۆھرىتىنى ئويلاپ، سىلەرنى ئۆز بوۋىسىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىكەن، ھېچبولمىسا شۆھرىتىنى

ساقلاپ قالالىسىكەن دەپ تىلىمەيدىغان كۈنۈم يوق ئىدى. ۋايتاڭەي، بۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسى نېمە شۇملۇقلارنى قىلىشتىكىن!

جىيا ئانا راسا ۋەز ئېيتقىلى تۇرۇۋىدى، فېڭئېر ھودۇققان ھالدا يۈگۈرۈپ كىرىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا دېدى:

— بۈگۈن ئەتىگەندە خان ئاچىمىز سىرتتىكى ئىشلارنى ئاڭلاپ بىرھازا يىغلىغانىدى، ئەمدى دېمى ئۈزۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ، پېڭئېر مېنى سىلىگە خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى.

بۇنى ئاڭلىغان جىيا ئانا فېڭئېرنىڭ گېپى تۈگىمەيلا سورىدى:

— زادى قانداقراق؟

— ھازىرچە ئانچە ياخشى ئەمەس دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭ ئورنىدا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ئۇھ! نېمىدېگەن كۆپ تارتقۇلۇقلار بۇ! مېنى قىيناپ ئۆلتۈرىدىغان بولدىغۇ! — دېدى جىيا ئانا ۋە دېدەكلەرگە تايىنىپ، ئۆزى بېرىپ كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى.

— ئۇلۇغ ئانا، — دەپ دەرھال ئۇنى رايىدىن ياندۇرماقچى بولدى جىيا جېڭ، — كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ بىرھازا بىئارام بولدىلا، يەنە شۇنچىزە ئىشنى بۇيرۇپ ـ جېكىلەپ ئۆتتىلە. ئەمدى ئارام ئالسىلا بولار. نەۋرىلىرىنىڭ ئاغىچىسى بىرقانداق بولۇپ قالغان بولسا، كېلىنلەر بېرىپ كۆرۈپ كەلسۇن، ئۆزلىرى بېرىپ جوۋاشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مۇبادا يەنە كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ، بىرئاز ساقسىز بولۇپ قالسىلا، بىز باللار قانداق قىلىمىز؟

— سىلەر چىقىپ كېتىڭلار، سەل تۇرۇپ كىرىڭلار، مېنىڭ يەنە گېپىم بار، — دېدى جىيا ئانا.

جىيا جېڭ ئارتۇق گەپ قىلالماي، نائىلاج يېنىپ چىقىپ، ئاكىسى بىلەن جىيەنىنىڭ يول ھازىرلىقى بىلەن بولدى ھەم جىيا ليەننى بىللە بارىدىغان ئادەملەرنى تاللاشقا بۇيرۇۋەتتى.

جىيا ئانا يوەنياڭغا فېڭجيېگە بېرىلىدىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرتكۈزۈپ بۇياققا ئۆتتى. فېڭجيېنىڭ دېمى سىقىلىپ

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى. پىگئىبرنىڭ يىغىدىن كۆزلىرى ئىششىپ، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ جىيا ئانىنىڭ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلارنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىتتىك ئالدىغا چىقتى.

— ھازىر قانداقراق؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا ئۇنىڭدىن.

— ھازىر بىرئاز ئوڭشالدى، — پىگئىبر جىيا ئانىنى قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ شۇنداق دەپ قويغانىدى. ئۇ جىيا ئانا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كەينىدىنلا كىرىپ، ئىلدام ئالدىغا ئۆتۈپ، چىمىلدىقنى ئاستا قايرىدى. فېڭجيې كۆزىنى ئېچىپ، جىيا ئانىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن خىجالەت بولۇپ كەتتى. ئىلگىرى ئۇ جىيا ئانا ۋە باشقىلارنى مەندىن خاپا، ماڭا ئۆچ بولۇپ قالدى، ئۆلۈش - تىرىلىشىم بىلەنمۇ كارى بولمىدى، دەپ ئويلىغانىدى، كۈتۈلمىگەندە، جىيا ئانىنىڭ ئۆزى يوقلاپ كەلگەچكە، كۆڭلى لاپپىدە ئېچىلىپ، بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغان يەل بوشىشىپ قالغاندەك بولدى - دە، تىرمىشىپ ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرماقچى بولغانىدى، جىيا ئانا پىگئىبرغا، ئۇنى تۇتۇۋال، دەپ بۇيرۇدى.

— قوزغالما، بىرئاز ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— خېلى ئوبدان تۇرىمەن، — دېدى فېڭجيې كۆزىگە ياش ئېلىپ، — مەن ئالدىلىرىغا كىچىك كەپتىكەنمەن، ئۇلۇغ ئانام بىلەن ئاغىچا خېنىم ئامراقلىق قىلىپ مېنى شۇنداق ياخشى كۆرۈشتىلە ! نەدىن بىلەي، تەلىيىم كاج ئوخشايدۇ، جىن - ئالۋاستىلار چاپلىشىۋېلىپ مۇشۇنداق خۇدۇمىنى بىلمەس قىلىۋەتتى، ئۇلۇغ ئانامنىڭ، ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا قەرزىمنى ئادا قىلالمىدىم، نەزەرلىرىدىن ئۆتەلمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ مېنى يەنە ئادەم ئېتىپ، ئائىلە ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىشىپ بېرىشكە قويغانىدىلە. مەن ھەممىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتىم. ئەمدى مەن ئۇلۇغ ئانامنىڭ، ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈزىگە قايسى يۈزۈم بىلەن قاراي؟ بۈگۈن يەنە جوۋاپ ئۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

ئىلتىپات قىلىشىپلا، بۇ ماڭا تېخىمۇ ئارتۇق كېلىشىۋاتىدۇ! شۇ گۇناھىم ئۈچۈن قالغان ئۈچ كۈنلۈك ئۆمرۈمنىڭ ئىككى كۈنى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندۇ! — ئۇ گەپ قىلىشىۋاتقاندا ئۆكسۈپ تۇراتتى.

— ئۇ ئىشلار سىرتتا چىققان چاتاق تۇرسا، — دېدى جىيا ئانا، — سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بولغاي؟ نەرسە - كېرەكلىرىڭنى ئېلىپ كېتىشكەن بولسا، ئۇنىڭمۇ كارى چاغلىققۇ! مەن ساڭا بىرمۇنچە نەرسە ئەكەلدىم، قاراپ باققىنا! — جىيا ئانا نەرسىلەرنى قويدۇرۇپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. فېڭجېي تېگىدىن كۆزى ئاچ بولغاچقا، بۇگۈنكى كۈندە ھەممە نېمىنىڭ پاك - پاكىز مۇسادىرە قىلىنىشى، دەرۋەقە، ئۇنىڭغا ئەلەم قىلغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلار مەندىن ئاغرىنىدۇ دەپ ئەنسىرەپ، جېنىدىنمۇ تويۇپ تۇراتتى. بۇگۈن جىيا ئانا بالدۇرقىدەكلا كۆيۈنۈپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ ئەيىبكە بۇيرۇماي، بۇياققا ئۆتۈپ تەسەللى بېرىۋاتقىنىغا قاراپ، جىيا ليەنىڭمۇ بىرەر ئىش يېتىپ قالمىغانلىقىنى ئويلاپ، يۈرىكى خېلىلا ئىزىغا چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، ياستۇقتىلا جىيا ئانىغا باش ئۇرۇپ، دېدى:

— ئۇلۇغ ئانا، خاتىرجەم بولسىلا، ئۆزلىرىنىڭ بەخت - تەلەيلىرى شاراپىتىدىن كېسىلىم شىپالىق تېپىپ قالسا، مەن يۈگۈر - يېتىمچى دېدەك ئورنىدا پايپېتەك بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ، ئاغىچا خېنىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا كۆڭۈل - كۆكسۈمدىن رازىمەن!

ئۇنىڭ گېپىدىن جىيا ئانىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى. باۋيۈي ھېچقاچان بۇنداق چوڭ داۋالغۇشنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن، راھەت - پاراغەتتىلا بىلىدىغان، دەرد - ئەلەمنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىدى. مانا ئەمدى نەگىلا بارسا ئۇنىڭغا يىغلاپ - سىغدىماقتىن باشقا ئىش ئۇچرىمايۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ سەۋدايىدىنمۇ ئېشىپ، بىركىمنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرسىلا يىغلايدىغان بولۇپ قالدى.

فېڭجېي ھەممەيلەننىڭ غەمكىنلىكىنى كۆرۈپ، زورۇقۇپ

دېگۈدەك جيا ئانىغا بىرنەچچە ئېغىز تەسەللى ئېيتىپ:
— ئۇلۇغ ئانا، ئاغىچا خېنىم، قايتىپ كېتىشىسلە، مەن بىر ئازلا ساقايسام ئالدىلىرىغا بېرىپ باش قويىمەن، — دەپ يېلىندى ۋە بېشىنى كۆتۈردى.
— ئۇنىڭغا ئوبدان قارا، — دېدى جيا ئانا پېڭئېرغا، — بىرنېمە كەم بولسا مېنىڭ يېنىمدىن ئەكەل، — دەپ قويۇپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى ئېلىپ ئۆز ئۆيىگە قايتتى. يولدا كېتىۋاتقاندا، ئىككى - ئۈچ يەردىن يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلىغان جيا ئانا ئۆزىنى زادىلا باسالماي قالدى. ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باشقىلارنى قايتۇرۇۋېتىپ، باۋيۈيگە:
— چوڭ دادىڭ، چوڭ ئاكاڭ بىلەن كۆرۈشۈۋال، ئۆزىتىپ قويۇپلا قايتىپ كەل، — دەپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ يىغلاپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى يوەنياڭلار ئۇنى - بۇنى دەپ تەسەللى ئېيتىپ بەرگەچكە، جيا ئانا سەل بېسىلىپ ئارامىنى ئالدى.
جيا شې، جيا جېنلارنىڭ ئايرىلىش ۋاقتىدىكى قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ئېيتىپ ئولتۇرمايلى. مۇلازىملاردىن بىرەرسىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بېرىشنى خالىمايتتى. جيا شېلار داد - پەرياد ئېيتىپ زارلىناتتى، يىغلىشاتتى. ئۆلۈپ ئايرىلغاندىن تىرىك ئايرىلغان يامان، دېگەن مۇشۇ - دە. بۇ ئەھۋالنى كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆڭلى بېشىغا كەلگەنلەردىنمۇ بەكرەك بۇزۇلاتتى. بىر ئوبدان رۇڭگو قەسرىنى نالە - پەرياد، ئاھۇ زار قاپلىدى.
جيا جېڭ قائىدە - يوسۇنغا بەكمۇ ئەمەل قىلاتتى، ئەدەپ - تەكەللۇپقىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. ئۇ ئۆزى ئاۋۋال ئاتلىنىپ، شەھەرنىڭ تېشىغا چىقىپ ئۇلارنى شاراب تۇتۇپ ئۇزاتتى ۋە «سەلتەنەت ئۆزىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئەربابلىرىغا شەپقەت قىلىدۇ، ئىلتىپاتقا چامىمىزنىڭ بارىچە جاۋاب قايتۇرماق كېرەك» دېگەندەك بىرمۇنچە گەپلەرنىمۇ

تاپىلىدى. جىيا شې، جىيا جىنلار يىغا ـ زار بىلەن ئايرىلىشتى.

جىيا جېڭ باۋيۈينى ئېلىپ ئۆيگە قايتتى ۋە دەرۋازىدىن كىرە ـ كىرمەيلا دەرۋازىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقان بىرمۇنچە ئادەملەرگە كۆزى چۈشتى. ئۇلار: «بۈگۈن يارلىق چۈشۈپتۇ: ئاتا مىراس رۇڭگو گۇڭلۇق مەنسىپىگە جىيا جېڭ ۋارىس بوپتۇ» دېيىشىپ، سۆيۈنچە تەلەپ قىلىشىۋاتاتتى. دەرۋازىۋەنلەر بولسا: «ئەسلىدىن بار ئاتا مىراس مەنسەپ تۇرسا، ئۆز خانىدانىمىزدىن ۋارىسلىق قىلسا، بۇنىڭغا نېمە سۆيۈنچە ئېكەن؟» دەپ گەپ تالىشاتتى. سۆيۈنچە تەلەپ قىلغۇچىلار: «ئاتا مىراس مەنسەپنىڭ شان ـ شەۋكىتىگە ئېرىشمەك ھەرقانداق ۋەزىپە ئۆتمەكتىنمۇ تەس! چوڭ بېگىڭلار چاتاق تۇغدۇرۇپ قولدىن بېرىپ قويغانىدى، ئەمدى بۇنىڭغا ئېرىشمەن دېگەن بىلەنمۇ ئىككىنچى مۇمكىن ئەمەس! دانىشمەن خان ئالەمچە چوڭ مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىپ، ئەمدى ئىككىنچى بېگىمگە ئىلتىپات قىپتۇ، بۇ كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ئىش، نېمىشقا سۆيۈنچە بەرمەيدىكەن؟» دەپ تۇرۇشۇۋالدى. شۇ غەلۋە بولۇپ تۇرغاندا جىيا جېڭ قايتىپ كەلدى، دەرۋازىۋەنلەر ئۇنىڭغا ئېيتىۋىدى، جىيا جېڭمۇ خۇشال بولدى، ئاكىسىنىڭ چاتىقى كاساپىتىدىن قولدىن كەتكەن بۇ مەنسەپنىڭ قايتا قولغا كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپ يىغلىۋەتتى ۋە ئىلدام ئىچكىرىگە كىرىپ جىيا ئانىغا ئېيتتى. جىيا ئانا ئەلۋەتتە خۇش بولدى ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، بۇ ئىلتىپاتقا بەجانىدىل جاۋاب قايتۇرۇش ھەققىدە گەپ قىلدى. جىيا ئانىنى كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالمىسۇن دەپ تەسەللى بېرىشكە كىرگەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ ئاتا مىراس مەنسەپنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن يۇشىلا كۆڭلىدە ھەسرەت چېكەتتى، لېكىن بىلىندۈرمىدى.

خوش، ئەمدى تاشقىرىدىكى خۇشامەتگۈي ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار دەسلەپتە جىيا جەمەتىنىڭ

بېشىغا كۆن چۈشكەندە يېقىن يولاشمىغانىدى، مانا ئەمدى جىيا جېڭ مەنسەپكە ۋارىس بولغاندا، خاننىڭ بالدۇرقىدەكلا ئوبدان غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ھەممىۋاسى مۇبارەكلەپ كېلىشتى. جىيا جېڭ ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى، ئاكىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن دىلى غەش بولغان بولسىمۇ، خاننىڭ شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئەتىسىلا ئوردا - شېرىپكە كىرىپ ئىلتىپاتقا تەشەككۈر ئېيتىپ، قايتۇرۇپ بېرىلگەن قەسىر، ھويلا - ئاران ۋە نەزەرباغنى پادىشاھلىققا ئالسىكەن، دەپ ئىلتىماسنامە سۇندى. ئىچكى ئوردىدىن: بۇنداق قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ يارلىق چۈشتى. جىيا جېڭ ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ ئۆيگە قايتتى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىپ، ئۆز ۋەزىپىسى بىلەن بولدى.

لېكىن، خانداننىڭ ئىرىكچىلىكى مۇشكۈللەشتى، كىرىم چىقىمنى قامدىيالمايتتى. جىيا جېڭمۇ سىرتتا بۇنىڭغا ئىلاج قىلالمىدى. جىيا جېڭنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن، فېڭجېينىڭ كېسەل تۈپەيلىدىن ئائىلە ئىشلىرىغا قارىيالمايۋاتقانلىقى ۋە جىيا لىيەننىڭ قەرزلىرى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، خىزمەتكارلارنىڭ ئۆي - جابدۇقلارنى رەنگە قويۇۋېتىشى، يەر - زېمىنلارنى سېتىۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. قەسىردىكى خىزمەتكارلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ قول ئىلكىدە بار بولسىمۇ، ئۇلار جىيا لىيەننى ئېسىلىۋالمىسۇن دەپ، ئۆزلىرىنى نامراتلىققا سېلىپ قاچۇرۇشتى، ھەتتا يالغان ئۆزرە ئېيتىپ قويۇپ كەلگىلى ئۇنىماي، ھەرقايسىسى ئۆزىگە باشقا يول ئىزدىگىلى چۈشتى. پەقەت باۋيۇڭ دېگەن بىرسىلا، گەرچە بۇ يەرگە يېڭىلا كەلگەن ۋە كېلىپلا رۇڭگو قەسىرىنىڭ بېشىغا كۆن چۈشكەن چاغقا دۇچ كېلىپ قالغان بولسىمۇ، خېلى ئىخلاس قويۇپ ئىشلىدى. ئۇ بايىقىلارنىڭ غوجايىنىنىڭ كۆزىنى بوياپ - ئالداپ يۈرگىنىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ ھەمىشە ئىچى قاينايتتى. بىراق، ئامال قانچە، ئۇ تېخى يېڭى كەلگەن بولغاچقا، گەپ ـ سۆزلەرگە ئارىلىشىپ بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىستۇرالمايتتى. شۇڭا، خاپا بولۇپ ھەر كۈنى قورسىقىنى تويدۇرۇپلا ئۇخلايتتى. باشقىلار ئۇنى بىزنىڭ كەينىمىزگە كىرمىدى دەپ يامان كۆرۈپ، جىيا جېڭغا: ئەتىدىن كەچكىچە قولىدىن قەدەھ چۈشۈرمەي چاتاق چىقىرىپ يۈرىدۇ، پەقەت ئىشلىمەيدۇ، دەپ چېقىشتۇردى. جىيا جېڭ:

— مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنى جىن خانىدانى تەۋسىيە قىلىپ ئەۋەتكەن، سەت بولىدۇ. ئاش يەيدىغان بىر ئادەمنىڭ قوشۇلۇپ قالغىنى چاغلىق ئىش، نامراتلىق ئاشۇ بىر ئادەمنىڭ يېگەن ـ ئىچكىنىدىن بولۇۋاتامدۇ، — دەپ ئۇنى قوغلىۋەتكىلى قويمىدى. ئاندىن بۇلار جىيا لىيەننىڭ ئالدىغىمۇ بېرىپ، ئۇنى ئۇنداق ئەسكى، مۇنداق يامان، دەپ دادلىدى. جىيا لىيەننىڭمۇ مۇشۇ كەمدە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىرنېمە دېيىشكە ھەددى ئەمەس ئىدى، ئۇمۇ ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەرمەي بولمىدى.

تۇرۇپلا بىر كۈنى باۋ يۈك چىداپ تۇرالماي، بىرنەچچە جام شاراب ئىچىۋېلىپ، رۇڭگو قەسرىنىڭ ئالدىدىكى رەستىدە تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، گەپلىشىپ تۇرغان ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ قالدى.

— قارا، — دېدى ھېلىقىلارنىڭ بىرسى، — شۇنچىزە چوڭ قەسىر قايسى كۈنى تىنتىپ مۇسادىرە قىلىنىپ كەتكەنىدى، مانا ئەمدى قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟

— بۇلار قانداق ۋەيران بولسۇن؟ — دېدى يەنە بىرسى، — ئاڭلىشىمچە، ئوردىدا بىر خانىش مۇشۇلارنىڭ قىزى ئىكەن، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مىڭ دېگەن بىلەن ئۇلى چىڭ ـ دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھەمىشە ۋاڭ، گۇڭ، خۇ، بۇ دەرىجىلىرىدىكى ئېسىلزادىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىدۇ، شۇلار بۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماي قويارمۇ؟ ئىلگىرى ئەسكىرىي دىۋان ۋەزىرى بولغان ھازىرقى ۋالىيمۇ بۇلار بىلەن

بىر جەمەت، مۈشۈلار تۇرغان يەردە، بۆلارنى قانتى ئاستىغا ئالامتى؟

— ئىسىت، سېنىڭ مۈشۈ يەرلىك بولغىنىڭ! — دېدى بايىقىسى، — باشقىلىرىغۇ چاغلىق، لېكىن ھېلىقى جىيا دارىن قالتىس يامىنى ئىكەن! مەن ھەمىشە ئۇنىڭ ئىككى قەسىرگە بېرىپ - كېلىپ تۇرغىنىنى كۆرەتتىم. قايسى كۈنى مۈپەتتىش مىرزا بۆلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەتنامە سۇنغانىكەن، خان: ۋالىي راست - يالغىنىنى چارلاپ ئېنىقلىسۇن، ئاندىن چارە كۆرۈلىدۇ، دەپتۇ. ئۇ قانداق قىپتۇ دېگىنە؟ ئۇ ئىككى قەسىردىن نەپ كۆرگەن ئادەم بولغاچقا، خەق مېنى ئۆز جەمەتىگە ئېتەك يايتى دەپ قالمىسۇن دەپ، كەينىدىن راسا بىرنى تېپىپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىككى قەسىر ئاقىۋەت تىنتىلىپتۇ. بۈگۈنكى كۈندە جاھاننىڭ ئىشى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىنتاڭ!

ئىككىيلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشىۋەردى، يېنىدا بىر سىنىڭ گەپ تىڭشاپ تۇرغىنى بىلەنمۇ كارى بولمىدى. باۋيۈك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قېلىپ: «جاھاندا شۇنداق ئادەممۇ بولىدىكىنا! ئەتتەڭ، بېگىمىزنىڭ نېمىسى بولغىيدى ئۇ؟ مەن ئۇنى ئۈچرىتىپلا قالسام ئۆلگۈچە بىر ئۇرايچۇ! چاتاق تېرىپ قويسام، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن!» دېگەن ئويغا كەلدى.

باۋ يۈك كەيپچىلىكتە ھەرقىسما خىياللارغا كېلىپ تۇراتتى، تۈيۈقسىز، ئۇياقتىن كېلىۋاتقانلارنىڭ پوش - پوش دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. باۋ يۈك يىراقراق بېرىپ تۇراتتى، ھېلىقى ئىككى ئادەم كۈسۈلدىشىپ:

— مۇنۇ كېلىۋاتقىنى جىيا دارىن دېگەن شۇ، — دېيىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باۋ يۈكنىڭ كۆڭلىگە نەپرەت ئوتى تۇتاشتى - دە، شارابىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنلۈك ۋارقىرىدى:

— ھەي ۋىجدانسىز غالچا! جىيا خاندانىمىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالغانسەن؟

تەختىراۋاندا ئولتۇرغان جىيا يۈيسۈن «جىيا» دېگەن سۆزنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ قېلىپ زەن قويۇپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ بىر مەست ئادەملىكىنى كۆرۈپ پىسەنت قىلماي ئۆتۈپ كەتتى.

باۋ يۇڭ مەست هالدا قەسىرگە قايتىپ كەلدى ۋە هەمراهلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ، بايا كۆرگەن هېلىقى دارىننى مۇشۇ قەسىر ئۆستۈرگەنلىكىنى ئۇقۇپ:

— ئۇ شۇنچە قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلماي، خانىدانىمىزنى كەينىدىن ئوردىغا چىقىپتۇ. مەن ئۇنى كۆرۈپ تازا تىللىۋىدىم، هېچنېمە دېيەلمىدى، — دېدى.

رۇڭگو قەسىرىدىكى خىزمەتكارلار باۋ يۇڭغا ئۆچ ئىدى، پەقەت غوجىلىرىلا ئۇنى تەرگەپ كەتمەيتتى. مانا ئەمدى ئۇ يەنە سىرتتا بالا تېرىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باۋ يۇڭنىڭ شاراب ئىچىۋېلىپ چاتاق تېرىغانلىقىنى جيا جېڭغا ئېيتتى. جيا جېڭ مۇشۇ چاغدا بىرەر پېشكەللىكنىڭ تېۋىشى چىقىپ قالمىسىكەن دەپ تۇراتتى، شۇڭا خىزمەتكارلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ شۇ زامان ئاچچىقى كەلدى - دە، باۋ يۇڭنى چاقىرتىپ كىرىپ، ئەيىبلەپ بىرنەچچە ئېغىز تىل سېلىۋەتتى. قاتتىق جازالىۋېتىش بىئەپ ئىدى، شۇڭا ئۇنى باغقا قاراشقا بۇيرۇدى، كوچا - كويغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. باۋ يۇڭنىڭ مىجەزى تۈز ئىدى، بۇ غوجىلىرىنىڭكىگە كەلگەندىن كېيىن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن غوجىسىنى هىمايە قىلغانىدى. بىراق، جيا جېڭ باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۇنى تىللاپ سالدى. ئۇ يەنە بىر نېمە دەپ گەپ تالىشىشقا ئاجىزلىق قىلىپ، نائىلاج لاقا - لۇقىسىنى يىغىشتۇرۇپ، باغنى بېقىش، سۇغىرىش بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ماڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز سەككىزىنچى باب

## ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىشىپ ئاسارۇن بانۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلىغانلىقى
## ئۆلگەندىمۇ دىل رىشتىسى ئۈزۈلمىگەن بامبۇكزار مەلىكىسىنىڭ ئەرۋاھى نالە - پەرياد قىلغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، جيا جېڭ ئۆي - زېمىنلىرى بىلەن نەزەر باغىنىمۇ پادىشاھلىققا ئېلىنىشىنى ئىلتىماس قىلغاندا ئوردا - شېرىپ قوبۇل قىلمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باغدا تۇرىدىغانلارمۇ يوق ئىدى، شۇڭا باغنى قۇلۇپلىتىۋەتتى. باغ يۇشى، شىچۇنلەرنىڭ هويلىسىغا تۇتاش ئىدى. قاراقسىز قالغىنى ئۈچۈن شۇنچە كەڭرى باغ بەكمۇ چۆلدەرەپ قالغانىدى، شۇ سەۋەبتىن، جازا سۇپىتىدە باۋ يۈڭ ئاشۇ تاشلاندۇق باغقا قاراشقا قويۇلدى. ئەمدى جەمەتكە جيا جېڭ باشچىلىق قىلغاندىن بېرى، جيا ئائىلىنىڭ ئەمرى بىلەن ئادەملەرنى ئاستا - ئاستا ئازايتىپ، هەنىۋانى قورۇپ - تېجەپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا قامداپ كېتەلمىدى. جيا ئائىلىنىڭ ئامراقلىقى كېلىدىغان فېڭجيې ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا تېخى كۈچىنى كۆرسىتەلمەيتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى يەنىلا فېڭجيېغا تاپشۇرۇلدى. لېكىن، مۇسادىرە قىلىنغاندىن بۇيان ھەممىلا ئىشتا چىقىنالماي، بارغانسېرى قولى قىسقىلىق قىلغىلى تۇردى. ھۇجرا كاتتىلىرىدىن تارتىپ مۇلازىم - خىزمەتكارلارغىچە ئىلگىرىدىن ئوچۇق قول بولۇپ ئۆگىنىپ قالغان تۇرسا، ئەمدى ئۆپكىسى كېتىپ كانىيى

قالغاندا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قانداقمۇ ئورۇنلىغىلى بولسۇن؟ ئاغرىنىش، غۇڭشىشلارمۇ بولىۋەردى. فېڭجيېمۇ باش تارتىشقا پېتىنالماي، جيا ئانىنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن دەپ كېسەل پېتى پايپېتەك بولۇپ يۈرىۋەردى.

بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن، جيا شې، جيا جېنلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەيدىغان جايلىرىغا يېتىپ بېرىشتى، خەج - خىراجەتلىرى بولغاچقا، ھازىرچە خاتىرجەم جايلاشتى. ھەر ئىككىسىدىن تىنچ - ئامانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەندىشە قىلماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىپ سالام خەت كەلدى. شۇنىڭ بىلەن جيا ئانىنىڭ كۆڭلى تىندى، شىڭ ئاغىچا خېنىم، يۈشىلارنىڭمۇ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى.

شى شياڭيۈن ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئۆيگە قايتىپ جيا ئانىنىڭ قېشىغا سالامغا كەلدى. جيا ئانا ئۇنىڭ كۈيۈسىنىڭ ئوبدانلىقى توغرىسىدا گەپ ئاچتى، شى شياڭيۈنمۇ ئۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى دەپ بېرىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتتى. ئاندىن دەييۈينىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا گەپ بولۇپ، ھەممەيلەن ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئېلىشتى. جيا ئانا يىڭچۈننىڭ كۈلپەت چېكىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ قېلىپ، كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلغىلى تۇردى. شى شياڭيۈن بىر قۇر تەسەللى ئېيتىپ قويۇپ، ئاندىن ھەرقايسى ئۆيلەرگە چىقىپ سالام بېرىپ، تىنچلىق سوراپ، يەنە جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ چىقىپ ئارام ئالدى. ئۇلار شۆپەننىڭ كاساپىتى بىلەن شۇ جەمەتنىڭ خانىۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكى، بۇ يىل گۇناھكارلارغا بېرىلىدىغان ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كېلەر يىلى يېنىكلىتىشى نامەلۇم ئىكەنلىكى ئۈستىدە گەپ - سۆز قىلىشتى.

— سەن تېخى ئۇقمايسەن، — دېدى جيا ئانا، — قايسى كۈنى ئوغلۇم شۆپەننىڭ ئاغىچىسى نامەلۇم سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ يەنە بىر كېلىشمەسلىك كەلگىلى تاس قالدى. ھېلىمۇ

ياخشى، بۇددا ئىگەمنىڭ ئۆزى بار ئىكەن، بولغان ئىشنى ئۇ ئاغىچا ئېلىپ كەلگەن دېدەككە ئىقرار قىلدۇردى، شۇنىڭ بىلەن شىيا خېنىم جېدەل چىقىرالماي، جەسەتنى تەكشۈرۈشنى ئۆزىلا توستى. شۇنىڭ بىلەن شۇ ھامماڭ ئۇ نەستىن ئاران قۇتۇلدى. ھازىر شۇ ھامماڭ شۇ كېنى يېنىدا تۇتۇپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۇ بالا ئىنسابى بار بالا ئىكەن، ئاكام زىنداندا يېتىۋاتسا، تېخى ئىشى تۈگىمىسە دەپ، ئۆيلىنىشكە ئۇنىمايۋېتىپتۇ. شۇڭا، شىيۇەن سىڭلىڭ چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قېلىپ ئۇنىڭغىمۇ ئازاب بولۇۋاتىدۇ. باۋچىن قىزنىمۇ قېيىنئاتا بولغۇچى ئۆلۈپ كېتىپ قارىلىق ۋاقتى توشمىغاچقا، مېي جەمەتى تېخى توينى قىلىپ ئەكەتمىدى. قارىغىنا، «ھەممە تۇغقاننىڭ تەقدىرى بىر» دېگەن شۇ ئىكەن: شۇ جەمەتى ئۇنداق بولدى؛ ئىككىنچى ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاتا ـ ئانا جەمەتىدىن چوڭ تاغا ۋاڭ بېگىم پىخسىق، ھۆكۈمەت ئىشىدىمۇ قولى پاكىز ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇلارمۇ قىسىلچىلىق تارتىۋاتىدۇ؛ مۇسادىرە قىلىنغاندىن بېرى جېن جەمەتىدىنمۇ خەت ـ خەۋەر يوق.

— تەنچۈن ئاچام كەتكەندىن بېرى خەت ـ پەت كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى شياڭيۈن.

— ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتكەندىن بېرى، — دېدى جيا ئانا، — ئىككىنچى بېگىم جيا جېڭ قايتىپ كەلگەندە، ئۇچىنچى ئاچاڭنى دېڭىز ساھىلىدا ئوبدان تۇرۇۋېتىپتۇ دەپ كەلگەندى، بىراق خەت كەلمەيۋاتىدۇ. مەن ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز ياد ئېتىپ تۇرىمەن. بىزگە كەينى ـ كەينىدىن پېشكەللىك كېلىۋېرىپ ئۇنىڭغا قارىغۇچىلىكمۇ بولالمىدىم. تۆتىنچى خان قىز شىچۈننى تالالىق قىلىشنىڭ غېمىنى تېخى قىلمىدۇق. جيا خۇەننى دېسەڭ، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشقا كىمنىڭ چولىسى؟ ھازىرقى كۈنىمىز سەن بۇرۇن بۇ يەردە تۇرغان چاغدىكىدىن بەك تەس بولۇپ كەتتى. بىچارە باۋچەي ئاچاڭغىلا ئىچىم ئاغرىيدۇ، كېلىن بولۇپ كىرگەندىن تارتىپ بىرەر كۈنمۇ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت

www.uyghurkitap.com

كۆرمىدى، ئىككىنچى ئاكاڭ باۋيۈي ھېلىمۇ شۇنداق سەۋدايى، قانداق قىلغۇلۇقكىنتاڭ؟

— مەن كىچىكىمدىن مۇشۇ يەردە چوڭ بولغاچقا، — دېدى شياڭيۈن، — بۇ يەردىكى ھەممەيلەننىڭ مىجەز - خۇيىنى بىلەتتىم. بۇدورەم كەلسەم ھەممىسىلا بۆلەكچە بولۇپ قاپتۇ. بۇ يەرگە كەلمىگىلى خېلى ئۇزاق بولدى، شۇڭا مېنى يات كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن، زەن قويۇپ ئويلىسام، ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. مەن بىلەن كۆرۈشكەندە، قورسىقىغا كىرىپ باقسام، يەنە شۇ ئىلگىرىكىدەك قايناپ - قىزىپ ئويناپ كەتكۈسى بار، بىراق نېمىشقىدۇر گەپلىشىپ تۇرۇپلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا مەن بىردەم ئولتۇرۇپلا ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا يېنىپ چىقتىم.

— ھازىرقى كۈنىمىزغۇ، — دېدى جيا ئانا، — مەن ئۇچۇن چاغلىق گەپ. بۇلار ياپياش تۇرسا، ئۇلارغا ئېغىر كېلىدۇ! بىر ئامال قىلغان بولسام، بۇلار بىر كۈن بولسىمۇ راسا ئويناپ كۆڭلىنى ئاچسا ئوبدان بولاتتى، بىراق، كەيپىم شۇنىڭغىمۇ يار بەرمەيۋاتىدۇ.

— مەن تاپتىم، — دېدى شياڭيۈن، — ئۆگۈنلۈككە باۋچەي ئاچامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىغۇ؟ بىرەر كۈن ئارتۇق تۇرسامىمۇ تۇراي، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ، ھەممەيلەن بىر كۈن كۆڭۈل ئاچايلى، ئۇلۇغ ئانا، ئۆزلىرىچە قانداق؟

— خاپىچىلىقتا بېشىم راستلا ئېلىشىپ قاپتۇ، — دېدى جيا ئانا، — سەن دېمىگەن بولساڭ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. راست، ئۆگۈنلۈككە ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىغۇ! ئەتە مەن بىرزە پۇل چىقىرىپ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرەيچۇ. تېخى چاي ئىچۈرمىگەن چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بىرنەچچە قېتىم ئۆتكۈزگەن، كېلىن بولغاننىڭ مابەينىدە ئۆتكۈزۈپ باقماپتۇق. باۋيۈي ئىلگىرى ناھايىتى زېرەك، بەكمۇ شوخ بالا ئىدى، مۇشۇ كۈنلەردە بىرگە پېشكەللىك كېلىۋېرىپ، بۇ بالىنىڭ

بارغانسېرى گەپ ـ سۆز قىلىشقىمۇ رەغدى يوق بولۇپ كەتتى. جۇ ئېر ئوغلۇمنىڭ ئاغىچىسى خېلى تۈزۈك، قول ئىلكىمىزدە بار چاغدىمۇ ئوخشاش، يوق چاغدىمۇ ئوخشاش، لەنئېرنى بېقىپ جىمجىت ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا تەس بولدى.

— باشقىلارغۇ ئانچىمۇ بولۇپ كەتمەپتۇ، — دېدى شياڭيۈن، — فېڭجيې يەڭگەمنىڭ رەڭگىرويى بۆلەكچە بولۇپ قاپتۇ، گەپ ـ سۆزلىرىمۇ ئىلگىرىكىدەك چاقماقتەك ئەمەس. ئەتە مەن ئۇلارنى ئويۇنغا باشلايچۇ، قېنى قانداق قىلىشىدىكىن. بىراق، ئاغزىدا دېيىشىسىمۇ كۆڭلىدە رەنجىشىپ، مېنى ... — گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. جيا ئانا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملەپ، شۇنداق دېدى:

— بۇنىڭدىن نېمە قورقىقۇلۇق؟ بۇرۇن ئاچا ـ سىڭىل ھەننىۋاسىڭلار بىللە ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆگىنىپ قالغانغۇ، ئۇ يەرلىرىدىن ئېھتىيات قىلىپ كەتمە. ئىشقىلىپ، ئادەم دېگەن بارغا بارچە، يوققا يوقچە، دۆلەت ـ راھەتنىمۇ كۆتۈرەلەيدىغان، نامراتلىق ـ غۇربەتچىلىكنىمۇ شۈكۈر قىلىدىغان بولغىنى ئوبدان. باۋچەي ئەزەلدىن بىر ئىشلارنى زىغىرلاپ كەتمەيدىغان قىز. بالدۇر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھال ـ كۈنى شۇنداق ئوبدان چاغدىمۇ ئۇ قىلچە ھاكاۋۇرلۇق قىلمايتتى، كېيىنچە ئۇلارغا كېلىشمەسلىك كەلگەندىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى بىمالال تۇتىۋەردى. بىزنىڭ ئۆيگە چىققاندىن كېيىن باۋيۈي چىرايلىق مۇئامىلە قىلمىسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتتى. گاھىدا قوپاللىق قىلىپ قويسىمۇ ئۇنىڭ خاپا بولغىنى بىلىنمەيدۇ. مېنىڭچە، مۇشۇ قىزنىڭ ئامىتى بار ئىكەن. لىن دەييۈي ئاچاڭزە، بەكمۇ خۇيى بار ھەم خۇدۇكچان ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ ئۆمرى كوتا بولۇپ قالدى. فېڭجيېمۇ خېلى ئىش كۆرگەن قىز ئىدى، ئۇنچىلىك داۋالغۇشنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسا بولاتتى، مۇنداق كۆزى كىچىكلىك قىلسا بەك چاكىنىلىق بولۇپ قالىدۇ. ئۆگۈنلۈككە باۋچەي قىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاندا،

مەن ئايرىمچە كۆمۈش خەجلەپ، ئۇنىڭ توغۇلغان كۈنىنى تازا قىزىتىپ بىر ئۆتكۈزۈپ بېرەي، فېڭجيې قىزنىڭمۇ شۇ كۈنى كۆڭلى ئېچىلىپ قالسۇن.

— بەك توغرا گەپ قىلدىلا، ئۇلۇغ ئانا، — دېدى شياڭيۈن ئۇنىڭ بۇ گېپىنى خوپ كۆرۈپ، — ھەمشىرىلىرىمنىڭ جىمىسىنى چىللايلى، ھەممەيلەن مۇڭدىشىۋالسۇن.

— ئەلۋەتتە چىللايمىز، — دېدى جيا ئانا ۋە خۇشاللىقىدا يۈەنياڭنى قىچقىرىپ، — يۈز سەر كۆمۈش ئېلىپ تاشقىرىدىكىلەرگە چىقارتىپ بەر، ئەتىدىن تارتىپ ئىككى كۈنلۈك ھاراق ـ شاراب، غىزا ـ تائام تەييارلىسۇن، — دەپ بۇيرۇۋەتتى. يۈەنياڭ بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈپ، كۆمۈشنى خىزمەتكار خوتۇندىن چىقارتىۋەتتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

ئەتىسى بۇ خەۋەر يەتكۈزۈلۈشى بىلەن، يىڭچۈننى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇلدى. شۆ ھاما، باۋچىن بىلەن شياڭلىڭنى بىللە ئالغاچ كەلسۇن دەپ چىللاپ قويۇلدى. لى خان ئاچىمۇ چىللاندى. ئۇ چۇشكە قالماي لى ۋېن، لى چىلارنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى.

باۋچەيىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىدى، ئۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئەۋەتكەن دېدەكنىڭ:

— شۆ ھاما خېنىم كەلگەنىدى، ئۆزلىرىنى كەلسۇن دەپ تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، — دەپ چىللاپ كەلگىنىنى ئاڭلاپلا خۇشاللىقىدا ئۇستىبېشىنىمۇ يەڭگۈشلىمەي ئانىسىنى كۆرگىلى كەلدى. قارىسا، سىڭلىسى باۋچىن بىلەن شياڭلىڭمۇ شۇ يەردە ئىكەن، لى خان ئاچىمۇ قىزلىرى بىلەن كەپتۇ. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە، بۇلار بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن پېشكەللىكنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ھال سوراپ كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئاندىن لى خان ئاچىدىن تىنچلىق سورىدى، جيا ئانا بىلەن كۆرۈشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئانىسى بىلەن بىرنەچچە ئېغىز گەپلىشىپ

قويۇپلا، ئاچا ـ سىڭىل لى چى ۋە لى ۋېنلار بىلەن تىنچلىق سوراشتى.
— خانلىرىم، ھەممىلىرى ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى ياندا تۇرغان شياڭيۇن، — بىز ھەمشىرىلەر ئاچامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى مۇبارەكلەيلى.
باۋچەي سەل ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىپ، «راست، ئەتە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئەمەسمۇ» دەپ ئېسىگە ئالدى ۋە:
— ئاچا ـ سىڭىللىرىم ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى يوقلاپ كېلىشكەن بولۇشسىلا، بۇ ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق ئىش بوپتۇ، ئەمما مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى دەپ كېلىشكەن بولسىلا، مۇنداق جوۋاشقا مەن زادىلا ئەرزىمەيمەن، — دېدى.
شۇنداق تۇرۇت قىلىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە، باۋيۈيمۇ شۆ ھاما، لى خان ئاچىلارغا سالام بېرىش ئۈچۈن كىرىپ باۋچەينىڭ تۇرۇت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇمۇ باۋچەينىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈشنى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ئەمما، پاراكەندىچىلىكتە ئۆيئىچى ئۆپۈر ـ تۆپۈر بولۇپ تۇرغانلىقى ۋەجىدىن، جيا ئانىغا ئېيتىشقا پېتىنالمىغانىدى، بۇگۈن شياڭيۈن باشلىق ھەممەيلەننىڭ باۋچەينى مۇبارەكلەيمىز دەپ تۇرغانلىقىغا خۇشال بولۇپ:
— تۇغۇلغان كۈنى ئەتە ئىدى، مەن ئۇلۇغ ئانامغا ئېيتاي دەپ كىرىۋىدىم، — دېدى.
— ئۇياتماي دەۋاتقان گېپىنى! — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سېنىڭ دېيىشىڭنى كۈتۈپ تۇرامتى؟ قارىغىنا، بۇنچىلا ئادەم نېمىشقا كەلدى؟ بۇلارنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم چىللىغان.
باۋچەي بۇ گەپلەرگىمۇ چىنپۇتمەي، جيا ئانىنىڭ ئانىسىغا قىلىۋاتقان گەپلىرىگە قۇلاق سالدى:
— بىچارە باۋچەي قىزنىڭ يېڭى كېلىن بولغىنىغا بىر يىل بولۇپ قالدى، ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشمەسلىك كېلىۋېرىپ،

ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزەلمەي كەلگەنىدۇق. بۈگۈن مەن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرەي دەپ ئۆزلىرىنى، ھەننىۋا خېنىملارنى چىللاپ ئەكەلدىم، بىرەردەم مۇڭدىشايلى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرى ئەمدىلا ئارامىغا چۈشكەن تۇرسا، بۇ كىچىك بالا ئۆزلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئالماقتا يوق، تېخى ئۆزلىرىنى جۇۋۇلدۇرۇۋېتىپتۇ! — دېدى شۆ ھاما.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھەممىدىن بەك كۆيىدىغان نەۋرىسى باۋيۈي ئاكام تۇرسا، — دېدى شياڭيۈن، — يەڭگەمگە كۆيمەمتى ئەمەسە؟ ئۇنى دېمىگەندىمۇ، باۋچەي ئاچام ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆزى تۆپىدە تۇرۇپ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچىلىكى بار قىز.

باۋچەي گەپ قىلماي يەرگە قارىۋالدى.

باۋيۈي: «سىڭلىم شى شياڭيۈننى ياتلىق بولغاندىن كېيىن بۆلەكچە ئادەم بولۇپ قالغاندۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا يېقىن يولاشقا پېتىنالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇمۇ ماڭا پەرۋا قىلماي قويغانىدى. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان گەپ - سۆزلىرىگە قارىسام، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا تۇرۇپتۇ. نېمىشقا ئاۋۇ ماڭا ياتلىق بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ تارتىنچاقلىشىپ، گەپىنىمۇ تۈزۈك قىلالمايدىغان بولۇپ قالغاندۇ؟» دەپ خىيال سۈرۈپ تۇرغاندا، دېدەك قىز:

— ئىككىنچى خېنىم كەلدى، — دەپ يىڭچۈننى باشلاپ كىردى. ئارقىدىن لى ۋەن، فېڭجېيلارمۇ كىردى. ھەممەيلەن بىر- بىرىگە تەزىم قىلىشىپ كۆرۈشتى.

يىڭچۈن ئاتىسىنىڭ كېتىپ قالغانلىقى توغرۇلۇق گەپ ئېچىپ قالدى:

— ماڭغۇچە كېلىپ كۆرۈشۈۋالاي دېگەنىدىم، ئاۋۇ كىشى، بۇ ئۆينىڭ نەس باسقان ۋاقتى، نەس يۇقمىسۇن دەپ توسۇپ، كەلگىلى قويمىدى. شۇنچە قىلىپ باقساممۇ كېلەلمەي، ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە يىغلىدىم.

— مانا ئەمدى نېمىشقا كەلگىلى قويدى؟ — دەپ سورىدى فېڭجېي.

— ئۇ كىچىك دادىمىزنى مەنسەپكە ۋارىس بوپتۇ، ئەمدى بېرىپ كەلسەك بولىدۇ، دەخلىسى يوق، دەپ ئىجازەت بەردى، — دەپلا يىڭچۈن يىغلاپ تاشلىدى.

— مەن، — دېدى جىيا ئانا، — ئىچىم پۇشۇپ زېرىكىپ، بۈگۈن سىلەرنى نەۋرەمنىڭ ئاغىچىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەچ، سۆزلىشىپ - كۈلۈشۈپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارساق دەپ ئەكەلدۈرگەن، سىلەر يەنە شۇ كېلىشمەسلىكلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ مېنى بىئارام قىلغىلى تۇردۇڭلار.

يىڭچۈنمۇ، باشقىلارمۇ لام - جىم دېمەي شۈك بولۇشتى. فېڭجېي قانچە كۈچەپ بىرنەچچە ئېغىز قىزىق گەپلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، بەربىر بۇرۇنقىدەك شوخلۇق بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرەلمىدى. جىيا ئانا باۋچەيىنىڭ كۆڭلى خۇش بولسۇن دەپ، فېڭجېينى ئەتەي گەپكە سالماقچى بولدى. فېڭجېيمۇ جىيا ئانىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ، چامى يەتكۈچە قىزىتماقچى بولۇپ:

— بۈگۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلى خۇش. قاراڭلار، شۇنچىۋالا ئادەم خېلى چاغدىن بېرى جەم بولۇپ باقمىغان. بۈگۈن تولۇق جەم بوپتۇق! — دەپ كېلىپ، كەينىگە بىر قاراپ، قېيىنئانىسى بىلەن يۈشىنىڭ بۇ يەردە يوقلۇقىنى كۆردى - دە، يەنە ئاغزىنى يۇمۇۋالدى. جىيا ئانا «جەم بوپتۇق» دېگەن گەپ بىلەن شىڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلارنى يادىغا ئالدى ۋە ئۇلارنى چىللاشقا ئادەم بۇيرۇدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم، يۈشى، شىچۈنلەر ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قىچقارتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كەلمەي قويۇشقا پېتىنالمىغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە جەمەتنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرى ۋەيران بولۇۋاتقان چاغدا، ئەتەي باۋچەيىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگۈسى كېلىپ قاپتۇ، زادى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئالا كۆڭۈل ئىكەن، دەپ ئويلاپ، كېلىشكە زادى رەغبىتى يوق ئىدى، ئامالسىز كەلدى، كەلگەندىمۇ

ئۆيگە ناھايىتى خۇشياقمىغاندەك كۆڭۈلسىز كىرىشتى. جىيا ئانا شيۇيەننى سورىۋىدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم: ئاغرىپ قېلىپ كېلەلمىدى، دەپ يالغان ئېيتىپ قويدى. جىيا ئانا چۈشەندى، شۇ ھامما بۇ يەردە بولغاچقا، ئۇ كەلسە بىئەپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ گېپىنى قايتا قىلمىدى.

بىردەمدىن كېيىن مېۋە - چېۋە، شاراب كەلتۈرۈلدى.

— سىرتتىكىلەرگە ئاچىقماڭلار، — دېدى جىيا ئانا، — بۈگۈن پەقەت بىز ئانا - باللارلا كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز.

باۋيۈي ئۆيلەنگەن ئادەم بولسىمۇ، جىيا ئانا ئۇنىڭغا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئارىلىشىۋالدى. لېكىن، شياڭيۈن، باۋچىنلار بىلەن ھەمداستىخان بولماي، جىيا ئانىنىڭ يېنىدا ئايرىم ئورۇن ئالدى ۋە باۋچەينىڭ ئورنىدا قاتارىسىغا شاراب تۇتقىلى باشلىدى.

— ھازىرچە ئولتۇرىۋېرىڭلار، — دېدى جىيا ئانا، — ھەممەيلەن بىللە شاراب ئىچەيلى، كەچقۇرۇنراق چوڭ ھۇجرىلارغا كىرىپ تەزىم قىلىپ چىقارسىلەر. ھازىرلا تەزىم قىلغىلى تۇرساڭلار، ھەممىڭلار يەنە قائىدە - تەكەللۇپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، مېنىڭ كەيپىمنى ئۇچۇرۇۋەتسەڭلار مەززىسى قالمايدۇ.

شۇ گەپ بىلەن باۋچەي جايىدا ئولتۇردى.

— بۈگۈن، — دېدى جىيا ئانا يەنە ھەننىۋاسىغا، — زادى قورۇنماڭلار، ھەربىرەيلەننى كۈتۈشكە بىر - ئىككىدىنلا دېدەك قالسۇن، يۈەنياڭ، سەن سەيۈن، يىڭئېر، شىرېن، پىڭئېرلارنى ئارقا ھۇجرىغا باشلاپ چىقىپ بىرەر جامدىن شاراب ئىچىڭلار.

— بىز تېخى باۋچەي خېنىمغا تەزىم قىلمىدۇق، شاراب ئىچىشكە چىقىپ كەتسەك بولماسمىكىن؟ — دېدى يۈەنياڭ.

— مەن دېگەندىن كېيىن، چىقىپ كېتىۋېرىڭلار، لازىم بولغاندا كىرەرسىلەر، — دېدى جىيا ئانا. يۈەنياڭ ۋە باشقىلار چىقىپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com

جيا ئانا شۇ هامما باشلىق خېنىملارنى شارابقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ تۇرقى ئىلگىرىكىدەك ئەمەس ئىدى.

— سىلەرگە زادى نېمە بولدى؟ — دېدى جيا ئانا تىت - تىت بولۇپ، — خۇشال - خۇرام بولساڭلار بولاتتى !

— يەيدىغاننى يەپ، ئىچىدىغاننى ئىچىۋاتىمىزغۇ، يەنە قانداق قىلساق بولاتتى؟ — دېدى شياڭيۈن.

— بولار، — دېدى فېڭجيې، — كىچىك چاغلىرىدا ھەممىسى خۇشال ئۆتۈشەتتى، مانا ئەمدى يۈزلىرى چىمىلداپ، كەلسە - كەلمەس گەپ قىلىشىۋېرىشتىن تارتىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا ئۆزلىرىگە سوغۇق كۆرۈنگىنى.

— پاراڭلاشقۇدەك گەپمۇ يوق، — دەپ پىچىرلىدى باۋيۈي جيا ئانىغا، — يەنە پاراڭلىشىدىغان بولسا، بىرىپ - بىرىپ كۆڭۈلسىز ياققا كېتىپ قالمىسۇن يەنە. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆزلىرى ئەقىل كۆرسەتكەن بولسىلا، شاراب ئىچىشمىقى ئوينىساق تۈزۈكرەكمىكىن.

جيا ئانا قۇلىقىنى يېقىن تۇتۇپ ئاڭلىدى ۋە كۈلۈپ:

— ئىچىشمىقى ئوينايدىغان بولساڭلار، يەنە شۇ يۈەنياڭنى قىچقارساڭلار بولىدۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلا - ئاڭلىمايلا باۋيۈي ئارقا ھۇجرىغا چىقىپ يۈەنياڭغا يەتكۈزدى.

— ئۇلۇغ ئانام شاراب ئىچىشمىقى ئوينايمىز دەپ سىزنى قىچقىرىۋاتىدۇ، ئاچا.

— غوجام، — دېدى يۈەنياڭ، — ئارامىمىزدا ئولتۇرۇپ بىرەر جامدىن ئوتلىغىلى قويسىلا، بىزنى يەنە ئىلەشتۇرۇپ سىلىگە نېمە ئاۋارىچىلىك؟

— راست، ئۇلۇغ ئانام شۇنداق دېدى. سىزنى كىرسۇن دەيدۇ. بولمىسا، مېنىڭ نېمە كارىم، — دېدى باۋيۈي.

— سىلەر ئىچىۋېرىڭلار، مەن كىرىپلا چىقاي، — دەپ قويۇپ يۈەنياڭ نائىلاج جيا ئانىنىڭ يېنىغا كىردى.

www.uyghurkitap.com

— كىردىڭمۇ، — دېدى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، — بۇ پەردە شاراب تېپىشمىقى ئويۇنىدىغان بولدۇق!

— باۋيۇي غوجام ئۆزلىرىنى مېنى قىچقىرىۋاتىدۇ، دېدى، شۇڭا كىردىم، — دېدى يۈەنياڭ، — ئۆزلىرىگە قايسى تېپىشماق مەنزۇر بولاركىن؟

— قەلەم بابىدىكىلىرى ئادەمنى بەك زېرىكتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى جيا ئانا، — ئەلەم بابىدىكىلىرى ئوبدان ئەمەس، يېڭىراق بىر ئويۇن تاپساڭ بولاتتى.

— هازىر، — دېدى يۈەنياڭ سەل ئويلىنىپ، — هامما خېنىم ياشىنىپ قالدى. ئەجىر تارتقۇسى كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، تېپىشماق پەتنۇسى بىلەن شىشىخالنى ئاچقايلى، شىشىخال تاشلىساق، شۇنىڭدا چىققان نەغمە ناملىرىغا قاراپ ئۇتتۇشۇپ ئىچىشسە ئوبدان بولارمىكىن.

— شۇنداق قىلسىمۇ بولىدۇ، — دېدى جيا ئانا. ئاندىن دېدەككە بۇيرۇدى، دېدەك شىشىخال پەتنۇسىنى ئاچقىپ شىرەگە قويدى.

— ئەمىسە، — دېدى يۈەنياڭ، — تۆت تال شىشىخالنى تاشلايمىز، تاشلىغاندا بىرەر نامغا توغرا كەلتۈرەلمىگەنلەرگە بىر جامدىن پالە قويۇلىدۇ. توغرا كەلتۈرسە، هەركىمنىڭ نەچچە جامدىن ئىچىدىغانلىقىنى يەنە شىشىخال تاشلاپ بەلگىلەيمىز.

— بۇ ئاسان ئىكەن، — دېدى كۆپچىلىك، — هەممىمىز قېتىلىمىز.

شۇنىڭ بىلەن يۈەنياڭ ئويۇننى تەييارلىدى، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا بىر جام ئىچۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشلاپ ساناپ كېلىشتى، بىرىنچى بولۇپ شىشىخال تاشلاش دەل شۆ هاممىغا توغرا كەلدى. شۆ هامما شىشىخالنى تاشلىۋىدى، تۆتىلا خال «بىر» بولۇپ چۈشتى.

— بۇ خالنىڭ نامىنى «شاڭشەن تېغىدىكى تۆت دەرۋىش» دەيدۇ. ياشانغانلار بىر جامدىن ئىچسۇن، — دېدى يۈەنياڭ. شۇنىڭ

بىلەن جيا ئانا، لى خان ئاچا، شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا ئىچىش كېلىپ قالدى.

جيا ئانا جامنى قولىغا ئېلىپ ئىچمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، يۈەنياڭ گەپ قىلدى:

— بۇنى هاما خېنىم تاپتى، ئەمدى ئۆزى بىر نەغمە نامىنى ئېيتسا بولىدۇ، ئۇنىڭغا قاتارى كەلگەنلەر «باياز» دىن بىر مىسرا ئۇلايدۇ، دېيەلمىگەنلەرگە بىر جامدىن مەي پالە قويىمىز.

— يەنە مېنى قەستلەۋاتىسەن ـ هە؟ — دېدى شۆ هاما، — مەن بىرنېمە دەپ بېرەلەمتىم؟

— دېمىسىلە شۇك ئولتۇرىۋېرىمىزمۇ، — دېدى جيا ئانا، — بىرەر ئېغىز بىرنېمە دەپ بەرسىلە، ئارقىدىنلا نۆۋەت ماڭا كەلگۈدەك، دەپ بېرەلمىسەم، هاما خېنىمغا جۈپ سۆرىشىپ بىر جام ئىچەرمەن.

— مەن دېسەم، «بوپتۇ گۈل چىمەنزار قېرىغاندا»، — دېدى شۆ هاما. ئاندىن جيا ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— «گەپ تاپقۇسى ياش بالىنى دورىغاندا»، — دېدى.

بۇلار دەپ بولغاندىن كېيىن شىشىخال پەتنۇسى لى ۋېنغا سۇرۇلدى، ئۇ تاشلىغانىدى، ئىككىسى «تۆت»، ئىككىسى «ئىككى» بولۇپ چۈشتى.

— بۇ خالىنىڭمۇ ئېتى بار، — دېدى يۈەنياڭ، — بۇنى «ليۇ يۈەن بېرىپ تيەنتەيگە تاپتى باراۋەت» دەيدۇ.

— «ئىككى موللا كۆرگۈسى راهەت ـ پاراغەت»، — دېدى لى ۋېن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا. ئۇنىڭدىن كېيىن لى ۋەننىڭ نۆۋىتى ئىدى، ئۇ:

— «تاپتى شاپتۇللۇقنى پىنهان بولدى چىن خاقانىدىن»، — دېدى. هەممەيلەن يەنە بىر جامدىن كۆتۈردى.

شىشىخال پەتنۇسى جيا ئانىنىڭ ئالدىغا سۇرۇلدى، ئۇ تاشلىۋىدى، ئىككىسى «ئىككى»، ئىككىسى «ئۈچ» خال چۈشتى.

— يەنە ئىچىدىغان گەپ ئىكەن ـ دە، — دېدى جيا ئانا.

— بۇ خالىنىڭ نامى «ئۈچتى باشلاپ بالىلىرىنى دەريا

www.uyghurkitap.com

قارلىغىچى» دەيدۇ. ھەممەيلەن بىر جامدىن ئىچىش كېرەك، — دېدى يۈەنياڭ.

— بالا دېگەن بالا ئىكەن، بىراق بىرمۇنچىسى ئۇچۇپ كېتىدىكەن، — دەپ سالدى فېڭجيې. باشقىلار ئۇنىڭغا لاپپىدە بىر قاراپ قويۇۋىدى، ئۇ ئۇن چىقماي شۈك بولۇپ قالدى.

— نېمە دېسەم بولار؟ «نەۋرىسىنى يېتىلەپتۇ بوۋىسى» — دېدى جيا ئانا. نۆۋەت لى چىغا كەلدى. ئۇ:

— «تال پوتلىسى ئويناپتۇ باقسا باللار» دېگەندى، بۇ مىسرا ھەممەيلەنگە ياردى.

باۋيۈينىڭ دېگۈسى كېلىپ كەتتى. بىراق، تېپىشماق پەتنۇسى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمەيۋاتاتتى. تازا تەقەززا بولۇپ تۇرغىنىدا پەتنۇس كېلىپمۇ قالدى، ئۇ تاشلىۋىدى، بىر «ئىككى»، ئىككىسى «ئۈچ»، يەنە بىرسى «بىر» بولۇپ چۈشتى.

— بۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ.

— بۇنى «سېسىق» دەيدۇ! دەپ كۈلدى — يۈەنياڭ، — ئاۋۋال بىر جام ئىچىۋېتىپ يەنە بىر تاشلىسىلا.

باۋيۈي نائىلاج بىر جام ئىچىپ يەنە تاشلىدى. بۇ دورەم ئىككى «ئۈچ»، ئىككى «تۆت» خال چۈشتى.

— ئەمدى چىقتى، — دېدى يۈەنياڭ، — بۇ «جاڭ چاڭنىڭ قاشلىق ئېتىپ قويۇشى» دېيىلىدۇ.

باۋيۈي ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقىنىنى پەملىدى، باۋچەيمۇ ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. فېڭجيې بۇ گەپنى ئانچە چۈشەنمىدى، شۇنداق بولسىمۇ:

— ئۇكام ئىتتىكرەك دەڭ، ئاندىن قاتارى كەلگەن كىشىنى تاپىمىز، — دەپ ئالدىراتتى. باۋيۈي بولسا ئاخىرىنى دېيىش تەس كېلىپ، يېڭىلگىنىگە تەن بەردى:

— پالە قويۇڭلىرا، بەرىبىر كەينىمدىن نۆۋەتى كېلىدىغان كىشىمۇ يوق.

پەتنۇس لى ۋەنگە كەلدى، ئۇ تاشلىغانىدى، يۈەنياڭ:

— چوڭ خېنىمنىڭ تاشلىغىنى «ئون ئىككى ساھىبجامال»

چۈشتى، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان باۋيۈي دەرھال لى ۋەننىڭ يېنىغا بېرىپ، قىزىل خال بىلەن يېشىل خالنىڭ ئۇدۇل چۈشكەنلىكىنى كۆردى ـ دە:

— بۇ راسا قاملىشىپتۇ! — دېدى ۋە چۈشىدە كۆرگەن «ئون ئىككى ساھىبجامال» شۇ ھامان يادىغا كېلىپ قېلىپ، مەڭدەپ قالغاندەك، جايىغا يېنىپ كەلدى ۋە كۆڭلىدە: بۇ «ئون ئىككى ساھىبجامال»نى جىنلىڭلىق دېگەنىدى، نېمىشقا بىزنىڭ ئۆيدىكى ھەمشىرىلەردىن ھازىر چوڭ ـ كىچىك بولۇپ ئاران يەتتە ـ سەككىزىلا قالدىكىنە؟» دەپ ئويلىدى. ئاندىن شياڭيۈن، باۋچەيلەرگە ياندۇرمىلاپ بىر قارىدى، ھەممەيلەن تەل بولدى دېيىشكىنى بىلەن دەييۈي كۆرۈنمەيتتى. باۋيۈي شۇ زامان ئۆزىنى باسالماي، كۆزىگە ياش ئالغىلى قىل قالدى، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئۆزىنى تارتىپ، بەك ئىسسىقلاپ كەتتىم، چاپىنىمنى سېلىۋېتىپ كىرىمەن دەپ شاراب چۆپتىكىنى ئورنىغا قويۇپلا چىقىپ كەتتى. شى شياڭيۈن باۋيۈينىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنى شىشىخالنى ئوبدانراق كەلتۈرەلمەي، باشقىلارنىڭ ئوبدان كەلتۈرگىنىگە غەشلىكى كېلىپ، بۇ ئويۇنغا قىزىقماي زېرىكىپ قالدى بولغاي، دەپ قىياس قىلدى.

— بولدى مەن دېمەيلا قوياي. — دېدى لى ۋەن، — سورۇندا ئادەملەرمۇ تولۇق ئەمەس ئىكەن، ماڭا بىر جام پالە قويۇڭلار.

— بۇ تېپىشماقمۇ قىزىمىدى، — دېدى جيا ئانا، — بولدى قىلساق بولغۇدەك. يۈەنياڭ يەنە بىر تاشلاپ باقسۇن قېنى، نېمە چۈشىدىكىن.

دېدەك تېپىشماق پەتنۇسىنى يۈەنياڭنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. يۈەنياڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شىشىخالنى تاشلىۋىدى، ئىككىسىدە «ئىككى» خال، بىرىدە «بەش» خال چۈشۈپ، يەنە بىرسى پەتنۇستا پىرقىراۋەردى.

— «بەش» چۈشمە! — دەپ ۋارقىرىدى يۈەنياڭ، ھېلىقى شىشىخال قېرىشقاندەك پىرقىراپ كېلىپ، «بەش» بولۇپ توختىدى.

www.uyghurkitap.com

— يامان بولدى ! — دېدى يۈەنياڭ، — ئۇتتۇرۇپ قويدۇم.

— بۇنىڭ بىرنېمە دەپ ئىسمى يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— ئېتىغۇ بار، نەغمە نامىنى دېيەلمەيدىكەنمەن، — دېدى يۈەنياڭ.

— ئىسمىنى سەن دېگىن، سەن ئۈچۈن مەن بىرنېمە دەپ بېرەي، — دېدى جيا ئانا.

— بۇ، «دولقۇن پاقا يوپۇرماقلىرىنى سۈپۈرۈپ كەتتى» دېيىلىدۇ، — دېدى يۈەنياڭ.

— بۇمۇ تەس ئەمەس، — دېدى جيا ئانا، — سەن ئۈچۈن دەپ بەرسەم: «كۆزنىڭ بېلىقلىرى لىڭجياۋزار ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتى».

يۈەنياڭدىن كېيىن نۆۋەت شياڭيۈنگە كېلەتتى، ئۇ:

— ئاقارغاندا كۆز پەسلى كىرىپ جامىكا، بەس قىلدى شائىر جەنۇب ھۆسن كۈيلەشنى، — دېدى.

— بۇ دەل جايىدا چۈشتى، — دېيىشتى ھەممەيلەن.

— بۇ تېپىشماقمۇ تۈگىدى، بىر - ئىككى جامدىن ئىچىپ، ئاندىن غىزا يەيلى، — دەپ جيا ئانا ئارقىسىغا قارىدى ۋە باۋيۈينىڭ تېخىچە كىرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ سورىدى، — باۋيۈي قېنى؟ تېخىچە كىرمەيدىغۇ؟

— كېيىم يەڭگۈشلىگىلى چىقىپ كەتكەن، — دېدى يۈەنياڭ.

— كىم بىللە چىقىپ كەتتى؟ — دېدى جيا ئانا.

— مەن غوجامنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ شىرىن ئاچامنى كەينىدىن چىقاردىم، — دەپ ئالدىغا كېلىپ جاۋاب بەردى يىڭئېر. جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شۇندىلا خاتىرجەم بولدى. بىر پەس ساقلاپ بېقىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى ئىزدەشكە بىر چۆرىنى بۇيرۇدى. ئۇ چۆرە قىز يېڭى ھۇجرىغا كىردى، ۋۇ ئېر شامدانغا شام قاداۋاتاتتى.

— باۋيۈي غوجام نەگە كەتتى؟

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭكىدە شاراب ئىچىشىۋاتىدۇ، —

دېدى ۋۇ ئېر.

— مەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىدىن كەلدىم، — دېدى چۆرە قىز، — خېنىم مېنى ئىزدەپ باق دەپ ئەۋەتتى، ئۇ يەردە بولسا مېنى ئىزدەشكە ئەۋەتەمتى؟

— ئۇنداق بولسا ئۇقمىدىم، باشقا يەردىن ئىزدەپ باق، — دېدى ۋۇ ئېر.

چۆرە قىز نائىلاج ئۇ يەردىن چىقىپ، چيوۋېن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى:

— باۋيۈي غوجام نەگە كەتكەندۇ، كۆردىڭىزمۇ؟

— مەنمۇ ئىزدەپ يۈرىمەن، — دېدى چيوۋېن، — خانىلىرىم ئۇنى غىزا يېسۇن دەپ ساقلاپ قالدى، نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ سەن چاپسان بېرىپ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىل، ھوجىرىسىدا يوق ئىكەن دېمە، شاراب ئىچىپ بىرئاز مىجەزى يوق بولۇپ قاپتۇ، غىزاغا تاۋى تارتمايدىكەن، بىردەم يېتىۋېلىپ ئاندىن كېلىدىكەن، دەپلا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن باشقا خانىلىرىمنى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ قويساڭ بولىدۇ.

چۆرە قىز شۇ گەپ بويىچە قايتىپ بېرىپ، جېنجۇغا ئېيتىپ قويدى، جېنجۇ جيا ئانىغا ئېيتتى.

— ئۇ ئەسلىدىمۇ كۆپ غىزا يېمەيتتى، — دېدى جيا ئانا، — يېمىسە بوپتۇ، ئارام ئالسۇن. ئېيتىپ قويۇڭلار، بۈگۈنچە كەلمىسىمۇ بولىدۇ، ئاغىچىسى بۇ يەردە بولغاندىكىن بولدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى جېنجۇ ئۇ چۆرە قىزغا. ئەيىنەن ئەھۋالنى دېيىشكە بىئەپ بولغانلىقتىن، چۆرە قىز «ھەئە» دەپ قويۇپ، تالاغا چىقىپ باشقا يەرلەرنى ئايلىنىپ كېلىپ:

— ئېيتىپ قويدۇم، — دەپ كىردى، كۆپچىلىكنىڭمۇ كارى بولمىدى. ھەممەيلەن داستىخاندىن يېنىپ ئۇ يەر - بۇ يەردە قۇرۇق پاراڭغا چۈشتى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى باۋيۈيدىن ئاڭلىغايسىز. ئۇ تۇرۇپلا كۆڭلى

يېرىم بولۇپ يېنىپ چىقىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا شىرىن كەينىدىن كېلىپ: «نېمە بولدى» دەپ سورىدى.

ــ ھېچنېمە، ــ دېدى باۋيۇي، ــ كۆڭلۈم بەك بىئارام بولۇۋاتىدۇ. ماڭا قارا، ئۇلار شاراب بىلەن قالدى، ئىككىمىز شاققىدە جيا جېن تاغامنىڭ ئاغىچىسىنىڭكىگە بېرىپ كېلەيلىچۇ.

ــ جيا جېن غوجامنىڭ ئاغىچىسى بۇ يەردە تۇرسا، كىمنى دەپ بارىمىز؟ ــ دېدى شىرىن.

ــ بىز بىركىمنى دەپ ئەمەس، ــ دېدى باۋيۇي، ــ كۆرۈپ باقمايمىزمۇ، ئۇلتۇرغان ئۆيى قانداقكىن.

شىرىن ئامالىسىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىزچىل گەپلىشىپ ماڭدى. يۇشىنىڭ ھويلىسىغا يېتىپ بارغاندا، كىچىك بىر ئىشىك يېرىم ئوچۇق تۇراتتى. باۋيۇي ئىچكىرىگە كىرمىدى. باغنىڭ ئىشىكىگە قارايدىغان ئىككى خىزمەتكار ئايال ئىشىك يېنىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

ــ بۇ ئىشىك دائىم ئوچۇق تۇرامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى باۋيۇي ئۇلاردىن.

ــ ھەر كۈنى يېپىق تۇراتتى، ــ دېدى خوتۇنلار، ــ بۈگۈن بىرسى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۈگۈن باغقا مېۋە ـ چېۋىگە ئېغىز تەگكىلى چىقىدۇ، تەييار بولۇپ تۇرۇڭلار، دەپ چىقىپ كەتكەن، شۇڭا ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ ساقلاپ تۇردۇق.

باۋيۇي ئاندىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بۇ باغقا كىردى. دەرۋەقە ئارا ئىشىكمۇ يېرىم ئوچۇق تۇرۇپتۇ. باۋيۇي ئەمدىلا كىرەي دېيىشىگە، شىرىن ئىتتىك كېلىپ يېڭىدىن تارتتى:

ــ كىرمەڭ، باغنىڭ ئىچى تازا ئەمەس، ئادەملەر بۇ يەرگە ئانچە كىرمەيدۇ، بىرنېمە ئۇچراپ قالمىسۇن يەنە.

ــ مەن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن! ــ دېدى باۋيۇي شارابىنىڭ كەيپى بىلەن. شىرىن يالۋۇرۇپ ئېسىلىۋېلىپ كىرگىلى قويمىغانىدى، ھېلىقى خىزمەتكار ئاياللار كېلىپ:

— بۇ باغ ھازىر تىنچىپ قالدى. ئۆكەز دەرۋىشلەر جىن - ئالۋاستىلارنى بەند قىلىۋەتكەندىن بېرى، گۈل ئۈزگىلى، ئالما ئۈزگىلى كىرسەك يالغۇز مېڭىۋېرىدىغان بولدۇق. غوجامنىڭ كىرگۈسى بولسا بىز بىللە كىرەيلى. شۇنچە ئادەم تۇرۇپ نېمىدىن قورققۇلۇق! — دېدى. باۋيۇي خۇش بولۇپ كەتتى. شىرېنمۇ جاھىللىق قىلماي بىللە كىرىشكە مەجبۇر بولدى.

باۋيۇيگە بۇ باغ پۈتۈنلەي چۆلدەرەپ قالغاندەك كۆرۈندى. گۈل - گىياھلار سولىشىپ قۇرۇپ كېتىپتۇ، بولۇپمۇ بىرنەچچە يەردىكى ئايۋان - شىپاڭلارنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كۆرۈمسىز بولۇپ قاپتۇ. يىراقتىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان بىرنەچچە تۈپ زۇمرەت بامبۇكلار ھېلىمۇ باراقسان بولۇپ كۆكلەپ تۇرۇپتۇ.

— مەن ئاغرىپ قېلىپ باغدىن كۆچۈپ چىقىپ ئارقىدا ئولتۇرغاندىن بېرى، — دېدى باۋيۇي سەل ئويلىنىۋېلىپ، — ئۇدا بىرنەچچە ئايغىچە بۇ يەرگە كېلىشىمگە ئىجازەت بولمىدى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مانا مۇشۇنداق چۆلدەرەپ كېتىپتۇ. قارا، مۇشۇ بىرنەچچە تۈپ بامبۇكلا كۆكىرىپ تۇرۇپتۇ. بۇ بامبۇكزار ساراي شۇدۇ؟

— نەچچە ئايدىن بېرى بۇ يەرگە كىرىپ باقمىغاچقا تەرەپلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قاپسىز. بىز گەپ بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئارامبەخش ھويلىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمىزنىمۇ سەزمەي قاپتۇق، — دېدى شىرېن ۋە ئارقىسىغا قاراپ قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — بامبۇكزار ساراي مانا، — دېدى.

— راست، ئۆتۈپ كېتىپ قاپتۇق! — دېدى باۋيۇي شىرېن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ، — يېنىپ بېرىپ كۆرۈپ باقايلى.

— كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدى شىرېن، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم غىزا يېسۇن دەپ ساقلاپ تۇرغاندۇ ھەرقاچان، قايتىسىڭىز بولاتتى.

باۋيۇي گەپ - سۆز قىلماي، كونا يولنى تېپىۋېلىپ ئالدىغا مېڭىۋەردى. باۋيۇينىڭ نەزەرباغدىن چىقىپ كەتكىنىگە بىر يىل

بولۇپ قالغان بولسىمۇ، سىزچە، يولنى شۇنچە تېز ئۇنتۇپ قالارمۇ؟ پەقەت شىرېن ئۇنى بامبۇكزار سارايىنى كۆرسە دەييۈي ئېسىگە كېلىپ قېلىپ يەنە كۆڭلى بۇزۇلمىسۇن دەپلا، گەپكە يامداپ ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان، باۋيۈي سارايغا قاراپ مېڭىۋەرگەچكە، پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالمىسۇن دەپ ئۇنى گوللاپ، «ئۆتۈپ كەتتۇق» دەپ قويغانىدى. باۋيۈينىڭ شۇ تاپتا پۈتۈن ئەس ـ يادى بامبۇكزار سارايدا ئىدى. ئۇ ئالدىغا قاراپ تېز ـ تېز كېتىۋاتاتتى، شىرېن يېتىشىپ ماڭالماي بولمىدى. بىردىنلا باۋيۈي گويا بىرنىمىنى كۆرگەندەك ياكى ئاڭلىغاندەك، تۇرۇپلا قالدى.

— نېمىگە قۇلاق سېلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى شىرېن.

— بامبۇكزار سارايدا ئادەم بارمۇ؟ — دېدى باۋيۈي.

— ئادەم يوقتۇ، — دېدى شىرېن.

— ئىچىدە بىركىمنىڭ نالە قىلىپ يىغلاۋاتقىنى ئېنىق ئاڭلىنىۋاتسا، نېمىشقا ئادەم بولمايدۇ؟ — دېدى باۋيۈي.

— ئۇ سىزنىڭ گۇمانىڭىز، — دېدى شىرېن، — ئىلگىرى بۇ يەرگە پات ـ پات كېلىپ تۇراتتىڭىز، ئۇ چاغلاردا دەييۈي قىزنىڭ ھەسرەتلىرىنى تولا ئاڭلاۋېرىپ قۇلىقىڭىزغا سىڭىپ قالغاچقا، ھازىرمۇ شۇنداقتەك تۇيۇلغاندۇ.

باۋيۈي بۇنىڭغا ئىشەنمەي، قۇلاق سېلىپ تۇرۇۋەردى. خىزمەتكار ئاياللار يېتىشىپ كېلىپ دېدى:

— غوجام، تېزرەك قايتىسىلا، كەچ بولۇپ كەتتى. بىزمۇ باشقا يەرلەردە قورقماي ماڭالايمىز، بۇ يەرنىڭ يولى قاراڭغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لىن دەييۈي قىز ئۆلۈپ كەتكەندىن تارتىپ بۇ يەردە ھەمىشە يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى، دەپ ئاڭلىدۇق، شۇڭا ھېچكىم ماڭالمايدۇ.

باۋيۈي بىلەن شىرېن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەر ئىككىسى چۆچۈپ كەتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى باۋيۈي كۆزىگە ياش ئېلىپ، —

دەيىۋى سىڭلىم، دەيىۋى ئۇكام! ساپساق ئىدىڭىز، سىزگە مەن زامىن بولدۇم! مەندىن ئاغرىنماڭ، ئاتا ـ ئانامنىڭ قىلغان ئىشى، مېنىڭ ۋاپاسىزلىقىم ئەمەس، — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ بارغانسېرى ئىچى سىيرىلىپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

شېرىن ئىلاج قىلالماي تۇراتتى، چىۋۇېن بىرمۇنچەيلەننى باشلاپ كېلىپ قالدى.

— سېنىڭ يۈرىكىڭ نېمانچە چوڭ! — دېدى ئۇ شېرىنغا، — نېمىشقا غوجام بىلەن بۇ يەرگە كېلىسەن؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىم تىت ـ تىت بولۇپ ئادەم بۇيرۇپ جىمى يەرنى ئىزدەتكۈزدى! بايا ئارا ئىشىكتە بىرسى سېنى غوجام بىلەن مۇشۇ يەرگە كەتتى، دەپتىكەن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن خانلىرىم ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپ، مېنى تىللاپ، ئادەم قوشۇپ ئەۋەتتى. چاپسان قايتماي يەنە تۇرغىنىنى بۇنىڭ!

باۋيۈي ئۆكسۈپ يىغلاۋەردى، شېرىن ئۇنىڭ يىغىسىغىمۇ پەرۋا قىلماي، چىۋۇېن بىلەن كەينىگە سۆرىدى ۋە باۋيۈينىڭ يېشىنى سۈرتۈپ قويغاچ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ سەۋرى تۈگەي دەپتۇ، دەپ بەزلىدى. باۋيۈي ئىلاجسىز قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

شېرىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ خاتىرجەم بولالمايدىغىنىنى بىلىپ، باۋيۈينى ئۇدۇل جيا ئانىنىڭكىگە ئېلىپ باردى، باشقىلارمۇ تارقىلىشماي ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— شېرىن! — دېدى جيا ئانا، — مەن سېنى ئادەتتە زېرەك دەپ باۋيۈينى ساڭا تاپشۇرغاندىمغۇ، نېمىشقا ئۇنى بۈگۈن باغقا ئاپىرىسەن؟ بۇ ئەمدىلا ساقايغان تۇرسا، يەنە بىرەر نېمىگە يولۇقۇپ قېلىپ، كېسىلى قوزغىلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

شېرىن بىرنېمە دېيىشكە ئاجىز كېلىپ، ئۈن چىقماي يەرگە قاراپ تۇردى. باۋچەي باۋيۈينىڭ چىرايى ئۆچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ چۆچۈپ كەتتى. باۋيۈي شېرىننى ئاھانەت تارتىپ قالمىسۇن دەپ مۇنداق دېدى:

— كۈپكۈندۈزدە نېمىدىن قورققۇلۇق؟ باغقا كىرىپ تاماشا

قىلىپ باقمىغىنىمغا خېلى بوپتىكەن، بۈگۈن شارابىنىڭ كەيپىدە كىرىپ باقتىم، ھېچنېمىگە يولۇقمىدىمغۇ؟

فېڭجيې باغدا چوڭ بالا ـ قازاغا يولۇققان بولغاچقا، گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ قۇيقا چاچلىرى ئۆرلەپ:

— باۋيۈي ئۇكامنىڭ يۈرىكى چوڭ ئىكەن! — دېدى.

— ياق، — دېدى شياڭيۈن، — يۈرىكى چوڭ ئەمەس، يۈرىكى توق، يا نېلۇپەر ئىلاھى بىلەن كۆرۈشكىلى كىردى، يا بولمىسا بىرەر پەرىزاتنى ئىزدەپ كىردى!

باۋيۈي بۇ گەپكە جاۋاب بەرمىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تىت ـ تىت بولغىنىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— باغدا بىرنېمىدىن قورقۇپ كەتمىگەنسەن؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا، — بۇ قېتىم بوپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن تاماشا قىلغىلى بارساڭ جىق ئادەم ئېلىۋالغىنىڭ ئوبدان. سەن چاتاق چىقارمىغان بولساڭ كۆپچىلىك بۇرۇنلا تارقايتتى. ئەمدى ھەممىڭلار قايتىڭلار، كېچىچە ئوبدان ئۇخلاپ، ئەتە ئەتىگەندە كىرىڭلار، بۈگۈن كەم قالغىنىنى تولدۇرۇپ بېرەي. ئەتە بىر كۈن ئوينىۋېلىڭلار. باۋيۈينى دەپ يەنە باشقا ئىش تېرىپ قويماڭلار.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن جيا ئانا بىلەن خوشلىشىپ ئۇزاشتى. شۆ ھاما ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىدە قونۇپ قالدى، شى شياڭيۈن يەنە جيا ئانىنىڭ ھۇجرىسىدا قالدى، يىڭچۈن شىچۈنىنىڭكىگە ماڭدى، قالغانلارمۇ قايتىشتى.

باۋيۈي ھۇجرىسىغا قايتىپ بېرىپ، ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىپ ياتتى، باۋچەي سەۋەبىنى ئېنىق بىلگەچكە كارى بولمىدى. بىراق، زىيادە ھەسرەت چېكىپ كېتىپ كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى ـ دە، شىرىننى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا باۋيۈي باغقا بارغاندا قانداق ئەھۋال بولغىنىنى زىغىرلاپ سۈرۈشتۈردى. شىرىننىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز توققۇزىنچى باب

## رەنانىڭ ئەرۋاھىغا ئىنتىزار بولغان باۋيۈيىنىڭ ئىشقىغا ۋۇئېرنىڭ نائىل بولغانلىقى
## يىڭچۈننىڭ گۇناھىدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ئۇ ئالەمگە راۋان بولغانلىقى

ئەمدى گەپنى باۋچەيدىن ئاڭلىغايسىز. باۋچەي شىرېن ئارقىلىق ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالدى، باۋيۈينى كېسەلگە چېقىلىپ قالمىسۇن دەپ قورقۇپ، دەيىيۈيىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا قىلغان سۆزلىرىنى شىرېن بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك ئەتەي سۆزلەپ قويدى:

— ئادەم دېگەن بۇ دۇنيادا ئىستەك ۋە مۇھەببەت بىلەن ياشايدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ھەركىم ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ھەرگىز ھايات چاغدىكىدەك بولمايدۇ. ھايات چاغدا ئىشق مەستانىسى بولغان بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن ھېچنېمىنى ئۇقمايدۇ. دەيىيۈي خان قىز پەرىزات بولۇپ كېتىپتىمىش، ئەمدى ئۇ ئادەمزاتنى ئەرزىمەس ناپاك مەخلۇق دەپ قارايمىش، بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ ئادەمزات دۇنياسىغا ئارىلىشىپ يۈرۈشنى قانداقمۇ جائىز كۆرەر؟ خەقچۇ، ئۆزى گۇمانخور، شۇڭا جىن - ئالۋاستىلارنىڭ چېپىلىشىغا ئۆزى سەۋەبچى بولىدۇ.

باۋچەي گەپنى شىرېنغا قىلىۋاتقان بولسىمۇ، باۋيۈينى ئاڭلىسۇن دېمەكچىدى. بۇنى چۈشەنگەن شىرېنمۇ:

— شۇ ئەمەسمۇ، ناۋادا دەيىيۈي خان قىزنىڭ ئەرۋاھى ھېلىمۇ باغدا بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرمۇ ئوبدان ئۆتكەن،

نېمىشقا بىرەر قېتىممۇ بىزنىڭ چۈشىمىزگە كىرىپ باقمايدۇ؟ — دەپ قويدى.
باۋيۇي تاشقىرىقى ئۆيدە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يېتىپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتتى: «دەرۋەقە بۇمۇ قىزىق ئىش! دەييۇي سىڭلىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇققىنىمدىن بېرى، ئۇنى كۆندە نەچچە مەرتەم ئويلىمايدىغان چېغىم بولمىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا چۈشۈمگە كىرىپ باقمايدىغاندۇ؟ ئۇ ئەرشكە راۋان بولغاندىن كېيىن، مەندەك چاكىنا ئادەمزاتنى ھۆر - پەرىزات بىلەن ئالاقە قىلىشقا مۇناسىپ ئەمەس دېگەن بولسا كېرەك، شۇڭا بىرەر قېتىممۇ چۈشۈمگە كىرمىگەن - دە. مەن ئەمدى تاشقىرىقى ھۇجرىدا يېتىپ باقاي، باغقا بېرىپ كەلگىنىمنى بىلگەن بولسا، دەردىمگە يېتىپ چۈشۈمگە كىرىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس. شۇ چاغدا ئۇنىڭ زادى نەگە كەتكەنلىكىنى جەزمەن سورىۋېلىپ، مەنمۇ ئۇنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ پات - پات نەزىر - چىراغ قىلىپ تۇراي. ناۋادا راستىلا مېنى ناپاك كۆرۈپ بىرەر قېتىممۇ چۈشۈمگە كىرىپ قويمىسا، مەنمۇ ئۇنى ئويلىمايلا قوياي.» باۋيۇي شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن ھۇجرىدىكىلەرگە:
— مەن بۈگۈن كېچە تاشقىرىقى ھۇجرىدا ئۇخلايمەن، ماڭا دەخلى قىلماڭلار، — دېدى.
باۋچەيمۇ ئۇنى زورلاپ كەتمىدى، پەقەت:
— كەلسە - كەلمەس خىياللارغا بېرىلمەڭ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ سىزنىڭ باغقا كىرگىنىڭىزنى ئاڭلاپ بىتاقەت بولۇپ، ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەي قالغىنىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنى ئاسرىمايدىغان بولسىڭىز، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلىپ قالسا، كارىڭلار بولماپتۇ، دەپ يەنە بىزگە گەپ قىلىدۇ، — دېدى.
— قۇرۇق گەپنى قويۇڭا، — دېدى باۋيۇي، — بىردەم ئولتۇرۇپلا كىرىمەن. سىزمۇ ھاردىڭىز، ئۇخلاپ تۇرۇڭ.
باۋچەي ئۇنى جەزمەن كىرىدۇ دەپ ئويلاپ، يالغاندىن:

— ئەمسە مەن ئۇخلاي، شىرىن خىزمىتىڭىزدە بولسۇن، — دېدى.

بۇ گەپ باۋيۇينىڭ دىتىغا ياقتى. ئۇ باۋچەي يېتىپ قالغاندىن كېيىن، شىرىن، شېيۆلەرگە باشقا ئورۇن سالدۇردى، ئىچكىرىكى ئۆيگە ئىككىنچى خېنىمنى ئۇخلىدىمۇ، يوق، دەپ پات - پات ئۆلارنى كىرگۈزۈپ تۇردى. باۋچەي ئۇخلىغاندەك ياتسىمۇ، كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. باۋيۈي باۋچەينى ئۇخلاپ قالدى دەپ، شىرىنغا:

— سىلەرمۇ ئۇخلاڭلار. مەنمۇ كۆڭلۈمنى بۇزمايمەن. گېپىمگە چىنپۈتمىسەڭ، مەن ئۇخلىغۇچە يېنىمدا تۇرۇپ، ئاندىن كىرىپ كەت، تىرىقشىپ مېنى ئويغىتىۋەتمىسەڭلارلا بولىدۇ.

شىرىن دېگەندەك ئۇ ئۇخلىغۇچە يېنىدا تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىغان چېيىنى تەييارلاپ قويۇپ، ئىشىكنى ئوبدان ئەتتى - دە، ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ بىردەم باۋچەيدىن خەۋەر ئالدى، ئاندىن باۋيۈي ئويغىنىپ قالسا قوپۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن كىيىملىرى بىلەنلا ياتتى.

شىرىن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، باۋيۈي جېسەكچىلىك قىلىۋاتقان ئىككى موماينى تاشقىرىغا چىقىرىۋەتتى ۋە ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ، ئىچىدە بىرنەچچە ئېغىز مەدھىيە ئوقۇپ قويۇپ يېتىپ قالدى. دەسلەپتە ئۇخلىيالمىدى، كېيىن كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرۇۋىدى، بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىپ، كېچىچە تىپتىنچ ئۇخلاپ چىقتى. تاڭ يورۇغاندا ئويغىنىپ كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ بىر قۇر ئەسلىۋىدى، چۈش كۆرگەندەك ئەمەس. ئاندىن ئۇ: «ئەلۋىدالىق يىلى بولدى خويمۇ ئۇزۇن، ئەي، كۆرمىدىم ھېچبىر چۈشۈمدە روھىڭنى جانەي» دەپ پەرياد چەكتى.

باۋچەي كېچىچە ئۇخلىيالمىغانىدى، باۋيۈينىڭ تاشقىرىقى ھۇجرىدا تۇرۇپ ئوقۇغان بۇ ئىككى مىسرا شېئىرىنى ئاڭلاپ:

— سىز بۇ گېپىڭىز بىلەن دېۋەڭلىك قىلىپ قويدىڭىز،

ئەگەر دەيىۋي سىڭلىم هايات بولغان بولسا يەنە خاپا بولغان بولاتتى، — دېدى.

باۋيۇي خىجىل بولۇپ قېلىپ، نائىلاج ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىچكىرىكى هۇجرىغا كىردى ۋە ئۆزىنى ئاقلاپ:

— يېنىپ كىرمەكچىدىم، نېمە بولدى، مۇگدەك بېسىپ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، — دەپ قويدى.

— كىرەمسىز، كىرمەمسىز، مېنىڭ نېمە كارىم؟ — دېدى باۋچەي.

شىرېنمۇ ئۇخلىمىغانىدى، ئۇ بۇ ئىككىيلەننىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىتتىك كېلىپ چاي قۇيۇپ بەردى. شۇ ئارىدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭكىدىن كەلگەن چوڭرە قىز كىرىپ:

— باۋيۇي غوجام ئاخشام تىنچ ئۇخلىدىمىكىن؟ تىنچ ئۇخلىغان بولسا، ئەتىگەنرەك تارىنىپ باۋچەي خېنىم بىلەن ئۇياققا ئۆتسە، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— سەن بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا، باۋيۇي كېچە ناهايىتى ئوبدان ئۇخلاپتۇ. هازىرلا يېتىپ كېلىدىكەن، دېگىن، — دېدى شىرېن. چوڭرە قىز قايتىپ كەتتى.

باۋچەي ئىلدام ـ ئىلدام يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، يىڭئېر، شىرېنلارنى ئېلىپ سالامغا ئاۋۋال جيا ئانىنىڭكىگە باردى، ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىدىن تارتىپ فېڭجېينىڭ هۇجرىسىغىچە بېرىپ، ئۇلارغا تەكەللۇپ قىلىپ قويغاندىن كېيىن، يەنە جيا ئانىنىڭكىگە قايتىپ كەلدى، ئاڭغىچە ئانىسىمۇ يېتىپ كەلدى.

— باۋيۇي، ئاخشام ئوبدان ئۇخلىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراشتى هەممەيلەن.

— مۇشۇ يەردىن بېرىپلا ئۇخلىغان، هېچقانداق بولمىدى، — دېدى باۋچەي. بۇ گەپ بىلەن هەممەيلەننىڭ كۆڭلى تىنىپ، يەنە قۇرۇق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى.

شۇ ئارىدا بىر چۆرە كىرىپ:

— يىگچوڭ خېنىم قايتىدىغان بولۇپ قالدى. سۇن بېگىمنىڭكىدىن بىرسى كېلىپ چوڭ ئاغىچا خېنىمغا بەزى گەپلەرنى قىلغان ئوخشايدۇ، چوڭ ئاغىچا خېنىم شىچۇن خان قىزغا: تۇتۇۋالمىساقمۇ بولار، يولغا سېلىپ قويايلى، دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. هازىر يىگچوڭ خېنىم چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىدا يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. بىردەم تۇرۇپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن خوشلاشقىلى كېلىپ قالارمىكىن، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جيا ئانا ۋە باشقىلارنىڭ كۆڭلى بىرمۇنچە پەرىشان بولدى.

— ئىككىنچى خان قىزدەك مۇشۇنداق بالىنىڭ پېشانىسىغا نېمىشقىمۇ ئاشۇنداق بىر ئادەم پۇتۇلۇپ قالغان بولغىيدى! ئۆمۈرۋايەت مۇشۇنداق باش كۆتۈرەلمەي ئۆتسە قانداقمۇ قىلغۇلۇق؟

ئۇلار شۇنداق دېيىشىۋاتقاندا يىگچوڭ كىرىپ كەلدى، يۈز - كۆزى ياش يۇقى ئىدى، بۇگۇن باۋچەيىنىڭ مۇبارەك كۈنى بولغاچقا، يىگچوڭ ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ هەممەيلەن بىلەن خوشلاشتى. جيا ئانا ئۇنىڭ دەردىنى بىلگەچكە، قېلىپ قېلىشقا زورلىمىدى.

— قايتىپ كەتسەڭمۇ كەت، لېكىن كۆڭلۈڭنى بۇزۇپ بىئارام بولما، — دېدى جيا ئانا، — ئاشۇنداق ئادەمگە يولۇقۇپ قاپسەن، ئەمدى بۇنىڭغا ئىلاجمۇ يوق. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەن يەنە ئادەم ئەۋەتىپ سېنى ئەكەلدۈرەي.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم كىچىكىمدىن ماڭا شۇنداق ئىچ كۆيەرلىك قىلىپ كەلدىلە، مانا بۇگۇنمۇ مېنىڭ غېمىمنى يەۋاتىلا. مەن بىچارە ئەمدى كېلەلمەيدىغان ئوخشايمەن! — دەپ يىگچوڭنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

— كېلەلمەيدىغان نېمىسى بار؟ — دەپ تەسەللى بەردى كۆپچىلىك، — سىز ئۇچىنچى سىڭلىڭىزغا ئوخشىمايسىز،

ئارىلىق ئۇنىڭكىدەك يىراق بولغان بولسا، كۆرۈشمەك راستىلا قىيىن بولاتتى.

بۇ گەپ بىلەن جىيا ئانىلارنىڭ ئېسىگە تەنچۈن كېلىپ، ھەممەيلەن تەڭ كۆز يېشى قىلىشتى. بىراق، بۈگۈن باۋچەينىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاچقا، ئۇلار يەنە قايغۇنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇپ:

— بۇنىڭمۇ ھېچبىر قىيىن يېرى يوق. جاھان تىنچ تۇرسىلا ئۇياقتىكى قۇدىلىرىمىز پايتەختكە يۆتكەپ كېلىنىدۇ، تەنچۈن خان قىز بىلەن شۇ چاغدا كۆرۈشىمىز، — دېيىشتى.

— شۇنداق بولامدىغان؟! — دېيىشتى كۆپچىلىك، بۇ گەپلەردىن كېيىن يىڭچۈن قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە نائىلاج ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. ھەممەيلەن چىقىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئاندىن جىيا ئانىنىڭكىگە قايتىپ كىرىشتى ۋە شۇ ئولتۇرغانچە تا گۇگۇم چۈشكۈچە يەنە بىر كۈن ئويۇن قىلىشىپ، جىيا ئانىنىڭ ئۇيقۇسى كەلگەندىن كېيىنلا ئۇزاشتى.

شۆ ھاما جىيا ئانا بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، يالغۇز ئۆزى باۋچەينىڭكىگە باردى.

— ئاكاڭغا بىر يىل بولۇپ قالدى، ئەمدى خان ھەزرەتلىرى ئىلتىپات قىلىپ چوڭ كەچۈرۈم قىلغان ۋاقىتقىچە كۈتسەك، گۇناھى يېنىكلىتىلسە، ئاندىن گۇناھىنى پۇل بىلەن تۆگەتكىلى بولاتتى. شۇنىڭغىچە غېرىبسىنىپ قانداقمۇ ئۆتەرمەن! مەن ئىككىنچى ئاكاڭنىڭ تويىنى قىلىپ قويساق دەپ ئويلاۋاتىمەن، سېنىڭچە، قانداق بولار؟

— ئانا، — دېدى باۋچەي، — سىز چوڭ ئاكامنى ئۆيلەپ قويۇپ قورقۇپ كەتكەن، شۇڭا ئىككىنچى ئاكامنىڭ ئىشىغا كەلگەندە يۈرىكىڭىز سۇ. مېنىڭچە بولسا، ئەلۋەتتە بۇ تويىنى قىلىش كېرەك. شىيۈيەن قىزنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئۇمۇ بۇ يەردە قىيىنىلىۋاتىدۇ. تويىنى قىلىپ ئېلىپ كەلسەك، كەمبەغەل بولساقمۇ مىڭ دېگەنبىلەن خەقنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغىنىدىن

ياخشى ـ دە.

— ئېپىنى تاپقان ۋاقتىڭدا بىرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا ئېنىق ئۇقتۇرۇپ، ئانامنىڭ يېنىدا ئادەم يوق بولۇپ قالدى، خەيرلىك بىر كۈننى تاللىماقچى بولۇۋاتىمىز، دەپ ئېيتىپ باققىن ئەمىسە.

— ئانا، ئىككىنچى ئاكام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاۋېرىڭ، ئاندىن بۇياققا كېلىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا، چوڭ ئاغىچا خېنىمغا ئېيتىپ، توينى قىلىپ ئېلىپ كېتەيلى، بىر ئىش بولسىمۇ تۇگەپ تۇرسۇن. چوڭ ئاغىچا خېنىممۇ توينى قىلىپ ئېلىپ كېتىڭلار دېگەن يەردە.

— بۈگۈن ئاڭلىسام، شياڭيۈن خان قىزمۇ قايتىپ كەتمەكچىكەن، شۇڭا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ سىڭلىڭنى بۇ يەردە ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرغۇزۇش ئويى بار ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇ قېلىپ قالدى. ئۇمۇ هامان بىر كۈنى كېتىدۇ، ئېگىچە ـ سىڭىل ئىككىڭلار بىرنەچچە كۈن مۇڭدىشىۋېلىڭلار.

— ماقۇل ! — دېدى باۋچەي. شۇ هامما يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ، ئاندىن هەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.

ئەمدى گەپنى باۋيۈيدىن ئاڭلىغايسىز. ئۇ كەچتە هۇجرىسىغا قايتىپ كېلىپ، كېچە دەيىۈي نېمىشقا چۈشۈمگە كىرمىگەندۇ، يا ئۇ پەرىزات بولۇپ كېتىپ، مەندەك ناپاك ئادەمزات بىلەن كۆرۈشۈشنى لايىق كۆرمىگەنمىدۇ؟ ئۇنداق بولمىسا، مەن ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويغاندىمەن، دېگەن خىياللار بىلەن، كاللىسىغا بىر پىكىر كېچىپ باۋچەيگە دېدى:

— مەن تۈنۈگۈن كېچە تاشقىرىدا يېتىپ هۇجرىدا ياتقاندىنمۇ راهەت ئۇخلاپتىمەن. ئەتىگەن ئورنۇمدىن خېلى يەڭگىل تۇردۇم، شۇڭا سىرتتا يەنە ئىككى كېچە ياتايمىكىن دېۋىدىم، بىراق سىلەرنى يەنە يول قويماسمىكىن دەيمەن.

باۋچەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سەهەردە ئۇنىڭ ئوقۇغان شېئىرى

دەيىۋي ئۇچۇن ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەچكە، ئۇنىڭ سەۋدايىلىقىغا نەسىھەت كار قىلمايدۇ، ئىككى كېچە ياتسىمۇ يېتىپ، كۆڭلىنى تىندۇرسۇنا، ئۆزىمۇ تۈنۈگۈن كېچە خېلى تىنچ ئۇخلىغاندەك قىلىدىغۇ، دەپ ئويلاپ:

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز! چىقىپ ياتسىڭىز يېتىۋەرمەمسىز، بىز سىزنى توسۇپ نېمە قىلاتتۇق؟ كەلسە - كەلمەس خىياللارنى قىلىپ، قارا بېسىپ قالىدىغان ئىش بولمىسىلا بولدى، — دېدى.

— خىيال قىلىدىغان نېمە بار؟ — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— غوجام، مېنىڭچە، — دېدى شىرېن، — ھۇجرىدا ياتسىڭىز بولارمىكىن. سىرتتا قارىيالماي قالساق، سوغۇق تېگىپ قالسا ئوبدان بولمايدۇ.

باۋيۈي جاۋاب بەرگۈچە، باۋچەي شىرېنغا كۆز ئىشارىتى قىلىۋەتتى، بۇنى پەملىگەن شىرېن:

— بوپتۇ مەيلى، بىرسى ھەمراھ بولۇپ، كېچىدە چاي - پاي قۇيۇپ خىزمىتىڭىزدە بولسۇن، — دېدى.

— ئەمىسە سەن يېنىمدا بول، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ. بۇ گەپكە شىرېن ئىزا تارتىپ كېتىپ، شۇ زامان قىزىرىپ كەتتى ۋە لام - جىم دېمىدى. باۋچەي شىرېننىڭ تەمكىنلىكىنى بىلگەچكە:

— ئۇ ماڭا ئۆگىنىپ قالدى، ھېلىمۇ مەن بىلەن بولسۇن. سىزگە شېيۆ، ۋۇئېرلار قارىسىمۇ بولار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بۈگۈن مەن بىلەن بىر كۈن چايدا بىللە بولۇپ ھېرىپمۇ قالدى، ئارام ئېلىۋالسۇن، — دېدى.

باۋيۈي نائىلاج كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

باۋچەي شېيۆ، ۋۇئېرلارغا باۋيۈينىڭ ئورنىنى يەنە تاشقىرىقى ئۆيگە سالدۇردى ھەم ئىككىسىگە:

— سەگەكرەك يېتىڭلار، چاي، سۇ دەپ قالسا سۇسلۇق قىلماڭلار، — دەپ تاپىلاپ قويدى.

ئىككىسى «خوش» دەپ يېنىپ چىقىپ قارىسا، باۋيۇي كارىۋاتتا كۆزىنى يۇمۇپ، ئالىقىنىنى جۇپتەكلەپ، خۇددى راھىبتەك قېتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىككىسى گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالماي، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلگىلى تۇردى. باۋچەي شىرېنى باۋيۇيدىن خەۋەر ئېلىشقا چىقارغانىدى، شىرېننىڭمۇ ئۇنى كۆرۈپ كۈلكىسى قىستىدى. ئۇ باۋيۇينى ئاستاغىنا قىچقىرىپ:

— ئەمدى يېتىپ ئۇخلاڭ، نېمىدەپ بۇنداق ئولتۇرۇۋالدىڭىز؟ — دېدى.

باۋيۇي كۆزىنى ئېچىپ شىرېننى كۆرۈپ:

— سىلەر يېتىۋېرىڭلار، مەن بىردەم ئولتۇرۇپ ياتىمەن، — دېدى.

— تۈنۈگۈنكى ئىشىڭىزدىن خېنىم كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. يەنە شۇنداق قىلىۋەرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ — دېدى شىرېن.

باۋيۇي ئۆزى ئۇخلىمىسا ھېچقايسىسىنىڭ ئۇخلىمايدىغانلىقىنى بىلىپ، يېشىنىپ ياتتى. شىرېن شېيۆلەرگە يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ تاپىلاپ قويۇپ، ئاندىن كىرىپ ئىشىكنى تاقاپ ياتتى.

شېيۆ بىلەن ۋۇ ئېرمۇ تاشقىرىقى ھۇجرىغا ئورۇن - كۆرپىلىرىنى سېلىپ باۋيۇيگە ھەمراھ بولۇپ ياتتى. نېمە ئۈچۈندۇر، باۋيۇينىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ئۇلار ئورۇن سېلىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت قايسى بىر يىلى شىرېن ئۆيدە بولماي قالغان چاغدا، چىڭۋېن، شېيۆلەرنىڭ ئۆز خىزمىتىدە بولغان بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ قالدى. شۇ كېچىسى شېيۆ تالاغا چىققاندا، چىڭۋېن ئۇنى قورقۇتىمەن دەپ چاپان كىيمەيلا چىقىپ ئۆزىگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالغان ۋە كېيىن شۇ كېسەل تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئەس - يادى چىڭۋېنگە باغلىنىپ قالدى. تۇرۇپلا يەنە فېڭجيېنىڭ ۋۇئېر چىڭۋېنغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ،

دېگەن گېپى يادىغا كېلىپ، چېڭۋېننى سېغىنغان كۆڭلى ۋۇئېرغا كۆچتى، ئۇ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ، ۋۇ ئېرغا ئوغرىلىقچە قارىۋىدى، ئۇ بارغانچە چېڭۋېنغا ئوخشاش كۆرۈندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۇگۇنلىقى قايتا قوزغالدى. ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە قۇلاق سېلىپ، ئۈن - تىن چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلدى. لېكىن، شېيۆنىڭ ئۇخلىغان - ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلەلمەي، قەستەن ئىككى قېتىم قىچقىرىۋىدى، جاۋاب بولمىدى.

ۋۇئېر باۋيۇيىنىڭ ئۆزلىرىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

— غوجام، ئۆزلىرىگە نېمە لازىمكىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاغزىمنى چايقىۋېتەي، — دېدى باۋيۇي. ۋۇئېر شېيۆنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە شامنىڭ پوتلىسىنى كېسىۋېتىپ، بىر پىيالە چاي بىلەن چىلاپچا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئورنىدىن ئالدام تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۈچىسىدا شاپتۇل چېچەكلىك شايى جۇيازىسىلا بار ئىدى، چېچىنى بىر تال بوشلا قىلىپ ئۆرۈۋالغانىدى. باۋيۇينىڭ كۆزىگە چېڭۋېن تىرىلىپ قالغاندەك كۆرۈندى ۋە شۇ زامان چېڭۋېننىڭ «ئەگەر قۇرۇق ئاتاقتا قېلىشىمنى بۇرۇن بىلگەن بولسام، ئۆز ۋاقتىدىلا مەن بۇ ئىشقا بەل باغلىغان بولاتتىم» دېگەن سۆزى يادىغا كېلىپ، چاينىمۇ ئالماي، ئىختىيارسىز مەڭدەپ تۇرۇپلا قالدى.

فاڭگۇەن كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ۋۇ ئېرنىڭ بۇ ھۇجرىغا كىرىش رەۋىتى قالمىغانىدى. كېيىن فېڭجېيېنىڭ ئۆزى ئۇنى باۋيۇينىڭ خىزمىتىدە بولسۇن دېگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ھۇجرىغا كىرىشكە باۋيۇيدىنمۇ بەكرەك تاقىلداپ كەتتى. بۇ ھۇجرىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ باۋچەي بىلەن شىرىنلارنىڭ قەدىر - قىممىتى بار، ئېغىر - بېسىق ئىكەنلىكىنى كۆردى. بۇنى ئۇ بۇرۇن ئويلاپ باقمىغانىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى، باۋيۇيمۇ ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك ئۇنداق

www.uyghurkitap.com

نازاكەتلىك ئەمەس، بەلكى سەۋدايى بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قىزلارنى باۋيۈي بىلەن ئويناپ ـ كۈلۈشۈپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ھەيدەپ چىقارغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۆزىنىڭ قىزلارغا خاس نازۇكلۇقى ۋە ئادەتتىكى مەستانىلىقىنى يىغىشتۇرۇپ قويغاندى. بىراق، بۇ ھاڭۋاقتى غوجا بۈگۈن ئاخشام ئۇنى چىڭۋېننىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، كۆيۈپ ـ پىشىپلا كېتىۋاتاتتى. ۋۇ ئېرنىڭ مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىرىپ، ئۈنلۈكرەك گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمايۋاتاتتى، شۇڭا ئاستا:

— غوجام، ئېغىزلىرىنى چايقىسىلا، — دېدى.

باۋيۈي ھېجىيىپ چاينى قولىغا ئالدى ـ دە، ئاغزىنى چايقاشنى ئۇنتۇپ، پىخىلداپ كۈلگىنىچە:

— سەن چىڭۋېن ئاچاڭ بىلەن چىقىشاتتىڭغۇ ـ ھە؟ — دەپ سورىدى.

ۋۇئېر ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي:

— ھەممىمىز ئاچا ـ سىڭىل تۇرساق، چىقىشالمايدىغان نەرى بار ئىدى، — دېدى.

باۋيۈي پىچىرلاپ يەنە سورىدى:

— چىڭۋېننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا مەن ئۇنى يوقلاپ بارغان، سەنمۇ بارغان ئەمەسمۇ؟

ۋۇئېر كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟

— ياق، — دەپ بېشىنى چايقىدى ۋۇئېر.

باۋيۈي خۇدىنى يوقىتىپ، ۋۇئېرنىڭ قولىنى تارتتى. ۋۇئېر بىردىنلا قىزىرىپ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى:

— غوجام، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — نېمە گەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە، مۇنداق تارتقۇشلىماي.

— ئۇ ماڭا، — دېدى باۋيۈي ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، — «ئەگەر قۇرۇق ئاتاققا قېلىشىمنى بۇرۇن بىلگەن بولسام، ئۆز

www.uyghurkitap.com

ۋاقتىدىلا مەن بۇ ئىشقا بەل باغلىغان بولاتتىم» دېگەنىدىڭغۇ؟ سەن قانداقسىغا ئاڭلىمايسەن؟

ۋۇئېر بۇ گەپنىڭ ئۆزىنى مەپتۇن قىلىش ئۇچۇن ئېيتىلغانلىقىنى تولۇق پەملىگەن بولسىمۇ، بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالماي:

— ئۇ ئىزا تارتماي شۇنداق دەپتۇ. شۇمۇ بىزدەك قىزلارنىڭ ئاغزىدىن چىققىدىغان گەپمۇ؟ — دېدى.

— هوي، سەنمۇ تەرىقەت بۇۋىسى ئىكەنسەنغۇ! — دېدى باۋيۇي هودۇقۇپ، — مەن سېنى ئۇنىڭغا قوييۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن دەپ بۇ گەپنى قىلىۋاتسام، سەن قوپۇپ ئۇنىڭغا ئاهانەت قىلىۋاتىسىنا؟

ۋۇئېر باۋيۇينىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقالماي:

— يېرىم كېچە بولۇپ قالدى، غوجام، ئۇخلىسىلا، مۇنداق ئولتۇرىۋەرمىسىلە، سوغۇق تېگىپ قالىدۇ، بايا خېنىم بىلەن شىرىن ئاچام نېمە دەپ تاپىلىغان؟ — دېدى.

— توڭلىمىدىم، — دېدى باۋيۇي ۋە ۋۇئېرنىڭ چاپان كىيىۋالمىغانلىقىنى بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغىمۇ چىڭۋېنغا ئوخشاش سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن يەنە، دەپ ئەنسىرەپ، — نېمىشقا چاپىنىڭنى كىيىۋېلىپ كەلمىدىڭ؟ — دېدى.

— ئۆزلىرى بەك ئالدىراش چاقىرغان تۇرسىلا چاپان كىيىۋېلىشقا قانداق ئۇلگۇرەي؟ گەپنىڭ بۇنچىۋالا ئۇزىراپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام كىيىۋالارىكەنمەن.

باۋيۇي ئۆزى يېپىنچاقلىۋالغان پاختىلىق ئاق دارايى چاپىنىنى ئىلدام ئېلىپ، يېپىنىۋال، دەپ ۋۇئېرغا سۇندى.

— ئۆزلىرى يېپىنىۋەرسىلە، — دېدى ۋۇئېر ئالغىلى ئۇنىماي، — مەن توڭلىمىدىم، توڭلىسام، ئۆزۈمنىڭ چاپىنىم بار.

ۋۇئېر شۇنداق دەپلا ئۆزىنىڭ ئورنىغا بېرىپ ئۇزۇن

چاپىنىنى ئېلىپ يېپىنىۋالدى. ئاندىن شىيۇگە قولاق سالدى، شىيۇ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىدى. ۋۇئېر ئاستا كېلىپ:

— غوجام، ئۆزلىرى بۈگۈن كېچە مېڭىلىرىنى ئارام ئالدۇرماقچى ئەمەسمىدىلە؟ — دېدى.

— ساڭا راستىنى ئېيتسام، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — مەن مېڭەمنى ئارام ئالدۇرۇش ئەمەس، پەرىزات بىلەن ئۇچرىشىش نىيىتىدە ئىدىم.

— قانداق پەرىزات بىلەن؟ — دەپ سورىدى ۋۇئېر بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ چۈشىنەلمەي.

— بۇنى بىلمەكچى بولساڭ، گەپ بەك ئۇزۇن، — دېدى باۋيۈي، — ماڭا يېقىن ئولتۇر، دەپ بېرەي.

— سىلى بۇ يەردە ياتسىلا، مەن قانداق ئولتۇرىمەن؟ — دېدى ۋۇئېر قىزىرىپ كېتىپ تەبەسسۇم بىلەن.

— بۇنىڭ نېمە كارايىتى بولاتتى؟ قايسى يىلى كۈن سوغۇق ئىدى، چىڭۋېن ئاچاڭ شىيۇ ئاچاڭ بىلەن ئويناۋاتاتتى، مەن ئۇنى توڭلاپ قالمىسۇن دەپ ئورنۇمغا ئەكىرىۋالغان تېخى. بۇ يەرگە ئولتۇرساڭ نېمە بوپتۇ؟ ئادەم دېگەن خۇپسەن، خۇدۇكچان بولمىغىنى ياخشى.

ۋۇئېر بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا قىلىنىۋاتقان پوخورلۇق دەپ چۈشەندى. ئۇ بۇ دۇگۇنا غوجىنىڭ چىن دىلىدىن سۆزلەۋاتقىنىنى نەدىن بىلسۇن؟ ۋۇئېر شۇ تاپتا يا نېرى كېتەلمەي، يا ئۆرە تۇرالماي، يا ئولتۇرالماي، نېمە قىلىشىنى بىلمەيلا قالدى، كۆزىنى لاپپىدە بىر تاشلاپ، ئاغزىنى ئۆمەللەپ قويۇپ تەبەسسۇم بىلەن:

— كەلسە ـ كەلمەس گەپلەرنى قىلىۋېرىمىسىلە. بىرسى ئاڭلاپ قالسا نېمە دەيدۇ؟ سىلىنى قىزلار بىلەنلا ھەپىلىشىدۇ دەيدۇ، دەپ خەقتىن ئاغرىنىمىسىمۇ بولغۇدەك! كېلىن ئاغىچا بىلەن شىرېن ئاچام پەرىزاتتەك قىزلار تۇرسا، شۇلارنى تاشلاپ باشقىلار بىلەن ھەپىلىشىشكە ئامراق ئىكەنلا. ئەتە يەنە مۇشۇنداق

گەپنى قىلىدىغان بولسىلا خېنىمغا ئېيتىمەن، قېنى قايسى يوزلىرى بىلەن خەقنىڭ يوزىگە قارايلىكىن !

شۇ ئارىدا تالادا «تىرىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئىككىيلەن چۆچۈپ كەتتى. ئىچكىرىكى ھوجرىدىن باۋچەينىڭ يۆتەلگىنى ئاڭلاندى. باۋيوي شۇ زامان تومشوقى بىلەن شەرەت قىلىپ قويۇۋىدى، ۋۇئېر ئالدىراپ چىراغنى ئۆچۈرۈپ جىم يېتىۋالدى. باۋچەي بىلەن شىرىن تونوگون كېچە ئۇخلىماي چىققانلىقى، ئونىڭ ئوستىگە كوندوزى چارچاپ كەتكەنلىكى ئوچون ئۇخلاپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلىمىغانىدى، ئەمدىلىكتە ھويلىدىن چىققان ھېلىقى ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ قولاق سېلىۋىدى، ھېچنېمىنىڭ شەپىسى ئاڭلانمىدى. باۋيوي كاتتا ياتقىنىچە: «دەيىوي سىڭلىم كەلگەن بولسا، ۋۇئېر بىلەن گەپلىشىۋاتقىنىمنى ئاڭلاپ قېلىپ، بىزنى قەستەن قورقۇتقان بولمىغىيدى؟» دېگەن ئوي بىلەن بويان ئۆرۈلۈپ، ئويان ئۆرۈلۈپ، خىلمۇخىل خىياللار بىلەن بەشىنچى جېسەكتىن ئاشقان مەھەلدە خىرە ـ شىرە ئويقوغا كەتتى.

ۋۇئېرمۇ باۋيوي ئۆزىنى بىرھازا ئەخمەق قىلغانلىقى، تۆپىلەپ باۋچەينىڭ يۆتەلگەنلىكى ۋەجىدىن خۇدۇكسىنىپ، باۋچەينى ئاڭلاپ قالدىمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن ئونى ـ بونى ئويلاپ كېچىچە كۆز يۇمماي چىقتى. ئەتىسى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ قارىسا، باۋيوي تېخىچە ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئۇ ھوجرىنى ئاستا يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى، شىپىۋمۇ ئويغاندى.

ــ ئەتىگەندىلا تۇرۇۋاپسەنغۇ؟ كېچىچە ئۇخلىمىدىڭمۇ؟ ــ دېدى ئۇ.

ۋۇئېرغا بۇ گەپمۇ گويا ئاخشامقى گەپلەرنى ئۇ ئوقۇپ قالغاندەك بىلىنىپ، خىجىل بولۇپ كۈلۈپلا قويۇپ جاۋاب بەرمىدى. سەل تۇرۇپ، باۋچەي، شېرىنلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇلار ئىشىكنى ئېچىپ باۋيوينىڭ تېخىچە ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئونىڭ ئىككى كېچە سىرتتا يېتىپ

شۇنداق تىنچ ئۇخلىغانلىقىدىن ھەيران قېلىشتى.
باۋيۇي ئويغىنىپ، ھەممەيلەننىڭ تۇرۇپ بولغانلىقىنى كۆردى - دە، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ تازا ئويلىنىۋىدى: دەيىيۇي كېچىچە يەنە چۈشىگە كىرمەپتۇ. ئۇ ئاخىر: «ھۆر - پەرىزات بىلەن ئادەمزات ئارىلىقىدا يول يوق» دېگەن راست ئىكەن، دېگەن يەرگە كېلىپ، ئاستا كارىۋاتتىن چۈشتى ۋە كېچە ۋۇئېرنىڭ باۋچەي، شىرىنلارمۇ پەرىزاتتەك» دېگەن گېپىنى ئەسلەپ، بۇ گەپمۇ جايىدا، دەپ ئويلىدى ۋە باۋچەيگە قارىغىنىچە كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپلا قالدى. باۋچەي ئۇنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، دەيىيۇينى ئەسلەپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ بىلسىمۇ، چۈشىگە كىرگەن - كىرمىگەنلىكىنى سورىماي، ئۆزىگە قاراپلا تۇرغانلىقىدىن ئۇياتقۇسى كېلىپ:
— كېچە پەرىزات بىلەن ئۇچراشتىڭىزمۇ؟ — دېدى.
باۋيۇي بۇ گەپتىن ئاخشامقى گەپلەرنى باۋچەي ئاڭلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، كۈلگىنىچە زورىغا:
— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ قويدى. ۋۇئېرنىڭ بولسا بۇ گەپ بىلەن تېخىمۇ يۈرىكى پوكۇلداپ كەتتى، بىرنېمە دېيىشىمۇ بىئەپ كەلدى، شۇڭا باۋچەينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقماقچى بولدى.
— غوجامنىڭ چۈشىدە بىركىم بىلەن گەپلەشكىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى باۋچەي ۋۇئېردىن كۈلۈپ تۇرۇپ.
باۋيۇي بۇ گەپ بىلەن ئولتۇرالماي قېلىپ، خىجالەتتە چىقىپ كەتتى. ۋۇئېر قىزىرىپ كېتىپ، نائىلاج مۇجمەللا جاۋاب بەردى:
— تۈن يېرىم بولغۇچىغۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغان، ئوچۇق ئاڭلىيالمىدىم. «قۇرۇق ئاتاقتا قالدىم» دەمدۇ، «راستلا پېيىگە چۈشمىدى» دەمدۇ، ئىشقىلىپ، بىرنېمىلەرنى دېدى. مەنمۇ چۈشەنمىدىم، ئۇخلاڭ دەپ يۆرۈپ ئۇخلىتىۋەتكەنىدىم. كېيىن مەنمۇ ئۇخلاپ قاپتىمەن، غوجام يەنە گەپ قىلدىمۇ،

ئۇقمىدىم.

باۋچەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خىيال قىلىپ قالدى: «بۇ گەپنىڭ دەيىۋي ئۇستىدە كېتىۋاتقانلىقى ئېنىق، بىراق ئۇنى تاشقىرىدا ياتقۇزۇپ قويۇۋەرگەن بىلەن كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتسە، ئۆزىگە ھەرخىل جىن - ئالۋاستىلارنى چاپلاشتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ كونا كېسىلىمۇ ئاچا - سىڭىللارغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىق - مۇھەببەت باغلاشتىن بولغان. ياخشىسى، بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈمگە تارتىشىم كېرەك، شۇ چاغدا ھەممە غەم - غۇسسىدىن خالاس بولۇشى مۇمكىن.» خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىختىيارسىز يۈزى قىزىرىپ، قۇلاقلىرى قىزىشىپ، ئۇياتقۇسى كېلىپ، يۇيۇنۇپ - تارىنىش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئەمدى گەپنى جيا ئانىدىن ئاڭلىغايسىز. جيا ئانا ئىككى كۈنكى خۇشاللىقتا غىزانى جىقراق يەپ سېلىپ، شۇ ئاخشىمى بىئارام بولدى، ئەتىسى مەيدىسى چىڭقالغاندەك بولدى. يۈەنياڭ بىلەن باشقىلار جيا جېڭغا خەۋەر قىلدۇرماقچى بولۇۋىدى، جيا ئانا:

— ئىككى كۈندىن بۇيان ئاچ كۆزلۈك قىلىپ جىقراق يەۋېتىپتىمەن. بىرەر ۋاخلىق غىزانى يېمىسەملا ئوڭلىنىپ قالىمەن، ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرمەڭلار، — دەپ جيا جېڭغا خەۋەر قىلدۇرتمىدى. شۇنىڭ بىلەن يۈەنياڭلار بۇ ھەقتە ھېچكىمگە بىرنىمە دېمىدى.

شۇ كۈنى كەچتە باۋيۈي ئۆز ھۇجرىسىغا يېنىپ كەلگەندە، باۋچەي جيا ئانا ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا كەچلىك سالامغا بېرىپ يېڭىلا قايتىپ كەلگەنىكەن، باۋيۈي ئۇنى كۆرۈپلا ئەتىگەنكى ئىشنى ئويلاپ، خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى. باۋچەيمۇ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى

بىلدى. ئۇ ئىشقىۋاز بولغاچقا، ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتىشتىمۇ يەنە شۇ ئىشقىۋازلىق بىلەن داۋالىماي بولمايتتى، شۇڭا باۋچەي سەل ئويلىنىۋېلىپ سورىدى:

— بۈگۈن كېچىدىمۇ تاشقىرىدا يېتىۋېرەمسىز؟

— ئىچكىرىمۇ، تاشقىرىمۇ ئوخشاش، — دېدى باۋيۈي تاشقىرىدا يېتىشتىن رايى قايتىپ. باۋچەيىنىڭ يەنە بىرنېمە دېگۈسى كەلدى - يۇ، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرىشقا قىينالدى.

— بولدىلا، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ — دېدى شىرېن، — مەن تاشقىرىدا ياتسام تىنچ ئۇخلايمەن دېگەن گەپكە چىنپۈتمەيمەن!

— غوجام تاشقىرىدا ياتسا باشقىغۇ ھېچ گەپ يوق ئىكەن، بىراق تولا جۆيلۈپ كېتىدىكەن، — دېدى ۋۇئېر ئالدام گەپنى تارتىۋېلىپ، — ئادەم يا ئۇ گەپلەرنى چۈشەنمىگەن، يا ئۇ گەپلەرنىڭ شېخىغا ئۇرۇۋەتكىلى بولمىغان.

— بۈگۈن مەن چىقىپ يېتىپ باقاي، — دېدى شىرېن، — قېنى جۆيلۈمدۇ، يوق. سىلەر غوجامنىڭ ئورنىنى ئىچكىرىكى ھۇجرىغا سېلىپ بېرىڭلار.

باۋچەي بۇ گەپكە ھېچنېمە دېمىدى. باۋيۈي بولسا خىجىل ئىدى، تاكاللىشىپ بىرنېمە دېگۈدەك يېرىمۇ قالمىغانىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ رايىغا بېرىپ ئىچكىرىكى ھۇجرىغا يېنىپ كىردى. دېمەك، باۋيۈي بولسا ناماقۇل بولۇپ، باۋچەيىنىڭ كۆڭلىنى تىنىم تاپتۇرغۇسى بار ئىدى، باۋچەي بولسا ئۇنىڭ دەرد ئىچىدە ئۆزىگە كېسەل تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاز - تولا ناز - خۇلق بىلەن ئۇنى ئۆزۈمگە جەلپ قىلغىنىم تۈزۈك دەپ ئويلىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، شۇ ئاخشىمى شىرېن دەرۋەقە يۆتكىلىپ چىقىپ كەتتى. باۋيۈي ئەلۋەتتە، ئەپۇ سوراش نىيىتىدە، باۋچەيمۇ تەبىئىي ھالدا مېھماننى قۇرۇق ياندۇرماسلىق خىيالىدا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، كىيىن بولۇپ كىرگەندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر مانا ئەمدىلا باۋچەي ۋىساللىق لەززىتىنى تېتىپ، «بۇغ بىلەن دۇغ تەڭشەلگىنىدىن ھۇزۇرلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئامىل، بەش

www.uyghurkitap.com

ئاناسىر جەۋھىرى، ئۆيۈپ ھاسىل بولدى ئاخىر گەۋھىرى»[1].
ئۆنىڭدىن كېيىنكى گەپلەر مۇشۇ يەردە قالسۇن.

خوش، ئەتىسى باۋيۈي بىلەن باۋچەي ئورنىدىن تەڭ تۇرۇشتى، باۋيۈي ئاۋۋالراق يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ جيا ئانا تەرەپكە ئۆتتى. جيا ئانا باۋيۈيگە كۆيۈپ ھەم باۋچەينىڭمۇ ئۆزىگە ۋاپادارلىقىنى ئويلاپ، ئۇشتۇمتۇتلا بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، يۇەنياڭغا ساندۇقنى ئاچقۇرۇپ، بۇۋىسىدىن قالغان بىر تەۋەررۈك قاشتاشنى ئالدۇردى، بۇ باۋيۈينىڭ ھېلىقى قاشتېشىغا يەتمىسىمۇ، ئېسىۋالغۇچىلىكى بار كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل تاش ئىدى. يۇەنياڭ ئەكېلىپ جيا ئانىغا سۇندى ۋە شۇنداق دېدى:

— بۇ نەرسىنى مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغاندەك تۇرىمەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، شۇنچە يىللاردىن بېرى ئەسلىرىدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ، قايسى ساندۇقتا، قانداق قۇتىغا سېلىقلىق ئىكەنلىكىنىمۇ دەپ بېرىۋاتىلا، ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە بىرىپ ئېچىپلا تاپتىم. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، بۇنى شۇ تۇرقىدا نېمە قىلغىلى ئالدۇردىلىكىن؟

— سەن نەدىن بىلەتتىڭ؟ — دېدى جيا ئانا، — بۇ قاشتاشنى بوۋامنىڭ بوۋىسى بوۋامغا بەرگەنىكەن، بوۋام ماڭا ئامراق بولغانلىقتىن، مەن ياتلىق بولىدىغان چاغدا يېنىمغا چاقىرتىپ، ئۆز قولى بىلەن ماڭا بەرگەن ھەم يەنە: «بۇ، خەن سۇلالىسى زامانىسىنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىسى، سەن بۇنى مېنى كۆرگەن كۆزۈڭدە كۆرۈپ تۇت» دېگەنىدى. مەن ئۇ كەملەردە كىچىك بولغاچقا، بۇنىڭ قەدرىگە يەتمەي ساندۇققا تاشلاپ قويغان. بۇ جەمەتكە كېلىن بولۇپ كەلگەندىن كېيىن قارىسام، بۇ ئۆيدىمۇ تەئەللۇقات جىق ئىكەن، شۇڭا ئۇ قاشتاشنى ئۆزۈمچە

---

① ئىككى ئامىل — مەنپىي بىلەن مۇسبەت؛ بەش ئاناسىر — مەدەن، گىياھ، سۇ، ئوت، توپا. بۇ ئىبارىدە ھۆجرا ئىشى ۋە بويىدا قېلىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئاددىي كۆرۈپ، ئۇ قانچىلىك نەرسە ئىدى، دەپ زادىلا ئېسىپ باقمىدىم. شۇ تاشلاپ قويغانچە ئاتمىش نەچچە يىل تاشلىنىپ تۇردى. بۈگۈن قارىغۇدەك بولسام، باۋيۈي ماڭا شۇنداق ۋاپادارلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ قاشتېشىنىمۇ يىتتۈرۈپ قويدى، شۇڭا بۇنى ئالدۇرۇپ شۇنىڭغا بىرەي دەپ ئويلاۋاتىمەن، بۇمۇ بوۋامنىڭ ماڭا بەرگىنىدەك بولار.

شۇ ئارىدا باۋيۈي كىرىپ سالام بەردى.

— بېرى كەلگىنە، — دېدى جيا ئانىنىڭ خۇشلۇقى تۇتۇپ كېتىپ، — ساڭا بىر نېمە بېرىمەن، كۆرۈپ باق.

باۋيۈي كاتىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاندىن جيا ئانا ھېلىقى قاشتاشنى باۋيۈيگە سۇندى. باۋيۈي قولىغا ئېلىپ قارىسا، بۇ قاشتاش ئۈچ سۇڭ چوڭلۇقتا سوقىچاق، شەكلى خۇددى قوغۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان، رەڭگى قىزغۇچ، ئۆزى بەكمۇ نەپىس قاشتاش ئىكەن، باۋيۈي ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

— ساڭا ياقامدۇ؟ — دېدى جيا ئانا، — بۇ ماڭا بوۋامنىڭ بوۋىسىدىن قالغان، ئەمدى ساڭا قالدۇرماقچىمەن.

باۋيۈي كۈلۈپ تۇرۇپ ھەشقاللا ئېيتىپ تەزىم بەردى ۋە ئانىسىغا ئاپىرىپ كۆرسەتمەكچى بولدى.

— ئاناڭ كۆرۈپ ئاتاڭغا ئېيتسا، ئاتاڭ، ئانام ئۆز ئوغلىغا قارىغاندا نەۋرىسىگە بەكرەك كۆيىدىكەن دەرمىكىن يەنە. ئۇلار بۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانچۇ.

باۋيۈي كۈلۈپ چىقىپ كەتتى. باۋچەي ۋە باشقىلارمۇ يەنە بىر ئاز پاراڭلىشىپ، خوشلىشىپ يېنىپ چىقتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ جيا ئانا ئىككى كۈن يېمەك - ئىچمەكتىن پەرھىز قىلدى. شۇنداق قىلسىمۇ، مەيدىسى چىڭقىلىپ، بېشى قېيىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ ھەم يۆتىلىپ تۇراتتى. شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار، فېڭجيې ۋە باشقىلار سالامغا كىرىپ، جيا ئانىنىڭ كۆڭلى خېلى ئوچۇق ئىكەن دەپ ئويلاشتى، شۇنداق بولسىمۇ جيا جېڭغا خەۋەر قىلدۇرۇۋەتتى، جيا جېڭ شۇ زامان

كېلىپ سالام بەردى. ئۇ چىقىپلا تومۇرنى تۇتۇپ باقسۇن دەپ تېۋىپقا بۇيرۇدى. ئۇزاق ئۆتمەي تېۋىپ كېلىپ، تومۇرنى تۇتۇپ كۆرۈپ: ياشنىپ قالغان بولغاچقا، مەيدىسىدە ئاز ـ تولا تائام تۇرۇپ قاپتۇ، بىر ئاز سوغۇق دارىپ جاڭداپمۇ قاپتۇ، تىقىلمىنى سەل يۇرۇشتۇرۇپ، ئىسسىتمىنى ئازراق ياندۇرۇۋەتسەكلا شىپا تاپىدۇ، دېدى ۋە دورا خەتلەپ بەردى. جىيا جېڭ كۆرۈپ، ھەممىسى ئادەتتىكى دورىلار ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئوبدان قايناتىپ ئىچۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن جىيا جېڭ ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى كىرىپ جىيا ئانىغا سالام بېرىپ تۇردى. ئۈچ كۈنگىچە جىيا ئانىنىڭ كېسىلى ئانچە تۈزىلىپ كېتەلمىدى. جىيا جېڭ يەنە جىيا لىيەننى ئۇستىراق تېۋىپ ئۇقۇشۇشقا بۇيرۇدى:

— چاپسان بېرىپ ئۇستا تېۋىپ چاقىرىپ كەل، ئۇلۇغ ئانامنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ باقسۇن. بىز ھەمىشە چاقىرىپ تۇرىدىغان ھېلىقى بىرنەچچە تېۋىپ، قارىسام، ئانچە ئۇستا ئەمەستەك، شۇڭا سېنى ياخشىراقىنى تېپىپ كەلگىن، دەۋاتىمەن.

— قايسى يىلى ئىنىم باۋيۈي ئاغرىپ قالغاندا، تېبابەتچىلىكتە ئاتىقى چىقمىغان بىرسىنى چاقىرتقانلىقىمىز ئېسىمدە، — دېدى جىيا لىيەن سەل ئويلىنىپ قېلىپ، — باۋيۈينى شۇ داۋالاپ ساقايتقانىدى، ھېلىمۇ شۇنى تاپقىنىمىز تۈزۈكمىكىن.

— تېبابەتچىلىك بەكمۇ قىيىن ئىش، — دېدى جىيا جېڭ، — داڭقى ئانچە چىقمىغان تېۋىپ تېخى شۇنچە ئۇستا بولىدۇ. چاقىرتىپ كەل، ئەمىسە.

جىيا لىيەن خوپ دەپ، ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

— ليۇ ئىسىملىك بۇ تېۋىپ يېقىندا تالىپلارغا دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن شەھەردىن كېتىپ قاپتۇ، شەھەرگە نەچچە ئون كۈندە بىر قېتىم كېلىدىكەن. ئاڭغىچە ساقلاپ تۇرالمايمىز دەپ، باشقا

بىرسىنى چاقىرتىپ قويدۇم، ھازىرلا كېلىدىغان بولدى، — دەپ مەلۇم قىلدى جىيا لىيەن قايتىپ كېلىپ. جىيا جېڭ بۇ گەپ بىلەن كۆتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

جىيا ئانا كېسەل ياتقاندا، پۈتۈن جەمەتتىكى ھەممىنىڭ ئايال تۇغقانلار ھەر كۈنى كېلىپ ئەھۋال سوراپ تۇردى. بىر كۈنى ھەممەيلەن شۇ يەردىكى چاغدا، باغنىڭ ئارا ئىشىكىگە قارايدىغان خىزمەتكار موماي كىرىپ:

— يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىدىكى مياۋيۈي بۈۋى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئاتايىتەن ئەھۋال سوراپ كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ئۇ تولا كەلمەيتتى. بۇگۈن ئاتايىتەن كەلگەن بولسا، چاپسان چىقىپ باشلاپ كىرىڭلار، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

فېڭجيې كاتىنىڭ يېنىغا بېرىپ جىيا ئانىغا مەلۇم قىلدى. شيۈيەن مياۋيۈي بىلەن قەدىناس بولغاچقا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئاۋۋالراق چىقتى. مياۋيۈي بېشىغا نىكسۇنلارچە كولا كىيگەن، ئۈچىسىغا سۇس زەڭگەر سىيدام دۇردۇن چاپان كىيىپ، ئۈستىگە قارا تاۋاردىن جىيەك تۇتۇلغان چاقماق گۈللۈك ئۇزۇن جىلىتكە قاپلىنىۋالغان، بېلىگە چۇچىلىق قىزغۇچ بوز مەشۇت بەلباغ باغلىۋالغانىدى. قارامتۇل گۈللۈك ئاق دارايى بەل كۆڭلىكى بېلىنىڭ تۈۋىدە يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بىر قولىدا چىۋىن قورۇغۇچ، يەنە بىر قولىدا تەسۋى تۇتقانىدى. بىر خىزمەتكارنى كەينىگە سېلىپ شىپ ـ شىپ دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. شيۈيەن كۆرۈشۈپ تىنچلىق سورىدى، ئاندىن:

— باغدىكى چېغىمدا پات ـ پات سىز بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپ تۇراتتىم، بۇ يېقىندىن باغدا ئادەم ئاز بولغاچقا، ھە دېگەندىلا يالغۇز كىرىش تەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئارا ئىشىك ھەمىشە تاقاقلىق تۇرىدۇ، شۇڭا سىز بىلەن كۆرۈشمىگىلى خېلى كۈنلەر بوپتۇ. بەختىمىزگە بۈگۈن

كۆرۈشۈپ قالدۇق ! — دېدى.

— ئىلگىرى ناھايىتى ھەشەمەت ئىچىدە ئۆتەتتىڭلار، تاشقىرىقى باغدا تۇرساڭلارمۇ، پات ـ پات كېلىپ يوقلاپ تۇرۇش ماڭا بىئەپ كېلەتتى. ھازىر مەن بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ تازا ياخشى بولمايۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدىم، سىزنىمۇ سېغىندىم، باۋچەي قىزنىمۇ كۆرگۈم كەلدى. ئىشىكىڭلار تاقاق تۇرامدۇ، ئوچۇقمۇ، ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم؟ كەلگۈم كەلسە كېلىۋېرىمەن، كەلگۈم كەلمىسە چىللىساڭلارمۇ بىكار.

— بۇ مىجەزىڭىز ھېلىمۇ بار ئىكەن، — دېدى شيۈيەن كۈلۈپ.

ئۇلار گەپلىشىپ مېڭىپ جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن كۆرۈشۈپ تىنچلىق سوراشتى. مياۋيۈي جيا ئانىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ئالاھىدە تىنچلىق سورىدى ۋە بىرنەچچە ئېغىز تەكەللۇپ قىلدى.

— سەن بۇدساتۋا بولغاندىن كېيىن قاراپ باقمىنا، ساقىيالارمەنمۇ، ساقىيالماسمەنمۇ؟ — دېدى جيا ئانا.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىدەك خەير ـ ساخاۋەتچى ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ، — دېدى مياۋيۈي، — بىر ئاز زۇكام تېگىپ قالغان بولسا، بىرنە دورا ئىچىۋەتسىلىلا ئوبدان بولۇپ قالىلا. ئۆزلىرى ئەمدى ياشىنىپ قالدىلا، كۆڭۈل ـ كۆكسىلىرىنى كەڭرەك تۇتسىلا.

— مەنغۇ كۆڭۈل ـ كۆكسى تارلاردىن ئەمەس، ئۆزۈممۇ ئويۇن ـ چاقچاقنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، — دېدى جيا ئانا، — بۇمۇ ھېچقانچە كېسەل ئەمەس، مەيدەملا چىڭقىلىپ تۇرىدۇ. بايا تېۋىپ خاپىچىلىقتىن بولغان دەۋاتىدۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مېنى خاپا قىلىشقا كىمنىڭمۇ ھەددى؟ بۇ ئاشۇ تېۋىپنىڭ تومۇر تۇتۇشىنىڭ چاغلىقلىقى ئەمەسمۇ؟ جيا ليەنگە ئېيتتىم، يەنە شۇ دەسلەپكى تېۋىپنىڭ: تۇمۇ تېگىپ قاپتۇ، ھەزىم قىلىشى ياخشى

بولمايۋېتىپتۇ، دېگىنى توغرا. ئەتە يەنە شۇنى چاقىرتماقچى، — ئارقىدىنلا ئۇ يەنىياڭنى بۇيرۇدى، — ئاشخانىدىكىلەرگە دەپ قوي، ساپ كۆكتاتتىن بىر جوزا سەي تەييارلىسۇن، مياۋيۈي بۇۋىمنى مېھمان قىلىمىز.

— چۈشلۈك غىزالىنىپ بولدۇم، بىرنەرسە يېمەيمەن، — دېدى مياۋيۈي.

— غىزا يېمىسىڭىزمۇ مەيلى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — كۆپرەك ئولتۇرۇڭ، بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىمىز.

— ھەربىرلىرىنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزاق بوپتىكەن، بۈگۈن كۆرۈپ كېلەي دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى مياۋيۈي ۋە يەنە بىرئاز پاراڭلىشىپ، ئاندىن مېڭىشقا تەمشەلدى. ئارقىسىغا قاراپ ئۆرە تۇرغان شىچۈننى كۆرۈپ:

— خان قىز، نېمانچىزە جۈدەپ كەتتىڭىز؟ رەسىم سىزىشقىلا بېرىلىپ كېتىپ ئۆزىڭىزنى ھالسىرىتىپ قويماڭ، — دېدى.

— ئۇزاق بولدى رەسىم سىزمايدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى شىچۈن، — ھازىر تۇرۇۋاتقان ھۇجرام باغدىكىدەك يورۇق ئەمەس، شۇڭا سىزغۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— ھازىر قايسى ھۇجرىدا تۇرۇۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى مياۋيۈي.

— سىز ھېلى چىققان ئىشىكنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ھۇجرىدا، كېلىدىغان بولسىڭىز ناھايىتى يېقىنلا، — دېدى شىچۈن.

— كەيپىم چاغ ۋاقىتتا كېلىپ سىزنى كۆرۈپ كېتەرمەن، — دېدى مياۋيۈي. شىچۈن ۋە باشقىلار ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار كەينىگە يېنىشىغا، چۆرە قىزلار: تېۋىپ جيا ئانىنىڭ يېنىدا قالدى، دېيىشتى، ھەممەيلەن ۋاقىتىنچە تارقىلىپ كېتىشتى.

نېمە ئۈچۈندۇر، جيا ئانىنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ھەرقانچە داۋالاتسىمۇ شىپالىق

تاپمايۋاتاتتى، كېيىنچە بۇنى ئاز دەپ ئىچى سۇرىدىغان بولۇپ قالدى. جيا جېڭ بۇ كېسەلگە داۋا كار قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ھودۇقۇپ قېلىپ، يامۇلغا ئۆزىنىڭ بارالمايدىغانلىقىنى دەررۇ خەۋەر قىلدۇرۇۋەتتى ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئۆزى جيا ئانىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭغا دورا ئىچۈرۈپ، كېچە ـ كۈندۈز يېنىدا بولدى. جيا ئانا ئاز ـ تولا غىزا يەيدىغان بولغان، كۆڭلى سەل ـ پەل ئېچىلىپ قالغان بىر كۈنى، بىر خىزمەتكار موماي ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ قاراپ قالدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سەييۈننى ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىپ كىرىشكە چىقاردى، سەييۈن چىقىپ قارىسا، يىڭچۈنگە ھەمراھ قىلىپ سۇن شاۋزۇلارنىڭكىگە ئەۋەتىلگەن موماي ئىكەن، ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن كەلگىلى خېلى بولدى. خانىش ئىمدىن بىرەرسىنىمۇ تاپالمىدىم، ئۇسۇپلا كىرەي دېسەم ئەسلىي بولمىدى، شۇ سەۋەبتىن تاقىلداپ تۇراتتىم.

— نېمىگە تاقىلدايدىڭلا؟ كۈيئو ئوغۇل خان قىزنى يەنە دەپسەندە قىلدىمۇ يا؟

— خان قىز بولالماي قالدى! بۈرناكۈن بىر قېتىم خاپا بولۇشۇپ قېلىپ، خان قىز كېچىچە يىغلاپ چىققاندى، تۈنۈگۈن بوغۇزىغا بەلغەم تۇرۇپ قاپتۇ، ئۇلار يا تېۋىپ چاقىرتمىدى، بۈگۈن تېخىمۇ بولالمايۋاتىدۇ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاغرىق، ئۇنچىۋالا ھودۇقمىسىلا!

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاڭلاپ قالسا بىئارام بولمىسۇن دەپ، سەييۈننى تالاغا چىقىپ سۆزلەش دەپ ئىشىتىك بۇيرۇۋەتتى. نەدىكىنى، جيا ئانا ئاغرىق بولغان بىلەن سەگەك ياتقاچقا، قېرىشقاندەك ئاڭلاپ قالغانىدى:

— يىڭچۈن قىز ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قاپتىما؟ — دېدى ئۇ.

— يوقسۇ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — خوتۇنلار ئاغزىغا

كەلگەننى كاپشىشىپتۇ، ئىككى كۈندىن بۇيان سەل ساقسىز بولۇپ قالغانىكەن، تۇزلىپ كېتەلمەسمىكىن دەپ، بۇ يەرگە تېۋىپ چاقىرىپ كەپتۇ.

— مېنى كۆرگەن تېۋىپ ئۇستا ئىكەن، چاپسانراق شۇنى چاقىرتسۇن، — دېدى جيا ئانا.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سەييۇنگە:

— ئاۋۇ موماي چوڭ ئاغىچا خېنىمغا بېرىپ ئېيتسۇن، — دېدى.

ئۇ موماي چىقىپ كەتتى. جيا ئانا ھەسرەت يېيىشكە باشلىدى:

— ئۈچ نەۋرە قىزىمنىڭ بىرسى كۆرىدىغان ھەممە دۆلەتنى كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتتى، تەنچۈن قىز يىراققا ياتلىق بولۇپ كېتىپ، كۆرۈشەلمەيۋاتىمىز. يىڭچۈن قىز كۈلپەت چېكىۋاتقان بولسىمۇ، شۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن بەختى ئېچىلىپ قالار دېگەنىدىم، ياپياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتەرمۇ ! شۇنچىزە ئۆمۈر كۆرگەن مېنىڭ قىلىپ كۈن كۆرگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى !

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، يۈەنياڭ ۋە باشقىلار بىرھازا تەسەللى ـ خاتىر ئېيتتى. باۋچەي، لى ۋەنلەر يوق ئىدى. فېڭجيې يېقىندىن بېرى كېسەل ئىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا ئانىنى تولا قايغۇرىۋېرىپ باشقا بىر كېسەل تېپىۋالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ، ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۆزى ھۇجرىسىغا قايتتى ۋە سەييۈننى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا كايىدى:

— ھېلىقى خوتۇن دۆت بىر نېمىكەن. بۇندىن كېيىن مەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا بولۇپ قالغاندا، بىرەر ئىشلىرىڭ بولسا كىرىپ مەلۇم قىلىشما.

چۆرىلەر ئەمىر بويىچە ئۈن چىقمايدىغان بولۇشتى. بايىقى موماي شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىشىكىگە بارا ـ بارمايلا، تالادىكىلەر: «ئىككىنچى خان قىز قازا قىپتۇ» دېگەن گەپنى يەتكۈزۈپ بولغانىكەن، بۇنى ئاڭلاپ شىڭ ئاغىچا خېنىم بىرھازا

يىغلاپ كەتتى. يىڭچۇننىڭ ئاتىسى ئۆيدە بولمىغاچقا، ئۇ يەرگە چاپسان بېرىپ كېلىشكە جيا ليەننى ئەۋەتتى. جيا ئانىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلگەچكە، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. ئىسسىت، ياتلىق بولغىنىغا ئەمدىلا بىر يىلدىن ئاشقان ئايدەك بىر ساھىبجامال قىز سۇن جەمەتىنىڭ جەبىر سېلىشى بىلەن قازارەن تۈگەپ كەتتى. يەنە كېلىپ جيا ئانىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان پەيت بولغاچقا، ھەممەيلەن بۇ يەردىن نېرى بولالماي، ئۇنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسىنى سۇن جەمەتىنىڭ بولۇشىغا ئۆزىتىشىغا قويۇپ بەردى.

جيا ئانا كېسىلى ئېغىرلاشقانچە نەۋرە قىزلىرىنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىردىن شياڭيۈن ئېسىگە كېلىپ، ئۇنى يوقلاپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇتتى. بېرىپ كەلگەن ئادەم جىمجىتلا يۈەنياڭنى ئىزدىدى. يۈەنياڭ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىدا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە باشقىلارمۇ شۇ يەردە بولغاچقا، ئۇ يەرگە كىرەلمەي، ئارقىغا ئۆتۈپ خۇ پونى تېپىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم شياڭيۈن قىزنى سېغىنىپ، بىزنى بېرىپ كۆرۈپ كەلسۇن دەپتىكەن. نەدىن بىلەي، شياڭيۈن قىز يىغلاۋېرىپ ھالى قالمىغاندا بېرىپتۇق، كۇيۇ ئوغول ئۇشتۇمتۇتلا قاتتىق كېسەل بولۇپ قاپتىكەن، تېۋىپ كۆرۈپ بۇ كېسەل ساقىيالماسمىكىن، سىلغا ئايلىنىپ كەتسىغۇ تۆت - بەش يىلغا سوزۇلاتتى، دەپتىمىش. شۇ ۋەجىدىن شياڭيۈن قىز تەشۋىش ئىچىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاغرىپ قالغىنىدىنمۇ خەۋەر تاپتى، بىراق يوقلاپ كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. يەنە ماڭا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا بۇ گەپنى قىلماڭ، ناۋادا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سوراپ قالسا، باشقىچىرەك دەپ يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، — دېدى.

خۇ پو بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ «ھە»لا دەپ قويدى، باشقا گەپ قىلمىدى. بىرھازادىن كېيىن:

— بولدى، يانسىلا، — دېدى.



كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنىڭ پېشقەدەم تور بېكىتى

بۇ گەپنى مەلۇم قىلىش خۇ پوغىمۇ تەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ يۇەنياڭغا ئېيتاي، شۇ بىرنېمە دەپ يالغان ئېيتىپ قويسۇن دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، جيا ئانا ياتقان كاتنىڭ ئالدىغا كەلدى. جيا ئانىنىڭ رەڭگىرويى بۆلەكچىلا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى، ئۆيگە لىق تولغان كىشىلەر «ئۆزگىرىپ قېلىۋاتىدۇ» دەپ كۇسۇلدىشاتتى، بۇنىڭ بىلەن خۇ پو ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدى.

جيا جېڭ جيا ليەننى ئاستا يېنىغا قىچقىرىپ قۇلىقىغا بىرنەچچە ئېغىز پىچىرلىدى. جيا ليەن خوپ دەپ ئاستا يېنىپ چىقىپ، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەردىن خانىداندا بارلىرىنىڭ ھەممىسىنى قويماي چاقىرتىپ ئۇلارغا شۇنداق دېدى:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بولالمايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا چاپسان كىرىشىڭلار: بىرىنچى نۆۋەتتە قىلىدىغان ئىش شۇكى، جەسەت ساندۇقىنى ئاچىقىپ كۆرۈپ بېقىڭلار، ئىچىگە ئەستەر تۇتقۇدەك قىلىپ قويۇڭلار. ئاندىن ھەممە ھۇجرىلارغا بېرىپ ھەممەيلەننىڭ ئۇستىبېشىنى ئۆلچىتىپ، ماشىنىچىغا قارىلىق ئېگىن تىكتۇرۇڭلار. لەمپە تىكىدىغان، بالداق كۆتۈرىدىغان، تۇغ ـ بويداش تۇتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن سۆزلىشىپ قويۇڭلار، ئاشخانىغىمۇ جىقراق ئادەم تەيىنلەڭلار.

— بېگىم، — دېدى لەي دا ۋە باشقىلار، — بۇ ئىشلارغا ئۆزلىرى جوۋاپ كەتمىسىلىمۇ بولىدۇ. بىز ئالىلقاچان غېمىنى قىلىپ قويدۇق، گەپ پۇلدىلا قالدى، پۇلنى نەدىن ئالىمىزكىن؟

— بۇ پۇلنى سىرتتىكى خەزىنىدىن چىقارمايمىز، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغىنى بار، بەگ ئاتامىمۇ بايا بۇ ئىشنى ئوبدان ئۆتكۈزۈشنىڭ گېپىنى قىلدى، مېنىڭچىمۇ شۇنداق قىلساق تالا ـ تۈزدە نامىمىزغىمۇ چىرايلىق بولىدۇ.

لەي دا قاتارلىقلار خوپ دېيىشىپ، ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن ئىشلارنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

جيا ليەن ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ، پىڭئېردىن:

www.uyghurkitap.com

— خېنىمنىڭ بۇگۈن قانداقراق؟ — دەپ سورىدى. 
پېڭئېر تۇمشۇقى بىلەن ئېچكىرىكى ھۇجرىنى شەرەت قىلىپ:

— ئۆزلىرى كىرىپ قاراپ باقسىلا، — دېدى.

جيا ليەن كىرىپ، فېڭجيېنىڭ كىيىم يۆتكىمەكچى بولۇۋاتقاندا ماغدۇرىدىن كېتىپ كاڭدىكى شىرەگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆردى.

— سەن ئەمدى ياتالماسسەنمىكىن، — دېدى جيا ليەن، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇگۈن - ئەتىلىكىلا قاپتۇ، سەن بولماي بولامدۇ؟ چاپسان بىرسىنى قىچقىرىپ، ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇرغۇزۇۋەت. چىشىڭنى چىشىڭغا چىشلەپ بولسىمۇ بارىدىغان گەپ، مۇبادا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئىككىمىز قايتىپ كېلەلەمدۇق دەيسەن.

— بىزنىڭ بۇ يەردە يىغىشتۇرغۇدەك نېمىمىز بار ئىدى؟ — دېدى فېڭجيې، — مۇشۇنچىلىكىلا نەرسىغۇ، بۇنىڭدىن نېمە قورقۇش؟ سىز ئاۋۋال بېرىپ تۇرۇڭ، بېگىم ئىزدەپ قالمىسۇن، ئۇستىبېشىمنى يەڭگۈشلەپلا بارىمەن.

جيا ليەن ئاۋۋال جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئاستا جيا جېڭغا:

— ھەممە ئىشنى ئېدىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىم، — دېدى. جيا جېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. شۇ ئەسنادا تالادىن بىرسى كىرىپ:

— خانلىق شىپاخانىنىڭ تېۋىپى كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى. جيا ليەن ئالدىغا چىقىپ تېۋىپنى باشلاپ كىردى. تېۋىپ بىر قۇر كۆرۈپ، يېنىپ چىققاندىن كېيىن جيا ليەنگە:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تومۇرىنىڭ سوقۇشى ياخشى ئەمەس، پەخەس بولۇڭلار، — دېدى.

جيا ليەن بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باشلىق كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شۇ

زامان يۈەنياڭنى كۆز ئىشارىتى بىلەن يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاخىرەتلىكلىرىنى تەييارلاپ قويۇشقا بۇيرۇدى. يۈەنياڭ تەييارلىق قىلىشقا چىقىپ كەتتى.

جىيا ئانا كۆزىنى ئېچىپ چاي تەلەپ قىلدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم بىر پىيالە مېھرىگىياھ شەربىتى ئەكەلدى. جىيا ئانا ئاغزىنى تەگكۈزۈپ:

— بۇ كېرەك ئەمەس، بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بېرىڭلار، — دېدى. ھېچكىم ئېتىراز بىلدۈرۈشكە پېتىنالماي، ئىلدام چاي ئېلىپ كەلدى. جىيا ئانا چاينى بىر ئوتلاپلا ئىچىۋېتىپ يەنە سورىدى، ئۇنىڭدىنمۇ بىر ئوتلاپ قويۇپ:

— قويۇپ بىردەم ئولتۇراي، — دېدى.

— ئانا، — دېدى جىيا جېڭ ۋە باشقىلار، — ئۆزلىرىگە نېمە كېرەك بولسا بىزگە ئېيتىپ قويسىلا بولدى، ئورۇنلىرىدىن تۇرمىسىلا ئوبدان بولاتتى.

— چاينى ئىچىپ كۆڭلۈم بىرئاز ئېچىلىپ قالدى، — دېدى جىيا ئانا، — سەل يۆلىنىپراق ئولتۇرۇپ سىلەر بىلەن پاراڭلىشاي.

جىنجۇ ۋە باشقىلار جىيا ئانىنى ئاۋايلاپ ئاستا يۆلىدى، ئەۋزايىدىن شۇ تاپتا جىيا ئانىنىڭ روھىي ھالىتى ئاز - تولا ياخشى بولغاندەك ئىدى. جىيا ئانىنىڭ ئۆلگەن - ئۆلمىگەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئونىنچى باب

## شى تۆرە ئاغىچىنىڭ ئۆمرى تۈگەپ ئاخىرەتكە يانغانلىقى
## ۋاڭ فېڭجيېنىڭ ھالىدىن كېتىپ نەزەردىن چۈشۈپ قالغانلىقى

جيا ئانا قوپۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى دېدى:

— سىلەرنىڭ خانىدانىڭلارغا كەلگىنىمگە ئاتمىش يىلدىن ئاشتى، ياشلىقىمدىن قېرىغىنىمغىچە دۆلەتنىمۇ تازا كۆردۈم، بەگ ئاتاڭلاردىن تارتىپ ئوغۇللار، نەۋرىلەرگىچە ھەممىڭلاردىن رازىمەن. باۋيۈينى مەن جېنىمدىنمۇ ئەزىز كۆردۈم...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە جيا ئانا ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە سەپسېلىپ قارىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈينى ئىتتىرىپ، كاتنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ قويدى.

جيا ئانا يوتقاندىن قولىنى چىقىرىپ باۋيۈينى تارتتى ۋە:

— بالام، سەن ئەمدى شان ـ شەۋكەت تاپساڭ بولىدۇ! — دېدى.

ماقۇل جاۋاب بېرىۋېتىپ باۋيۈينىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاي دەپ تۇراتتى، يىغلىۋېتىشكە پېتىنالماي، شۇك تۇرۇپ جيا ئانىنىڭ كېيىنگە قۇلاق سالدى:

— مېنىڭچە بولسا چەۋرىمۇ كۆرگەن بولسام مۇرادىمغا يەتكەن بولاتتىم. لەنئېر ئوغلۇم نەدە؟

لى ۋەنمۇ جيا لەننى ئالدىغا چىقىرىپ قويدى.

جيا ئانا باۋيۈينى قويۇۋېتىپ جيا لەننى يېنىغا تارتتى:

— سېنىڭ ئاناڭ ۋاپادار ئايال، كەلگۈسىدە چوڭ بولۇپ يۇز تاپقاندا ئاناڭغا دۆلەت كۆرسەت. فېڭجيې قېنى؟

— مانا مەن، — دېدى فېڭجيې.

— قىزىم، — دېدى جيا ئانا، — سەن ئاجايىپ ئەقىللىك بالا، كېيىن ساۋابلىق ئىشلارنى تېخىمۇ كۆپ قىلغىن! مەنمۇ ھېچقانچە ساۋابلىق ئىش قىلالمىدىم، كۆڭلۈم تۇز بولغاچقا، زىيان تارتىپلا كەلدىم. گۆش - ياغدىن پەرھىز قىلمىدىغان، دۇئا - تەكبىر ئوقۇيدىغان ئىشلارنىمۇ ئانچە قىلالمىدىم، بۇلتۇر ئۇنىڭ - بۇنىڭغا ھەدىيە قىلىمەن دەپ ئاز - تولا «ۋاجرانوم» «ۋايجىرا دۇئاسى» يازدۇرۇپ قويغان، تارقىتىپ بولدۇڭلارمىكىنتاڭ؟

— ياق تېخى، — دېدى فېڭجيې.

— ئۇنى بالدۇرراق سەدىقە قىلىپ تۈگىتىدىغان ئىش ئىدى، — دېدى جيا ئانا، — چوڭ بېگىم بىلەن ئوغلۇم جيا جېن ياقا يۇرتتا كۆلپەت چېكىۋاتىدۇ. شياڭيۈن قىزنىڭ ۋىجدانسىزلىقى ھەممىدىن بەك جېنىمغا تەگدى، مېنى كۆرگىلى كېلىپمۇ باقمىدى دېسە!

بۇنىڭ سەۋەبى يۈەنياڭ قاتارلىقلارغا ئايان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى لام - جىم دېمىدى.

جيا ئانا باۋچەيگە كۆز سېلىپ بىر ئۇھسىنىدى، ئارقىدىن چىرايى قىزىرىپ قالدى. جيا جېڭ بۇنىڭ سەكراتتىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئىلدام مېھرىگىياھ شەربىتى سۇندى. جيا ئانىنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ قالغانىدى. ئۇ كۆزىنى بىردەم يۇمدى، ئاندىن يەنە ئېچىپ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باۋچەي كېلىپ ئاستا ئۇنى يۆلىدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيې ئاخىرەتلىك كىيىملىرىنى كىيدۈردى. خىزمەتكار خوتۇنلار كات قويۇپ، ئۇنىڭغا يوتقان - كۆرپە سالدى. شۇ ئەسنادا جيا ئانىنىڭ بوغۇزى غىقلا قىلدى - دە، چىرايى كۈلۈمسىرىگەندەك بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ سەكسەن ئۈچ ياش ئۆمۈر كۆرگەنىدى. خىزمەتكار ئاياللار ئالدىرىشىپ مېيىتنى تەختىراۋانغا يۆتكەپ جابدۇشقا تۇتۇش قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن جىيا جېڭ باشلىق كىشىلەر تاشقىرىدا، شىنىڭ ئاغىچا خېنىم باشلىق كىشىلەر ئىچكىرىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تەڭلا ھازا ئاچتى. تالادا مۇلازىم ـ خىزمەتكارلار ھەممە ھازىرلىقنى تەخ قىلىپ بولغانىدى. ئىچكىرىدىن خەۋەر چىقىش بىلەنلا رۇڭگو قەسىرىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن تارتىپ ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ ئىشىكلىرىگىچە ئۇلۇغ ئېچىلىپ، ئاق قەغەز چاپلىۋېتىلدى؛ مۇسىبەت لەمپىسى تىكلەندى، چوڭ دەرۋازا ئالدىغا شۇ زامان پەيلو ياسالدى، خانىدانىنىڭ كاتتىلىرىدىن تارتىپ خىزمەتكارلىرىغىچە ھەممەيلەن ھەش ـ پەش دېگۈچە قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ بولدى.

جىيا جېڭ مۇسىبەتنى مەلۇم قىلدى، مەرىپەت دىۋانى دەرگاھقا خەۋەر يەتكۈزدى. خان ھەزرەتلىرى كاتتا مېھىر ـ شەپقەت بىلەن، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، خانىش يۈەنچۇننىڭ چوڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنىمۇ نەزەردە تۇتۇپ مىڭ سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى ۋە ماتەم مۇراسىمىغا مەرىپەت دىۋانى ئىگە بولسۇن دەپ ئەمر قىلدى. خىزمەتكارلار جاي ـ جايلارغا مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەر جىيا خانىدانىنىڭ سۇنۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولسىمۇ، خان ھەزرەتلىرىنىڭ كاتتا ئىلتىپات قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، جىمىسى پاتىھەگە كېلىشتى، مېيىت خاسىيەتلىك سائىتىدە جەسەت ساندۇقىغا سېلىنىپ تەزىيەخانىغا قويۇلدى.

جىيا شې بولمىغاچقا، مۇسىبەتكە جىيا جېڭ باش بولدى. باۋيۈي، جىيا خۇەن، جىيا لەنلەر ئۆز نەۋرىسى ھەم كىچىك ئىدى، ئۇلار مېيىتقا ھەمراھ بولۇپ جەسەت ساندۇقى يېنىدا تۇردى. جىيا لىيەنمۇ نەۋرە ئىدى، شۇڭا جىيا رۇڭ بىلەن بىللە خىزمەتكارلارنى ئىشقا سېلىشقا توغرا كەلدى. ئەر ـ ئايال شىرەم تۇغقانلار قارىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئىچكىرىدىكىلەردىن شىنىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار، لى ۋەن،

فىڭجىپ، باۋچەيلەر جەسەت ساندۇقى يېنىدا هازىدار بولۇپ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىدى، ئىشلارغا يۈشى قارىشىپ بەرسە بولاتتى، بىراق ئۇ جىيا جېن سىرتتا بولۇپ قېلىپ، ئۆزى رۇڭگو قەسىرىگە بېقىنىپ قالغاندىن بېرى، ئىشلارغا ئالدىراپ قول سالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە رۇڭگو قەسىرىنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىنىمۇ ئانچە ئۇقمايتتى. جىيا رۇڭنىڭ ئاغىچىسى بولسا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. شىچۈن بولسا كىچىك، مۇشۇ ئائىلىدە چوڭ بولغىنى بىلەن ئۇ ئىشلىرىنىڭ ھېچنېمىسىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، قارىشىپ بېرىشكە باشقا تۇغقانلار چاقىرىلغان بولسىمۇ، ئىچكىرىنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشكە بىرمۇ ئادەم چىقمىدى، بۇ ئىشلارغا پەقەت فېڭجېيلا قادىر ئىدى. يەنە كېلىپ تاشقىرىدىكى ئىشلارغا جىيا لېن باش بولغاچقا، ئىككى تەرەپنىڭ ئىشىدا ئىككىسى ماسلىشىپ كېتەلەيتتى. فېڭجېي ئىلگىرى ئۆزىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىغا تەمەننا قويۇپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆلۈپ كېتىپ قالسا كارامىتىمنى تازا كۆرسەتمىسەم، دەپ يۈرەتتى. شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار ئۇنىڭ چىن شىنىڭ تەزىيە ئىشىنى باشقۇرغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنى بۇ ئىشقا تازا لايىق دەپ قاراپ، ئىچكىرىدىكى ئىشلارغا باشچى قىلىپ قويىدى. فېڭجېي بۇنىڭدىن باش تارتالمايتتى، شۇڭا ماقۇل بولدى، كۆڭلىدە بولسا: «بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلىدىمۇ ئۆزۈم باشقۇراتتىم. خىزمەتكارلارمۇ مېنىڭ قول ئاستىمدا، چوڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن يۈشى يەڭگەمنىڭ ئادەملىرىنى ئىشقا سېلىش تەس ئىدى، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەتتى. پۇلغا جۇپ تەمتەكىنىڭ لازىمى يوق، بۇ ئىشقا كېتىدىغان تەڭگە تەييار. تالانىڭ ئىشىمۇ بىزنىڭ ئاۋۇ كىشىنىڭ قولىدا. ھازىر سالامەتلىكىم ئوبدان بولمىسىمۇ، سۆز ـ چۆچەكلىكىمۇ قالماسمەن، جەزمەن نىڭگو قەسىرىدىكىدىنمۇ ئوبدانراق ئۆزىتىمەن» دەپ ئويلاپ، قەتئىي قارارغا كەلدى ۋە ئەتە ئۇچى ئۆتۈپ كەتسە، ئۆگۈنلۈككە سەھەردە ئىشلارنى

www.uyghurkitap.com

ئوروۇنلاشتۇرماقچى بولدى. ئاندىن جۇ رۇينىڭ ئايالىنى قىچقىرىپ روپخەت دەپتىرىنى ئالدۇردى. تىزىملىككە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقىپ، ئەر خىزمەتكارلاردىن يىگىرمە بىر، ئايال خىزمەتكارلاردىن ئون توققۇزلا ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلدى، قالغانلىرى چوڭ قىزلار بولۇپ، ھەرقايسى ھۇجرىدىكىلەرنى قوشقاندىمۇ ئوتتۇز نەچچىدىن ئاشمايتتى، بۇلارنى بۇ ئىشلارغا يېتىشتۇرۇپ كېتىش قىيىن ئىدى. شۇڭا، فېڭجيې: «ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ مۇسىبىتىگە كەلگەندە، شەرقىي قەسىردىكىچىلىكمۇ ئادەم قالماپتۇ» دەپ ئويلاپ قالدى. جاڭزىدىكىلەردىن بىرنەچچىنى ئاجرىتىپ بېقىۋىدى، بۇمۇ يېتىشمىگۇدەك، فېڭجيې شۇ چوتنى سوقۇپ ئولتۇرغاندا، بىر چوڭ قىز كىرىپ:

— خېنىم، ئۆزلىرىنى يۈەنياڭ ئاچام تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى. فېڭجيې چىقماي بولمىدى. يۈەنياڭ قار ـ يامغۇر يىغلاپ ئولتۇراتتى، فېڭجيې كىرىشىگىلا ئۇنىڭغا ئېسىلىپ:

— خېنىم، ئولتۇرسىلا، مەن ئۆزلىرىگە تەزىم بېرەي. قارىلىق ئىچىدە تەزىم بېرىشكە بولمىسىمۇ، بۇ تەزىمنى بەرمىسەم بولمايدۇ! — دېدى ـ دە، تىزلىنىپ ئولتۇردى. ھودۇقۇپ قالغان فېڭجيې ئىلدام ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— بۇ نېمە تەزىم؟ گېپىڭ بولسا تۈزۈك ئېيت! — دېدى ۋە تىزلىنىپ ئولتۇرغان يۈەنياڭنى تارتىپ قوپۇرۇپ قويدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ مۇسىبىتىدە ئىچكى ـ تاشقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى جيا ليەن بېگىم بىلەن خېنىم ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدا، بۇنىڭغا كېتىدىغان كۈمۈشنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆمرىدە پۇلنى بىھۇدە بۇزۇپ ـ چاچقان ئەمەس. بۇگۈن بېشىمىزغا شۇنچىلىك چوڭ ئىش كەلدى، خېنىم، ئۆزلىرىدىن تىلەيدىغىنىم، بۇ ئىشنى ئۆز ئابرۇيىمىزغا تايىنىپ چىرايلىق قىلساق! مەن ھېلى چوڭ بېگىمنىڭ «شېئىرىيەت دەستۇرىدا دېيىلىدۇكى»، «كۆڭزى

ئېيتىدۇكى» دەۋاتقانلىرىنى ئاڭلىدىم، بۇنى مەنمۇ چۈشەنمەيدىكەنمەن، يەنە قانداقتۇر «ئۆلۈم مەرىكىسى ئاددىي بولسۇنكى، ئۇنىڭ ھەشەمىتىدىن كۆرە ھەسرەت چەككەن تۈزۈك» دەيدۇ، بۇ گەپنى تېخىمۇ ئۇقمىدىم. باۋچەي خېنىمدىن سورىسام، ئۇ: بېگىم ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى دەپنە قىلىشتا قايغۇ ـ ھەسرەت چەكسەكلا چىن ۋاپادارلىق قىلغان بولىمىز، چىرايلىق بولسۇن دەپ ئىسراپچىلىق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دېمەكچى، دەۋاتىدۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدەك مۇشۇنداق كىشىنى نېمىشقا ئابرۇيى بىلەن چىرايلىق ئۇزاتمايدىكەنمىز؟ دەپ ئويلاۋاتىمەن. مەنغۇ بىر چۆرە قىز، بىرنېمە دېيىشكە ھەددىم بارمۇ؟ بىراق، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سىلى ئىككىمىزگە كۆيۈنەتتى، ئەمدى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنىڭ ئابرۇيىنى قىلمايمىزمۇ؟ خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدۇ، شۇڭا مەن ئۆزلىرىنى بىرەر ئەقىل كۆرسىتەر دەپ تەكلىپ قىلغانىدىم. مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا بەخشەندە قىلىنغان ئادەممەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆلۈپ كەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشىم كېرەك. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم، كېيىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن.

فېڭجيېغا بۇ گەپلەر غەلىتە ئاڭلاندى.

— خاتىرجەم بول، — دېدى ئۇ، — چىرايلىق ئۇزىتىش تەس ئەمەس. بېگىم تېجەشلىك بولسۇن دېگەن بولسىمۇ، داغدۇغىسى ئۆز يولىدا بولماي قالمايدۇ. بۇ كۆمۈشلەرنىڭ ھەنىۋاسى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا خەجلىنىپ كەتسىمۇ ئورۇنلۇق بولىدۇ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزگە قالسۇن، دەپ ۋەسىيەت قىلغان، يېتىشمەي قالىدىغان يېرى بولسا، بۇ نەرسىلەرنى ئاچقىپ پۇل قىلدۇرۇپ ئۆكسۈگەن يېرىگە لازىم قىلىۋەرسىلە. بېگىم بىرنېمە دېگەن بىلەنمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ۋەسىيىتىگە گەز كەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلۇغ

ئاغىچا خېنىم بۇنى تاپشۇرغان چاغدا بېگىم ئۆزىمۇ مۇشۇ يەردە ئاڭلاپ تۇرغان ئەمەسمۇ؟

— سەن ئىلگىرىدىنلا بەك ئوڭلۇق ئىدىڭغۇ، ئەمدى نېمىشقا مۇنچە ھودۇقۇپ كېتىدىغانسەن؟ — دېدى فېڭجيې.

— ھودۇققىنىم ئەمەس، — دېدى يۈەنياڭ، — مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم، چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى يوق، بېگىم بولسا داۋراڭ بولۇشىدىن قورقۇۋاتىدۇ. ناۋادا خېنىم ئۆزلىرىمۇ بېگىمگە ئوخشاش مۇسادىرە قىلىنغان خاندانىنىڭ مۇسىبەت ئىشى يەنە شۇنداق ھەشەمەتلىك بولۇپ كەتسە، كېيىنكى كۈندە يەنە مۇسادىرە قىلىنىپ قالمىزمىكىن دېگەن ئويدا بولۇپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى ئېتىبارغا ئالماي قالسىلا قانداق قىلغۇلۇق؟ مەنغۇ بىر دېدەك، ياخشى بولامدۇ، يامان بولامدۇ، بۇنىڭ ماڭا ھېچبىر پايدىسىمۇ يوق، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، مۇشۇ يەرنىڭ شۆھرىتى - دە !

— مەقسىتىڭنى ئۇقتۇم. خاتىرجەم يۈرىۋەر، مەن بار.

يۈەنياڭ ئۇست - ئۇستىلەپ رەھمەت ئېيتىپ، بۇ ئىشنى فېڭجيېغا ھاۋالە قىلغان بولدى.

«يۈەنياڭ غەلىتىلا بىرنېمىكەن ! بۇنىڭ قورسىقىدا نېمە جىن باردۇ؟ قائىدە بويىچىغۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئابرۇيىنى قىلىش كېرەك ئىدى. ۋاي - ۋوي ! ئۇنىڭ بىلەن چاتىقىم بولمىسۇنا، خاندانىمىزنىڭ ئىلگىرى قىلغىنىدەك قىلىۋەرمەمدىم.» فېڭجيې شۇ خىيال بىلەن ئۇ يەردىن يېنىپ چىقىپ، ۋاڭئېرنىڭ ئايالىنى قىچقىرىپ، جيا ليەن بېگىمنى چاقىرتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

ئۇزاق ئۆتمەي جيا ليەن كىردى:

— مېنى نېمىگە ئىزدەپ قالدىڭ؟ سەن ئىچكىرىدىكى ئىشلارغا قاراشساڭلا بولىدىغۇ. بۇ ئىشقا بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىملار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. شۇلار قانداق بولسۇن دېسە بىز شۇنداق قىلىمىز.

— سىزمۇ شۇ گەپنى قىلىۋاتىسىزغۇ؟ يۈەنياڭنىڭ دېگەن گەپلىرى راستمۇ نېمە؟

— يۈەنياڭ نېمە دەپتىكەن؟

فېڭجيې يۈەنياڭنىڭ ئۆزىنى چاقىرتىپ ئاپىرىپ قىلغان گەپلىرىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنىڭ گېپى گەپمۇ! — دېدى جيا ليەن، — بايا بېگىم مېنى قىچقارتىپتىكەن، بارسام: «ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ دەپنە ئىشىنى ئەلۋەتتە ئىخلاس بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەك. لېكىن، بىلگەنلەرغۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاخىرەتلىكىنى ئۆزى تەييارلىغان، دەر، بىلمىگەنلەر بىزنى بايلىقنى يوشۇرۇپ تىقىۋاپتىكەن، مانا ئەمدى قىسىلماي باياشات ئۆتۈۋاتىدۇ، دېمەمدۇ؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇ كۆمۈشلىرىنى ئىشلىتىپ بولالمىساق، قالغىنىنى كىم ئېلىۋالاتتى؟ يەنە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىغا سەرپ قىلمامدۇق. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم جەنۇبلۇق، ئۇ يەردە قەبرىستانلىق بولسىمۇ، ۋەخپە ئۆيلىرى يوق. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ جەسىتى جەنۇبقا يۆتكەپ كېتىلىدۇ. بۇ كۆمۈشلەرنى ئېلىپ قويۇپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئۆي سالدۇرساق، ئۇنىڭدىن ئاشقىنىغا يۇز موچە ۋەخپە يەر قىلىپ قويساق ئوبدان ئەمەسمۇ. كېيىن قايتىپ كەتسەكمۇ تېنىمەيمىز. قايتىپ كېتەلمىسەك، نامرات قوۋم - قېرىنداشلىرىمىزنى ئولتۇرغۇزۇپ قويساق، ھېيت - ئايەملەردە ئۇلار كۆجە يېقىپ، پات - پات نەزىر - چىراغ قىلىپ، قەبرىلەرنى سۈپۈرۈپ تۇرىدۇ، دەيدۇ. ئويلاپ باقە، بۇ ئەقىل دۇرۇس ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ گېپىڭچە، بۇ كۆمۈشنىڭ ھەنىۋاسىنى خەجلىۋېتەمدۇق؟

— كۆمۈشنى چىقارتىپ بەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— كۆمۈشنى كىم كۆرۈپتۇ! مەن شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بېگىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپلا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن بېگىمگە: «بۇ ئوبدان ئەقىل بولدى» دەپ، ھەدەپ ۋەسۋەسىگە

سىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. مەن قانداق قىلاتتىم؟ شۇ تاپتا تالادىكى لەمپە ـ لاپاس، تاۋۇت كۆتۈرىدىغان بالداقلار ئۇچۇن بىرنەچچە يۈز سەر كۈمۈش لازىم ئىدى. تىختچە بەرمەيۋاتىدۇ. ئالغىلى كىرسەم، ھەممىسى: پۇل بار، تالادىكىلەر ئاۋۋال ئىشنى پۈتكۈزۈپ، ئاندىن ھېسابلاشسۇن، دەيدۇ. ئويلاپ باققىنا، بۇ مالايلارنىڭ قول ئىلكىدە بارلىرى ئاللىقاچان تىگىۋەتكەن. رويخەتكە قاراپ چاقىرتساڭ، بەزىسىنى ئاغرىق، دەيدۇ، بەزىسىنى جاڭزىغا كەتتى، دەيدۇ. مىڭىشقا مادارى يوق بىرنەچچىسىلا قاپتۇ، ئىلىشقىلا تۇرغان خەق بېرىشكە ئۇنايدۇ دەمسەن؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ فېڭجيې بىرھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن:

— ئۇنداق بولسا قانداق بىر ئىش قىلىمىز! — دېدى.

شۇنداق دېيىشىۋاتقاندا بىر دېدەك كىرىپ:

— چوڭ ئاغىچا خېنىم: بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى بولۇپ قالدى، ئىچكىرىدىكى ئىشلار تېخىچە مالىمان پېتى يېتىپتۇ، غىزا بېرىمىز دەپ قويۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى ساقلىتىۋېرەمدۇق؟ چاقىرىپ بىرھازادىن كېيىنمۇ سېيى چىقسا ئىشى يوق، بۇ قانداق ئىش باشقۇرغانلىق؟ ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا بېرىپ دېگىن دەپ مېنى كىرگۈزدى، — دېدى.

فېڭجيې ئالدىراپ كىرگەن پېتى ئادەملەرگە توۋلاپ يۈرۈپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئەتىگەنلىك غىزانى چىقارتىپ بېرىۋەتكەن بولدى. قېرىشقاندەك، شۇ كۈنى كەلگەن ئادەملەرمۇ كۆپ ئىدى، ئىچكىرىدىكىلەرنىڭ خۇيى تۇتۇپ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. فېڭجيې ئۇ يەردە بىردەم ھە ـ ھۇ دېيىشكەندىن كېيىن، خىزمەتكارلارنى ئىشقا بۇيرۇشنىڭ غېمىدە ئالدىراپ يەنە يېنىپ چىقتى ۋە ۋاڭئېرنىڭ خوتۇنىغا خانىدانىدىكى خىزمەتكار خوتۇنلارنىڭ جىمىسىنى چاقىرتقۇزۇپ، بىر ـ بىرلەپ ئىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار بولسا، خوش دەپ قويۇپ مىدىرلىماي تۇرۇشاتتى.

— نەۋاق بولدى، نېمىشقا تېخىچە غىزا تارتىشمايسەن؟ —

دېدى فېڭجيې.

— غىزانى تارتماق ئوڭاي، — دېدى ئۇلار، — ئىچكىرىدىن بېرىلىدىغان نەرسىلەر چىقارتىپ بېرىلگەن بولسا، ئاندىن بىزمۇ شۇنىڭ پېيىدە بولاتتۇق.

— ھوي بىغەرەزلەر ! سەنلەرنى بۇ ئىشقا تەيىن قىلىپ قويغاندىكىن ئۇ نەرسىلەر كەم بولامتى ! — دېدى فېڭجيې. كۆپچىلىك نائىلاج زورىغا ماقۇل دەپ ئىشقا مېڭىشتى.

فېڭجيې شۇ زامان لازىمەتلىك جابدۇقلارنى تارقىتىپ بەرمەكچى بولۇپ تۆر ئۆيگە كىرىپ، شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملاردىن يولىيورۇق سورىماقچى بولدى - يۇ، ئادەم جىقلىقىنى كۆرۈپ ئېيتالمىدى. قارىسا، كۈن قايرىلغان، نائىلاج يۈەنياڭنى تېپىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ساقلاپ قويغان جابدۇقلارنى سورىدى.

— سىلى تېخى مەندىن سورايلىغۇ ! — دېدى يۈەنياڭ، — قايسىبىر يىلى جيا ليەن بېگىم گۆرۈگە قويۇۋەتكەن ئەمەسمىدى، قايتۇرۇۋالمىغاندۇ؟

— ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغانلىرىنى ئىشلەتمەيمىز، — دېدى فېڭجيې، — ھېلىقى ئادەتتە ئىشلىتىپ يۈرگەنلىرى بولسىلا بولدى !

— چوڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن يۇ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇجرىلىرىدا ئىشلىتىۋاتقىنى نەدىن كەپتىكەن؟ — دېدى يۈەنياڭ. فېڭجيې ئاندىن ئېسىگە ئېلىپ ئارقىسىغا ياندى - دە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە بېرىپ، يۈيچۈەن، سەييۈنلەرگە ئېيتىپ بىر يۈرۈش جابدۇق ئېلىپ چىقتى ۋە شۇ زامان سەيمىڭغا دەپتەرگە ئالدۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن ھەرقايسىسىغا تارقىتىپ بەردى.

يۈەنياڭ فېڭجيېنىڭ تەمتىرەپ يۈرۈشلىرىدىن ھەيران قالدى، ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋېلىشقا ئەپسىزلىنىپ، ئىچىدە: «ئۇ بۇرۇن ئىش باشقۇرسا ئەجەب چاققان، ئورۇنلۇق باشقۇراتتى،

www.uyghurkitap.com

بۈگۈن نېمانچە دۆتلىشىپ كېتىۋاتقاندۇ! قارىسام، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى قىلغان ئىشىنىڭ باش ـ ئايىغى يوقلا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا بىكارلا كۆيۈپتىكەن ـ دە!» دەپ ئويلاپ قالدى. جيا جېڭنىڭ قىلغان گەپلىرى شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كەلگۈسىدە مەئىشەتتە مۈشكۈللۈكتە قالمىز دەپ يەۋاتقان غېمىگە ئۇدۇل كېلىپ، ئۇنىڭ كېيىنلىك ئۈچۈن بىرئاز نەرسە ئېلىپ قېلىشقا تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى يۈەنياڭ نەدىن بىلسۇن؟ يەنە كېلىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىشلىرىغا چوڭ ئوغلى ئىگىدارچىلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، جيا شې ئۆيدە يوق ئىدى، جيا جېڭ ئەدەپ ـ قائىدىدە چىڭ ئادەم بولغاچقا، نېمىلا ئىش كەلسە: «چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولسۇن» دەپلا تۇراتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم بولسا فېڭجيېنىڭ قولى ئوچۇقلۇقىنى، جيا لىيەننىڭ شەيتانلىقىنى ئىلگىرىدىن بىلگەچكە، پۇلنى بەرمەي ئۆلگۈدەك چىڭ تۇتۇۋاتاتتى. يۈەنياڭ بولسا بۇ پۇللار ئاللىقاچان بېرىلىپ بولدى دەپ بىلىپ، فېڭجيېنىڭ قىلىۋاتقان بۇ سۇسلۇقلىرىدىن ئۇنى بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىلدى ـ دە، جيا ئانىنىڭ تاۋۇتى ئالدىغا كېلىپ زار ـ زار يىغلىغىلى تۇردى.

شىڭ ئاغىچا خېنىملار ئۇنىڭ قاقشاشلىرىدىن گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى پەملەپ، ئۆزلىرىنىڭ فېڭجيېنىڭ ئىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرمىگەنلىكىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ:

— فېڭجيې قىز دەرۋەقە ئانچە كۆڭۈل بۆلمىدى! — دېيىشتى. كەچتە ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ فېڭجيېنى چاقىرتىپ كېلىپ گەپ قىلدى:

— خانىدانىمىزنىڭ قولى قىسقىراپ قالدى دېگەندىمۇ، سىرتتىكى ئابرۇيى يەنىلا كېرەك. ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى پەتىچىلەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلارنى تۈزۈك ئۇزىتالمايۋاتىمىز، ئىشلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرمىغان ئوخشايسەن، بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئاز ـ تولا باش قاتۇرۇپ قويساڭ

بولارمىكىن.

فېڭجيې بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىردەم قېتىپ قالدى. پۇلنىڭ قولغا تەگمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتماقچى بولدى، لېكىن پۇل سىرتتىكىلەرنىڭ ئىشى ئىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇزىتىشنىڭ جايىدا بولمايۋاتقانلىقىدىن گەپ قىلىۋاتاتتى. شۇ ۋەجىدىن فېڭجيې ئۆزىنى ئاقلاشقا پېتىنالماي، شۇك تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

— قائىدە بويىچىمۇ، بۇ بىز كېلىنلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئىدى، نەۋرە كېلىنلەرنىمۇ ئارىلاشتۇرمايتتۇق، — دېدى بىر چەتتە ئولتۇرغان شىڭ ئاغىچا خېنىم، — بىراق بىز قېرىلىپ قالغاچقا، ئىشلارنى سىزگە ھاۋالە قىلغان. سىز بۇنىڭدىن باش تارتسىڭىز بولمايدۇ!

فېڭجيې تاتىرىپ كېتىپ، بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، تالادىن دۇمباق، سۇنايلارنىڭ ساداسى ئاڭلاندى، گۇگۇم چۈشۈپ، قەغەز كۆيدۈرۈش ۋاقتى بولغانىدى، ھەممىسى ئادەم ھازا ئېچىپ يىغا - زار قىلىشقا باشلاپ، ئۇنىڭ گەپ قىلىشىغا ئىمكان بولمىدى. سەل تۇرۇپ دېمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى چىقىپ ئىشىنى قىلىشقا ئالدىرىتىپ:

— بۇ يەردە بىز بار، سەن چاپسان بېرىپ ئەتىنىڭ ئىشلىرىنى جايلاشتۇرۇپ قوي، — دېدى.

فېڭجيې قايتا ئېغىز ئېچىشقا پېتىنماي، ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ ھەسرەت بىلەن يېنىپ چىقتى ۋە جىمى خىزمەتكارلارنى يىغدۇرۇپ، ئۇلارغا ئىش ئورۇنلاشتۇردى، ئارقىدىن:

— ئانىكىلار، ھاممىلار، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن! سىلەر ئوبدان ئىشلىمەي، يۇقىرىدىن بىرمۇنچە گەپ ئىشىتتىم، خەقمۇ زاڭلىق قىلىدىكەن، ئەتە نېمىلا بولسا بىرئاز جاپا تارتساڭلار! — دېدى.

— خېنىم، — دېدى ھېلىقىلار، — ئۆزلىرىنىڭ مۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئىشلارنى باشقۇرۇشلىرى ھازىرقى مۇشۇ بىر قېتىملا ئەمەسقۇ؟ سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىماسلىقتا بىزنىڭ ھەددىمىزمۇ؟ بۇ قېتىمقى ئىشتا يۇقىرىدىكىلەر بىزنى بەك قىيناپ كېتىۋاتىدۇ! مۇشۇ بىر ۋاخلىق غىزا تارتىنىشىنىلا ئېيتساق، غىزانى شۇ يەردە يەيمىز دېگەنلىرىمۇ بولدى، ھۇجرىمىزدا يەيمىز دېگەنلىرىمۇ بولدى، بۇ خېنىمنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىرسەك، ئۇ خېنىم يوق. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، قانداقمۇ ھەممەيلەنگەن تەڭ داستىخان سالغىلى بولىدۇ؟ سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالايلى، ئاۋۇ چۆرە قىزلارغا نەسىھەت قىلىپ قويغان بولسىلا، تولا بىزنىڭ ئىشىمىزدىن قۇسۇر چىقىرىپ كەتمىسە.

— بىرىنچى قاتاردىكىلىرى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ دېدەك-لىرى، ئۇلارنى باشلىماق قىيىن، ئاغىچا خېنىملارنىڭكىگىمۇ گەپ يېگۈزمەك تەس، شۇنداق تۇرسا مەن ئۇلارنىڭ قايسىسىغا بىرنېمە دەپ بولاي!

— خېنىم، — دېدى ئۇلار، — بۇرۇن ئۆزلىرى شەرقىي قەسىردە ئىش باشقۇرۇشۇپ بەرگەن چاغلىرىدا، ئۇرغۇلىرى كەلسە ئۇرۇپ، تىللىغىلىرى كەلسە تىللاپ، تىغدەك قادىلىپ تۇرغاندىلىغۇ؟ گەپلىرىگە كىرمەسلىككە كىمنىڭ ھەددى بولغان؟ مانا ئەمدى مۇشۇ قىزلارنىمۇ جىمىقتۇرالماس بولۇپ قالدىلىمۇ؟

— شەرقىي قەسىرنىڭ ئىشىنى ئۇلارنىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن باشقۇردۇم دېگەن بىلەنمۇ، ئاغىچا خېنىملار شۇ يەردە بولغاچقا، ئۇ يەردىكىلەرگە گەپ-سۆز قىلىشقا تەپ تارتاتتى، — دېدى فېڭجېي ئۇھسىنىپ، — ئەمدىكىسى ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، ھەممە ئادەمنىڭ گەپ قىلىشقا ھەققى بار. يەنە تېخى تاشقىرىدىن بىزگە بېرىدىغان پۇلمۇ جانغا ئەسقاتمايۋاتامدۇ. چاراڭغا ئىشلىتىشكە بىرنەرسە لازىم بولسا، خەۋەر قىلساڭمۇ زادى ئەكىرىپ بېرىشمەيدۇ، شۇنداق تۇرسا ماڭا نېمە ئىلاج؟

— جيا ليەن بېگىم تاشقىرىدىغۇ، ئىلاجىنى قىلمامدۇ؟

— نەدىكىنى! ئۇمۇ ئۇ يەردە تەڭلىكتە. مۇھىمى، پۇل ئۇنىڭ قولىدا ئەمەس، نېمىلا كېرەك بولسا، شۇنى مەلۇم قىلىپ تۇرىدىغان گەپ، نەدە ئۇنداق ئوڭاي ئىش بولسۇن؟

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاخىرەتلىكىگە ساقلىغان كۈمۈشلىرى جيا ليەن بېگىمنىڭ قولىدا ئەمەسمۇ؟

— بۇنى سەل تۇرۇپ غوجىدارلاردىن سوراپ باقساڭلار بىلىسىلەر.

— ئەسلىدە مۇنداق گەپ ئىكەن - دە! — دېيىشتى كۆپچىلىك، — تالادىكى ئەرلەرنىڭ: «شۇنچىزە چوڭ ئىشنىڭ زادى نېمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايلا كېتىۋاتىمىز، يەنە كېلىپ ئىشنىڭ ئېغىرى بىزنىڭ!» دەپ غۇتۇلدىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق، ئۇنداق بولسا قانداقمۇ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارغىلى بولسۇن؟

— ئەمدى بۇ گەپنى قويۇڭلار، — دېدى فېڭجيې، — ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىڭلارغا پۇختىراق بولۇڭلار. ناۋادا چاتاقنى سىلەر چىقىرىپ، كاساپىتىگە مەن كېتىدىغان بولسام، ئۇ چاغدا سىلەرنى ئايىمايمەن.

— ئۆزلىرى قانداق قىل دېسىلە، شۇنداق قىلىمىز، سىلىدىن ئاغرىنىشقا ھەددىمىزمۇ؟ بىراق يۇقىرىدىكىلەردىن ئۇ بىرنېمە، بۇ بىرنېمە دەپ يۇرىۋەرسە، ھەممىگە تەڭ يېتىشەلمەيدىكەنمىز.

فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىلاجسىزلىقتىن ئۇلارغا يالۋۇردى:

— جېنىم ئانىكىلار، ئەتە ماڭا بىر كۈنلا ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرىڭلار، مەن ئۇ قىزلارنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن بىرنېمە دېيىشەرمىز.

كۆپچىلىك بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ، ئۆز ئىشىغا مېڭىشتى.

فېڭجيې ئەلەمگە چىدىماي، ئويلىغانسېرى قورسىقى كۆپۈپ تاڭنى ئاتقۇزدى، ئەتىسى يەنە بېرىشقا توغرا كەلدى. ھەرقايسى

يەرلەردىكى ئادەملەرنى رەتكە سالاي دېسە، يەنە شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ خاپا بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى؛ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئېيتاي دېسە، شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشىدىن قورقاتتى. دېدەكلەر بولسا شىڭ ئاغىچا خېنىم باشلىق كاتتىلارنىڭ فېڭجيېنىڭ ھەيۋىتىگە مەدەت بەرمەيۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇنى تېخىمۇ بوزەك قىلغىلى تۇردى. ھېلىمۇ ياخشى پىڭئېر فېڭجيېنىڭ يېنىنى ئېلىپ:

— ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىڭ بەكمۇ ئوبدان قىلغۇسى بار ئىدى، بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىملار سىرتتىكىلەرگە ئىسراپچىلىق قىلىنمىسۇن دەپ تاپىلىغانلىقى ئۈچۈنلا ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا تازا كۆچىيەلمەيۋاتىدۇ، — دەپ بىرقانچە قېتىم ئېيتقاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇلار بىرئاز جىمىققان بولدى.

راھىب ـ دەرۋىشلەر تىلاۋەت قىلىپ ئىستىغپار ئوقۇۋاتاتتى، ھازا تۇتۇلۇپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى، پاتىھەچىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى، بىراق پۇل خەجلەشتە بېخىللىق قىلىنىۋاتقاچقا، كىمنىڭمۇ پايپېتەك بولۇپ ئىشلىگۈسى كەلسۇن؟ ھەممىسى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ بولدى قىلاتتى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ۋاڭ ـ بېگىملەرنىڭ خانىشلىرىمۇ خېلى كەلدى، فېڭجيې بۇلارنى كۈتۈشكە سورۇنغا چىقالماي، تۆۋەندىكى ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ كەتتى. بىرسىنى چاقىرتسا، يەنە بىرسى كېتىپ قالاتتى، جىددىيلىشىپ كەتكەندە خىزمەتكارلارغا يالۋۇراتتى، ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىر ئىشنى يوللىۋەتسە، يەنە بىر ئىش كەپلىشىپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋالدىن يالغۇز يۈەنياڭ قاتارلىقلار ئەمەس، فېڭجيېنىڭ ئۆزىمۇ رازى ئەمەس ئىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم چوڭ ئوغلىنىڭ ئاغىچىسى بولسىمۇ، «قايغۇ ـ ھەسرەت چەكمەك ۋاپادارلىق» دېگەن گەپكە ئېسىلىۋېلىپ، ھېچ ئىشنىڭ ئىزدەك ـ سورىقىنى قىلمايتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بولسا شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ رايىغا بېقىپ

ئىش قىلاتتى، قالغانلار بولسا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. پەقەت لى ۋەنلا فېڭجيېنىڭ دەردىنى بايقىدى، بىراق ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ گەپ ـ سۆز قىلىپ قويۇشقا ئاجىز كېلىپ، ھەسرەت بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە دەيتتى: قەدىمكىلەرنىڭ «مودەنگۈل يېشىل ياپراقلىرى بىلەن چىرايلىق» دېگەن تەمسىلى بار ئىكەن، فېڭجيېغا ئاغىچا خېنىملار ئارا تۇرۇشۇپ بەرمەيۋاتسا، باشقىلار ئۇنىڭغا بولۇشاتتىمۇ؟ تەنچۈن خان قىز بولغان بولسا ياخشى بولاتتى، ھازىر فېڭجيېنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق بىرنەچچە ئادىملا قارىسىغا شاپاشلاۋاتىدۇ. شۇلارمۇ ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، بىرەر ـ تىيىنىنىڭ قارىسىنى كۆرمىدۇق، ئازراقمۇ يۈزىمىزنى قىلمايۋاتىدۇ، دەپ غودۇڭشىپ ئاغرىنىۋاتىدۇ. جيا جېڭ بېگىم بولسا ۋاپادارلىقنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ھازا تۇتۇپلا ئولتۇردى. خوجىلىق ئىشلىرىنىمۇ ئانچە ئۇقمايدۇ. شۇنچىزە چوڭ ئىشنى بىزە بولسىمۇ پۇل خەجلىمەي تۈگەتكىلى بولامدۇ؟ بىچارە فېڭجيېنىڭ نەچچە يىلدىن پايپېتەك بولۇپ كېلىپ، ئەمدى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىشىغا كەلگەندە يۈزى كېتىدىغان ئوخشايدۇ!»
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى دېدەك ـ چۆرىلەرنى چاقىرىپ ئۇلارغا تاپىلىدى:
— سىلەرمۇ باشقىلارنى دوراپ جيا لىيەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسىغا گەدەنكەشلىك قىلىپ قويماڭلار. قارىلىق تۇتۇپ جەسەت ساندۇقى يېنىدا ھازىدار بولساقلا كاتتا ئىش قىلغان بولىمىز. بىرنەچچە كۈننىڭ بولسىمۇ ئۆتكىنى ھېساب دەپ ئويلىماڭلار، ئاۋۇلار بىر قولىنى ئىككى قىلالمايۋاتقاندا، ھە ـ ھۇ دېيىشىپ قارىشىپ بەرسەڭلار ھېچنېمە بولمايدۇ. بۇ ھەممىمىزنىڭ ئىشى، ھەممەيلەن كۈچ چىقىرىشقا تېگىشلىك.
ئىلگىرىدىن لى ۋەنگە قايىل بولۇپ كەلگەنلەر ئۇنىڭ سۆزىنى خوپ كۆرۈپ:
— چوڭ كېلىن ئاغىچىنىڭ دېگەنلىرى بىردىنبىر توغرا، بىزنىڭ ئۇنداق بولۇۋېلىشقا ھەددىمىز ئەمەس. بىراق، يۈەنياڭ

ئاچىلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىساق، ھەممىنى جيا لىيەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسىدىن كۆرۈشۈۋاتقاندەك تۇرىدۇ، ـــ دېيىشتى.

ـــ يۈەنياڭغىمۇ ئېيتىپ قويىدۇم، ـــ دېدى لى ۋەن، ـــ مەن ئۇنىڭغا: جيا لىيەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ مۇسىبەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن يەردە ئەمەس. پەقەت پۇللا ئۇنىڭ قولىدا بولمايۋاتىدۇ، دېدىم. موللامنىڭ گۆشى بولمىسا قۇشناچىمنىڭ ئىشى ئوخشامدۇ؟ ئەمدىلىكتە يۈەنياڭمۇ چۈشىنىپ ئۇنىڭدىن ئاغرىنمايدىغان بولدى. بىراق، يۈەنياڭنىڭ ئۆزى ئىلگىرىكىدىن باشقىچە بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ، بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا قىلاتتى، ئۇمۇ ئانچە ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ كەتمەيدىغان. مانا ئەمدى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆلۈپ كېتىپ ھىماتسىز قېلىشۇدى، قارىسام، خوي ـ پەيلى ئۆزگىرىپ قالغاندەك قىلىشىۋاتىدۇ. مەن بۇرۇن ئۇنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ھازىر بەختىگە يارىشا ئۇلۇغ بېگىم خانداندا بولماي قېلىپ ئۇ ئارام تېپىپ قالدى، بولمىسا ئۇنىڭ نېمە ئىلاجى بولاتتى؟

مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا جيا لەن كىردى:

ـــ ئانا، ـــ دېدى ئۇ، ـــ ئەمدى يېتىپ ئۇخلاڭ، ئەتىدىن كەچكىچە كېلىم ـ كېتىمچىلەر بىلەن بولۇپ ھېرىپمۇ قالغانسىز، ئارام ئېلىڭ. مەن مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى كىتابلىرىمنى قولۇمغا ئېلىپمۇ باقماپتىمەن، بۈگۈن بوۋام ئۆيدە يېتىشىمغا رۇخسەت قىلىشۇدى، بەك خۇش بولۇپ كەتتىم. بىر ـ ئىككى كىتابىمنى تەكرارلىۋالاي، مۇسىبەت كۈنلىرى ئۆتۈپ بولغۇچە ھەممىنى ئۇنتۇپ قالماي يەنە.

ـــ جېنىم بالام، كىتاب ئوقۇش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، بۈگۈنچە ئارام ئېلىپ تۇر، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىپ بولغاندا ئاندىن ئوقۇغىن.

ـــ ئانا، سىز ئۇخلايدىغان بولسىڭىز، ئورۇندا يېتىپ ئىچىمدە تەكرارلىسامۇ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— غوجام يارايدۇ! — دەپ ماختاشتى بۇ گەپنى ئاڭلىغان باشقىلار، — كىچىككىنە تۇرۇپ بوش ۋاقىت تاپسىلا كىتابنى ئويلىغىنىنى قاراڭلار! باۋيۇي غوجامغا ئوخشىمايدىكەن، ئۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان تۇرۇپمۇ مىجەزى يەنە شۇ كىچىك بالىدەكلا. نەچچە كۈندىن بېگىمنىڭ كەينىدە تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىنى بىلەن، قارىساق، خۇشياقمىغاندەك ئولتۇرىدۇ، بېگىم ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ قالسىلا يۈگۈرۈپ باۋچەي خېنىمنىڭ قېشىغا كېلىۋېلىپ بىرنېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلايدۇ. شۇنداق قىلىۋېرىپ، ھەتتا باۋچەي خېنىممۇ زېرىكتۇرۇپ سىنەكمەس قىلىۋەتتى. ئاندىن باۋچىن خان قىزنىڭ قېشىغا بېرىۋىدى، ئۇ قىزمۇ قاچىدىغان بولدى. شيۇيەن خان قىزمۇ ئۇنىڭغا ئانچە گەپمۇ قىلمايدۇ. پەقەت ئۆز خاندانىمىزدىكى شىرىن قىز، تۆتىنچى خان قىز دېگەندەكلەرگىلا بولۇپ بەردى. «غوجام» ئۇنداق، «غوجام» مۇنداق دېيىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ يۈرىدۇ. قارىساق، باۋيۇي غوجامنىڭ كۆڭلىدە خېنىم - قىزلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈشتىن باشقا ئىشى يوق ئوخشايدۇ. ئىسىت، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە قىلغان ئەقىدىسى! جيا لەن غوجامنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرىنقىغىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ. چوڭ كېلىن ئاغىچا، ئۆزلىرى كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ غېمىنى يېمىسىلىمۇ بولغۇدەك!

— ئۇ ياخشى بولغىنى بىلەن تېخى كىچىك - دە، — دېدى لى ۋەن، — بۇ چوڭ بولغۇچە خاندانىمىز قانداق بولۇپ كېتەركىنتاڭ! سىلەرچە جيا خۇەن غوجام قانداقراق؟

— ئۇ تېخىمۇ زاڭلىشىپ كەتتى! — دېيىشتى كۆپچىلىك، — كۆزلىرىنى مايمۇننىڭ كۆزىدەك قىلىپ قارىمايدىغان يېرى يوق، ھۆكۈرەپ يىغلاۋاتقىنى بىلەن خېنىم - قىزلارنىڭ كەلگىنىنى كۆرسىلا، قارىلىق پەردىسىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئوغرى مۈشۈكتەك قاراپ كېتىدۇ!

— ئۇنىڭ يېشىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدى، — دېدى لى

ۋەن، — قايسى كۈنى ئۈنىڭ لايىقىغا چاي ئىچۈرىدىغانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانىدىم، ئەمدى هازىر يەنە تۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى ـ دە. هە راست، يەنە بىر ئىش بار ئىدى: بىزنىڭ خانىدانىمىزدىكىلەرنى ... هەي، بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ! بولدىلا بۇ قۇرۇق گەپنى قىلمايلى، ئۆگۈنلۈككە مېيىتنى ئۇزاتساق هەرقايسى هۇجرىلارنىڭ مەپىلىرى قانداق بوپتۇ؟

— جيا ليەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسى، — دېدى كۆپچىلىك، — بىرنەچچە كۈندىن بېرى پاراكەندىچىلىكتە ئېسىنى يوقىتىپ قويىدىمۇ قانداق، بىرنېمە دەپ بۇيرۇغىنىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق. تۈنۈگۈن تاشقىرىدىكى ئەرلەرنىڭ: جيا لېيەن بېگىم بۇنىڭ غېمىنى قىلىشقا جيا چياڭ بېگىمنى بۇيرۇدى دېيىشىۋاتقىنىنى ئاڭلىغانىدۇق، خانىدانىمىزنىڭ مەپىلىرىمۇ يېتىشمەيمىش، مەپىكەشلەرمۇ ئاز ئىكەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭكىدىن ئۆتنە ئالىدىغان ئوخشايمىز.

— مەپىنىمۇ ئۆتنە ئالامدىكەن؟ — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، خېنىم، — دېدى كۆپچىلىك، — مەپىنى نېمىشقا ئۆتنە ئالمايدىكەن؟ شۇ كۈنى ھەممىسى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا مەپە لازىم بولىدۇ، شۇڭا ئۆتنىگە مەپە چىقمىغاندىلا سىرتتىن مەپە ياللاشقا توغرا كېلىدۇ.

— تۆۋەندىكىلەرنىڭ چۈشىدىغىنىنىغۇ ياللىماي بولماس، — دېدى لى ۋەن، — كاتتىلار چۈشىدىغان ئىككى ئاق مەپىنىمۇ ياللاش كېرەكمۇ؟

— شۇ تاپتا، — دېدى كۆپچىلىك، — چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭمۇ، شەرقىي قەسىردىن كېلىدىغان چوڭ كېلىن ئاغىچا بىلەن جيا رۇڭ بېگىمنىڭ ئاغىچىسىنىڭمۇ مەپىسى يوق، ياللىمىساق نەدىن تاپىمىز؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ لى ۋەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى:

— بۇرۇنغۇ خانىدانىمىزغا كەلگەن قۇشناچىملارنىڭ كىرا مەپىسىگە چۈشۈپ كەلگىنىنى كۆرسەك زاڭلىق قىلاتتۇق، ئەمدى

ئۆزىمىزنىڭ بېشىمىزغا كەپتۇ ـ دە! سىلەر ئەتە ئەرلىرىڭلارغا ئېيتىپ قويۇڭلار، بىزنىڭ ئات ـ مەپىلىرىمىزنى بالدۇرراق تەخ قىلىپ قويسۇن، ۋاقتى كەلگەندە قىستىلىشىپ يۈرمەيلى.
ھەممەيلەن خوش دەپ چىقىپ كېتىشتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى شى شياڭيۈندىن ئاڭلىغايسىز. ئۇ كۈيۈسى كېسەل بولغاچقا، جيا ئانا قازا تاپقاندىن بېرى بىر قېتىملا كېلەلىگەنىدى. بارمىقى بىلەن ساناپ كۆرۈۋىدى، ئۆگۈنلۈككە مېيىتنى ئۇزىتىدىغان كۈنى ئىكەن، يەنە بارماي بولمايتتى. كۈيۈسىنىڭ كېسىلى سىلغا ئايلىنىپ قالدى. ھازىرچە خەتىرى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ مېيىت يېنىدا تۈنەشتىن بىر كۈن بۇرۇن كەلدى. ئۇ جيا ئانىنىڭ ئىلگىرىدىن ئۆزىگە كۆيۈنىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كاج تەلەيلىكىنى، بىلىم ـ ئىقتىدارىمۇ بار، چىراي ـ شەكلىمۇ كېلىشكەن، مىجەز ـ خۇلقىمۇ ئوبدان بىر يىگىتكە ئەمدىلا ياتلىق بولغىنىدا، ئېرىنىڭ قېرىشقاندەك بۇ نەس كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغىنى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەنىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئاز كۈنى قالغانلىقىنى ئويلاپ، تېخىمۇ قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمۈپ، بىرىم كېچىگىچە يىغلاپ چىقتى، يۈەنياڭ ۋە باشقىلار ھەرقانچە تەسەللى بېرىپمۇ توختىتالمىدى.
بۇنى كۆرۈپ باۋيۈيىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى، ئالدىغا بېرىپ تەسەللى بېرىشكە بىئەپ تۇردى. ئۇ شى شياڭيۈننىڭ قارىلىق كىيىمدە ئۇيا ـ ئەڭلىكمۇ سۇرتمەي ياتلىق بولمىغان چاغدىكىدىنمۇ ئارتۇق چىرايلىق تۇرقىغا نەزەر سالدى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، باۋچىن ۋە باشقىلارغا قارىدى، ئۇلارمۇ قارىلىق سەرپايلىرى بىلەن ئاددىي ياسانغان بولسىمۇ، كۆزگە شۇنداق كېلىشكەن، نازىنىن بولۇپ كۆرۈندى. باۋچەيگە كۆز سېلىۋىدى، ئۇ باش ـ ئايىغىچە قارىلىق كىيىملەر بىلەن شۇنداق نازاكەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتىكى، ئادەتتىكى كۈنلەردە

www.uyghurkitap.com

رەڭدار ـ گۇللۇك كىيىملەرنى كىيگەن چاغلاردىكىدىنمۇ ئارتۇق گۈزەل تۇراتتى. باۋيۇي خىيالغا كەتتى: «قەدىمكىلەر مېيخۇا گۈلى تۇمەنمىڭ خىل گۈللەرنىڭ تاجى، دەپتىكەن. ئەمۋالدىن قارىغاندا، بۇ، مېيخۇا گۈلىنىڭ بالدۇر ئېچىلىدىغانلىقىدىنلا ئەمەس ئىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ‹پاك خۇش پۇراق› لىرى بىلەن جىمى گۈللەردىن ئەلا ئىكەن. مۇشۇ تاپتا دەييۈي سىڭلىممۇ ھايات بولۇپ ئاشۇنداق ياسانغان بولسا، بۇلاردىنمۇ ئېشىپ قانچىلىك گۈزەل كۆرۈنگەن بولاتتى ـ ھە !» باۋيۇي ئاشۇلارنى خىيالىدىن كەچۈرگىنىدە ئىختىيارسىز يۈرىكى ئاغرىپ، كۆزلىرىدىن مونچاق ـ مونچاق ياش تاراملاپ تۆكۈلۈپ، جيا ئانىغا ھازا ئېچىش باھانىسى بىلەن ئۇن قويۇپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. شياڭيۈنگە تەسەللى بېرىپ تۇرغاندا، تاشقىرىقى ھوجىرىدا تۇيۇقسىز يەنە بىرسىنىڭ يىغا ـ زارى قوشۇلۇپ قالدى. ھەممەيلەن ئۇنى جيا ئانىنىڭ ئۆزىگە ھېساپسىز كۆيۈنىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھەسرەت چېكىپ كۆڭلى بۇزۇلدى، دېيىشتى. ۋاھالەنكى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆز دەردلىرى ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟ بۇ قاتتىق يىغا ـ زار ئۆيگە تولغان ئادەملەرنىڭ جىمىسىنى يىغلىتىۋەتتى. ئاخىر شۇ ھامما، لى خان ئاچا قاتارلىقلار تەسەللى بېرىپ ئۇلارنى يىغىدىن توختاتقان بولدى.

ئەتىسى تۈنەيدىغان كۈن ئىدى، بۇ كۈن تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. فېڭجيې شۇ كۈنى چىداشلىق بېرەلمەي قالدى، بىراق چىدىماي ئامالمۇ يوق ئىدى، شۇڭا پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئىشقا سالدى، ھەتتا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئۈنىمۇ پۈتۈپ كەتتى، ئەپلەپ ـ سەپلەپ يېرىم كۈننى ئۆتكۈزگەن بولدى. چۈشتىن كېيىن قوۋم ـ قېرىنداشلار، دوست ـ يارەنلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ، ئىش تېخىمۇ ئاۋۇدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشلارغا يېتىشكىلى زادىلا بولمىدى. شۇنداق تىنەپ تۇرغاندا، بىر چۆرە قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— خېنىم، بۇ يەردە ئىكەنلا ! چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ:
«ئىچكىرىدە ئادەم جىق، ئۇلارنى كۆتۈشكە يېتىشەلمەيۋاتىمىز،
كېلىن ئاغىچا بولسا ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ھۇزۇر قىلىۋاتىدۇ !»
دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە، — دېدى.

فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا غىقلا بولدى ـ دە،
ئاچچىق يۇتۇپ كۆزىدىن تاراملاپ ياش كەتتى، كۆزى
قاراڭغۇلىشىپ، بوغۇزىغا تاتلىق بىرنېمە كەلگەندەك بولۇپ
ئاغزىدىن قىپقىزىل قان ئېتىلىپ چىقتى، ئۆرە تۇرالماي
زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ھېلىمۇ ياخشى پىڭئېر ئىتتىك
كېلىپ تۇتۇۋالدى. فېڭجيې توختىماي قان سەپرا قىلىۋەردى.
ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## بىر يۈز ئون بىرىنچى باب

### يۆەنياڭ قىزنىڭ ئۆز غوجىسىغا تەسەددۇق بولۇپ غايىب ئالەمگە چىقىپ كەتكەنلىكى
### ئىت بەچچە چاكارنىڭ تۇزكورلۇق قىلىپ قاراقچىلارنى يىغىپ كەلگەنلىكى

فېڭجيې چۆرە قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قورسىقى كۆيۈپ، جۇدۇنى ئۆرلەپ ھەم كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئىختىيارسىز قان سەپرا قىلىدى بىشى قېيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. پىڭئېر ئىلدام كېلىپ تۇتۇۋالدى ۋە ئادەم چاقىرتىپ يۆلەتكۈزۈپ، ئاستا ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ ئاۋايلاپ كاڭغا ياتقۇزدى. ئاندىن دەرھال شياۋخۇڭغا بىر پىيالە قايناق سۇ قۇيدۇرۇپ، فېڭجيېنىڭ لېۋىگە تەگكۈزدى. فېڭجيې بىر يۇتۇم ئوتلاپلا يەنە خۇدىنى بىلمەي ئۇيقۇغا كەتتى. چيۇتۇڭ كىرىپ قاراپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى، فېڭئېرمۇ ئۇنى چاقىرمىدى. فېڭئېر بىر ياندا تۇراتتى، پىڭئېر ئۇنى:

— چاپسان بېرىپ ئىككى ئاغىچا خېنىمغا خەۋەر قىل، — دەپ بۇيرۇدى. فېڭئېر بېرىپ فېڭجيېنىڭ قان سەپرا قىلغانلىقىنى، تەزىيە ئىشلىرىغا قارىشالمايدىغانلىقىنى شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا ئېيتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجيېنى ئاغرىپ قالدىم دەپ ئىشتىن باش تارتتى دەپ ئويلاپ، ئاغرىپ قالغانلىقىغا چىنپۈتمىدى، بىراق ئىچكىرىدە ئايال تۇغقانلار ئولتۇرغاچقا، ئوڭايسىزلىنىپ باشقا گەپ قىلماي: «ئۇنداق بولسا ئارام ئالسۇن» دەپلا قويدى، باشقىلاردىن گەپ چىقمىدى. شۇ

ئاخشىمى كەلدى ـ كەتتى ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، ھېلىمۇ ياخشى، يېقىن قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدىن بىرنەچچىسى قارىشىپ بەردى. خانىدانىنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە باشقىلار بولسا فېڭجىيېنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، بەزىسى ھورۇنلۇق قىلىپ ئىشلىمەي ئولتۇرۇشاتتى، ئېگىز ـ پەس تۇۋلىشاتتى، پاتىپاراقچىلىقنىڭ دەستىدىن ئىشلار ئىزىدىن چىقىپلا كەتكەنىدى.

ۋاقىت ئىككىنچى جېسەك ۋاقتىدىن ئۆتكەنىدى، يىراقتىن كەلگەن مېھمانلار ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن، مېيىت بىلەن ۋىدالىشىش تەرەددۇتى باشلاندى. قارىلىق پەردىسىنىڭ ئىچىدىكى ئايال جەمەتلەرنىڭ ھەنىنىۋاسى بىردەم ھازا ئېچىپ يىغا ـ زار قىلىشتى. يۈەنياڭ تولا يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى، كۆپچىلىك ئۇنى يۆلەپ بىر پەس ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى ئۇۋۇلاپ بەرگەندىن كېيىن ئاران ھوشىغا كېلىپ: «ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم مېنى ياخشى كۆرەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىمەن» دېگەن گەپلەرنى قىلدى. كۆپچىلىك: ئادەم قاتتىق ھەسرەت چەككەندە شۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ، دەپ ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. ۋىدالىشىش ۋاقتىمۇ بولدى، كاتتىلار، دېدەكلەر، خىزمەتكارلار بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم يىغىلدى، يالغۇز يۈەنياڭلا كۆرۈنمەيتتى، پاتىپاراقچىلىقتا ھېچكىممۇ ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلمىدى. خۇ پو قاتارلىقلارنىڭ ھازا ئاچىدىغان نۆۋىتى كەلگەن چاغدىلا يۈەنياڭنى سوراشقان بولدى، لېكىن ئارقىدىنلا تولا يىغلاپ ھالىدىن كېتىپ، بىرەر يەردە ئارام ئېلىۋاتقاندۇ، دېيىشىپ بەكمۇ سۈرۈشتۈرۈپ كەتمىدى.

ۋىدالىشىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تاشقىرىدا جيا جېڭ جيا لىيەننى چاقىرتىپ، مېيىت ئۈزىتىشنىڭ تەييارلىقلىرىنى سورىدى، ئاندىن خانىدانغا قاراش ئۈچۈن ئادەم قالدۇرۇش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى.

— يۇقىرىدىكىلەردىن خانىدانغا قاراپ قېلىشقا يۈنئېرنى

بەلگىلىدۇق، مېيىت ئۇزىتىشقا ئۇ بارمىسىمۇ بولار؛ خىزمەتكارلاردىن چازاڭلارنى سۆكۈش قاتارلىق ئىشلارغا لىن جىشياۋنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى بەلگىلىدۇق. ئەمدى ئىچكىرىدىكىلەردىن كىمنى قالدۇرساق بولاركىن؟ — دەپ جاۋاب بەردى جيا لىيەن.

— ئاناڭ سېنىڭ ئاغىچاڭنى ئاغرىپ قاپتۇ، بارالمايدىكەن، ئۆيدە شۇ قالسۇن دېگەنىدى، — دېدى جيا جېڭ، — بۇ يەڭگەڭمۇ سېنىڭ ئاغىچاڭنى، كېسىلى خېلى ئېغىر، تۆتىنچى خان قىز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قالسۇن، دېدەكلەردىن، خىزمەتكار ئاياللاردىن بىرنەچچىسى قېلىپ تۆر ئۆيگە قارىسا ئوبدان بولارمىكىن، دەيدۇ.

جيا لىيەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە: «بۇ يەڭگىمىز تۆتىنچى خان قىز بىلەن كېلىشەلمەيتتى، شۇڭا ئۇنى بارغۇزماسلىقنىڭ قارىنىنى ئېسىپتۇ - دە. ئۇنى قالدۇرغان بىلەنمۇ تۆر ئۆيلەرگە قاراشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. بىزنىڭ ئاۋۇمۇ ئاغرىق، ئۇنىڭ قارىشىمۇ تەس» دەپ ئويلاپ، جيا جېڭغا:

— بەگ ئاتا، سەل ئارام ئېلىپ تۇرسىلا، مەن كىرىپ مەسلىھەتلىشىپ باقاي، بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن بىرنېمە دېيىشسەك، — دېدى. جيا جېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى. جيا لىيەن كىرىپ كەتتى.

كىم بىلسۇن، يۈەنياڭ بىرھازا يىغا - زار قىلغاندىن كېيىن: «مەن مۇشۇ كەمگىچە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن ئايرىلماي كەلگەنىدىم، ئەمدى بارار يېرىمنىڭ تايىنى يوق. ھازىر ئۇلۇغ بېگىم بۇ يەردە يوق بولغان بىلەن، چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قىلىقلىرى كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. بېگىم بولسا ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق ئادەم، كېيىنكى كۈندە ‹مالىماندا ھەركىم ئۆزى بەگ - ئۆزى خان› بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇ چاغدا بىزلەرنىڭ تەقدىرىمىز ئاشۇلارنىڭ چاڭگىلىدا بولۇپ قالامدۇ؟ قايسىمىزنى توقال قىلىشىدۇ، قايسىمىزنى ئاچقىپ ئەرگە

بېرىۋېتىدۇ، كىم بىلىدۇ، مەن بۇنداق خورلۇققا چىدىيالمايمەن، ئۇنداق كۆڭگە قالغۇچىلىك ئۆلگىنىم ئەلا! بىراق، شۇ تاپتا قانداق ئۆلۈۋالسام بولار؟» دېگەن خىيال بىلەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئارىلىق ئۆيىگە كىردى. بوسۇغىدىن ئەمدىلا ئاتلاپ كىرىۋىدى، چىراغنىڭ خىرە يورۇقىدا قانداقتۇر ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشقا تەمشىلىپ ئىشتانبېغىنى قولىغا ئېلىپ تۇرغان بىر ئايال غۇۋا كۆرۈنگەندەك بولدى. يۈەنياڭ قورقۇپمۇ كەتمىدى، كۆڭلىدە: «بۇ كىمدۇ؟ مەن ئويلىغاندەكلا ئىش قىلىۋاتىدىغۇ، بىراق مەندىن چاققان كەپتۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىز كىم؟ ئىككىمىزنىڭ ئويلىغىنىمىز بىر يەردىن چىقىپتۇ، ئۆلسەك بىللە ئۆلەيلى.

ھېلىقى ئادەم جاۋابمۇ بەرمىدى. يۈەنياڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، بۇ ئۆيدىكى چۆرە - دېدەكلەردىن ئەمەس ئىكەن. سىنچىلاپ قارىۋىدى، جىمى ئەزايى شۈركۈنۈپ كەتتى، ھېلىقى ئادەم شۇ زامان غايىب بولدى. يۈەنياڭ بىر پەس ھاڭۋېقىپ قېلىپ كەينىگە ياندى ۋە كاڭنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، تازا ئويلانغاندىن كېيىن: «ۋۇي، بۇ شەرقىي قەسىردىكى جيا رۇڭ بېگىمنىڭ چوڭ ئاغىچىسىغۇ، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن، قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندۇ؟ ھەرقاچان مېنى چاقىرغىلى كەلگەن نېمە. ئۇنداق بولسا نېمىشقا يەنە ئۆزىنى ئاسماقچى بولغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، يەنە: «ھە، توغرا! ماڭا ئۆلۈشنىڭ يولىنى ئۆگىتىۋاتقان بولسا كېرەك» دېدى.

ئاشۇ خىياللاردىن كېيىن يۈەنياڭنىڭ ۋۇجۇدىغا نەسلىك چاپلاشتى - دە، ئورنىدىن تۇردى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ پەرداز قۇتىسىنى ئېچىپ، قايسىبىر يىلى قىيىۋەتكەن بىر ئۆرۈمە چېچىنى ئېلىپ قوينىغا تىقتى - دە، ئىشتانبېغىنى يېشىپ چىن شى بايا بېشارەت قىلغان يەرگە چىگدى. ئاندىن يەنە بىردەم يىغلىدى ۋە تاشقىرىدىكى مېھمانلارنىڭ ئۇزاپ كېتىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، بىرسى كىرىپ قالمىسۇن دەپلا چاپسان كېلىپ ئىشىكنى

تاقىدى، ئاندىن كىچىك بەندىڭدىن بىرنى ئەكېلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، ئىشتانباغنىڭ ئۇچىنى سىرتماق قىلىپ چىگىپ بوينىغا سالدى ـ دە، بەندىڭنى تېپىۋەتتى. بىچارىنىڭ گېلى بوغۇلۇش بىلەن دېمى ئۈزۈلۈپ جېنى تېنىدىن جۇدا بولدى. روھى نەگە بېرىشنى بىلمەي تۇراتتى، چىن شى كۆز ئالدىدا غۇۋا پەيدا بولدى، يۈەنياڭنىڭ روھى ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ:

— رۇڭ بېگىمنىڭ ئاغىچىسى، توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى.

— مەن رۇڭ بېگىمنىڭ ئاغىچىسى ئەمەس، جىڭخۇەننىڭ سىڭلىسى كېچىك بولىمەن، — دېدى ھېلىقى ئايال.

— رۇڭ بېگىمنىڭ ئاغىچىسى ئىكەنلىكلىرى ئېنىق تۇرسا، ئەمەس دەيلىغۇ؟ — دېدى يۈەنياڭ.

— بۇنىڭمۇ سەۋەبى بار، بۇنى ساڭا ئېيتىپ بەرسەم چۈشىنىسەن: مەن جىڭخۇەننىڭ ئوردىسىدا ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ سەردارى بولۇپ، ئىشق ـ مۇھەببەت قىزلىرىگە مۇئەككىل ئىدىم. ئادەمزات دۇنياسىغا چۈشۈپ، ئىشق ئەھلىنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، ئاشۇنداق ئىشق سەۋداسىدا ھەسرەت چەككەن قىزلارنى ئىشق سەۋدايىلىرى مەھكىمىسىگە بالدۇرراق باشلاپ كېتىشىم كېرەك ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئېسىلىپ ئۆلۈشۈم جائىز ئىدى. مەن ئادەمزاتنىڭ ئىشقىۋازلىقىغا ئۇچۇر ـ بۇجۇرىغىچە كۆزۈم يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىشقىۋازلىق دېڭىزىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئىشق ـ مۇھەببەت ئالەمىگە كىرىپ كەتتىم، شۇ ۋەجىدىن غايىب ئالەمدە سەۋدايىلار مەھكىمىسىگە مۇئەككىل بولغۇچى يوق بولۇپ قالدى. مانا ئەمدى پەرىزات جىڭخۇەن سېنى بۇ مەھكىمىگە مېنىڭ ئورنۇمدا مۇئەككىل بولۇشقا سەپلىدى، شۇڭا سېنى باشلاپ كېلىشكە مېنى بۇيرۇغان.

— مەن ئىشق ـ مۇھەببەتتىن ئەڭ خالىي ئادەم تۇرسام، — دېدى يۈەنياڭنىڭ ئەرۋاھى، — نېمىشقا مېنى ئىشقىۋازلار قاتارىغا قېتىۋالدىڭلار؟

— سەن تېخى ئۇقمايسەن، — دېدى ئۇ ئايال، — ئادەمزات زىناخورلۇقنى «ئىشق - مۇھەببەت» دەپ ھېسابلىغاچقا، ئۆرپ - ئادەتكە مۇخالىپ بۇزۇقچىلىقلارنى قىلىدۇ ۋە ئىشقىۋازلىقنى ھېچبىر كارايىتى يوق ئىش دېيىشىدۇ. بىلمەيدۇكى، «ئىشق» خۇشاللىق ۋە خاپىچىلىق، قايغۇ ۋە راھەت نامايان بولمىغان چاغلاردا مىجەز دېمەك بولىدۇ، خۇشاللىق ۋە خاپىلىق، قايغۇ ۋە راھەت نامايان بولغان ھامان ھېسسىيات دېمەك بولىدۇ. سەن بىلەن مەندىكى بۇ ئىشق، تېخى نامايان بولمىغان ئىشق. ئۇ خۇددى ئېچىلىش ئالدىدىكى گۈل غۇنچىسى، مۇبادا ئېچىلىپ نامايان بولىدىغان بولسا، بۇ ئىشق چىن ئىشق بولماي قالىدۇ.

يۈەنياڭنىڭ ئەرۋاھى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، مەنىسىگە يېتىپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە چىن كېچىكنىڭ كەينىدىن كەتتى.

خۇ پو مېيىت بىلەن ۋىدالىشىپ بولۇپ شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ خانىدانغا قاراپ تۇرغۇچىلارنى بەلگىلەشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، يۈەنياڭدىن ئەتە قايسى مەپىگە چۈشىدىغانلىقىنى سوراش يادىغا كېلىپ، ئۇنى جىيا ئانىنىڭ ئۆيىدىن ئىزدەپ تاپالمىدى. ئاندىن ئىچكىرىكى ئارىلىققا ئىزدەپ كىردى. ئىشىككە يېقىن كېلىپ ئىشىكنىڭ قىيا يېپىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىشىك يوچۇقىدىن قارىدى، چىراغ ئۆچۈپ قالاي دەپ قالغان، ئۆينىڭ ئىچى غۇۋا يورۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ قورقۇسى كەلدى، ئۆينىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى. «بۇ جۇۋاينىمەك نەگىمۇ كەتكەندۇ؟» دەپ يېنىپ چىقىۋاتقاندا جېنجۇ ئۇچراپ قالدى.

— يۈەنياڭ ئاچامنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن خۇ پو.

— مەنمۇ ئىزدەپ يۈرىمەن، — دېدى جېنجۇ، — ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئۇنىڭغا گېپى بار ئىكەن، ساقلاپ تۇرىدۇ. ئارىلىق ئۆيدە ئۇخلاپ قالدىمۇ يا؟

— قارىدىم، — دېدى خۇ پو، — ئۇ يەردىمۇ يوق، شامنىڭ

پىلىكىنى ھېچكىم كېسىۋەتمەپتىكەن، قاپقاراڭغۇ تۇرىدۇ، قورققۇم كېلىپ كىرمىدىم. ئەمدى ئىككىمىز كىرىپ قاراپ باقايلى.

خۇ پو بىلەن ئىككىسى كىرىپ شامنى پەرلىدى، جېنجۇ:

— كىم بۇ بەندىگنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويغاندۇ، پۇتلىشىپ يىقىلغىلى تاس قالدىم! — دەۋېتىپ، تۆپىگە شۇنداق قاراپلا قورقۇپ كەتتى ۋە «ۋايجان» دەپ ئارقىسىغا داجىپ، خۇ پونىڭ ئۈستىگە پالاققىدە يىقىلدى. خۇ پومۇ كۆرۈپ ۋارقىراپ كەتتى، ئورنىدىن قىمىرلىيالماي قالدى. تاشقىرىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرىشتى. كۆپچىلىك قىيا - چىيا قىلىشىپ، شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا مەلۇم قىلدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، باۋچەيلەر خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يىغلاشقىنىچە كىرىپ كۆردى. شىڭ ئاغىچا خېنىم:

— يۈەنياڭنىڭ بۇنداق جىگەرلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن! چاپسان بىرسىنى ئەۋەتىپ بېگىمگە خەۋەر قىلىڭلار، — دېدى. پەقەت باۋيۈيلا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپ، تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى.

— يىغلىسىڭىز يىغلىۋېلىڭ، ئاچچىق يۇتۇۋالماڭ، — دېدى شىرېن. باشقىلار ئالمان - تالمان كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. باۋيۈي مىڭ تەسلىكتە ئاران يىغلىيالىدى. كۆڭلىدە بولسا: «يۈەنياڭدەك ئادەمگىمۇ مۇشۇنداق ئۆلۈم كېلىدىكەن - ھە!» دەپ ئويلىدى. ئارقىدىنلا يەنە: «بۇ ئالەمنىڭ خىسلەت - خاسىيەتلىرى ھەقىقەتەن مۇشۇ قىزلارغىلا بەخش ئېتىلگەن ئوخشايدۇ! جايىدا، ئورۇنلۇق ئۆلۈپتۇ. بىز بولساق ناپاك مەخلۇقلار ئىكەنمىز. ئىسىت، ئۆلۈغ ئاغىچا خېنىمنىڭ نەۋرىلىرى بولغىنىمىز، قايسىمىز ئاشۇنىڭچىلىك بولالىدۇق؟» دېگەن خىياللارنى كەچۈرۈپ، تۇرۇپلا يەنە خۇشاللىقى تۇتۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا باۋچەي باۋيۈينىڭ قاتتىق يىغلاپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى، باۋيۈي بولسا كۈلۈۋاتاتتى.

— يامان بولدى ! يەنە ئېلىشىپ قالىدىغان بولدى ! — دېيىشتى شىرىن ۋە باشقىلار تەمتىرەپ.
— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى باۋچەي، — بۇنىڭمۇ ئۆز كۆڭلىدە ئويلايدىغىنى بار.
باۋچەينىڭ بۇ گېپى باۋيۈيگە تېخىمۇ ياقتى: «مېنى دېگەن بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ھەر ھالدا چۈشىنىدۇ، باشقىلار نەدىن بىلسۇن !» ئۇ ئەنە شۇنداق كەلسە - كەلمەس خىيال سۈرۈپ تۇرغاندا جيا جېڭ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ھەسرەتلىنىپ تۇرۇپ:
— ئوبدان بالا ئىكەن ! ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى يەردە قويمىدى، — دېدى ۋە شۇ زامان جيا لىيەنگە ئەمر قىلدى، — چىقىپ ئۇلارغا تاپىلاپ قوي، بۈگۈن كېچىدىن قالدۇرماي جەسەت ساندۇقى سېتىۋالسۇن، مېيىتنى سېلىپ تەخ قىلىپ قويۇشلار، ئەتە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ جەسەت ساندۇقى بىلەن بىللە ئاچىقىمىز ھەم ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ جەسەت ساندۇقىنىڭ كەينىگىلا قويىمىز، ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزەيلى.
جيا لىيەن خوش دەپ ماڭدى ۋە شۇ يەردىلا ئادەم بۇيرۇپ يۆەنياڭنى سىرتماقتىن ئېلىپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە ياتقۇزۇپ قويدى.
پىڭئېرمۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ بۇياققا ئۆتتى ۋە شىرىن، پىڭئېر قاتارلىقلار بىلەن بىللە ھالىدىن كەتكۈدەك بولۇپ زار - زار يىغلاشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىجۈەنمۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا ھېچقانداق باشپاناھ يوقلۇقىنى ئويلاپ، كاشكى دەييۈي خان قىزغا ھەمراھ بولۇپ كەينىدىن كەتكەن بولسام، ئۆز غوجايىنىمنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە دېدەكلىك ۋاپادارلىقىمنى بەجا كەلتۈرگەن، ھەق جايىدا ئورۇنلۇق ئۆلگەن بولاتتىم، دەپ پۇشايمان ئەيلىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە باۋيۈينىڭ ئۆيىدە ئېسىلىپ تۇرۇپتىمەن، باۋيۈيغۇ ياخشى كۆڭلى بىلەن ماڭا

مېھرىبانلىق قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئىشىم ئەپلەشتى دېگىلى بولمايدۇ، دەپ تېخىمۇ زارلىنىپ يىغلاپ كەتتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەرھال يۆەنياڭنىڭ يەڭگىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنى تۆپىدە تۇرغۇزۇپ مېيىتنى تاختىغا ئالدۇردى ۋە شۇ زامان شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھېسابىدىن يۆەنياڭنىڭ يەڭگىسىگە يۈز سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى ھەم ئارامىنى تاپقاندا يۆەنياڭنىڭ جىمى تەئەللۇقلىرىنى ئۇلارغا ئىنئام قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى. يۆەنياڭنىڭ يەڭگىسى خوش دەپ باش ئۇرۇپ تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى ۋە چىقىپ كېتىۋېتىپ خۇشاللىقىدىن: «قىزىمىز ھەقىقەتەن جىگەرى بار، ئامەتلىك ئىكەن! ھەم ياخشى ئاتاق قازاندى، ھەم ئوبدان ئۆزىتىلىدىغان بولدى!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بىر خىزمەتكار ئايال:

— قويۇڭا يەڭگە، شۇ تاپتا سىز تىرىك بىر قىزنى يۈز سەر كۈمۈشكە سېتىپ شۇنچىمۇ خۇش بولۇپ كېتىپسىز، ئۆز ۋاقتىدا چوڭ بېگىمگە بەرگەن بولسىڭىز قانچىلىغان كۈمۈشكە ئىگە بولاتتىڭىز كىنتاڭ، ئۇ چاغدا تېخىمۇ مۇرادىڭىزغا يېتەتتىڭىز ـ دە، — دېدى. بۇ گەپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى، لېكىن ھۆپپىدە قىزىرىپ يولىغا مېڭىۋەردى. ئۇ ئارا ئىشىككە ئەمدىلا يېتىپ بېرىشىغا، لىن جىشياۋ بىرنەچچەيلەنگە بىر جەسەت ساندۇقىنى كۆتۈرتكۈزۈپ كىرىپ قالدى، ئۇ ئايال نائىلاج ئارقىدىن بىللە كىرىپ مېيىتنى بىللە سېلىشتى ۋە يالغاندىن بىرئاز يىغلاپ قويغان بولدى.

جيا جېڭ يۆەنياڭنى جيا ئانىنىڭ يولىدا ئۆلدى دەپ، كۈچە ئاچىقتۇرۇپ ئۈچ تال ياقتۇردى ۋە تەزىم بەردى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن بىللە دەپنە قىلىنىدىغان ئادەمنى، — دېدى ئۇ، — دېدەك قاتارىدا كۆرۈشكە بولمايدۇ. ياش ـ قۇرامىڭلار كىچىكلەر تەزىم بېرىشىڭلار كېرەك.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان باۋيۈي بۆلەكچىلا خۇش بولۇپ، بۇياققا

ئۆتتى ـ دە، ئېھتىرام بىلەن بىرنەچچە مەرتەم باش قويدى. جىيا لىيەنمۇ ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ، تەزىم بېرىشكە تەمشىلىۋىدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم:
— بەگلىرىمىزدىن بىرسى تەزىم بەرگەندىن كېيىن بولدى، قىلىنغان ھۆرمەتلەر ئېغىر كېلىپ روھى قايتا تىرىلەلمەي قالمىسۇن يەنە، — دېگەندى، جىيا لىيەن ئالدىغا ئۆتەلمىدى.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ باۋچەي بىر قىسما بولۇپ قالدى:
— ئەسلىدە مەن ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرمەسلىكىم كېرەك ئىدى، بىراق ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ۋاپات بولۇپ كەتتى، بىزنىڭ يەنە ئادا قىلىدىغان ئىشلىرىمىز بولغاچقا، تەنتەكلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ بىز ئۇچۇن ۋاپادارلىق كۆرسەتتى، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئوبدان كۈتۈپ بېھىشكە يەتكۈزۇشنى ھاۋالە قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمىزنى ئازغىنا بولسىمۇ بىلدۈرۈشىمىز كېرەككۇ! —
باۋچەي شۇنداق دەپلا، يىگىتلەرنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ مېيىت يېنىغا كەلدى ۋە شاراب سەپتى، كۆزلىرىدىن بولسا ياش تاراملاپ ئېقىپ تۇراتتى. شاراب سېپىپ بولغاندىن كېيىن، بىرنەچچە قېتىم تەزىم بېرىۋېتىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. كۆپچىلىكنىڭ بەزىسى، باۋيۈي بىلەن ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسىنى ئەخمەق ـ ساراڭلار، دېيىشتى، بەزىسى، بۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلى ياخشى، دېيىشتى، يەنە بەزىلىرى، بۇلار قائىدە ـ يوسۇننى بىلىدۇ، دېيىشتى. ئىشقىلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىشى جىيا جېڭنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، خانىدانغا قارايدىغانلار ئۇستىدە مەسلىھەت بولۇپ، يەنە شۇ قېتىمچە، شىچۇنلەر بەلگىلەندى، قالغانلارنىڭ جىمىسى مېيىت ئۇزىتىش مۇراسىمىدا بولىدىغان بولدى. كېيىنچە خاتىرجەم كىرىپ قېقىشقا كىمنىڭمۇ ھەددى دەيسىز؟!
بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدا، ھەممەيلەن تاشقىرىغا يىغىلىپ تەخ بولدى. كۆن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ مېيىت چىقىرىش ۋاقتى بولدى، جىيا جېڭ باش بولۇپ، قارىلىق سەرپايلىرى بىلەن ھازا

ئېچىپ ۋاپادار پەرزەنتكە خاس قائىدە ـ يوسۇنلارنى تولۇق بەجا كەلتۈردى. جەسەت ساندۇقى دەرۋازىدىن ئېلىپ چىقىلدى، يول بويى قوۋم ـ قېرىنداشلارنىڭ مۇسىبەتكە ئاتىغان نەزىرلىرى بولۇپ تۇردى، يول ئۈستىدىكى ئەھۋالنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئولتۇرمىساقمۇ بولار. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، تۆمۈر ئاستانىلىق مازارغا يېتىپ كېلىپ مېيىت قويۇلدى. قارىلىق تۇتقان ھازىدار ئەرلەرنىڭ ھەممىسى مېيىتكە ھەمراھ بولۇپ ئىبادەتخانىدا قونۇشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى خاندان ئىچىدىن ئاڭلىغايسىز. لىن جىشياۋ چازاڭلارنى سۆكتۈرۈپ بولۇپ، ئىشىك ـ پەنجىرىلەرنى ئوبدان ئەتكۈزۈپ، ھويلا ـ ئارانى سۈپۈرۈپ پاكىز تازىلىتىپ قويدى، كېچىدە كۆزەت قىلىش ئۈچۈن جېسەكچىلەرنى تەيىنلىدى. رۇڭگو قەسىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئىككىنچى جېسەك ۋاقتىدا ئۈچىنچى ئىشىك ئېتىلىپ ئەركەكلەر كىرەلمەيتتى، ئىچكىرىدە ئاياللارلا جېسەكچىلىك قىلاتتى. ئارىدىن بىر كېچە ئۆتۈپ، فېڭجيېنىڭ چىرايى بىر ئاز ئوڭلىنىپ خېلى تېتىكلىشىپ قالدى، بىراق تېخى يەر دەسسىيەلمەيتتى. پىڭئېر شىچۈن بىلەن بىللە ھەرقايسى جايلارنى بىر قۇر ئارىلاپ، كېچىچە جېسەكچىلىك قىلىدىغانلارغا ئىشلارنى جېكىپ قويۇپ ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

ئەمدى گەپنى جۇ رۈيىنىڭ ئاتاق ئوغلى خېسەندىن باشلايلى. بۇلتۇر خانداننىڭ ئىشلىرىدىن جيا جېن خەۋەر ئېلىۋاتقان چاغدا، خېسەن باۋ ئېر بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ئۈچۈن، جيا جېن ئۇنى ئۇرۇپ قوغلاپ چىقارغانىدى، شۇنىڭدىن بېرى ئۇ قىمارخانىدا جان بېقىپ كېلىۋاتاتتى. يېقىندا ئۇ جيا ئائىلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئەمدى ماڭىمۇ بىرەر ئىش تېگىپ قالار دېگەن تەمە بىلەن بىرنەچچە كۈن تىمتىڭلاپ باققانىدى، لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا قىمارخانىغا يېنىپ كېلىپ دومسىيىپ ئولتۇراتتى، تاۋكادىكىلەرنىڭ بىرسى:

— لاۋسەن، تاۋكاغا چۈشۈپ ئانچە - مۇنچە بىرنېمە تاپمامسەن؟ — دېدى.

— شۇنداق قىلغۇمغۇ بار ئىدى، بىراق پۇلۇم يوق - دە، — دېدى خېسەن.

— جۇ بېگىمنىڭكىگە كەتكىنىڭگە نەچچە كۈن بولدىغۇ؟ قەسىرنىڭ پۇللىرىدىن خېلى ئەپلەپ كەلگەنسەن، بىزنىڭ ئالدىمىزدا يەنە گاداي بولۇۋالغىنىڭنى قارا سېنىڭ.

— سىلەرغۇ شۇنداق دەيسىلەر! ئۇلارنىڭ مىليون - مىليون سەرلەپ ئالتۇن - كۈمۈشلىرى بار، بىراق خەجلىمەي يوشۇرۇپ قويۇشقان. شۇنداق ساقلاۋېرىپ، ئەتە - ئۆگۈن يا ئوت كېتىپ كۆيۈپ تۈگەيدۇ، يا ئوغرى ئالىدۇ، بۇ خەقنىڭ شۇ چاغدا كۆڭلى تىنىمىسا.

— سەن يەنە يالغان ئېيتىۋاتىسەن. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى مۇسادىرە قىلىنغان تۇرسا، يەنە قانچىلىك ئالتۇن - كۈمۈشى بولاتتى؟

— سىلەر ئۇقمايسىلەر، مۇسادىرە قىلىنغىنى يوشۇرغىلى بولمايدىغان نەرسىلەر. مانا ئەمدى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆلگەندىن كېيىن، يەنە بىرمۇنچە ئالتۇن - كۈمۈشلەر قالدى. ئۇلار بۇنىڭدىن بىر سەرنىمۇ خەجلىمىدى، ھەممىسى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە قويۇقلۇق، مېيىتنى يەرلىكىدە قويۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۆلۈشمەكچى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ، شىشىخالنى بىرنەچچە قېتىم تاشلاپلا:

— مەن خېلى پۇلۇمنى ئۇتتۇردۇم، ئەمدى دەسمايەمنى ئوندۇرەلمىگۈدەكمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە چىقىپ ئۇخلايلا، — دېدى - دە، تالاغا ماڭدى ۋە خېسەننى تارتىپ، — لاۋسەن، ساڭا بىر گېپىم بار، — دېدى. خېسەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى.

— سەن شۇنداق زېرەك ئادەم تۇرۇپ مۇشۇنداق نامرات يۇرگىنىڭگە مەن چىدىيالماي كېتىۋاتىمەن ! — دېدى ھېلىقى ئادەم.

— كەمبەغەلچىلىك پېشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن، ئۇنىڭغا نېمە ئىلاجىم بار، — دېدى خېسەن.

— بايا رۇڭگو قەسرىدە كۈمۈش دېگەن تولا دەۋاتاتتىڭ، نېمىشقا بىرئاز ئېلىپ خىراجەت قىلمايسەن؟

— ۋاي ئاكا ! — دېدى خېسەن، — ئۇلارنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى تولا بولغىنى بىلەن، سەن بىلەن مەن بېرىپ بىكارغا بىر ـ ئىككى تىيىن سورىساق بېرەمدۇ؟

— بەرمىسە ئالالامدۇق؟ — دېدى ھېلىقى ئادەم كۈلۈپ.

خېسەن بۇ گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى پەملەپ، ئالدىراپ سورىدى:

— سىنىڭچە، قانداق ئالىمىز؟

— قولۇڭدىن ئىش كەلمەيدىغان نەرسە ئىكەنسەن، — دېدى ھېلىقى ئادەم، — مەن بولىدىغان بولسام ئاللىقاچان ئېلىپ كېلەتتىم.

— سىنىڭ قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟

— ئەگەر باي بولاي دېسەڭ بىزنى باشلاپ بارساڭلا بولىدى، — دېدى ھېلىقى ئادەم ئاستا پىچىرلاپ، — مېنىڭ تۇگمەننىڭ كولىسىدىن پۈتۈن چىقىدىغان بىرمۇنچە ئاغىنىلىرىم بار، ھېلىغۇ ئۇلار مېيىت ئۇزىتىشقا كېتىپ قەسرىدە بىرنەچچە خوتۇنلا قاپتۇ، قانچە ئەر خەق بولغان بىلەنمۇ قورقمايمىز. شۇنىڭغا جۈرئەت قىلغۇدەك يۈرەك سەندە بارمىكىنتاڭ !

— جۈرئەت قىلىپ ـ قىلماي قانچىلىك ئىش ئىدى ! — دېدى خېسەن، — سەن مېنى ئاشۇ ئاتاق ئاتىسىدىن قورقىدۇ دەۋاتامسەن؟ مەن ئۇنى ئاتاق ئانامنىڭ يۈزىدىنلا ئاتا دەپ كېلىۋاتىمەن ! ئادەم بولامدۇ ئۇ؟ بايىقى گېپىڭگە كەلسەك، ناۋادا ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي قالساق ئۆزىمىزگە بالا

تېپىۋالارمىزمىكىن. قايسىبىر يامۇل ئۇلارغا تونۇش ئەمەس دەيسەن؟ ئاچچىقالمايدىغان گەپنى قويۇپ تۇرايلى، ئاچچىقان تەقدىردىمۇ چارلاپ تېپىۋالىدۇ.

— ئۇنداق بولسا بۇنىڭغىمۇ ئامال بار! — دېدى ھېلىقى ئادەم، — ئاغىنىلىرىمدىن بەزىسىنىڭ يۇرتى دېڭىز ياقىسىدا، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە. پەيتكە قاراپ ئېپىنى تاپىمىز، قولغا چۈشۈرۈپ قالساق، سەن بىلەن مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىمىزنىڭمۇ پايدىسى يوق، ئۇنىڭدىن كۆرە ھەممىمىز دېڭىز تەرەپكە كېتىپ ھۇزۇر قىلساق، بۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ناۋادا ئاتاق ئاناڭنى قويۇپ كېتىشكە قىيالمىساڭ، ئۇنىمۇ ئېلىپ كېتىپ ھەممىمىز بىللە بولايلى، قانداق؟

— ئاكا، مەست بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟ مۇنداق گەپنىمۇ كەلسە - كەلمەس قىلىۋېرەمدىكەن؟ — دېدى خېسەن ۋە ھېلىقى ئادەمنى پىنھان يەرگە باشلاپ ئاپاردى، ئاندىن بىردەم مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئىككىيلەن ئىككى تەرەپكە مېڭىپ كېتىشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى باۋ يۇڭدىن ئاڭلىغايسىز. جيا جېڭ ئۇنىڭغا كايىپ ئۇنى باغقا قاراشقا بۇيرۇۋەتكەندى. جيا ئانا ئۆلۈپ كېتىپ شۇنچىلىك ئالدىراش بولۇپ كەتكەن چاغدىمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىش بۇيرۇلمىدى، ئۇمۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئۆز ئېشىنى ئۆزى ئېتىپ يەپ، ئىچى پۇشسا كىرىپ ئۇخلاپ، ئويغانسا باغدا قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىپ، قورۇنۇپمۇ قالماي بەخىرامان يۈرىۋەردى. ئۇ جيا ئانىنىڭ جەسەت ساندۇقىنىڭ سەھەردىلا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، بىرەر ئىش تاپشۇرۇۋالمىغاچقا، باغدا مەيلىچە سەيلە قىلىپ يۈردى. شۇ ئەسنادا بىر راھىبە بىر بۇۋىنى ئەگەشتۈرۈپ باغنىڭ ئىچىدىكى ئارا ئىشىككە كېلىپ ئىشىكنى چەكتى.

— بۇۋى، نەگە بارماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى باۋ يۇڭ يېتىپ

كېلىپ.

— بۈگۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى يەرلىكىدە قويغىلى ئاچىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى بۇۋى، — تۆتىنچى خان قىزنىڭ مېيىت ئۇزىتىپ ماڭغانلىقىنى كۆرمىدۇق، خانىدانغا قاراپ ئۆيدە قالغان بولسا كېرەك. ئۇستازىمىز ئۇنى ئىچى پۇشۇپ قالدىمىكىن دەپ كۆرگىلى كەلدى.

— غوجايىنلار ئۆيدە يوق، — دېدى باۋ يۈك، — باغنىڭ ئىشىكىگە مەن قاراۋاتىمەن، سىلەر قايتىپ كېتىڭلار. كەلمەكچى بولساڭلار، غوجايىنلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كېلىڭلار.

— نەدىن كەلگەن بېشى چوڭ نېمە بۇ؟ — دېدى بۇۋى، — بىزنىڭ مېڭىش - تۇرۇشىمىزنى باشقۇرۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان بۇنىڭ.

— مەن سەندەك ئادەملەردىن بىزار، — دېدى باۋ يۈك، — كىرگۈزمىسەم، سەنلەرنىڭ نېمە ئىلاجىڭ بار؟

— بۇ گۇناھلىق ئىش! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى بۇۋى خاپا بولۇپ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم هايات چاغدىمۇ بىزنىڭ مېڭىش - تۇرۇشىمىزنى توسمايتتى، سەن نەدىن كەلگەن ئۆكتەم قاراقچىسەن؟ مېنىڭ مۇشۇ يەردىن ئۆتكىنىم ئۆتكەن! — ئارقىدىن ئۇ ئىشىكنىڭ هالقىسىغا زەردە بىلەن بىرنەچچىنى ئۇردى.

مياۋيۈي ئاچچىقىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئارقىسىغا بۇرىلىپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، ئويلىمىغان يەردىن، ئىچكىرىدىكى ئارا ئىشىككە قارايدىغان خىزمەتكار ئايال جاڭجالنى ئاڭلاپ ئالمان - تالمان ئىشىكنى ئېچىپ قاراپ، مياۋيۈينىڭ قايتىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپلا، ئۇنى باۋ يۈكنىڭ خاپا قىلىپ قويغانلىقىنى پەملىدى. ئۇ خىزمەتكار ئايال ئاغىچا خېنىملار ۋە تۆتىنچى خان قىزنىڭ مياۋيۈي بىلەن يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، كېيىن مياۋيۈي ئىشىكتىكىلەرنىڭ ئۆزىنى كىرگۈزمىگەنلىكىنى غوجايىنلارغا ئېيتىپ قالسا، ئۇ

چاغدا بۇنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىققۇلۇق دەپ ئويلاپ، ئالدىراپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ شۇنداق دېدى:

— ئۇستازنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز قېلىپ ئىشىكنى ئېچىشقا كېچىكىپتۇق. تۆتىنچى خان قىزىمىز ئۆيدە، ئۇستازىمىزنى سېغىنىپ ئولتۇراتتى. مەرھەمەت، ئىلتىپات قىلسىلا. باغقا قارايدىغان بۇ جۇۋايىنىمەك يېڭى كەلگەن، بىزنىڭ يوسۇنلىرىمىزنى بىلمەيدۇ. كېيىن بۇنى ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ، تازا بىر ئەدىپىنى بەرگۈزۈپ قوغلاپ چىقىرىمىز.

مياۋيۈي بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلمىدى. ئارا ئىشىككە قارايدىغان ئۇ ئايال يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ جاۋابكار بولۇپ قالىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ، تىت - تىت بولغىنىدىن تىز پۈكۈپ باش ئۇرغۇدەك يەرگە بېرىپ يەتتى. مياۋيۈي ئامالسىز بۇ ئايالنىڭ كەينىدىن ماڭدى. باۋ يۈڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇنى يەنە توسۇۋېلىشقا ئوڭايسىزلاندى - دە، ئاچچىقى بىلەن ئالىيىپ قويۇپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتقىنىچە چىقىپ كەتتى.

مياۋيۈي بۇۋىمنى باشلاپ شىچۇننىڭكىگە كەلدى، ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتتى ۋە بىرمۇنچە ئەھۋاللاشتى.

— ئۆيگە قاراشقا قالغاندىن كېيىن، بىرنەچچە كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدىكەن، — دېدى شىچۇن، — ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا كېسەل بولغاچقا، ئۆزۈم يالغۇز، ھەم زېرىكىپ، ھەم قورقۇپ تۇرۇۋاتىمەن. يەنە بىرەيلەن بولغان بولسا خاتىرجەم بولاتتىم. ھازىر ئىچكىرىدە ئەرلەردىن بىرسىمۇ يوق. بۈگۈن قەدەم تەشرىپ قىپسىز، ماڭا بىر كېچە ھەمراھ بولسىڭىز، شاھمات ئويناپ، مۇڭدىشىپ ئولتۇرساق، قانداق دەيسىز؟

ئەسلىدە مياۋيۈي بۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى، بىراق شىچۇننىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ ھەم شاھماتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى ۋە بۇۋىمنى قايتىپ

كېتىپ، پىيالە، كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىشكە ماڭدۇرۇۋەتتى. شىچۈن سۆيۈنۈپ كېتىپ، سەيىڭنى بۇلتۇر يىغىپ قويغان يامغۇر سۈيىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئېسىل چاي تەييارلاشقا بۇيرۇدى. مياۋيۈينىڭ ئۆزىنىڭ چاي قاچىلىرى بار ئىدى. بۇۋى كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىر دېدەك مياۋيۈينىڭ كۈندىلىك لازىمەتلىكلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. شىچۈن چاينى ئۆزى دەملىدى. ئىككىلەن گەپ ـ سۆزلىرى بىرى ـ بىرىگە يېقىپ، بىرھازا مۇڭداشتى. بىرىنچى جېسەك ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى، سەيىڭ شاھمات تاختىسىنى ئاچىقىپ قويدى. ئىككىلەن شاھماتقا چۈشتى. شىچۈن ئۇدا ئىككى دورەم ئۇتتۇرۇپ قويدى، ئاخىر مياۋيۈينىڭ تۆت ئۇرۇقتا يول قويۇشى بىلەن شىچۈن يېرىم دائىرىدە ئۇتقان بولدى.

ئۇلار تۆتىنچى جېسەك ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى، ئەتراپ جىمجىت، ھېچقانداق سادا يوق ئىدى.

— بەشىنچى جېسەك ۋاقتى بولغاندا ئىستىقامەتكە ئولتۇرۇشۇم كېرەك، — دېدى مياۋيۈي، — مېنى كۈتىدىغان ئۆز ئادىمىم بار، سىز كىرىپ دەم ئېلىۋېرىڭ.

شىچۈن يەنىلا قىيالمىدى، بىراق مياۋيۈي ئارام ئالمەن دەۋاتقاچقا، ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا بولمىدى. شىچۈن ئۇخلاشقا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، تۇساتتىن شەرق تەرەپتىكى تۆر ئۆيدە جېسەكچىلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا شىچۈننىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتكار ئاياللارمۇ: «يامان بولدى ! ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ !» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. شىچۈن، سەيىڭ قاتارلىقلار قورقۇپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىشتى. شۇ ئەسنادا تاشقىرىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئەركەكلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. مياۋيۈي:

— بولمىدى ! بۇ يەرگە ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ ! — دېدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان ئىشىكنى تاقاپ چىراغ يورۇقىنى توسۇپ قويۇپ، پەنجىرىنىڭ تۆشۈكىدىن تالاغا قارىدى ۋە بىرنەچچە ئەر

كىشىنىڭ ھويلىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن ئۈن - تىنسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، قولى بىلەن «شۈك» دەپ ئىشارەت قىلدى ۋە ئاستا پەسكە چۈشۈپ:
— يامان بولدى ! تالادا بىرقانچە ئەركەك تۇرىدۇ، — دېدى.
گەپنىڭ ئايىغى چۈشكىچىلا ئۆگزىدىن توختىماي غاسىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە شۇ زامان تاشقىرىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقانلار كىرىپ «ئوغرىنى تۇتۇڭلار !» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.
— تۆر ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەر يوقىلىپتۇ، ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرسى، — شەرق تەرەپكە ئادەم كەتتى، بىز غەرب تەرەپكە بارايلى.
شىچۈننىڭ يېنىدىكى خىزمەتكار ئايال ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تاشقىرىقى ھوجرىدا تۇرۇپلا:
— مۇشۇ يەردە بىرمۇنچە ئادەم ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى، — دېدى.
جېسەكچىلەر:
— قاراڭلار ! شۇ ئەمەسمۇ؟ — دېيىشىپ، ھەننىۋاسى تەڭلا ۋارقىراشتى. ئۆگزىدىن بىرمۇنچە كاھىش ئۇچۇپ چۈشتى، ئۇلارنىڭ ھېچقايىسى ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇلار ئامال تاپالماي تۇرغاندا، باغنىڭ ئارا ئىشىكى تاراق - تۇرۇق ئېچىلىپ، بىرسىنىڭ بېسىپ كىرگەنلىكى ئاڭلاندى. كۆپچىلىك قولىغا كالتەك ئېلىۋالغان بەستلىك بىر ئادەمنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن مۆكۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.
— بىرسىنىمۇ قاچۇرماڭلار ! ھەممىڭلار ئارقامدىن كېلىڭلار ! — دەپ توۋلىدى ھېلىقى ئادەم. خىزمەتكار ئاياللار بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن پۈتۈن ئەزايى بوشىشىپ ماجالسىزلىنىپلا قالدى. ھېلىقى ئادەم تۇرغان ئىزىدا ئاغىل - تاغىل ۋارقىراۋەردى. خىزمەتكارلاردىن كۆزى ئۆتكۈررەك بىرسى ئۇنى تونۇۋالدى، كىم ئىكەن دېمەمسىلەر؟ جېن خاندانى تونۇشتۇرۇپ ئەۋەتكەن باۋ يۈڭنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ خىزمەتكارلارغا جان كىرىپ يۈرىكى يوغىنىغاندەك بولدى - دە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تىترىشىپ تۇرۇپ:
— بىرسى قېچىپ كەتتى! قالغانلىرى ئۆگزىدە! — دېيىشتى.
باۋ يۇك يەرگە ئېگىشىپ تۇرۇپ، بىر سەكرەپلا ئۆگزىگە چىقىپ ئوغرىلارنى قوغلىدى.
ئوغرىلار جىيا خاندانىدا ئادەم قالمىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار ئاۋۋال ھويلىدا تۇرۇپ شىچۈننىڭ ھۇجرىسىنى ماراپ پەرىزاتتەك گۈزەل بىر راھىبەنى كۆرۈپ، شۇ زامان شەھۋانىيلىقى قوزغالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆر ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللار ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇلار قورقۇشۇپ تۇراتتى. ئۇلار ھۇجرىغا بۆسۈپ كىرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، تاشقىرىدىن قوشلاپ كىرىۋاتقان ئادەملەرنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قېلىپ ئۆگزىگە چىقىۋېلىشقانىدى. كىرگەنلەرنىڭ ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، يەنە تىركەشمەكچى بولۇشۇۋاتقاندا، بىرسى ئۆگزىگە چىقىپ ئۇلارغا ئېتىلدى. ئوغرىلار ئۇنىڭ بىرلا ئادەملىكىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ پەرۋا قىلماي ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتى. ئۇلار نەدىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلىسۇن، باۋ يۇك كۆچەپ تۇرۇپ كالتەك بىلەن ئۇرۇۋىدى، ئوغرىدىن بىرسى ئۆگزىدىن يىقىلدى. قالغان ئوغرىلار ئۇچقاندەك قېچىپ باغنىڭ تېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى. باۋ يۇك تېخىچە ئۆگزىدە ئىدى. كىم بىلسۇن، باغقا بۇرۇنلا يوشۇرۇنۇۋالغان بىرنەچچىسى شۇ يەردە تۇرۇپ ئوغرىلانغان نەرسىلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىۋاتقانىكەن، خېلىسىنى ئۆتكۈزۈپ بوپتۇ. ئۇلار شېرىكلىرىنىڭ قېچىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى قوغدىماقچى بولدى ۋە قوغلىغۇچىنىڭ بىرلا ئادەملىكىنى كۆرۈپ، بىز كۆپ، ئۇ بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— ماۋۇ چوپرەندە ئوغرىلارنى! — دېدى باۋ يۇك ئۇلارنى كۆرۈپلا جۇدۇنى تۇتۇپ، — مەن بىلەن تۇتۇشۇپ باقامدىكىنە تېخى!

— بىر بۇرادىرىمىزنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قويدى، ئۆلۈك - تىرىكلىكى نامەلۇم، شۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى، — دېيىشتى ئوغرىلار.

باۋ يۈك بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپلا تاياق سالدى. تۆت - بەش ئوغرى تاياق - توقماقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ باۋ يۈكنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى، كالتەكلىشىش باشلاندى. تاشقىرىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقانلارمۇ قورقماي كىرىپ كېلىشتى. ئوغرىلار ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قېچىشتى. باۋ يۈك يەنە قوغلىماقچى بولغىنىدا بىر ساندۇققا پۇتلىشىپ كېتىپ توختاپ قالدى ۋە نەرسە - كېرەكلەر يوقالماپتۇ دېگەن ئوي بىلەن ئۇزاپ كېتىۋاتقان ئوغرىلارنى قايتا قوغلىماي، كۆپچىلىككە چىراغ ياقتۇرۇپ ساندۇقلارغا قارىدى، يەردە بىرنەچچە قۇرۇق ساندۇقلار تۇراتتى، ئۇ بۇلارنى يىغىشتۇرۇشقا ئادەم بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى تۆر ئۆيگە بارماقچى بولدى. بىراق، يولنى ئوبدان بىلمىگەچكە، قېڭجىيىپ تەرەپكە بېرىپ قالدى. ئىچكىرىدە چىراغ يوپيورۇق يورۇپ تۇراتتى، باۋ يۈك بۇنى كۆرۈپ:

— بۇ يەردە ئوغرى بارمۇ، يوق؟ — دەپ سورىدى.

— ئىشىكنىمۇ ئاچمىدۇق، — دېدى ھۇجرىنىڭ ئىچىدە تۇرغان پىڭئېر تىترىگەن ئاۋازدا، — تۆر ئۆي تەرەپتىن ئوغرى كەلدى دەپ توۋلىشىۋاتقىنىنىلا ئاڭلىدۇق، شۇ يەرگە بېرىپ قاراپ بېقىڭ!

باۋ يۈك يولنى ئاڭقىرالماي تۇرغاندا، جىسەكچىلەر كېلىپ قېلىپ، شۇلار بىلەن بىللە تۆر ئۆيگە كەلدى، قارىسا، ئىشىك - پەنجىرىلەر ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرۇپتۇ، جىسەكچىلەر يىغلىشىۋېتىپتۇ.

شۇ ئەسنادا جىيا يۈن، لىن جىشياۋلار كىردى ۋە ئوغرى چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەننىۋاسى تېپىرلاپ كېتىشتى. ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈشۈۋىدى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرۇپتۇ، چىراغ يېقىپ قارىسا، قۇلۇپ تولغاپ سۇندۇرۇلغان،

ئۆينىڭ ئىچىدىكى ساندۇق ـ ئىشكاپلارنىڭ ئاغزى ئوچۇق. بۇنى كۆرۈپ ئۇلار جىبسەكچى خوتۇنلارنى تىللىدى:

— ھەممىڭ ئۆلۈپ قېلىشقانمىدىڭ؟ ئوغرى كىرگەندە ھېچقايسىڭ تۇيۇشمىدىڭمۇ؟

— بىز بىرنەچچىمىز نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىمىز، — دېيىشتى جىبسەكچىلەر يىغلىشىپ، — بىزنىڭ نۆۋىتىمىز ئىككىنچى، ئۈچىنچى جىبسەك ۋاقتى ئىدى. بىز تىنماي مېڭىپ تۇردۇق. تۆتىنچى، بەشىنچى جىبسەك ۋاقتى ئەنە ئاۋۇلارنىڭ، بىز يېڭىلا كۆزەتتىن چۈشۈپ تۇراتتۇق، ئۇلار ۋارقىرىشىپ كەتتى، قارىساق، بىرمۇ ئادەم يوق. بۇ يەرگە كەلسەك، نەرسە ـ كېرەكلەر ئاللىقاچان يوقاپ بوپتۇ. بەگلىرىمىز، تۆتىنچى، بەشىنچى جىبسەك ۋاقتىدا تۇرغانلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ باققان بولۇشسىلا !

— ھەممىڭنىڭ بويىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك! — دېدى لىن جىشياۋ، — سەنلەر بىلەن كېيىن سۆزلىشىمىز، ئاۋۋال باشقا يەرلەرنى كۆرۈپ باقايلى.

جىبسەكچىلەر ئۇلارنى يۇشى تەرەپكە باشلاپ ئاپاردى، ئۇنىڭ ئىشىكى مەھكەم ئېتىك تۇراتتى.

بۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىچكىرىدىكىلەر:

— ئۆلگۈدەك قورقۇتتىغۇ كىشىنى، — دېيىشتى.

— بۇ يەردە بىرنېمە يوقالمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى لىن جىشياۋ.

— ھېچنېمە يوقالمىدى، — دېدى ئىچكىرىدىكىلەر ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ.

لىن جىشياۋ ئادەملەرنى باشلاپ شىچۈننىڭ ھويلىسىغا كىرىشكە، ھۇجرىنىڭ ئىچىدىن:

— چاتاق بولدى! خان قىز يامان بەك قورقۇپ كەتتى. كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىزچۇ! — دېگەن گەپ ئاڭلاندى. لىن جىشياۋ ئىچكىرىدىكىلەرگە ئىشىكنى ئېچىشنى بۇيرۇپ نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. خىزمەتكار ئايال ئاۋۋال ئىشىكنى ئېچىپ:



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

— ئوغرىلار مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشۇپ، خان قىزنى قورقۇتۇپ هوشىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ھەرنېمە بولسا، مىياۋىيوي بۇۋىم بىلەن سەيپىلىڭ بار ئىكەن، قۇتقۇزۇۋالدى، نەرسە - كېرەك يىتمىدى، — دېدى.

— ئوغرىلار قانداق ئولتۇرۇشتى، — دېدى لىن جىشىياۋ.

— تەلىيىمىزگە باۋ يۇڭ تاغام ئۆگزىگە چىقىپ ئوغرىلارنى ئۇرۇپ قاچۇرۇۋەتتى، بىرىنى يىقىتقانلىقىنىمۇ ئاڭلىدۇق، — دېيىشتى ئەر جېسەكچىلەر.

— باغنىڭ ئىشىكى تەرەپتىمىكىن، چاپسان بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار، — دېدى باۋ يۇڭ.

جىيا يۈن قاتارلىق كىشىلەر بېرىپ، دەرۋەقە، يەردە بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ئۆلگەنىدى. سىنچىلاپ قارىسا، جۇ رۇينىڭ ئاتاق ئوغلى ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن ھەيران بولۇشتى، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشقا بىر ئادەم قويۇلدى، يەنە ئالدى - ئارقا ئىشىكلەرگە ئىككى ئادەم قويۇلدى. ئىشىككە بېرىپ قارىسا، قۇلۇپلاقلىق پېتى تۇرۇپتۇ. لىن جىشىياۋ ئىشىكنى ئاچتۇرۇپ، بېرىپ كۇرە بېگىگە مەلۇم قىلدى. كۇرە بېگى دەرھال يېتىپ كېلىپ، ئوغرىلارنىڭ ئىزىنى تەكشۈرۈپ كۆرسە، ئوغرىلار ئارقىدىكى قىسىلچاق يول بىلەن كېلىپ ئۆگزىگە چىققانىكەن. غەربىي ھويلىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ قارىۋىدى، كاھىشلار سۇنۇپ كۆكۈم - تالقان بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار باغنىڭ ئارقىسىغىچە تەكشۈرۈپ باردى.

— بۇلار ئوغرى ئەمەس، قاراقچى! — دېدى جېسەكچىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا.

— ئوچۇق - ئاشكارا كەلمىگەن تۇرسا، قانداق قاراقچى دېگىلى بولىدۇ؟ — دېدى كۇرە بېگى بىتاقەت بولۇپ.

— بىز قوغلىساق، — دېدى جېسەكچىلەر، — قاراقچىلار ئۆگزىدىن كاھىشلارنى ئېتىپ بىزنى يېقىن كەلتۈرمىدى، بەختىمىزگە خانىدانىمىزدىكى باۋ فامىلىلىك ئادەم ئۆگزىگە چىقىپ ئۇلارنى ئۇرۇپ قوغلىۋەتتى. قوغلاپ باغقا كىرگەندە يەنە

بىرمۇنچە قاراقچى باۋ يۇك بىلەن تۇتۇشتى، ئۇنىڭغا كۆچى يەتمىگەندە ئاندىن قېچىشتى.

— يەنە شۇنى دەۋاتقىنىمنى ! — دېدى كورە بېگى، — مۇبادا ئۇلار قاراقچى بولىدىغان بولسا سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلارغا كۆچى يەتمەسمىدى؟ بولدى، بۇ گەپنى قويۇڭلار، نەرسە - كېرەكلەرنى چاپسان ئېنىقلاپ، يوقالغان نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى بېرىڭلار، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىمىز.

جىيا يۈن قاتارلىقلار تۆر ئۆيگە يەنە باردى ۋە فېڭجيېنىڭمۇ كېسەل تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆردى، شىچۈنمۇ كەلگەنىدى. جىيا يۈن فېڭجيېغا سالام بەردى، شىچۈندىن ئامانلىق سورىدى، ئاندىن ھەممەيلەن يوقالغان نەرسە - كېرەكلەرنى تەكشۈردى. يۈەنياڭ ئۆلۈپ كەتكەن، خۇپو بولسا مېيىت ئۈزىتىشقا كەتكەنىدى، بۇ نەرسىلەرنىڭ جەممىسى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىدى، ھېسابىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، شۇڭا ھازىرچە قۇلۇپلاپ قويۇشقا توغرا كەلدى. بۇ نەرسىلەرنى بۇ تۇرقىدا نەدىن سوراپ ئېنىقلىغۇلۇق؟

— ئىشكاپ - ساندۇقلاردا نەرسە - كېرەكلەر ئاز ئەمەس ئىدى، — دېدى كۆپچىلىك، — ھازىر ھېچنېمە قالماپتۇ. بۇ نەرسىلەرنى ئوغرىلىغىلى تۇرغىلى خېلى بولغان نېمە، جىيەكچىلەر نېمە ئىش قىلىدىغان خەق؟ يەنە كېلىپ ئۆلگەن ئوغرى جۇ رۈينىڭ ئاتاق ئوغلى ئىكەن، بۇلارنىڭ جەزمەن تىلى بىر !

بۇ گەپنى ئاڭلاپ فېڭجيېنىڭ ئاچچىقىدا كۆزلىرى ئالىيىپ كەتتى.

— جىيەكچى ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى باغلاپ، كورەگە سوراق قىلىشقا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار ! — دېدى ئۇ. جىيەكچى ئاياللار زار - زار قاقشاپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ نالە قىلىپ يالۋۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى ۋە يوقالغان نەرسە - كېرەكلەرنىڭ چىققان - چىقمىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئون ئىككىنچى باب

## راھىبە مىياۋيۈيىنىڭ گۇناھى غايىب تۇپەيلىدىن بالا ـ قازاغا يولۇققانلىقى
## جاۋ توقالنىڭ شۇملۇق قىساسنى تارتىپ جەھەننەمگە سەپەر قىلغانلىقى

خوش، شۇنداق قىلىپ، فېڭجيې جېسەكچى ئاياللارنى باغلاپ، كۆرەننىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئەمر قىلىشى بىلەن جىمى خوتۇنلار تىزلىنىپ نالە قىلىشىپ كەتتى.

ـــ نالە قىلغىنىڭلار بىكار، ـــ دېدى لىن جىشياۋ بىلەن جيا يۈن، ـــ بېگىم بىزنى خانىدانغا قاراشقا قويغان، چاتاق چىقمىغان بولسا ئوبدان بولاتتى، مانا بۈگۈن چاتاق چىقتىمۇ، ئەمدى يۇقىرىدىكىلەردىن تارتىپ تۆۋەندىكىلەرگىچە ھېچقايسىمىز قېچىپ قۇتۇلالمايمىز، سىلەرنى كىم قۇتۇلدۇرالايدۇ؟ ناۋادا بۇ جۇ رۈيىنىڭ ئاتاق ئوغلىنىڭ قىلغان ئىشى بولسا، ئۇنىڭ كاساپىتى ئاغىچا خېنىمدىن تارتىپ ئىچكىرى ـ تاشقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە يۇقىدۇ.

ـــ پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇنداق، ـــ دېدى فېڭجيې ھاسىراپ تۇرۇپ، ـــ بۇلارغا نېمە دەپ يۈرەتتىڭ؟ ئاپىرىدىغان يەرگە ئاپىرىپ بەرسەڭلا بولمىدىمۇ، يوقالغان نەرسىلەر توغرۇلۇق كۆرەدىكىلەرگە: «بۇ نەرسىلەر، ئەزبىرايى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ نەرسىلىرى، بەگلىرىمىزدىن ئۇقۇشساق بولىدۇ. بىز بۇ ئىشنى بەگلىرىمىزگە مەلۇم قىلىپ، ئۇلار كەلگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە تىزىملاپ چىقىپ ئەكېلىپ بېرىمىز» دەپ

www.uyghurkitap.com

ئېيت. ئامبال يامۇلغىمۇ شۇنداق دەيمىز.

جىيا يۈن بىلەن لىن جىشياۋ خوش دەپ چىقىپ كەتتى.
شىچۈن زۇۋان سۈرمەي يىغلاپلا تۇراتتى.

— مۇنداق ئىشنى زادىلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — قىرىشقاندەك ئىككىمىزنىڭ بېشىغا كەلگىنىنى قارىمامدىغان! ئەتە بېگىم، ئاغىچا خېنىملار قايتىپ كەلسە ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ خانىدانىنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ كەتسەك، مۇشۇنچىۋالا بولۇپ كەتتىمۇ، دېيىشسە يۈزىمىزنى نەگە قويىمىز.

— بۇ بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىكى ئىشمىدى؟ جېسەكچىلەر تۇرۇپتۇغۇ ئەنە، — دېدى فېڭجيې.

— سىز كېسەل، ھەر نېمە دېسىڭىز ئاقىدۇ، — دېدى شىچۈن، — مېنىڭ دەيدىغان تىلىم يوق. مېنىڭ بۇنداق گەپكە قېلىشىمغا چوڭ يەڭگەم زامىن بولدى! ئاغىچا خېنىمنى كۈشكۈرتۈپ مېنى خانىدانغا قاراشقا قالدۇرۇپ قويغان ئادەم ئاشۇ. ئەمدى مەن يۈزۈمنى نەگە قويىمەن؟ — ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپ يەنە قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

— خان قىز، — دېدى فېڭجيې، — ھەرگىز مۇنداق ئويلىماڭ، يۈزىمىز كەتسە ھەممىمىزنىڭ تەڭ كېتىدۇ. سىز ئۇنداق بولمىغۇر خىياللاردا بولسىڭىز، مەن تېخىمۇ تۇرالماي قالىدىكەنمەن.

ئىككىيلەن شۇنداق دېيىشىۋاتقاندا، تاشقىرىقى ھويلىدىن بىر كىمنىڭ ۋارقىراپ سۆزلەۋاتقىنى ئاڭلاندى:

— مەن دەيمەن، ئۇنداق بۇۋى - راھىبە، رەمچى - ئارۋاقچى، دەللە - جادۇگەر دېگەن ھەرەڭ - سەرەڭ خوتۇنلارنى ھەرگىز يولاتماسلىق كېرەك! بىزنىڭ جېن خانىدانىدا بۇنداقلارنى بوسۇغىغا كەلتۈرمەيتتى، بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلمايدىكەن! تۈنۈگۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ مېيىتىنى ئاچىقىپ كېتىشكە، نېمە بۇتخانا دەيدۇ، بىرنېمە دېگەن بۇتخانىنىڭ

راھىبەسى بىزنىڭ بۇ يەرگە كىرىمەن دەپ ئۆلگۈدەك يىپىشىپ تۇرۇۋالدى. مەن تووۋلاپ كىرگۈزمىسەم، ئارا ئىشىكتىكى خوتۇنلار تېخى مېنى تىللاپ، ھېلىقى راھىبەنى بىرمۇنچە يالۋۇرۇپ ـ يېلىنىپ ئەكىردى. ئارا ئىشىك بىردەم ئېچىلىدۇ، بىردەم يېپىلىدۇ، نېمە ئىش قىلىشتىكىنىتاڭ. ئەندىشە قىلىپ ئۇخلىيالماي ئولتۇردۇم، تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىدا قىيا ـ چىيا قىلىشىپ كەتتى. كېلىپ ئىشىكنى قاقسام ئېچىپ بەرمەيدۇ، ئاڭغىچە قىيا ـ چىيا تېخىمۇ كۈچەيدى، ئىشىكمۇ ئېچىلدى، قارىسام، غەربىي ھويلىدا بىرسى تۇرۇپتۇ، يېتىشىۋېلىپ بىرنى ئۇرۇپلا ئۆلتۇرۇۋەتتىم. بۈگۈن ئۇقسام، ئۇ تۆتىنچى خان قىزنىڭ ھويلىسى ئىكەن، بايا ھېلىقى راھىبە شۇ ھۇجرىدا ئوخشايدۇ. ئۇ بۈگۈن تاڭ سۈزۈلمەستىنلا غىپپىدە تىكىۋەتتى. شۇ راھىبە باشلاپ كىرگەن ئوغرىلار بولمامدۇ؟

— مۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىۋاتقان كىم ئۇ؟ — دېيىشتى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پىگئېر ۋە باشقىلار، — خان قىز بىلەن خېنىم بۇ يەردە تۇرسا، تالادا ئاغزىغا كەلگىنىچە ۋالاقشىيدىغانغا نېمە ھەددى ئۇنىڭ؟

— ئاڭلىغانسەن، — دېدى فېڭجيې، — جېن قەسىرىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامدۇ، جېن جەمەتى تونۇشتۇرغان ھېلىقى مەخلۇق بولمىسۇن يەنە؟

شىچۈن ئۇنىڭ گەپلىرىنى چۈشىنىپ، كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولۇپ تۇراتتى، فېڭجيې ئارقىدىنلا شىچۈندىن سوراپ قالدى:

— ئاۋۇ ئادەم راھىبەنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرىدىغۇ؟ سىلەر نەدىن راھىبە ئەكىرىپ قوندۇرغان؟

شىچۈن مياۋيۈينىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنى تۇتۇپ قېلىپ كېچىچە شاھمات ئويناپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— شۇمىدى؟ — دېدى فېڭجيې، — ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ قانداق رايى بارسۇن؟ بۇ يوق گەپ. بىراق، ئادەمنى بىزار

قىلىدىغان ھېلىقى خۇنپەر كاپىشۋېرىپ، بېگىم بىلىپ قالمىسا بولاتتى، بىلىپ قالسا ياخشى بولمايدۇ.

شىچۇن ئويلىغانسېرى قورقۇسى كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپلا ماڭماقچى بولدى. فېڭجيې بۇ يەردە ئولتۇرغۇچىلىك ۋاقتىم يوق دەۋېتىپ يەنە، شىچۇننى قورققىنىدىن بىرەر ئىش چىقىرىپ قويمىسۇن، دەپ ئۇنى كەتكۈزمەي چاقىرىۋالدى:

— قېلىپ قالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتەيلى، ئاندىن قاراپ تۇرۇشقا ئادەم قالدۇرۇپ قويۇپ بىللە كېتەيلى، — دېدى.

— يىغىشتۇرۇپ قويساق بولمايدۇ، — دېدى پىڭئېر، — يامۇلدىن ئادەم كېلىپ تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يىغىشتۇرساق بولىدۇ. ھازىر بىزگە قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئىلاج يوق. بېگىمنىڭ قېشىغا بىرسى كەتتىمىكىن.

— ئاياللاردىن بىرسىنى چىقىرىپ سوراتقۇزۇپ كىرگىنە، — دېدى فېڭجيې.

سورىغىلى چىقىپ كەتكەن ئايال كىرىپ مەلۇم قىلدى.

— لىن جىنشياۋ بۇ يەرنى تاشلاپ بارالمايدىكەن، خىزمەتكارلار يامۇلدىن كېلىدىغان تەكشۈرگۈچىلەرنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا باشقىسى بارسا گەپنى ئېنىق ئۇقتۇرالماي قالمىسۇن دەپ جيا يۈن بېگىمنىڭ ئۆزى كېتىپتۇ.

فېڭجيې بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، شىچۇن بىلەن غەمگە چۆكۈپ ئولتۇردى.

ئەمدى گەپنى ئوغرىلاردىن ئاڭلىغايسىز. ئوغرىلارنى خېسەن باشلاپ كەلگەنىدى. ئوغرىلار خېلى جىق ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئوغرىلاپ ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن قوغلاپ كەلگەنلەرنى كۆردى ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى پەملەپ، غەرب تەرەپتىكى ئۆينى ئوغرىلاش ئۈچۈن بېرىپ پەنجىرىدىن چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرغان ئىككى

ساھىبجامالنى كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭ بىرسى خان قىز، بىرسى راھىبە ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ ئوغرىلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، جىنىدىن كېچىپ ھۇجرىغا بېسىپ كىرمەكچى بولغاندا، باۋ يۇڭ كېلىپ قالدى. ئۇلار ئوغرىلىغان نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ قاچتى، يالغۇز خېسەنلا كۆرۈنمەيتتى، ئوغرىلار ئۆز ئۆۋىسىغا بېكىنىۋېلىشتى. ئەتىسى تىڭتىڭلاپ چىقىپ خېسەننىڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە بۇ ۋەقەنىڭ مۇلكىي، ھەربىي يامۇلغا مەلۇم قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تېپىشتى. ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشقا بولمايتتى، شۇڭا ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، قىزىقىدا دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ يېنىغا كەتمەكچى بولۇشتى. ھايال بولۇپ قالسا قاچقۇننى تۇتۇش مەكتۇپى چۈشۈپ قېلىپ قوۋۇقتىن ئۆتەلمەي قېلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يۈرىكى چوڭراقتىن بىرسى چىقىپ:

— كېتىشىمىزغۇ كېتىمىز، بىراق ھېلىقى راھىبەنى ھېچ تاشلاپ كەتكۈم كەلمەيۋاتىدۇ. زەپمۇ چىرايلىق نېمە ئىكەن! قايسى ئىبادەتخانىنىڭ باچكىسى بولغىيدى؟ — دېدى.

— ھە، يادىمغا كەلدى! — دېدى بىرسى، — جىيا قەسرىنىڭ بېغىدىكى يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانا دېگەن ئىبادەتخانىنىڭ راھىبەسى. ئۇزاقى يىلى سىرتتا ئۇنى شۇلارنىڭ ئۆيىدىكى باۋيۈي دەمدۇ، بىر بېگىم بىلەن چاتىقى بار ئىكەن، كېيىن قانداق بولغان، ئىشق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ تېۋىپتىن دورا يەۋېتىپتىمىش، دېگەن گەپلەر بولمىدىمۇ؟ ئاشۇ شۇ!

— بىز بۈگۈن بىر كۈن تۇرۇپ تۇرايلى، — دېدى ھېلىقى ئادەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، — چوڭ ئاكىمىز بازارغا چىقىپ لازىمەتلىكلەرنى ئالسۇن، ئەتە تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ بىردىن مېڭىپ قوۋۇقتىن چىقىپ كېتەيلى. سىلەر مېنى قوۋۇقنىڭ تېشىدىكى يىگىرمە چاقىرىم كېلىدىغان ھېلىقى دۆڭدە ساقلاپ تۇرۇڭلار.

ئوغرىلار شۇنداق پۈتۈشتى ۋە ئوغرىلىغان ماللىرىنى

www.uyghurkitap.com

بۆلۈشۈپ تارقىلىپ كېتىشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى جيا جېڭدىن ئاڭلاڭ. مېيىتنى مازارغا ئېلىپ بېرىپ ئۇبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەر تارقىلىپ كېتىشتى. جيا جېڭ ئارىلىق ئۆيدە مېيىتقا ھەمراھ بولۇپ ياتاتتى، شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار ئىچكىرىدە بولدى، كېچىچە يىغا - زاردىن باشقا گەپ بولمىدى.

ئەتىسى يەنە قايتا نەزىر - چىراغ قىلىندى. تاماق تارتىلىۋاتقاندا جيا يۈن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ مېيىتى ئالدىغا بېرىپ باش ئۇرۇپ بولۇپ، ئالمان - تالمان جيا جېڭنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، تىزلىنىپ سالام بەردى ۋە ھاسىراپ - ھۆمۈدىگەن ھالدا كېچە قەسىرگە ئوغرى چۈشۈپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۆر ئۆيىدىكى تەئەللۇقىنىڭ جىمىسىنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى، باۋ يۈنىڭ ئوغرىلارنى قوغلاپ، بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ھەم مۆلكىي، ھەربىي يامۇللارغا مەلۇم قىلىنغانلىقىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. جيا جېڭ بۇنى ئاڭلاپ قېتىپلا قالدى. شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارمۇ ئىچكىرىدە تۇرۇپ ئاڭلاپ، قورقىنىدىن جان - پېنى چىقىپلا كەتتى ۋە ھېچنېمە دېمەي يىغلىشىپ ئولتۇردى.

— يوقالغان نەرسىلەرنىڭ تىزىمىنى قانداق خەتلىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ بىردەمدىن كېيىن.

— خانىداندىكى خىزمەتكارلاردىن ھېچقايسىسى بىلمەيدىكەن، شۇڭا تېخى خەتلىمىدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى جيا يۈن.

— بۇ ئوبدان بوپتۇ، — دېدى جيا جېڭ، — خانىدانىمىز تىنتىلغان، ياخشى نەرسىلەر خەتلىنىپ قالسا، ئەكسىچە بەتنامغا قالاتتۇق. چاپسان جيا لىيەننى چاقىر.

جيا لىيەن باۋيۈي قاتارلىقلارنى ئېلىپ باشقا يەرگە نەزىر - چىراغ بەرگىلى كېتىپ تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى، جيا جېڭ

ئادەم ئەۋەتىپ ياندۇرۇپ كەلدى. جيا ليەن بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، تىت - تىت بولۇپ يەرنى تېپىپ كەتتى. جيا يۈننى كۆرۈپ، جيا جېڭنىڭ تۇرغىنىغىمۇ قارىماي ئۇنى زەردە بىلەن تىللىۋەتتى:
— ئىززىتىنى بىلمىگەن خۇنپەر! ئۆزى تۆپىدە تۇرۇپ كېچىچە كۆزەت قىلىدۇ دەپ، ساڭا شۇنداق مۇھىم ۋەزىپىنى تاپشۇرسام، ئۆلگەنمىدىڭ؟ ئىزا تارتماي كېلىپ گەپ قىلىشقا يۈزۈڭمۇ چىداپتۇ! — گەپ بىلەن تەڭ، جيا يۈننىڭ يۈزىگە نەچچىنى تۇكۇرۇۋەتتى. جيا يۈن بىر ئېغىز گەپ قىلىشقا پېتىنالماي قولىنى سىلىپ شۈك تۇردى.
— ئەمدى ئۇنى تىللىغىنىڭ بىلەن پايدىسى يوق، — دېدى جيا جېڭ.
— بۇ ئىشنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى جيا ليەن تىزلىنىپ تۇرۇپ.
— يامۇلغا مەلۇم قىلىپ ئوغرىنى تۇتۇشتىن باشقا ئامال يوق، — دېدى جيا جېڭ، — لېكىن بىر ئىش: ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن قالغان تەئەللۇقاتلا ھېچقايسىمىز تەگمىگەن، سەن كۈمۈش سورىغاندا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قازا قىلغىنىغا نەچچە كۈنلا بولغان تۇرسا، ئۇنىڭ كۈمۈشلىرىگە تەگسەك بولامدۇ دەپ ئويلىغاندىم. ئەسلىدە مۇسىبەت تۈگىسە، چىققان چىقىمنى ھېسابلاپ، خەقنىڭ پۇللىرىنى بېرىۋەتسەك، قالغىنىغا بۇ يەردىن ھەم جەنۇبتىن ۋەخپە يەر بىنا قىلىپ قويساق، دېيىشكەن. ھەممە تەئەللۇقنىڭ ھېسابى كۆزدىن كەچۈرۈلگەنمۇ ئەمەس. مانا ئەمدى مۈلكىي، ھەربىي ياموللار يوقالغان نەرسىلەرنىڭ تىزىمىنى سوراۋېتىپتۇ، مۇبادا ئېسىل نەرسىدىن بىرنەچچىنى تىزىملاپ قويساق ئۆزىمىزگە چاتاق تېپىۋالارمىزمىكىن. ئالتۇن - كۈمۈش مانچىلىك، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت مانچىلىك دەيلى دېسەك، ئېنىق سانىنى ئۇقمايمىز. يالغان تىزىملاشقا بولمايدۇ. سېنىڭ بۇگۈن باشقىچە بولۇپ قالغىنىڭغا ھەيرانمەن، نېمانداق بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ بۇ يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىڭ

www.uyghurkitap.com

نېمىسى؟

جىيا لىيەن جاۋاب بېرىشكە پېتىنالماي، نائىلاج ئورنىدىن تۇرۇپلا مېڭىۋىدى، جىيا جېڭ ئۇنى يەنە توختىتىۋالدى:

— نەگە بارىسەن؟

— جىيەنلىرى خانىدانغا قايتىپ، بۇ ئىشنى ئېنىق ئۇقماقچىمەن، — دېدى جىيا لىيەن كەينىگە يېنىپ.

جىيا جېڭ «ھىم» دەپ قويدى، جىيا لىيەن يەرگە قاراپ شۈك تۇردى.

— كىرىپ ئاناڭغا ئېيت، — دېدى جىيا جېڭ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ دېدەكلىرىدىن بىر - ئىككىنى قوشۇپ قويسۇن، ئۇلار ئوبدان ئەسلىسۇن، ئاندىن خەتلەپ بېرىڭلار.

ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تەئەللۇقلىرىنى يوەنياڭنىڭ باشقۇرۇپ كەلگەنلىكى جىيا لىيەنگە ئېنىق ئىدى، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئەمدى كىمدىن سورىغۇلۇق؟ جېنجۇلاردىن سورىسۇنمۇ؟ ئۇلار ئېنىق بىلەمدۇ؟ شۇنداق بولسىمۇ، جىيا لىيەن جىيا جېڭنىڭ گېپىنى رەت قىلىشقا پېتىنالماي، خوپ دەپ چىقىپ كەتتى. ئىچكىرىگە كىرگەندە شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار يەنە بىرمۇنچە كايىپ، جىيا لىيەنگە چاپسان بېرىپ، خانىدانغا قاراپ قالغانلارغا، خېنىملار: «ئەتە بىزنىڭ يۈزىمىزگە قانداق قارايدىكەن؟» دەۋاتىدۇ، دەپ ئېيت، دېدى. جىيا لىيەن بۇنىڭغىمۇ نائىلاج خوش دەپ يېنىپ چىقتى ۋە خۇ پو قاتارلىقلارنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن مەپە قېتىشنى بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى قېچىرغا مىندى - دە، بىرنەچچە مۇلازىملارنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇچقاندەك قايتتى. جىيا يۈنمۇ جىيا جېڭغا ئىككىنچىلەپ بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالماي، ئاستا يېنىچە مېڭىپ غىپپىدە چىقتى - دە، ئېتىغا مىنىپ جىيا لىيەنگە يېتىشتى. يولدا كەلگۈچە باشقا گەپ بولمىدى.

خانىدانغا يېتىپ كەلگەندە، لىن جىشياۋ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سالام بەردى ۋە ئارقىسىدىن بىللە كىردى. جىيا لىيەن

ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۆر ئۆيىگە كەلدى، فېڭجېي، شىچۈنلەرمۇ شۇ يەردە ئىكەن، ئۇلارنى كۆرۈپ جيالىيەننىڭ زەردىسى تېخىمۇ قايىندى - يۇ، ئەمما توغرىدىن - توغرا بىرنېمە دېيەلمەي، لىن جىشياۋدىن سورىدى:

— يامۇلدىن ئادەم كېلىپ كۆردىمۇ؟

— مۇلكىي يامۇلدىنمۇ، ھەربىي يامۇلدىنمۇ ئادەم كېلىپ كۆردى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆز گۇناھىنى ئۆزى بىلگەن لىن جىشياۋ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، — ئوغرىلارنىڭ ئىزىنىمۇ كۆردى، ئۆلۈكنىمۇ تەكشۈردى.

— نېمە ئۆلۈك ئۇ؟ — دېدى جيا لىيەن تەئەججۇپلىنىپ. لىن جىشياۋ باۋ يۇڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوغرىنىڭ جۇرۇينىڭ ئاتاق ئوغلىغا ئوخشاپ تۇرغانلىقىنى جيا لىيەنگە مەلۇم قىلدى.

— جيا يۈننى چاقىرىڭلار ! — دېدى جيا لىيەن.

جيا يۈن كىرىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى.

— سەن، — دېدى جيا لىيەن، — بېگىم بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا جۇرۇينىڭ ئاتاق ئوغلىنىڭ ئوغرىلىق قىلىپ، باۋ يۇڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى نېمىشقا ئېيتمىدىڭ؟

— جېسەكچىلەر شۇنىڭغا ئوخشاپ تۇرىدۇ، دېگەچكە، راست چىقماي قالمىسۇن يەنە دەپ ئېيتمىغۇدىم، — دېدى جيا يۈن.

— قاپاقباش ئەبلەخ ! — دېدى جيا لىيەن، — ئېيتقان بولساڭ، جۇرۇينى ئالغاچ كېلىپ كۆرسەتسەملا مەلۇم بولماقتى؟

— يامۇلدىكىلەر جەسەتنى ئىگىسى تونۇۋالسۇن دەپ، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئاپىرىپ قويدى، — دەپ مەلۇم قىلدى لىن جىشياۋ.

— ئۇلارنىڭمۇ كاللىسى ئايلىنىپ قاپتۇ ! — دېدى جيا لىيەن، — بىر كىمنىڭ بىرنېمىسى ئوغرىلىق قىلىپ تاياق يەپ ئۆلسە خۇن تۆلىتەلەمتى؟

— ئۇنى خەقلەر تونۇۋالسۇن دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، پېقىر قۇللىرى ئۇنىڭ خېسەن ئىكەنلىكىنى تونۇغاندىم، —

دېدى لىن جىشياۋ.

جيا لىيەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى: «راست، قايسىبىر يىلى جيا جېن بېگىم ئۇرماقچى بولغان ئادەم جۇرۇينىڭ بىرنېمىسى ئەمەسمىدى؟»

— باۋ ئېر بىلەن ئۇرۇشقان ھېلىقى نەرسىچۇ، بېگىم، ئۇنى ئۆزلىرىمۇ كۆرگەن، — دېدى لىن جىشياۋ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جيا لىيەننىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ، جىيەكچىلەرنى ئۇرماقچى بولۇۋىدى، لىن جىشياۋ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى:

— بېگىم، خاپا بولمىسىلا. بۇ ئىشقا تەيىن قىلىنغاندىن كېيىن، جىيەكچىلەرنىڭ ھورۇنلۇق قىلىشقا ھەددىمۇ ! ناھايەت، ئۇلۇغ خاندانىمىزنىڭ قائىدىسى شۇنداق: ئۇچىنچى دەرۋازىنىڭ ئىچىگە بىرىمۇ ئەر كىشى كىرەلمەيدۇ، بىز قۇللارمۇ ئىچكىرىدىن چاقىرتمىسا كىرەلمەيمىز. پېقىر قۇللىرى تاشقىرىدا جيا يۈن غوجام بىلەن توختىماي تەكشۈرۈپ تۇردۇق، ئۇچىنچى دەرۋازا مەھكەم تاقالغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى دەرۋازىلارنىڭ بىرسىمۇ ئېچىلمىدى، ئۇ ئوغرىلار ئارقىدىن تار يول تەرەپتىن چۈشۈپتۇ.

— ئىچكىرىدە جىيەكتە تۇرغان خوتۇنلار قېنى؟ — دېدى جيا لىيەن. لىن جىشياۋ ئۇ خوتۇنلارنى كېلىن ئاغىچىنىڭ ئەمرى بىلەن باغلاپ قويۇپ، بېگىمنىڭ سوراق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

— باۋ يۈكچۇ؟ — دەپ سورىدى جيا لىيەن.

— يەنە باغقا كىرىپ كەتتى، — دېدى لىن جىشياۋ.

مۇلازىملار باۋ يۈكنى ئېلىپ كەلدى.

— ھېلىمۇ ياخشى سەن بار ئىكەنسەن، — دېدى جيا لىيەن، — ئاۋادا سەن بولمىغان بولساڭ ھەممىنىۋا ئۆيدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى بۇلاپ كېتەر ئىكەن، بۇ ئوغرىلار.

باۋ يۈك گەپ-سۆز قىلمىدى. شىچۈن ئۇنى ھېلىقى گەپنى ئېيتىپ قويارمىكىن دەپ بىتاقەت بولۇپ كەتتى، فېڭجېيمۇ

بىر نېمە دېيىشكە پېتىنالمىدى.
شۇ ئەسنادا تاشقىرىدىكىلەر: «خۇ پو ئاچىلىرىمىز كەلدى» دەپ كىرىشتى. ئۇلارنىڭ كىرىشى بىلەن ھەممەيلەن كۆرۈشۈپ، يەنە بىر قەپەس يىغا ـ زار قىلىشتى.
جيا لىيەن ئوغرى ئالماي قېلىپ قالغان نەرسىلەرنى رەتلىتىپ كۆرگەندى. بەزى كىيىم ـ كېچەكلەر، گەزلىمىلەر، پۇل ساندۇقلىرى ئورنىدىن قوزغالماپتۇ، باشقىلىرىدىن ھېچنېمە قالمىغاندى. جيا لىيەن تېخىمۇ تىت ـ تىت بولدى، تاشقىرىدىكى چازاڭلارنىڭ، ئاشخانىنىڭ پۇللىرى تېخى بېرىلمىگەندى، ئەتە بۇلارغا نېمە بەرگۈلۈك؟ جيا لىيەن خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغاندا، خۇ پولار كېلىپ بىردەم يىغلاشتى، قارىسا، ئىشكاپ ـ ساندۇقلارنىڭ ئېغىزلىرى ئوچۇق، شۇنچىۋالا تەئەللۇقنى قانداقمۇ ئېسىگە ئالالىسۇن؟ ئاخىر كالىلىسىغا كەلگىنىچە قىياس بىلەن قارىسىغا بىر تىزىمنى تەييارلاپ چىقىشتى ۋە جيا لىيەننىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنى مۇلكىي، ھەربىي ياملۇللارغا يەتكۈزۈپ بەردى. جيا لىيەن كېچىچە جىسەكچىلىك قىلىشقا قايتىدىن ئادەم تەيىنلىدى. فېڭجيې، شىچۇنلەر ئۆز ھۇجرىلىرىغا قايتىشتى. جيا لىيەن ئۆيدە ئارام ئېلىشقا پېتىنالماي، فېڭجيېغا تاپا ـ تەنىمۇ قىلماي ئېتىغا مىندى ـ دە، شەھەرنىڭ سىرتىغا قاراپ يول ئالدى. فېڭجيې يەنە شىچۇننى كەم ئەقىللىك قىلىپ قويمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، تەسەللى بېرىپ كېلىشكە فېڭئېرنى ئەۋەتتى.

ئىككىنچى جىسەك ۋاقتى بولۇپ قالغاندى. خانىدا ھەممەيلەننىڭ «ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇغان» دەك ئىشىك ـ تۈڭلۈكنى چىڭ تاقاپ، ئۇخلاشقىمۇ پېتىنالماي، تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز. ئەمدى گەپنى ئوغرىلاردىن ئاڭلىغايسىز.
ھېلىقى ئوغرىنىڭ ئەس ـ يادى مياۋيۈيدىلا قالغاندى. ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ خالىي يەردە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ساپلا ئايال لار

www.uyghurkitap.com

بارلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇنىڭغا مەقسىتىگە يېتىش قىيىن ئەمەس ئىدى. ئۇچىنچى جېسەك ۋاقتى بولۇپ كېچىنى جىمجىتلىق قاپلىغاندا، ئۇ قىسقا قورال ۋە دورا بىھوشنى ئېلىپ ئېگىز تامغا سەكرەپ چىقتى. يىراقتىن يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدە تېخىچە چىراغ يورۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ــ دە، تىنىۋىش چىقارماي تامدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئۆينىڭ چېتىدىكى پىنھان بىر يەرگە مۆكتى.

ئۇ تۆتىنچى جېسەك ۋاقتى بولغۇچە كۈتۈپ تۇردى. ئۆينىڭ ئىچىدە چوڭ بىرلا چىراغ يورۇپ تۇراتتى، مىياۋيۈي بولسا ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى. بىر پەستىن كېيىن مىياۋيۈي ھەسرەتلىك بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ مۇنداق دېدى: «مەن شۇەنمۇ مازار تېغىدىن پايتەختكە شۆھرەت چىقىرىش نىيىتىدە كەلگەنىدىم. بۇلارنىڭ تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىۋېلىشى بىلەن باشقا جايلاردا بولۇشقىمۇ ئىمكان بولمىدى. تۈنۈگۈن ياخشى نىيەت بىلەن تۆتىنچى خان قىزنى يوقلاپ بېرىپ ھېلىقى كومشادىن دىلىم رەنجىدى، كېچە يەنە قاتتىق قورقۇپ كەتتىم. بۈگۈن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئېتىكاپتا خاتىرجەم ئولتۇرالمايۋاتىمەن، يۈرىكىم پوكۇلداپ چۆچۈپ تۇرىمەن.» ئۇ ئىلگىرىدىن ئىبادەتتە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ كەلگەچكە، بۈگۈنمۇ بىرسىنى چاقىرىپ ھەمراھ قىلغۇسى كەلمىگەنىدى. بەشىنچى جېسەك ۋاقتى بولغاندا، مۈزلاپ سەل تىترىگەندەك بولدى. بىرسىنى چاقىراي دەپ تۇرۇشىغا، سىرتتىن بىرنېمىنىڭ تىنىۋىشى ئاڭلاندى ــ دە، كېچىدىكى ئىشلار يادىغا كېلىپ تېخىمۇ قورققۇسى كەلدى. ئادەم چاقىردى، خىزمەتكار ئاياللارنىڭ ھېچقايسىسىدىن جاۋاب بولمىدى. ئۇ جايىدىن قىمىرلىماي ئولتۇراتتى، بىر چاغدا بۇرنىغا بىرنېمىنىڭ ھىدى كىرگەندەك بولۇپ، پۇت ــ قولى ئۇيۇشۇپ مىدىرلىيالمايلا قالدى، ئاغزىمۇ گەپكە كەلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ تىت ــ تىت بولغىلى تۇردى. ئاڭغىچە ۋال ــ ۋۇل پارقىراپ تۇرغان پىچاق كۆتۈرۈپ بىر ئادەم كىرىپ

كەلدى. مياۋيۇيگە ھەممە نەرسە ئايان بولدى، بىراق قىمىرلىيالمايتتى. ئۇ بەربىر مېنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى دېگەن ئوي بىلەن يۈرىكىنى توختىتىپ، ئۇنىڭدىن قورقۇپمۇ كەتمىدى. كىم بىلسۇن، ئۇ ئادەم پىچىقنى بېلىگە قىستۇرۇپ، مياۋيۇينى ئاستا قۇچاقلاپ بىردەم مەززە قىلدى ـ دە، ئاندىن كۆتۈرۈپ ھاپاشلىۋالدى. مياۋيۇي بولسا گويا مەست ئادەمدەك خاموش بولۇپ قالغانىدى. ئىسسىت، بىچارە، زەپمۇ پاكىز چىرايلىق قىز ئىدى، قاراقچىنىڭ بىھوش قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ كەتتى.

خوش، ھېلىقى ئوغرى مياۋيۇينى يۈدۈپ باغنىڭ ئارقا تېمىغا كەلدى ۋە ئارغامچا شوتىنى قويدى ـ دە، يامىشىپ تامغا چىقىپ ئۇ تەرەپكە سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى. سىرتتا ئوغرىلار مەپە بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. ھېلىقى ئادەم مياۋيۇينى مەپىگە ياتقۇزۇپ، ئۇردا پانۇسىنى ياقتى ـ دە، شادىنى ئاچۇرۇپ، مەپىنى ئىتتىك قوغلاپ شەھەر قوۋۇقىغا كەلدى. بۇ دەل دەرۋازا ئېچىلىدىغان ۋاقىت ئىدى. دەرۋازىۋەن بۇلارنى ۋەزىپە ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقسا كېرەك دەپ بىلىپ تەكشۈرۈپمۇ كۆرمىدى. ئوغرىلار شەھەردىن چىقىپلا ئاتنى قامچىلاپ ھېلىقى دۆڭگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان ئوغرىلار بىلەن كۆرۈشۈپلا، ھەرقايسىسى ئۆز يولى بىلەن جەنۇبىي دېڭىز تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى.

مياۋيۇي بۇلاپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئاياغ ئاستى قىلىنىشقا تەن بەردىمۇ ياكى تىز پۈكمەي ئۆلدىمۇ، ئىز ـ دېرىكى بولمىغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە قارىسىغا بىرنېمە دېيىش تەس. شۇنىلا بايان قىلىمىزكى، يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىدىكى مياۋيۇينىڭ كەينىدە يۈرىدىغان بىر راھىبە ئېتىكاپخانىنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى، بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدا ئويغىنىپ كېتىپ، ئالدى تەرەپتە بىرسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلىپ، مياۋيۇي ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ بىئارام بولۇۋاتقان بولسا كېرەك

www.uyghurkitap.com

دەپ پەرەز قىلدى. كېيىن بىر ئەر كىشىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى، ئىشىك، پەنجىرىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاراپ باقماقچى بولدى، بىراق جىمى ئەزايى بوشىشىپ تۇرغاندا ئورنىدىن تۇرۇش خۇشياقمىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە مياۋيۇينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاچقا، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئويغاق يېتىۋەردى، تاڭ ئاتقاندىلا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ، ئاندىن چاپىنىنى يېپىنچاقلاپلا ئورنىدىن تۇردى ۋە بۇۋىمنى چاقىرىپ مياۋيۇيگە سۇ، چاي تەييارلاشنى بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى مياۋيۇينى يوقلاش ئۈچۈن ئالدى تەرەپكە ئۆتتى. مياۋيۇي كۆرۈنمەيتتى، ئىشىك، پەنجىرە ئۇلۇغ ئوچۇق تۇراتتى. ئۇ ھەيران بولدى، كېچىدىكى تىۋىشلەرگە بارغانسېرى گۇمانى چۈشتى: «شۇنداق ئەتىگەندە ئۇ نەگىمۇ كەتكەندۇ؟» دەپ ھويلىدىن چىقىپ قارىۋىدى، تامدا بىر شوتا تۇرۇپتۇ، يەردە يەنە بىر غىلاپ، بىر خۇرجۇن تۇراتتى. ئۇ: «يامان بوپتۇ، كېچە ئوغرىلار دورا بىھوش يېقىپتۇ!» دەپ ئالمان ــ تالمان ئادەملەرنى ئويغىتىپ تەكشۈرۈش قىلدى. ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسى چىڭ ئېتىك ئىدى.

ــ كېچە بىزنى ئىس ئەكېتىپ، بۈگۈن ئەتىگەن ھېچقايسىمىز تۇرالماي قالدۇق، شۇنچىزە ئەتىگەن چاقىرىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ــ دېدى خىزمەتكار خوتۇنلار بىلەن دېدەكلەر.

ــ ئۇستازىمىز يوق تۇرىدۇ! ــ دېدى ھېلىقى راھىبە.

ــ ئېتىكاپتا ئولتۇرىدىغاندۇ، ــ دېدى كۆپچىلىك.

ــ تېخىچە چۈش كۆرۈۋېتىپسىلەر، ــ دېدى راھىبە، ــ كىرىپ قاراپ بېقىڭلار!

كۆپچىلىك نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تەمتىرىشىپلا قالدى. ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ باغنىڭ ھەممىنى ۋە يېرىنى ئىزدەپ چىقتى، يوق، ئاخىر تۆتىنچى خان قىزنىڭكىگە كەتكەن بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىشىپ، ئارا

ئىشىككە كەلگەندە باۋ يۈگۈدىن بىرمۇنچە تىل ئىشتتىۋالدى.

— مياۋيۈي بۈۋى ئاخشامدىن بېرى يوق، — دېيىشتى ئۇلار، — شۇنى ئىزدەپ كېلىۋىدۇق. ئۆزلىرىدىن تىلەيدىغىنىمىز، ئارا ئىشىكنى ئاچۇرۇپ بۇ يەرگە كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سوراپ باققان بولساڭلا.

— سىلەرنىڭ ئۇستازىڭلار ئوغرىلارنى باشلاپ كېلىپ بىزنىڭكىگە ئوغرىلىققا چۈشكەن، ئوغرىلاپ بولغاندىن كېيىن ئوغرىلارنىڭ ئارقىسىدىن راھەت كۆرگىلى كەتكەندۇ! — دېدى باۋ يۈگۈ.

— ئامىتابا! — دېيىشتى كۆپچىلىك، — شۇنداق دېگۈچىلەر تىن تارتماي ئۆلەر، ئىلاھىم!

— ئاغزىڭنى يۇم، يەنە غەلۋە قىلىشىۋېرىدىغان بولساڭ، تاياق يېيىشىسەن، — دېدى باۋ يۈگۈ ئاچچىقى كېلىپ.

— بېگىم، ئۆزلىرىدىن خۇش بولۇپ قالساق، — دەپ يېلىندى ئۇلار ھەجىيىشىپ، — ئىشىكنى ئاچۇرۇپ بەرسىلە، كىرىپ قاراپ باقايلى. ناۋادا يوق بولۇپ قالسا، ئۆزلىرىنى ئىككىنچىلەپ زادى ئاۋارە قىلمايمىز.

— چىنپۇتۇشمىسەڭ، كىرىپ ئىزدەپ بېقىش، تېپىشالمىساڭ ئۇ چاغدا سەنلەرگە دەيدىغان گېپىم بار!

باۋ يۈگۈ شۇنداق دەپ، ئارا ئىشىكنى ئاچۇرۇپ بەردى. كۆپچىلىك مياۋيۈينى ئىزدەپ شىچۈننىڭكىگە كەتتى.

شىچۈن قايغۇرۇپ ئولتۇراتتى: «مياۋيۈي شۇ كۈنى سەھەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، باۋ يۈگۈ دېگەن ھېلىقى ئادىمىمىزنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىمىكىنتاڭ. رەنجىپ قالغان بولسا، كېيىن بۇ ياققا ئۆتمەي، مۇگدىشىدىغان ئادىمىمدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قارىيالماس بولۇپ قالدىم، ئاتا ـ ئانام بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن، يەڭگەم مېنى يامان ئالىدۇ. ئىلگىرىغۇ

ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بار ئىدى، ھەرھالدا بېشىمنى سىلايتتى، مانا ئەمدى ئۇمۇ ئۆلۈپ كېتىپ پاناھسىز قالدىم. ئەمدى نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟ يىگىچۈن ئاچام زۇلۇمدىن ئۆلدى، شى شياڭيۈن ئاچام كېسەل بېقىۋاتىدۇ، ئۈچىنچى ئاچام يىراققا مۇساپىر بولۇپ كەتتى، بۇنىڭ ھەممىۋاسى ئۇلارنىڭ ئۆز خاھىشى ئەمەس، پېشانىسىغا پۈتۈلگەن تەقدىر. يالغۇز مياۋيۈيلا خۇددى نوختىسىز ئاتتەك ھېچنېمىدىن قورۇنماي بەھۇزۇر ئۆتۈۋاتىدۇ. شۇنىڭدەكلا بولسام ئامىتىم كەلگەن بولاتتى! بىراق، مەن ئېسىلزادە جەمەتىنىڭ قىزى تۇرسام، بۇ مۇرادىم قانداق ھاسىل بولغاي؟! بۇ نۆۋەت خانىدانىغا قاراپ قېلىپ چوڭ ئەيىبكە قالدىم، ئەمدى قانچىلىك يۈزۈم قالدى؟! ئاغىچا خېنىملار مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنمىسە، كەلگۈسى ئىشلىرىمنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشى ماڭا تېخىمۇ قاراڭغۇ!» ئۇ شۇ خىياللار بىلەن چېچىنى كېسىۋېتىپ راھىبە بولۇپ كەتمەكچى بولدى. سەيىيىڭلار ئۇنىڭ چېچىنى كېسىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئىتتىك كېلىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى، ئاڭغىچە ئۇ چېچىنىڭ يېرىمىنى كېسىپ بولغانىدى. سەيىيىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن تىتىلداپ:

— تېزىنى باسسا مېزى چىقىپلا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنى قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ — دېدى.

بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنىڭ ئۈستىگە مياۋيۈيىنىڭ خىزمەتچىسى مياۋيۈينى ئىزدەپ كېلىپ قالدى. سەيىيىڭ ئۇنىڭدىن نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سوراپ، چۆچۈپ كەتتى ۋە:

— تۈنۈگۈن سەھەردە چىقىپ كەتكەنچە كەلمىدى، — دېدى. بۇ گەپنى ئىچكىرىكى ھۇجرىدا تۇرغان شىچۈن ئاڭلاپ قېلىپ، ئالمان ـ تالمان سورىدى:

— نەگە كېتىپتۇ؟

كەلگەن ئايال كېچە بىرنېمىنىڭ تىۋىشى ئاڭلانغانلىقىنى، ئۆزلىرىنى كۆمۈرنىڭ تۈتۈنىدە ئىس ئېلىپ كەتكەنلىكىنى،

بۇگۇن ئەتىگەندە مىياۋيۇيىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئىبادەتخانىدا ئارغامچا شوتا، غىلاپ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. شىچۈن بىئارام بولۇپ، تۈنۈگۈن باۋ يۈڭنىڭ قىلغان گەپلىرىنى يادىغا ئالدى: ھېلىقى قاراقچىلار كۆرۈپ قالغان بولسا، كېچە كېلىپ بۇلاپ كەتكەن بولمىسۇن يەنە، بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. بىراق، ئۇ شۇنچىلىك پاك تۇرسا، ئۆزىنى ئۇلارغا تىرىك تاپشۇرارمۇ؟

— ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھېچقايسىڭلار ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— نېمىشقا ئاڭلىمايمىز؟ — دېدى خوتۇنلار، — بىراق، ھەممىمىز كۆزىمىز ئوچۇق تۇرۇپ، بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلالمىدۇق. ئوغرىلار دورا بىھوش ياققان بولسا كېرەك. مىياۋيۇي ئۇستاز ئۆزى يالغۇز ئىدى، ئۇمۇ بىھوش بولۇپ كېتىپ گەپ قىلالمىغان ئوخشايدۇ. يەنە كېلىپ ئوغرىلار جىق بولسا كېرەك، پىچاق، تاياق - توقماقلار بىلەن ھەيۋە قىلىپ تۇرغاندا ئۇ زۇۋان سۈرۈپ توۋلىيالايتتىمۇ؟

گەپ داۋام قىلىۋاتقاندا، باۋ يۈڭ ئارا ئىشىكتە تۇرۇپ يەنە توۋلىغىلى تۇردى:

— ئىچكىرىدىكى ھېلىقى دۆيۈز خوتۇنلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىڭلار! ئارا ئىشىكنى چاپسان تاقىۋېتىڭلار!

سەيينىڭ ئاڭلاپ، ئەيىبكار بولۇپ قالماي دەپ، ئۇ ئايالارنى نائىلاج چىقىرىۋېتىپ ئارا ئىشىكنى تاقىۋەتتى. شىچۈن تېخىمۇ ئازابلانغىلى تۇردى. نائىلاج سەيينىڭ قاتارلىقلار ئەدەپ - ئەردەمدىن سۆزلەپ قايتا نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، چېچىنىڭ قالغان يېرىمىنى بېشىغا تۇرۇپ قويدى. ھەممەيلەن: «داۋراڭ قىلمايلى. مىياۋيۇي بۇلاپ كېتىلگەن بولۇپ چىققان ھالەتتىمۇ ئۇقمىغانغا سېلىپ تۇرايلى. بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىملار قايتىپ كەلگەندە بىر گەپ بولار» دەپ كېلىشىۋالدى. شىچۈن شۇ

كۈندىن ئېتىبارەن راھىبە بولۇپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى جىيا لىيەنگە كەلسەك، ئۇ تۆمۈر ئاستانىلىق مازارغا قايتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ خانىدانىغا بارغاندىن كېيىن جېسەكچىلەرنى تەكشۈرۈپ، يوقالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى خەتلەپ يامۇلغا يوللىغۇەتكەنلىكىنى جىيا جېڭغا مەلۇم قىلدى.

— قانداق خەتلىدىڭلار، — دەپ سورىدى جىيا جېڭ.

جىيا لىيەن خۇ پونىڭ ئېسىدە قالغان سانلارنىڭ تىزىمىنى سۇندى ۋە:

— خانىش ئىنئام قىلغان نەرسىلەر ئىزاھلاپ قويۇلدى، باشقا خەقتە ئانچە بولمايدىغان نەرسىلەرنى تىزىمغا كىرگۈزۈشكە بولمىدى. جىيەنلىرى مۇسىبەت ئاياغلاشقاندا سىرتقا چىقىپ، باشقىلارغا ھاۋالە قىلىش بىلەن ئىنچىكىلەپ دېرىكىنى ئالسام چىقماي قالمايدۇ، — دېدى. جىيا جېڭ بۇ گەپنى ياقتۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، باشقا گەپ ـ سۆز قىلمىدى.

جىيا لىيەن ئىچكىرىگە كىرىپ، شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا:

— بېگىمنى خانىدانغا بالدۇرراق قايتىشقا دەۋەت قىلىشقان بولسىلا ئوبدان بولاتتى، بولمىسا، ھەنىنۋا ئىش چىگىچلىشىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دەپ مەسلىھەت سالدى.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم، — بىزمۇ بۇ يەردە ئۆيدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرالماي كېتىۋاتىمىز.

— بۇ گەپنى بىز قىلالمايدىكەنمىز، — دېدى جىيا لىيەن، — يەنىلا ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرىنىڭ دېگەنلىرى تۈزۈك، بېگىم سىلىنىڭ گەپلىرىنى يىرمايدۇ.

شىڭ ئاغىچا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن كېلىشىۋالدى.

ئارىدىن بىر كېچە ئۆتتى، جىيا جېڭمۇ خاتىرجەم بولالماي،



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باۋيۇينى:

— ئاغىچا خېنىملار بۇگۇن خانىدانغا قايتىپ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن كەلسۇن. قالىدىغان خىزمەتكارلارنى بەلگىلەپ قويىدۇق، ئىچكىرىگە كىرەك ئادەملەرگە ئاغىچا خېنىملار ئۆزلىرى بىرنېمە دېسۇن، — دەپ كىرگۈزدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم يىڭگې قاتارلىق بىرنەچچەيلەننى مېيىتكە ھەمراھ بولۇشقا قويدى، جۇرۇينىڭ خوتۇنى قاتارلىقلارنى باش غوجىدارلىققا تەيىنلىدى، قالغان يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەرنىڭ جىمىسى قايتىدىغان بولدى. بىردەمدىلا پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ، مەپىلەر قوشۇلدى، ئاتلارغا ئېگەرلەر توقۇلدى، جيا جېڭ باشلىق كىشىلەر جيا ئاننىڭ مېيىتى ئالدىغا كېلىپ ۋىدالاشتى ۋە يەنە بىردەم يىغا - زار قىلىشتى.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ماڭايلى دەپ تۇرغاندا، جاۋ كىچىك ئاپا تېخىچە تۇرماي يەردە ياتاتتى. جۇ كىچىك ئاپا ئۇنى تېخىچە ئورنىدىن يىغلاۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ، يېنىغا بېرىپ تارتتى. كىم بىلسۇن، جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ، كۆزلىرى ئالىيىپ، تىلى چىقىپ قاپتۇ، بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن قورقۇپ كەتتى. جيا خۇەن كېلىپ ئاغىل - تاغىل ۋارقىرىغىلى تۇردى.

— مەن قايتمايمەن! — دېدى جاۋ كىچىك ئاپا ھوشىغا كېلىپ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا ھەمراھ بولۇپ جەنۇبقا كېتىمەن!

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سىلىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلامدۇ تېخى؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— مەن ئۆمرۈم بويى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەلدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلۇغ بېگىم رازى بولماي، قولىدىن كەلگىنىچە شۇملۇق ئىشلىتىپ ماڭا قەست قىلىپ كەلدى. مەن جادۇگەر ما دەللىنىڭ قولى بىلەن دەردىمنى

ئالماقچى بولغاندىم، بىرسىنىمۇ ئۆلتۈرەلمەي، خەجلىگەن بىرمۇنچە كۈمۈشلىرىممۇ بىكار كەتتى، ئەمدى يەنە قايتىپ بارسام، يەنە كىملەر مېنىڭ پېيىمگە چۈشەركىنتاڭ!

كۆپچىلىك دەسلەپتە ئۇنىڭغا يۈەنياڭنىڭ جىنى چاپلاشقان ئوخشايدۇ، دېيىشكەندى، كېيىن ما دەللىنىڭ گېپى چىققاندىن كېيىن ئۇنداق ئەمەس ئوخشايدۇ، دېيىشتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا ھېچنېمە دېمىدى، يالغۇز سەيىيڭلا يۈەنياڭنىڭ روھىغا يىلىنىپ:

— يۈەنياڭ ئاچا، سەن ئۆلسەڭ ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن ئۆلگەندىڭ، سېنىڭ ئۆلۈشۈڭنىڭ جاۋ كىچىك خېنىم بىلەن نېمە چېتىشلىقى بار؟ ئۇنى قويۇۋەتكىن، — دېدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم شۇ يەردە بولغاچقا، باشقا گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى.

— مېنى يۈەنياڭ ئەمەس، ھەزرىتى ئەزرائىل قىچقىرىۋاتىدۇ، جادۇگەر ما دەللە بىلەن سېھىرگەرلىك قىلغانلىقىم ۋەجىدىن شۇ دەۋانى سوراش ئۈچۈن ئەكېتىۋاتىدۇ، — دېدى جاۋ كىچىك ئاپا، — جېنىم لېيەنئېر خېنىم①، ھەزرىتىم ئالدىدا مەن بىلەن ئارتۇق قېرىشىپ تۇرۇۋالمىسىڭىز! تاغدەك يامانلىق قىلغان بولساممۇ، تېرىقچىلىك بولسىمۇ ياخشىلىقىم باردۇ. جېنىم خېنىم! پاشا خېنىم! مەن سىزگە قەست قىلماقچى ئەمەس ئىدىم، مەن ئېزىپتىمەن، ھېلىقى قېرى جالاپنىڭ گېپىگە كىرىپ كېتىپتىمەن.

تازا ئېگىز - پەسچىلىك بولۇۋاتقاندا، جيا جېڭ جيا خۇەننى چاقىرتىپ ئادەم كىرگۈزدى. كىرىپ چىققان خىزمەتكار ئايال چىقىپ:

— جاۋ كىچىك خېنىمغا جىن چاپلىشىپتۇ، جيا خۇەن غوجام يېنىدا ئىكەن، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— يوق گەپنى دەيدىكىنە بۇ خەق. بىز ئاۋۋال مېڭىپ

① فېڭجيېنى دېمەكچى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

تۇرايلى، — دېدى جيا جېڭ. شۇنىڭ بىلەن بەگ - غوجاملار ئاۋۋال ماڭدى. جاۋ كىچىك ئاپا تېخىچە ئالاڭ - بۇلاڭ سۆزلەپ تۇراتتى، دەرھال ئۇڭشىلىپ كېتەلمىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى يەنە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈمىسۇن دەپ ئەنسىرىدى بولغاي:

— ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كۆپرەك ئادەم قالسۇن، بىز مېڭىپ تۇرايلى. شەھەرگە بېرىپ تېۋىپ ئەۋەتەيلى، كۆرۈپ باقسۇن، — دېدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئېپى كېلىشمىگەچكە، چاتىقى بولمىدى. باۋچەي ئەسلىدىن مېھرىبان ئىدى، جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ باۋيۈيگە قەست قىلغانلىقى يادىدا بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭلى ئۇنىماي، جۇ كىچىك ئاپىغا بۇ يەردە ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشنى خۇپىيانە تاپىلىدى. جۇ كىچىك ئاپىمۇ ئوبدان ئايال بولغاچقا، ماقۇل بولدى.

— مەنمۇ قالاي، — دېدى لى ۋەن.

— ھاجەتسىز، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن يولغا چىقماقچى بولدى.

— مەنمۇ مۇشۇ يەردە قالامدىم؟ — دېدى جيا خۇەن بىتاقەت بولۇپ.

— ھەي قاپاقباش ئەخمەق! ئاناڭ ئۆلەمدۇ، تىرىلەمدۇ نامەلۇم تۇرسا، سەن تېخى كەتمەكچىمۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا تۇكۇرۇپ.

جيا خۇەننىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالدى.

— جېنىم ئۇكام! — دېدى باۋيۈي، — سەن كەتسەڭ بولمايدۇ! مەن شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ سېنى يوقلىتىمەن.

گەپ تۈگىگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن مەپىگە چىقىپ خانىدانىغا قايتتى. مازاردا جاۋ كىچىك ئاپا، جيا خۇەن، يىگگى

قاتارلىقلار قالدى.

جيا جېڭ، شىڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلار خانىدانغا ئىلگىرى ـ كېيىن يېتىپ كېلىشتى ۋە تۆر ئۆيگە كىرىپ بىردەم يىغا ـ زار قىلىشتى. لىن جىشياۋ خىزمەتكارلارنى باشلاپ كىرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سالام بەردى.

— چىقىپ تۇر! سەن بىلەن ئەتە سۆزلىشىمەن! — دەپ توۋلىدى جيا جېڭ.

فېڭجيې شۇ كۈنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقالمىدى. شىچۈنلا چىقىپ كۆرۈشتى ۋە خىجالەتچىلىكتە يۈزلىرى چىمىلداپ كەتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىلگىرىدەك مۇئامىلىدە بولدى، لى ۋەن، باۋچەيلەر ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىرنەچچە ئېغىز گەپلەشتى. پەقەت يۈشىلا:

— خان قىز، بىرنەچچە كۈن جوۋاپ جاپا چەكتىڭىز! — دېدى. شىچۈن ھۆپپىدە قىزىرىپ، لام ـ جىم دېمىدى. باۋ چەي يۈشىنى تارتىپ كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويدى. بىر ئازدىن كېيىن يۈشى قاتارلىقلار ئۆز ھۇجرىلىرىغا قايتىشتى.

جيا جېڭ شىچۈنگە كۆزىنىڭ قىرىدا بىرلا قاراپ قويۇپ، ھەسرەتلىك بىر ئۇھ تارتتى ـ يۇ، گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ئاندىن كۇتۇپخانىغا كىرىپ يەردىلا ئولتۇردى ۋە جيا لىەن، جيارۇڭ، جيا يۈنلەرنى چاقىرىپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ تاپىلىدى. باۋيۈي كۇتۇپخانىدا جيا جېڭغا ھەمراھ بولماقچى بولۇۋىدى، جيا جېڭ: «ھاجىتى يوق» دېدى. جيا لىەن ئانىسى بىللە بولدى. كېچىچە باشقا گەپ بولۇنمىدى.

ئەتىسى لىن جىشياۋ سەھەردىلا كۇتۇپخانىغا كىرىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى، جيا جېڭ ئوغرى چۈشكەن ۋەقەنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە بىر قۇر سورىدى، لىن جىشياۋ جۇ رۈيىنىڭ ئىشىنىمۇ ئېيتتى ۋە يەنە مۇنداق دېدى:

— يامۇلدىن باۋ ئېرنى تۇتۇۋاپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدىن يوقالغان تەئەللۇقلار تىزىمىدىكى نەرسىلەردىن تېپىلىپتۇ، ئوغرىلارنى شۇنىڭغا تاپتۇرىمىز دەپ ھازىر ئۇنى گاڭزىغا بېسىپ سوراق قىلىۋاتىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ جيا جېڭ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ:

— خانىداندىكى قۇللارنىڭ تۇز كورلۇق قىلىپ، ئوغرىلارنى باشلاپ كېلىپ غوجايىنىنى بۇلاتقانلىقى ئۇچىغا چىققان نائەھلىلىك! — دېدى ۋە شەھەر سىرتىغا چىقىپ جۇ رۇينى باغلاپ، يامۇلنىڭ سوراق قىلىنىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش توغرۇلۇق دەرھال بۇيرۇق قىلدى. لىن جىشياۋ ئورنىدىن تۇرۇشقا جۇرئەت قىلالماي تىزلانغىنىچە ئولتۇراتتى.

— نېمە تىزلىنىپ ئولتۇرىۋېرىسەن؟ — دېدى جيا جېڭ.

— كەمىنە قۇللىرى ئۆلۈمگە مەھكۇمەن، بېگىم، رەھىم قىلىشلىرىنى تىلەيمەن! — دېدى لىن جىشياۋ. گەپ ئۈستىگە لەي دا قاتارلىق غوجىدار - خىزمەتكارلار كىرىپ سالام بەردى ۋە مۇسىبەت ئىشلىرىنىڭ ھېساباتىنى تۇتتى.

— جيا ليەنگە تاپشۇر، ھېساب - كىتابنى ئېنىق قىلىپ، ئاندىن ماڭا مەلۇم قىلسۇن، — دېدى جيا جېڭ ۋە لىن جىشياۋنى توۋلاپ چىقىرىۋەتتى.

جيا ليەن جيا جېڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ بىرنېمە دېۋىدى، جيا جېڭ كۆزىنى ئالايتتى:

— جۆيلۈمە! بۇ دېگەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىشى تۇرسا، ئالتۇن - كۈمۈشنى ئوغرىغا بېرىپ قويۇپ چاكارلاردىن تۆلىتىۋالغۇلۇقمۇ؟ — دېدى.

جيا ليەن قىزىرىپ كېتىپ لام - جىم دېمىدى، ئورنىدىن تۇرۇپمۇ مىدىر - سىدىر قىلالمىدى.

— ئاغىچاڭ قانداق تۇرۇپتۇ؟ — دېدى جيا جېڭ.

— ئوڭشىلالمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى جيا ليەن يەنە

www.uyghurkitap.com

تىزلىنىپ.

— خانىدانىمىزنىڭ ئامىتى قېچىپ شۇنچىزە ۋەيران بولۇپ كېتىشى خىيالىمغىمۇ كەلمەپتىكەن! — دېدى جىيا جېڭ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ، — تۆپىلەپ جىيا خۇەنىنىڭ ئانىسىمۇ ئىبادەتخانىدا كېسەل ياتىدۇ، نېمە كېسەللىكى نامەلۇم. سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار بارمۇ؟

جىيا لىيەن زۇۋان سۈرەلمىدى.

— چىقىپ خەۋەر قىلىۋەت، بىرسى تېۋىپتىن بىرنى ئېلىپ تۆمۈر ئاستانىلىق مازارغا بېرىپ كۆرۈپ كەلسۇن!

جىيا لىيەن خوش دەپ يېنىپ چىقتى ۋە تۆمۈر ئاستانىلىق مازارغا جاۋ كىچىك خېنىمنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تېۋىپنى قوشۇپ ئادەم ماڭدۇردى. كېسەلنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز ئون ئۈچىنچى باب

## فېڭجىيېنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ سەھرالىق مومايغا ھاۋالە قىلغانلىقى
## كۆيۈمچان دېدەكنىڭ مەجنۇن يىگىتتىن تەسىرلىنىپ نەپرىتىدىن يانغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، جاۋ كىچىك ئاپا مازاردا تاسادىپىي كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇ يېنىدىكى ئادەملەرنىڭ ئازىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قالايمىقان سۆزلىگىلى تۇردى. يېنىدىكىلەر قورقۇپ تېڭىرقاپ قېلىشتى. ئىككى ئايال ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىۋالغانىدى، ئۇ يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە بىردەم سۆزلەيتتى، بىردەم يىغلايتتى. گاھىدا يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋېلىپ: «مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى! قىزىل ساقال بېگىم، ئەمدى توۋا قىلدىم!» دەپ شەپقەت تىلىسە، گاھىدا ئالىقىنىنى بىر - بىرىگە يېپىشتۇرۇپ، ۋايجان - ۋايىيەي دەپ نالە قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى پۇلتىيىپ، ئاغزىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى. ھەممەيلەن قورقۇپ ئۇنىڭغا يېقىن بارالمايۋاتاتتى.

كەچ كىرىپ قالدى، جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ ئۈنىمۇ پۈتۈپ خۇددى جىنىدەك ھۇۋلىغىلى تۇردى، ھېچكىم قېشىدا تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، يۈرەكلىك بىرنەچچە ئەر كىشىنى چاقىرىپ قېشىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشتى. جاۋ كىچىك ئاپا بىردەم ئۆلگەندەك بولۇپ يېتىۋالاتتى، بىردەم يەنە تىرىلىپ قالاتتى، پۈتۈن بىر كېچە شۇ ھەلەكچىلىك بىلەن ئۆتتى. ئەتىسى يەنە گەپ -

سۆز قىلالمىدى، چىرايىنى خۇددى ئالۋاستىدەك قىلىپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ، كۆكرىكىنى ئېچىپ تاشلاپ، خۇددى بىرسى يالىڭاچلىۋەتكەندەك ئولتۇراتتى، بىچارە جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ گەرچە ئۆزى ئېيتالمىسىمۇ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازاب چېكىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شۇ جىددىي پەيتتە تېۋىپ يېتىپ كەلدى، بىراق ئۇمۇ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالماي، پەقەت:

— ئاخىرەتلىككە تەرەددۇت قىلىڭلار، — دەپلا مىڭىشقا تەمشەلدى.

— بېگىم، — دېدى تېۋىپنى ئېلىپ كەلگەن خىزمەتكار قايتا - قايتا يېلىنىپ، — مەرھەمەت قىلىپ تومۇرىنى تۇتۇپ باققان بولسىلا، مەنمۇ غوجايىنىمىزغا قورقماي مەلۇم قىلسام.

تېۋىپ تۇتۇپ كۆرسە، تومۇرىنىڭ سوقۇشىدىن ئەسەر يوق. جىيا خۇەن بۇنى ئاڭلاپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. كۆپچىلىك جىيا خۇەن بىلەنلا بولۇپ كېتىشتى، جاۋ كىچىك ئاپا كاڭدا چاچلىرى پاخپىيىپ، پۇتلىرى يالىڭاچ ئۆلۈپ ياتسا، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى.

پەقەت جۇ كىچىك ئاپىلا: «توقال دېگەننىڭ ئاقىۋىتى شۇنچىلىك ئىكەنغۇ! ئۇنىڭ تېخى بىر ئوغلى بار. كېيىنكى كۈندە مەن ئۆلۈپ - تارتىپ قالسام قايسى كۈنگە قالارمەنكىن!» دېگەن خىياللار بىلەن قايغۇ ئىچىدە قالدى.

خوش، بايىقى خىزمەتكار خانىدانغا قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى جىيا جېڭغا مەلۇم قىلدى، جىيا جېڭ قائىدە بويىچە ئۆزىگە لايىق دەپنە قىلىۋەتسۇن دەپ شۇ زامان ئادەم بۇيرۇدى. ئۇ ئادەم جىيا خۇەنگە ئۈچ كۈن ھەمراھ بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، جىيا خۇەننى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئادەم كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە بۇ ئىش بىردىن ئۇنغا، ئۇندىن يۈزگە ئاڭلىنىپ، جاۋ كىچىك ئاپا كۆڭلى قارىلىق قىلىپ خەقنى قەستلەپتىكەن، مۇنكىرلارنىڭ

تايىقى بىلەن ئۆلۈپتۇ، دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى. بەزىلەر يەنە: «جيا ليەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسى ئۆزى ئۆلەر ھالەتتە ياتسا، قانداقسىغا ئۇ خېنىمنى ئەرز قىپتىكەن دېگىلى بولسۇن؟» دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلىشىپ يۈرەتتى.

بۇ گەپلەر پىڭئېرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئۇنى بەكمۇ تىت - تىت قىلىۋەتتى، فېڭجيې ئەپتىدىن راستلا ساقىيالمايدىغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جيا ليەن يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئۇنى ئانچە ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتەك يۈرەتتى، دەرۋەقە ئۇنىڭ ئىشلىرىمۇ ئاۋۇپ كەتكەنىدى. پىڭئېر فېڭجيېنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ خانىدانغا قايتىپ كەلگىنىگە خېلى كۈن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزلىرى كېلىپ يوقلاپ قويماي، باشقىلارنى ئەۋەتكەنلىكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق ئەلەم قىلدى. جيا ليەنمۇ قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلىپ قويمىدى.

فېڭجيې مۇشۇ كۈنلەردە پاتراق ئۆلۈشنىلا تىلەيتتى، بۇ خىيال كۆڭلىگە كېلىشى بىلەنلا جىن - ئالۋاستىلار ۋە جىمى نەسلىك ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغاندەك بىلىنەتتى. بىر كۈنى ئۇ چۈشىدە يۇ ئېرجيېنى كۆردى. ئۇ ھۇجرىنىڭ كەينىدىن كىرىپ كاتقا يېقىنلىشىپ كەلدى:

— ئاچا، كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولدى! كەمىنە سىڭلىڭىز سىزنى بەكمۇ سېغىندىم، كۆرۈشۈشكە زادىلا ئىمكان بولماي كەتتى، بۈگۈن مىڭ تەستە سىزنى كۆرگىلى كىردىم. ئاچا، قولىڭىزدىن كېلىدىغانلىكى ئىشنىڭ جىمىسىنى قىلىپ بولدىڭىز. بىزنىڭ جيا ليەن بېگىممۇ ئەخمەق ئىكەن، سىزدىن مىننەتدار بولماقتا يوق، ئەكسىچە تېخى سىزدىن ئىش يۈرۈشتۈرۈشتە ھەددىدىن زىيادە رەھىمسىز، مېنىڭ رىزقىمغا ئولتۇرۇۋاتىدۇ، خەقلەرنىڭ يۈزىگىمۇ قارىيالمايدىغان بولۇپ

قېلىۋاتىمەن، دەپ ئاغرىنىۋاتىدۇ. بۇ ناھەقچىلىككە سىز ئۈچۈن مەن زادىلا چىدىيالمىدىم.

— مەنمۇ بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ ئىچى تارلىقلىرىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، — دېدى فېڭجيې خاراموش ھالدا، — سىڭلىم، مېنىڭ بۇرۇن قىلغان يامانلىقلىرىمنى كۆڭلىڭىزدىن كۆتۈرۈۋېتىپ مېنى كۆرگىلى كەپسىز!

— خېنىم، نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى يېنىدا تۇرغان پىڭئېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ.

فېڭجيې ئويغىنىپ كەتتى ۋە يۇ ئېرجيېنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ، جېنىمنى ئالغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قورقۇپ قالدى، بىراق كۆڭلىدىكىنى ئېيتقۇسى كەلمەي، زورىغىلا:

— ئەس - ھوشۇم جايىدا ئەمەس، جۆيلۈگەن ئوخشايمەن. دۈمبەمگە ئۇرۇپ قويغىنا، — دېدى.

پىڭئېر كاڭغا چىقىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئاستا ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا چۆرە قىزدىن بىرسى كىرىپ، ليۇ موماي كەپتىكەن، مومايلار ئۇنى خېنىمغا سالام بېرىشكە باشلاپ كىرىپتۇ، دەپ خەۋەر قىلدى.

— ئۇلار قەيەردە؟ — دېدى پىڭئېر ئالدىراپ پەسكە چۈشۈپ.

— ئۇ ئۇسۇپلا كىرىشتىن ئەيمىنىپ، خېنىم نېمە دەيدىكىن دەپ تۇرىدۇ، — دېدى چۆرە قىز. پىڭئېر بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە كېسەل چاغدا فېڭجيېغا بىرسى بىلەن كۆرۈشۈش خۇشياقماس دەپ ئويلاپ:

— خېنىم ھازىر ئارام ئېلىۋاتىدۇ، بىردەم تۇرۇپ تۇرسۇن. ئاندىن ئۇنىڭدىن سوراپ باققىن، نېمە ئىش بىلەن كەلدىكىن؟ — دېدى.

— ئانىكىلار سوراپتۇ، — دېدى چۆرە قىز، — ھېچ ئىشى يوق ئىكەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى ۋاپات بوپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، خەۋەر قىلىنمىغاچقا، كېچىكىپرەك كېلىپ

قالدىم، دەپتۇ.

فېڭجيې چۆرە قىزنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ، پىڭئېرنى چاقىردى:

— پىڭئېر، بېرى كەلگىن ! خەق ياخشى نىيەت بىلەن يوقلاپ كەلسە سوغۇق مۇئامىلە قىلساق بولمايدۇ. سەن چىقىپ ليۇ مومايىنى باشلاپ كىرگىن، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقۇم كېلىۋاتىدۇ.

پىڭئېر نائىلاج ليۇ مومايىنى باشلاپ كىرىشكە چىقىپ كەتتى. فېڭجيې ئەمدىلا كۆزىنى يۇمۇشىغا، بىر ئەر، بىر ئايال كاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ كاڭغا چىقىشقا تەمشەلگەندەك كۆرۈندى. فېڭجيې ئىتتىكلا:

— نەدىن كەلگەن ئەر كىشى بۇ، بۇ يەرگە نېمىدەپ كىرىدۇ ! — دەپ پىڭئېرنى ئىككى قېتىم چاقىردى.

— خېنىم، ئۆزلىرىگە نېمە لازىمكىن؟ — دېدى فېڭئېر بىلەن شياۋخۇڭ دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ. فېڭجيې كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ھېچكىم يوق، فېڭجيې بۇنى ئېيتقۇسى كەلمەي، كۆڭلىدىلا بىلىپ، فېڭئېرگە:

— پىڭئېر دېگەن بىرنېمە نەگە كەتتى؟ — دېدى.

— خېنىم، ئۆزلىرى ليۇ مومايىنى باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇۋەتمىدىلىمۇ؟ — دېدى.

فېڭجيې ئېسىنى يىغىۋېلىپ، باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى. پىڭئېر ليۇ موماي بىلەن بىر قىزچاقنى باشلاپ كىردى.

— بىزنىڭ كېلىن ئاغىچا خېنىم قېنى ؟ — دەپ كىرىپ كەلدى ليۇ موماي. پىڭئېر ئۇنى كاڭنىڭ لېۋىگە باشلاپ كەلدى.

— خېنىم، ئېسەن تۇردىلىمۇ؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى ليۇ موماي. فېڭجيې كۆزىنى ئېچىپ ليۇ مومايىنى كۆردى - دە، ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

— موما، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟ نېمانچە كېچىكىپ كەلدىڭىز؟ قاراڭ، نەۋرىڭىزمۇ چوڭلا بولۇپ كېتىپتۇ !

ليۇ موماي فېڭجيېنىڭ ئورۇقلاپ تارىشىدەك بولۇپ

www.uygurkitap.com

قالغانلىقىغا، روھىي ھالىتىنىڭمۇ خاراموش تۇرغانلىقىغا قاراپ ئېچىنىپ كەتتى:

— خېنىم بالام، بىر نەچچە ئايلا كۆرۈشمەپتىكەنمىز، ئاغرىپ شۇنچىزە بولۇپ كەتتىلىمۇ؟ مېنىڭ دۆتلۈكۈمنى كۆرمەمدىغان، نېمىشقا بالدۇرراق كېلىپ يوقلىمىغاندىمەن! — ئاندىن ئۇ نەۋرىسى چىڭئېرنى فېڭجيېغا سالام بېرىشكە بۇيرۇدى.

چىڭئېر كۈلۈپلا تۇراتتى. فېڭجيېنىڭ ئۇنىڭغا ئامراقلىقى كېلىپ، شياۋخۇڭنى ئۇنى ئوينىتىپ كىر، دەپ بۇيرۇدى.

— بىز سەھرالىقلار كېسەل بولمايمىز، — دېدى ليۇ موماي، — ناۋادا ئاغرىپ - تارتىپ قالساق، تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ سەدىقە بېرىمىز، دورا ئىچىش دېگەننى بىلمەيمىز. خېنىم، كۆزلىرىگە بىرنېمە كۆرۈنمىگەن بولغىيدى؟

پىڭئېر بۇ گەپنى ئورۇنسىز بىلىپ، ليۇ مومايىنىڭ ئېتىكىنى ئاستا تارتىپ قويدى. ليۇ موماي بۇنى چۈشىنىپ گېپىنى توختىتىۋالدى. بۇ گەپلەر فېڭجيېنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن.

— موما! — دېدى ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە، — سىز ياشقا چوڭ بولۇپ قالغان ئايال، دۇرۇس گەپ قىلدىڭىز. سىز بۇرۇن كۆرگەن جاۋ كىچىك ئايىمىزمۇ ئۆلۈپ كەتتى، خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— ئامىتابا! — دېدى ليۇ موماي ھەيران قېلىپ، — ساپساق ئادەم نېمە بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندۇ؟ ئۇنىڭمۇ بىر ئوغلى بارلىقى ئېسىمدە، ئۇ قانداق بولۇپ كەتتى؟

— ئۇنىڭدىن نېمە غەم قىلغۇلۇق؟ — دېدى پىڭئېر، — بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىم بار ئەمەسمۇ.

— خان قىز، سىز نېمىنى بىلەتتىڭىز! — دېدى ليۇ موماي، — ھەرقانچە ئەسكى بولسىمۇ ئۆز ئانىسىغا يەتمەيدۇ. قورساق بۆلەك بولغاندىكىن ئەسقاتمايدۇ دەڭا!

بۇ گەپ فېڭجيېنىڭ دەردىنى قوزغاپ قويدى. ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ھەممەيلەن ئولىشىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگىلى

تۇردى.

چياۋجيېر ئانىسىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، كاڭنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە فېڭجيېنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇمۇ يىغلاپ كەتتى.

— سەن بۇ چوڭ ئاناڭنى كۆرگەنمۇ؟ — دېدى فېڭجيې يىغلاپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، — دېدى چياۋجيېر.

— سېنىڭ ئىسمىڭنى مۇشۇ موماي قويۇپ بەرگەن، سېنىڭ ئاتاق ئاناڭغا ئوخشاش، ئۇنىڭغا سالام بەر.

چياۋجيېر ليۇ مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىۋىدى، ليۇ موماي ئىلدام ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئامىتابا! بۇنداق قىلسىڭىز يامان بولىدۇ! خان قىز، مەن بۇياقلارغا كەلمىگىلى بىر يىلدىن ئاشتى، مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— نېمىشقا تونۇمايتتىم، قايسىبىر يىلى باغدا كۆرۈشكەن چېغىمىزدا مەن تېخى كىچىك ئىدىم. ئۆزاقى يىلى كەلگىنىڭىزدە مەن سىزگە بىر يىللىق بولغان تومۇزغا ئەكېلىپ بېرىڭ، دېگەن، ئەكېلىپ بەرمىدىڭىز، ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز.

— جېنىم قىزىم، مەن قېرىپ دۆتلىشىپ قاپتىمەن. تومۇزغا دېسىڭىز، ئۇ بىزنىڭ سەھرادا تولا نېمە، شۇنىسى بىز تەرەپلەرگە بارمايسىز - دە، بارىدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭدىن بىر هارۋا ئالىمەن دېسىڭىزمۇ تاپقىلى بولىدۇ.

— بۇنى ئېلىپ كېتىڭ بولمىسا، — دېدى فېڭجيې.

— خان قىزنىڭ ئالتۇن بويى تاۋار - تۇرقىلارغا يۆگىلىپ، ئېسىل نازۇ نېمەتلەرنى يەپ چوڭ بولغان تۇرسا، بىزنىڭ ئۇ يەرگە بارغان بىلەن مەن خان قىزنى نېمە بىلەن ئويناتارمەن؟ نېمىنى يېگۈزەرمەن؟ بۇنداق دېسىلە مېنى تىرىكلا ئۆلتۈرىدىلا! — ليۇ موماي شۇنداق دەۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى - دە، ئارقىدىن، —

ئۇنداق بولسا، مەن خان قىزغا ئەلچى بولاي. بىزنىڭ ئۇ يەردە سەھرا بولغىنى بىلەن كاتتا بايلارمۇ بار، ئۇلارنىڭ نەچچە تۈمەن مو يېرى، نەچچە يۈزلەپ ئات ـ ئۇلاغلىرى بار، كۈمۈشلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بىراق، بۇ يەردىكىدەك ئالتۇندىن، قاشتاشتىن ئىشلەنگەن جابدۇقلار يوق. مۇنداق خەقلەر ئەلۋەتتە، خېنىم، ئۆزلىرىگە يارىمايدۇ. بىز دېھقان خەق مۇنداق بايلارنى كۆرسەك، تەڭرى بەرگەن ئادەملەر ئىكەن دەيمىز!

— سۆزلىشىپ بېقىڭ، دىتىمغا يېقىپ قالسا بېرىمەن.

— بۇ چاقچاق گەپ، — دېدى ليۇ موماي، — ئۆزلىرى كاتتا ئېسىلزادىلەردىن تۇرسىلا، دېھقانغا قىزلىرىنى بېرەمدىلا؟ ئۆزلىرى ماقۇل بولغان تەقدىردىمۇ، يۇقىرىدىكى ئاغىچا خېنىملار ئۇنىمايدۇ.

چياۋجيېر ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئىزا تارتقۇسى كېلىپ، نېرى بېرىپ چىڭئېر بىلەن پاراڭغا چۈشتى. بۇ ئىككى قىز بىر ـ بىرىنىڭ تىلىنى چۈشىنىشكەچكە، ئاستا ـ ئاستا ئۆزلىشىپ كېتىشتى.

پىڭئېر ليۇ مومايىنى تولا گەپ قىلىپ فېڭجيېنى پاراكەندە قىلىپ قويمىغىيدى دەپ، ئۇنى تارتىپ:

— ئاغىچا خېنىمنىڭ كېپىنى قىلىۋاتاتتىڭىز، تېخى ئۇياققا ئۆتمىدىڭىز. مەن چىقىپ بىرسىنى چاقىراي، سىزنى باشلاپ ئاپىرىپ كۆرۈشتۈرسۇن، ئاران كەلگەندە كۆرۈشەلمەي قالماڭ يەنە، — دېدى.

ليۇ موماي مىڭىشقا تەمشىلىۋىدى، فېڭجيې:

— نېمىشقا ئالدىرايسىز؟ ئولتۇرۇڭ، سىزدىن گەپ سورايمەن، يېقىندىن بېرى كۈنۈڭلار ئوبدان ئۆتۈۋاتامدۇ؟ — دېدى.

ليۇ موماي ئۇنىڭغا تۈگىمىگۈسىز رەھمەت ئېيتىپ:

— ناۋادا سىلىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشمىگەن بولساق، — دېدى. ئاندىن چىڭئېرنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، —

بۇنىڭ ئاتىسىمۇ، ئانىسىمۇ ئاچلىقتىن ئۆلگەن بولاتتى. دېھقانچىلىقنىڭ چاپاسى جىق بولسىمۇ، ھەرھالدا بىرنەچچە مو يەر قىلىۋالدۇق، تېخى بىر قۇدۇقمۇ قېزىۋالدۇق، ئانچە ـ مۇنچە كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ نەرسىلەرنى يىلدا خېلى پۇلغا يارىتىۋالىمىز، بالىلارنىڭمۇ قورسىقى توق. بىر ـ ئىككى يىلنىڭياقى ئۆزلىرىمۇ پات ـ پات كىيىم ـ كېچەك، رەخت ـ پەخت ئېلىپ قىلىپ تۇرغاچقا، مەھەللىمىزدە يامان ئەمەس ئۆتىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئامىتابا! قايسى كۈنى بۇنىڭ ئاتىسى شەھەرگە كىرىپ كېتىپ، خېنىمنىڭ خانىدانىنى تىنتىپتۇ، دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىۋىدى، ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى، يەنە بىرەيلەن: تىنتىلغىنى ئۇ يەر ئەمەس، دېدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاندىن خاتىرجەم بولدۇم. كېيىن يەنە بېگىمنىڭ مەنسىپى ئۆسكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتىم. مۇبارەكلەپ كەلمەكچىدىم، زىرائەتلىرىمىز ئېتىزدا شۇ پېتى تۇرۇۋاتقاچقا كېلەلمىدىم، تۈنۈگۈن يەنە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۇگەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئېتىزلىقتا پۇرچاق يىغىۋاتاتتىم، بۇ گەپنى ئاڭلاپلا قولۇم ئىشقا بارماي، ئېتىزدىلا بىرھازا ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. كۇيۇ ئوغلۇمغا: «ئەمدى سىلەرگىمۇ قارىشالمايمەن! بۇ گەپ راست بولسۇن ياكى يالغان بولسۇن، شەھەرگە كىرىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ چىقمىسام بولمايدۇ!» دېدىم. قىزىم بىلەن كۇيۇ ئوغلۇممۇ ئۇنداق كۆڭلى قارىلاردىن ئەمەس، ئۇلارمۇ خېلى يىغا ـ زار قىلىشتى. بۈگۈن تاڭ سۈزۈلمەستىنلا مېنى شەھەرگە ئەكىرىپ قويدى. شەھەردە ھېچكىم بىلەنمۇ تونۇشمايدىكەنمەن، سورايدىغان يەر تاپالمىدىم. ئارقا دەرۋازىغا كېلىپ قارىسام، ئىشىك ـ پەنجىرىلەرنىڭ ھەممىسىغا ئاق قەغەز چاپلىنىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن تېخىمۇ قاتتىق قورقۇپ كەتتىم. دەرۋازىدىن كىرىپ، جۇ يەڭگىنى ئىزدەپ زادى تاپالمىدىم، شۇ ئارىدا بىر قىز ئۇچراپ: «جۇ يەڭگەم

گۇناھلىق بولۇپ قېلىپ ھەيدەپ چىقىرىلدى» دېدى. مەن يەنە بىرھازا ساقلاپ تۇرۇپ، تونۇش بىرسىگە ئۇچراپ ئاران كىرەلىدىم. ئۆزلىرىنىڭمۇ بۇنداق ئاغرىپ قالغانلىرى خىيالىمغىمۇ كەلمىگەن، خېنىم! — موماي شۇنداق دەۋېتىپ كۆزىگە ياش ئالدى.

پىڭئېر تىت ـ تىت بولۇپ، لىۈ مومايىنىڭ گېپىنى تۈگىتىشىنى كۈتمەيلا سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى ۋە:

— ۋۇي ئانىكا، گەپ قىلغىلى تۇرغىنىڭىزغا خېلى بولدى، ئاغزىڭىزمۇ قۇرۇپ كەتكەندۇ، چىقىپ چاي ئىچىۋالايلى، — دەپ، ئۇنى تۆۋەنكى ھۇجرىغا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، چىڭئېر چىۋەجيېرنىڭ قېشىدا قالدى.

— ئاپپاق قىز، چاي قويماڭ، — دېدى لىۈ موماي، — مېنى باشلاپ بېرىشقا بىرسىنى بۇيرۇسىڭىز، مەن ئاغىچا خېنىملارغا سالام بېرىپ، ئاندىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا يىغلىۋالسام.

— ئالدىرىماڭ، بۈگۈن بەربىر قوۋۇق تاقالغۇچە ئۇلگۇرۇپ بارالمايسىز. بايا مەن سىزنى گەپ ـ سۆزدە دىققەت قىلماي، كىلىن ئاغىچىنى يىغلىتىپ قويمىسۇن دەپ ئالدىرىتىپ ئاچىققاندىم، باشقىچە ئويلاپ قالماڭ.

— ئامىتابا! ئۇنداق گەپ قىلماڭ، خان قىز، بۇنى مەنمۇ بىلىمەن. بىراق، خېنىمنىڭ كېسىلىنى قانداق قىلغۇلۇق؟

— سىزنىڭچە، قانداق بولار؟

— دېسەم ئاغزىمنى ئۇششۇتكەندەك بولىدۇ، مېنىڭچە، ئۇمىد يوقتەك.

شۇ ئارىدا فېڭجيې پىڭئېرنى چاقىرىپ قالدى. پىڭئېر ئىتتىك كاتنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى، فېڭجيې گەپ ـ سۆز قىلمىدى.

پىڭئېر فېڭجيېدىن نېمە گەپلىكىنى سوراۋاتقاننىڭ ئۇستىگە جيا لىەن كىرىپ كەلدى. ئۇ كاڭنىڭ ئۇستىگە لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ



كىتاب تۇر بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئولتۇردى، ئۇنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ قالغانىدى. پەقەت چيۇتۇگلا ئارقىسىدىن كىرىپ، چاي قۇيۇپ بېرىپ بىردەم پايپېتەك بولدى ۋە بىرنېمىلەرنى دەپ ئۇنىڭغا پىچىرلىدى. بىردەمدىن كېيىن جيا ليەن پىڭئېرنى چاقىرىپ:

— كېلىن ئاغىچاڭ دورا يېمەيۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دورا يېمەيۋاتىدۇ، قانداق قىلساق بولاركىن؟

— مەن نەدىن بىلەي؟ ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچىنى ئاچىق.

پىڭئېر جيا ليەننىڭ خاپىلىقىنى كۆرۈپ، سوراشقا پېتىنالماي نائىلاج يېنىپ چىقتى - دە، فېڭجيېنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دېدى، فېڭجيې لام - جىم دېمىدى. پىڭئېر بىر قۇتىنى جيا ليەننىڭ يېنىغا ئەكىرىپ قويۇپلا كەينىگە يېنىۋىدى، جيا ليەن:

— سېنى ئالۋاستى چاقىرىۋاتامدۇ؟ بۇنى ئەكىرىپ قويۇپ كىمنى ئالسۇن دەيسەن؟ — دېدى.

پىڭئېر ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ قۇتىدىن ئاچقۇچنى ئالدى ۋە ئىشكاپنى ئېچىپ:

— نېمىنى ئېلىپ بېرىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— نېمىمىز بار؟

— جاننى ئالسىلىمۇ گەپنى ئوچۇق دېسىلە، — دېدى پىڭئېر ئاچچىقىدا يىغلىۋېتىپ.

— بۇنىڭغا يەنە گەپ كېتەمدۇ؟ — دېدى جيا ليەن، — ئۆتكەنكى چاتاقنى سىلەر تېرىغان، مانا ئەمدى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ دەپنە ئىشىغا تۆت - بەش مىڭ سەر كۈمۈش ئۆكسۈۋاتىدۇ، بېگىم مېنى خاندانىڭ زېمىنى ھېسابىدىن كۈمۈش جايلا، دەۋاتىدۇ. ئېيتىپ باقە، بۇ مۇمكىنمۇ؟ سىرتتىكى قەرزلىرىمنى بېرىۋەتمىسەك بولامدۇ؟ بۇ ئىشقا نەدىمۇ چېتىلىپ قالغان بولغىيدىم! ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ماڭا بەرگەن تەئەللۇقنى سېتىپ پۇل قىلماقتىن باشقا ئىلاج يوق! ئۇنىڭغۇ يوقما؟

پىڭئېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي،

www.uyghurkitap.com

ئىشكاپتىكى نەرسىلەرنى ئالدى. شۇ ئەسنادا شىياۋخۇڭ كىرىپ:

— پېڭئېر ئاچا، چاپسان بولۇڭ، خېنىم بولالمايۋاتىدۇ! — دېدى. پېڭئېر جيا لىيەننى تاشلاپلا، ئالمان - تالمان بۇياققا ئۆتۈپ قارىسا، فېڭجيې بىرنېمىنى تۇتماقچى بولغاندەك قۇرۇق چاڭگال سالغىلى تۇرۇپتۇ. پېڭئېر ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى. جيا لىيەنمۇ چىقىپ قاراپ، يەرنى تەپكىنىچە:

— مۇنداق بولىدىغان بولسا جېنىمنى ئالىدىغۇ بۇ، — دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— سىرتتا بېگىمنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر ئېلىپ كىردى فېڭئېر. جيا لىيەن نائىلاج چىقىپ كەتتى.

فېڭجيې بارغانچە بولالماي كەتتى، فېڭئېر ۋە باشقىلار ئۈن سېلىپ يىغلىغىلى تۇردى. چياۋجيېر ئاڭلاپ دەرھال كىردى. لىيۇ مومايمۇ ئالمان - تالمان كاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ دۇرۇت ئوقۇپ بىرنېمىلەر قىلىۋىدى، دەرۋەقە فېڭجيې خېلى ئوڭلىنىپ قالدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ چۆرە قىزدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بۇياققا كەلدى ۋە فېڭجيېنىڭ خېلى ئارامىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ سەل خاتىرجەم بولدى. ئاندىن لىيۇ مومايىنى كۆرۈپ:

— ئانىكا، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟ قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەسسالام، ئاغىچا خېنىم، — دەپ سالام بەردى لىيۇ موماي. ئاندىن باشقا گەپلەرنى قويۇپ فېڭجيېنىڭ كېسىلى ئۈستىدە سۆزلەپ، خېلىغىچە ئۇنى - بۇنى دەپ ئولتۇردى. شۇ ئارىدا سەييۈن كىرىپ:

— بېگىم ئاغىچا خېنىمنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم پېڭئېرغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

فېڭجيې بىردەم بىسەرەمجان بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى بىرئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك سېزىشكە باشلىدى. ئۇ لىيۇ مومايىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە، ئۇ تەڭرىدىن

تىلسە چوقۇم تىلىكى ئىجابەت بولىدۇ دەپ ئىشەنىدى ـ دە، فېڭئېر قاتارلىقلارنى چىقىرىۋېتىپ، ليۇ مومايىنى كاتقا يېقىن ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزىگە خۇددى جىن تەگكەندەك ئىچىدە بىر ئەندىشىنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ليۇ موماي: بىزنىڭ سەھرادىكى پالانچى بۇدساتۋا شىپالىق بېرىدۇ، پۇستانچى ئىبادەتخانا دۇئانى ئىجابەت قىلىدۇ، دېگەن گەپلەرنى قىلىپ بەردى.

— مېنىڭ ھەققىمدە دۇئا ـ تەلەپ قىلدۇرۇپ بەرسىڭىز، — دېدى فېڭجيې، — سەدىقە قىلىشقا پۇل لازىم بولسا مەندە بار، — ئۇ قولىدىن بىر تال بىلەزۈكنى چىقىرىپ ليۇ مومايغا سۇندى.

— خېنىم، بۇنىڭ لازىمى يوق، بىزنىڭ مەھەللىمىزدىكى خەقلەر شىپالىق تىلەپ ساقىيىپ قالسا، نەچچە يۈز يارماقلا خەجلەپ قويىدۇ، نەدىمۇ بۇنداق نەرسىلەرنى خەجلىسۇن؟ مەن ئۆزلىرىنىڭ ھەققىدە دۇئا ـ تەلەپ قىلدۇرسامۇ سەدىقە ئاتىغانلىقىمىزنى ئېيتىمەن، شىپالىق تاپقاندا نېمە خەجلىگىلىرى كەلسە ئۆزلىرى بېرىپ خەجلەپ بېرەرلا.

فېڭجيې ليۇ مومايىنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشىنىپ زورلاپ تۇرۇشقا ئوڭايسىزلاندى ـ دە، بىلەزۈكنى نائىلاج ئېلىپ قالدى.

— ئانىكا، — دېدى ئۇ، — مەن ئۆزۈمنىڭ جېنىنى سىزگە تاپشۇرىمەن! چياۋجيېر قىزىمنىڭمۇ بېشىدا مىڭبىر بالا ـ قازالار تۇرۇپتۇ ھەم ئۆزى ئاغرىقچان، ئۇنىمۇ سىزگە تاپشۇردۇم.

ليۇ موماي شۇ زامان ماقۇل بولۇپ:

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، كۈنمۇ خېلى بالدۇر ئىكەن، قوۋۇقتىن چىقىپ كېتەلىگۈدەكمەن، مەن ماڭاي. كېيىنچە ساقايغاندا سەدىقە بەرگىلى بارارلا، خېنىم، — دېدى.

فېڭجيې ناھەق ئۆلگەنلەرنىڭ روھى كېلىپ يېپىشىۋالمىسۇن دەپ قورقۇپ تۇرغاچقا، ئۇنى زادى قويۇپ بەرگۈسى كەلمەيتتى. شۇڭا:

— ئەگەر سىز خالاپ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ قويسىڭىز، تىنچ

يېتىپ ئۇخلايتتىم ھەم سىزدىن مىڭ مەرتەم رازى بولاتتىم. نەۋرىڭىز مۇشۇ يەردە تۇرسۇن، — دېدى.

— دېھقان خەقنىڭ قىزى دېگەن سورۇن كۆرمىگەن، سىلەرگە خاپىچىلىق تېپىپ بېرەرمىكىن، ئالغاچ كەتكىنىم ئوبدان بولار.

— بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەيلا قويۇڭ، بىز بىر جەمەت كىشىلىرى تۇرساق، بۇنىڭدىن نېمە غەم قىلىسىز؟ ھازىر نامراتلىشىپ قالغان بولساقمۇ بىرەر ئادەمنى باققۇچىلىكىمىز بار.

لىيۇ موماي فېڭجيېنىڭ بۇ گەپنى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ، چىڭئېرنى جان دەپ نەچچە كۈن قالدۇرۇپ قويغۇسى كەلدى. شۇنداق قىلسا بىرنەچچە كۈنلۈك بولسىمۇ ئۇنىڭ يەيدىغىنى ئۆيدە قالىدۇ ـ دە. لىيۇ موماي ئۇنىڭ ئۇنىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى چاقىرىپ دەپ باقماقچى، ئۇناپ قالسا تاشلاپ قويۇپ كەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭئېرنى چاقىرىپ بۇ گەپنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. چىڭئېر چياۋجيېر بىلەن ئويناپ چىقىشىپ قالغانىدى، چياۋجيېرنىڭمۇ ئۇنى كەتكۈزگۈسى يوق ئىدى، شۇڭا چىڭئېر قېلىپ قېلىشقا ئۇنىدى. شۇنىڭ بىلەن لىيۇ موماي ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ تاپىلاپ، ئاندىن پىڭئېر بىلەن خوشلاشتى ـ دە، قوۋۇقتىن چىقىۋېلىشقا ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

خوش، يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانا ئەسلىدە جيا خانىدانىنىڭ يېرى ئىدى، مۇلاقات ئۈچۈن خاس باغ سالدۇرغان چاغدا بۇ ئىبادەتخانا باغنىڭ ئىچىگە ئېلىنغانىدى، ئىبادەتخانىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، لازىمەتلىك ۋە كۈجلىرى ئۈچۈن ئەزەلدىن جيا خانىدانى ھېچقاچان پۇل خەجلىمەيتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مياۋيۈينى قاراقچىلار بۇلاپ كەتتى، بۇ ۋەقەنى ھېلىقى راھىبە يامۇلغا مەلۇم قىلىپ قويدى. ئۇ بۇ يەردە بىرىنچىدىن، يامۇلنىڭ قاراقچىلارنى تۇتقان ـ تۇتمىغانلىقىنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ، ئىككىنچىدىن، بۇ

ئىبادەتخانىغا مياۋيۈي ئاساس سالغاچقا، ئۇنى تاشلاپ كەتكۈسى كەلمەي تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى جيا خانىدانىغا مەلۇم قىلىپ قويدى.

جيا خانىدانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ۋەقەنى بىلىدىغان بولسىمۇ، جيا جېڭ يېڭىلا مۇسىبەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆڭلىنىڭمۇ ئارامى بولمىغاچقا، بۇ ۋەقەنى ئانچە ئەھمىيىتى يوق دەپ ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. پەقەت شىچۈنلا بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار ئىدى ۋە كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك ئەندىشە ئىچىدە يۈرەتتى. «مياۋيۈينى ئوغرىلار بۇلاپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپلەر بارا ـ بارا باۋيۈينىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتتى. يەنە: «مياۋيۈيدە ئىشقىي ھەۋەس قوزغىلىپ، بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قاپتۇ» دېگۈچىلەرمۇ بولدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ باۋيۈينىڭ بەكمۇ ئىچى پۇشتى: «مېنىڭچە، جەزمەن قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەن گەپ. بۇ ئىشنى ھەرگىز ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرمەيدۇ، چوقۇم بوي بەرمەي ئۆلۈۋالىدۇ.» بىراق، زادىلا ئىز ـ دېرىكى چىقمىغاندىن كېيىن، باۋيۈي تېخىمۇ خاتىرجەم بولالماي، ھەر كۈنى ئۇھ تارتىپ ھەسرەت چېكىدىغان بولۇپ قالدى. «ئۆزىنى بوسۇغا سىرتىدىكى ئادەم دەپ ئاتايدىغان ئاشۇنداق بىر ئادەمنىڭمۇ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدىكەن ـ ھە! — دەيتتى ئۇ، — ئۆز ۋاقتىدا باغنىڭ ئىچى زەپمۇ پەيزى ئىدى ـ دە! ئىككىنچى خان قىز ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، ياتلىق بولغانلار ياتلىق بولۇپ كەتتى. مياۋيۈي پاك ئىدى، پاكلىقى ئۇنى ساقلاپ قالسا بولاتتى. كىم بىلسۇن، بىر ۋەقە بىلەنلا دەيىۈي سىڭلىمنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ ئۆتە غەلىتىلىك بىلەن تۈگەشتى!» ئۇنىڭ خىيالى بىر ـ بىرگە ئۇلىشىپ تۈگىمەي كەتتى. ئۇ ھەتتا «جۇاڭزى» دېگەن كىتابتىكى سۆزلەرگىچە ئويلاپ، ئىنسانىنىڭ بۇ ئالەمدىكى ھاياتى قۇرۇق بىمەنىلىك ئىكەن، بەربىر كۆلدەك توزۇپ، بۇلۇتتەك تاراپ كېتىدىكەن، دەپ ھېسابلاپ، ئىختىيارسىز ھۆكرەپ يىغلاپ

كەتتى. شىرىن قاتارلىقلار ئۇنىڭ سەۋدايىلىقى يەنە تۇتۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ، سىلىق ـ يۇمشاق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىغىلى تۇردى. باۋچەيمۇ دەسلەپتە ئۇنىڭغا نېمە تەسىر قىلغانلىقىنى بىلەلمەي جىق نەسىھەت قىلدى.

باۋيۈي تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمەي، روھى چۈشكۈن ئولتۇراتتى. باۋچەي ئويلاپ بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپالمىدى، قايتا ـ قايتا سۈرۈشتۈرۈپ، مياۋيۈيىنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكى ۋە قاياققا كەتكەنلىكىنىڭ نامەلۇم ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭمۇ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. باۋيۈيىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولغاچقا، رەسمىيانە سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا چۈشەنچە بەرمەكچى بولدى.

ــ جيا لەن غوجام ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى يەرلىكىدە قويۇپ قايتىپ كەلگىنىمىزدىن بېرى، گەرچە مەكتەپكە بارمىغان بولسىمۇ، كېچە ـ كۈندۈز ئىجتىھات بىلەن كىتاب ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇ تېخى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ چەۋرىسى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئىلگىرىدىن سىزنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، بېگىممۇ كېچە ـ كۈندۈز سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەپ كېلىۋاتىدۇ. يوقىلاڭ ئوي ـ خىياللار بىلەن ئۆزىڭىزنى كېرەكتىن چىقىرىپ قويسىڭىز، سىزدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ كېلىۋاتقان بىزنىڭ سىزگە قىلغان ئەجرىمىز نەگە كېتىدۇ؟

باۋيۈي بۇ گەپكە جاۋاب بېرەلمەي قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئاران مۇنداق دېيەلىدى:

ــ خەقنىڭ ئىشى بىلەن نېمە كارىم؟ خاندانىمىزنىڭ ئامىتى تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەسرەتلىنىۋاتىمەن!

ــ قىلىۋاتقان گېپىنى! ــ دېدى باۋچەي، ــ بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىملار سىزنى يارامىلىق ئادەم بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ تۇتقان يولىنى داۋاملاشتۇرسۇن دەۋاتسا، سىز ھوشىڭىزنى تاپماي كېتىۋەرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

بۇ گەپلەر باۋيۇيگە ياقماي، شىرەگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى. باۋچەيمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، شىيۋ قاتارلىقلارنى ئۇنى كۇتۇشكە بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى چىقىپ يېتىپ قالدى.

ئۆيدە ئادەم ئازىيىپ قالغاندىن كېيىن، باۋيۇي زىجۈەننى ئەسلەپ قالدى: «زىجۈەن مېنىڭكىگە كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭغا زادى يۈرىكىمدىكى سۆزنى دەپ باقماپتىمەن، ئۇ مەيلىگە تاشلىۋېتىپ سىنەكىمەي يۈرۈۋېرىپتىمەن، بۇنىڭغا كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم. ئۇ بولسا شېيۆ، چيۆۋېنلاردەك ئىختىيارى مېنىڭدە ئەمەس. ئويلىسام، ئۇنىڭ بۇرۇن ماڭا بەرگەن ھېلىقى كىچىك ئەينىكى ھېلىغىچە مېنىڭدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ماڭا يېقىن ئىدى. مانا ئەمدى نېمىشقىدۇر مېنى كۆرسىلا سوغۇق قارايدىغان بولۇپ قالدى. ماۋۇ كىشىمىزنىڭ تۈپەيلىدىنمىكىن دەي دېسەم، بۇ دەيىيۇي سىڭلىم بىلەنمۇ ئىنتايىن يېقىن ئۆتەتتى، قارىسام، زىجۈەنگىمۇ خېلى ئوبدان مۇئامىلە قىلىدۇ. مەن ئۆيدە بولمىغان كۈنلەردە زىجۈەنمۇ بۇنىڭ بىلەن ئويناپ - كۈلۈشۈپ ئۆتىدىكەن. مەن كەلسەملا زىجۈەن كېتىپ قالىدۇ. بەرھەق، دەيىيۇي سىڭلىم ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن تەڭ مېنىڭ ئۆيلىنىۋالغىنىم تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك. ھەي زىجۈەن! ھەي زىجۈەن! سەن شۇنداق ئەقىللىق قىز تۇرۇپ مېنىڭ شۇنچىلىك دەرد - ئەلەملەر تارتىۋاتقانلىقىمنى بىلەلمىدىڭمۇ؟» ئارقىدىنلا ئۇ: «ھازىر بۇلارنىڭ ئۇخلىغانلىرى ئۇخلىدى، قالغانلىرى يىڭنە ئىشلىرى قىلىۋاتىدۇ، مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ چىقاي، قېنى نېمە گەپلەرنى دەيدىكىن؟ مۇبادا رەنجىتىپ قويغان يەرلىرىم بولسا، ناماقۇل بولساممۇ بولاي» دېگەن قارارغا كېلىپ، ئاستا ئىشىكتىن چىقىپ زىجۈەننىڭ يېنىغا ماڭدى.

زىجۈەن غەربىي شىپاڭنىڭ ئىچىدىكى ھۇجرىدا ئولتۇراتتى. باۋيۇي پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ پەنجىرىنىڭ تۈۋىگە كەلدى، قارىسا، ئۆينىڭ ئىچىدە چىراغ يورۇپ تۇرۇپتۇ. ئاندىن

پەنجىرىنىڭ قەغىزىنى تىلى بىلەن ھۆللەپ يىرتىپ ئىچىگە قارىدى، زىجۆەن ئۆزى يالغۇز چىراغىنىڭ پىلىكىنى ئوڭشاپ جىمجىت ئولتۇراتتى.

— زىجۆەن ئاچا، تېخى ئۇخلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى باۋيۈي ئاستا.

زىجۆەن ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن:

— كىم؟ — دېدى.

— مەن !

— باۋيۈي غوجاما؟ — دەپ سورىدى زىجۆەن بۇ ئاۋازنى باۋيۈينىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ. باۋيۈي سىرتتا تۇرۇپ «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى.

— نېمىشقا كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى زىجۆەن.

— ساڭا ئېيتىدىغان بىر ئېغىز يۈرەك سۆزۈم بار ئىدى، — دېدى باۋيۈي، — ئىشىكنى ئاچساڭ، ئۆيۈڭگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرسام.

— غوجام، — دېدى زىجۆەن بىر پەس توختىۋېلىپ، — نېمە گەپلىرى بار ئىدى؟ كەچ بولۇپ كەتتى، قايتىپ كېتىپ تاڭ ئاتقاندا دېسىلە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باۋيۈينىڭ كۆڭلى لاسىدە بولۇپ قالدى. كىرىمەن دەۋېرەي دېسە، زىجۆەن ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەسمىكىن دەيتتى، قايتىپ كېتەي دېسە، زىجۆەننىڭ بۇ بىر ئېغىز گېپى ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىرلىق ھېسسىياتنى تېخىمۇ قوزغىتىۋەتكەندى. ئىلاجسىز:

— مېنىڭ ئارتۇق گېپىممۇ يوق، سەندىن بىر ئېغىزلا گەپ سورايمەن، — دېدى.

— بىر ئېغىزلا گەپ بولسا، ئەمسە ئېيتسىلا، — دېدى زىجۆەن. باۋيۈي بىرھازاغىچە جىم بولۇپ كەتتى.

زىجۆەن ئۇنىڭ ئىلگىرىدىن سەۋدايى كېسىلى بارلىقىنى

بىلگەچكە، باۋيۈيدىن زوۋان چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇنى سىلكىۋەتسەم، كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالمىسۇن يەنە دەپ ئەنسىرەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سىرتقا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ بېقىپ، ئاندىن:
— كەتكەندىمۇ، يا ساراڭدەك تۇرامدىغاندۇ؟ گېپى بولسا قىلماي تۇرىۋېرىپ، ئادەمنى جىلە قىلىۋېتىدىكىنە! بىرسىنىڭمۇ جىلە قىلىپ ئۆلتۈردى، يەنە بىرسىنىمۇ شۇنداق ئۆلتۈرمەكچىمىكىن؟ بۇنداق قىلىپ نېمە جاپا! — دېدى ۋە گەپ قىلىۋېتىپ، ئۇمۇ باۋيۈي يىرتىپ قويغان تۆشۈكتىن سىرتقا قارىۋىدى، باۋيۈي شۇ يەردە ھاڭۋېقىپ ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ. زىجۈەن يەنە بىرنېمە دېيىشكە ئوڭايسىزلاندى ـ دە، كەينىگە يېنىپ چىراغنىڭ پىلىكىنى كەستى. توساتتىن باۋيۈي چوڭقۇر ئۇھسىنىپ قويۇپ شۇنداق دېدى:
— زىجۈەن ئاچا، سەن ھېچقاچان مۇنداق باغرى قاتتىق ئەمەس ئىدىڭ، يېقىندىن بېرى ماڭا بىرەر ئېغىزمۇ چىرايلىق گەپ قىلمايسەنغۇ؟ دەرۋەقە، مەن بىر ناپاك مەخلۇق، سىلەرنىڭ نەزىرىڭلارغا ئېلىنغۇچىلىكىم يوق، شۇنداق بولسىمۇ مەندىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتكەن بولسا، ئېنىق ئېيتىپ، ئاندىن ئۇمۇرۋايەت مېنىڭ يۈزۈمگە قارىمىساڭمۇ مەيلى ئىدى، ئۆلۈپ كەتسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيتتى!
— غوجام، — دېدى زىجۈەن سوغۇق كۈلۈپ، — قىلىدىغان گەپلىرى مۇشۇ ئىكەن ـ دە! يەنە نېمە گەپلىرى بار؟ ناۋادا مۇشۇ گەپلا بولىدىغان بولسا، بۇنداق گەپلەرنى خان قىزىمىز ھايات چاغدا خېلى جىق ئاڭلىغانمەن. مۇبادا مېنىڭ بىرقانداق بولمىغۇر يەرلىرىم بولسا، مېنى ئاغىچا خېنىم ئەۋەتكەن، ئۆزلىرى بېرىپ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلسىلا. بەربىر بىز دېدەكلەر دېگەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەم!
گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، ئۆكسۈپ مىشىلداۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. باۋيۈي ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ

www.uyghurkitap.com

يىغلاۋاتقانلىقىنى پەملىدى ـ دە، تىت ـ تىت بولۇپ يەرنى تېپىپ كەتتى.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى ئۇ، — سەن بۇ يەردە تۇرغىلى بىرنەچچە ئاي بولدى. مېنىڭ قايسى ئىشىمنى سەن بىلمەيتتىڭ؟ باشقىلارغۇ مېنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتمايدۇ، ئەمدى ئۆزۈمگىمۇ ئېيتقىلى قويماي، مېنى دەرد ـ ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆلسۇن دەمسەن؟ — گەپ قىلىۋېتىپ ئۇمۇ ئېسەدىگىلى تۇردى.

باۋيۇيىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئارقىدىن بىرسى گەپنى ئۇلاپ سۆزلەپ كەتتى:

— نېمە بولۇۋاتقىنىمنى ئېيتمايدۇ، دەپ كىمنى دەۋاتىلا؟ كىم كىمنىڭ نېمىسى ئىكەن؟ خەقنى ئۆزلىرى رەنجىتكەندىن كېيىن ئۆزلىرى يىغلىسىلا بولىدۇ ـ دە! يۈز ـ خاتىرلىرىنى قىلىش ـ قىلماسلىق خەقنىڭ ئۆز ئىشى. داخىلەتچىلىكىمىز بولمىغان بىزنى ئارىغا قىستۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

بۇ گەپ ھۇجرىنىڭ ئىچى ـ تېشىدىكى ھەر ئىككىسىنى چۆچۈتىۋەتتى. بۇ كىم دېمەمسىز؟ بۇ دەل شىيۆنىڭ ئۆزى ئىدى. باۋيۈي ئىزا تارتىپ كەتتى. شىيۆ يەنە سۆزلەۋەردى:

— زادى نېمە بولدى؟ بىرسىڭلار ناماقۇل بولۇۋاتىسىلەر، بىرسىڭلارنىڭ كارى يوق. قېنى ئىتتىكرەك يىلىنىمامىلا ئەمىسە! ھەي! زىجۈەن ئاچامىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن تاش يۈرەك ئىكەنغۇ، شۇنداق سوغۇقتا خەق تالادا تۇرۇپ شۇنچىزە يىلىنسا ئازراق يۇمشايمۇ دېمىگىنىنى! — ئاندىن ئۇ باۋيۈيگە دېدى، — ھېلى باۋچەي خېنىم شۇنچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكۈچە نەدە يۈرىدىكىن دەۋاتقان سىلىنى، ئۆزلىرى يالغۇز بۇ پېشايۋان تۈۋىدە نېمە ئىش قىلىلا؟

— نېمە قىلغىنىڭكىن بۇ؟ — دېدى ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرغان زىجۈەن شىيۆنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — غوجامنى بايىلا كىرىپ كەتسىلە، گەپلىرى بولسا ئەتە دېسىلە، دېگەنىدىم. مۇنداق

تۇرىۋېرىپ نېمە قىلىدۇ !

باۋيۇي يەنە گەپ قىلماقچىدى، بىراق شېيۈ يېنىدا تۇرغاچقا، باشقا گەپ قىلىشقا ئوڭايسىزلىنىپ، شېيۈ بىلەن كەينىگە ياندى.

— بوپتۇلا ! بوپتۇلا ! — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ، — يۇرىكىمنى يېرىپ كۆرسەتسەممۇ بۇ دۇنيا مېنى چۈشەنمىگۈدەك ! خۇدايىم بىلسىلا بولدى ! — شۇ گەپنى قىلىپلا، نەدىن كەلدىكىن بۇ ياش، قار ـ يامغۇر يىغلاپ كەتتى.

— غوجام، — دېدى شېيۈ، — مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ بۇ خىيالدىن ئەمدى ۋاز كەچسىلە. بىكاردىن ـ بىكار يىغلاۋېرىپ نېمە قىلىلا، يىغىنىڭمۇ ئەتىۋارى بولسۇن ـ دە.

باۋيۇي ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابمۇ بەرمىدى، ھوجرىغا كىرىپ قارىسا، باۋچەي ئۇخلاپ قاپتۇ. باۋيۇي ئۇنىڭ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالغانلىقىنى بىلدى، ئەمما شىرېن ئۇنى قويۇۋەتمەي:

— نېمە گەپ بولسا ئەتە ئېيتسا بولمامدىكەن؟ ئاتايىن بېرىپ غەلۋە قىلغۇچە، غەلۋە قىلىۋېرىپ، — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە شىرېن گەپنىڭ ئايغىنى دېمەي، بىرپەس توختىۋېلىپ، ئاندىن، — بىرقانداق بولۇۋاتمىغانسىز؟ — دېدى.

باۋ يۇي لام ـ جىم دېمەي، بېشىنى چايقاپلا قويدى، شىرېن باۋ يۇينى ئۇخلاشقا چىقىرىۋەتتى. باۋيۇي كېچىچە كىرپىك قاقمىدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

باۋ يۇينىڭ كېلىپ كېتىشى بىلەن زىجۈەن تېخىمۇ بىئارام بولۇپ، كېچىچە يىغلاپ چىقتى. ئۇ جىق نەرسىلەرنى ئويلاپ كەتتى: «باۋيۇينىڭ تويىنى ئۇنىڭ خۇدىنى بىلمەيدىغان كېسەل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ساختىپەزلىك بىلەن قىلىۋېتىشتى. كېيىن باۋيۇي ئوڭلىنىپ چۈشەنگەندە كونا كېسىلى يەنە قوزغالدى، دائىم يىغلاپ ھەسرەت چەككىنى چەككەن. ئۇ

ۋاپاسىزلاردىن ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ بۇگۇنكى مۇنداق مۇلايىملىقى كىشىنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدۇ. بىچارە دەيىۋى خان قىزغا ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇش بەختى نېسىپ بولماپتىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىنساننىڭ تەقدىرى ئۆز قىسمىتىدە پېشانىسىغا پۇتۇلگىنىدىن ئۆزگىچە بولمايدىكەن. شۇ كۇن بېشىغا كەلمىگۇچە جىمى ئادەم ئەخمىقانە خام خىياللاردا بولىدىكەن. ئاقىۋەت ئىلاج بولمىغاندا، ھاماقەت ئەخمەقلەرغۇ ئەلھۆكمىلىللا دەپ يۇرىۋېرىدىكەن، ئىشقى بار، ئىچى كۇچلۇكلەر بولسا بىر ئۆمۇر نادامەت ئىچىدە يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۆتىدىكەن. ئۆلگەن بىچارىغۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ھايات قالغىنىغا ئۇۋال بولۇپ، پۇتمەس ـ تۇگىمەس ھەسرەتتە قالىدىكەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىشقى يوق ئېشەك، دەردى يوق خەشەك، دېگەندەك، ئوت ـ گىياھ، تاش ـ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەنمۇ ياخشى ئوخشايدۇ. دۇنيادىن خەۋەرسىز بولغاندىكىن، قۇلاقمۇ تىنچ بولىدىغان گەپ.»

ئۇنىڭ خىيالى شۇ يەرگە يەتكەندە، ئەلەم ئىچىدە يېنىپ تۇرغان يۇرىكى بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى. ئۇخلاي دەپ ئەمدىلا يېشىنىپ تۇرۇشىغا، شەرقىي ھويلىدىن ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۇرۇلدى. بۇنىڭ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز ئون تۆتىنچى باب

## ۋاڭ شىفېڭ خىيالدەك سەرگۈزەشتىنى كەچۈرۈپ بولۇپ جىنلىڭغا يانغانلىقى
## جېن يىڭجيا خانىنىڭ مېھر ـ شەپقىتىگە ئېرىشىپ يەنە مەنسەپكە نائىل بولغانلىقى

باۋيۈي بىلەن باۋچەي فېڭجيېنىڭ كېسىلى خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇردى، چۆرە قىز شامنى تۇتۇپ كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار ھويلىدىن چىقاي دەپ تۇرغاندا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئەۋەتكەن بىرسى كىرىپ كەلدى:

— جيا لىيەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسى بولالمىدى، بىراق تېخى جان ئۈزگىنى يوق. ئىككىلىرى ئۇ ياققا سەل تۇرۇپ ئۆتۈشسىلە. ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا غەلىتىرەك ئاغرىپتۇ، ئۇچىنچى جېسەك ۋاقتىدىن تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىغىچە ئاغزى بېسىقماي ئېگىز ـ پەس جۆيلۈپ چىقتى: كېمە كەلتۈرۈڭلار، تەختىراۋان كەلتۈرۈڭلار، جىنلىڭغا بېرىپ قانداقتۇر بىر رىسالىگە چۈشىمەن، دەپلا تۇۋلايدۇ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھېچكىم چۈشەنمىدى، بىردەم يىغلايدۇ، بىردەم ۋارقىرايدۇ. جيا لىيەن بېگىم ئىلاجىسىز قەغەز كېمە بىلەن قەغەز تەختىراۋان ئەكەلگىلى كەتكەن، تېخى كەلمىدى، ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا ھازىر شۇنى ساقلاپ ياتىدۇ. ئاغىچا خېنىم ئىككىلىرىنى ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا جان ئۈزگەندىن كېيىن ئۆتسۇن دەپ بىزنى ئەۋەتتى.

— قىزىق! جىنلىڭغا نېمە ئىش قىلغىلى بارىدىكىنە؟

— سىز قايسىبىر يىلى چۈشىڭىزدە جىقلا رىسالىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرگەنلىكىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىزغۇ؟ — دېدى شىرىن ئاستا، — جىيا لىيەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسى شۇ يەرگە بارىدىغان بولمىسۇن يەنە؟

— شۇنى دېگىنە ! — دېدى باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئەپسۇس، ئۇ رىسالىلەردىكى گەپلەر ئېسىمدە قالماپتۇ. بۇ گەپچە، ھەممە ئادەمنىڭ بارىدىغان يېرى بەلگىلىكلىك ئوخشايدۇ. بىراق، دەيپۇي سىڭلىم قەيەرگە كەتكەندۇ؟ شۇ تۇرقىدا سىنىڭ بۇ گېپىڭ بىلەن بىر ئاز بىرنېمىنى چۈشەندىم. مۇبادا شۇنداق چۈشىنى يەنە كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، تازا زەن قويۇپ كۆرۈۋالايچۇ، ئالدىن بىلەر ئەۋلىيالىق ئۇلۇشىدىن نېسىپ بولۇپ قالامدۇ تېخى.

— گەپ قىلغىلىمۇ بولمايدىغان ئادەم ئىكەنسىز ! تاسادىپىي بىر ئېغىز گەپ چىقىرىپ قويسام، ئىخلاس قىلىپ كەتتىڭىزغۇ؟ ئالدىن بىلىدىغان ئەۋلىيا بولۇپ قالسىڭىز، ئۇنىڭ نېمە پايدىسى بار ئىدى؟

— شۇنداق بولماق تەس، ئەگەر شۇنداقلا بولۇپ قالىدىغان بولسام، سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەپ يۈرۈشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتىم.

ئىككىيلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، باۋچەي كېلىپ قالدى.

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

باۋيۈي ئۇنى كوچىلاپ سوراپ قالمىسۇن دەپ:

— فېڭجيې ئاچامنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىمىز، — دەپ قويدى.

— ئۆلەي دەۋاتقان ئادەمنىڭمۇ غەيۋىتىنى قىلىدىكەنسىلەر، — دېدى باۋچەي، — بولتۇر مېنى خەقنى قارغىدىڭىز دەۋاتقاندىڭىزغۇ، شۇ چاغدا چىققان جوپتەكتىكى گەپ توغرا كېلىپ قالدىغۇ مانا؟

باۋيۈي سەل ئويلىنىپ قېلىپ، ئاندىن ئالقىنىغا ئۇردى ـ دە:

— توغرا، توغرا، بۇ گەپچە، ئالدىن بىلەر ئەۋلىيا سىز ئوخشايسىز. ئەمىسە، سىزدىن سوراپ باقاي: سىزچە، مەن

كەلگۈسىدە قانداق بولارمەن؟

— يەنە ئاغزىغا كەلگەننى دېگىلى تۇردى، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — مەن ئۇنىڭ ئۆزى ئالغان جوپتەكتىكى سۆزگە قاراپ ئاغزىمغا كەلگىنىچە تەبىر بېرىپ قويغان، ئۇنى سىز راست دەپ قاپسىز. ئوتتۇرانچى يەڭگەمنىڭ ئۆزىلا بولدىڭىزمۇ دەيمەن. سىز قاشتاشنى يىتتۈرۈپ قويغاندا ئۇ مياۋيۈيگە پال سالدۇرۇۋىدى، پال چىققاندىن كېيىن مەنىسىنى ھېچكىم چۈشىنەلمىگەندە، مېنى چەتكە تارتىپ، مياۋ يۈي ئۇنداق ئالدىن بىلىدىكەن، مۇنداق ئەۋلىيا ئىكەن، دەپ كەتكەن. شۇ راست بولىدىغان بولسا، مياۋ يۈي ئۆزىنىڭ شۇنداق چوڭ بالا - قازاغا يولۇقىدىغىنىنى نېمىشقا ئالدىن بىلمەيدۇ؟ شۇنىمۇ ئالدىن بىلەر دېگىلى بولامدۇ؟ ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا توغرىسىدا قىلغان گەپ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغاندۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ قانداق بولۇشىنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئۆزۈمنىڭ نېمە بولۇشۇمنىمۇ بىلمەيدىغان تۇرسام. بۇنىڭ ھەممىسى ساختا ئىشلار، ئىشەنگىلى بولامدۇ؟

— ئۇنىڭ گېپىنى قويۇپ شىڭ شيۈيەن سىڭلىمنىڭ گېپىنى قىلىڭا، — دېدى باۋيۈي، — بىزنىڭ بۇ يەردە كەينى - كەينىدىن كېلىشمەسلىك كېلىۋېرىپ، ئۇنىڭ توي ئىشىنى ئۇنتۇپلا قاپتۇق. سىلەرنىڭكىلەر شۇنچىزە چوڭ ئىشنى ئوڭدا - دومدىلا قىلىپ تۈگىتىۋېتىپتىغۇ؟ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەرنىمۇ چىللىماپتۇ.

— بۇ گېپىڭىزمۇ ئورۇنسىز گەپ بولدى، — دېدى باۋچەي، — بىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئىچىدە مۇشۇ خانىدانىدىكىلەر ھەم ۋاڭ جەمەتى بىلەنلا يېقىن ئۆتەتتۇق. ۋاڭ جەمەتىدە تۈزۈكرەك ئادەم قالمىدى. بىزنىڭ خانىدانىمىزدا بولسا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم قازا تېپىپ قالدى، شۇڭا چىللاش بولمىدى. يالغۇز جيا ليەن ئاكاملا قارىشىپ بەردى. باشقا تۇغقانلاردىن بىر - ئىككى ئۆيلۈك كەلدى، سىز بارمىغان تۇرسىڭىز ئۇلارنى قانداق بىلىسىز؟ قارىماققا، ئىككىنچى يەڭگىمىزمۇ مەندەك بولغان

ئوخشايدۇ. ئىككىنچى ئاكامغا ماقۇل دېيىشىپ قويغاندىن كېيىن، ئاناممۇ ئىككىنچى ئاكامنىڭ توينى ئابرۇيى بىلەن چىرايلىق قىلىپ بەرمەكچىدى، بىراق، ئاكام ھەپسىدە بولۇپ قالغاچقا، ئىككىنچى ئاكامنىڭ توينى چوڭراق قىلغۇسى كەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ خانىداندا مۇسىبەت بولۇپ قالدى، يەنە بىرسى، ئىككىنچى يەڭگەم چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىدە بەك ئازابتا قالدى، تۆپىلەپ ئائىلىسى مۇسادىرە قىلىنىپ كەتكەچكە ھەم چوڭ ئاغىچا خېنىم ھە دەپ قاتتىق قوللۇق قىلىۋەرگەچكە، ئۇ تازىمۇ قىينالدى. شۇڭا، مەن ئانامغا مەسلىھەت بېرىۋىدىم، ئۇنى ــ بۇنى قىلىپ كۆچۈرۈپ ئەكىلىۋاپتۇ. قارىسام، ئىككىنچى يەڭگەم ھازىر كۆڭۈل تىندۇرۇپ خۇشاللىق بىلەن ئانامنى رازى قىلىۋېتىپتۇ، ئۆز كېلىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشتى، ئاكامنىمۇ ناھايىتى ئوبدان كۈتىدىكەن. شياڭلىنىڭ بىلەنمۇ شۇنداق ئەپ ئىكەن. ئىككىنچى ئاكام ئۆيدە يوق چاغلاردا بۇ ئىككىسى بىر ــ بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشىپ ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشۈۋېتىپتۇ، ئۆيئىچى سەل نامراتلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئانام يېقىندىن بېرى خېلى راھەتكە چىقىپ قالدى. بىراق، ئاكام يادىغا كېلىپ قالسىلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالىدۇ. تۆپىلەپ، ئاكاممۇ پات ــ پات ئۆيدىن خەج ــ خىراجەت سورىتىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئىككىنچى ئاكام سىرتتىكى ھېساباتتىن ئېلىشلىرىنى يىغىپ بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتىدۇ. ئاڭلىسام، شەھەردىكى بىرنەچچە يەردىكى ئۆي ــ زېمىنىنىمۇ رەنىگە قويۇپ بوپتىمىش، بىر يەردىكىسىلا قالغان ئوخشايدۇ، ھازىر شۇنىڭغا كۆچۈپ كىرىپ ئولتۇرماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

ــــ نېمىشقا كۆچىدىكەن؟ ــــ دېدى باۋيۈي، ــــ مۇشۇ يەردە ئولتۇرىۋەرسە سىزنىڭ بېرىپ ــ كېلىپ تۇرۇشىڭىزغىمۇ ئوڭاي ئەمەسمۇ؟ يىراققا كۆچۈپ كەتسە ئۇ يەرگە بېرىشىڭىزنىڭ ئۆزىگە بىر كۈن كېتىدۇ.

— ئۇرۇق ـ تۇغقان دېگەن بىلەنمۇ، ھەركىم ئۆز ئۆيىدىكىدەك ئازادە بولغانغا يېتەمدۇ، — دېدى باۋچەي، — ئۆمۈرۋايەت تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋەرگەن نەدە بار؟

باۋيۈي كۆچمەسلىكنى ئورۇنلۇق كۆرسىتىپ يەنە سۆزلىمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئەۋەتكەن ئادەم كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— جيا لىيەن بېگىمنىڭ ئاغىچىسى جان ئۈزدى، ھەممەيلەن شۇ ياققا كېتىشتى. غوجام بىلەن خېنىممۇ شۇ تاپتىلا كەلسۇن دەيدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان باۋيۈي سەۋر قىلالماي، يەرنى تېپىپ يىغلىغىلى تەمشەلدى، باۋچەيمۇ ھەسرەت يېگەن بولسىمۇ، باۋيۈينىڭ يىغلاپ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويۇشىدىن قورقۇپ:

— بۇ يەردە يىغلايدىغان يىغىنى شۇ يەرگە بارغاندا يىغلايلى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۇدۇل فېڭجيېنىڭكىگە باردى. ئۇ يەردە بىرمۇنچەيلەن يىغا ـ زار قىلىشىۋاتاتتى. باۋچەي يېقىنراق بېرىپ، فېڭجيېنىڭ تاختىغا ئېلىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپلا ھەسرەت ياشلىرىنى تۆكتى. باۋيۈيمۇ جيا لىيەننىڭ قولىغا ئېسىلىپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى، جيا لىيەنمۇ باشقىدىن يىغىغا چۈشتى. تەسەللى بېرىدىغان ئادەم قالمىغانلىقىنى كۆرگەن پىڭئېر قاتارلىقلار نائىلاج ئۆزلىرى كېلىپ، قايغۇ ئارىلاش تەسەللى بېرىپ كۆپچىلىكنى يىغىدىن توختاتتى، ھېچكىمنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى بېسىلمىدى.

شۇ تاپتا جيا لىيەن تەمتىرەپ قالغانىدى، ئۇ لەي دانى قىچقارتىپ، دەپنە ئىشلىرىغا تەرەددۇت قىلىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۆزى بولسا جيا جېڭغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئىشقا تۇتۇندى. بىراق، قول ئىلكىدە بولمىغاچقا، ھەممە ئىشتا قىسىلدى. فېڭجيېنىڭ ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىقلىرى يادىغا كېلىپ تېخىمۇ ھەسرەت چېكىپ يىغلاپ كەتتى. بولۇپمۇ چياۋجيېرنىڭ زارى ئۇنى ئېزىۋەتتى. شۇ يىغلىغانچە تاڭ

سۇزۇلگەنگە قەدەر يىغىدىن باش كۆتۈرمەي، تاڭ سۇزۇلگەندىن كېيىن، ئاندىن فىگچىيىنىڭ تاغىسى ۋاڭ رېننى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇدى.

ۋاڭ زىشىڭ بولۇمىسىز ئادەم بولغاچقا، ۋاڭ زىتىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ رېننى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپ، نەتىجىدە ئۇ جىمى ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن يىرىكلىشىپ كەتكەنىدى. بۈگۈن سىڭلىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلدى ۋە بىر پەس يىغلىدى. ئاندىن بۇ يەردىكى مۇسىبەت ئىشلىرىغا بولغان تەييارلىقلارنىڭ ئاندا - مۇندا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىر قىسما بولدى.

— مېنىڭ سىڭلىم خانىدانىڭلاردا كۆيۈپ - پىشىپ بىرقانچە يىل غوجىدارلىق قىلدى. ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزگىنىمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئىخلاس بىلەن ئۇزاتساڭلار بولاتتى، بىراق شۇ كەمگىچە ھېچنېمە تەييار بولماپتۇغۇ؟ — دېدى ئۇ.

جيا ليەننىڭ ۋاڭ رېن بىلەن ئەزەلدىنلا ئېپى كېلىشمەيتتى، ئۇنىڭ بۇ لاۋزا گەپلىرىنى ئاڭلاپمۇ، ئۇنىڭ بىغەرەزلىكىنى بىلگەچكە، ئانچە پەرۋا قىلمىدى. ۋاڭ رېن ئاندىن ئۆزىنىڭ جىيەنى چياۋجيېرنى يېنىغا چاقىردى.

— ئاناڭ ھايات چېغىدا ھەممە ئىشنى ئېپى - جېپى بىلەن قىلمىغان، — دېدى ئۇ، — ھە دەپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا خۇشامەت قىلىشىنىلا بىلىپ، تۇغقانلارنى ئانچە كۆزگە ئىلمايتتى. قىزىم، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئەزەلدىن مېنىڭ سەلەرگە يوپۇشقىنىمنى كۆرگەنمىدىڭ؟ ئاناڭ بولسا ئۆلۈپ كەتتى، ئەمدى جىمى ئىشتا مەن تاغاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا. ئانا جەمەت تۇغقانلىرىڭدىن مەن بىلەن كىچىك تاغاڭلا بار. ئاتاڭنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى مەن بۇرۇنلا بىلىپ قويغان، ياتقا قىلىشنى بىلىدۇ. قايسى يىلى يۇ خېنىم دېگەن بىرنېمە ئۆلگەندە، مەن پايتەختتە بولمىسامىمۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بىرمۇنچە كۈمۈش خەجلىگىنىنى ئاڭلىغان. مانا ئەمدى سېنىڭ ئاناڭ ئۆلگەندە ئاتاڭ

مۇشۇنداق ئەپلەپ ـ سەپلەپ بولۇشىغىلا ئۆزىتىۋەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، ئاتاڭغا گەپ قىلىپ ئەقىل كۆرسىتىشنىمۇ بىلمەمسەن؟

— ئاتامنىڭغۇ چىرايلىق ئۇزاتقۇسى بار، بىراق هازىرقى ئەهۋالىمىز بۇرۇنقىدەك ئەمەس. ئاتامنىڭ قولىدا پۇل يوق، شۇڭا تېجەپرەك ئىش قىلىۋاتىدۇ.

— سېنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىڭ ئازمىدى؟

— بۇلتۇر مۇسادىرە قىلىپ كەتكەن تۇرسا، يەنە نېمە بولاتتى؟

— سەنمۇ شۇنداق دەمسەن؟ ئاڭلىسام، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىرمۇنچە نەرسە بېرىپتىكەنغۇ، شۇنى ئاچىق.

چياۋجيېر ئاتام ئىشلىتىپ كەتكەن دېيىشتىن ئوڭايسىزلىنىپ، بىلمەيمەن دەپلا تۇگەشتى.

— هە، بىلدىم، تويلۇقۇڭغا ساقلاۋېتىپسەن ـ دە.

چياۋجيېر گەپ ياندۇرۇشقا پېتىنالماي، ئاچچىقىدا ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— بېگىم، — دېدى پىڭئېرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، — گەپلىرى بولسا بىزنىڭ بېگىم كىرگەندە قىلسىلا، بۇ قىز كىچىك تۇرسا، نېمىنى بىلىدۇ؟

— سەنلەر ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا ئۆلسە، هەممىنى بېشىمىزغا كىيسەك دەپ ئاران تۇرۇشۇپتىكەنسىلەر! ماڭا هېچنېمە كېرەك ئەمەس، چىرايلىقراق ئۇزىتىلسا ئۆزۈڭلارنىڭ ئابرۇيى ! — ۋاڭ رېن قېيداپ ئولتۇرۇۋالدى.

چياۋجيېرنىڭ تازىمۇ قورسىقى كۆپتى ۋە: «مېنىڭ ئاتام بىۋاپا ئادەم ئەمەس. ئانام هايات چاغدا تاغام نېمىلەرنى ئەكەتمىگەن، مانا ئەمدى هېچنېمە ئالمىغاندەك بولۇۋالغىنىنى قارا بۇنىڭ !» دەپ ئويلاپ، تاغىسىغا پەرۋا قىلمىدى. ۋاڭ رېننىڭ خىيالىچە، سىڭلىسىنىڭ يىغقان دۇنياسى هېسابسىز بولۇپ، تىنتىلغان بولسىمۇ، هەرهالدا قالغان كۈمۈش ئاز ئەمەس ئىدى.

www.uyghurkitap.com

شۇڭا ئۇ: «مېنى چاتاق چىقىرىدۇ دەپ، بۇمۇ ئۇلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىۋاتىدۇ، بۇ ھارىمىمۇ كېرەككە كەلمىدى» دېگەن يەرگە كېلىپ قالدى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چياۋجيېرگە ئۆچ بولۇپ كەتتى.

جيا ليەن بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز، ئۆلۈملۈككە پۇل جايلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. سىرتتىكى چوڭ ئىشلار لەي داغا تاپشۇرۇلغانىدى، ئىچكىرىگىمۇ بىرمۇنچە پۇل لازىم ئىدى، بۇ پۇللارنىڭ ئورنىنى قىلىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. پىڭئېر جيا ليەننىڭ تىتىلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى چاقىردى ۋە:

— بېگىم، تولا ئويلاپ سالامەتلىكلىرىگە زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن، ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا، — دېدى.

— ئاسرايدىغان نەرى قالدى! شۇ تاپتا كۈندىلىك خىراجەتكىمۇ پۇل يوق تۇرسا، بۇ ئىشقا قانداق قىلغۇلۇق! قېرىشقاندەك ھېلىقى ھاماقەت بىغەرەزمۇ مۇتتەھەملىك قىلغىلى تۇردى، ئۇنىڭغا نېمە ئىلاج بار دەيسەن؟

— بېگىم، ھودۇقمىسىلا، ئىشلىتىشكە پۇل بولمىسا، مەندە بىر ئاز نەرسە بار، ھېلىمۇ ياخشى بۇلتۇر قوشۇپ مۇسادىرە قىلىنىپ كەتمەپتىكەن، كېرەك قىلىمەن دېسىلە ئاچقىپ گۆرۈگە قويۇپ ئىشلەتسىلە.

جيا ليەن ئاڭلاپ، «ئەجەبمۇ ئوبدان بولدى» دەپ ئويلىدى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى، ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە قاتراپمۇ يۈرمىگۈدەكمەن. قولۇمغا پۇل كىرگەندە قايتۇرۇپ بېرىۋېتىمەن، — دېدى.

— مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ماڭا خېنىم بەرگەن، قايتۇرۇپ بېرىمەن دېگەنمۇ گەپمىكەن! ئىشقىلىپ، بۇ ئىشنى چىرايلىق تۈگىتىۋالساقلا بولدى.

جيا ليەن پىڭئېردىن قالتىس مىننەتدار بولدى ۋە ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ گۆرۈگە قويۇپ خىراجەت قىلدى.

ئەمدى ئۇ ھەننىۋا ئىشتا پىگئىرغا مەسلىھەت سالىدىغان بولىدى. بۇنى كۆرگەن چىيۇتۇلڭ ئۆز كۆڭلىدە ئانچە تەن بەرگۈسى كەلمەي، پات ـ پاتلا: «خېنىم تۇگەپ كېتىۋىدى، پىگئىر چولڭ ئاغىچىلىق ئورۇنغا ئۆتمەكچى بوپتۇ! مەن ئۇلۇغ بېگىمنىڭ ئادىمى تۇرسام، نېمىدەپ ئۇ مېنىڭدىن يۇقىرى تۇرىدىكەن؟» دەپ قوياتتى. پىگئىر بۇنى سېزەتتى، ئەمما پەرۋا قىلمايتتى. بۇنى جىيا ليەنمۇ سېزىپ قېلىپ، چىيۇتۇڭدىن بارغانچە كۆڭلى قېلىشقا باشلىدى، بىر ئىشتىن سەللا خاپا بولۇپ قالسا، ئاچچىقىنى چىيۇ تۇڭدىن چىقىرىدىغان بولۇۋالدى. شىلڭ ئاغىچا خېنىم بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، جىيا ليەننى ئەيىبلىدى، جىيا ليەن بولسا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ چىداپ يۈردى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

خوش، فېڭجىيېنىڭ مېيىتى ئون كۈن تۇرغۇزۇلۇپ ئۇزىتىلدى. جىيا جېڭ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قارىسىنى تۇتۇپ ھەمىشە تاشقىرىقى كۇتۇپخانىدىن چىقمايتتى. شۇ كەملەردە سۇخەنچى موللامىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزرە ئېيتىپ قايتىپ كېتىشكەن، يالغۇز چېڭ رىشىگلا قالغانىدى. ئۇ پات ـ پات جىيا جېڭنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ چىقاتتى. گەپتىن گەپ چىقىپ، جىيا جېڭ:

— خانىدانىمىزنىڭ ئامىتى قاچتى، ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچەيلەن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە چولڭ بېگىم بىلەن جىيا جېن بېگىم ياقا يۇرتتا بولۇپ قالدى. مەئىشىتىمىز كۈندىن ـ كۈنگە قىيىن بولۇۋاتىدۇ، شەرقىي جاڭزىدىكى يەر ـ زېمىنلارنىڭ قانداق بولغانلىقىمۇ نامەلۇم. ئىشقىلىپ، يامان بولدى! — دېدى.

— ھۇزۇرلىرىدا بولۇۋاتقىنىمغا خېلى يىللار بولىدى، بۇ ئىشلار ماڭىمۇ مەلۇم، — دېدى چېڭ رىشىڭ، — خانىداندىكى ئادەملەرنىڭ قايسىبىرى ئۆزىنى سەمرىتىش بىلەن بولمىدى؟ يىللاپ ـ يىللاپ ئۆز ئۆيلىرىگە توشۇۋاتسا، خانىداننىڭ يىلدىن ـ

www.uyghurkitap.com

يىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىشى تۇرغان گەپ. تۆپىلەپ چوڭ بىگىم بىلەن جىيا جېن بىگىمنىڭ ئائىلە خىراجەتلىرىمۇ كېلىپ قوشۇلدى. سىرتقا يەنە ئازراق بېرىشىمىزمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنقى كۈنى بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ئوغرى ئالدى، يامۇل ئوغرىلارنى تۇتۇپ مال ـ مۈلۈكنى تېپىپ بېرىدۇ دېگەن بىلەن، بۇ تەس گەپ، تەخسىر، مۇبادا خانداننىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرماقچى بولسىلا، ئۆزلىرىگە ئىشەنچلىك بىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىپ تەكشۈرتكۈزۈپ كۆرسىلە، ئاندىن ھېلىقى غوجىدارلارنى قىچقارتىپ ھەيدەشكە تېگىشلىكلىرىنى ھەيدىۋەتسىلە، ئېلىپ قېلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئېلىپ قالسىلا. مەلۇم بولغان زىياننى شۇ ئىشقا ئىگە بولغانلاردىن تۆلەتسىلە، ئاندىن ئىشلار ئىز ـ ئورنىغا كېلىدۇ، ماۋۇ كاتتا باغنى سېتىۋېلىشقا خەقنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ دارامىتىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، باشقۇرۇشقا ئادەم قويۇلمىدى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۆزلىرى خانداندا بولالمىدىلا، تەخسىر، بۇ خەقلەر شۇملۇق قىلىشىپ باغقا ھېچكىمنى كىرەلمەس قىلىپ قويدى، مانا بۇ بىزنىڭ خىزمەتكارلىرىمىزدىكى يامان ئىللەتلەر. ئەمدى خىزمەتكارلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ياخشىلىرىنى ئىشلىتىپ، ئەسكىلىرىنى ھەيدىمەك لازىم، ئىشنىڭ يولى مۇشۇ.

ــ تەخسىر، ــ دېدى جىيا جېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ، ــ سىلىنىڭ خەۋەرلىرى يوق، ھازىر تۆۋەندىكىلەر تۇگۇل ئۆز جىيەنلىرىممۇ ئىشەنچلىك ئەمەس! مۇبادا تەكشۈرۈشكە ئۆزۈم چۈشسەم، قايسىبىرىنى تونۇپ، بىلىپ كېتەلەيمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قارىلىق ئىچىدە تۇرۇۋېتىمەن، بۇ ئىشلارغا قارىيالمايمەن. ئىلگىرىدىن تارتىپ خانداننىڭ ئىشلىرىغا تازا ئېيىم بولمىغاچقا، نېمە بار، نېمە يوقلۇقىنىمۇ بىلەلمەيمەن.

ــ جانابلىرى تولا رەھىمدىل ئادەم، ــ دېدى چېڭ رىشىڭ، ــ ئەگەر باشقا خانداننىڭ تىرىكچىلىكى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ نامراتلىشىپ كېتىدىغان بولسا، بەش ـ ئون يىلغىچىمۇ

قىينالمايدۇ، غوجىدارلىرىدىن ئالسىمۇ يېتىدۇ. ئاڭلىسام، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن ناھىيەگە ئامبال بولغانلىرىمۇ بار ئىمىش.

— ئادەم خىزمەتكارلىرىدىن پۇل ئېلىپ خەجلەش ھالىتىگە چۈشۈپ قالسا، بۇ بەك يامان بولغىنى. ياخشىسى، ئۆزىمىز تېجەشلىك بىلەن ئىش كۆرەيلى. لېكىن، دەپتەردىكى تەئەللۇقلار ئەينەن بولسىغۇ ئوبدان، ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ.

— جانابلىرىنىڭ بۇ پىكرى ئىنتايىن ئورۇنلۇق، پېقىرنىڭ تەكشۈرۇپ كۆرۈش كېرەك دېگىنى نېمە ئۈچۈن؟

— كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى باردۇ؟

— كەمىنىلىرى ئۇ غوجىدارلارنىڭ كارامەتلىرىنى ئاز ـ تولا بىلسەممۇ، بىرنېمە دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، — دېدى چىڭ رىشىڭ. جيا جېڭ بۇنى ئاڭلاپ، گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى پەملىدى ـ دە، چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ:

— بىز ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ رەھىم ـ شەپقەت بىلەن ئۆتۈپ كەلگەن، خىزمەتكارلىرىمىزنى ئەزەلدىن قاقشاتقان ئەمەس. ھازىر ئەمدى بۇ ئادەملەر كۈندىن ـ كۈنگە ئوساللىشىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ! ئىش مېنىڭ قولۇمغا قالغاندا غوجايىنلىقنى كۆرسىتىپ قويالماي دېسەم خەققە كۈلكە بولىمەن!

ئىككىيلەن قىزىق سۆزلىشىۋاتاتتى، ئىشىكتىكى مۇلازىم كىرىپ:

— جەنۇبتىن جېن بېگىم كەلدى. — دەپ مەلۇم قىلدى.

— جېن بېگىم پايتەختتىكە نېمە ئۈچۈن كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— كەمىنە قۇللىرى بۇنىمۇ سورۇشتۇردۇم، خانىنىڭ شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، مەنسىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپتىمىش، — دېدى مۇلازىم.

— گەپنى قويۇپ، ئۇنى باشلاپ كىر، — دېدى جيا جېڭ.

مۇلازىم چىقىپ كېتىپ مېھماننى باشلاپ كىردى. جېن بېگىم دېگەن بۇ كىشى جېن باۋيۈيىنىڭ ئاتىسى بولۇپ، ئىسمى جېن يىڭجيا، تەخەللۇسى يۇ جۇڭ ئىدى. ئۇمۇ جىنلىڭلىق، خىزمەت كۆرسەتكەن ئەربابنىڭ ئەۋلادى ئىدى، جيا خاندانى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقى بار ئىدى، ئىلگىرىدىن بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرۇشاتتى. ئۇزاقى يىلى باشقىلارنىڭ كاساپىتىگە كېتىپ مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە خان ھەزرەتلىرى خىزمەت كۆرسەتكەن ئەربابلىرىنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ ئاتا مىراس مەنسىپىنى ئىلتىپات قىلغان ۋە يارلىق بىلەن پايتەختكە ئالدۇرۇپ، ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكەنىدى. ئۇ جيا ئانىنىڭ قازا تاپقانلىقىدىن يېڭىلا خەۋەر تېپىپ، ئالاھىدە تەزىيە سوۋغىلىرى تەييارلىغان ۋە خاسىيەتلىك بىر كۈنى جەسەت ساندۇقى قويۇلغان يەرگە بېرىپ تاۋاپ قىلماقچى بولغانىدى، شۇ ۋەجىدىن ئاۋۋال بۇ يەرگە پاتىھە قىلىپ كېلىشى ئىدى.

جيا جېڭ قارىلىق ئىچىدە تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئالدىغا يىراقراق يەرگىچە چىقالماي، تاشقىرىقى كۈتۈپخانىنىڭ ئىشىكىدىلا كۈتۈپ تۇردى. جېن بېگىمنىڭ ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا قايغۇسى ۋە خۇشاللىقى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتتى. قارىلىق مۇددىتى ئىچىدە سالام بېرىشىشكە بولمىغاچقا، قول ئېلىشىپ تۇرۇپ، ئۇزاق ئايرىلىپ كەتكەندىن بۇيانقى سېغىنىشلىرىنى ئىزھار قىلىشىپ، مېھمان بىلەن ساھىبخانا ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. ئاندىن چاي تارتىلدى، ئاندىن ئايرىلىشقاندىن كېيىنكى ئۆز ئەھۋاللىرى ئۈستىدە مۇڭداشتى.

— قەدىناس تۇغقان، خان ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۆزلىرىگە قاچان نېسىپ بولدىكىن؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— بۈرناكۈن، — دېدى جېن يىڭجيا.

— خان ھەزرەتلىرىنىڭ مېھىر - شەپقىتى ئالەمچە بار، —

دېدى جيا جېڭ، — ئەلۋەتتە مالاھەت بىلەن يارلىق قىلىغاندۇ.

— خان ھەزرەتلىرىنىڭ مېھىر - شەپقىتى ھەقىقەتەن ئاسماندىنمۇ كەڭ ئىكەن، بىرمۇنچە يارلىق بەردى، — دېدى جېن يىڭجيا.

— قانداق مۇبارەك يارلىقلار ئىكەن؟ — دېدى جيا جېڭ.

— يېقىندىن بېرى، — دېدى جېن يىڭجيا، — جېجياڭ تەرەپتە قاراقچىلار ئەدەپ كېتىپ، دېڭىز تەرەپتىكى پۇقرالارنى ئامان تاپتۇرمايۋېتىپتۇ، شۇ ۋەجىدىن خان ھەزرەتلىرى ئەمىر ئەنگوگۇڭنى ئوغرى - قاراقچىلارنى يوقىتىشقا بۇيرۇغانىكەن. پېقىر ئۇ يەرنىڭ شارائىتى بىلەن ئوبدان تونۇش بولغانلىقىم ئۈچۈن، خان ھەزرەتلىرى مېنى ئۇلارنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىش ئىشىغا بۇيرۇدى، بۈگۈنلا يولغا چىقىشىمىز لازىم ئىكەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالەمدىن كەتكەنلىكىدىن تېخى تونۇغۇن خەۋەر تېپىپ، مېيىت يېنىغا بېرىپ دۇئا - تەكبىر قىلىش ئۈچۈن كۆچە ھازىرلىتىپ قويدۇم، ئازغىنا بولسىمۇ نامۇناسىپ ئەقىدەمنى بىلدۈرمەكچىمەن.

جيا جېڭ شۇ زامان باش ئۇرۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە مۇنداق دېدى:

— قەدىناس تۇغقان، بۇ سەپەرلىرىدە يۇقىرىدىن خان ھەزرەتلىرىنى خاتىرجەم قىلسىلا، تۆۋەندىن پۇقرالارنى ئامان قىلىدىغان بوپتۇلا. بۇ سەپەرلىرىدە كاتتا ساۋاب تاپقايلا. ئەپسۇسكى، كەمىنىلىرى كارامەتلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، شۇنداق بولسىمۇ، غالىبىيەت خەۋەرلىرىنى يىراقتىن ئاڭلاپ تۇرىمەن. ھازىرقى دېڭىز مۇراقىبى كەمىنىلىرىگە تۇغقان كېلەتتى، ۋاقتىلىرى مۇساھىدە قىلسا ئۇلۇغ كۆزلىرىدە قاراپ قويۇشلىرىنى سورايمەن.

— قەدىناس تۇغقىنىم مۇراقىپ جانابلىرىغا قانداق تۇغقان كېلىدىكىن؟

— كەمىنلىرى، — دېدى جيا جېڭ، — قايسى يىلى جياڭشىدا ئاشلىق نازىرى بولۇپ تۇرغان چېغىمدا، كىچىك قىزىمنى مۇراقىپ بېگىمنىڭ ئوغلىغا بەرگەنىدىم، تونى بولغىنىغا ئۈچ يىل بولدى. خەيكۇ ئەنزىسىگە چېتىشلىق ئىشلار ئېنىقلىنىپ بولمىغانلىقى، ئارقىدىن دېڭىز قاراقچىلىرى توپلىشىپ پاراكەندىچىلىك سالغانلىقى تۈپەيلىدىن خەت - چەك ئېلىشالمىدۇق. كەمىنلىرى قىزىمنى تولىمۇ سېغىنىپ تۇرۇپتىمەن. جانابلىرىنىڭ ئەل ئامانلىق ئىشلىرى تامام بولغاندىن كېيىن، شۇ پۇرسەتلىرىدە كۆرگەچ ئۆتۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. كەمىنلىرى سىلىنى جوۋتىپ ئىككى ئېلىك خەت يېزىپ بەرسەم، ئالغاچ كەتكەن بولسىلا، تولىمۇ مىننەتدار بولاتتىم!

— پەرزەنت مېھرى دېگەن ھەممە كىشىدە بولىدۇ، — دېدى جېن يىڭجيا، — مېنىڭمۇ شۇ تاپتا جانابلىرىغا ھاۋالە قىلىدىغان ئىشىم تۇرۇپتۇ. قايسى كۈنى خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ بولۇپ پايتەختكە چاقىرتىلغىنىمدا، ئوغلۇمنىڭ تېخى گۆدەك بولغانلىقى ھەم خاندانىمىزغا قارىغۇدەك ئادەم بولمىغانلىقى ۋەجىدىن، بالىچاقىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى پايتەختكە ئېلىپ ماڭغانىدىم. خان ئەمرىدە تېز يېتىپ كېلىش شەرت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، مەن كىچە - كۈندۈزلەپ ئالدىن مېڭىپ كەتتىم، بالىچاقىلىرىم ئارقامدىن كېلىۋاتىدۇ، پايتەختكە يېتىپ كېلىشكە يەنە ئازراق ھايالى بار. كەمىنلىرى ئەمرگە بىنائەن پايتەختتىن يۇرۇپ كېتىدىغان بولدۇم، ئۇزاق تۇرالمايمەن. بالىچاقىلىرىم پايتەختكە يېتىپ كەلگەندە، مۇبارەك خاندانلىرىغا ئەلۋەتتە كېلىدۇ، ئوغلۇمنى جەزمەن تەزىمگە كىرگۈزىدۇ، مۇبادا ئوغلۇم تەربىيەلىرىگە مۇناسىپ كۆرۈلگەن تەقدىردە، بىر ئەر لايىقىنىڭ ئىز - ئورنى چىقىپ قالسا، سەمىلىرىدە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

جيا جېڭ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە بىر ـ بىرلەپ ماقۇل بولدى.
جېن يىڭجيا يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ، ئاندىن:
ـــ ئەتە شەھەرنىڭ سىرتىدا كۆرۈشەرمىز، ـــ دەپ ئورنىدىن قوزغالدى. جيا جېڭ ئۇنىڭ ئىشى ئالدىراشلىقىغا قاراپ، تۇتۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، نائىلاج كۇتۇپخانىدىلا ئۇزىتىپ قويدى. جيا لىيەن بىلەن باۋيۈي جيا جېڭنىڭ ئورنىدا ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن بۇرۇنلا هازىر بولۇپ تۇرغانىدى، جيا جېڭ چاقىرمىغانلىقى ئۈچۈنلا مەيلىچە كىرىشكە پېتىنالماي سىرتتا تۇرۇشاتتى. جېن يىڭجيانىڭ چىقىشىغا ئىككىسى ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى. يىڭجيا باۋيۈينى كۆرۈپ قېتىپلا قالدى ۋە ئىچىدە: «بۇ بالا بىزنىڭ باۋيۈيگە زەپمۇ ئوخشايدىكىنە! پەقەت هازا كىيىمىلا ئوخشىمايدۇ» دەپ ئويلاپ:
ـــ يېقىن تۇغقان بولساقمۇ ئايرىلغىنىمىزغا ئۇزاق بولغاچقا، بۇ بەگزادىلەرنى تونۇيالمىدىمغۇ، ـــ دەپ سورىدى.
بۇ جيا شې ئاكامنىڭ ئوغلى جيا لىيەن بولىدۇ، مېنىڭ ئىككىنچى جىيەنىم، ـــ دېدى جيا جېڭ ئىلدام جيا لىيەننى كۆرسىتىپ. ئاندىن باۋيۈينى كۆرسىتىپ، ـــ بۇ مېنىڭ ئىككىنچى ئىت بەچچەم، ئىسمى باۋيۈي، ـــ دېدى.
ـــ قىزىق ئىش! ـــ دېدى يىڭجيا ئالىقىنىغا ئۇرۇپ، ـــ مەن ئۆيدىكى چاغدا قەدىناس تۇغقىنىم جانابلىرىنىڭ قاشتاش چىشلەپ تۇغۇلغان بىر ئارزۇلۇق ئوغلى بار ئىمىش، ئىسمى باۋيۈي ئىكەن دەپ ئاڭلىغان هەم بۇ ئىسىم ئوغلۇمنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆڭلۇمدە بەكلا هەيران بولغانىدىم. كېيىنچە، بۇمۇ بولىدىغان ئىشقۇ دەپ ئويلاپ، پىسەنت قىلمىغان. كىم بىلسۇن، بۈگۈن قارىسام، چىراي ـ شەكلىلا ئەمەس، هەرىكەتلىرىمۇ ئوخشايدىكەن، بۇنىڭغا تېخىمۇ هەيران قېلىۋاتىمەن! ـــ ئاندىن ئۇ باۋيۈينىڭ يېشىنى سورۇشتۇرۇپ بىلىپ، ـــ ئۇ بۇ غوجامدىن بىر ياشلا كىچىك ئىكەن، ـــ دېدى.

جىيا جېڭ باۋ يۈڭنىڭ گېپىنى چىقىرىپ، ئاندىن جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرىدىكى غوجامنىڭ ئىسمى ئوغلۇمنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش ئىكەن، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلغان بولدى. يىڭجيانىڭ دىققىتى باۋيۈيدىلا بولۇپ قالغاچقا، باۋيۈينىڭ ياخشى ـ يامان تۇرغانلىقىنى سوراپمۇ قويماي:

— ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان غەلىتە ئىش! — دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن تەرىپلەپ كەتتى ۋە باۋيۈينىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈندى. يەنە بىر ياقتىن، ئەنگوگۇڭنىڭ تەخىرسىز يولغا چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇزاق سەپەرنىڭ تەييارلىقىغا ئالدىرىدى ـ دە، تەستە خوشلىشىپ ئۇزىدى. ئۇنى جىيا لىيەن بىلەن باۋيۈي ئۇزىتىپ ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇ باۋيۈيدىن يەنە خېلى گەپلەرنى سوراپ، ئاندىن مەپىگە چۈشۈپ يۈرۈپ كەتتى. جىيا لىيەن بىلەن باۋيۈي قايتىپ كىرىپ يىڭجيانىڭ سورىغان گەپلىرىنى جىيا جېڭغا دەپ بەردى. جىيا جېڭ بۇ ئىككىسىگە قايتىشنى ئەمر قىلدى. جىيا لىيەن چىقىپ، يەنە فېڭجيېنىڭ دەپنە چىقىملىرىنىڭ ھېساب ـ كىتابلىرىنى قىلىش بىلەن بولدى.

باۋيۈي ھۇجرىسىغا قايتىپ بېرىپ باۋچەيگە گەپ قىلىپ بەردى.

— دائىم گېپىنى قىلىشىدىغان ھېلىقى جېن باۋيۈينى بىر كۆرسەم دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن ئۇنىڭ ئاتىسىنى كۆردۈم. باۋيۈينىمۇ پات يېقىندا پايتەختكە كېلىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم، بىزنىڭ بېگىمىنى زىيارەت قىلىپ بىز تەرەپكە كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ ئۇنى ماڭا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ، دەيدۇ، چىنپۈتمەيلا قالدىم. مۇبادا ئۇ كېيىنكى كۈندە بىزنىڭكىگە كېلىپ قالسا، ھەنىمۋاسىڭلار بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار، قېنى، ئۇ ئۇلار دېگەندەك ماڭا ئوخشامدىكەن كۆرۈپ باقايلى؟

— توۋا! — دېدى باۋچەي بۇنى ئاڭلاپ، — بارغانچە ئالدى ـ

كەيىننى ئويلىمايلا گەپ قىلىدىغان بولۇۋالدىڭىزغۇ؟ بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئەر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆزىڭىزگە ئوخشىتىۋاتقىنىڭىزنى قاراڭ! تېخى بىز بېرىپ كۆرۈپ باقارمىشمىز!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان باۋيوي گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلدى ـ دە، ۋىللىدە قىزىرىپ، ئالمان ـ تالمان ئىزاھلىماقچى بولدى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئون بەشىنچى باب

## قۇترانقۇلۇقتىن قايمۇققان شىچۇنىنىڭ ئۆز نىيىتىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى
## تۇرقى ئوخشاش قاياشىنىڭ خۇلقىدىن باۋيۇينىڭ نائۇمىد بولغانلىقى

خوش، باۋيۇي گەپتە كەتكۈزۈپ قويۇپ باۋچەيگە تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، گەپنى يوپۇتۇۋەتمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا چيۇۋېن كىرىپ:

— ئۆزلىرىنى بېگىم چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى. ئاران تۇرغان باۋيۇي ئىپلا چىقىپ كەتتى. ئۇ جيا جېڭنىڭ يېنىغا بارغاندا، جيا جېڭ ئۇنىڭغا:

— سېنى باشقا ئىشقا چاقىرمىدىم. ھازىر ئۇچاغدا قارىلىق كىيىم بار، مەكتەپكە بېرىشىڭ بىئەپ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىلگىرى ئوقۇغان دەرسلىرىڭنى تەكرارلىغىن. مەنمۇ بىرنەچچە كۈنگىچە بىكار، ھەر ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىرنەچچە پارچە ماقالە يېزىپ ماڭا كۆرسىتىپ تۇر، يېقىندىن بېرى سەندە تەھسىلنىڭ نەتىجىلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

باۋيۇيگە خوش دېمەكتىن باشقا ئىلاج بولمىدى.

— ئىنىڭ جيا خۇەن بىلەن جييەنىڭ جيا لەننىمۇ دەرسىنى تەكرارلاشقا بۇيرۇدۇم، — دېدى جيا جېڭ يەنە، — مۇبادا سېنىڭ يازغان ماقالىلىرىڭ ئۇبدان چىقماي ئۇلارنىڭكىگە يەتمىسە، ئۇ چاغدا قاملاشمايدۇ.

باۋيوي لام ـ جىم دېيەلمەي، «خوش» دەپ مىدىرلىماي تۇردى.

— بولدى چىق، — دېدى جىيا جېڭ. باۋيوي قايتىپ چىقىۋېتىپ ھېساب دەپتەرلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىۋاتقان لەي دالارغا ئۇچرىشىپ قالدى.

باۋيوي ئۇچقاندەك مېڭىپ ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلدى. باۋچەي ئۇنىڭ ماقالە يېزىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. باۋيۈينىڭ بولسا ماقالە يازغۇسى يوق ئىدى، بىراق سۇسلۇق قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى. باۋيوي دېمىنى ئېلىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، يەر مۇئەككىلى ئىبادەتخانىسىدىكى ئىككى راھىبە كىرىپ كەلدى.

— خېنىم، ئېسەن تۇردىلىمۇ؟ — دېدى ئۇلار باۋچەيدىن ئەھۋال سوراپ.

باۋچەي ئۇلارنى تازا قارشى ئالمىغاندەك قىلىپ:

— ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟ — دەپلا قويدى، ئارقىدىن چۆرە قىزنى بۇيرۇپ، — ئۇستازلىرىمغا چاي كەلتۈرۈڭلار، — دېدى.

باۋيۈينىڭ بۇ راھىبىلەر بىلەن ئەھۋاللاشقۇسى بار ئىدى، بىراق باۋچەينىڭ بۇلاردىن يىرگىنىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ئۆزىنى تارتتى. راھىبەلەرمۇ باۋچەينىڭ توڭلۇقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇزاق ئولتۇرمايلا قايتماقچى بولۇپ خوشلاشتى.

— بىردەم ئولتۇرمامسىلەر، — دەپ قويدى باۋچەي.

— بىز تۆمۈر ئاستانىلىق مازاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان، — دېدى راھىبەلەر، — ئاغىچا خېنىم ۋە خانلىرىمىزنىڭ ئالدىغا سالامغا كەلمىگىنىمىزگە ئۇزاق بوپتىكەن، شۇڭا بۈگۈن سالام بەرگىلى كېلىشىمىز ئىدى. ئاغىچا خېنىم، كېلىن ئاغىچا خېنىملار بىلەن كۆرۈشۈۋالدۇق، ئەمدى تۆتىنچى خان قىزنىمۇ يوقلاپ ئۆتەيلى دەۋاتىمىز.

باۋچەي بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويدى. راھىبەلەر شىچۈنىڭكىگە باردى ۋە سەييىڭنى كۆرۈپ:

www.uyghurkitap.com

— خان قىز نەدە؟ — دەپ سورىدى.

— ھەي، ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭلار، — دېدى سەيپىڭ، — خان قىز نەچچە كۈندىن بېرى غىزا يېمەيۋاتىدۇ، ياتقىنى ياتقان.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ئۇ راھىبەلەر.

— دەپ بەرسەم گەپ تولا، — دېدى سەيپىڭ، — خان قىز بىلەن كۆرۈشسەڭلار ئۆزى گەپ قىلىپ بېرەر.

شىچۈن بۇ گەپلەرنى بايىلا ئاڭلىغانىدى، شۇڭا ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئىككىڭلار قالتىس ئىكەنسىلەر - ھە! خاندانىمىزنىڭ سەل كەينىگە دەسسەپ قالغىنىنى كۆرۈپلا كەلمەس بولۇپ قالدىڭلار! — دېدى.

— ئامىتابا! — دېدى راھىبەلەر، — ھەرقايسىلىرىنىڭ قول ئىلكىلىرىدە بولسۇن - بولمىسۇن، بەربىر ھەربىرلىرى بىزنىڭ ساخاۋەتچىمىز. بىزنىڭ مۇشۇ خاندانىنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى راھىبەلەر ئىكەنلىكىمىزنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭلا گېپىنى قىلايلى، بىزلەر ئۇ بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ جىق ئىلتىپاتىنى كۆرگەن! قايسى كۈنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ مېيىتىنى ئۇزاتقىلى چىققاندا، ئاغىچا خېنىم ۋە خانلىرىمىزنىڭ جەمىسى بىلەن كۆرۈشتۇق، ئۆزلىرىنىلا كۆرمىدۇق، شۇڭا سىلىنى نېمە بولدىكىن دەپ بۈگۈن ئاتايىتەن يوقلاپ كېلىشىمىز.

شىچۈن شېيۈ بۇتخانىسىدىكى راھىبەلەرنى سورىدى.

— ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا بىر ئاز چاتاق چىققانىدى، شۇنىڭدىن بېرى مانا بىزنىمۇ دەرۋازىدىن كۆپ كىرگۈزمەس بولۇپ قالدى، — ئارقىدىنلا راھىبەلەر شىچۈندىن، — ئالدىنقى كۈنى يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىدىكى مياۋيۈي ئۇستازنى خەقنىڭ كەينىدىن كېتىپ قاپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدۇق؟ — دەپ سورىدى.

— نەدە ئۇنداق بولسۇن؟ — دېدى شىچۈن، — شۇنداق دېگەن

ئادەمنىڭ تىلىنى كېسىش كېرەك. ئۇنى قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەن تۇرسا، ئاشۇنداق يامان گەپنى قىلسا بولامدۇ؟

— مياۋيۈي ئۇستازنىڭمۇ غەلىتە قىلىقلىرى بار ئىدى، — دېدى بىر راھىبە، — بەلكىم خۇپسەنلىك قىلغاندۇ؟ — خان قىزنىڭ ئالدىدا بىزمۇ بىرنېمە دېيەلمەيمىز. ئۇ دۇئا - تىلاۋەت قىلىش، خەققە توۋا - ئىستىغپار ئوقۇپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگىمۇ ساۋاب تېپىشنى بىلىدىغان بىزدەك تومپايلارغا نەدىمۇ ئوخشىسۇن.

— قانداق قىلسا ساۋاب بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى شىچۇن.

— خانىدانىمىزدىكىدەك مۇنداق خەير - ساخاۋەتچى تەقۋادار كىشىلەر ئەندىشە قىلمىغىنى بىلەن، باشقا جەمەتلەردىكى مەرتىۋىلىك خانلار، ئاغىچا خېنىم ۋە خان قىزلار ئۆمۈر بويى شۆھرەت بىلەن ئۆتىمىز دەپ ھۆددە قىلالمايدۇ، ئۇلار بېشىغا بالا - قازا چۈشكەندە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماي قالىدۇ. شەپقەتچى بۇدساتۋالا كاتتا مېھىر - شەپقەت قىلىدۇ! خەقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن ھامان شەپقەت ياغدۇرۇپ، ئۇنداقلارنى بىر ئاماللاپ قۇتقۇزىدۇ. ھازىرقى كۈندە جىمى خەقنىڭ «ئازاب - كۈلپەتتىن قۇتقۇزغۇچى مېھىر - شەپقەتلىك بۇدساتۋام» دەپ دۇئا قىلىشلىرىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ! دۇئا - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچى بىزلەرنىڭ ئاغىچا خېنىم ۋە خان قىزلارغا قارىغاندا تارتىدىغان جاپايىمىز جىق بولسىمۇ، بىراق بىزگە قازايىقەدەر يەتمەيدۇ. باقىي ئالەملىكىمىز ئۈچۈن ئىبادەت قىلساق، ئۇ ئالەمگە بارغاندا ئەۋلىيا - ماشايىخ بولالمىساقمۇ، ئەر جىنسقا ئايلىنىپ قالساق مۇرادىمىز ھاسىل بولىدۇ. ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك ئايال بولغىنىمىز ئۈچۈن ئازاب چېكىدىغان، قورساق كۆپۈكى تارتساقمۇ ئاغزىمىزدىن چىقىرالمايدىغان بولۇپ يۈرمەيمىز. خان قىز سىلىگە تېخى قاراڭغۇ، قىز بالا دېگەن ياتلىق قىلىنىپ تالاغا چىقىرىلسا، ئۆمۈرۋايەت ئەرنىڭ ئەمرىدە بولىدۇ - دە، ھېچنېمىگە قۇربى يەتمەيدۇ. ئادەم ئىستىقامەت

بىلەن ئۆتمەن دېسە، ئۇنىڭغا ئىخلاس قويۇش لازىم. مياۋيۈي ئۇستاز ئۆزىنى بىزدىن ئارتۇق ئىستېداتلىق چاغلاپ، بىزنى چاكىنا دەپ ياراتمايدىغان. چاكىنىلارنىڭ قىسمىتىدە خاسىيەت بارلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ بۈگۈنكى كۈندە ئاقىۋەت ئۆزى قاراقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

راھىبەنىڭ بۇ گەپلىرى شىچۈننىڭ كۆڭلىگە يېقىپ كەتتى. ئۇ يېنىدا دېدەك ـ چۆرىلەرنىڭ تۇرغىنىغىمۇ قارىماي، يۈشى خېنىمنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئالدىنقى كۈنى خانىدانغا قاراشقا قالدۇرۇپ قويغان چاغدىكى ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى ھەم ئۇلارغا چېچىنىمۇ كۆرسەتتى.

— سىلەر مېنى بۇ دوزاخ ئالەمگە خۇشتار، دېتى يوق ئادەم چاغلامسىلەر؟! مەن ئاللىقاچان شۇ نىيەتكە كېلىپ قالغان، پەقەت يولىنىلا بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى ئۇ.

— بۇنداق گەپنى ئىككىنچى قىلمىسىلا، خان قىز! — دېدى راھىبەلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن كىشى بولۇپ، — جيا جېن بېگىمنىڭ ئاغىچىسى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، بىزنى ئاھانەتتە ئۆلتۈرىدۇ، ئىبادەتخانىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ! خان قىز، ئۆزلىرى بولسىلا مۇشۇنداق سۈپەتلىرى، ئاشۇنداق جامالىلىرى بىلەن كەلگۈسىدە ئوبدان بىر يىگىتكە جۈپ بولسىلا ئۆمۈرۋايەت شۆھرەت تېپىپ، باياشاتچىلىق ئىچىدە ئۆتىدىلا...

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا شىچۈن قىزىرىپ كېتىپ:

— سىلەرنى جيا جېن بېگىمنىڭ ئاغىچىسى قوغلىۋېتەلىگەن يەردە مەن قوغلىۋېتەلمەيمەنمۇ؟ — دېدى.

راھىبە ئۇنىڭ تەركىدۇنيالىققا چىن نىيەت باغلىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ دەۋەت قىلىپ قويماقچى بولدى:

— بىزنىڭ خاتا گەپ قىلىپ قويغىنىمىزدىن خاپا بولمىسىلا، خان قىز. ئاغىچا خېنىملار بىلەن كېلىن ئاغىچىلار سىلىنىڭ رايىلىرىغا باقارمۇ؟ جېدەللىشىپ قېلىپ سەتچىلىك بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئوبدان بولماس. بىز سىلىنىڭ

تەرەپلىرىنى ئېلىپ گەپ قىلىۋاتىمىز.

— قېنى كۆرەرمىز، — دېدى شىچۈن.

سەيىڭ قاتارلىقلار بۇ گەپنىڭ يامان يەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، راھىبەلەرگە قايتىڭلار دەپ ئىشارەت قىلىپ قويدى. يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان راھىبەلەر بۇ ئىشارەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى ـ دە، بىرەر چاتاق تۇغدۇرۇپ قويمايلى دەپ، خوشلىشىپ ماڭدى. شىچۈن ئۇلارنى تۇتۇپ قالماي، سوغۇق كۈلۈپ:

— جاھاندا يالغۇز بىزنىڭ يەر مۇئەككىلى ئىبادەتخانىمىزلا بار دەمسىلەر؟ — دېدى.

راھىبەلەر يەنە بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالماي چىقىپ كېتىشتى.

سەيىڭ بۇ ئىشنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى پەملەپ، ئۆزىنىڭ ئەيىبكە بۇيرۇلۇپ قېلىشىدىن قورقتى ـ دە، غىپپىدە بېرىپ يۈشى خېنىمغا ئەھۋالنى ئېيتتى:

— تۆتىنچى خان قىز چېچىنى كېسىۋېتىش نىيىتىدىن تېخى يانغىنى يوق. بىرنەچچە كۈن بولدى، ئاغرىپ قالدىم دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، تەلىيىم كاج دەپ زارلىنىپلا يۈرىدۇ. خېنىم، ئىشنىڭ ئالدىنى ئالغاچ تۇرسىلا، كېيىن چاتاق چىقىپ قالسا ئۇنىڭ سورىقىغا بىز قالمايلى.

— ئۇ تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىدۇ دەمسەن؟ — دېدى يۈشى، — بۇ ئۇنىڭ جيا جېن بېگىمنى خانىدانىدا يوق دەپ قەستەن مەن بىلەن قېرىشىۋاتقىنى! ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلسۇن!

ئەمدى سەيىڭلارغا دائىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ چۈشەندۈرۈپ تۇرۇشتىن باشقا ئىلاج قالمىدى. شىچۈن بولسا كۈندىن ـ كۈنگە غىزادىن قېلىپ، چېچىنى كېسىۋېتىشنىڭلا كويىدا ئىدى. سەيىڭ چىداپ تۇرالماي، ھەممە ھۇجرىلارغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار كېلىپ بىرنەچچە قېتىم نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، شىچۈن زادىلا

www.uyghurkitap.com

نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇ ئىككىيلەن بۇ ئىشنى جىيا جېڭغا ئېيتماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا بىرسى كىرىپ:

— جېن خانىدانىنىڭ ئاغىچا خېنىمى ئوغلى باۋيۈينى ئېلىپ كەپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. ھەممەيلەن ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشتى ۋە ئۇلارنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىغا باشلىدى. ھەممەيلەن تەزىم قىلىشىپ، ھال - ئەھۋال سوراشتى، بۇنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جېن باۋيۈينىڭ ئۆزلىرىنىڭ باۋيۈيگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ، ئۇنى چاقىرتىپ كىرىپ بىر كۆرمەكچى بولدى. تەكلىپ قىلغىلى چىقىپ كەتكەن كىشى قايتىپ كىرىپ:

— جېن غوجام تاشقىرىقى كۇتۇپخانىدا بېگىم بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. گەپلىرى بەكمۇ يېقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، بېگىم بىزنىڭ باۋيۈي بېگىم بىلەن جىيا خۇەن، جىيا لەن غوجاملارنى سىرتتا غىزالىنىپ، داستىخاندىن يانغاندىن كېيىن قېشىمغا كىرسۇن دەيدۇ، — دېدى. شۇ گەپتىن كېيىن ئىچكىرىدىمۇ غىزا تارتىلدى.

جىيا جېڭ جېن باۋيۈينىڭ چىراي - شەكلىنىڭ، دەرۋەقە، باۋيۈيگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىقتىدارىنى سىناپ بېقىۋىدى، جېن باۋيۈي سورالغان سوئاللارغا سۇدەك جاۋاب بەردى، جىيا جېڭنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ مەستلىكى كېلىپ، باۋيۈي باشلىق ئۈچەيلەننى چاقىرتىپ كىرىپ ئۇلارنى رىغبەتلەندۇرمەكچى بولدى. يەنە بىر جەھەتتىن باۋيۈينى چاقىرتىپ كىرىپ ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرمەكچىمۇ ئىدى. باۋيۈي بۇيرۇقتا بىنائەن قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئىنىسى بىلەن جيەننى باشلاپ كىرىپ كەلدى ۋە جېن باۋيۈي بىلەن كۆرۈشۈپلا، كونا تونۇشىنى كۆرگەندەك بولۇپ قالدى. جېن باۋيۈيمۇ ئۇنى ئىلگىرى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى. ئىككىيلەن بىر - بىرىگە سالام بېرىشتى، ئاندىن جىيا خۇەن، جىيا لەنلەرمۇ

كۆرۈشتى. ئەسلىدە جىيا جېڭ پەستە ئولتۇرغانىدى، كېيىن جېن باۋيۈينى كۇرسىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋىدى، جېن باۋيۈي كىچىك بولغاچقا ئۈستۈن ئولتۇرۇشقا ئەيمىنىپ، پەگاھتىكى كۆرپە ئۈستىدىلا ئولتۇردى. باۋيۈيلەرگە جىيا جېڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇشقا بولمايتتى، جېن باۋيۈي باۋيۈيدىن بىر ياش كىچىك ئىدى، شۇڭا باۋيۈي ئۆرە تۇرۇپ قالسا تېخىمۇ بولمايتتى. ئاشۇنداق بىئەپ ئەھۋال بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن جىيا جېڭ ئورنىدىن تۇردى - دە، يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپلىشىپ، داستىخان سېلىشنى بۇيرۇدى ۋە:

— مەن بىللە بولالمايدىغان بولدۇم، تەڭتۇشلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇڭلار، بۇلار سىزدىن ئوبدان تەلىم ئالسۇن، — دېدى.

— جانابلىرى مەرھەمەت قىلغايلا، — دېدى جېن باۋيۈي كەمتەرلىك بىلەن رەھمەت ئېيتىپ، — كەمىنە جىيەنلىرىنىڭ بۇرادەرلىرىمدىن تەلىم ئېلىش ئىستىكىم بار!

جىيا جېڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئېيتىپ، ئاندىن ئىچكىرى كۇتۇپخانىغا ماڭدى. جېن باۋيۈي ئۇزىتىپ چىقماقچى بولۇۋىدى، جىيا جېڭ توسۇۋالدى. باۋيۈي ئۇچەيلەن چاققانلىق بىلەن ئالدىدا چىقىپ، كۇتۇپخانىنىڭ تاپىسىدا جىيا جېڭ كىرىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى، ئاندىن يېنىپ كىرىپ جېن باۋيۈينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇلار ئۇزاقتىن بېرى بىر - بىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ كەلگەنلىكىگە ئوخشاش گەپلەر بىلەن بىردەم تەكەللۇپ قىلىشتى، بۇنىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز.

جىيا باۋيۈي جېن باۋيۈينى كۆرگەندىن كېيىن، چۈشىدە كۆرگەن مەنزىرىنى ئەسلىدى ھەم جېن باۋيۈينىڭ خىسلىتىنى ئىلگىرىدىن ئاڭلىغاچقا، ئۆزى بىلەن ئوخشاش مىجەز دەپ ئويلاپ، سىردىشىمنى تاپتىم دەپ قارىدى. تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقاچقا بىھۆرمەتلىك قىلىشقا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىيا خۇەن، جىيالەنلەر يېنىدا ئىدى، شۇڭا ھە دەپ

www.uyghurkitap.com

باۋيۈينى ماختاشقا چۈشتى:

— مۇبارەك نامىڭىزنى ئۇزاقتىن بېرى ئاڭلاپ كەلگەن بولسامىمۇ، ئۆزىڭىزنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغانىدىم، بۈگۈن كۆرۈشكىنىمدە، قارىسام، ئەلھەق، ئاسماندىن چۈشكەن ئەۋلىيالدەك زات ئىكەنسىز!

جېن باۋيۈيمۇ جيا باۋيۈينىڭ خىسلىتىنى ئىلگىرىدىن ئاڭلىغانىدى، بۈگۈن قارىسا، دەرۋەقە، ئۆزگىچە ئەمەس. «بىراق، كۆرۈنۈشتە ئوخشاشلىق بولغان بىلەن دىلدا ئوخشاشلىقنىڭ بولۇشى ناتايىن. ئۇنىڭ ئىسمىمۇ، چىراي - شەكلىمۇ مەن بىلەن ئوخشاش ئىكەن. دېمەك، ئىككىمىز ئۈچ مەرتەم تىرىلىپ تاشقا پۈتۈلگەن قەدىناس جۆپ ئەرۋاھلاردىن ئىكەنمىز. مەن بولسام هازىر ئانچە - مۇنچە ئىشنىڭ يولىنى بىلىپ قالدىم، نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرمەيمەن؟! بىراق كۆرۈشۈشىمىز تۇنجى قېتىم بولغاچقا، نىيىتىنىڭ مەن بىلەن ئوخشاش ياكى باشقا ئىكەنلىكى تېخى نامەلۇم. ياخشىسى، ئانچە ئالدىراپ كەتمىگىنىم تۈزۈك.» ئۇ شۇنداق ئويلاپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— بۇرادىرىمىزنىڭ ئىستېداتلىق نامى كەمىنىڭىزگە ئىلگىرىدىن مەلۇم. بۇرادىرىم تۇمەنمىڭنىڭ ئىچىدىن چىققان ئەڭ پاك، ئەڭ ئېسىل زات، كەمىنىڭىز بولسام چاكىنا، بىرىنچى ئەخمەق ئادەممەن، نامۇناسىپ هالدا سىز بىلەن ئىسىمداش بولۇپ قېلىپ، بۇ ئىسىمغا داغ تەگكۈزگەنلىكىمنى چوڭقۇر هېس قىلماقتىمەن.

جيا باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە: «بۇ بالىنىڭ نىيىتى دەرۋەقە مېنىڭ بىلەن ئوخشاش ئىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئەر كىشى تۇرساق، قىز بالىلاردەك پاك بولمىساق، مېنى قىز بالا قاتارىدا كۆرۈۋاتىدىغۇ؟» دەپ ئويلاپ قېلىپ:

— بۇرادەر، سىزنىڭ بۇنچە ماختىشىڭىزغا لايىق ئەمەسمەن. كەمىنىڭىز ئۆتۈپ كەتكەن ناپاك هەم هاماقەتمەن، بىر پارچە كاج تاشتىن ئۆزگە نەرسە ئەمەس. قانداقمۇ بۇرادىرىمدەك ئالىيجاناب،

پاك ۋە بۇ ئىسمغا چىن مۇناسىپ ئادەم بولاي؟

— كەمىنىگىز، — دېدى جېن باۋيۇي، — كىچىكىمدە ئۆزۈمنى چاغلىماي، يونۇپ سىلىقداپ بەرسە كارغا يارارمەن دەپتىكەنمەن. كىم بىلسۇن، خانىدانىمىز ۋەيران بولۇپ، نەچچە يىلدىن بۇيان توپىدىنمۇ بىئەتىۋا بولۇپ قالدىم. تارتقۇلۇق جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ جىمىسى بېشىمدىن ئۆتتى دېيەلمىسەممۇ، جاھاندارچىلىق بىلەن ئادەمگەرچىلىكتىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولدۇم. سىز بولسىگىز كىمخاب ـ دۇردۇنلارغا يۆگىنىپ، لەززەتلىك تائاملارنى يەپ، مۇددىئايىگىزدىكىدەك ياشاپ كەلدىگىز، شۇڭا قەلەم تالانتىگىز ۋە ئەلنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىگىزنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈنلۈكىدە گەپ يوق، شۇ ۋەجىدىن بەگ ئاتىمىز سىزنى كەلگۈسى سورۇنلارنىڭ قەدىرلىكى بولۇپ قالغۇسى دەپ بۆلەكچە ياخشى كۆرىدىكەن. كەمىنىگىز شۇنىڭ ئۈچۈن مۇبارەك ئىسمىگىزنى ئۆزىگىزگە مۇناسىپ دەيمەن.

جيا باۋيۇي ئۇنىڭ بۇ گېپىنى يەنە شۇ مەنسەپ مەستانىلىرىنىڭ كونا قېلىپىغا يېقىن گەپ دەپ ئويلاپ، جاۋاب بېرىش ئۈچۈن گەپ ئويلىدى. جيا خۇەن ئۆزىنىڭ سۆھبەتكە تارتىلمىغانلىقىدىن ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇراتتى. جېن باۋيۇينىڭ گەپلىرى جيا لەنگىمۇ بەك يېقىپ كەتتى.

— بۇ گەپ ھەددىدىن زىيادە كەمتەرلىك گېپى بولدى، تاغا، — دېدى ئۇ، — مۇبادا گەپ قەلەم تالانتى ۋە ئەلنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈستىدە بارىدىغان بولسا، ھەقىقەتتە كۆپ مەشغۇلات قىلىپ پىشىپ چىققانلار چىن ئىستېداتلىق، ھەقىقىي مەلۇماتلىق بولىدۇ. كەمىنە جىيەنلىرى گۆدەك بولغىنىم ئۈچۈن قەلەم تالانتى دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەممۇ، ئوقۇپ ئۆتكەنلىرىمنى ئەسلەپ كۆرگىنىمدە، دۆلەتمەنلىك، غەنىيلىك ئالەمگە پۇر كەتكەن قۇرۇق شۆھرەتتىن ھەقىقەتەن يۇز ھەسسە ئەلادۇر!

جېن باۋيۈي جاۋاب بەرگۈچە، جيا باۋيۈي جيا لەننىڭ بۇ گەپلىرىنى تېخىمۇ ياقتۇرماي: «مۇنداق تېتىقسىز سەپسەتىنى بۇ بالا نەدە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالغاندۇ !» دەپ ئويلاپ، شۇنداق دېدى:

— كەمىنىڭىز سىز بۇرادىرىمىنىمۇ رەسىم بولۇپ قالغان چاكىنا ئادەتلەرنى تەھقىرلەيدۇ، مىجەز - تەبىئىتىدە باشقىچە قاراشلىرى بار، دەپ ئىشىتكەنىدىم. هالا بۈگۈنكى كۈندە، كەمىنىڭىز بەختىمگە يارىشا مۇبارەك جامالىڭىزنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغىنىمدا، ئەۋلىيالىق ماقامىغا قەدەم قويۇشنىڭ قائىدىلىرىدىن تەلىم ئالسام، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىچ - قارنىمدىكى چاكىنىلىقلارنى يۇيۇپ تاشلاپ، ئالەمگە يېڭىباشتىن كۆز ئېچىپ قالارمەن دېگەن ئىستەكتە بولغانىدىم. ئەپسۇسكى، كەمىنىڭىزنى هاماقەت چاغلاپ، ماداراچىلىق سۆزلىرى بىلەن تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ قويىدىغانلىقىڭىزنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن.

جېن باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە: «ئۇ مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدىكى مىجەز - خۇلقۇمنى بىلگەچكە، مېنى خۇپسەنلىك قىلىۋاتىدۇ دەپ گۇمانلاندى بولغاي. گېپىمنى ئوچۇق ئېيتىۋېرەي، مەن بىلەن سىرداش دوست بولۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ، مۇنداق دېدى:

— بۇرادىرىمىنىڭ بۇ ئاقىلانە گەپلىرى ئەلۋەتتە بەرھەق گەپلەر. كەمىنىڭىزمۇ كىچىككىمدە قېلىپلىشىپ قالغان كونا مۇقاملاردىن يىرگىنەتتىم، بىراق يىلدىن - يىلغا چوڭ بوپتىمەن، پەدەرىم مەنسەپتىن دەم ئېلىشقا چىقىپ ئۆيدە بولۇپ قالدى، كەلدى - باردىلارنى ئۈزىتىشقا يېتىشىپ كېتەلمەي، ئۇلارنى كۈتۈشنى كەمىنىڭىزگە تاپشۇرۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، كېيىنچە ئۇلۇغ زاتلار، ئۆلىمالار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدۇم، ئۇلارنىڭ ھەننىۋاسى ساداقەتلىك، ۋاپادارلىق ئەقىدىلىرىدىن ئۆزگىنى سۆزلىمەيدىغان، ساۋاب تېپىش، تەلىمات يارىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شۆھرەتلىك كاتتا ئەربابلار ۋە

كىتاب تەلەپ قىلىدىغان ۋە تەلىمات يارىتىدىغان زاتلار ئىدى. شۇ چاغدا بىلدىمكى، ئەنە شۇلاردەك بولغاندا دانىشمەن خانىنىڭ زامانىسىدا ياشىغانلىقىمىزنى ئاقلىيالايدىكەنمىز، ئاتىلىرىمىزنىڭ بىقىپ چوڭ قىلغان، ئۇستازلىرىمىزنىڭ تەلىم بەرگەن ئەجرىمۇ بىكار كەتمەيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن كىچىكلىكىمدىكى ئەخمەقلىقلىرىم بىلەن سەۋدايىلىقلىرىمنى بارا ـ بارا تاشلىدىم. ھازىر مەن ئۇستازلىرىمنى ۋە دوست ـ يارەنلىرىمنى زىيارەت قىلىپ، نادانلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدا تەلىم ئېلىش ئىستىكىدىمەن. بەختىمگە بۇرادىرىم بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغىنىمدا، ئەلۋەتتە ماڭا تەلىم بېرىدىغۇ دېگەن نىيەتتىمەن. بايا ئېيتقانلىرىم ھەرگىز ساختا گەپ ئەمەس.

جيا باۋيۈي بۇ گەپلەردىن بارغانچە زېرىكتى، سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا بولماي، نائىلاج گەپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇردى، ھېلىمۇ ياخشى ئېچكىرىدىن: «غوجاملار سىرتتا داستىخاندىن يانغان بولسا، جېن غوجامنى ئىچكىرىگە ئىلتىپات قىلىپ بىردەم ئولتۇرسۇن دەيدۇ» دېگەن خەۋەر چىقىپ قالدى.

بۇ پۇرسەت باۋيۈيگە خوپ كېلىپ، جېن باۋيۈينى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. جېن باۋيۈي جيا باۋيۈي قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن كۆرۈشكىلى كىردى. جيا باۋيۈي تۆردە ئولتۇرغان جېن ئاغىچا خېنىمنى كۆرۈپ سالام بەردى، جيا خۇەن، جيا لەنلەرمۇ كۆرۈشتى. جېن باۋيۈي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا سالام بەردى. ئىككى ئانا بىلەن ئىككى ئوغۇل ئۆزئارا تونۇشتى. جېن ئاغىچا خېنىم ياشىنىپ قالغان ھەم قەدىناس تۇغقان ئىدى، جيا باۋيۈينىڭ چىراي ـ شەكلى، بوي ـ تۇرقىنىڭ ئۆز ئوغلىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆيلەنگىنىنىمۇ نەزەردە تۇتمايلا، ئۇنىڭغا بولەكچىلا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، جېن باۋيۈينىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن خېلى جىق گەپ سورىدى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ باۋيۇيسىگە قارىغاندا ئېغىر ـ بېسىقراق كۆردى. كەينىگە بۇرىلىپ جىيا لەنگە قارىۋىدى، ئۇمۇ خەقتىن ئېشىپ چۈشكۈدەك چىرايلىق ئىدى، گەرچە ئىككى باۋيۇيگە يەتمىسىمۇ، ھەرھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا تولا بەك چېنىپ كەتمەيتتى، پەقەت جىيا خۇەنلا قوپال ـ تومپاي كۆرۈندى. بۇ ھالدىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ باللارغا ئىككى كۆزدە قارايدىغانلىقى بىلىندى.

كۆپچىلىك ئىككى باۋيۇينىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، جىمىسى ئۇلارنى كۆرگىلى كىرىشتى.

ــ راست، ئاجايىپ ئىش ـ ھە! ــ دېيىشتى ئۇلار، ــ ئىسمىنىڭ ئوخشاشلىقىمۇ بىر نۆرى، چىراي ـ شەكلى، بوي ـ تۇرقىمۇ ئوخشاشكىنە! ھېلىمۇ بىزنىڭ باۋيۇي قارىلىق كىيىمدە بولۇپ قاپتۇ، ناۋادا كىيگەن كىيىمىمۇ ئوخشاش بولغان بولسا تونۇيالماي قالاتتىكەنمىز.

بۇلار بىلەن بىللە كىرگەن زىجۈەننىڭ بىردىنلا مەستانىلىقى تۇتۇپ قېلىپ دەيىيۇينى ئەسلەپ قالدى. «ئىسىت، دەيىيۇي خان قىز ئۆلۈپ كېتىپ قالدى. ھايات بولغان بولسا، جېن باۋيۇيگە چېتىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ماقۇل كەلگەن بولاتتى.» ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن تۇرغاندا جېن ئاغىچا خېنىم گەپ ئېچىپ قالدى:

ــ ئالدىنقى كۈنى بىزنىڭ بېگىم قايتىپ بېرىپ، بىزنىڭ باۋيۇيىمۇ يىگىت بولۇپ قالدى. بىرەر لايىق بولسا ئۇقۇشۇپ قويغان بولساڭلا، دەپ بۇ يەردىكى بېگىمگە ئىلتىجا قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ جېن باۋيۇيگە ئامراقلىقى كېلىپ تۇراتتى، بۇ گەپ چىقىپ قالدى، شۇڭا ئۇ دەررۇلا:

ــ مېنىڭ بەگزادىگە ئەلچى بولغۇم بار. خاندانىمىزدا خان قىزلاردىن تۆتى بار ئىدى، ئۈچىسىنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ياتلىق بولغىنى ياتلىق بولۇپ كەتتى. يەنە بىرسى جىيەنىمىز جىيا جېن

بەگنىڭ سىڭلىسى، ئۇنىڭ بىرنەچچە يىللىق ھايالى باردەك تۇرىدۇ، تازا توغرا كەلمەيدىغاندەك. چوڭ كېلىنىمىزنىڭ بىر نەۋرە ئىككى سىڭلىسى بار، كېلىشكەن قىزلار. ئىككىنچى خان قىزنىڭ دېيىشىشىپ قويغان يېرى بار، ئۈچىنچى خان قىزنى بەگزادىگە چاتساق تازا لايىق كەلگۈدەك. مەن بەگزادىگە ئەلچى بولۇپ سۆزلىشەي. بىراق، ئۇلارنىڭ ھال - ئوقىتى سەل ناچارلاپ قالدى.

— ئاغىچا خېنىم، بۇ گەپلىرى تەكەللۇپ بولۇپ قالدى، — دېدى جېن ئاغىچا خېنىم، — ھازىر بىزمۇ چاغلىق، ئۇلار بىزنى نامرات كۆرمىسىلا بولاتتىغۇ.

— ھازىر خانىدانلىرى يەنە مەنسەپكە مۇشەررەپ بولدى، كېيىنكى كۈندە ئىلگىرىكى ھالىتى ئەسلىگە كېلىپلا قالماي، بۇرۇنقىدىنمۇ ئارتۇق گۈللەپ باياشات بولۇپ كېتەر، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ئېيتقانلىرى كەلسۇن، خېنىم، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئۆزلىرىنى ئەلچىلىككە سالىدىغان بولدۇق، — دېدى جېن ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ.

جېن باۋيۈي ئۇلارنىڭ لايىق توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا خوشلىنىشىپ يېنىپ چىقتى. جيا باۋيۈي ئۇنى باشلاپ كۇتۇپخانىغا ئېلىپ كەلدى، جيا جېڭ شۇ يەردە ئىدى، ئۇلار ئۆزرە تۇرۇپلا يەنە بىرئاز سۆزلەشتى. شۇ ئارىدا جېن خانىدانىنىڭ بىر ئادىمى كېلىپ، جېن باۋيۈيگە:

— غوجام، ئاغىچا خېنىم قايتماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۆزلىرىمۇ قايتسىلا بولارمىكىن. — دېدى. شۇنىڭ بىلەن جېن باۋيۈي خوشلىشىپ يېنىپ چىقتى. جيا جېڭ ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشقا باۋيۈي، جيا خۇەن، جيا لەنلەرنى بۇيرۇدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

خوش، باۋيۈي قايسى كۈنى جېن باۋيۈينىڭ ئاتىسى بىلەن

كۆرۈشۈپ، جېن باۋيۈينىڭ پايتەختكە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك ئۇنىڭ يولىغا قارىغاندى، بۈگۈن كۆرۈشۈپلا سىرداش دوستتىن بىرگە ئىگە بولىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغۇدى، كىم بىلسۇن، بىرھازا سۆزلىشىپ، گېپى بىر يەردىن چىقماي، ئۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇپ، ئىچى پۇشقان هالدا هۇجرىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ يا گەپ قىلمايتتى، يا كۈلمەيتتى، هاڭۋېقىپلا ئولتۇراتتى.

— هېلىقى جېن باۋيۈي راست سىزگە ئوخشامدىكەن؟ — دەپ سورىدى باۋچەي.

— چىراي ـ شەكلىغۇ ئوخشايدىكەن، بىراق گەپ ـ سۆزلىرىدىن قارىغاندا هېچنېمىنى بىلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇمۇ تازا بىر مەنسەپ مەستانىسى ئىكەن.

— يەنە خەققە بەتنام چاپلىغىلى تۇردىڭىزغۇ، نەرى مەنسەپ مەستانىسى ئىكەن؟

— ئۇ بىرھازا گەپ قىلغان بولسىمۇ، گېپىدە ئەقىل ـ ئىدراك دېگەن نېمە يوق، قانداقتۇ «قەلەم تالانتى، ئەلنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش»، يەنە «ساداقەتلىك، ۋاپادارلىق يولىدا» دېگەن گەپلەرنىلا قىلىدۇ. بۇنداق ئادەم مەنسەپ مەستانىسى بولماي نېمە؟ ئىسىت، ئۇنىڭمۇ مۇشۇ چىرايدا تۆرىلىپ قالغىنى! ئۇنى ئويلىساملا ئۆزۈمنىڭ بۇ چىرايىمدىنمۇ ۋاز كەچكۈم كېلىۋاتىدۇ.

باۋچەي يەنە ئۇنىڭ تەلۋىدەك گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— تازىمۇ كۈلكىلىك گەپ قىلدىڭىزغۇ، چىرايدىن قانداق ۋاز كەچكىلى بولسۇن؟ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ گەپلىرى هەق گەپ تۇرسا. ئوغۇل بالا دېگەننىڭ شۇنداق شۆھرەت قازانمىقى كېرەك. كىم سىزدەك ئۆز خاھىشىچە رېزىنكىدەك سوزۇلۇپ يۈرىدىكەن؟ ئۆزىڭىز جىگىرى يوقلۇقىنى دېمەي، خەقنى مەنسەپ مەستانىسى دەيدۇ تېخى!

باۋيۈي جېن باۋيۈينىڭ گەپلىرىدىن بىزار بولغانىدى، ئەمدى



www.uyghurkitap.com

باۋچەيدىنىمۇ دەككە يەپ كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولدى، شۇ بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۇنىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالدى. ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماي كۆلۈپلا ئولتۇراتتى. باۋچەيمۇ ئۇقماي سەۋەن گەپ قىلىپ سالغان ئوخشايمەن، شۇڭا كۆلۈۋاتسا كېرەك دەپ، پەرۋا قىلمىدى. شۇ كۈنى ئۇ كەچكىچە شۇنداق يۈردى، شىرىن كېلىپ چىشىغا تېگىپ باقسىمۇ گەپ قىلمايتتى. ئارىدىن بىر كېچە ئۆتۈپ ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا، باۋيۈي خۇددى ئۆتكەندە كېسەل بولۇپ قالغانغا ئوخشاش بولۇپ قالدى.

شىچۈن چېچىنى كېسىپ تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىدىغانلىقىدا تېخىچە چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتاتتى. يۈشى ئۇنى توسۇيالمىدى، شىچۈن ئەپتىدىن رايىغا قويۇپ بېرىلمەيدىغان بولسا جەزمەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىن كېچە ـ كۈندۈز ئادەم ئۈزۈلمىسىمۇ، ھەمىشە شۇنداق بېقىپ تۇرىۋەرگىلى بولمايتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ ئەھۋاللارنى جيا جېڭغا ئېيتتى. جيا جېڭ ھەسرەتلىنىپ ئۇھ تارتىپ يەرنى تېپىپ كەتتى ۋە:

— شەرقىي قەسىردىكىلەر ئۇنى شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغۇدەك نېمە ئىش قىلغاندۇ؟ — دېدى. ئاندىن جيا رۇڭنى چاقىرىپ بىرمۇنچە گەپ قىلىپ، ئانىسىغا بېرىپ ئېيتىش توغرىسىدا گەپ تاپىلىدى:

— ئوبدان نەسىھەت قىلسۇن. مۇبادا زادى شۇنداق قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالىدىكەن، ئۇنداق قىزىمىز يوق، — دېدى.

جيا رۇڭ جيا جېننىڭ گېپىنى يۈشىغا يەتكۈزدى. يۈشى شىچۈنگە نەسىھەت قىلىۋىدى، نەدىكىنى، يۈشى نەسىھەت قىلمىغاندا خېلى تۈزۈك ئىدى، نەسىھەت قىلىپ قويۇۋىدى، تېخىمۇ ئۆلۈۋېلىشىنىڭ كويىغا چۈشتى:

— قىز بالا دېگەن بەرىبىر ئۆيدە ئۆمۈرۋايەت تۇرمايدۇ، — دېدى ئۇ، — مۇبادا ئىككىنچى ئاچامدەك ئۆلۈپ قالسام، بېگىم، ئاغىچا خېنىملار ئىچ ئاغرىقى تارتىدىغان گەپ ئىكەن. ئاخىر ئۇ ئۆلۈپمۇ كەتتىغۇ. مېنى ھازىرلا ئۆلگەن ھېسابتا ئۆيدىن

چىقىرىۋەتسەڭلار ئۆمۈرۋايەت پاك ئۆتۈپ كەتسەم، ماڭا كۆيۈنگىنىڭلار شۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوسۇغا ئاتلاپ چىقىپ كەتمەيمەن، يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانا خاندانىمىزنىڭ ئىبادەتخانىسى، تائەت ـ ئىبادەتنى شۇ يەردە قىلماقچىمەن. بىرەر ئىشىم بولسا سىلەرمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇرالايسىلەر. مياۋيۈينىڭ غوجىدارى ھازىر شۇ يەردە. مۇبادا رايىمغا بارساڭلار، ھايات قالغىنىم شۇ، رايىمغا بارمىساڭلار، ماڭىمۇ ئىلاج يوق، ئۆلۈپلا تۈگىشىمەن! ئەگەر مۇرادىم ھاسىل بولسا، ئۇ چاغدا ئاكام قايتىپ كەلسە، ئۇنىڭغا مۇنداق قىلىشىم سىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىڭلاردىن بولمىغانلىقىنى ئېيتىمەن. ئۆلۈپ كەتسەم، ئاكام قايتىپ كەلگەندە سىلەرنى، سىڭلىمنى سىغدۇرماپتۇ، دەيدۇ.

يۈشى ئەسلىدىنلا شىچۈن بىلەن كېلىشەلمەيتتى، مانا ئەمدى قولاق سالسا ئۇنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇقتەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ گەپلەرنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئېيتماقچى بولۇپ باردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋچەينىڭكىدە ئىدى. باۋيۈينىڭ ئەس ـ ھوشى جايىدا ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ تىت ـ تىت بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ شىرېنغا:

— بەكمۇ بىخەستە بولۇپ كېتىپسىلەر! غوجامنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالسا ماڭا بىرىپ ئېيتماپسىلەر، — دېدى.

— غوجامنىڭ كېسىلى ئىلگىرىدىن بار ئىدى، — دېدى شىرېن، — بىردەم ئوڭلىنىپ، بىردەم بۇزۇلۇپ تۇرىدىغان. ھەر كۈنى ئۆزلىرىنىڭكىگە بېرىپ سالام بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى. بىر ئوبدان تۇرۇۋاتقان ئادەم بۈگۈنلا ئۆزگىرىپ قالدىغۇتاڭ، خېنىم، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىشقا بارماقچى بولغانىدى، ئۆزلىرىنى كىچىككىنە ئىشقا ھودۇقۇپ كېتىشىپتۇ دەپ قالارمىكىن، دېيىشتۇق.

باۋيۈي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇلارغا كايىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بىردىنلا ھوشىغا كەلگەندەك بولدى ـ دە، بۇلارنى بىكار ئازار يەپ

قالمىسۇن دەپ:
— خان ئانا، خاتىرجەم بولسىلا، ھېچقانداق كېسەل بولغىنىم يوق، ئىچىم سىقىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى.
— سەندە بۇ كېسەلنىڭ يىلتىزى بار، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بالدۇرراق ئېيتقان بولساڭ، ۋاقتىدا تېۋىپ چاقىرتىپ كۆرسەتسەك، بىر - ئىككى بولاق دورا يەپلا ئوڭشىلىپ قالاتتىڭ ئەمەسمۇ؟ يەنە ھېلىقى قاشتېشىڭنى يوقىتىپ قويغان چاغدىكىدەك بولۇپ قالساڭ، ئۇ چاغدا ئىش تەس بولىدۇ!
— خاتىرجەم بولالمىسىلا بىرسىنى چاقىرتىپ باقسىلا، كۆرۈپ باقسۇن، دورا يەپ باقاي، — دېدى باۋيۈي.
ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تېۋىپ چاقىرتسۇن دەپ بىر چۆرىنى چىقارتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ پۈتۈن زېھنى باۋيۈيدىلا بولۇپ قېلىپ، شىچۈننىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قالدى. خېلىدىن كېيىن تېۋىپ كېلىپ باۋيۈينى كۆرۈپ، دورا بەردى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شۇندىلا قايتىپ كەتتى.
ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، باۋيۈي تېخىمۇ خۇدىنى بىلمەي ياتاتتى، ھەتتا غىزادىنمۇ قالغانىدى. بۇ ئىشتىن ھەممەيلەن ھودۇقۇپ قېلىشتى. يەنە كېلىپ بۇ قارىلىق سۇندۇرىدىغان پەيتكە توغرا كېلىپ قېلىپ، خانىداندا ئادەم يوق ئىدى، يەنە شۇ جيا يۈننى چاقىرتىپ كىرىپ تېۋىپقا قاراشقا قويدى. جيا ليەنگىمۇ قارشىدىغان ئادەم يوق ئىدى، ۋاڭ رېن سىرتتىكى ئىشلارنى باشقۇرۇشۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى، چياۋجيېرمۇ كېچە - كۈندۈز ئانىسىنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ ئاغرىپ قالغانىدى. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رۇڭگو قەسرى يەنە مالىمان بولۇپ كەتتى.
قارىلىق سۇندۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈينى يەنە يوقلاپ كەلدى، باۋيۈي خۇدىنى بىلمەي ياتاتتى، ھەممەيلەن بىتاقەت بولۇپ تەمتىرىشىپلا كەتكەنىدى، بۇنى كۆرگەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ ئەھۋالنى يىغلاپ تۇرۇپ

جيا جېڭغا ئېيتتى:

— تېۋىپ دورىنى توختىتىپ تەييارلىق كۆرۈپ قويۇڭلار، دەپتۇ!

جيا جېڭ تۇگىگۇسىز ھەسرەت بىلەن باۋيۈينى كۆرۈپ كېلىشكە ئۆزى باردى ۋە باۋيۈينىڭ دەرۋەقە ئەھۋالى ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، جيا ليەننى تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى.

جيا ليەن قارشىلىق قىلىشقا پېتىنالماي، نائىلاج تەرەددۇت قىلىشقا ئادەم بۇيرۇدى. بىراق، قولى قىسقا بولغاچقا، تەڭقىسلىقتا تۇراتتى، بىرسى يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ:

— بېگىم، يامان بولدى، يەنە بىر بالا – قازا كېلىدىغان بولدى! — دېدى.

جيا ليەن نېمە ۋەقەلىكىنى ئۇقماي بەك قورقۇپ كەتتى ۋە كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى.

— دەرۋازىغا بىر راھىب كەپتۇ، — دېدى ھېلىقى مۇلازىم، — قولىدا باۋيۈي غوجامنىڭ يوقىتىپ قويغان ھېلىقى قاشتېشى تۇرىدۇ، ئون مىڭ سەر كۈمۈشكە بېرىمەن، دەيدۇ.

— نېمە ئىشكەن دەپتىمىنا، نېمانچىۋزە ھودۇقىسەن! — دېدى جيا ليەن ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ، — ئالدىنقى نۆۋەت ئەكەلگىنىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭ؟ راست بولغان ھالەتتىمۇ، ئۇ ھازىر ئۆلۈش ئالدىدا تۇرسا، بۇ قاشتاشنى ئېلىپ نېمە قىلاتتۇق؟

— پېقىر قۇللىرىمۇ شۇنى دېدىم، بۇ راھىب كۈمۈش بەرسىلا ساقىيىدۇ، دەيدۇ، — دېدى مۇلازىم.

ئاڭغىچە سىرتتىكىلەر چۇرقىرىشىپ كىرىپ كەلدى:

— ماۋۇ راھىب تازىمۇ دېۋەڭ بىرنېمىكەن، توسۇۋالساق ئۇنىماي قېچىپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— قانداق دېگەن گەپ بۇ، چاپسان چىقىرىۋېتىش! — دېدى جيا ليەن.

بۇ غەلۋە بىسقماي، جيا جېڭنىڭ قولىقىغا يەتتى، ئۇ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇراتتى، ئىچكىرىدىن بىرسى:

— باۋيۇي غوجام بولالمىدى! — دەپ يىغلاپ چىقتى. جيا جېڭ تېخىمۇ بىتاقەت بولدى.

شۇ ئارىدا راھىبنىڭ:

— جان كېرەك بولسا كۈمۈش ئاچىقىڭلار! — دېگىنى ئاڭلاندى. جيا جېڭنىڭ كۆڭلىگە توساتتىن: «ئۆتكەندىمۇ باۋيۇينىڭ كېسىلىنى راھىب ساقايتقانىدى، بۇگۈن ئۇ راھىب يەنە كەپتۇ، بەلكىم شىپالىق بېرىپ قالار. بىراق، بۇ قاشتاش راست بولۇپ قېلىپ، راھىب كۈمۈش ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلغۇلۇق؟» دېگەن خىيال كېلىپ، ئارقىدىنلا يەنە: «ھازىرچە بۇنى قويۇپ تۇرايلى، كېسەل راستىلا ساقىيىپ قالسا ئاندىن بىر گەپ بولار» دەپ ئويلىدى - دە، ئۇنى تەكلىپ قىلىپ كىرىشكە ئادەم بۇيرۇدى، ئاڭغىچە راھىبنىڭ ئۆزىمۇ كىرىپ كەلدى ۋە سالاممۇ بەرمەي، گەپمۇ قىلماي ئىچكىرىگە قاراپ يۈگۈردى.

— ئىچكىرىدە ساپلا بالىچاقىلار تۇرسا، سەن بىمەدەپ نەگە يۈگۈرىسەن؟ — دەپ توۋلىدى جيا ليەن ئۇنى تارتىپ.

— كېچىكسە قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدۇ! — دېدى راھىب.

جيا ليەن تىت - تىت بولۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى ۋە ئىچكىرىگە قاراپ:

— ئىچكىرىدىكىلەر يىغا - زار قىلىشماڭلار، راھىب كىرىۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە باشقىلار يىغا بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىنى نەدىن ئاڭلىسۇن؟ جيا ليەن كىرىپ يەنە ۋارقىرىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە باشقىلار ئارقىغا قاراپ بەستىلىك بىر راھىبنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. راھىب ئۇدۇل باۋيۇي ياتقان كاڭنىڭ ئالدىغا باردى. باۋچەي ئۆزىنى چەتكە ئالدى، شىرېن بولسا ۋاڭ

ئاغىچا خېنىمنىڭ جايىدىن قىمىرلىماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ نېرى كېتىشكە پېتىنىمىدى.

— ساخاۋەتچىلىرىم، مەن قاشتاشنى ئېلىپ كەلدىم، چاپسان كۆمۈش ئاچىقىڭلار، ئاندىن قۇتقۇزىمەن ! — دېدى راھىب ۋە ھېلىقى قاشتاشنى ئېگىز تۇتۇپ كۆرسەتتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەمتىرەپ كېتىپ، قاشتاشنىڭ راست - يالغانلىقىنىمۇ سوراپ ئولتۇرمايلا:

— ئوغلۇمنى قۇتقۇزسىڭىزلا كۆمۈش دېگەن بار، — دېدى.

— ئەكېلىڭلار ! — دېدى راھىب كۈلۈپ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، چوقۇم بېرىمىز، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

راھىب قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە قاشتاشنى قولىغا ئېلىپ باۋيۈينىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكەلدى - دە:

— باۋيۈي، باۋيۈي ! قاشتېشىڭ قايتىپ كەلدى، — دەپ چاقىردى، ئۇنىڭ شۇ بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈينىڭ كۆزىنى لاپپىدە ئاچقانلىقىنى كۆردى.

— ۋاي ساقايدى ! — دېدى شىرېن.

— قاشتېشىم قېنى؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي. راھىب قاشتاشنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى. باۋيۈي ئاۋۋال ئۇنى چىڭ سىقىملاپ، كېيىن ئاستا كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ سىنچىلاپ قارىدى ۋە:

— تەڭرىگە شۈكۈر ! دىدارىڭنى كۆرمىگىنىمگە خېلى بولغانىدى، — دېدى.

ئىچكىرى - تاشقىرىدىكىلەرنىڭ جىمىسى خۇشال بولۇشۇپ دۇرۇت ئوقۇشۇپ كەتتى، ھەتتا باۋچەيمۇ راھىبنىڭ بارلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى.

جيا لىيەنمۇ كىرىپ باۋيۈينىڭ راستلا ئوڭلانغانلىقىنى كۆردى ۋە خۇش بولۇپ دەررۇلا چىقىپ كەتتى. راھىبمۇ گەپ - سۆز قىلماي، جيا لىيەننىڭ كەينىدىن چىقىپ، ئۇنى قولىدىن سۆرىگەن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پېتى يۆگۆردى. جيا ليەن نائىلاج ئۆنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ ئالدى هويلىغا چىققاندا، باۋيۈينىڭ ئەهۋالىنى جيا جېڭغا مەلۇم قىلدى. جيا جېڭ ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، شۇ زامان راهىبنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بېرىپ رەھمەت ئېيتتى. راهىب سالامغا سالام ياندۇرۇپ، ئاندىن ئولتۇردى. جيا ليەن «كۈمۈشنى ئېلىپ، ئاندىن ماڭىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ گۇمان قىلدى. جيا جېڭ راهىبقا زەن قويۇپ قارىسا، ئالدىنقى قېتىم كۆرگىنى ئەمەس ئىكەن. ئاندىن ئۇ:

— مۇبارەك ئىبادەتخانىڭىز قەيەردىكىن؟ ئىسىم - شەرىپىڭىز نېمە؟ بۇ قاشتاشنى نەدىن ئالغانىدىڭىز؟ ئوغلۇم ئەجەب ئۇنى كۆرۈپلا ئوڭلىنىپ قالدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەنمۇ بىلمەيمەن، ئۇن مىڭ سەر كۈمۈشنى قويساڭلارلا بولدى، — دېدى راهىب كۈلۈمسىرەپ.

جيا جېڭ بۇ راهىبنىڭ قوپاللىقىنى كۆرۈپ، چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئېهتىيات قىلدى - دە:

— كۈمۈش بار، — دېدى.

— بار بولسا چاپسان ئاچىقىڭلار، مەن كېتىمەن، — دېدى راهىب.

— سەل تەخىر قىلىپ ئولتۇرۇپ تۇرسىڭىز، — دېدى جيا جېڭ، — مەن ئىچكىرىگە كىرىپ كۆرۈپ چىقسام.

— كىرىڭ، بىراق پات چىقىڭ، — دېدى راهىب.

جيا جېڭ ئىچكىرىگە كىردى ۋە ئۆزىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئېيتمايلا باۋيۈي ياتقان كاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى. باۋيۈي ئاتىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، ئەمما بەدىنى زەئىپلىشىپ قالغاچقا تۇرالمىدى.

— قوزغالما، — دەپ تۇتۇۋالدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. باۋيۈي كۈلۈپ، ئۇ قاشتاشنى جيا جېڭغا كۆرسەتتى ۋە:

— قاشتېشىم تېپىلدى، — دېدى.

جيا جېڭ بۇ قاشتاشتا سەۋەب بارلىقىنى پەملەپ، زەن سېلىپ

قاراپمۇ كەتمەي، ئانچىكى كۆز يۇگۇرتۇپلا قويدى ـ دە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا:
— باۋيۈي ئوغلىنىپ قاپتۇ، ئەمدى ئىنئام قىلىدىغان كۇمۇشنى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى.
— مېنىڭ ھەننىۋا بىساتىمنى پۇلغا سۇندۇرۇپ بېرەيلى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.
— بۇ راھىب پۇل ئالماسمىكىن؟ — دېدى باۋيۈي.
— مېنىڭ قارىشىمچىمۇ ئۇ ئاجايىپلا تۇرىدۇ، — دېدى جيا جېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ، — بىراق، پۇل ئاغزىدىن چۇشمەيۋاتىدۇ.
— بېگىم، سىلى چىقىپ ئاۋۋال ئۇنى مېھمان قىلغاچ سەل گەپكە تۇتۇپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، ئاڭغىچە بىر گەپ بولار، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.
جيا جېڭ چىقىپ كەتتى. باۋيۈي قورسىقىم ئاچتى دەپ بىر قاچا شوۋىگۇرۇچنى ئىچىۋېتىپ، ئارقىدىن يەنە غىزا تەلەپ قىلدى. خىزمەتكار ئايالالار غىزا ئەكىردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئېھتىيات قىلىپ بەرگۈسى كەلمەي تۇراتتى، باۋيۈي:
— ھېچقىسى يوق، ساقىيىپ بولدۇم، — دەپ، يېتىپ تۇرۇپلا يەنە بىر چىنە غىزا يەۋەتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرماقچى بولدى. شېيۆ تۆپىگە چىقىپ ئاستا يۆلەپ قويدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن ھەممىنى ئۇنتۇپ:
— راستلا ئەڭگۈشتەر ئىكەن! كۆرۈپلا ساقىيىپ قالدىڭىز. ھېلىقى چاغدا چېقىۋەتمىگىنىڭىزمۇ ياخشى بوپتىكەن! — دەپ قويۇۋىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ باۋيۈينىڭ رەڭگىرويى بۆلەكچە بولۇپ كەتتى ـ دە، قاشتاشنى تاشلاپ ئۆگدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى... ئۇنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز ئون ئالتىنچى باب

## ھېكمەتلىك قاشتاش قولغا كېلىشى بىلەن باۋيۈيگە غايىب ئالەمنى كۆرۈش نېسىپ بولغانلىقى
## جيا جېڭ مېھرىبان ئانىسىنىڭ جەسىتىنى يۇرتىغا يەتكۈزۈپ ۋاپادارلىقىنى ئادا قىلماقچى بولغانلىقى

خوش، باۋيۈي شېيۈنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ، يەنە سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باشلىق ھەممەيلەن يەنە يىغا ـ زار قىلىشتى. شېيۈ شۈپۈك ئېغىزلىقىنىڭ بالاغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ شۇ تاپتا ئۇنىڭغا بىرنېمە دېگۈچىلىكىمۇ يوق ئىدى. شېيۈ يىغلاۋېتىپ، ئەمدى قانداق قىلسام بولار دېگەن كويدا: «مۇبادا باۋيۈي ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسا، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتەي!» دەپ ئويلىدى. شېيۈنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار باۋيۈينى قىچقىرىپ ھوشىغا كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن راھىبنى قىچقىرىشقا دەررۇ ئادەم چىقاردى. كىم بىلسۇن، ھېلىقى راھىب جيا جېڭ ئىچكىرىگە كىرىپ چىققۇچە غايىب بوپتۇ. جيا جېڭ ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا ئىچكىرىدىن يەنە يىغىنىڭ ئۇنى ئاڭلاندى. جيا جېڭ ئالمان ـ تالمان كىرىپ قارىسا، باۋيۈي يەنە ئاۋۋالقىدەك چىشلىرى كىرىشىپ يېتىپتۇ، تومۇرىنىڭ سوقۇشىدىن ئەسەرمۇ يوق. مەيدىسىنى سىلاپ بېقىۋىدى، تېخى ئىسسىق تۇرۇپتۇ. جيا جېڭ دەررۇ تېۋىپ چاقىرىشقا ئادەم

بۇيرۇدى. باۋيۇينىڭ ئەرۋاھى ئاللىقاچان تېنىدىن جۇدا بولغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ ئۆلگەندۇ دەمسىز؟ ياق، ئۇ ئەلەڭ ـ سەلەڭ مېڭىپ ئالدى تەرەپتىكى مېھمانخانىغا چىقىپ قارىدى، ھېلىقى راھىب شۇ يەردە ئولتۇراتتى. ئۇ راھىبقا تەزىم قىلدى. راھىب ئورنىدىن تۇردى ـ دە، باۋيۇينى قولىدىن تۇتۇپلا ئېلىپ ماڭدى، باۋيۇي راھىبقا ئەگىشىپ كېتىۋاتقىنىدا، بەدىنى خۇددى يوپۇرماقتەك يېنىكلەپ ئۆزىنى لەپىلدەپ ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇلار دەرۋازىدىنمۇ چىقمىدى، قەيەردىن چىققانلىقىنى ئۇ بىلەلمىدى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن قاقاس دالاغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتىن بىر پەيلۇ كۆرۈندى، ئۇ پەيلونى بۇرۇن كۆرگەندەك قىلدى. راھىبتىن سوراپ باقماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، يەنە بىر ئايال كۆرۈنگەندەك بولدى. باۋيۇي ئۆز كۆڭلىدە: «مۇنداق چۆل ـ جەزىرىدە شۇنچىزە گۈزەل ئايال نەدىن پەيدا بولغاندۇ؟ ئادەمزات دۇنياسىغا چۈشكەن پەرىزات بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئالدىراق كېلىپ سىنچىلاپ قارىغانىدى، تونۇشتەكلا تۇردى، بىراق دەمال ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى. ھېلىقى ئايال راھىب بىلەن يۈزلىشىپلا غايىب بولدى. باۋيۇيگە ئۇ يۇسەنجيېدەك بىلىندى. باۋيۇي «ئۇمۇ بۇ يەردە ئىكەنغۇ؟» دەپ ھەيران بولۇپ، راھىبتىن سوراپ باقاي دېگۈچە راھىب ئۇنى ئاللىقاچان پەيلۇدىن ئۆتكۈزۈپ بولدى. پەيلۇ ئۈستىدە «ئەينى قۇتلۇق بۇ ماكان» دېگەن ئىبارە، ئىككى تەرىپىدە بولسا تۆۋەندىكى بېيىت يېزىقلىق ئىدى.

كەتسە يالغان راست كېلىپ، يالغاننى راست يەڭگەي ھامان،
يوق ئەزەلدىن باركى، بار دېسە يەنە يوقتۇر شۇئان.

ئۇلار پەيلۇدىن ئۆتكەندە، ئالدىدا ئوردا دەرۋازىسى پەيدا بولدى. دەرۋازىنىڭ ماڭلىيىغا «ياخشىلارغا سائادەت، زىناخورلارغا ئاپەت» دېگەن ئىبارە ۋە دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۆۋەندىكى بېيىت يېزىقلىق ئىدى:

ئۆتمۈش بىلەن كەلمىشنى،
دېمە بۇزغاي ئاقىللار؛
بار سەۋەب ھەم نەتىجە،
بىل، ئۇچراشماس يېقىنلار.

باۋيۇي بۇ بېيىتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، «تېخى شۇنداقمۇ گەپلەر باركىنە، ئەمدى مەن سەۋەب ـ نەتىجىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سوراپ بېقىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى. شۇ خىيال بىلەن تۇرغاندا، يۇەنياڭ پەيدا بولۇپ، ئۇنى قولى بىلەن شەرەت قىلىپ چاقىردى. «شۇنچە يول مېڭىپ تېخىچە باغدىن چىقالماپتىمىنا، باغ نېمانداق ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ؟» باۋيۇي بېرىپ يۇەنياڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇۋىدى، يۇەنياڭ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا غايىب بولۇپ كەتتى. باۋيۇي ئۇنىڭغا ھەيران قېلىپ، بايا يۇەنياڭ كۆرۈنگەن يەرگە ماڭدى. قاتار ـ قاتار ساراي ـ كاشانىلار كۆرۈندى، ھەممىسىنىڭ ماڭلايلىرىدا لەۋھەلەر بار ئىدى. باۋيۇي بۇلارغا قارىغۇسى كەلمەي يۇەنياڭ تۇرغان يەرگە كېتىۋېتىپ، بىر ساراي ئىشىكىنىڭ يېرىم ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى. باۋيۇي ئۇسۇپ كىرىشكە پېتىنالماي، ھېلىقى راھىبتىن سوراپ باققۇسى كېلىپ ئارقىسىغا قارىۋىدى، راھىب كۆرۈنمىدى. باۋيۇي سارايغا قارىسا، ھەيۋەتلىك ئىكەن، نەزەر باغنىڭ مەنزىرىسىگە ئەسلا ئوخشىمايتتى، ئۇ ئىزىدا توختاپ، سارايىنىڭ ماڭلىيىغا يېزىلغان:

«ئاشىق مەجنۇنلارنى ئويغاتقۇچى» دېگەن ئىبارىنى ۋە ئىككى تەرىپىگە يېزىلغان مۇنۇ بېيىتلارنى كۆردى:

شادىيانە كۆلكە، ھەسرەت بارچىسى ساختا،
ئىنتىلىش ھەم سېغىنىشنىڭ بائىسى سەۋدا.

باۋيۇي بۇ بېيىتنى ئوقۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇلۇغ ـ

كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇ ئىچىگە كىرىپ يۈەنياڭنى تېپىپ، بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى سورىماقچى بولدى. تازا زەن قويۇپ ئويلىسا، بۇ يەر ئۆزىگە خېلى ئوبدانلا تونۇشتەك بىلىنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورقماستىن ئىشىكنى ئىتتىرىپلا كىردى ۋە سارايىنىڭ جىمى يېرىگە قاراپ چىقتى، يۈەنياڭ كۆرۈنمىدى. سارايىنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى، باۋيۈينىڭ قورققۇسى كەلدى. قايتىپ چىقماقچى بولۇۋېتىپ، ئىشىكى يېرىم يېپىق تۇرغان ئون نەچچە چوڭ جاۋەننى كۆرۈپ قالدى ۋە شۇئان بىر ئىش يادىغا كېلىپ: «كىچىك چېغىمدا چۈشۈمدە مۇشۇنداق بىر يەرگە كەلگەنىدىم. بۈگۈن بۇ يەرگە ئوڭۇمدا كەلگەنلىكىم ماڭا چوڭ بەخت !» دەپ ئويلىدى. باۋيۈي يۈەنياڭنى تېپىش نىيىتىدىن يېنىپ، دادىللىق بىلەن بىرىنچى چوڭ جاۋەننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە ئىچىدىكى بىرنەچچە رىسالىنى كۆرۈپلا تېخىمۇ خۇشال بولۇپ: «ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ كۆرگەن چۈشى يالغان بولىدۇ دېيىشەتتى، دېمەك، چۈشكە ئايان بولغان نەرسىنىڭ بار ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتىكەنمەن ـ دە ! مەن شۇ چاغدىكى چۈشۈمنى قايتا كۆرەلەيمەنغۇ دەپ يۈرەتتىم، كۈتۈلمىگەندە مانا بۈگۈن ئۇ چۈشۈمنىمۇ تېپىۋالدىم ! بىراق، بۇ رىسالىلەر مەن كۆرگەن ئاشۇ رىسالىلەرمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، قولىنى سۇنۇپلا تۆپىدىكى بىر رىسالىنى ئالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «جىنلىڭدىكى ئون ئىككى ساھىبجامال توغرىسىدا رەسمىي رىسالە» دەپ يېزىلغانىدى. باۋيۈي بۇ رىسالىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇنىڭ ئاشۇ رىسالە ئىكەنلىكىنى ئارانلا ئەسلىۋاتىمەن، بىراق يادىمدا تازا ئېنىق ئەمەس !» دەپ ئويلاپ، بىرىنچى بېتىنى ئېچىپ قارىدى، ئۇنىڭدا بىر رەسىم كۆرۈندى. بىراق، رەسىم تۇتۇق بولغاچقا، پەرق ئېتەلمىدى. ئۇنىڭ كەينىدە بىرنەچچە قۇر خەت بولۇپ، ئوچۇق بولمىسىمۇ، ھەجىلەپ ئوقۇغىلى بولغاچقا، سىنچىلاپ قارىدى. قانداقتۇر قاشتاش كەمەر دېگەن سۆزنىڭ ئۈستىدە «دەرەخكە» دېگەن سۆز تۇرغاندەك كۆرۈندى. باۋيۈي: «دەيۈي

سىڭلىمنى دەۋاتقان بولمىسۇن يەنە؟» دەپ ئويلاپ، دىققەت بىلەن كۆرگىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئاستىدا «ئالتۇن جىغا پىتىپ قارغا» دېگەن سۆز بار ئىدى، «بۇ ئاۋۇنىڭ ئېتىغا ئوخشاۋاتىدىغۇ؟» باۋيۇي ھەيران بولۇپ، ئالدى ـ كەينىدىكى تۆت جۈملىنى قوشۇپ قايتا ئوقۇپ چىقتى ۋە: «بۇنىڭمۇ ھېچقانچە ئاساسى يوق گەپ ئىكەن، بۇنىڭدا شۇ ئىككىسىنىڭ ئىسمىلا يوشۇرۇنغان، ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق. پەقەت، ئايلىناي، ۋاھ دەرىخ دېگەن سۆزلەرلا ياخشى ئەمەس ئىكەن. ئۇنى قانداق چۈشەنمەك كېرەك؟» دەپ ئويلاپ، ئارقىدىن يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ: «مەن بۇنى ئوغرىلىقچە كۆرۈۋاتىمەن، مۇشۇنداق خىيال سۈرۈپ تۇرىۋەرسەم، بىرسى كېلىپ قالسا كۆرەلمەي قالماي يەنە !» دېدى ـ دە، سۈرەتلەرنى زەن سېلىپ كۆرۈشنى قويۇپ، باشتىن ۋاراقلاپ كۆرگىلى تۇردى. ئاخىرىغا كېلىپ، بىرنەچچە نەزمنى، جۈملىدىن «بىراق يولۋاسقا توشقان دۈچ كېلىپ جاننى تەرك ئەتتى» دېگەن مىسرانى كۆرۈپ، بىردىنلا چۈشەندى ـ دە: «شۇنداق، دەرۋەقە خاتا ئەمەس ! بۇ، يوشۇرۇن ئاچام بولسا كېرەك. ناۋادا جىمىسى مۇشۇنداق چۈشىنىشلىك بولغان بولسا كۆچۈرۈۋېلىپ تازا تەمىنى تېتىسام، ئاشۇ ئاچا ـ سىڭىللىرىمنىڭ ھاياتى ياكى ۋاقىتسىز ئۆلۈشىنى، نامرات ياكى باياشات بولۇشىنى قويماي بىلگەن بولاتتىم. قايتىپ بېرىپ بۇ سىرنى ئاشكارىلىماي «ئالدىن بىلگۈچى» بولۇۋالسام بىرمۇنچە بىھۇدە خىياللاردىن خالىي بولۇپ قالاتتىم دەپ، كۆچۈرۈۋېلىشقا دۇۋەت ـ قەلەم ئىزدەپ ئۇياق ـ بۇياققا قارىۋىدى، كۆرۈنمىدى. بىرسى كېلىپ قالمىسۇن يەنە دەپ ئالدىراپ كۆرۈشنى داۋام قىلدى. بىر بەتتە لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقان بىر ئادەمنىڭ گۈزگا رەسىمى چىقتى، بۇنى ئۇنىڭ كۆرگۈسى كەلمىدى. ئارقىدىن ئون ئىككى نەزمنىڭ جىمىسىگە ئىتتىك ـ ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى بىر كۆرۈپلا بىلىۋالدى، بەزىلىرىنى ئويلاپ تېپىۋالدى، بەزىلىرىنى بولسا ئانچە چۈشەنمىدى. ئىشقىلىپ، ھەممىسىنى ئېسىدە چىڭ

تۇتۇۋالدى. ئاندىن ھەسرەت ئىچىدە ھېلىقى «جىنلىق دىكى ئۇن ئىككى ساھىبجامال توغرىسىدا ئىككىنچى قوشۇمچە رىسالە»نى ئېلىپ كۆردى ۋە ئۇنىڭدىكى: «شۇ رەققاسقا كەپتۇ ئامەت ھەسەت قوزغاپ دىللاردا، ئامەت ئاڭا بەگزادىدىن بولدى پىنھان، نەھاجەت» دېگەن قۇرلارغا كۆز يۇگۇرتۇپ، دەسلەپتە چۈشەنمىدى، كېيىن ئۇنىڭ ئۇستىدىكى غۇۋا گۇل ۋە يىرتىق بورنىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپلا قاتتىق چۆچۈپ، ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. ئاخىرىنى ۋاراقلاپ كۆرگۈچە، بىر سىنىڭ: «يەنە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپسىزغۇ، دەيپۇي سىڭلىڭىز سىزنى قىچقىرىۋاتىدۇ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ خۇددى يۈەنياڭنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى، باۋيۈي ئارقىسىغا قارىسا ھېچكىم يوق. ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز يۈەنياڭ ئىشىكنىڭ تېشىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنى قول ئىشارىتى بىلەن چاقىردى. باۋيۈي ئۇنى كۆرۈپلا خۇشاللىقىدا ئىلدام ماڭدى. يۈەنياڭ ئۇنىڭ ئالدىدا غۇۋا كۆرۈنۇپ ماڭدى، باۋيۈي ئۇنىڭغا زادىلا يېتىشەلمەيتتى. «جېنىم ئاچا، توختاپ تۇرسىڭىز!» دەپ چاقىردى باۋيۈي. يۈەنياڭ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي كېتىۋەردى. باۋيۈي ئىلاجسىز جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى. شۇنداق كېتىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت ئالدىدا كاتتا بىر ئوردا پەيدا بولدى، ئوردىدىكى ئىمارەت ـ راۋاقلار ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز، پېشايۋانلىرى خۇپمۇ نەپىس ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە يۈرگەن بىرمۇنچە ئوردا كېنىزەكلىرى غۇۋا كۆرۈنۇپ تۇراتتى. باۋيۈي بۇ مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ يۈەنياڭنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ ئوردىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئىچكىرىگە كىردى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ رەڭگارەڭ گۈللەر بار ئىدى، ئۇ بۇ گۈللەرنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇيالمىدى، ئارىسىدا مەرمەردىن ياسالغان گۈللۈك سالاسۇن بىلەن ئورالغان، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۇچىلا سەل ـ پەل قىزىل رەڭ ئالغان بىر تۈپ يېشىل ئوت تۇراتتى. «ئەجەبمۇ ئېسىل گىياھكەنە، قانداق گىياھتۇ؟» ئۇ مەيىن شامالدا تىنماي يەلپۈنۇپ تۇراتتى. ئۇ گەرچە غۇنچىلىرى يوق كىچىككىنە بىر

تال ئوت بولسىمۇ، گۈزەللىكى بىلەن كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، روھىغا شاد ـ خۇراملىق بەخش ئېتەتتى. باۋيۈي قېتىپ قالغاندەك قاراپلا قالدى. شۇ ئەسنادا يېنىدا بىرسىنىڭ: «نەدىن كەلگەن هاماقەتتۇ مۇنۇ مېھرىگىياھنى ماراپ تۇرغان!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. باۋيۈي چۆچۈپ كېتىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ بىر پەرىزاتنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭغا سالام بېرىپ: «مەن يۈەنياڭ ئاچامنى ئىزدەپ پەرىزاتلار ماكانىغا ئادىشىپ كىرىپ قاپتىمەن، دېۋەڭلىكىمدىن بۇ قىلغان گۇناھىمنى كەچۈرگەيسىز! ئەي پەرىزات، ماڭا جاۋاب بەرسىڭىز، بۇ يەر قايسى جاي بولىدىكىن؟ يۈەنياڭ ئاچام بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدى ھەم ئۇ ماڭا دەييۈي سىڭلىڭىز چاقىرىۋاتىدۇ دەيدىغۇ؟ ماڭا يول كۆرسىتىشىڭىزنى تىلەيمەن» دېدى. ھېلىقى پەرىزات: «سېنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىڭنى كىم بىلسۇن؟ مەن بولسام مېھرىگىياھنى باققۇچى، ئادەمزاتنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىغا رۇخسەت يوق» دېدى. باۋيۈي چىقىپ كەتمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن قىيالماي، ئۇنىڭغا يالۋۇردى: «پەرىزات ئاچا، سىز مېھرىگىياھنى باققۇچى بولغاندىن كېيىن گۈل مۇئەككىلى ئىكەنسىز، ئېيتىپ بەرسىڭىز، بۇ گىياھنىڭ نېمە خاسىيىتى بار؟» ھېلىقى پەرىزات جاۋاب بەردى: «بۇ گىياھنى بىلمەكچى بولساڭ، بۇنىڭ توغرىسىدا گەپ تولا، بۇ گىياھ ئەسلىدە ئابىھايات دەرياسى بويىدا ئۆسكەن، ئىسمى «مېھرىگىياھ» دېيىلىدۇ. ئەينى چاغدا بۇ گىياھ سۇلىشىپ قۇرۇپ قالاي دېگەندە، بەختىگە يارىشا، بىر زەبەرجەت غىلمان ئۇنى شەربەت بىلەن سۇغىرىپ ئۆمرىنى ئۇزارتقان. كېيىن بۇ گىياھ ئادەمزات دۇنياسىغا بېرىپ، ئۆزىنى تەشنالىقتىن خالاس قىلغان زاتنىڭ ھىممىتىنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەلدى. شۇ ۋەجىدىن، پەرىزات جىڭخۇەن بۇ گىياھقا ھەرە ـ كېپىنەكلەر ئولىشىۋالمىسۇن دەپ مېنى بۇ گىياھنى بېقىشقا بۇيرۇغان.»

باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چۈشىنەلمەي، گۈل مۇئەككىلىگە

ئۇچراشقان ئوخشايمەن، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۇنىڭدىن: «گىياھقا سىز پەرىزات ئاچىمىز قارايدىكەنسىز، يەنە ھەددى ـ ھېسابسىز مەشھۇر گۈللەر تۇرۇپتۇ، جىمىسىگە مەخسۇس قارىغۇچىلار بولسا كېرەك، ھەممىنى سوراپ سىزگە مالاللىق يەتكۈزۈشكە ھەددىم ئەمەس، بىرنىلا سوراي: نىلۇپەر گۈلىنى باققۇچى قايسى پەرىزاتكىن؟» دەپ سورىدى. «بۇنى مەن بىلمەيمەن، غوجايىنىم بىلىدۇ» دېدى ھېلىقى پەرىزات. «ئاچا، ئۆزىڭىزنىڭ غوجايىنىنى كىم بولىدىكىن؟» دەپ سورىدى باۋيۈي. «مېنىڭ غوجايىنىم بامبۇكزار مەلىكىسى» دېدى پەرىزات. باۋيۈي: «راست، سىز ئۇقمايسىز، بۇ مەلىكە مېنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىم لىن دەيىيۈي بولىدۇ» دېگەندى، بايىقى پەرىزات: «ئاغزىڭغا تاش! بۇ يەر بولسا ھۆر ـ پەرىزاتلار ماكانى، ئۇ بامبۇكزار مەلىكىسى دەپ ئاتالغىنى بىلەن ئېخۇاڭ، نۈيىڭ① قاتاردىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ قانداقمۇ ئادەمزات بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقى بولسۇن؟ تولا كاپشىما! كۈچتۈڭگۈرلەرنى قىچقارسام ھازىرلا ئەدىپىڭنى بېرىپ سېنى بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.»

باۋيۈي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى ۋە ئۆز جىسمىنىڭ نىجىسلىقىنى بىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ مېڭىشىغا يەنە بىرسىنىڭ كېلىپ: «ئىچكىرىدىن زەبەرجەت غىلمانىنى تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلاندى. ھېلىقى پەرىزات: «ئەمرگە بىنائەن خېلى ۋاق كۈتتۇم، زەبەرجەت غىلمان زادىلا كەلمىدى، ئۇنى نەدىن تاپىمەن؟» دېدى. چاقىرىپ كەلگىنى كۈلۈپ: «ھازىر چىقىپ كېتىۋاتقان شۇ ئەمەسمۇ؟» دېۋىدى، ھېلىقى پەرىزات ئالمان ـ تالمان يۈگۈرۈپ چىقىپ: «زەبەرجەت غىلمان، ئىلتىپات قىلىپ قايتىپ كەلسىڭىز!» دېدى. باۋيۈي باشقا بىرسىنى چاقىرىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ، بىرسىنىڭ قوغلاپ كېلىشىدىن

① ئېخۇاڭ، نۈيىڭ ــ رىۋايەتلەردە، ئادەمزاتقا ياتلىق بولغان پەرىزاتلار.

قورققاندەك شاپاشلاپ قاچتى. شۇنداق كېتىۋاتقىنىدا، قولىدا شەمشەر تۇتقان بىر ئادەم ئالدىدىن چىقىپ: «نەگە بارىسەن؟» دەپ توستى. قورقۇپ كەتكەن باۋيوي ئالاقزەدە بولۇپ تەمتىرەپ بېشىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، ئۇ باشقا كىشى ئەمەس، يۈسەنجيې ئىكەن. باۋيوي ئۇنى كۆرۈپ سەل ئېسىنى يىغىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلدى: «ئاچا، سىزمۇ مېنى بوزەك ئېتەمسىز؟» يۈسەنجيې: «سەن ئاكا ـ ئۇكىلاردىن بىرسىڭمۇ ياخشى ئادەم ئەمەس. كىشىلەرنىڭ نامىنى بۇلغاشتىڭ، خەقنىڭ نىكاھىنى بۇزۇۋېتىشتىڭ! بۈگۈن بۇ يەرگە كەپسەن، سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن!» دېدى.

باۋيوي بۇ گەپتىن يامانلىق سېزىپ تەمتىرەپ تۇرغاندا، ئارقىدىن بىرسىنىڭ: «ئاچا! ئۇنى چاپسان توسۇۋال! قاچۇرۇپ قويما!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈسەنجيې: «مەن مەلىكىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن سېنى ساقلاپ تۇرغىنىمغا ئۇزاق بولدى. بۈگۈن كۆرگەنىكەنمەن، سېنىڭ پانىي دۇنيادىكى رىزقىڭنى شەمشەر بىلەن كېسىپ تاشلىماي قويمايمەن!» دېدى.

باۋيوي بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھودۇقۇپ قالدى، بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىگە چۈشىنەلمەي ئارقىسىغا بۇرىلىپ قاچماقچى بولدى. ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ يۈ سەنجيېگە گەپ قىلغان ئادەمنىڭ باشقا كىشى ئەمەس، دەل چىڭۋېن ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇنى كۆرۈپلا باۋيۈينىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى بىلەن خۇشاللىقى گىرەلىشىپ كەتتى. ئۇ: «مەن يالغۇز يولدىن ئادىشىپ قېلىپ رەقىبىمگە يولۇقۇپ قالدىم، قېچىپ چىقىپ كېتەي دېسەم ئارقامدا بىرسىڭلارمۇ يوق. ئەمدى ئوبدان بولدى! چىڭۋېن ئاچا، مېنى چاپسان ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ!» چىڭۋېن: «غىلمان، بىكار گۇمان قىلماڭ، مەن چىڭۋېن ئەمەس، مەن مەلىكىنىڭ ئەمرى بىلەن ئالاھىدە سىزنى تەكلىپ قىلغىلى كەلدىم. سىزگە قىلچە مالاللىق يەتمەيدۇ» دېدى. باۋيۈينىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىپ: «ئاچا، مېنى مەلىكە چاقىرىۋاتىدۇ دەۋاتىسىز، ئۇ

مەلىكە زادى كىم؟» دەپ سورىدى. چىغۋىن: «ھازىر سورىماڭ! بارغاندىن كېيىن بىلىسىز» دېدى. باۋيۇي نائىلاج ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. كېتىۋېتىپ كەينىدىن سىنچىلاپ قارىسا، مېڭىش - تۇرۇشلىرىدىن چىغۋىننىڭ ئۆزىلا. «چىراي - شەكلى، ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئۆزى شۇ، نېمىشقا ئۆزىنى مەن چىغۋىن ئەمەس دەيدىغاندۇ؟ خەير، ھازىر كۆڭلۇمگە قاراڭغۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىسۇن، ئۇ يەرگە بېرىپ مەلىكە بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەيىبكە بۇيرۇلۇپ قالسام، شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەرمەن. مىڭ دېگەنبىلەن ئايال خەقنىڭ كۆڭلى يۇمشاق بولىدۇ. تەنتەكلىك قىلىپ قويغىنىمنى كەچۈرەر.» ئۇ شۇ خىيال بىلەن بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، كېشىك - كاشانىسى شۇنداق كۆركەم، رەڭگارەڭ چاقناپ تۇرغان بىر جايغا كېلىپ قالدى، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قورام يېشىل بامبۇك، ئۆينىڭ چۆرىسىدە بىرقانچە تۈپ كۆپكۆك قارىغاي بوي تارتىپ تۇراتتى. پېشايۋاندا ئوردا قىزلىرىدەك ياسانغان بىرقانچە مۇلازىم قىزلار قېتىپ تۇراتتى.

«زەبەرجەت غىلمان مۇشۇمۇ؟» دېيىشتى ئۇلار باۋيۇينىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ بوش ئاۋاز بىلەن. «ھەئە، چاپسان كىرىپ خەۋەر قىل» دېدى باۋيۇينى باشلاپ كىرگىنى.

مۇلازىم قىزلاردىن بىرسى تەبەسسۇم بىلەن قول ئىشارىتى قىلدى، باۋيۇي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كەتتى. بىرقانچە قات ھۇجرىلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈنچە - مارجان مىلەڭزە ئېگىز تارتىلغان تور ئۆي كۆرۈندى.

«مۇشۇ يەردە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇڭ» دېدى ھېلىقى مۇلازىم قىز.

باۋيۇي غىرىڭ - پىرىڭ قىلماي تېشىدا كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مۇلازىم قىز كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا يېنىپ چىقتى ۋە: «مەرھەمەت، كىرىپ كۆرۈشكەيسىز» دېدى. يەنە بىرسى مىلەڭزىنى قايرىپ تۇردى. ئۆيدە بېشىغا گۈلدار تاج،

ئۆچىسىغا كەشتىلىك كىيىم كىيگەن بىر پەرى غىرمىسىپ ئولتۇراتتى. باۋيۇي بېشىنى سەل كۆتۈرۈپلا دەييۇنىڭ جامالىنى كۆردى ـ دە، ئىختىيارسىز: «سىڭلىم، بۇ يەردە ئىكەنسىز، سىزنى بەكمۇ سېغىندىم !» دەۋەتتى. مىلەڭزە تېشىدىكى مۇلازىم قىز: «بۇ غىلمان ئەدەپسىز ئىكەن ! چاپسان چىقىپ كەتسۇن !» دېدى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا يەنە بىر مۇلازىم قىز مىلەڭزىنى چۈشۈرۈۋەتتى. باۋيۇي شۇ تاپتا يا كىرىشكە پېتىنالماي، ياكى كېتىشكە قىيالماي، سوراي دېسە بۇ قىزلارنى تونۇماي تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە قوغلىنىپ نائىلاج ئۇ يەردىن يېنىپ چىقتى. نېمە ئىشلىكىنى چىگۈۋېندىن سوراپ باقماقچى بولۇپ ئەتراپىغا قارىسا، چىگۈۋېن يوق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىشلارغا ھەيران بولغىنىچە مەيۇس ھالدا قايتتى. ئۇنىڭغا يول باشلىغۇچىمۇ چىقمىدى. كەلگەن يولى بىلەن ماڭاي دېسە ئۇ يولنىمۇ تاپالمىدى. تازا گاڭگىراپ قالغىنىدا، فېڭجيې بىر ئىمارەتنىڭ پېشايۋىنىدا تۇرۇپ شەرەت قىلدى. باۋيۇي ئۇنى كۆرۈپلا خۇشال بولۇپ: «بۇ ياخشى بولدى ! ئۆيىمىزگە كېلىپ قاپتىمەن ! نېمىشقا شۇنچىزە ئېزىپ يۈرگەندىمەن؟» دېدى ـ دە، ئۇچقاندەك ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى: «ئاچا، سىز بۇ يەردىمىدىڭىز؟ بۇلار مېنى كولدۇرلىتىپ مۇشۇنداق قىلىۋەتتى. نېمىشقىكىن، دەييۇي سىڭلىمنىڭمۇ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈسى كەلمىدى» دەپلا فېڭجيې تۇرغان يەرگە قاراپ ماڭدى. سىنچىلاپ قارىسا، ئۇ فېڭجيې ئەمەس، جيا رۇڭنىڭ دەسلەپكى ئاغىچىسى چىن شى ئىكەن. باۋيۇي شاپىدە توختاپ، فېڭجيې ئاچام نەدە دەپ سورىماقچى بولۇپ تۇراتتى، چىن شىمۇ گەپكە جاۋاب بەرمەي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

باۋيۇي مەست ـ ئەلەس ھالدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىشكە پېتىنالماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى ۋە: «بۈگۈن مەندىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتكەندۇ، ھەممىسىلا قارىمايدىغۇ !» دەپ ھەسرەتلىنىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. شۇ ئەسنادا قولىدا قامچا تۇتقان سېرىق

www.uyghurkitap.com

روماللىق بىرقانچە كۇچتۇڭگۇر پەيدا بولۇپ:«نەدىن كەلگەن ئېرەكتە بۇ، هۆر ـ پەرىلەرنىڭ قۇتلۇق ماكانىغا مۇنداق ئۇسۇپ كىرگەن ! چاپسان يوقال !» دېدى. باۋيۇي لام ـ جىم دېيەلمىدى. چىقىپ كېتىش ئۇچۇن يول ئىزدەۋاتقىنىدا، يىراقتا كۇلۇشۇپ كېلىۋاتقان بىر توپ قىزلار كۆرۇندى. باۋيۇي ئۇلارنى كۆرۇپلا يىڭچۇن باشلىق بىرقانچىسىگە ئوخشاتتى ـ دە، خۇشاللىقىدا: «مەن بۇ يەردە ئېزىپ قالدىم، چاپسان كېلىپ مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار !» دەپ تۇۋلىدى. شۇنداق ۋارقىراۋاتقاندا كەينىدە قالغان كۇچتۇڭگۇرلەر كېلىپ قالدى. هودۇقۇپ كەتكەن باۋيۇي ئالدىغا قاراپ يۇگۇردى، توساتتىن هېلىقى قىزلارمۇ جىن ـ ئالۋاستى قىياپىتىگە كىرىپ باۋيۇيگە قاراپ يۇگۇردى. باۋيۇي شۇنداق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە يۇرگەندە قاشتاشنى ئەكېلىپ بەرگەن هېلىقى راهىب پەيدا بولۇپ قالدى، قولىدا بىر ئەينەك تۇراتتى، ئۇ ئەينەككە بىر قاراپ قويۇپ: «مەن يۇەنچۇن خانىشنىڭ ئەمرىگە بىنائەن سىزنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن ئالاهىدە كەلدىم !» دېدى.

شۇ زامان جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ جىمىسى غايىب بولۇپ، بىپايان قاقاس ـ دالا ئەسلىگە كەلدى. باۋيۇي راهىبقا ئېسىلىپ: «مېنى بۇ يەرگە سىز باشلاپ كەلگەندىكىنىز، بىردىنلا يوقاپ كەتتىڭىز. مەن بىرمۇنچە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنى كۆردۇم، بىراق ئۇلار مېنى كۆزگە ئىلىشمىدى هەم بىردىنلا جىن ـ ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ زادى چۇشۇمۇ، ئوڭۇمۇ؟ بۇنى ماڭا ئۇقتۇرۇپ دەپ بەرسىڭىز، ئۇستازىم» دەپ تۇرۇۋالدى. راهىب: «سەن بۇ يەرگە كېلىپ ئوغرىلىقچە بىرنېمىلەرنى كۆرگەنمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. باۋيۇي: «ئۇ مېنى هۆر ـ پەرىلەرنىڭ قۇتلۇق ماكانىغا باشلاپ كېلەلىگەنىكەن، ئۇنىڭمۇ پەرىشتە بولۇشى تەبىئىي، ئۇنىڭدىن قانداق يوشۇرغىلى بولار؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئۇنىڭدىن سوراپ بىلىش ئويۇممۇ يوق ئەمەس» دەپ ئويلاپ: «بىرمۇنچە رىسالە كۆردۇم» دەپ

جاۋاب بەردى. راھىب:

«رىسالىنى كۆرۈپمۇ بىلمىدىڭمۇ؟ ئالەمدىكى ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ جىمىسى ئالۋاستىلار قۇرغان تۇزاق! كۆرگەن ئىشلىرىڭنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت. كەلگۈسىدە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويىمەن» دەپلا باۋيۇينى «ئەمدى قايت!» دەپ قاتتىق بىر ئىتتەردى. باۋيۇي ئۆزىنى توختىتالماي يىقىلىپ چۈشۈپ، «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

يىغا ـ زار قىلىشۋاتقانلار بۇنى ئاڭلاپ باۋيۇينى ھوشىغا كەلدى دەپ ئالمان ـ تالمان ئۇنى قىچقىرىشىپ كەتتى. باۋيۇي كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ھېلىمۇ كاڭدا يېتىپتۇ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، باۋچەي ۋە باشقىلارنىڭ تولا يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئېسىنى يىغىپ سەل ئويلاپ، كۆڭلىدە: «راست، مەن ئۆلۈپ تىرىلىپتىمەن!» دەپ قويدى ۋە روھى باشتىن كەچۈرگەن ئىشلارنى مەڭدىگەندەك تەپسىلىي ئويلىدى. ھېلىمۇ ياخشى، تېخى ئېسىدە بار ئىكەن، ئاندىن: «دەرۋەقە، راست شۇنداق!» دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كونا كېسىلى قوزغىلىپ قاپتۇ، بۇنىڭ ئىشى ئاسان، تېۋىپ چاقىرىپ داۋالاتساقلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلاپ، دەرھال دېدەك ۋە خىزمەتكار ئاياللارنى جيا جېڭغا خەۋەر قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇلارغا: «بېرىپ ئېيتىڭلار، باۋيۇي ھوشىغا كەلدى. بايا خۇدىنى يوقىتىپ قويغانىكەن، ئەمدى گەپ قىلىدىغان بولدى، ئاخىرەتلىككە تەييارلىق قىلمىسۇن» دېدى. جيا جېڭ ئاڭلاپلا باۋيۇينى كۆرگىلى كىردى، قارىسا، راست دېگەندەك باۋيۇي ھوشىغا كەپتۇ.

— بىتەلەي ئەخمەق بالا! قورقۇتۇپ كىمنى ئۆلتۈرمەكچىدىڭ؟ — ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى. ئاندىن چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، تېۋىپ چاقىرىش، دورا ئىچۈرۈشكە ئادەم بۇيرۇدى.

شېيۈ ئۆلۈۋېلىشنىڭ قەستىدە ئىدى. باۋيۇينىڭ ھوشىغا

كېلىشى بىلەن ئۇنىڭمۇ يۈرىكى ئېزىلغا چۈشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ماركوز شەربىتى ئەكىرگۈزۈپ، باۋيۈيگە بىرنەچچە يۇتۇم ئىچۈرۈۋېدى، باۋيۈي ئاستا ـ ئاستا هوشىغا كەلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خاتىرجەم بولۇپ قالدى؛ شىيۆنىڭمۇ يۈزىگە سالمىدى، باۋچەيگە قاشتاشنى بېرىپ، باۋيۈينىڭ بوينىغا ئاستۇرۇپ قويدى.

— بۇ قاشتاشنى نەدىن تېپىپ كەلگەندۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم هېلىقى راهىبنى ئېسىگە ئېلىپ، — ئاجايىپ ئىش ـ هە، كۆمۈش تەلەپ قىلمىغان ئادەم يەنە نېمىدەپ بىردەمدىلا يوقاپ كېتىدۇ؟ پەرىشتە بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە؟

— بۇ راهىبنىڭ كېلىشى بىلەن كېتىشىنىڭ ئاجايىپلىقىدىن قارىغاندا، ئۇ قاشتاشنى تېپىۋېلىپ ئەكەلگەن ئەمەس، دەسلەپ يىتكەن چاغدىلا شۇ راهىب ئېلىپ كەتكەن نېمە، — دېدى باۋچەي.

— قاشتاش ئۆيدە تۇرسا قانداق ئېلىپمۇ كېتەلەيدۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ئەكېلىپ بېرەلىگەنىكەن، ئېلىپمۇ كېتەلەيدۇ، — دېدى باۋچەي.

— قايسى يىلى بۇ قاشتاش يىتىپ كەتكەندە، لىن غوجىدار بېگىم پال ئاچقۇرغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆزلىرى بىزگە كېلىن بولۇپ كەلدىلە. شۇ چاغدا مەن پالدا «شاڭ» دېگەن خەت چىقىپتىكەن، دېگەنىدىم. ئەسلىرىدە باردۇ؟ — دېدى شىرېن.

— هە راست، — دېدى باۋچەي ئويلىنىپ، — پالغا گۆرۈخاندىن ئىزدەش چۈشۈپتۇ دەۋاتقانىدىڭلار، مانا ئەمدى چۈشەندىم. گۆرۈ دېگەن خەتنىڭ ئۈستى، دەرۋەقە، راهىب دېگەن سۆزدىكى «شاڭ» دېگەن خەتكە توغرا كېلىدۇ، بۇنى راهىب بېرىپ ئالغانىكەنە؟

— ئۇ راهىب غەلىتىلا ئىكەن! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — باۋيۈي ئاغرىپ قالغان يىلىمۇ شۇ راهىب كېلىپ، ئۆيۈڭلاردا ئوغلۇڭلارنى بۇ كېسەلدىن قۇتۇلدۇرىدىغان گۆھەر بار،

دېگەندى. بايا ئۇ مۇشۇ قاشتاشنى دەپتىكەن. ئۇنىڭ شۇ سۆزلىرىگە قارىغاندا بۇ قاشتاشتا زادى بىر ھېكمەت بار. يەنە كېلىپ ئۇنى كۆيۈكنىڭ تۇغۇلۇشىدا ئاغزىدا چىشلەپ چۈشكەن. ئاڭلاپ باققانمىدىڭلار؟ بىراق بۇ قاشتاشنىڭ ئاقىۋەتتە زادى قانداق بولۇشى نامەلۇم، ھەتتا بۇ ئوغلىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى بىزمۇ بىلمەيمىز! ئاغرىسىمۇ مۇشۇ تاشتىن، ساقايسىمۇ مۇشۇ تاشتىن، تۇغۇلۇشىمۇ مۇشۇ تاشتىن! — ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۇشتۇمتۇت گېپى ئۈزۈلۈپ يىغلاپ كەتتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ باۋيۈي گەپنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. ھوشىدىن كەتكەندە كۆرگەن ئىشلارنى ئويلاپ، بۇنىڭ سەۋەبى بارلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى ـ يۇ، ئەمما لام ـ جىم دېمەي ئىچىدىلا بىلدى.

— قاشتاش يوقاپ كەتكەن يىلى، — دېدى شىچۈن، — مياۋيۈيگە پال ئاچقۇزغاندا، پالغا: «چوققا ـ چىڭگىن تۈۋىدە، بولدى پاناھ قېرى قۇچۇر»، «كىرسە مېنىڭ سۇلۇكۇمگە، ئۇرۇپ خەندان ئۇچرىشۇر» دېگەن گەپلەر چۈشۈپتىكەن. ئويلىسام، «كىرسە مېنىڭ سۇلۇكۇمگە» دېگىنى ناھايىتى مەنىلىك گەپ. بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس دەرۋازىسى ھەممىدىن چوڭ، بىراق باۋيۈي ئاكام ئۇنىڭدىن كىرەلمەسمىكىن.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىرنەچچە قېتىم سوغۇق كۈلۈپ قويدى. باۋچەي بولسا ئىختىيارسىز قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— گەپلا قىلسىڭىز، گېپىڭىز بۇددا دەرۋازىسىدىن نېرى كەتمەيدۇ! — دېدى يۈشى، — تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىش نىيىتىڭىزدىن تېخى يانمىدىڭىزمۇ؟

— يەڭگە، — دېدى شىچۈن كۈلۈپ، — سىلىدىن يوشۇرمايمەن، گۆشتىن پەرھىز تۇتقىنىمغا خېلى بولدى.

— ئامىتابا! خېنىم بالام، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇ نىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ!

شىچۇن بۇ گەپكە لام ـ جىم دېمىدى. باۋيۇي: «يېقىپ چىراغ بۇ خىلۋەتتە ياتار بۇتقا قويۇپ ئىخلاس» دېگەن مىسرانى يادىغا كەلتۈرۈپ، ئىختىيارسىز ئارقا ـ ئارقىدىن ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چەكتى. بىردىنلا يەنە يىرتىق بورا بىلەن بىر دەستە گۈل ئىزاھلانغان مىسرالار يادىغا كېلىپ، شىرىنغا قارىدى ـ دە، ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى. ئۇنىڭ گاھ كۈلۈپ، گاھ قايغۇرۇپ تۇرۇشلىرى ئەتراپىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلار بۇنى چۈشىنەلمەي، ئۇنىڭ كونا كېسىلىغۇ دەپلا قاراشتى. كىم بىلسۇن، باۋيۇي نېمىگە ئۇچراشسا، شۇنىڭ ھېكمەت ـ سىرى شۇ زامان ئېسىگە كېلەتتى. ئۇ رىسالىلەردىن ئوغرىلىقچە كۆرۈۋالغان نەزمىلەرنى خاتىرىسىدە چىڭ قالدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى، بىراق ئۆزگىگە ئېيتمايتتى. كۆڭلىدە بولسا ئاللىقاچان بىر نىيەتكە كېلىپ بولغانىدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

باۋيۇي ئۆلۈپ تىرىلگەندىن كېيىن رەڭگىرويىمۇ ئوڭلىنىپ قالدى، تۆپىلەپ ئۇدا بىرنەچچە كۈن دورا ئىچىش بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە تۈزىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. جيا جېڭ باۋيۇينىڭ ساقىيىپ قالغانلىقىدىن خۇرسەن بولدى. ئۇ ھازىر مۇسىبەت مۇناسىۋىتى بىلەن بىكار تۇرۇۋاتاتتى. جيا شېنىڭ قاچان كەچۈرۈم قىلىنىشى نامەلۇم ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ جەسىتى مازاردا ئۇزاق تۇرۇۋەرسە ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى تىنماسلىقىنى ئويلاپ، جەسەتنى جەنۇبقا ئاپىرىپ يەرلىكىدە قويۇۋېتىش خىيالىغا كەلدى ـ دە، جيا لىيەننى چاقىرتىپ مەسلىھەت سالدى.

— تولىمۇ ئوبدان ئويلاپتىلا، بېگىم، — دېدى جيا لىيەن، — مۇسىبەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆيدە بولۇۋاتقان ھازىرقى پۇرسەتلىرىدە بۇ چوڭ ئىشنى بەجا كەلتۈرۈۋەتسىلە تېخىمۇ ئوبدان بولىدۇ. قارىلىق مۇددىتى توشۇپ قالغاندا كۆڭۈلدىكىدەك



www.uyghurkitap.com

ئىش قىلغىلى بولماس. شۇغىنىسى، ئاتام ئۆيدە يوق، ئۇنىڭغا تەركى ھۆرمەتلىك قىلىشقا جىيەنلىرىنىڭ ھەددىم ئەمەس. بېگىم، ناھايىتى ئوبدان قارارغا كېلىپتىلا، بىراق بۇ ئىشقىمۇ نەچچە مىڭ سەر كۈمۈش كېتىدۇ. يامۇلدىكىلەر ئوغرىلانغان نەرسىلەرنى ئەمدى تېپىپ بېرەلمەيدۇ.

— مېنىڭ بۇ قارارغا كەلگىنىم كەلگەن، — دېدى جىيا جېڭ، — چوڭ بېگىم خانىداندا بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا سېنى چاقىرتىپ، قانداق قىلىمىز دەپ مەسلىھەت سېلىۋاتىمەن. سەن بارالمايسەن، ھازىر بۇ يەردە ئادەم يوق. ئويلىسام، ئېلىپ كېتىدىغان بىرنەچچە جەسەت ساندۇقى تۇرىدۇ. بۇلارغا مەن يالغۇز قانداق يېتىشەرمەن؟ شۇڭا جىيا رۇڭنى مەن بىلەن بىللە بارسا دەپ خىيال قىلىۋاتىمەن، يەنە كېلىپ شۇ قاتاردا ئۇنىڭ ئاغىچىسىنىڭ مېيىت ساندۇقىمۇ بار. يەنە دەييۈي سىڭلىڭنىڭمۇ بار. بۇ توغرۇلۇق ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۇلارنىمۇ مېنىڭ جەسىتىم بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىڭلار دەپ ۋەسىيەت قىلغان. مېنىڭچە، بۇ خىراجەت ئۈچۈن بىر يەردىن بىرنەچچە مىڭ سەر قەرز ئېلىپ تۇرساق يېتىپ قالار.

— بۇ كۈندە خەقتىمۇ ھېچقانچە ئادەمگەرچىلىك قالمىدى، — دېدى جىيا لىيەن، — ئۆزلىرى قارىلىقتا، بەگ ئاتام بولسا سىرتتا. شۇڭا، قەرز سورىساق دەرھال قولغا كەلمەيدۇ. ياخشىسى، ئۆي - جايىنىڭ خەت - چەكلىرىنى رەنىگە قويساق بولىدۇ.

— ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي - جايلىرىمىز پادىشاھلىقتىن سالدۇرۇلغان تۇرسا، تەگكىلى بولامدۇ؟ — دېدى جىيا جېڭ.

— ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي - جايغا تەگكىلى بولمايدۇ، — دېدى جىيا لىيەن، — سىرتتا يەنە بىرنەچچە جايدا ئۆي - جايلىرىمىز بار، شۇلارنى رەنىگە قويۇشقا بولىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ مەنسەپلىرى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن تۆلەپ تۈگەتسەكمۇ بولىدۇ. كەلگۈسىدە ئاتام قايتىپ كەلگەندە خىزمەتكە سېلىنىپ قالسا تۆلەشمۇ ئاسان بولىدۇ. شۇغىنىسى، ئۆزلىرى ياشىنىپ قالغان

چاغلىرىدا مۇنداق جاپا تارتسىلا، بىز كەمىنە جىيەنلىرىنىڭ يۈرىكىمىز چىدىمايدىكەن !

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىشى ئۈچۈن بۇ جاپانى ئەلۋەتتە چېكىش كېرەك، — دېدى جيا جېڭ، — سەنلا ئېھتىياتچانراق بولۇپ، خانىدانىنى ئوبدان تۇتۇپ تۇرساڭ بولدى !

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، بېگىم، — دېدى جيا ليەن، — جىيەنلىرى گالۋاڭ بولسامۇ، بىخەستەلىك قىلىشقا ھەرگىز ھەددىم ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرى جەنۇبقا بېرىشتا كۆپ رەك ئادەم ئېلىپ ماڭماي بولماس، ئۇ چاغدا بۇ يەردە چاغلىقلا ئادەم قالىدۇ. ئۇنچىلىك خىراجەت دېگەننى جايلاشتۇرۇپ كەتكىلى بولىدۇ. ئۆزلىرى سەپەر ئۈستىدە بىر ئاز قىسىلىپ قالىدىغان بولسىلا، لەي شياڭرۇڭنىڭ تەۋەسىدىن ئۆتكەندە، ئۇ ئازراق بولسىمۇ ياردىمىنى قىلار.

— ئۆز ئانىمىزنىڭ ئىشىغا خەقتىن ياردەم سورامدۇق؟ — دېدى جيا جېڭ.

جيا ليەن «خوپ» دەپ يېنىپ چىقىپ، پۇلنىڭ غېمىنى قىلىشقا كىرىشتى.

جيا جېڭ ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئېيتتى ۋە خانىدانىنىڭ غوجىدارلىقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى، ئۆزى بولسا ئۇزۇن سەپەرگە چىقىدىغان خاسىيەتلىك كۈننى تالاپ يولغا چىقىشقا تەمشەلدى. باۋيۈي سەللىمازا ساقايغانىدى، جيا خۇەن، جيا لەنلەر ئىخلاس بىلەن ئوقۇۋاتاتتى، جيا جېڭ بۇلارنى ئوقۇتۇپ تەربىيەلەشنى جيا ليەنگە تاپشۇردى.

— بۇ يىل چوڭ ئىمتىھان يىلى، جيا خۇەن بولسا قارىلىقتا، ئىمتىھان سورۇنىغا كىرەلمەيدۇ، جيا لەن بولسا نەۋرە، قارىلىق مۇددىتى پۈتكەندىن كېيىن ئىمتىھان بېرىشكە بولىدۇ، باۋيۈي جەزمەن جىيەنى بىلەن بىللە بېرىپ ئىمتىھان بەرسۇن، بىرەرسى جۈيرېنلىككە ئۆتۈپ قالسا يامان ئاتىقىمىز يۇيۇلۇپ كېتەر.

جيا ليەن قاتارلىقلار بۇ بۇيرۇقلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل



www.uyghurkitap.com

قىلدى. جىيا جىڭ خانىدانىنىڭ خىزمەتكارلىرىغىمۇ بىرمۇنچە گەپلەرنى جىكىلىدى، ئاندىن ئاتا ـ بوۋىلار خانىقاسىغا كىرىپ خوشلىشىپ چىقىپ، شەھەر سىرتىدىكى مازاردا بىرنەچچە كۈن كىتاب تىلاۋەت قىلدى، ئاندىن سەپەرگە ئىرادە قىلىپ كېمىگە چۈشتى ۋە لىن جىشياۋ قاتارلىق كىشىلەرنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلەرنىمۇ پاراكەندە قىلماي، ئۆز خانىدانىدىكى ئەر ـ ئاياللار خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. جىيا جىڭ باۋيۈينى ئىمتىھان بېرىشكە بارسۇن دەپ ئەمر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى پات ـ پات سۈيلەپ، دەرسلىرىنى سوراپ تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان بولدى. باۋچەي، شىرېنلارنىڭ ئۇنى ھەمىشە ياخشى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىپ ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇشلىرىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. باۋيۈي كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىن، روھىي جەھەتتىن كۈندىن ـ كۈنگە ئوبدان بولۇپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، كالىلىسى قوداڭشىغان ھامان تېخىمۇ يوچۇنلىشىپ باشقىچىلا بولۇپ قالاتتى. نام ـ ئاتاق، مەنسەپ دېگەنلەردىن يىرگىنىپلا قالماي، ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت تەقدىرلىرىگىمۇ ئانچە ئېرەن سالمايدىغان بولۇپ قالدى. كۆپچىلىك بۇنىڭ تېگى ـ تەكتىگە تازا يېتەلمىدى، باۋيۈيمۇ ئېيتمايتتى.

لىن دەيۈينىڭ جەسىتىنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كەلگەن كۈنى زىجۈەن ئۆز ھۇجرىسىدا يىغلاپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى: «باۋيۈي ۋاپاسىز ئىكەن، دەيۈي سىڭلىسىنىڭ جەسىتىنى يۇرتىغا ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپمۇ قويمىدى. مەن شۇنداق ئېچىنىپ يىغلاۋاتسام، كېلىپ تەسەللى بەرمەكتە يوق، ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بىر ۋاپاسىز ئادەم نەچچە ۋاقىتتىن بىزنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن گوللاپ كەلگەنىكەن! ئۇلۇشكۈن ئاخشام ھېلىمۇ ئەقلىمنى تېپىپتىكەنمەن، بولمىسا ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالاتتىمكەن! شۇنىسى قىزىقكى: مۇشۇ كۈندە ئۇ شىرېنغىمۇ سوغۇق مۇئامىلە

www.uyghurkitap.com

قىلىۋاتىدۇ. باۋچەي خېنىمغىمۇ يېقىنچىلىق قىلىشنى ئەزەلدىن ياقتۇرمايدۇ. ئۇ ئاشۇنداق كېتىۋەرسە، شىيۆلەر ئۇنىڭدىن ئاغرىنماي قالارمۇ؟ قارىغاندا، قىز بالىلارنىڭ تولىسى ئەخمەق كېلىدىكەن. نەچچە ۋاقىتتىن قىزلار بىكارلا ئۇنىڭ غېمىنى يەپتىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولاركىن!» شۇنداق خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا ۋۇ ئېر ئۇنى يوقلاپ كېلىپ قالدى. ئۇ زىجۈەننىڭ يۈز ـ كۆزىدىكى ياش يۇقىلىرىنى كۆرۈپ:

— يەنە دەيىۈي خان قىزغا يىغلاۋاتامسىز ئاچا؟ ئويلاپ باقسام، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغان ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنگە يەتمەيدىكەن. دەسلەپتە باۋيۈي غوجامنى قىزلارنىڭ بەك ھۆرمىتىنى قىلىدۇ دەپ ئاڭلاپ، ئانامنىڭ زورى بىلەن بۇ يەرگە كىرگەندىم. مەن كىرگەندىن كېيىن، ئۇ بىرنەچچە قېتىم كېسەل بولۇپ قالغاندا كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالدىم، مانا ئەمدى ساقايغاندا ماڭا بىرەر ئېغىز ياخشى گېپىمۇ يوق، تۈزۈكرەك قاراپمۇ قويمايدۇ.

زىجۈەن ئۇنىڭ كۈلكىلىك گېپىگە «پاراقىدە» كۈلۈۋەتتى.

— تۈفى! سەن جۇۋاينىمەكنى قارا! — دېدى ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ، — سېنىڭچە، باۋيۈي ساڭا قانداق قارىسا بولاتتى؟ قىز بالا تۇرۇپ ئىزا تارتمىغىنىنى! رەسمىي توقاللىققا ئەكىرىۋالغانلىرى نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىۋاتسا، ساڭا نەزەر كۆزىرىنى سالغىلى نەدە چولىسى بولغاي؟ — ئۇ شۇ گەپ بىلەن يەنە كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە نوقۇپ قويدى، ئاندىن، — سەن زادى باۋيۈينىڭ نېمىسىدىڭ؟ — دەپ سورىدى. ۋۇ ئېر ئۆزىنىڭ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى تۇيۇپ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ باۋيۈي مېنى بىرقانداق كۆرسىكەن دېمەكچى ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى تۆۋەندىكىلەرگە ئىچى ئاغرىماس بولۇپ قالغانلىقىنى دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ھويلا دەرۋازىسىدا بىركىمنىڭ ۋارقىراپ سۆزلەۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى:

— ھېلىقى راھىب ئون مىڭ سەر كۈمۈش دەپ يەنە كەپتۇ، ئاغىچا خېنىم تىت - تىت بولۇپ، جىيا لىيەن بېگىمنى چىقىپ سۆزلەشسۇن دېگەنىدى، قېرىشقاندەك، جىيا لىيەن بېگىممۇ ئۆيدە يوق. ھازىر ئۇ راھىب تالادا مەجنۇنلارچە سۆزلىگىلى تۇردى، ئاغىچا خېنىم باۋچەي خېنىمنى مەسلىھەتكە چاقىرىۋاتىدۇ.

بۇ راھىبنىڭ قانداق يولغا سېلىنغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئون يەتتىنچى باب

## ئىككى نازىنىنىنىڭ باۋيۈيىنى ئادەمزات دۇنياسىنى تەرك ئېتىشتىن توسقانلىقى
## بەتقىلىق بالىنىڭ ئۆزىنى خاندان غوجىسى چاغلاپ قۇلاق كەسىلەرنى يىغىۋالغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋچەيىنى مەسلىھەتكە چاقىرتىۋىدى، باۋيۈي راھىبىنىڭ سىرتتا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئۆزى يالغۇز ئالدى تەرەپكە ئۆتتى ۋە:

— پىر - ئۇستاز، نەدە سىز؟ — دەپ ۋارقىرىدى. بىرھازا چاقىرغان بولسىمۇ راھىب كۆرۈنمىدى، ئاندىن تالاغا چىقتى. قارىسا، لى گۈي راھىبنى كىرگۈزمەي توسۇۋاپتۇ.

— خان ئانام مېنى پىر - ئۇستازىمنى تەكلىپ قىلىشقا چىقاردى، — دېدى باۋيۈي. لى گۈي بۇنى ئاڭلاپ راھىبنى قويۇۋەتتى، راھىب ئىرغاڭشىپ ئىچكىرىگە ماڭدى.

باۋيۈي قارىغۇدەك بولسا، راھىبنىڭ تەق - تۇرقى ئۆزى ھوشىدىن كەتكەن چاغدا كۆرگەن راھىبقا ئوخشايتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىگە ئىشلار ئوچۇق ئايان بولغاندەك بولۇپ، ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى ۋە:

— ئۇستازىم، ئالدىلىرىغا چىقىشقا كېچىكىپتىمەن! — دېدى.

— مەن سىلەردىن مېنى كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلمايمەن، كۈمۈشنى بەرسەڭلارلا كېتىمەن، — دېدى راھىب.

باۋيۈينىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ بۇ گېپى پازىل راھىبلارنىڭ

گېپىگە ئوخشىماي قېلىۋاتاتتى. بۇ راھىب بېشى كەيمە تاز، يۈز - كۆزى پاسكىنا، ئۈستىبېشى جۇل - جۇل ئىدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ باۋيۇي كۆڭلىدە: «ئەۋلىيا ئۆزىنى ئاشكارىلىماس، ئۆزىنى ئاشكارىلىغان ئەۋلىيا بولماس، دەيدىغان گەپ بار ئىدى، ھەرھالدا پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويماي. ھازىرچە ئۇنىڭ ئەجرى ئۈچۈن كۇمۇش بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، گەپ ئېلىپ كۆرەي» دەپ ئويلىدى - دە:

— ئۇستازىم، ئالدىرىماي تۇرسىلا. شۇ تاپتا ئانام كۇمۇشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ، سەل ئولتۇرۇپ، بىرپەس تەخىر قىلىپ بەرسىلە، كەمىنە شاگىرتلىرى ئۇستازىمدىن شۇنى سورىماقچىمەنكى: ئۆزلىرى غايىب ئالەمدىن كەلدىلىمۇ؟ — دېدى.

— «غايىب ئالەم» دېگەن نېمە ئۇ؟ — دېدى ئۇ راھىب، — كەلگەن يېرىمدىن كەلدىم، كېتىدىغان يېرىمگە كېتىمەن، خالاس. مەن قاشتېشىڭنى قايتۇرۇپ بەرگىلى كەلگەن. سەندىن سورايكى، قاشتېشىڭ نەدىن كەلگەن؟

باۋيۇي دەمال جاۋاب بېرەلمىدى.

— ئۆزۈڭنىڭ كەلگەن يېرىڭنى بىلمەي تۇرۇپ مېنىڭ كەلگەن يېرىمنى سورايسىنا! — دېدى راھىب كۈلۈپ.

باۋيۇي ئەزەلدىن زېرەك بولغانلىقى ھەم ئۇنىڭغا ئىلگىرى بېشارەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئادەمزات دۇنياسىنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ بولغانىدى، پەقەت ئۆزىنىڭ ئەسلىي زاتىنىلا بىلمەيتتى. شۇ ھالەتتە تۇرغاندا راھىبنىڭ قاشتاشنى سوراپ قېلىشى ئۇنى بىردىنلا ھوشىغا كەلتۈردى.

— سىزگە كۇمۇشنىڭمۇ كېرىكى يوق، قاشتاشنى قايتۇرۇپ بېرەي، — دېدى ئۇ.

— قايتۇرۇش ۋاقتىمۇ بولغان، — دېدى راھىب كۈلۈپ.

باۋيۇي ئۇنىڭغا جاۋابمۇ بەرمەي ئىچكىرىگە قاراپ يۈگۈردى. ھويلىسىغا كىرىپ سۈرۈشتۈرسە، باۋچەي بىلەن شىرېن ۋاڭ

ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئالمان ـ تالمان كارىۋىتىنىڭ بېشىدىن قاشتاشنى ئالدى ـ دە، سىرتقا ماڭدى. چىقىپ كېتىۋېتىپ ئىشىكتىن كىرىۋاتقان شىرىن بىلەن ئۇسۇشۇپ كېتىپ، شىرىننى قورقۇتۇۋەتتى.

— ئاغىچا خېنىم سىزنى راھىب بىلەن ئولتۇرۇپ تۇرسۇن دەيدۇ، — دېدى شىرىن، — ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا بېرىدىغان كۆمۈشنىڭ يولىنى قىلىۋاتىدۇ، سىز يەنە نېمىشقا يېنىپ كەلدىڭىز؟

— چاپسان بېرىپ خان ئانامغا ئېيت، كۆمۈشكە جوۋەمىسۇن، بۇ قاشتاشنى قايتۇرۇپ بېرىۋەتسەملا بولدى، — دېدى باۋيۈي.

شىرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتتىك باۋيۈينى تۇتۇۋالدى:

— ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ! بۇ قاشتاش سىزنىڭ جېنىڭىز، ئۇ ئەكېتىپ قالسا يەنە ئاغرىپ قالىسىز.

— ئەمدى زادى ئاغرىمايمەن، ئۆزۈممۇ بىر ئىشقا نىيەت قىلدىم. بۇ قاشتاشنى نېمە قىلارمەن؟ — باۋيۈي شۇنداق دەپلا شىرىننى ئىتتىرىۋېتىپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، شىرىن تىتىلداپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي ماڭدى:

— كەينىڭىزگە يېنىڭ، سىزگە بىر ئېغىز گېپىم بار!

— ئەمدى قىلىدىغان گەپمۇ تۈگىدى، — دېدى باۋيۈي ئارقىسىغا قايرىلىپ. شىرىن ھېچنېمىگە قارىماي، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ چاڭىلداپ سۆزلەيتتى:

— ئۆتكەن قېتىم قاشتاش يىتىپ كەتكەندە جېنىمنى ئالغىلى تاس قالغان! ئەمدى ئاران تاپقاندا ئۇ ئەكېتىدىغان بولسا، سىزمۇ ئۆلىسىز، مەنمۇ ئۆلىمەن! مېنى ئۆلسۇن دېمىسىڭىز قاشتاشنى قايتۇرۇپ بېرىڭ! — شىرىن باۋيۈيگە يېتىشىۋېلىپ ئۇنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى. باۋيۈي جىلە بولۇپ:

— ئۆلسەڭمۇ قايتۇرىمەن، ئۆلمىسەڭمۇ قايتۇرىمەن، — دېدى ۋە شىرىننى قاتتىق ئىتتىرىۋېتىپلا، ئۇنىڭدىن ئاجراپ ماڭماقچى بولدى. بىراق، شىرىن ئىككى قولى بىلەن باۋيۈينىڭ

www.uyghurkitap.com

بەلبېغىغا چىلڭ ئېسىلىۋېلىپ زادىلا قويۇپ بەرمىدى، يىغلاپ ـ ۋارقىراپ يەرگە ئولتۇرۇۋالدى.

بۇنى ئاڭلاپ ئىچكىرىدىكى قالغان دېدەكلەر ئالمان ـ تالمان يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ قارىسا، ئىككىسىنىڭ ئەۋزايى يامان. شىرىن ئۇلارغا: «چاپسان بېرىپ ئاغىچا خېنىمغا خەۋەر قىلىڭلار ! باۋيۇي غوجام قاشتاشنى راھىبقا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ !» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. بۇنى ئاڭلاپ چوڭرە قىز ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى. باۋيۇي تېخىمۇ خاپا بولۇپ، شىرىننىڭ قولىنى ئاجرىتىش ئۈچۈن قايرىغىلى تۇردى. ھېلىمۇ ياخشى، شىرىن قولىنىڭ ئاغرىشىغا چىداپ ئۇنى قويۇۋەتمىدى. باۋيۇينىڭ قاشتاشنى خەقىقە بېرىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ھۇجرىسىدا تۇرۇپ ئاڭلاپ قالغان زىجۈەن باشقىلاردىنمۇ بەك بىتاقەت بولۇپ كەتتى ـ دە، نەچچە ۋاقىتتىن باۋيۇيگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا قارىماي ئالمان ـ تالمان يۈگۈرۈپ چىقىپ باۋيۇينى قۇچاقلىۋالدى. باۋيۇي ئەر كىشىلىكىگە ئېلىپ ئۇلارنى كۈچىنىڭ بارىچە سىلكىپ ـ ئىتتىرىپ بېقىۋىدى، ئۇ ئىككىسى ئۆلگۈدەك چاپلىشىۋالغاچقا زادى ئاجرىيالماي، ئاخىر ئۇھ تارتىپ:

— مۇشۇ قاشتاشنى دەپ ئۆلگۈدەك قىلىپ كېتىشىۋاتىسەن ! مۇبادا ئۆزۈملا كەتسەم قانداق قىلىشارسەن؟ — دېدى.

شىرىن بىلەن زىجۈەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. شۇنداق ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باۋچەي يېتىپ كەلدى.

— باۋيۇي ! — دەپ توۋلىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپلا يىغلاپ كېتىپ، — يەنە ساراڭ بولدۇڭمۇ !

ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئەمدى ئۇلاردىن ئاجرىيالمايدىغانلىقىنى بىلگەن باۋيۇي، نائىلاج ھېجىيىپ مۇنداق دېدى:

www.uyghurkitap.com

— خان ئانا، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ھودۇقۇپ كېتەملا؟ بۇلار ھەممىشە شۇنداق، كىچىككىنە ئىشقىمۇ ۋايساپ كېتىشىدۇ. مەن دېمەكچىمەنكى، ئاۋۇ راھىبتا ئادەمگەرچىلىك دېگەن نېمە يوق ئىكەن. ئۇن مىڭ سەر كۈمۈشتىن بىر سەر كەم بولسا بولمايدۇ، دەۋاتىدۇ، شۇڭا ئاچچىقىم كېلىپ يېنىپ كىرگەن، بۇ يالغان قاشتاشنى نېمە قىلاتتۇق دەپ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىۋەتسەك، ئۇ بىزنىڭ بۇ قاشتاشقا خۇشتار ئەمەسلىكىمىزنى كۆرسە، ئاندىن ئىنسابىمىزچە بىزەچە بىرنېمە بەرسەك، شۇنىڭ بىلەن تۈگەيتتى.

— مەن تېخى راستلا بېرىۋېتەمدىكىن دەپتىمەن! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇنداق بولسىغۇ مەيلى. ئەمىسە نېمىشقا بۇلارغا ئۇقتۇرۇپ ئېيتمايسەن؟ يىغلىتىپ، ۋارقىرىتىپ نېمە قىلغىنىڭ؟

— شۇ دېگىنىڭىزچە بولسىغۇ مەيلى، — دېدى باۋچەي، — ناۋادا قاشتاشنى راست بېرىۋېتىدىغان بولسىڭىز، بۇ راھىب غەلىتىرەك تۇرىدۇ، بېرىپلا قويساق يەنە چاتاق سېلىپ ئىشىكىمىزنى تىنچىتمىسا كېلىشمىگەن ئىش بولمامدۇ؟ پۇلنىڭ ئىشىغا كەلسەك، بېشىمدىكى جابدۇقلىرىمنى پۇل قىلىپ بەرسەكمۇ چىقىش قىلىدۇ.

— مەيلى، ھازىرچە شۇنداق قىلىلى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

باۋيۈي بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى.

باۋچەي بېرىپ باۋيۈينىڭ قولىدىن قاشتاشنى ئېلىۋالدى.

— سىز چىقىپ يۈرمەڭ، ئۇنىڭ پۇلىنى ئاغىچا خېنىم ئىككىمىز بېرىۋەتسەك بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

— قاشتاشنى قايتۇرۇپ بەرمىسەكمۇ مەيلى، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر كۆرۈشۈپ قوياي، — دېدى باۋيۈي.

شىرىن بىلەن زىجۈەننىڭ ئۇنى قويۇۋەتكۈسى يوق ئىدى. بۇنىڭغا باۋچەي:

— قويۇپ بېرىڭلار، چىقىۋەرسۇن، — دەپ ھۆكۈم قىلدى.
شېرىن بىلەن زىجۇەن نائىلاج ئۇنى قويۇۋەتتى.
— ھە، ئەمدى بىلدىم، سىلەرگە ئادەم ئەمەس قاشتاش بولسا بولىدىكەن ـ دە! — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — قويۇۋەتتىڭلارمۇ، بولدى، ئۇنىڭ بىلەن كەتتىم، قېنى قاشتاشنى نېمە قىلارسىلەركىن؟!
شېرىن يەنە تىت ـ تىت بولۇپ، ئۇنىڭغا قايتا ئېسىلماقچى بولدى ـ يۇ، بىراق ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باۋچەي تۆپىدە تۇرغاچقا، تولىمۇ يەڭگىلتەكلىك قىلىشتىن ئىزا تارتىپ قالدى، ئاڭغىچە باۋيۇيمۇ كېتىپ قالغانىدى. شېرىن ئالدىراپ چۆرە قىزنى:
— چىقىپ ئۇلارغا ئېيت، باۋيۇي غوجامغا پەخەس بولسۇن، ئۇنىڭ كونا كېسىلى بىر ئاز قوزغىلىپ قالدى، — دەپ گەپ جېكىلەپ، ئۇچىنچى دەرۋازىدىكى بېيىمىڭغا چىقاردى.
ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باۋچەي ھۇجرىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ شېرىندىن بايىقى ئىشنىڭ جەريانىنى سورىدى. شېرىن باۋيۇينىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئېيتىپ بېرىۋىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باۋچەي خاتىرجەم بولالماي، باۋيۇيگە ئوبدان قاراشنى، راھىبنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قۇلاق سېلىشنى كۆپچىلىككە تاپىلاپ ئادەم چىقاردى. بايا چىقىپ كەتكەن چۆرە يېنىپ كىرىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلدى:
— باۋيۇي غوجام راستىلا بىر ئاز ئېلىشىپ قاپتۇ. تالادىكى مۇلازىملارنىڭ دېيىشىچە: ئىچكىرىدىكىلەر قاشتاشنى بەرمىگەندىن كېيىن، باۋيۇي غوجام ئىلاج قىلالماي ئۆزى چىقىپ راھىبقا، مېنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئېلىپ كەتسىڭىز، دەپتۇ.
— بۇ يامان بوپتۇ! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، — ھېلىقى راھىب نېمە دەپتۇ؟
— راھىب، ئادەم كېرەك ئەمەس، قاشتاش كېرەك دەپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى چۆرە.

— كۈمۈش ئالمايدىغان بوپتۇما؟ — دېدى باۋچەي.

— ئۇنداق گەپنى ئاڭلىمىدىم، — دېدى چۆرە قىز، — كېيىن راھىب بىلەن غوجام ئىككىسى گەپلىشىپ، كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ، بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىشىپتۇ، بۇ گەپلەرنى تالادىكى مۇلازىملار ئانچە چۈشەنمەپتۇ.

— كالۋالار! چۈشەنمىسە، دېگەن گەپلىرىنى ئېسىگە سېلىۋالسا بولمامدۇ! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. ئاندىن چۆرە قىزنى بۇيرۇدى، — ئاشۇ مۇلازىمنى چاقىر.

چۆرە قىز ئىلدام چىقىپ كېتىپ مۇلازىمنى چاقىرىپ كىردى، مۇلازىم ئايۋاندا تۇرۇپ، پەنجىرىنىڭ تېشىدىن سالام بەردى.

— راھىب بىلەن باۋيۈينىڭ گەپلىرىنى چۈشىنىشمىگەن بولساڭ، ئەينى گەپلىرىنى يادلىۋېلىشساڭ بولماسمىدى؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— بىز «داخۇاڭ تېغى»، «چىڭگېڭ چوققىسى»، يەنە قانداقتۇر «غايىب ئالەم»، «بۇ دۇنيادىن قول ئۈزمەك» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنىلا ئاڭلىدۇق، — دېدى مۇلازىم بالا جاۋاب بېرىپ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپلەرنى چۈشەنمىدى، باۋچەي ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپ قېتىپلا قالدى، ئاغزى گەپكىمۇ كەلمىدى.

باۋيۈينى ئەكىرىۋېلىش ئۈچۈن ئادەم بۇيرۇي دەپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، باۋيۈي: «بولدى، ئوبدان بولدى!» دېگىنىچە ھىجىيىپ كىرىپ كەلدى. باۋچەي قېتىپ قالغان پېتى تۇراتتى.

— سەن ساراڭ ـ سەۋدايىلاردەك نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— توغرا گەپنى قىلىۋاتسام يەنە ساراڭ دەيدىغۇ! — دېدى باۋيۈي، — مەن بۇ راھىب بىلەن ئىلگىرى تونۇشاتتىم، بۇ قېتىم ئۇ كۈمۈشكە ئەمەس، مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتىكەن. ئۇ كۈمۈش سوراپ كېلەمدۇ؟ ساۋاب تاپقىلى كەلگەن نېمە. شۇڭا، ئوچۇقىنى ئېيتىپ قويۇپ غۇيۇلداپ كېتىپ قالدى. مانا بۇ

ئوبدان بولغىنى ئەمەسمۇ؟
ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چىنپۇتمەي، يەنە پەنجىرىنىڭ تېشىدىكى
ھېلىقى مۇلازىمدىن سورىۋىدى، مۇلازىم يۈگۈرۈپ چىقىپ
دەرۋازىدىكىلەردىن سوراپ كىرىپ مەلۇم قىلدى:
— راھىب راست كېتىپتۇ. كېتىدىغان چاغدا «ئاغىچا
خېنىملار خاتىرجەم بولسۇن، ماڭا كۆمۈش كېرەك ئەمەس»
دەپتۇ، باۋيۈي غوجام ئۇنىڭ يېنىغا پات - پات بېرىپ تۇرسىلا
بولىدىكەن. ئۇ يەنە: «ھەممە ئىش ئۆز نىسىۋىسىگە باقىدۇ،
جەزمەن ئۆز يولى بىلەن بارىدۇ» دەپتۇ.
— ياخشى راھىب ئىكەنغۇ ئۇ! ئۇنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى
سورىۋالدىڭلارمۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.
— دەرۋازىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، — دېدى مۇلازىم، — ئۇ
ئۆزىنىڭ كېلىشىنى بىزنىڭ باۋيۈي غوجامنى بىلىدۇ، دەپتۇ.
— ئۇنىڭ تۇرار جايى زادى نەدىكەن؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ
ئاغىچا خېنىم باۋيۈيدىن.
— ئۇ يەرنى يىراق دېسە يىراق، يېقىن دېسە يېقىن، — دەپ
جاۋاب بەردى باۋيۈي كۈلۈپ قويۇپ.
ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، باۋچەي:
— سەل ھوشىڭىزنى تاپسىڭىزچۇ! ئۇنداق خۇدىڭىزنى
يوقىتىپ يۈرۈۋەرمەڭ! ھازىر بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىم
سىزگىلا كۆيۈنۈۋاتىدۇ، بېگىم تېخى سىزنى نام - شۆھرەت
قازىنىپ مەرتىۋە تاپسۇن دەپ تاپىلاپ كەتكەن، — دېدى.
— مېنىڭ دەۋاتقىنىم نام - شۆھرەت ئەمەسمىكەن؟ — دېدى
باۋيۈي، — «بىر ئوغلى تەركىدۇنيا بولۇپ كەتسە، يەتتە ئەجدادى
جەننەتكە كىرىدۇ» غانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟
گەپ مۇشۇ يەرگە يەتكەندە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلى
بۇزۇلدى.
— خانىدانىمىزنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇ؟ —
دېدى ئۇ، — تۆتىنچى خان قىز ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي

www.uyghurkitap.com

تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىمەن دەۋاتسا، مانا ئەمدى ئۇنىڭغا يەنە بىرسى قوشۇلۇپتۇ. مۇنداق كۈننى كۆرگۈچە ياشاپ نېمە قىلاي!
— ئۇ شۇنداق دەپ ئۈن قويۇپ يىغلاپ كەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، باۋچەي ئۇنىڭغا يېلىنىپ تەسەللى بەردى.
— ئويىنىشىپ بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويسام، چىنىغا ئېلىپ كەتتىلىغۇ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.
— مۇشۇنداق گەپنىمۇ كەلسە ـ كەلمەس قىلىۋېرەمدىكەن؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغىسىنى توختىتىپ.
شۇ پاراڭنىڭ ئۈستىگە دېدەكلەردىن بىرسى كىرىپ:
— جيا ليەن بېگىم قايتىپ كەلدى، رەڭگىرويى ئۆچۈپلا كېتىپتۇ، ئاغىچا خېنىمنى چىقسا، گەپ بار ئىدى، دەيدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چۆچۈپ كەتتى ۋە:
— تارتىنماي كىرىۋەرسۇن، ئىنىسىنىڭ ئاغىچىسىمۇ ئۆزىنىڭ تۇغقىنى، ئۇنىڭدىن قاچمايدۇ، — دېدى. جيا ليەن كىرىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن كۆرۈشۈپ سالام بەردى. باۋچەيمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى.
— باياتىن ئاتامدىن خەت ئالدىم، — دەپ مەلۇم قىلدى جيا ليەن، — كېسەلى ناھايىتى ئېغىر ئىكەن، مېنى دەررۇ يېتىپ كەلسۇن دەپتۇ، كېچىكسەم يۈزىنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن! — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.
— خەتتە نېمە كېسەل دەپتۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.
— باشتا زۇكام تېگىپ جاڭداپ قالغانىكەن، كېيىن كېزىككە ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ھازىر كېسەلى خەتەرلىك ئوخشايدۇ. مەخسۇس بىر ئادەمنى ئەۋەتكەنىكەن، ئۇ كېچە ـ كۈندۈزلەپ مېڭىپ يېتىپ كەپتۇ. كەلگەن ئادەم: «بىر ـ ئىككى كۈنلا كېچىكسىڭىز، دىدار كۆرۈشەلمەيسىز» دەيدۇ. شۇڭا، ئۆزلىرىگە

مەلۇم قىلىپ كىرىشىم، كەمىنە جىيەنلىرىگە دەمال بىرىش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. بىراق، خانىدانلىرغا قارايدىغان ئادەم يوق. جىيا چىياڭ، جىيا يۈنلەر كالۋا بولسىمۇ ھەرھالدا ئوغۇل باللار، سىرتتا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا خەۋەر قىلىشقا يارايدۇ، مىنىڭ ھۇجرامدا باشقا ئىشىمۇ يوق. چيۇتۇڭ بۇ يەردە تۇرغۇسى كەلمەي ھەر كۈنى يىغلاۋېرىپ، ئاخىر ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئادەم چاقىرتىپ قوشۇپ قويدۇم، شۇنىڭ بىلەن پىڭئېرمۇ خاپىچىلىقتىن خېلى ئارام تېپىپ قالدى. چياۋجيېرگە قارايدىغان باشقا ئادەم يوق، دېگەنبىلەن پىڭئېرئۈنچىلا كۆڭلى قارىلاردىن ئەمەس. چياۋجيېرمۇ خېلى ئەقىل ـ ھوشى جايىدا قىز بولدى، شۇنىسى مىجەزى ئانىسىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن تەرسا، ئۆزلىرى ئۇنىڭغا پات ـ پات تەربىيە بېرىپ قويارلا، — شۇنداق دەۋېتىپ كۆزىدىن ياش ئەگىگەندى، ئىلدام بېلىدىكى سىپارى سىلىنغان ھەمىيىنىدىكى قول ياغلىقىنى ئېلىپ كۆزىنى سۈرتتى.

— ئۇنىڭ ئۆز چوڭ ئانىسى تۇرسا، ئۇنى قويۇپ ماڭا ھاۋالە قىلغىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ئۇنداق دېگۈچە مېنى تىرىك تۇرغۇزۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتسىلە، — دېدى جىيا لىيەن ئاستا سۆزلەپ، — باشقا گېپىم يوق، ئىشقىلىپ، جىيەنلىرىگە ئاخىرىغىچە رەھىم قىلىپ قويۇشلىرىنى تىلەيمەن! — ئۇ شۇنداق دەپ تىزلىنىپ ئولتۇردى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭمۇ كۆزىگە ياش كەلدى.

— تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن! — دېدى ئۇ، — بىز ئانا ـ باللاردەك تۇرساق، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ بىر ئىش بار: باللىمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ئالىمادىس ئاتىڭىزغا قازايىقەدەر يېتىپ قېلىپ، ۋاقتىدا كېلەلمەي قالسىڭىز، مۇناسىپ بىرەر يەردىن سۆز ئېيتىپ كېلىپ قالسا، سىزنى ساقلامدۇق يا ئاغىچا خېنىمىڭىز ئىگە بولۇپ جاۋابىنى بېرىۋېتەمدۇ؟

— ھازىر خانىداندا ئاغىچا خېنىملار بولغاندىن كېيىن،

قىزىمغا ھەرقايسىلىرى ئىگە بولۇشسىلا، مېنى ساقلاشمىسىلا، — دېدى جيا لىيەن.

— سىز بارار بولسىڭىز، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بەگ تاغىڭىزغا خەت يېزىپ، ئۆيدە ئادەم قالمىغانلىقىنى، ئاتىڭىزنىڭ كېسىلى قانداق بولغانلىقى نامەلۇم ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىۋېتىڭ، بېگىم ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى بالدۇرراق تۈگىتىپ تېز قايتىپ كەلسۇن.

جيا لىيەن «خوپ» دەپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ مېڭىپ، يەنە كەينىگە ياندى ۋە شۇنداق دېدى:

— خانىدانىمىزدىكى خىزمەتكارلار خانىدانىنىڭ ئىش - كۈشلىرىنىغۇ يېتىشىدۇ، بىراق باغ ئادەمسىز بەكمۇ بوش قالدى. باۋ يۈگمۇ ئۆزىنىڭ بېگى بىلەن كېتىپ قالدى. ھامما خېنىم ئولتۇرۇشلۇق ئۆيلەردىن شۆ كې غوجام ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كۆچۈپ كەتتى. باغدىكى ھۇجرىلارنىڭ ھەممىسى بوش، قارايدىغان ئادەم يوق، ئۆزلىرى پات - پات ئادەم كىرگۈزۈپ قارىتىپ قويارلا. يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانا خانىدانىمىزغا قارايدۇ، مياۋيۈينىڭ نەگە كەتكەنلىكى تېخىچە نامەلۇم، ئۇنىڭ غوجىدارى بولغان راھىبە ئۇ يەردىكى تەئەللۇقلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىپ، خانىداندىن بىرەر كىشىنىڭ باشقۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

— ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلىپ بولالمايۋاتساق، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — تالانىڭ ئىشىغا چولىمىز نەدە؟ بۇ گەپنى تۆتىنچى خان قىز زادى بىلمىسۇن، بىلىپ قالىدىغان بولسا يەنە غەلۋە قىلىپ تەركىدۇنيا بولۇشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ئويلاپ بېقىڭا، بىزنىڭ جەمەتىمىز قانداق جەمەت؟ مۇشۇنداق بىر جەمەتنىڭ بىر ئوبدان قىزى تەركىدۇنيا بولۇپ كەتسە قانداق بولغىنى !

— بۇ گەپنى سىلى دېمىگەن بولسىلا جىيەنلىرى ئېغىز ئاچالمايتتىم، — دېدى جيا لىيەن، — تۆتىنچى سىڭلىمىز



www.uyghurkitap.com

بەربىر شەرقىي قەسىرنىڭ كىشىسى، ئاتا ـ ئانىسىمۇ يوق، يەنە كېلىپ ئۆز ئاكىسى سىرتتا بولۇپ قالدى، يەڭگىسى بىلەنمۇ ئانچە چىقىشالمايدۇ. جىيەنلىرى سىلىگە ئۇنىڭ نەچچە قېتىم ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ شۇنداق نىيەتكە كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن كاجلىشىۋەرسەك، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى راستتىن ئۆلۈۋالسا تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكىنىدىنمۇ يامان ئىش بولىدۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى:

— راستىنى ئېيتسام، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن مەنمۇ چىقالمايمەن، ئۇنىڭغا ئىگىمۇ بولالمايمەن، ئۆزىنىڭ يەڭگىسى بىرنېمە قىلار.

جيا لىيەن يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ ئاندىن يېنىپ چىقتى ۋە خىزمەتكارلارنى چاقىرتىپ ئىشلارنى ئېنىق تاپشۇردى، جيا جېڭغا خەت يېزىۋەتتى، ئاندىن يول جابدۇقىنى قىلدى. پىڭئېر ئۇنىڭغا بىرمۇنچە گەپلەرنى تاپىلىدى. چياۋجيېر بولسا بەكمۇ ئېزىتىراپ چېكەتتى. جيا لىيەن چياۋجيېرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى ۋاڭ رېنغا ھاۋالە قىلماقچى بولۇۋىدى، چياۋجيېر زادى ئۇنىمىدى. تالانىڭ ئىشلىرى جيا يۈن، جيا چياڭلارغا تاپشۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولدى، بىراق ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. نائىلاج ئاتىسىنى ئۇزىتىپ قويۇپ، پىڭئېرنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئېھتىيات بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. فېڭئېر، شياۋ خۇڭلار بولسا فېڭجيېنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن، ئاغرىق ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن چىقىپ كېتىشكەنىدى. پىڭئېر چياۋجيېرگە ھەمراھ قىلىش ھەم ئۇنىڭ خىزمىتىگە سېلىش ئۈچۈن خانداندىن بىرەر دېدەك ئالماقچى بولۇپ ھەممىسىنى بىر قۇر خىيالىغا كەلتۈرۈۋىدى، تۇزۇك بىرسى چىقمىدى. شىلۇەن بىلەن سىجيېر ئىلگىرى جيا ئانا ئامراق قىزلاردىن ئىدى، قېرىشقاندەك

www.uyghurkitap.com

سىجىيېر يېقىندىلا ياتلىق بولۇپ كەتتى، شىلۇەنمۇ لايىق تېپىپتۇ، پات ئارىدا تويى بولماقچى، شۇڭا ئۇ نائىلاج بۇ خىيالىدىن ۋاز كەچتى.

ئەمدى گەپنى جىيا يۈن، جىيا چياڭلاردىن ئاڭلىغايسىز. ئۇلار جىيا لىيەننى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرىپ شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىلەن كۆرۈشتى. بۇ ئىككىيلەن تاشقىرىدا كۇتۇپخانىدا يېتىپ - قوپۇشاتتى. ئۇلار كۈندۈزلىرى خىزمەتكارلار بىلەن ئوينىشىدىغان، گاھىدا ئەل - ئاغىنىلىرىنى يىغىپ قاتارى بەزمە قىلىشىدىغان بولۇۋالدى، ھەتتا قىمارۋازلارنى يىغىپ قىمارمۇ ئوينايتتى. بۇنى ئىچكىرىدىكىلەر نەدىن بىلسۇن؟

بىر كۈنى شىڭ تاغا بىلەن ۋاڭ رېن كېلىپ، جىيا يۈن، جىيا چياڭلارنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قارىشىپ بېرىش نامى بىلەن پات - پات كېلىدىغان، تاشقىرىقى كۇتۇپخانىدا تاۋكا قۇرۇپ قىمار ئوينايدىغان، شاراب ئىچىدىغان بولدى. خانىداننىڭ دۇرۇسراق خىزمەتكارلىرىدىن بىرنەچچىسىنى جىيا جېڭ، بىرنەچچىسىنى جىيا لىيەن ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت لەي دا بىلەن لىن جىشياۋنىڭ ئوغۇل جىيەنلىرىلا قالغانىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ دۆلىتىدە راھەت كۆرۈپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ ياش باللار بىر ئۆيگە باش بولۇپ شۇنىڭ غېمىدە بولۇشنى نەدىن بىلسۇن؟ يەنە كېلىپ ئۇلار ئاتىلىرى ئۆيدە بولمىغاچقا، «نوختىسىز ئات» بولۇپ قالغانىدى. تۆپىلەپ ھېلىقى ئىككى يېڭى غوجايىنىنىڭ ئۆز خاھىشىغا قويۇپ بېرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوينىمايدىغان ئويۇنى، قىلمايدىغان قىلىقى قالمىدى. بۇنىڭ بىلەن رۇڭگو قەسىرى شۇنداق مالىمان بولۇپ كەتتىكى، غوجايىنى بىلەن چاكىرى قايسى، يات بىلەن ئۆزى قايسى، بىلگىلى بولمايدىغانلا بىرنېمە بولدى.

جىيا چياڭ تېخى باۋيۈيىنىمۇ ئۆزلىرىگە تارتماقچىدى، جىيا يۈن

ئۇنى تونۇپ:

— باۋيۈي غوجام بولسا ئامىتى قاچقان ئادەم، ئۇنىڭغا ئېگىشمەيلى. قايسى يىلى مەن ئۇنىڭغا ئوبدان بىر يەردىن لايىق تاپقان، ئاتىسى سىرتتا باجگىر ئىكەن، ئائىلىسىنىڭ بىر نەچچە گۆرۈخانىسى بار ئىكەن، قىزى پەرىزاتتىنمۇ زىيادە چىرايلىق ئىدى. مەن بۇنى ئاتايىتەن ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە يېزىپ ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت سۇنۇپتىمەن، ئۇنىڭ تەلەيسىزلىكىنى كىم بىلىدۇ دەيسەن، — دېدى ۋە ئالدى - كەينىگە بىر قارىۋېتىپ، يەنە داۋام قىلدى، — ئۇ ئاللىقاچان بىزنىڭ باۋچەي خېنىم بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ قاپتىكەن. ئاڭلىغان بولغىيدىڭ، يەنە دەيىۈي خان قىز دېگەن بىرسىمۇ بار ئىدى تېخى، ئىشق سەۋداسى بىلەن ئاغرىپ ئۆلدى، بۇنى كىم بىلمەيدۇ! بۇمۇغۇ مەيلى، ھەركىمگە نىكاھ غايىبقۇ. بىراق، ئۇ ماڭا شۇ ئىش توغرىسىدا خاپا بولۇپ قېلىپ تەتۈر قاراپ يۈردى. ئۇ ھەرقاچان پالانچى بولسا پوكۇنچىنىڭ سايىسىدا جان باقىدۇ دەپ چاغلىدى بولغاي.

بۇ گەپ بىلەن جيا چياڭ ئۇ نىيىتىدىن ياندى. باۋيۈينىڭ راھىب بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنكى ھالىتى بۇ ئىككىسىگە قاراڭغۇ ئىدى، باۋيۈي بۇ دۇنيالىقتىن قول ئۈزمەكچى بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا خىيالىغا كەلگەن ئىشنى قىلىشقا پېتىنالمايتتى، باۋچەي، شىرېنلارغىمۇ ئانچە يېقىنچىلىق قىلمايتتى. چۆرە قىزلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، چېقىشىپ قويسا، ئۇلارغا نەزىرىنىمۇ سالمايتتى، خانىدانىنىڭ ئىشلىرىنىغۇ ئويلاپمۇ قويمايتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، باۋچەيلەر ھەمىشە ئۇنى ئوقۇشقا دالالەت قىلاتتى، ئەمما ئۇ يالغاندىن ئوقۇشقا بېرىلىۋاتقاندەك قىلىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن راھىب ئۆزىنى باشلاپ ئاپارغان ھېلىقى پەرىزاتلار ماكانىنىڭ ئىلاھىي سىرلىرىنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇچراشقانلىكى ئادەمنىڭ جىمىسى چاكىنا ئادەملەر ئىدى. ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشسا، بىرىپ شىچۇن بىلەن پاراڭ سېلىشاتتى.

ئىككىسىنىڭ تىلى بىر يەردىن چىقىپ قالسا، ھېلىقى نىيىتى تېخىمۇ چىڭىيىتتى، جىيا خۇەن، جىيا لەنلەر بىلەن كارى بولۇش دېگەن نەدە دەيسىز؟

جىيا خۇەن ئاتىسىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقى، ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئانچە كارى بولماسلىقىدىن پايدىلىنىپ، جىيا چياڭنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى. سەييۈن پات - پات نەسىھەت قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەكسىچە جىيا خۇەندىن تىل ئاڭلايتتى. يۈيچۇەر بولسا باۋيۈينىڭ تېخىمۇ سەۋدايى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خېلىدىن بېرى ئانىسىغا ئېيتىپ، چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. باۋيۈي بىلەن جىيا خۇەن ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ھەرقايسىسى ئۆز خۇي - پەيلىلىرىنىڭ شورى بىلەن ھەنىۋا كىشىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. يالغۇز جىيا لەنلا ئانىسىنىڭ قېشىدا يۈرۈپ ئوقۇشنى قولدىن بەرمەيۋاتاتتى، ماقالە يازسا مەكتەپكە ئاپىرىپ دەيرۈدىن تەلىم ئېلىپ تۇراتتى. يېقىندىن بېرى دەيرۇ كونا كېسەللى بىلەن يېتىپ قېلىپ، جىيا لەنگە ئۆزى ئىجتىھات قىلىشقا توغرا كەلدى. ئىلگىرىدىن جىمجىت ئۆتۈپ كەلگەن لى ۋەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا سالام بېرىش، باۋچەي بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇشتىن باشقا بىر قەدەممۇ نېرى - بېرى ماڭمايتتى، جىيا لەننى ئوقۇتۇش بىلەنلا بولۇۋاتاتتى. دېمەك، رۇڭگو قەسرىدە ئادەم بولمىسىمۇ، ھەركىم ئۆز كويىدىلا بولۇپ، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئۈستىدىن غوجايىنلىق قىلىشنى خالىمايتتى. شۇ سەۋەبتىن جىيا خۇەن، جىيا چياڭلار بارغانچە قېلىپتىن چىقىپ كەتتى، ھەتتا مال - مۈلۈكلەرنى بىر قېتىم ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم ئوغرىلىقچە رەنىگە قويىدى ۋە ساتتى. جىيا خۇەن بولسا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، جالاپ ئويىنايدىغان، تاۋكادىن چىقمايدىغان بولۇپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى.

بىر كۈنى شىڭ تاغا، ۋاڭ رېن بىرنەچچەيلەن جىيا خاندانىنىڭ تاشقىرىقى كۈتۈپخانىسىدا ئولتۇرۇپ شاراب

ئىچىشتى. ئۇلار تۇرۇپلا قىزىشىپ قالدى ـ دە، بىللە ئولتۇرۇشۇپ بىرىدىغانغا بىرنەچچە ئايالـلارنى چاقىرىپ، ناخشا بىلەن شاراب بەزمىسىنى باشلىۋەتتى.

— ئويۇنۇڭلار تولىمۇ چاكىنا بولۇپ قالدى، — دېدى جيا چياڭ، — مەن هاراق تېپىشمىقى باشلاپ بېرەي.

— بولىدۇ، — دېيىشتى باشقىلار.

— «ئاي بىلەن راۋان پەرلىك جام» تېپىشمىقى ئوينايلى، — دېدى جيا چياڭ، — ئۆزۈمدىن باشلايمەن، «ئاي» دېگەن سۆز كىمگە توغرا كېلىپ قالسا شۇ ئادەم شاراب ئىچىدۇ، شاراب يۈزى ۋە شاراب تېگى ئۈچۈن تېپىشماقلىق بېيىت ئېيتىپ ئۆتىدۇ. يىگىتپېشىغا ھەممىمىز ئىتائەت قىلىمىز، ئىتائەت قىلمىغانلارغا ئۈچ جام پاله قويۇلىدۇ.

ھەممەيلەن ماقۇل بولدى. جيا چياڭ باشلاپ بىر قەدەھ ئىچىۋېتىپ:

— «راۋان بولسا پەرلىك جام مەست بولغۇسى ئاي»، — دېدى.

قاتارىسىغا سانىغاندا جيا خۇەنگە كەلدى.

— شاراب يۈزى ئۈچۈن «دالچىن» دېگەن ئىبارىنى كەلتۈرسەن، — دېدى جيا چياڭ. ئاندىن جيا خۇەن دېدى:

— «ئىمتاسلىقتا نەم بوپتۇ شەبنەمدە دالچىن».

— ئەمدى شاراب تېگىگە نېمە دەيمەن؟

— «خۇش پۇراق» دېگەن سۆزنى قوش، — دېدى جيا چياڭ.

— قىلدى پەرۋاز خۇش پۇراق بۇلۇت ئۈستىدە، — دېدى جيا خۇەن.

— قاملاشمىدى، قاملاشمىدى! — دېدى شىڭ تاغا، — سېنىڭ بىلىدىغىنىڭ تايىنلىقلا تۇرسا، نېمەشكە ئۆزۈڭنى ئەدىب قىلىپ كۆرسىتەتتىڭ؟ كۆڭۈل ئېچىش بولماي، ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىش بولىدىغۇ بۇ! بۇنى قويۇپ چىنەك ئويۇنى ئوينايلى، ئۇتتۇرغىنى ئىچسۇن، ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن،

www.uyghurkitap.com

«ئاچچىقنىڭ ئۇستىگە ئاچچىق» دېگەن مانا شۇ. ناخشا ئېيتالمايدىغىنى قىزىق گەپ قىلىپ بەرسىمۇ بولىدۇ، ئىشقىلىپ، ئولتۇرۇشىمىز قىزىسىلا بولغىنى.

— بولىدۇ، — دېيىشتى ھەممەيلەن. شۇنىڭ بىلەن ئېگىز-پەس تووۇلىشىپ چىنەك ئويۇنىغا چۇشۇشتى. ۋاڭ رېن ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، بىر قەدەھ كۆتۈردى ۋە بىر ناخشا ئېيتىپ بەردى. قالغانلار «يارايدۇ» دېيىشىپ يەنە داۋاملاشتۇرۇشتى. بۇ قېتىم ئۇلپەتلەردىن بىرسى ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، «خېنىم، خېنىم، چىرايلىقىم» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ كەينىدىن شىڭ تاغا ئۇتتۇرۇپ قويدى، ھەممەيلەن ئۇنى ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن دەپ تۇرۇۋالدى.

— ناخشا بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ، — قىزىق گەپ قىلىپ بېرەي.

— ناۋادا كۇلدۇرەلمىسەڭ ئوخشاشلا پالە قويىمىز، — دېدى جيا چياڭ.

شىڭ تاغا بىر قەدەھ كۆتۈرۈۋېتىپ گەپنى باشلىدى:

— ئەمىسە، قۇلاق سېلىڭلار: بىر يېزىدا سىرلىق بىر سىپاھ ئىگەم بۇتخانىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا زېمىن مۇئەككىلى خانىقاسىمۇ بار ئىكەن. ھېلىقى سىرلىق سىپاھ ئىگەم پات-پات زېمىن مۇئەككىلىنى چاقىرتىپ پاراڭ سېلىشىپ تۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىپاھ ئىگەم ئىبادەتخانىسىغا ئوغرى چۈشۈپ، ئوغرىنى تەكشۈرۈپ تېپىش زېمىن مۇئەككىلىگە تاپشۇرۇلۇپتۇ، زېمىن مۇئەككىلى قوپۇپ: «بۇ يۇرتتا ئوغرى يوق ئىدى، مالائىكلىرى ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ قويغان بولسا، ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئوغرىلار كىرىپ بىساتلىرىنى ئوغرىلاپ كەتتىمىكىن» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ سىپاھ ئىگەمنىڭ قۇيقا چىچى تىك تۇرۇپ: «جۆيلۈمە! سەن بولساڭ زېمىن مۇئەككىلى، ئوغرى چۈشسە سەندىن سورىماي كىمدىن سورىغۇلۇق؟ بېرىپ ئوغرىنى تۇتماي تېخى مېنىڭ مالائىكلىرىمنى ئېھتىياتسىزلىق قىپتۇ

دەيسەنغۇ؟» دەپتۇ. «شۇنداقمۇ دەيمىز، — دەپتۇ زىمىن مۇئەككىلى، — تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ چۈشكەن ئورنى ناباب ئىكەن.» بۇنى ئاڭلاپ سىپاھ ئىگەم: «سەن يەر ئورنىنىڭ باب كېلىش - كەلمەسلىكىنى بىلەتتىڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «كەمىنىلىرى شۇ جاينى بىر كۆرۈپ باققان بولسام» دەپتۇ زىمىن مۇئەككىلى. ئاندىن ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ: «غوجام، ئۆزلىرى ئولتۇرغان يەرنىڭ كەينىدە ئىككى قاناتلىق قىزىل ئىشىك بار ئىكەن، جىمى گەپ ئەنە شۇنىڭدا. پېقىرلىرى ئولتۇرغان يەرنىڭ كەينىدە تام بار، شۇڭا ھېچنېمە يىتمەيدۇ. كېيىنچە ئۆزلىرىمۇ ئارقىلىرىغا تام قوپۇرتۇۋالسىلا ئوبدان بولىدۇ» دەپتۇ.

سىپاھ ئىگەم بۇنى ئورۇنلۇق بىلىپ، مالائىكىلىرىگە تام سېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. مالائىكىلەر بولسا ھەسرەت چېكىشىپ: «ھازىر بىزدە بىرەر تال كۆجە، بىرەر تال شام چاغلىق نەرسە بولمىسا، تام سالىدىغانغا خىش، لاي - توپا، ئىشلەيدىغانغا ئادەمنى نەدىن تاپىمىز؟» دېيىشىپتۇ. سىپاھ غوجام بۇنىڭغا ئىلاج قىلالماي، مالائىكىلىرىنى ئامال قىلىشقا بۇيرۇپتىكەن، ھېچقايسىسىنىڭ پەمى يەتمەپتۇ. بىر چاغدا سىپاھ ئىگەمنىڭ ئايىغىدا تۇرغان تاشپاقا سەركەردە ئورنىدىن قوپۇپ: «سىلەرمۇ كارغا كەلمىدىڭلار، بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم بار: قىزىل ئىشىكنى ئېلىۋېتىپ كەچ كىرگەندە بۇ ئىشىكنى مېنىڭ قورسىقىم بىلەن ئەتسەك، تام دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟...» دەپتۇ.

بۇنىڭغا باشقا مالائىكىلەر قوشۇلۇپ: «بۇ ئوبدان بولدى! شۇنداق قىلساق، بۇنىڭغا پۇلمۇ كەتمىگۈدەك ھەم پۇختا بولغۇدەك» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەزىپىنى تاشپاقا سەركەردە زىممىسىگە ئاپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىبادەتخانا ئوغرى - يالغاندىن تىنچىپ قاپتۇ. كىم بىلسۇن، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپلا بۇ ئىبادەتخانىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى يەنە يوقاپتۇ. مالائىكىلەر زېمىن مۇئەككىلىنى چاقىرتىپ،

ئۇنىڭدىن: «تام قوپۇرسا ھېچنېمە يوقالمايدۇ، دەۋاتاتتىڭ، تام تۇرسىمۇ بۈگۈن يەنە يوقىدىغۇ؟» دەپ سوراپتۇ. يەر مۇئەككىلى قوپۇپ: «بۇ تام پۇختا سېلىنماپتۇ» دەپتىكەن، مالائىكىلەر: «ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق!» دېيىشىپتۇ. زېمىن مۇئەككىلى بېرىپ قارىسا، دەرۋەقە بىر ئوبدانلا تام. ئۇ، بۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا چاتاق چىققاندۇ؟ دەپ ئويلاپ، قولى بىلەن سىلاپ كۆرۈپلا، ئارقىدىن: «ھە، مەن تېخى راست تاممىكىن دەپتىمەن، ئەسلىدە يالغان تام① ئىكەن ئەمەسمۇ» دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. جيا چياڭمۇ كۈلۈپ ئۆزىنى توختىتالماي قالدى.

— ۋاي ساراڭەي! — دېدى ئۇ، — مەن سېنى تىللىمىسام، نېمىشقا مېنى تىللايسەن؟ جام كەلتۈرۈڭلار، بۇنىڭغا بىر جام پالە قويىمىز!

شۈەن تاغا بۇنى ئىچىۋېتىپ، بىرئاز كەيپ بولۇپ قالدى، كۆپچىلىكمۇ يەنە بىرنەچچە قەدەھتىن كۆتۈرۈشۈپ مەست بولغىلى تۇردى. شۈەن تاغا ئاچىسىنى، ۋاڭ رېن سىڭلىسىنى ئەسكى دەپ، سېسىق گەپلەر بىلەن ئۇلارنى يامانلاشقا باشلىدى. جيا خۇەنمۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، شارابنىڭ كۈچى بىلەن فېڭجيېنىڭ ئۈستىدىن دادلاپ، بىزگە ئۇنداق قاتتىقلىق قىلغان، بېشىمىزغا مۇنداق دەسسىگەن، دېگىلى تۇردى.

— ئادەم دېگەن قورسىقىنى كەڭ تۇتۇشى كېرەك ئىكەن، — دېيىشتى باشقىلارمۇ، — فېڭجيې خېنىم ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى ھېمايە قىلىپ يامانلىق قىلىۋىدى، نەسلى قۇرۇپ بىر چياۋجيېردىن باشقا پەرزەنت كۆرمىدى، ھەركىم قىلسا، ئۆزىگە قىلىدۇ، دېگەن مانا شۇ ئوخشايدۇ.

جيا يۈنمۇ فېڭجيېنىڭ ئۆزىگە قىلغان يامانلىقىنى ھەم چياۋجيېرنىڭ كىچىك چېغىدا ئۆزىنى كۆرسىلا يىغلاپ

① يالغان تام دېگەن سۆز خەنزۇچە «جياچياڭ» (假墙) دېيىلىدۇ، جيا چياڭنىڭ ئىسمىغا ئاھاڭداش.

كېتىدىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، ئاغزىغا كەلگىنىچە ۋالاقلىغىلى تۇردى.

— شارابىمىزنى ئىچەيلى، خەقنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ نېمە قىلىمىز؟ — دېدى جيا چياڭ.

— چياۋجيېر خان قىز قانچە ياشقا كىردى؟ ھۆسن - جامالى قانداقراق؟ — دېيىشتى ئولتۇرۇشتىكى ئىككى ئايال.

— ئۆزى ناھايىتى كېلىشكەن، — دېدى جيا چياڭ، — يېشىمۇ ئون ئۈچ - ئون تۆتلەردە بار.

— ئىسىت، شۇنداق قىزنىڭ مۇشۇنداق كاتتا ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغىنىنى! — دېدى ئۇ ئاياللار، — ئەگەر ئاددىي ئادەملەرنىڭ قىزى بولغان بولسا، ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكىلىرى مەنسەپدار بولۇپ بېيىپ كېتەر ئىدى.

— قانداق دەيسىلەر؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— ياقا يۇرتلۇق ۋاڭ غوجام دېگەن بىرسى كىچىك خېنىملىقىقا قىز تاللاۋېتىپتىمىش، ئۆزى تولىمۇ رەھىمدىل كىشى ئىكەن. ناۋادا تاپقان قىز دىلىغا يېقىپ قالسا، قىزنىڭ ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكىلىرىدىن تارتىپ جىمىسىنى بىللە ئەكەتكۈدەك، مانا بۇ بەلەن ئىش ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپكە ھېچكىم پىسەنت قىلمىدى، يالغۇز ۋاڭ رېنىنىڭلا كۆڭلىدىن غىل - پال بىرنەرسە كەچكەندەك بولدى - يۇ، يەنە ھارىقىنى ئىچىۋەردى.

شۇ ئارىدا لەي دا بىلەن لىن جىشياۋنىڭ ئوغۇللىرى تالادىن كىرىپ:

— بەگ ئاكىلىرىمىز پەيزى قىلغىلى تۇرۇپتۇغۇ! — دېيىشتى.

— لاۋدا، لاۋسەن، ئەمدى كەلدىڭلارمۇ؟ — دېيىشتى ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، — بىزنى بەك ساقلاتتىڭلار جۇمۇ!

— بۈگۈن ئەتىگەندە، بىزنىڭ خاندانىمىزدا يەنە بىر ۋەقە

چىقىپتۇ، دېگەن بىر ئىغۋانى ئاڭلىغانىدۇق، — دېدى ئۇ ئىككىسى، — شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىمىز پاراكەندە بولۇپ، ئوردىغا كىرىپ ئۇقۇشساق، بىزنىڭ خانىدانىنىڭ ئىشى ئەمەس ئىكەن.

— ئۇنداق بولغاندىكىن ئىش تۈگەپتىكەنغۇ، نېمىشقا ۋاقتىدا كەلمەيسىلەر؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ بىز بىلەن بىرئاز مۇناسىۋىتى چىقىپ قالدى. كىم دېسەڭلار، ھېلىقى جىيا يۈيسۈن بېگىم دېگەن ئادەم ئىكەن. بۈگۈن كىرسەك، پۇتىغا كىشەن سېلىپ قويۇپتۇ، ئەدلىيە يامۇلىغا سوراق قىلغىلى ئاپارماقچى بولۇپ تۇرۇپتىكەن. ئۇنىڭ خانىدانىمىزغا پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگىنىمىز ئۈچۈن، نېمە ئىشكىن دەپ ئارقىسىدىن كىرىپ ئاڭلاپ باقتۇق.

— نېمىلا دېگەنبىلەن لاۋدانىڭ ئەقلى بار، — دېدى جىيا يۈن، — ئەلۋەتتە ئاڭلاپ بېقىش كېرەك ـ دە. ئاۋۋال ئولتۇرۇپ بىر قەدەھ ئوتلىۋېتىپ، ئاندىن گېپىڭنى قىل.

ئىككىيلەن بىردەم تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، شارابتىن ئىچىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— يۈيسۈن بېگىم ئىقتىدارلىق ھەم قىلىمەن دېگىنىنى قىلالايدىغان ئادەم ئىكەن، مەنسىپىمۇ خېلى بار، شۇغىنىسى نەپسانىيەتچى ئوخشايدۇ. شۇ ۋەجىدىن خەق ئۇنىڭ ئۈستىدىن «قول ئاستىدىكىلەردىن پارا ئالدى» دەپ بىرقانچە قېتىم ئەرز يېزىپتۇ. خان ھەزرەتلىرى ئاجايىپ دانىشمەن ھەم شەپقەتلىك ئىكەن، نەپسانىيەتچىلىك قىلغان ياكى پۇقرالارغا زۇلۇم سالغان، كوچىگە ئىشىنىپ ياخشىلارنى بوزەك ئەتكەن ئىشلارنى ئاڭلىسا قاتتىق خاپا بولىدىكەن، شۇڭا ئۇنى تۇتۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. مۇبادا جىنايىتى ئىسپاتلىنىپ چىقىدىغان بولسا ئۇنىڭغا ياخشىلىق يوق، يوق گەپ بولۇپ چىقسا، ئۇ چاغدا ئەرز سۇنغۇچىغىمۇ ئوڭاي چۈشمەيدۇ. مۇشۇ كۈنلەر زەپمۇ ئوبدان چاغ جۇمۇ، ئامىتىڭ كېلىپ مەنسەپدار بولۇۋالساڭ نېمىدېگەن ياخشى!

— ئاتاڭنىڭ ئامىتى بار ئىكەنغۇ، — دېيىشتى ئولتۇرغانلار، — ھازىر بىر ناھىيەگە ئامبال بولدىغۇ، شۇمۇ يەتمەمدۇ تېخى؟

— ئاتام ئامبال بولغىنى بىلەن، قىلغان قىلمىقلىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭمۇ قانداق بولۇشىغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى لەي داننىڭ ئوغلى.

— ئۇنىڭمۇ قولى ئۇزۇنغۇ؟

لەي داننىڭ ئوغلى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، قەدەھنى كۆتۈردى.

— ئوردىدا يەنە نېمە خەۋەرلەرنى ئاڭلىدىڭلار؟ — دېيىشتى ئولتۇرغانلار يەنە.

— باشقا گەپ ئاڭلىمىدۇق، — دېدى ئۇ ئىككىسى، — دېڭىزدا يۈرىدىغان ئوغرى - قاراقچىلاردىن بىرمۇنچىسى قولغا چۈشۈپتۇ، ئۇلارنى ئەدلىيە يامۇلىدا سوراق قىلىۋاتسا كېرەك. سوراقتا يەنە بىرمۇنچە ئوغرى - قاراقچىلار ئاشكارا بوپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى شەھەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ تىگىتىڭلاپ يۈرۈپ، ئېپىنى تاپسىلا خەقنى بۇلايدىكەن. ھازىر مەلۇم بولۇشچە، ئوردا - شىرىپنىڭ قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ ماھىر بەگلىرى خىزمەت كۆرسەتمەك ئۈچۈن كۆچ چىقىرىپ، بارغانلا يېرىدە ئوغرى - قاراقچىلارنى يوق قىلىپ تاشلاپتۇ.

— شەھەردىكىلىرىمۇ بار ئىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپسىلەر، بىزنىڭ خاندانغا چۈشكەن ئوغرىنىڭ يىپ ئۇچى سوراقتا چىققان - چىقمىغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟

— ئۇنى ئاڭلىمىدۇق، ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر ئادەم، شەھەردە ۋەقە تۇغدۇرۇپ، بىر ئايالنى بۇلاپ دېڭىز تەرەپكە ئېلىپ قاچماقچى بوپتىكەن، ئۇ ئايال قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ ئوغرى قوۋۇقتىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، پاششاپ - دورغىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ قولغا چۈشكەن يېرىدىلا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، دېگەندەكرەك بىر گەپنى قىلغان.

— بىزنىڭ يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىدىكى مياۋيۈي دېگەننى خەق بۇلاپ كەتكەنىدىغۇ، شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟

— جەزمەن شۇ! — دېدى جيا خۇەن.

— سەن قانداق بىلىسەن؟ — دېيىشتى ئولتۇرغانلار.

— مياۋيۈي دېگەن ئادەم ئەمەس نەرسە، — دېدى جيا خۇەن، — ئەتىدىن كەچكىچە ئۆزىنى مەن پاك دەپ يۈرگىنى بىلەن، باۋيۈينى كۆرسە گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. ئىككىمىز بىرەر قېتىم ئۇچرىشىپ قالساق، ماڭا قاراپمۇ قويمايدىغان. راست شۇلا بولىدىغان بولسا مۇرادىم ھاسىل بولاتتىغۇ!

— بۇلاپ كېتىلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس تۇرسا، ئاشۇنى شۇ دېگىلى بولامدۇ؟ — دېدى ئولتۇرغانلار.

— شۇنداقلىقى ئازراق ئايان بولغان يېرىمۇ بار، — دېدى جيا خۇەن، — قايسى كۈنى بىرسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى راھىبە مياۋيۈينى بىرسى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇپ چۈش كۆرۈپتىمىش.

— چۈشكىمۇ ئىشىنىپ بولامدۇ! — دېيىشتى كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ.

— چۈش - پۈش دېگەننى قويۇپ، چاپسان غىزا يېگىلى يەڭلار، — دېدى شىڭ تاغا، — بۈگۈن كېچە تازا قانغۇچە ئوينايلى.

بۇ گەپ ھەممەيلەنگە خوپ كېلىپ، غىزادىن كېيىن راسا قىمارغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئاشۇنداق ئويناپ، ئۈچىنچى جىسەك ۋاقتىدىن ئاشقاندا، ئىچكىرىدىن بىرسىنىڭ:

— تۆتىنچى خان قىز چوڭ يەڭگىسى بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ چېچىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئالدىغا كىرىپ باش ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ راھىبە بولۇشىغا ئىجازەت بېرىشنى ھەم ئىبادەتخانىغا ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئىجازەت بېرىلمىسە خېنىملارنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆز ئالدىدا ئۆلۈپ بەرگۈدەك. شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىر قارارغا كېلەلمەي، جيا چياڭ بېگىم بىلەن جيا يۈن بېگىمنى چاقىرتىۋاتىدۇ، ــــ دەپ توۋلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

جيا يۈن بۇنى ئاڭلاپ، بۇ ئۇنىڭ ئۆتكەندە خانىدانغا قاراپ قالغان چاغدا كەلگەن نىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئۇنى نەسىھەت بىلەن بۇ نىيىتىدىن قايتۇرغىلى بولمايدۇ دەپ ئويلاپ، جيا چياڭغا مەسلىھەت سالدى:

ــــ ئاغىچا خېنىم بىزنى چاقىرتقىنى بىلەن بىز بۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايمىز ھەم بۇ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانمۇ ئىش ئەمەس، بىزنىڭ قولىمىزدىن نەسىھەت قىلىشلا كېلىدۇ، نەسىھەت قىلىپ باقىلى، ئۇنىمىسا ئۇلار ئۆزلىرى بىر نېمە قىلسۇن. بىز گەدىنىمىزدىكىنى ساقىت قىلىپ، جيا لىيەن تاغىمىزغا مەسلىھەت قىلىپ بىر پارچە خەت يېزىپ ماڭدۇرۇۋېتەيلى، ــــ ئىككىيلەن مەسلىھەت بىلەن شۇ قارارغا كېلىشىۋالدى، ئاندىن كىرىپ، شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىلەن كۆرۈشتى ۋە خۇپسەنلىك قىلىپ، شىچۈنگە بىردەم نەسىھەت قىلغان بولدى.

شىچۈن بۇ نىيىتىدىن زادىلا يانمىدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ كېتىشكە قويمىسا، تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن خانىداندىن پاكىز بىر ـ ئىككى ئېغىز ئۆي بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. يۈشى جيا يۈن بىلەن جيا چياڭنىڭ بۇ ئىشقا ئىگىدارچىلىق قىلغۇسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھەم شىچۈننىڭ ئۆلۈۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، نائىلاج ئۆز ئويىنى ئېيتتى:

ــــ بۇ ئىشقا مەنلا ئەيىبلىك بولاي، ناھايىتى كەلسە خەق: يەڭگىسى قېيىنسىڭلىسىنى پاتۇرماي، تەركىدۇنيا بولۇشقا مەجبۇر قىپتۇ دەر، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشمۇ بېسىلىپ قالار. سىرتقا چىقىپ ئېيتىمەن دەيدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ھەرگىز بولمايدۇ، خانىداندا تۇرىدىغان بولسا، ئاغىچا خېنىملار تۇرۇپتۇ،

بۇنىڭغا مەن قوشۇلغان بولاي. جيا چياڭ غوجام، سىز جيا جيېن بېگىمىزگە، جيا ليەن تاغىمىزغا خەت يېزىپ ماڭدۇرۇۋېتىڭ.

بۇنىڭغا جيا چياڭلار ماقۇل بولدى. شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ بۇنىڭغا نېمە دېگەنلىكلىرىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز ئون سەككىزىنچى باب

## تاغا بىلەن ئاغىنىنىڭ كىچىككىنە ئاداۋەت تۈپەيلىدىن ئاجىز قىزنى خارلىغانلىقى
## خوتۇن بىلەن توقالنىڭ تېپىشماقتىن چۆچۈپ سەۋدايىغا نەسىھەت قىلغانلىقى

خوش، شىنىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار يۈشىنىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ شىچۈننى ئەمدى رايىدىن ياندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم نائىلاج شۇنداق دېدى:

— خان قىز ساۋابلىق ئىشقا بەل باغلاپتۇ، روھۇل مەھپۇزدە مۇشۇنداق پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ. بۇ ئىشتىن ئۇنى بىزمۇ توسۇپ قالالمايمىز. بىراق، بىزنىڭ مۇنداق خاندانىمىزنىڭ خان قىزىغا زاھىتلىق زادىلا ياراشمايدىغان ئىش ئىدى. بۈگۈن يەڭگەڭ دېدى، بوپتۇ، زاھىتلىق قىلساڭ قىلىۋەر. لېكىن، شۇنى دەپ قويايكى، چېچىڭنى چۈشۈرۈۋەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، ئۆزۈڭنىڭ نىيىتى چىن بولسىلا بولىدى، گەپ چاچتا ئەمەس! ئويلاپ باقىنا، مياۋيۈيمۇ چېچى بىلەنلا زاھىتلىق قىلىۋەرگەنىغۇ. نىيىتى سەل تەۋرەپ قالغانمىكىن، ئۇنىڭ قىسمىتى ئاشۇنداق بولدى. بۇ نىيىتىڭدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان بولساڭ، ئۆزۈڭ تۇرغان ئۆيىنى ئىبتىكاپخانا قىلىپ بېرەيلى. خان قىزنىڭ خىزمىتىدىكىلەرنىڭ جىمىسىنى چاقىرتىپ سوراپ بېقىش كېرەك. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى خالىغانلىرى لايىقىنىڭ، ياتلىق بولۇشنىڭ گېپىنى قىلىشقا بولمايدۇ، بىللە بولۇشنى خالىمىغانلىرى ئۆزىنىڭ باشقا غېمىنى

قىلسۇن.

شىچۇن بۇ گەپ بىلەن كۆز يېشىنى توختىتىپ، شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا، لى ۋەن ھەم يۇشىلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تەزىم قىلدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىنى تۈگىتىپ، سەييىڭ قاتارلىقلاردىن سورىدى:

— قايسىڭلار خان قىز بىلەن زاھىتلىق قىلىشنى خالايسىلەر؟

— خېنىملار كىمنى بۇيرۇسا شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى سەييىڭ ۋە باشقىلار. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇلارنىڭ خالىمىغانلىقىنى پەملەپ، كىمنى قوشۇپ بېرىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى. شىرېن باۋيۈينى قاتتىق يىغلاپ تاشلايدۇ دەپ، ئۇنىڭ كونا كېسىلىنىڭ قوزغاپ قېلىشىدىن پەخەس بولۇپ ئارقىسىدا تۇراتتى، باۋيۈي:

— ئامەت دېگەن شۇ - دە! — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شىرېن تېخىمۇ غەمگە چۈشۈپ قالدى. باۋچەي لام - جىم دېمەي يۈرسىمۇ، ھەر ئىشتا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇراتتى، باۋيۈينىڭ ھوشىنى تاپالماي بىخۇد يۈرگىنى ئۈچۈن يوشۇرۇنچە كۆز يېشىمۇ قىلاتتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دېدەك قىزلاردىن سورىماقچى بولۇپ، ئۇلارنى چاقىرتماقچى بولۇپ تۇراتتى، زىجۈەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى:

— بايا تۆتىنچى خان قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانغا ئاچىلىرىمدىن سۈرۈشتۈرگەندىلە، خېنىم، نەزەرلىرىدە كىم بولاركىن؟

— بۇنىڭغا بىر كىمنى زورلىغىلى بولامدۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — كىم خالىسا شۇ ئۆزى ئېيتسۇن.

— خان قىز زاھىتلىق قىلىشنى ئۆزى خالاپتۇ، بۇ ھەرگىز باشقا ئاچىلىرىمنىڭ رايى ئەمەس، — دېدى زىجۈەن، — مېنىڭ

ئۆزلىرىگە ئېيتىدىغان بىر ئېغىز گېپىم بار، خېنىم. مەن ئاچىلىرىمنى خان قىزدىن ئاجرىتىۋەتمەكچىمۇ ئەمەس، ھەركىمنىڭ ئۆز كۆڭلىگە پۈككىنى بار. مەن بىر مەزگىل دەيىۋي خان قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم، دەيىۋي خان قىزنىڭ مېنى قانداق كۆرىدىغانلىقىمۇ خېنىملارغا مەلۇم، ھەقىقەتەن قەدىر ـ قىممىتىگە يەتكۈسىز، ماڭا تاغدەك زور مېھىر ـ شەپقەت قىلغان، بۇ ياخشىلىقىنى ھەرگىزمۇ ياندۇرۇپ بولالمايمەن. ئۇ جان ئۈزگەندە، مېنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللىلا ئۇ دۇنياغا راۋان بولغۇم كەلدى، بىراق ئۇ قىز بۇ قەسىرنىڭ ئادىمى بولمىغانلىقى، ئۆزۈممۇ ئۆز غوجايىنلىرىمدىن ئىلتىپات كۆرۈۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، كەينىدىن ئۆلۈپ بېرىشكە بولمىدى. ئەمدى تۆتىنچى خان قىز زاھىتلىق يولىغا كىرمەكچى بوپتۇ، ئاغىچا خانلىرىمدىن ئۆتۈنۈپ قالسام، مېنى تۆتىنچى خان قىزنىڭ خىزمىتىگە بۇيرۇپ بەرگەن بولسىلا، ئۇمۇرۋايەت خان قىزنىڭ خىزمىتىدە بولسام، ئاغىچا خانلىرىم ئىجازەت قىلامدىكىن؟ ناۋادا ئىجازەت قىلىشسىلا، مېنىڭ تەلىيىم كەلگەن بولاتتى!

شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار جاۋاب بەرگۈچە، بۇ گەپلەر بىلەن تەڭ باۋيۈينىڭ ئېسىگە دەيىۋي كەلدى ـ دە، بىردىنلا ئىچى سىيرىلىپ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. باشقىلار نېمە بولدى دەپ سورىغۇچە، ئۇ يەنە تۇرۇپلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، ئالدىغا ئۆتۈپ مۇنداق دېدى:

— مەن گەپ قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. بۇ زىجۈەننى خان ئانام مېنىڭ ھۇجرامغا ئىلتىپات قىلىپ بەرگەن بولغاچقا گەپ قىلىشقا پېتىنىۋاتىمەن: بۇنىڭغا ئىجازەت بەرگەن بولسىلا، خان ئانا، مۇرادى ھاسىل بولۇپ قالسۇن.

— سەن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بۇرۇن ھەمشىرىلىرىڭ ياتلىق بولسا يىغلاپ ئۆلۈۋالغۇدەك بولۇپ كېتەتتىڭ، ئەمدى تۆتىنچى سىڭلىڭنىڭ تەركىدۇنيا بولماقچى

دەۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ نەسىھەت قىلماقتا يوق، ساۋابلىق ئىش، دەۋاتىسەن. شۇ تاپتا سېنىڭ غەرىزىڭ نېمىكىنتاڭ، زادىلا ئۇقالمىدىم.

— تۆتىنچى سىڭلىمنىڭ زاھىتلىق قىلىشىغا ئىجازەت بېرىلىپ بولدى، — دېدى باۋيۇي، — تۆتىنچى سىڭلىممۇ چوقۇم بىر نىيەتكە كېلىپ بولغان بولغىيدى؟ شۇ راست بولسا، خان ئانا، ئۆزلىرىگە دەيدىغان بىر ئېغىز گېپىم بار. ناۋادا بۇ سىڭلىم بىر قارارغا كەلمىگەن بولسا، ھەرقىسما گەپلەرنى قىلىپ كاپىشىشقا ھەددىم ئەمەس ئىدى.

— قىزىق گەپ قىلدىڭىزغۇ ئاكا، — دېدى شىچۈن، — قارارغا كەلمىگەن كىشى ئاغىچا خېنىملارنى كۆندۈرەلەمتى؟ مېنىڭ دەيدىغىنىممۇ زىجۇەننىڭ گېپىگە ئوخشاش: ئىجازەت بەرسە، تەلىيىم. بەرمىسە، ئۆلۈممۇ بارغۇ؟ نېمىدىن قورقۇش؟ گېپىڭىز بولسا ئېيتىۋېرىڭ، ئاكا.

— مېنىڭ بۇ گېپىممۇ ھېچقانداق ئاشكارىلاپ قويغانلىق بولمايدۇ، بۇنىڭدىمۇ بىر ئىزنى بار، — دېدى باۋيۇي، — مەن سىلەرگە بىر نەزم ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ بېقىڭلار.

— خەق تازا ئازابلىنىۋاتقان چاغدا، سىز نەزم توقۇپ، كىشىنىڭ چىشىغا تەگمەكچىمۇ! — دېدى كۆپچىلىك.

— نەزم توقۇش ئەمەس، — دېدى باۋيۇي، — مەن بۇنى بىر يەرگە بارغاندا كۆرۈپ كەلگەن، ئاڭلاپ بېقىڭلار.

— خوپ، ئوقۇڭ، ئاغزىڭىزغا كەلگىنىچە توقۇۋەرمەڭ يەنە، — دېدى كۆپچىلىك. باۋيۇي نېرى - بېرىسىنى ئايرىمايلا نەزمنى ئوقۇدى:

سىرى پاش بولدى باھارنىڭ گۈزەل ۋاقتى ئۇزاق بولماس،
سېلىپ گۈلدار چاپاننى شۇئان كىيدى قارا لىباس.
ئىست، كاتتا غوجاملارنىڭ ئاشۇ ئېسىل قىزى ئەمدى،
يېقىپ چىراغ بۇ خىلۋەتتە ياتار بۇتقا قويۇپ ئىخلاس!

— يامان بولدى! بۇنىڭغا يەنە جىن چاپلىشىۋاپتۇ! — دېيىشتى ئەجەبلەنگەن لى ۋەن بىلەن باۋچەي.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇ نەرمىنىڭ بۇنى ئاڭلاپ ئاھ ئۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ سورىدى:

— باۋيۈي، سەن بۇنى زادى نەدىن كۆچۈرۈپ كەلدىڭ؟

— ئۆزلىرىمۇ سورىماي قويسىلا، خان ئانا، — دېدى باۋيۈي ئېيتىشقا ئوڭايسىزلىنىپ، — ئىشقىلىپ، كۆرگەن يېرىم بار.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قايتىلاپ تەمىنى تېتىپ، ئوبدان ئويلىنىپ بېقىپ، تېخىمۇ يىغلاپ كەتتى.

— قايسى كۈنى بۇنى چاقچاق دەۋاتاتتىڭ، — دېدى ئۇ، — تۇرۇپلا بۇ نەزم چىقىپ قالدىغۇ؟ بولدى بىلدىم! سىلەر مېنى نېمە قىلسۇن دېيىشىسەن؟ مېنىڭمۇ ئىلاجىم يوق، نېمە قىلىشساڭ قىلىشىۋەر! بىراق مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلسۇن، شۇ چاغدا ھەممىڭ ئۆزۈڭ بىلگەننى قىلىش!

باۋچەيمۇ نەسىھەت قىلىۋېتىپ، يۈرىكى پىچاق سانجىلغاندەك بولدى ـ دە، ئۆزىنى تۇتالماي ھۆ تارتىپ يىغلاپ كەتتى. شىرېن يىغلاۋېرىپ ئۆلەي دېدى، ھېلىمۇ ياخشى ئۇنى چىيۈۋېن يۆلەپ تۇردى. باۋيۈي بولسا يا يىغلىماي، يا تەسەللى ئېيتماي جىملا تۇراتتى. جيا لەن بىلەن جيا خۇەن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا چىقىپ كېتىشتى.

— ھەرھالدا، — دېدى لى ۋەن سالا ـ سۈلھى قىلىشقا تىرىشىپ، — باۋيۈي ئۇكام تۆتىنچى خان قىزنىڭ زاھىتلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى ئويلاپ بەكمۇ ئېچىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ساراڭدەك گەپ قىلىپ سالدى، بۇنى ھېسابقا ئېلىپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. زىجۈەننىڭ ئىشىغا ئىجازەت بېرىلەمدىكىن؟ ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن بولسا.

— ئىجازەتنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بىر نىيەتكە كېلىپ بولغان ئادەمنى تولغاپمۇ ياندۇرغىلى

بولمايدۇ! بۇنىڭدىمۇ، باۋيۈي دېگەندەك بىر ئىزنى بار!

زىجۈەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ باش ئۇرۇپ كەتتى. شىچۈن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا يەنە بىر قېتىم ھەشقاللا ئېيتتى. زىجۈەن باۋيۈي، باۋچەيلەرگىمۇ باش ئۇردى.

— ئامىتابا! — دەپ دۇرۇت ئوقۇدى باۋيۈي، — ئامەت، ئامەت! سىنىڭ ئاۋۋالراق ھىدايەت تاپىدىغانلىقىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن!

ناھايىتى تەمكىن بولغان باۋچەيمۇ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. شىرېن بولسا تۆردە ئولتۇرغان ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى:

— مەنمۇ تۆتىنچى خان قىز بىلەن زاھىتلىق قىلىشنى خالايمەن! — دېدى ئۇ.

— بۇ نىيىتىڭمۇ ئوبدان، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — لېكىن بۇنداق سائادەتتىن سەن بەھرىمەن بولالمايسەن!

— ئۇنداق بولسا، — دېدى شىرېن يىغلاپ، — ماڭا ئۆلۈم راۋا ئىكەن-دە؟

بۇ گەپ بىلەن باۋيۈي كۆڭلى يېرىم بولغان بولسىمۇ، گېپىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

بەشىنچى جېسەك ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى، باۋيۈي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. لى ۋەن ۋە باشقىلار قايتىپ كېتىشتى. سەيىيۈن قاتارلىقلار ھازىرچە شىچۈننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرۇشتى، كېيىنرەك ئەرگە بېرىۋېتىلدى. زىجۈەن دەسلەپكى نىيىتىدىن قىلچە يانماي، ئۆمۈر بويى شىچۈننىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بولدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

خوش، ئەمدى گەپنى جيا جېڭدىن ئاڭلىغايسىز. ئۇ جيا ئانىنىڭ مېيىتىنى جەنۇبقا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، ئالدىنقى سەپتىن قايتقان ئەسكەرلەر چۈشكەن كېمىلەرگە دۇچ كېلىپ قېلىپ، دەريا يولى قىستاڭچىلىق بولغاچقا، تېزرەك يۈرەلمەي



www.uyghurkitap.com

ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى. بەختىگە، دېڭىز ساھىلىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇلاردىن خەيمىڭ تەرەپلەرنى قوغدىغۇچى مۇراقىپنىڭ ئوردىنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن پايتەختكە قايتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، تەنچۇنمۇ جەزمەن ئائىلىمىزگە قايتىدۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ، بىئاراملىقى سەل بوشاشتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتىنى ئۇقالماي يەنىلا ئىچى پۇشتى. ئۇ يول خىراجىتىنىڭ ئۆكسۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېسابلاپ، نائىلاج لەي شياڭرۇڭغا، ھاجىتىمنى قامداش ئۈچۈن بەش يۈز سەر كۈمۈش ئۆتنە قىلىپ ئالدىمغا ئەۋەتكۈزۈپ بەرگىن، دەپ بىر پارچە خەت يېزىپ ئادەم بۇيرۇدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، جيا جېڭنىڭ كېمىسى ئون نەچچە چاقىرىملا يول باسالىدى. ھېلىقى خىزمەتكار قايتىشىدا يولدا جيا جېڭغا ئۇچراپ، كېمىگە چىقىپ لەي شياڭرۇڭنىڭ مەكتۇپىنى سۇندى. مەكتۇپتا بىرمۇنچە قاقشاپ ئەھۋال ئېيتىپ، ئاران ئەللىك سەر كۈمۈشنى تەييارلىيالىغانلىقى مەلۇم قىلىنغانىدى. جيا جېڭ قاتتىق خاپا بولۇپ، شۇ زامان خىزمەتكارنى بۇيرۇدى:

— دەرھال قايتۇرۇۋەت! ئەۋەتكەن خېتىنى ياندۇرۇۋەت، بولدى، ئۇ جوۋىمايلا قويسۇن.

ھېلىقى خىزمەتكار نائىلاج لەي شياڭرۇڭنىڭ ھوزۇرىغا قايتىپ باردى. لەي شياڭرۇڭ خېتى بىلەن كۈمۈشنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويغانلىقىدىن كۆڭلى بىئارام بولۇپ، يەنە يۈز سەر قوشۇپ، كەلگەن كىشىگە مۇشۇنى ئېلىپ كېتىشىنى ۋە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلدى. كىم بىلىدۇ، ھېلىقى ئادەم بۇنى ئالغۇسى كەلمەي، چۆرۈۋېتىپ كېتىپ قالدى.

لەي شياڭرۇڭ دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قېلىپ، شۇ زامان ئۆيىگە خەت يېزىپ، بۇ ئەھۋالنى ئاتىسىغا مەلۇم قىلدى ۋە ئىلاج قىلىپ ئىجازەت سوراپ، مەنسەپتىن ئۆزىنى ئاجرىتىۋېلىشنى

تاپىلىدى. شۇ ۋەجىدىن لەي دالار دىۋاننىڭ ئىلتىپات قىلىپ خىزمەتتىن ئادا قىلىشىنى تىلەپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا جىيا چياڭ، جىيا يۈنلەرنى قويدى. جىيا چياڭ ئۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىغا ئېنىق كۆزى يەتكەچكە، ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندە يالغاندىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىمىدى، دەپ جاۋاب بېرىۋەتتى. لەي دا ئۆزىمۇ قەسىردىن رۇخسەت سورىدى، سەلتەنەت ھۇزۇرىغىمۇ كېسەل بولۇپ قالدىم دەپ، مەنسەپتىن ئىستېپا بەرسۇن دەپ لەي شياڭرۇڭغا ئادەم بۇيرۇدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىدى.

جىيا يۈن جىيا چياڭنىڭ بۇ يالغان گېپىگە چىنپۇتۇپ، بۇ ئىشتىنمۇ ئۈمىدىنى ئۈزدى. سىرتتا ئۇدا بىرنەچچە كۈن قىمار ئويناپ، يەنە بىرمۇنچە پۇل ئۇتتۇرۇپ قويغانىدى، بۇ پۇلنى تۆلىيەلمەي جىيا خۇەندىن قەرز سورىدى. جىيا خۇەننىڭ بىر تىيىنمۇ پۇلى يوق ئىدى. جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ ئاز ـ تولا يىغقان ـ تۈگكەنلىرىنىمۇ ئۇ ئاللىقاچان تۈگىتىپ بولغان تۇرسا، خەقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالامتى؟ ئۇمۇ فېڭجيېنىڭ قىلغان رەھىمسىزلىكىنى ئەسلەپ، جىيا لىيەننىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، چياۋجيېرغا تۈزاق قۇرۇش بىلەن پۇخادىن چىقماقچى ۋە بۇ قىلتاققا جىيا يۈننى دەسسەتمەكچى بولدى ـ دە، جىيا يۈندىن ئاغرىنغان بولۇپ:

— سىلەر چوپچوڭ تۇرۇپ، پۇل كېلىدىغان تەييار ئىشنى قىلماي، مەندەك پۇلى يوق ئادەمگە مەسلىھەت سېلىۋاتىسىلەرغۇ؟ — دېدى.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، كىچىك تاغا! — دېدى جىيا يۈن، — بىز بىللە ئويناپ، بىللە تاماشا قىلىپ يۈرسەك، نەدە پۇل چىقىدىغان ئىش بولاتتى؟

— قايسى كۈنى بىركىم ياقا يۇرتلۇق ۋاڭ غوجام توقاللىققا بىر قىز سېتىۋالماقچىكەن دەۋاتامتى؟ — دېدى جىيا خۇەن، — نېمىشقا ۋاڭ رېن تاغا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، چياۋجيېرنى



www.uyghurkitap.com

شۇنىڭغا توغرىلىمايسىلەر؟

— تاغا، — دېدى جيا يۈن، — ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرىدىغان بىر گەپنى قىلاي: ياقا يۇرتلۇق ۋاڭ غوجام پۇلغا ئادەم سېتىۋالماقچى بولسا، بىزدەك ئادەم بىلەن ئالاقە قىلامتى؟

جيا خۇەن جيا يۈننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى، جيا يۈن بېشىنى لىڭشىتىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېپىنى كىچىك بالىنىڭ گېپى دەپ سىنەكىمەي تۇراتتى، تۆپىگە ۋاڭ رېن كىرىپ قالدى.

— ئىككىڭلار نېمىلەرنى مەسلىھەت قىلىشىۋاتىسىلەر؟ — دېدى ئۇ، — مەندىن يوشۇرامسىلەر يا؟

جيا يۈن جيا خۇەننىڭ گەپلىرىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ دەپ بەردى.

— بۇغۇ راسا قاملىشىدىغان ئىش، تېخى قولغا پۇلمۇ كىرىدۇ! — دېدى ۋاڭ رېن چاۋاك چېلىپ كېتىپ، — بىراق قولۇڭلاردىن كەلمەسمىكىن، سىلەر شۇنداق قىلىشقا پېتىنىدىغانلا بولساڭلار، مەن ئۆز تاغىسى بولغىنىم ئۈچۈن ھۆددىگە ئالاتتىم. جيا خۇەن غوجا چوڭ ئاغىچا خېنىمغا ئېيتسا، مەنمۇ تۆپىلەپ شىڭ تاغىغا ئېيتسام، ئاغىچا خېنىملار سوراپ قالسا سىلەرمۇ باريكاللا دېيىشىپ بەرسەڭلار بولىدىغۇ.

جيا خۇەنلەر مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ بولۇپ، ۋاڭ رېن شىڭ تاغىنى ئىزدەپ ماڭدى. جيا يۈن شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ يېنىغا كىرىپ، بىرمۇنچە گەپ ياساپ مەلۇم قىلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قۇلاق سېلىشنى سالدى، لېكىن ئىشەنمىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپتىن شىڭ تاغىنىڭمۇ خەۋىرى بارلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە ماقۇل بولۇپ، شىڭ تاغىنى چاقىرتىپ سۈرۈشتۈردى. شىڭ تاغا بولسا بۇ گەپنى ۋاڭ رېندىن ئاڭلاپ بولغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خېلى نەپ تېگىدىغان ئىش بولغاچقا، شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا مۇنداق دېدى:

— ئۇ جۇڭۋاڭ غوجام ئۆزى ئابرۇيلۇق كاتتا كىشى. مۇبادا

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بىلەن قۇدا چۈشۈشىدىغان بولساق، چوڭ خوتۇنلۇقىقا ئەمەس دېگەن تەقدىردىمۇ، ئەزبىرايى، كۆچۈرۈپ ئاپارغاندىن كېيىنلا جيا شې ئاكامنىڭ مەنسىپى ئەسلىگە كېلىدۇ، بۇ يەردىكى نام ـ ئەمەلىمىزمۇ يېڭىباشتىن تۈزۈلىدۇ.

شىڭ ئاغىچا خېنىم دىتى يوق ئايال بولغاچقا، كالۋا تاغىنىڭ يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىگە ئىرىپ كېتىپ، ۋاڭ رېنىنى تەكلىپ قىلدۇرۇپ سورىشۇدى، ئۇ تېخىمۇ ئاشۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ ئاغىچا خېنىم جيا يۈننى سۆزلەشسۇن دەپ ئالدىرىتىپ ئۆزى ئادەم چىقاردى. ۋاڭ رېن بولسا شۇ زامان ئادەم بۇيرۇپ، ياقا يۇرتلۇق ۋاڭنىڭ سارىيىغا خەۋەر قىلدۇردى.

ياقا يۇرتلۇق ۋاڭ ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمەيلا قىزنى كۆرۈپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتمەكچى بولدى. جيا يۈن قىز كۆرگۈچىلەرنىڭمۇ پوستىغا كىرىۋېلىپ:

— بۇ ئىشنى خانىدانىدىكىلەردىن يوشۇرۇپ، ۋاڭ غوجام بىلەن بىز قۇدا چۈشمەكچى، دەپ قويغان. ماقۇل بولۇشقاندىن كېيىن، قىزنىڭ چوڭ ئانىسى ئەگە بولىدۇ، ئۆز تاغىسى كېپىللىك قىلىدۇ، بۇ ئىشنىڭ قورقىدىغان يېرى يوق، — دەپ چۈشەندۈردى. كۆرگىلى بارىدىغان كىشى ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى. جيا يۈن ئاندىن شىڭ ئاغىچا خېنىمغا ئۇچۇرىنى بېرىۋېتىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلدى. لى ۋەن، باۋچەيلەرمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىدىن خەۋەرى بولمىغاچقا، ياخشى ئىش بولغۇدەك دېيىشىپ، خۇش بولۇشتى.

بىر كۈنى راست دېگەندەكلا چىرايلىق ياسانغان خوتۇنلار كەلدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ بىردەم ئەھۋاللاشتى. كەلگەن خوتۇنلارمۇ شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ مەرتىۋىلىك خېنىم ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە بىھۆرمەتلىك قىلالمىدى. ئىش تېخى تايىن تاپمىغاچقا، شىڭ ئاغىچا خېنىم چياۋجيېرگە ئۇقتۇرمايلا، تۇغقانلار كۆرگىلى كەپتۇ دەپ، ئۇنى كۆرۈشكىلى چاقىرتتى. چياۋجيېر دېگەن كىچىك بالا تۇرسا،

نېرى - بېرىسىنى سورۇشتۇرۇپ يۈرەمتى؟ شۇڭا، ئېمىكئانىسى بىلەن كىرىپ كەلدى. پىڭئېرمۇ خاتىرجەم بولالماي سوڭدىشىپلا كىردى. ئوردا ئايالىلىرىدەك جابدۇنغان ئىككى خوتۇن چياۋجيېرنى كۆرۈپ، بېشىدىن ئايىغىغىچە سەپسالدى، ئاندىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، چياۋجيېرنىڭ قولىنى تۇتۇپ يەنە بىر قۇر قاراپ چىقتى ۋە بىر ئاز ئولتۇرۇپلا يېنىپ كېتىشتى. ئۇ خوتۇنلارنىڭ بۇنداق قاراۋېرىشىدىن ئىزا تارتىپ كەتكەن چياۋجيېر ئۆيىگە يېنىپ چىققاندىن كېيىن دىققەت بولۇپ قالدى ۋە مۇنداق تۇغقىنىمىز يوقتىغۇ دەپ ئويلاپ، پىڭئېردىن سورىدى.

پىڭئېرمۇ ئۇلارنىڭ ئەپتىگە قاراپلا تولۇق دېگۇدەك دىتلاپ بولدى: «قىز كۆرگىلى كەلگەنلەر بولسا كېرەك. بىراق، جيا ليەن بېگىم ئۆيدە بولمىغاچقا، چوڭ ئاغىچا خېنىم ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، بۇلار زادى قايسى قەسىردىنكىنتاڭ. ئۆز خىلىمىزدىن بولغان بولسا بۇنداق كۆرۈشۈشكە كەلمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا، خان جەمەتىگە ياتىدىغان ۋاڭلاردىن ئەمەس، ياقا يۇرتلۇق ئۆتكۈنچىلەردىن ئوخشايدۇ. هازىرچە خان قىزغا ئېيتماي تۇراي، ئېنىق ئۇقۇشۇپ بىرنېمە دەي.» پىڭئېر ناهايىتى پەخەسلىك بىلەن ئۇقۇشۇپ كۆردى. ئۇ يەردىكى دېدەك قىزلار، خىزمەتكار خوتۇنلارنىڭ جىمىسى پىڭئېرنىڭ قولىدا ئىشلىگەندى، شۇڭا پىڭئېر سوراپ قويۇشى بىلەنلا تالا - تۈزدە، كوچا - كويدا ئاڭلىغان گەپ - سۆزلىرىنى قويماي ئېيتىپ بەردى، پىڭئېر قورققىنىدىن هاڭۋېقىپلا قالدى. ئۇ چياۋجيېرگە دېمەيلا، ئىلدام بېرىپ لى ۋەن، باۋچەيلەرگە ئېيتىپ، بۇ ئىككىيلەندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئېيتىشنى ئۆتۈندى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇنىڭ قاملاشمىغان ئىش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، شىڭ ئاغىچا خېنىمنى ۋاقىپلاندۇردى. بىراق، شىڭ ئاغىچا خېنىم ئىنىسىنىڭ هەم ۋاڭ رېنىنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى نىيىتى يامانلىق قىلىۋاتىدۇ

دېگەن گۇمان بىلەن مۇنداق دېدى:

— نەۋرە قىزىمىمۇ بويىغا يېتىپ قالدى. ھازىر ئوغلۇم جىيا لىيەن ئۆيدە بولمىغاندىن كېيىن، بۇ ئىشقا مەن ئىگىدارچىلىق قىلالايمەن. يەنە كېلىپ بۇ ئىش ئۇنىڭ شىرەم تاغىسى بىلەن ئۆز تاغىسى ئۇقۇشقان ئىش تۇرسا راست بولماي قالارمۇ؟ نېمە بولسا مەيلى، مەن خالىدىم. مۇبادا ئاخىرى ياخشى بولماي قالسا، مەن بىلەن جىيا لىيەن ئىككىمىز باشقىلاردىن زادى ئاغرىنمايمىز.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە خاپا بولغان بولسىمۇ، بىلىندۇرمەي زورىغا بىرئاز پاراڭلىشىپ يېنىپ چىقتى - دە، باۋچەيگە سۆزلەپ بېرىپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— ئىچىلىرىنى پۇشۇرمىسىلا، خان ئانا، — دېدى باۋيۈي تەسەللى بېرىپ، — بۇ ئىش مېنىڭچە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بۇمۇ ئەزەلدە چياۋجىيېرنىڭ پېشانىسىغا پۈتۈلگەن، كارىلىرى بولمىسۇن.

— ئاغزىڭمۇ ئېچىلىدۇ ساراڭدەك گەپ قىلىسەن! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — خەق پۈتۈشكەن ھامان كۆچۈرۈپ كېتىدىكەن. پىڭئېرنىڭ دېگىنىدەك گەپ بولىدىغان بولسا جىيا لىيەن ئاكاڭ مەندىن ئاغرىنامدۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ جىيەن نەۋرە قىزىمىز تۇگۇل، باشقا ئۇرۇق - تۇغقاننىڭ باللىرىغىمۇ ياخشىلىق تىلىگىنىمىز ئوبدان - دە. شىڭ شيۈيەن قىزغا بىز ئەلچى بولۇپ ئىككىنچى قېيىنئاغاڭغا ئېلىپ بېرىپتۇدۇق، ھازىر ناھايىتى ئەپلىك ئۆتۈۋاتىدۇ، بۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ باۋچىن قىزنى مېي ئائىلىسىگە ياتلىق قىلىپتۇدۇق، ئاڭلىساق، توققۇزى تەل، بەك ئوبدان ئۆتۈۋېتىپتۇ. شى شياڭيۈن خان قىزنىڭ ئىشى كىچىك ئاتىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولغان ئىش ئىدى، باشتا ئوبدان ئۆتتى، مانا ئەمدى كۈيۈ ئوغۇل سىل كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، شياڭيۈن سىڭلىڭ تۇل ئۆتۈپ كېتىشكە ئەقىدە قىپتۇ. بۇمۇ ئازاب - دە. مۇبادا چياۋجىيېرمۇ ناباب جايغا ياتلىق قىلىنىپ قالسا، مەن باغرى تاشلىق قىلغان بولۇپ قالمايمەنمۇ؟

شۇ گەپ ئۈستىگە پىگئېر باۋچەي بىلەن كۆرۈشۈش ھەم شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقۇش ئۈچۈن كىرىپ قالدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قىلغان گەپلىرىنى بىر قۇر دەپ بەردى. پىگئېر ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قىلىپ، بىردىنلا تىزلىنىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا يېلىنىشقا باشلىدى:

— چياۋجيېر ئۆمۈرۋايەت ئۆزلىرىگە تايىنىدۇ، خېنىم! خەقنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قالساق، خان قىزنى ئۆمۈر بويى جاپاغا تۇتۇپ بەرگەن بولىمىز، ئاندىن جيا ليەن بېگىم قايتىپ كەلسە ئۇنىڭغا نېمە دەيمىز؟

— سەن خېلى ئوڭلۇق، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — تۇر ئورنۇڭدىن، گېپىمنى ئاڭلا، چياۋجيېر مىڭ دېگەنبىلەن چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ نەۋرىسى، ئۇ ئىگە بولىمەن دەۋاتسا مەن ئۇنى توسۇيالامتىم؟

— كارايىتى يوق، — دەپ را بەردى باۋيۈي، — بىلىپ قالساڭلار بولدى.

پىگئېر باۋيۈينى سەۋدايىلىق قىلىپ ئاشكارىلاپ قويمىسۇن دەپ گەپ ـ سۆز قىلماي، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ خىيال بىلەن ئىچى پۇشۇپ بىردىنلا يۈرىكى ئاغرىپ كەتتى ـ دە، دېدەكلەرگە تايىنىپ ئۆز ئۆيىگە ئارانلا بېرىپ يېتىۋالدى، «سەل ئۇخلىۋالسام ئوڭلىنىپ كېتىمەن» دەپ، باۋيۈي بىلەن باۋچەيىنمۇ بىللە كىرىشكە قويمىدى. كۆڭلى يەنىلا پەرىشان بولۇپ تۇراتتى. لى خان ئاچىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپمۇ كۇتۇۋالغۇدەك مادارى بولمىدى. شۇ ئارىدا جيا لەن كىرىپ سالام بېرىپ، مۇنداق مەلۇم قىلدى:

— چوڭ دادام ئەۋەتكەن بىر كىشى بوگۇن ئەتىگەن بىر پارچە خەت ئەكەپتىكەن، تاشقىرىدىكى مۇلازىم باللار ئەكىرىپ بەردى. ئانام خەتنى ئېلىپ بۇياققا ئۆتەي دەپ تۇرۇشىغا، چوڭ ئانام

كېلىپ قالدى. شۇڭا، خەتنى خان ئانامغا بەر دەپ مەندىن ئەۋەتتى، سەل تۇرۇپ ئانام ئۆزى كىرىدۇ. چوڭ ئانامنىمۇ كېلىدۇ، دەيدۇ.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ، خەتنى سۇنۇپ بەردى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خەتنى ئېلىۋېتىپ سورىدى:

— چوڭ ئاناڭ نېمىشقا كەپتۇ؟

— مەنمۇ ئۇقمىدىم، — دېدى جيا لەن، — چوڭ ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، كىچىك ئاچامنىڭ قېيىنئانىسىنىڭكىدىن بىرقانداق خەۋەر كەلگەنمىكىن.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆتكەن قېتىم جىن باۋيۈيگە لى چىنى سۆزلىشىپ قويغانلىقى، كېيىن چېيىمۇ ئىچۈرۈلۈپ بولغانلىقى يادىغا كېلىپ، ئەمدى جىن خاندانى تويىنى قىلىپ ئۇنى كۆچۈرۈپ كەتمەكچى بولغان بولسا كېرەك، شۇڭا لى ۋەنىنىڭ ئانىسى شۇ ئىشنىڭ مەسلىھەتىگە كەلگەن چېغى، دېگەن ئوي بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە لېپاپىنى يىرتىپ خەتنى ئالدى، خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

يېقىندىن بېرى يول بويى دېڭىز ساھىلىدىن زەپەر بىلەن قايتقان لەشكەر كېمىلىرى ئۆتۈۋاتقانلىقى ۋەجىدىن تېز ماڭالمىدۇق. تەنچۈن خان قىزنى قېيىنئانىسى ۋە كۈيۈسى بىلەن پايتەختكە كېلىدىكەن دەپ ئاڭلىدىم. بۇ توغرۇلۇق سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار بارمۇ؟ جىيەنىمىز جيا لىيەننىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئاكامنىڭ ساقىسىز بولۇپ قالغانلىقىدىن ۋاقىپلانغانىدىم، بۇ ھەقتىمۇ ئېنىق خەۋەر تاپتىڭلارمۇ؟ باۋيۈي، جيا لەنلەرنىڭ ئىمتىھان مەزگىلى يېقىنلىشىپ قالدى، ھورۇنلۇق قىلماي ئىخلاس بىلەن ئىجتىھات قىلسۇن. ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ جەستىنى يەنە بىرنەچچە كۈن يول ماڭساق يۇرتقا يەتكۈزىمىز. ئۆزۈم تىنچ ـ ئامان كېتىۋاتىمەن، ئەندىشە قىلماڭلار.

بۇ مەكتۇپتىن باۋيۈي ھەممىڭلار ۋاقىپ بولغايسىلەر... ئاينىڭ... كۈنى يېزىلدى. جيا رۇڭ ئايرىم خەت يازىدۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خەتنى ئوقۇپ بولۇپ جيا لەنگە قايتۇرۇپ بېرىپ:

— باۋيۈي تاغاڭغا كۆرسىتىپ بولۇپ ئاناڭغا قايتۇرۇپ بەر، — دېدى. شۇ گەپ ئۈستىگە لى ۋەن لى خان ئاچىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار سالام بېرىپ تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتتى. لى خان ئاچا جېن خاندانىنىڭ لى چىنى كۆرۈپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى بىر قۇر ئېيتتى. بۇلار بىردەم مەسلىھەت قىلىشتى، ئاندىن لى ۋەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىن سورىدى:

— بېگىمدىن كەلگەن خەتنى كۆرگەنلا، خېنىم؟

— كۆردۇم، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

جيا لەن شۇ زامان خەتنى ئاپىسىغا كۆرسەتتى.

— ئۈچىنچى خان قىزنىڭ ياقا يۇرتقا ياتلىق بولغىنىغا خېلى يىللار بولدى، زادى كېلىپ باقمىغانىدى، — دېدى لى ۋەن خەتنى كۆرۈپ بولۇپ، — ئەمدى پايتەختكە قايتىدىغان بوپتۇ، ئۆزلىرىنىڭمۇ خېلى كۆڭلى تىنىدىغان بولدى، خېنىم.

— يۈرىكىم ئاغرىپ تۇراتتى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — تەنچۈن قىزنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بىزە ياخشى بولۇپ قالدىم، بىراق قاچان كېلەركىنتاڭ؟

لى خان ئاچا جيا جېڭنىڭ يول ئۈستىدىكى ئامانلىقىنى سورىدى.

— خەتنى ئاكاڭ كۆردىمۇ؟ — دەپ سورىدى لى ۋەن جيا لەندىن، — ئىمتىھان مەزگىلى يېقىنلىشىپ قالدى، چوڭ داداڭ سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەۋاتقان ئوخشايدۇ. چاپسان ئاپىرىپ ئىككىنچى تاغاڭغا كۆرسەت.

— بۇ ئىككى غوجام رەسمىي تالىپلىققا ئۆتمىگەن تۇرسا، ئىمتىھانغا قانداق قاتنىشالايدۇ؟ — دېدى لى خان ئاچا.

— ئاتىسى غەللە - پاراق نازىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ مېڭىش ئالدىدا، بۇ ئىككى غوجامنى خانلىق مەدرىسە تالىپلىرى دېگەن سالاھىيەتكە ئىنانە يولى بىلەن ئىگە قىلىپ قويغانىدى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. لى خان ئاچا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. جيا

www.uyghurkitap.com

لەن خەتنى كۆتۈرۈپ باۋيۈينىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى.

باۋيۈي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن «كۆز سۈيى»① دېگەن ئەسەرنى سىنچىلاپ ئوقۇۋاتاتتى. باۋچەي ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز قىلماي ھۇزۇرلىنىپ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېنىغا كەلدى. قارىسا، ئاشۇ ئەسەر ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى بەك بىئارام بولۇپ: «بۇ مۇشۇنداق جامائەتتىن ئايرىلىپ تەركىدۇنيا بولۇش دېگەن گەپلەرگە بېرىلىپ، بۇنى دۇرۇس ئىش ئىكەن دەپ قالسا، ئاقىۋىتى ئوبدان بولمايدۇ!» دېگەن خىيالغا چۆمدى. بىراق، ئۇنى بۇ ھالىتىدىن گەپ بىلەن ياندۇرغىلى بولماسلىقىغا كۆزى يېتىپ، يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇرۇۋالدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دېدى باۋيۈي ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا ھەيران قېلىپ.

— مېنىڭچە، — دېدى باۋچەي، — سىز بىلەن مەن ئەر ـ خوتۇن بولغاندىن كېيىن، سىز مېنىڭ ئۆمۈرلۈك يۆلەنچۈكۈم بولىسىز. گەپ ھەرگىز شەخسىي ئىشق ـ ھەۋەستە ئەمەس. شان ـ شەۋكەت، باياشاتلىقنى دېسەك، ئۇ پەقەت «كۆزگە كۆرۈنۈپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان تۇتەك». لېكىن، قەدىمكى ئەۋلىيا ـ دانىشمەنلەر ئادەم ئەخلاقىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن...

باۋيۈي ئاخىرىغىچە ئاڭلىمايلا كىتابنى يېنىغا قويدى ـ دە، ھىجىيىپ مۇنداق دېدى:

— «ئەخلاقنىڭ تېگى ـ تەكتى» دەيسىز، يەنە ئاللىقانداق «قەدىمكى ئەۋلىيا ـ دانىشمەنلەر»نىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز. سىز قەدىمكى ئەۋلىيا ـ دانىشمەنلەرنىڭ: «بوۋاقلىق چېغىدىكى قەلبىدىن مەھرۇم بولماسلىق كېرەك» دېگەنلىكىنى بىلەمسىز كېرەك ئىدىغۇ؟ بوۋاقلىقنىڭ خاسىيىتى نېمە؟ ئۇ نادانلىق، ئاڭسىزلىق، نەپسانىيەتسىزلىك، پەرھىزسىزلىكتىنلا ئىبارەت.

① «كۆز سۈيى» — «جۇاڭزى» دېگەن كىتابتىكى ماقالىلەردىن بىرسى، كۆپىنچە «تەبىئىينى سۈنئىي بىلەن يوقاتماسلىق» دېگەن مەزمۇن بايان قىلىنىدۇ.

بىز بولساق تۇغۇلۇپلا خۇددى مەينەت پاتقاقتا مىلەنگەندەك، نەپسانىيەتچىلىك، خاپىچىلىق، ھاماقەتلىك ۋە ئىشق - مۇھەببەت ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەن تۇرساق، بۇ پانىي دۇنيانىڭ تور - تۇزاقلىرىدىن قانداقمۇ قۇتۇلۇپ چىقالايمىز؟ «جەملىك، تەپەررۇق، ئۆتكۈن، ھايات» دېگەن تۆت سۆزنى مانا ئەمدىلا چۈشىنىۋاتىمەن، بۇنى قەدىمكىلەر ئېيتقان بولسىمۇ، ھېچكىمنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىمىغان. ئادەم ئەخلاقىنىڭ تېگى - تەكتى دېگىنىمىز بىلەن، ئەلمىساقتىكى دەسلەپكى مۇقامىغا كىم بېرىپ بېقىپتۇ؟

— خوش، «بوۋاق بالىنىڭ قەلبى» دېگەن گەپنى دەپ قالدىڭىز، — دېدى باۋچەي، — قەدىمكى ئەۋلىيا - دانىشمەنلەر بوۋاقنىڭ قەلبى جامائەتتىن ئايرىلىپ تەركىدۇنيا بولۇش، ھېچكىم بىلەن كارى بولماسلىقتىن ئىبارەت، دېمىگەن. بوۋاقنىڭ قەلبىنى ساداقەتلىك، ئاتا - ئانىغا ۋاپادارلىقتىن ئىبارەت، دەپ ھېسابلىغان. ياۋ، شۇن، يۈي، تاڭ، جۇۋ، كۇڭزىلارنىڭ قەلبى ھەمىشە خەلققە نىجاتكار ۋە زامانغا مەدەتكار بولۇشلا بولۇپ بولغان، بوۋاقنىڭ قەلبى دېگەنلىك، «باغرى يۇمشاقلىق» دېگەنلا گەپ. مۇبادا سىز بايا ئېيتقىنىڭىزدەك، باغرى قاتتىقلىق قىلىپ ئاتا - بالىلىق مېھرىدىن ۋاز كەچسىڭىز، بۇنى قانداقمۇ يوللۇق ئىش دېگىلى بولار !

— ياۋ - شۇنلەر، چاۋفۇ، شۈيېۆلەرنى زورلىمىغان، ۋۇۋاڭ بىلەن جۇۋگۇڭلار بويى ۋە شۇچىلارنى زورلىمىغان[①] — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ.

— بۇ گېپىڭىز تېخىمۇ قاملاشمىدى، — دېدى باۋچەي ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا، — مۇبادا قەدىمدىن بېرى چاۋفۇ، شۈيېۆ، بويى ۋە شۇچىلارلا ئالىيجاناب بولغان بولسا، نېمىشقا بۈگۈنكى كۈندە خەق ياۋ، شۇن، جۇۋگۇڭ، كۇڭزىلارنىمۇ ئەۋلىيا -

① چاۋفۇ، شۈيېۆ، بويى، شۇچىلار قەدىمكى زامانلاردا ئەڭ پاك، ئالىيجاناب دەپ ئاتالغان ئادەملەر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار مەنسەپ تۇتۇشنى خالىماي، تاغلاردا دەرۋىش بولۇپ ياشىغانمىش. بۇ يەردە ياۋ، شۇنلەر ۋە ۋۇۋاڭ، جۇۋگۇڭلار ئۇلارنى مەنسەپدار بولۇشقا زورلاپ مەجبۇر قىلالمىغان، دېمەكچى بولىدۇ.

دانىشمەن دەپ تەرىپلىنىشىدۇ؟ يەنە كېلىپ ئۆزىڭىزنى بويى، شۇچىلارغا ئوخشاتقىنىڭىز تېخىمۇ كېلىشمىدى. بويى، شۇچىلار يىن ـ شاڭ سۇلالىلىرىنىڭ زاۋال تاپقان زامانىسىدا ياشىغان، بىرمۇنچە مۇشكۇللۇكلىرى بولغان، شۇ ۋەجىدىن باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئۆزلىرىنى قاچۇرغان. ھازىر بولسا دانىشمەن خاننىڭ زامانىسى، بىز ئەجدادىمىزدىن تارتىپ خاننىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە مۇشەررەپ بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ غەنىي ـ دۆلەتمەن ياشاپ كېلىۋاتىمىز. يەنە كېلىپ سىزنى تۇغۇلغىنىڭىزدىن تارتىپ مەرھۇمە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، شۇنىڭدەك بېگىم، ئاغىچا خېنىملار گۆھەردەك ئارزۇلاپ كەلدى. بايا قىلغان گەپلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، دۇرۇسمۇ قانداق؟

باۋيۈي بۇ گەپلەرگە جاۋابمۇ بەرمەي، ئاسمانغا بېقىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئەمدىغۇ گەپتە تۇتۇلۇپ قالغانسىز، — دېدى باۋچەي ئۇنى رايىدىن ياندۇرماق بولۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن پىكىر ـ خىيالىڭىزنى يىغىپ ئوبدانراق ئىجتىھات قىلىڭ، ئىمتىھاندا بىرەر دەرىجىگە ئۆلىشىۋالغاندىن كېيىن توختاپ قالسىڭىزمۇ مەيلى، شۇ چاغدا تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى ھەم ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ ھىممىتىنى يەردە قويمىغان بولىسىز!

— ئىمتىھاندا بىرەر دەرىجىگە ئۆلىشىۋېلىشقۇ ئانچە تەس ئىشمۇ ئەمەس، — دېدى باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ، — شۇنىسى، «شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالسىڭىز»، «تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى، ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ ھىممىتىنى يەردە قويمىغان بولىسىز» دېگەنلىرىڭىزگە كەلسەم، بۇ يەنىلا شۇ كونا مۇقام!

— خېنىم، بايا دەۋاتقان قەدىمكى ئەۋلىيا ـ دانىشمەن دېگەنلەرنى بىزغۇ چۈشەنمەيمىز، — دېدى شىرېن يېقىن كېلىپ باۋچەي جاۋاب بەرگۈچە، — مەن ئۆزىمىزنىلا ئويلاۋاتىمەن، كىچىكىمىزدىن تارتىپ جاپا چېكىپ، شۇنچە پەخەس ـ ھېزى

بولۇپ باۋيۇي غوجامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەپتۇق. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بىز ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك، شۇغىنىسى، باۋيۇي غوجامۇ ھالىمىزغا يەتسە بولاتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە باۋچەي خېنىم ئۆزلىرىنى دەپ چوڭ بېگىمنىڭ، ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا ھەددى - ھېسابسىز ۋاپادارلىق كۆرسەتتى. غوجام، ئەر - خوتۇنلۇق يۈزىنى قىلمىغاندىمۇ، ھېچبولمىغاندا خەقنىڭ كۆڭلىنى ئۈنچىۋالا يەردە قويمىسىلا. ھۆر - پەرىزاتلارغا كەلسەك، ئۇ تېخىمۇ بىمەنە گەپ، ئادەمزات ئارىسىغا كەلگەن ھۆر - پەرىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ نەدىنمۇ كەلدى ھېلىقى راھىب يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ، غوجام شۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ قاپتۇ! غوجام، سىلى ئوقۇغان موللا كىشىغۇ، ئۇنىڭ گەپلىرى چوڭ بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنىڭ گەپلىرىدىنمۇ قىممەتلىكمىدى؟
باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۈن چىقماي بېشىنى سىلىپ تۇردى.
شىرېن يەنە گەپ قىلماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، سىرتتا بىر كىمنىڭ ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولۇپ، پەنجىرە تېشىدىن:
— تاغام ئۆيدىمىكىن؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
باۋيۇي جيا لەننىڭ ئاۋازىنى تونۇدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تەبەسسۇم بىلەن:
— كىرىۋەر، — دېدى. باۋچەيمۇ ئورنىدىن تۇردى. جيا لەن كىرىپ ئوچۇق چىراي بىلەن باۋيۇي، باۋچەيلەرگە سالام بەردى، شىرېندىن تىنچلىق سورىدى، ئاندىن خەتنى باۋيۈيگە سۇندى.
— ئۇچىنچى خان ئاچاڭ قايتىپ كېلەمدىكەن؟ — دېدى باۋيۇي خەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن.
— چوڭ دادام شۇنداق دەپ يازغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە، قايتىپ كېلەر، — دېدى جيا لەن.
باۋيۇي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، كۆڭلىدە بىرنېمىنى ئويلىغاندەك قىلدى - يۇ، ئۈن چىقمىدى.
— كۆرگەنسىز، تاغا، — دەپ سورىدى جيا لەن، — چوڭ

دادام خەتنىڭ ئاخىرىدا بىزنى ئوبدان ئوقۇسۇن دەپ يېزىپتۇ. تاغا، ھەرقاچان مۇشۇ ئارىدا ماقالە يازالمىغانسىز؟

— مەنمۇ نام - شۆھرەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرنەچچە پارچە ماقالە يېزىپ قولۇمنى پىشۇرۇپ تۇرماقچىدىم، — دېدى باۋيوي كۈلۈپ.

— ئۇنداق قىلماقچى بولسىڭىز، — دېدى جيا لەن، — بىرنەچچە تېما تۈزۈپ چىقساق، مەنمۇ سىزگە ئەگىشىپ يېزىپ باقاي، ئىمتىھاندا پايدىسى بولۇپ قالار. ۋاقتى كەلگەندە ئىمتىھان قەغىزىنى ئاق تاپشۇرۇپ، خەقنىڭ مەسخىرىسىگە قالماي يەنە. ئۇ چاغدا خەقلەر مېنىلا مەسخىرە قىلماس، سىزنىمۇ قوشۇپ مەسخىرە قىلار، تاغا.

— سەن ئۈنچىلىك دەرىجىدىمۇ ئەمەس، — دېدى باۋيوي. شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا باۋچەي جيا لەنگە ئولتۇرۇشنى ئەمر قىلدى.

باۋيوي ئاۋۋالقى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى، جيا لەن يېنىچە ئولتۇردى. ئىككىيلەن ماقالە ئۈستىدە بىردەم سۆزلىشىۋىدى، ئىختىيارسىز خۇش بولۇشۇپ چىرايلىرى ئېچىلىپ كەتتى. باۋچەي بۇ ئىككىيلەننىڭ خۇشال - خۇرام سۆزلىشىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى: ھازىرقى تۇرقىدىن قارىغاندا، باۋيوي بەلكىم خۇدىنى تاپقان بولسا كېرەك. بىراق، بايىقى گېپىدە «شۇنىڭدىن كېيىن توختاپ قىلىش» دېگەن سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ ئايرىمچە تەكرارلاپ قويدى، بۇنىڭدا يەنە نېمە گەپ باردۇ؟ باۋچەي دەرگۇمان بولۇپ قالدى. شىرېن بولسا باۋيوينىڭ ماقالە توغرىسىدا بىرلىكتە سۆزلەۋاتقانلىقى ۋە ئىمتىھاننى ئېغىزغا ئالغانلىقىغا قاراپ تېخىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. «ئامىتابا ! خۇددى ‹تۆت كىتاب› نى مۇكالىمە قىلىپ بەرگەندەك چۈشەندۈرۈپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە ئوڭلىنىۋالدۇق بۇ غوجامنى !» دەپ ئويلىدى ئۇ. باۋيوي بىلەن جيا لەن ماقالە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقاندا يىڭئېر چاي دەملەپ كىردى. جيا لەن ئورنىدىن تۇرۇپ چاينى ئالدى، ئىمتىھانغا

قاتنىشىشىنىڭ قائىدىلىرى ئۈستىدە ۋە جىن باۋيۈينى بىللە ئىمتىھان بېرىشكە تەكلىپ قىلغانلىقى توغرىسىدا يەنە بىردەم گەپ قىلدى، باۋيۈيمۇ بۇنى خېلى ياقتۇرغاندەك قىلدى.

بىردەمدىن كېيىن جيا لەن خەتنى باۋيۈيگە قالدۇرۇپ قايتىپ كەتتى. باۋيۈي خەتكە قاراپ ھجايغان پېتى ئۆيگە كىرىپ، خەتنى ئېلىپ قويغىن، دەپ شېيۆگە بېرىپ يېنىپ چىقىپ، «جۇاڭزى» دېگەن كىتابنى يىغىشتۇرۇۋەتتى، ئىلگىرىدىن ئۆزىگە بەك ياقمىغان «ئۈچ تەلىمدىن مۇرەككەپ تەھسىللەر»، «بېشارەتنامە»، «بەش چىراغ مۇكالىملىرى» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلىرىنى شېيۆ، چيۇۋېن، يىڭئېرلەرگە ئاچىقتۇرۇپ بىر چەتكە قويدۇردى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن ھەيران قالغان باۋچەي ئۇنى سىناپ باققۇسى كېلىپ، كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— بۇلارنى ئوقۇماي قويۇشىڭىزغۇ راۋۇرۇس ئىش بولغانىدى، ئەمدى نېمىشقا يايدۇرۇۋەتتىڭىز؟

— مانا ئەمدىلا چۈشىنىۋاتىمەن، — دېدى باۋيۈي، — بۇ كىتابلار ھېچنېمىگە يارىمايدىكەن. ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتسەم، پاك - پاكىز قۇتۇلىشاتتىم!

بۇ گەپتىن باۋچەي قالتىس خۇش بولۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا باۋيۈي مۇڭلۇق نەزمىنى پىچىرلاپ ئوقۇدى:

سۇترا كالامىدا يوقتۇر بۇددا جەۋھەرنامىسى،
سىمىيادىن ئۆزگە باردۇر ئەۋلىيالىق كېمىسى.

باۋچەي تازا ئېنىق ئاڭلىيالمىدى، پەقەت «بۇددا جەۋھەرنامىسى»، «ئەۋلىيا كېمىسى» دېگەن ئىبارىلەرنىلا ئاڭلاپ، كۆڭلىگە يەنە گۇمان چۈشتى - يۇ، ھازىرچە گەپ قىلماي، ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقماقچى بولدى. باۋيۈي شېيۆ، چيۇۋېنلەرنى جورۇپ، بىر ئېغىز ئېتىكاپخانا راسلاتتى، مەشھۇر ئەندىزچى ئەدىبلەرنىڭ ماقالىلىرى ۋە خاننىڭ ئەمرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

يېزىلغان شېئىر ـ نەزمىلەرنىڭ جىمىسىنى تاپتۇرۇپ، ئېتىكاپخانىغا قويدۇردى. ئۆزى بولسا راستىلا جىمجىت ئولتۇرۇپ ئىجتىھات بىلەن ئوقۇشقا چۈشتى. باۋچەي شۇنىڭدىن كېيىنلا خاتىرجەم بولدى.

شىرىن شۇ تاپتا ھەقىقەتەن بۇ چاغقىچە ئاڭلاپ باقمىغان، كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئەھۋالدىن خۇش بولۇپ، باۋچەيگە كۇسۇرلىدى:

ــ قانداقلا قىلغان بىلەن، خېنىم، يەنىلا سىلىنىڭ گەپلىرى ئۆتىدىكەن! بىر قۇر دەۋەت قىلىش بىلەنلا غوجامنىڭ ئەقلى قايتىدىن ئېچىلدى. شۇغىنىسى، سەل كېچىكتى، ئىمتىھان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى ـ دە!

ــ نام ـ شۆھرەت دېگەننىڭ پېشانىغا پۈتۈلگەن نېسىۋىسى بولىدۇ، ــ دېدى باۋچەي بېشىنى لىڭشىتىپ تەبەسسۇم بىلەن، ــ ئۇنىڭغا ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىك ئوقۇشقا ئىجتىھات قىلىشىنىڭ بالدۇر ـ كېيىن بولغىنىغا باغلىق ئەمەس. مۇشۇنىڭدىن باشلاپ ئىخلاس بىلەن ھىدايەت تاپسا، بالدۇرقىدەك ئېسىر چاپلىشىپ پېشكەللىك باسىدىغان ئەھۋاللار مەڭگۇ تەكرارلانمىسىلا بولاتتىغۇ! ــ گېپى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئۆيگە سەپسالدى، ئۆيدە باشقا ئادەم بولمىغاندىن كېيىن پىچىرلاپ داۋاملاشتۇردى، ــ خۇدىنى تاپقىنىغۇ تولا ئوبدان بولدى. بىراق، كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قېلىپ، قىز باللار بىلەن ھەپىلەشكىلى تۇرمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

ــ بۇ دېگەنلىرىمۇ راست، خېنىم، ــ دېدى شىرىن، ــ غوجام راھىبقا ئىشىنىپ قالغاندىن تارتىپ بۇ ھەمشىرىلەرگە يېقىنچە قارايدىغان بولۇپ قالغان. ئەمدى راھىبقا ئىشەنمەي قويسا، راستىلا كىشىنى ئەنسىرىتىپ، شۇ چاغدىكى كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالمىسا بولاتتى. مېنىڭچە، بالدۇر سىلى بىلەن مېنى غوجام سىنەكەپ كەتمەيتتى. زىچۇەن بولسا كەتتى، ھازىر

قىزلاردىن تۆتىلا قالدى. بۇلاردىن ۋۇئېر سەل شېتىلىرەك قىز. ئاڭلىسام، ئانىسى ئۇنى ئاچچىقىپ ئەرگە بەرمەكچىدىم دەپ، چوڭ كېلىن ئاغىچىدىن ھەم ئۆزلىرىدىن سورانغان ئوخشايدۇ. بىراق، نەچچە كۈندىن بۇيان تېخىچە مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ. شېيۆ، چيۈۋېنلاردىغۇ باشقا ئىش يوق. قايسى يىللىرى غوجام ئۇلار بىلەنمۇ كەپسىزلىك قىلىشاتتى. ھېسابتا غوجامنىڭ ھازىر يىگىئېر بىلەنلا ئانچە كارى يوق، يەنە كېلىپ يىگىئېرمۇ ئېغىر - بېسىق. مېنىڭچە، چاي سۇنۇپ بېرىش، سۇ ئەكىرىش ئىشلىرىغا يىگىئېرنىلا بۇيرۇساق، چۆرە قىزلارنى كەينىگە سېلىپ شۇلا كۈتىسىمۇ يېتىشىدۇ. بۇ گېپىم پەسەنتلىرىگە توغرا كېلەرمىكىن، خېنىم؟

— مەنمۇ شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتاتتىم، — دېدى باۋچەي، — سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلساقمۇ بولىدۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۈتۈش ئىشىغا چۆرە قىزلارغا قوشۇپ يىگىئېرنى بۇيرۇيدىغان بولدى.

باۋيۈي ئۆيدىن بوسۇغا ئاتلاپ چىقىپمۇ باقمايتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىكى، ئۇنىڭ تەسكىن تاپقانلىق كەيپىياتىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايتتى.

سەككىزىنچى ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى كېلىپ قالدى، بۇ كۈن جيا ئانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. باۋيۈي سەھەردە بۇ يانغا ئۆتۈپ باش ئۇرۇپ، قايتىپ بېرىپلا ئېتىكاپخانىغا كىرىپ كەتتى. غىزادىن كېيىن باۋچەي، شىرېنلار ۋە باشقا جىمى ھەمشىرىلەر شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىلەن تۆر ئۆيدە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشتى. باۋيۈي بولسا ئېتىكاپخانىدا تەۋەججۇھ قىلىپ ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز يىگىئېر بىر تەخسە مېۋە كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— ئاغىچا خېنىم بېگىمنى يېسۇن دەپ كىرگۈزۈپتۇ، بۇ

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كېشىسى① ئىكەن، — دېدى.

باۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇپ خوش دەپ قويۇپ يەنە جايىغا ئولتۇردى.

— ئاۋۇ يەرگە قويۇپ قوي، — دېدى ئۇ.

— ئاغىچا خېنىملار سىلىنى ماختىشىۋاتىدۇ، — دېدى يىڭئېر باۋيۈيگە ئالمىنى قويۇۋېتىپ ئاستا سۆزلەپ. باۋيۈي كۈلۈپلا قويدى.

— ئاغىچا خېنىمنىڭ گېپىچە، — دېدى يىڭئېر يەنە، — سىلى مۇشۇنداق ئىجتىھات بىلەن ئوقۇپ ئەتە - ئۆگۈن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قالسىلا، كېلەر يىلى جىنشىلىققا ئۆتۈپ، مەنسەپ تۇتسىلا، بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنىڭ سىلىدىن كۈتكەن ئۈمىدىمۇ بىكار كەتمىگۈدەك!

باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

قايسى يىلى باۋيۈيگە تور توقۇپ بەرگەن چاغدا باۋيۈينىڭ قىلغان گېپى تۇرۇپلا يىڭئېرنىڭ يادىغا كېچىپ مۇنداق دېدى:

— غوجام، راستلا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قالسىلىزە، كېلىن ئاغىچىمىزنىڭ ئامىتى كېلەتتى جۇمۇ! قايسى يىلى باغدا ماڭا ھەپىرەڭ گۈل نۇسخىسىدا تور توقۇتقان چاغدا خان ئاچىمىزنى، كېيىنكى كۈنلەردە قايسى تەلىيى بار ئادەمنىڭ ئۆيىگە سىڭىمىمۇ بىللە ئېلىپ كېتەركىن، دېگەنلىرى ئەسلىرىدە باردۇ؟ مانا ئەمدى شۇ تەلىيى بار كىشى ئۆزلىرى بولدىلا.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە باۋيۈي سەل كەيپى قوزغالغاندەك بولدى - يۇ، دەرھال ئەس - ھوشىنى يىغىۋېلىپ، تەبەسسۇم ئارىلاش مۇنداق دېدى:

— سېنىڭ گېپىڭچە، مەن تەلەيلىك ئىكەنمەن، خان قىزىڭلارمۇ تەلەيلىك ئىكەن، خوش، سەنچۇ؟

يىڭئېر ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە زورىغا كۈلۈپ:

---

① كېشى — مانجۇ تىلىدا ئەسلىدە «بەخت»، «ئىلتىپات» دېگەن سۆز، بۇ يەردە نەزىر - چىراغقا ئاتالغان تەۋەررۇك يېمەكلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

— بىز ئۆمۈرۋايەت دېدەك بولۇپ ئۆتىدىغان تۇرساق، بىزدە تەلەي نېمە ئىش قىلسۇن؟ — دېدى.
— دەرۋەقە، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — ئۆمۈرۋايەت دېدەك بولالىساڭغۇ، بۇنداق تەلەي بىزنىڭكىدىنمۇ چوڭ بولاتتى!
بۇ گەپ يىڭئېرغا گويا مەجنۇننىڭ گېپىدەكلا ئاڭلىنىپ، باۋيۈينىڭ كونا كېسىلىنى قوزغاپ قويمىغاندىمەن، دەپ ئەنسىرەپ چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋىدى، باۋيۈي كۈلۈپ:
— ھەي ئەخمەق قىز، مەن ساڭا ئېيتاي! — دەپ قالدى.
باۋيۈينىڭ يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر يۈز ئون توققۇزىنچى باب

## باۋيۈي تۈنجى ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتكەندىن كېيىن دۇنيانى تەرك ئەتكەنلىكى
## خاننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن جيا خاندانى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دۆلىتىنى داۋام ئەتكۈزگەنلىكى

شۈنداق قىلىپ، يىڭئېر باۋيۈينىڭ دەۋاتقان گەپلىرىنىڭ باش ـ ئايىغىنى ئۇقالماي چىقىپ كەتكىلى تۇرغاندا، باۋيۈي يەنە گەپ قىلىپ قالدى:

— ئەخمەق قىز، مەن ساڭا دەپ قوياي، خان قىزنىڭ تەلىيى بولسا، سەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقاندىن كېيىن سېنىڭمۇ تەلىيىڭ بولىدۇ. شىرىن ئاچاڭنىڭ تايىنى يوق. بۇنىڭدىن كېيىن كۆڭۈل قويۇپ خان قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋەر. كېيىن پايدىسى بولۇپ قالار، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئەجرىڭ بىكارمۇ كەتمەس!

يىڭئېرغا باشتا خېلى ئوڭ گەپ قىلىۋاتقاندەك ئاڭلانغانىدى، ئاخىرى بىزە قاملاشمىغاندەك بىلىنىپ:

— ئۇقتۇم، خان قىز مېنى ساقلاپ قالغان. غوجام، مېۋە يېگۈلىرى كەلسە چۆرە قىز ئارقىلىق مېنى قىچقارتالا، — دېدى. باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. يىڭئېر چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن باۋچەي بىلەن شىرىن قايتىپ كېلىپ، ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

خوش، ئەمدى ئىشتىنىڭلاركى، ئىمتىھان ۋاقتىغا بىرنەچچە كۈنلا قالغانىدى. باشقىلار بۇ چوڭ ـ كىچىك ئىككى غوجىنى ماقالىنى ئوبدان يېزىپ، ئىمتىھاندىن ئالدىنقى قاتاردا ئۆتسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىشاتتى، باۋچەيگە بولسا، باۋيۈي دەرستە ياخشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋزايىدىن بىلەر ـ بىلمەسلىكىنىڭ ئارىلىقىدا باشقىچە بىر خىل سۆرۈنلۈك باردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ باۋيۈينىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغانلىقىنى پەملىدى. ئۇ تاغا بىلەن جىيەن ئىككىسى ئىمتىھانغا تۈنجى قېتىم بارىدىغان بولغاچقا، ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ كۆپلۈكىدىن قىستاڭچىلىقتا بىرەر ھادىسە يۈز بېرىپ قالمىغىدى دەپ ئەنسىرەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، باۋيۈينىڭ ھېلىقى راھىب كەتكەندىن بېرى زادىلا تالا ـ تۈزگە چىقماس بولۇپ، ئىجتىھات بىلەن ئوقۇۋاتقانلىقىدىن خۇش بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھەددىدىن زىيادە تېز ھەم بەكمۇ ياخشى تۈزلىپ كەتكەچكە، ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمەي، بۇنىڭدىمۇ بىرەر سىر بولمىسا بولاتتى، دەپ ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا، ئىمتىھانغا كىرىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى شىرېن ئارقىلىق چۆرىلەر بىلەن سۈيۈن قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىپ بۇ ئىككى غوجىنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى ئوبدان ھازىرلاتقۇزدى، ئۆزىمۇ تۆپىلەپ بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەخمۇتەخ قىلدۇرۇپ قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى كېلىپ لى ۋەن بىلەن بىرلىكتە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ، ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ قىستاڭچىلىقىدا سوقۇلۇپ كېتىپ قالمىسۇن دەپ، خانىداندىكى ئۆزىنى توختاتقان غوجىدارلاردىن تاللاپ بىرنەچچە كىشىنى ئارتۇقراق تەيىنلەپ قويدى.

ئەتىسى باۋيۈي بىلەن جيا لەن ئىمكەشرەك كىيىملىرىنى كىيىشىپ، خۇشال ھالدا بۇياققا ئۆتۈپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن كۆرۈشتى.

— سىلەر ئىككىڭلار، — دەپ تاپىلىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — تۇنجى قېتىم ئىمتىھان بېرىشكە كېتىۋاتىسىلەر، مۇشۇ

www.uyghurkitap.com

بويۇڭلارغا يەتكۈچە مەندىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىغان، مېنىڭ يېنىمدا بولمىغان چاغلىرىڭلاردىمۇ ئەتراپىڭلاردىن دېدەكلەر، كېلىنلەر نېرى بولمايتتى، بىرەر كېچىمۇ يالغۇز ياتقان ۋاقتىڭلار يوقمۇ؟ ھازىر ئۆزۈڭلارلا يېگانە ـ يالغۇز كېتىۋاتىسىلەر. قارىساڭلار، يېنىڭلاردا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بولمىغاندىن كېيىن يالغۇزسىراپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار! ئىمتىھاندا ماقالىنى بالدۇرراق يېزىپ بولۇپ، چىقىپلا خىزمەتكارلارنى تېپىڭلار، بالدۇرراق قايتىپ كېلىپ ئاناڭلارنىمۇ، كېلىنلەرنىمۇ خاتىرجەم قىلىڭلار، — ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شۇنداق دەۋېتىپ ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلدى.

جيا لەن ھەربىر ئېغىز گەپكە «خوش» دەپ تۇردى. باۋيۈي بولسا زۇۋان سۈرمەي تۇرۇپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سۆزىنى تۈگەتكەندە، ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى ۋە كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ ئۈچ مەرتەم باش ئۇردى:

— ئانا، — دېدى ئۇ، — مېنى تۇغۇپ چوڭ قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن لايىقىدا جاۋابمۇ قايتۇرالمىدىم. مۇشۇ ئىمتىھاندا كۆڭۈل قويۇپ يارامىلىق ماقالە يېزىپ ئوبدان ئۆتۈپ جۈيرېنلىككە ئېرىشىپ چىقسام، شۇ چاغدا ئۆزلىرىنى خۇش قىلارمەن، كەمىنە پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك قەرزىمۇ ئادا بولار، ھاياتىمدىكى ناچار يەرلىرىمۇ يېپىلىپ كېتەر.

— شۇنداق نىيىتىڭ بولسا، ئەلۋەتتە ياخشى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، — ئەپسۇسكى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سېنى كۆرەلمەي كەتتى ـ دە! — ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ يىغلاپ تۇرۇپ باۋيۈينى ئالدىغا تارتتى. باۋيۈي بولسا تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى.

— ئۇلۇغ ئانام كۆرسۇن، مەيلى كۆرمىسۇن، ھەرھالدا بىلىدۇ، خۇش بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — بىلگەندىكىن، خۇش بولغاندىكىن، كۆرمىسىمۇ كۆرگەنگە ئوخشاش. ئۇنىڭ تېنى

بىزدىن جۇدا بولغىنى بىلەن روھى جۇدا بولغىنى يوق.

لى ۋەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئۇنىڭ شۇنچىزە بولۇپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ، بىرىنچىدىن، باۋيۈينىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئىككىنچىدىن، بۇ ئەھۋالنى ئانچە ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس دەپ ئويلاپ، ئىلدام ئالدىغا ئۆتۈپ:

— ئاغىچا خېنىم، بۇ تازا خۇشاللىق ئىش تۇرسا، نېمىشقا مۇنداق كۆڭۈللىرىنى بۇزىلا؟ يەنە كېلىپ باۋيۈي ئۇكام يېقىندىن بېرى ياخشى ـ يامانلىنى خېلى ئايرىپ، ناھايىتى ۋاپادار بولۇپ قالدى، ئوقۇشقىمۇ ئىجتىھات قىلىۋاتىدۇ. جىيەنىنى باشلاپ بېرىپ، ماقالىنى ئوبدان يېزىپ بېرىپ بالدۇرراق يېنىپ كەلسە، ئاندىن قايتا يېزىپ ئۆزىمىزنىڭ قەدىناس موللىلىرىمىزغا كۆرسىتىپ، خۇش خەۋەر كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرسىلا بولىدى، — دېدى ۋە باۋيۈينى يۆلەتكۈزۈپ تۇرغۇزدى. باۋيۈي بۇرىلىپ لى ۋەنگە تەزىم بېرىپ مۇنداق دېدى:

— خاتىرجەم بولسىلا، يەڭگە! جىيەنىم بىلەن ئىككىمىز ئىمتىھاندىن جەزمەن ئۆتىمىز. كېيىنكى كۈندە جيا لەن تېخى يارامىلىق كاتتا ئادەم بولىدۇ، ئۆزلىرى تاج ـ يېپىنچا كىيىدىلا تېخى.

— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ، — شۇنداق بولسىغۇ... — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ قويماي دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— مېنىڭ بۇ جىيەنىم ياخشى ئوغۇل بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ سالغان ئۇلىنى داۋام ئەتتۈرەلىسىلا، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — ئاكام ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمىسىمۇ ئۇنىڭ مۇرادى ھاسىل بولىدۇ.

لى ۋەن خېلى ۋاق بولۇپ قالغىنىغا قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋەرگۈسى كەلمەي، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا بولدى

قىلدى.

شۇ تۇرقىدا باۋچەي ھېلىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ قېتىپلا قالغانىدى. باۋيۈيىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرلا شۇم گەپلەر بولۇپلا قالماستىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن لى ۋەنىنىڭ قىلغان ھەربىر ئېغىز گېپىمۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس ئىدى. بىراق، باۋچەي چىڭىغا ئېلىشقا پېتىنالماي كۆز يېشى قىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇپ لام ـ جىم دېمەي تۇراتتى. باۋيۈي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم بەردى. باشقىلار ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىدىن نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئۇقالمايتتى، يا زاڭلىق قىلىپ كۆلۈۋېتىشكە پېتىنالمايتتى. شۇ ئەسنادا باۋچەينىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش كەتتى، كۆپچىلىك بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئەجەبلەندى، يەنە كېلىپ باۋيۈي مۇنداق دېدى:

— ئاچا، مەن كېتىدىغان بولدۇم. سىز خان ئانامنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىپ، مەندىن خۇش خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇڭ!

— ۋاق بولۇپ كەتتى، — دېدى باۋچەي، — بۇنداق يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— زەپمۇ سۆيلەپ كەتتىڭىز مېنى، مېڭىش ۋاقتى بولغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلىمەن! — دېدى باۋيۈي. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ كۆپچىلىككە قارىدى. ئۇلار ئارىسىدا شىچۈن بىلەن زىجۈەنلا يوق ئىدى.

— تۆتىنچى سىڭلىم بىلەن زىجۈەن ئاچامغا ئېيتىپ قويۇڭلار، ئۇ ئىككىسى بىلەن ھامان كۆرۈشىمەن، — دېدى. ئۇنىڭ گەپلىرى كۆپچىلىككە بىر ھېسابتا ئورۇنلۇقتەك، بىر ھېسابتا ئېلىشماقتەك ئاڭلاندى. كۆپچىلىك ئۇنى، ئەزەلدىن ئۆيدىن يىراق يەرگە بارمىغان، بايىقى گەپلەرنىڭ چىقىشىغا ئاغىچا خېنىمنىڭ قىلغان گەپلىرى سەۋەب بولدى، ئالدىرىتىپ بالدۇرراق ماڭدۇرۇۋەتسەكلا ئىش تۈگەيدۇ، دېيىشىپ:

— تالادىكى كىشىلەر سىلىنى ساقلاپ قالدى، مۇنداق تۇرىۋەرسىلە كېچىكىپ قالىلا، — دېدى.

— ماڭدىم، ماڭدىم! — دېدى باۋيۈي ئاسمانغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈپ، — چاتاق سالماي! ئىش تۈگىسۈن!

— چاپسان ماڭسىلا، — دېدى كۆپچىلىكمۇ كۈلۈشۈپ. پەقەت ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باۋچەي ئانا - بالا ئىككىسىلا گويا ئۈنىڭدىن ئۆلمەي تىرىك ئايرىلغاندەك بولۇشۇپ كەتتى. نەدە يىغلىسىپ قالغان ياش بولغىيدىكى، كۆزلىرىدىن بۆلدۈقلاپ قۇيۇلغىلى تۇردى، ھەتتا ئۇلار ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. باۋيۈي بولسا گويا مەجنۇنلاردەك كۈلگەن - ھىجايغان پېتى تالاغا ماڭدى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆيدىن راۋان بولدى. خۇددى:

نامۇ - نىشانسىز ماكانغا قويدى قەدەم دەس،
ئۆتتى تۇنجى ئۆتكەلدىن بۆسۈلدى قەپەس.

باۋيۈي بىلەن جيا لەننىڭ ئۆيدىن چىقىپ ئىمتىھانغا كەتكەنلىكى ئۈستىدە توختالمايمىز. ئەمدى گەپنى جيا خۇەندىن ئاڭلىغايسىز. جيا خۇەن ئۇلارنىڭ ئىمتىھان بېرىشكە كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قورسىقى كۆپتى ھەم ئۆچلۈكىمۇ كەلدى. ئۆزىنى ئۆزى بەگ - ئۆزى خان چاغلاپ: «ئەمدى ئانامنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشىم كېرەك! خانىداندا بىرمۇ ئەر كىشى قالمىدى، يۇقىرىدا چوڭ ئاغىچا خېنىم مېنىڭ رايىمغا باقىدۇ، يەنە كىمدىن قورققۇلۇق!» دېگەن پىكىرگە كەلدى - دە، شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغا بېرىپ سالام بەردى ۋە بىرمۇنچە خۇشامەت قىلدى. دەرۋەقە، شىڭ ئاغىچا خېنىم خۇش بولۇپ مۇنداق دېدى:

— سەن ئەمدى قائىدە - يوسۇننى بىلىدىغان بالا بوپسەن! ھېلىقى چياۋجيېرنىڭ ئىشىغا مەن ئىگە بولۇشۇم كېرەك ئىدى، جيا ليەن ئاكاڭ دۆتلۈك قىلىپ، ئۆز ئانىسىنى قويۇپ باشقا كىشىگە ھاۋالە قىپتۇ!

www.uyghurkitap.com

— قۇدا چۇشكۇچىلەرچۇ، — دېدى جيا خۇەن، — مۇشۇنى لايىق كۆردۇق دەپ بىر يەرگە كېلىپ بوپتۇ. ئۆزلىرىگە سۇنىدىغانغا جىق سوۋغىمۇ راسلاپ قويۇپتۇ. مانا ئەمدى ئاغىچا خېنىم، ياقا يۇرتلۇق ۋاڭنى نەۋرە قىزلىرىغا كۈيۇ ئوغۇل قىلىۋالىدىغان بولسىلا، ئۇلۇغ بېگىمگە چوڭ مەنسەپ تەگمەي قالامتى؟ خان ئانىمىزنىڭ غەيۋەتىنى قىلغىنىم ئەمەس: ئۇلاردىن يۇەنچۇن ئاچام خانىش بولغاندىن كېيىن، ئۇلار خەققە بەكمۇ ئازاب سالغان. كېيىنكى كۈنلەردە چياۋجيېرمۇ ئاشۇنداق ۋىجدانسىز چىقمىسۇن، بىرىپ سوراپ باقاي ئۇنىڭدىن.

— ئۇنىڭغىمۇ ئېيتىپ قويغىنىڭ تۈزۈك، قىلغان ياخشىلىقىڭنى بىلىپ قالسۇن، — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇنىڭ ئاتىسى خانىداندا بولغان ھالەتتىمۇ مۇنداق ئوبدان لايىقنى تاپالماس ئىدى. بىراق، ھېلىقى پىڭئېر دېگەن بىغەرەز ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، سېنىڭ خان ئاناڭنىمۇ ئۇنىمىدى، دەيدۇ. بىزنى كۆرەڭلەپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتسا كېرەك. مۇبادا كېچىكىپ قالساق، جيا ليەن ئاكاڭ قايتىپ كەلسە، يەنە شۇ خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ كېتىپ بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقماي قالىدۇ.

— ئۇ تەرەپ بىر يەرگە كېلىپ بولدى، — دېدى جيا خۇەن، — ئۆزلىرىنىڭ مۇچەلنامىنى چىقىرىپ بېرىشلىرىگىلا قاراپ قالدى. ۋاڭ خانىدانىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىپ كۆچۈرۈپ كېتىدىكەن. لېكىن، بىر گەپ بار، ئۆزلىرىنىڭ پەسەنتلىرىگە ياقماسمىكىن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، جىنايەتكە تارتىلغان مەنسەپدارنىڭ نەۋرىسىنى ئېلىشقا بولمايدىكەن، شۇ ۋەجىدىن جىمجىتلا ئېلىپ كېتىدىكەن، ئۇلۇغ بېگىمنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىپ مەنسەپ تۇتقاندا، ئاندىن كاتتا توي قىلىپ بېرىدىكەن.

— بۇنىڭ ياقمايدىغان نەرى بار؟ — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم، — قائىدە بويىچە شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك ـ دە.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى جىيا خۇەن، — مۇچەلنامىنى چىقارتىپ بەرگەن بولسىلا، خېنىم.

— ئەجەبمۇ گالۋاڭ بالا ئىكەنسەن! — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم، — ئىچكىرىدىكىلەرنىڭ جىمىسى خوتۇن خەق، جىيا يۈن غوجاڭغا يازدۇرساڭلا بولىدىغۇ.

بۇ گەپتىن كارامەت خۇش بولۇپ كەتكەن جىيا خۇەن ئالمان - تالمان «خوش» دەپ يېنىپ چىقتى - دە، ئالدىراپ جىيا يۈنگە ئېيتتى. ۋاڭ رېنىنى تەكلىپ قىلىپ، توختام تۈزۈش، كومۇش ئېلىش ئۈچۈن ياقا يۇرتلۇق ۋاڭنىڭ سارىيىغا ماڭدۇردى. باياتىن قىلىشقان گەپلەرنى شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدىكى چۆرە قىز ئاللىقاچان ئاڭلىغانىدى. ئۇ پىڭئېرغا يېلىنىپ يۈرۈپ ئىشقا سېلىنغان قىز ئىدى، قولى بوشىغان ئارىلىقتا غىپىلا قېلىپ پىڭئېرنىڭ قېشىغا باردى - دە، بۇ گەپنى ئېيتماي - تېيمەتماي يەتكۈزدى. پىڭئېر بۇ ئىشنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلىپ، چياۋجيېرگە يېپىدىن يىغىنىسىگىچە ئۇقتۇرۇپ قويغانىدى. چياۋجيېر چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ گېپىگە كىرمەيمەن، ئاتام كېلىپ ئۆزى ئىگە بولسۇن دەپ كېچىچە يىغلاپ چىققانىدى. بۈگۈن يەنە بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى ۋە ئاغىچا خېنىم بىلەن سۆزلەشكىلى بارماقچى بولدى.

— خان قىز، ئالدىرىماي تۇرۇڭ! — دەپ توستى پىڭئېر ئۇنى، — چوڭ ئاغىچا خېنىم بولسا سىزنىڭ ئۆز مومىڭىز، ئۇ جىيا لىيەن بېگىم ئۆيدە بولمىغاندىن كېيىن مەن ئىگە بولالايمەن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاغىسى ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بۇرۇندىن نەپەس ئالىدۇ. سىز يالغۇز تۇرسىڭىز، ئۇلارغا گەپتە تەڭ كېلەلەمتىڭىز؟ مەن بولسام بەرىبىر پەگاھتىكى ئادەم، گەپكە ئارىلىشالمايمەن. ھازىر بۆلەك بىر ئىلاج قىلايلى، ھەرگىز قاراملىق قىلغىلى بولمايدۇ!

— ئىلاجىنى قىلساڭلار، پاتىراق قىلىڭلار، — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدىكى دېدەك، — بولمىسا ئۇلار خېنىمنى

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ كېتىپ قالىدۇ! — ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. پىگئېر يېنىپ ئارقىسىغا قارىسا، چياۋجيېر يىغلاۋېرىپ تۇگۇلۇپلا قاپتۇ، ئۇ ئىلدام كېلىپ ئۇنى يۆلەپ:

— خان قىز، يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق! هازىر بولسا جيا ليەن بېگىمگە ئاۋازىمىز يەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ئۇرانىغا قارىغاندا... — گېپىنىڭ ئايىغى چىققۇچە شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىدىن بىرسى مۇنداق دەپ خەۋەر ئەكەلدى:

— خان قىزغا چوڭ خۇشاللىق كېلىپ قالدى! پىگئېرنى خان قىزنىڭ ھەننىۋا لازىمەتلىك نەرسىلىرىنى تەييارلاپ قويسۇن، دەيدۇ. قوشۇپ بېرىدىغان تويلۇقلىرىنى جيا ليەن بېگىم كەلگەندە راسلاپ بېرىدىغان بولۇپ پۈتۈشۈپتۇ.

پىگئېر نائىلاج ماقۇل بولۇپ يېنىپ كىردى. شۇ ئەسنادا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كېلىپ قالدى، چياۋجيېر يىغلىغان پېتى ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىدى.

— قىزىم، قورقمىغىن! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ يىغلاپ، — مەن سېنى دەپ چوڭ ئاغىچا خېنىمدىن بىرمۇنچە گەپ ئاڭلىۋالدىم، ئەۋزايىدىن ئۇنى ياندۇرغىلى بولمىغۇدەك. بىز ئەمدى ماقۇل دەپ قويۇپ كەينىگە تارتايلى ـ دە، خىزمەتكارلاردىن بىرنى ئەۋەتىپ ئاتاڭغا خەۋەر قىلدۇرايلى.

— ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرلىرى يوقمۇ ئاغىچا خېنىم؟ — دېدى پىگئېر، — جيا خۇەن بېگىم چوڭ ئاغىچا خېنىمغا: ياقا يۇرتلۇق ۋاڭنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئۈچ كۈندىلا كۆچۈرۈپ ئەكېتىدىكەن دەپتۇ، چوڭ ئاغىچا خېنىم جيا يۈن غوجامغا قىزنىڭ نام ـ مۇچەللىرىنى يازدۇرۇپ ئەۋەتكۈزۈپ بېرىپتۇ، بېگىمنى ساقلاپ تۇرغىلى بولامدۇ؟

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا خۇەننىڭ ئېيتىنى ئاڭلىشى بىلەنلا جۇدۇنى ئۆرلەپ ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەي، بىر هازاغىچە تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن «جيا خۇەننى چاقىرىڭلار!» دەپ يېنىشلاپ ۋارقىرىۋەتتى. چاقىرغىلى كەتكەن ئادەم بىرهازادىن كېيىن

كېلىپ:

— بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇ جىيا چىياڭ غوجام، ۋاڭ تاغىلار بىلەن چىقىپ كېتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— جىيا يۈن غوجىچۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ئۇقمىدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى ھەممەيلەن.

چىياۋجېيېرنىڭ ھۇجرىسىدا ھەممەيلەن كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە نائىلاج تۇراتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغىمۇ شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن تاكاللىشىۋېرىش تەس ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ھەممىسى بېشىنى ئېگىپ تىقىپ قاتتىق يىغلاپ كېتىشتى. يىغا ئۈستىگە خىزمەتكار خوتۇنلاردىن بىرسى كىرىپ:

— ئارقا دەرۋازىدىكىلەر ھېلىقى لىيۇ موماينى يەنە كەپتۇ، دەيدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— بېشىمىزدا مۇشۇنداق ئىشلار تۇرسا، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — خەقنى كۈتۈۋېلىشقا نەدە چولىمىز، نېمە دېسە دەۋەرسۇن، قايتۇرۇۋېتىڭلار.

— ئۇ كىرگەن بولسا بولاتتى، ئاغىچا خېنىم، — دېدى پىڭئېر، — ئۇ چىياۋجېيېرنىڭ ئاتاق ئانىسى، ئۇنىڭغىمۇ ئېيتىپ قويۇش كېرەك ئىدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىرنېمە دېمىدى. ھېلىقى خوتۇن لىيۇ موماينى باشلاپ كىردى. ھەممەيلەن كۆرۈشۈپ ئېھسەنلىك سوراشتى. لىيۇ موماي ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىگە قاراپ، نېمە بولغانلىقىنى ئۇقالماي، بىردەم دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ، ئاندىن سورىدى:

— نېمە بولدى؟ ئاغىچا خېنىم، خان قىزلار فېڭجىيې خېنىمنى ياد ئېتىپ قالغان ئوخشايدۇ ـ ھە.

چىياۋجېيېر ئۆز ئانىسىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

— قۇرۇق گەپنى قويۇڭ، موما. سىزمۇ خان قىزنىڭ ئاتاق ئانىسى بولغاندىكىن، بىلىپ قېلىڭ، — دېدى پىڭئېر. ئارقىدىن

جىمى گەپنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

لىيۇ موماي چۆچۈپ كېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىرھازادىن كېيىن، بىردىنلا كۈلۈپ:

ــ سىز شۇنداق زېرەك قىز تۇرۇپ «دۇمباق نەزمىسى» نى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ بۇنداق ئىش دېگەننىڭ ئىلاجى تولا تۇرسا، نېمىسى تەس بولاتتى ! ــ دېدى.

ــ موما ! ــ دەپ سورىدى پىڭئېر ئىلدام، ــ دەڭا چاپسان، نېمە ئىلاجىڭىز بار؟

ــ بۇنىڭ نېمىسى تەس بولاتتى، ــ دېدى لىيۇ موماي، ــ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا بىلدۈرمەي غاچچىدە تىكىۋەتسىلا ئىش تۈگىمەمدۇ.

ــ بۇ قاملاشمىغان گەپ بولدى ! ــ دېدى پىڭئېر، ــ بىزنىڭكىدەك خانداننىڭ ئادىمى نەگىمۇ بارىدۇ؟

ــ ئۆزۈڭلارنىڭ بارغۇسى يوق، ــ دېدى لىيۇ موماي، ــ بارىمىز دېيىدىغان بولساڭلار بىزنىڭ يېزىغىلا بېرىڭلار. خان قىزنى مەن يوشۇرۇپ قويىمەن، خان قىز ئۆز قەلىمى بىلەن بىر پارچە خەت يېزىپ بەرسە كۈيئوغلۇمغا دەرھال بىر ئادەم تاپتۇرىمەن ـ دە، جيا لىەن بېگىمنىڭ قېشىغا ئەۋەتىمىز، ئۇ دەرھال كەلمەي قالمايدۇ. شۇنداق قىلساق بولمامدىكەن؟

ــ چوڭ ئاغىچا خېنىم بىلىپ قالسىچۇ؟ ــ دېدى پىڭئېر.

ــ مېنىڭ كەلگىنىمنى ئۇلار ئۇقتىمۇ؟ ــ دېدى لىيۇ موماي.

ــ چوڭ ئاغىچا خېنىم ئالدى تەرەپتە ئولتۇرۇشلۇق، ــ دېدى پىڭئېر، ــ ئۇ ئادەملەرگە رەھىمسىز بولغاچقا، بىرەر خەۋەر بولسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا يەتكۈزمەيدۇ. ئالدى دەرۋازىدىن كىرگەن بولسىڭىز بىلىپ قالاتتى، ھازىر ئارقا دەرۋازىدىن كىرىپسىز، ھېچ گەپ يوق.

ــ ئەمىسە، ــ دېدى لىيۇ موماي، ــ ۋاقىتنى كېلىشىۋالايلى، سىلەرنى ئالغىلى كۈيئوغلۇمنى مەيە بىلەن ئەۋەتەي.

— قاچان - پاچان دەپ تۇرىدىغانغا ۋاقىت نەدە؟ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، — پىكئېر ئالمان - تالمان كىرىپ، ليۇ موماينىڭ گەپلىرىنى باشقىلاردىن قاچۇرۇپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىرھازا ئويلاپ، ئانچە مۇۋاپىق كۆرمىدى.

— شۇنداق قىلمىساق بولمىغۇدەك! ئۆزلىرىنى دەپ بۇ گەپنى ئېيتىشقا پېتىنىۋاتىمەن، — دېدى پىكئېر، — باشتا ئۆزلىرى ئۇقمىغان بولۇۋالىلا، كېيىن چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆزىدىن سورۇشتۇرىدىلا. بىز ئۇ يەردىن ئادەم ماڭدۇرساق جيا لىيەن بېگىممۇ پاتلا كېلىپ قالار.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم گەپ - سۆز قىلماي، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

— مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا، خان ئانا! — دېدى چياۋجيېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا، — ئاتام كەلسە ئۆزلىرىدىن ئەلۋەتتە مىننەتدار بولىدۇ!

— بولدى، گەپ قىلماڭ، ئاغىچا خېنىم قايتىپ كەتسۇن، — دېدى پىكئېر، — ئۆيگە قاراپ تۇرۇشقا ئادەم بۇيرۇپ قويارلا، خېنىم.

— پۇختىراق ئىش قىلىڭلار! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئىككىڭلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرىڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار.

— چاپسان ماڭغىنىمىز تۈزۈك! — دېدى پىكئېر، — ناۋادا ئاۋۇلار پۇتۇشۇپ قالسا بالا تېرىيدۇ!

بۇ گەپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچتى - دە:

— راست، چاپسان بولۇڭلار! شۇنداق قىلىڭلار! قالغىنىغا مەن بار! — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قايتىپ، شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە بېرىپ قورۇق پاراڭ سېلىشىپ ئۇنى بەند قىلىپ تۇردى.

پېشخىمەت

پىكئىپر كىلىپ تەييارلىق ئىشلىرىغا ئادەم بۇيرۇدى ۋە:
— باشقىلاردىن يوشۇرۇپ يۇرمەڭلار يەنە. بىرسى كىرىپ كۆرۈپ قالسا، چوڭ ئاغىچا خېنىم بۇيرۇغان، مەيە چاقىرتىپ لىۇ موماينى ئاپىرىپ قويماقچىمىز دەڭلار، — دەپ جېكىلەپ قويدى. ئاندىن ئارقا دەرۋازىنى باققۇچىنى يولغا سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا مەيە كىرا قىلدۇرۇپ كەلتۈرۈشتى. پىكئىپر ھاپىلا ـ شاپىلا چياۋجيېرنى چىكئىپرنىڭ سىياقىدا جابدۇپ يولغا سالدى، ئارقىدىن ئۆزىمۇ ئۇزىتىپ قويغۇچى بولۇپ چىقىپ، باشقىلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپلا مەيىگە چىقتى ـ دە، بىللە ماڭدى. بۇ يېقىندىن جىيا قەسرىنىڭ ئارقا دەرۋازىسى ئوچۇق بولسىمۇ، ئاران بىر ـ ئىككى ئادەملا باقاتتى، بۇلاردىن بۆلەك يەنە تالانىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بىرنەچچە خىزمەتكارلارمۇ بار ئىدى. ئۆي ـ ئىمارەت جىق، ئادەم ئاز بولغاچقا، ھويلا ـ ئاران بوشلا دېگۈدەك تۇرسا، سەپسېلىپ يۈرۈشكە يېتىشەلەمتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭ ئاغىچا خېنىممۇ تۆۋەندىكىلەرگە ئىچى ئاغرىمايدىغان ئايال ئىدى. خىزمەتكارلار بۇ ئىشنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، پىكئىپرنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ، جىمىسى ھەممىسى بولۇپ چياۋجيېرنى قاچۇرۇۋەتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم تېخىچە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرسا، بۇ ئىشنى نەدىن بىلسۇن؟

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خاتىرجەم بولالماي، بىردەم گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن غېپىدە باۋچەينىڭكىگە كەلدى. لېكىن، ئەس ـ يادى چياۋجيېرلاردا ئىدى. باۋچەي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلى پەرىشانلىقىنى پەملەپ:
— كۆڭۈللىرى ئارامىدا ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ھېلىقى ۋەقەنى باۋچەيگە ئاستا دەپ بەردى.

— خەتەردىن بىر ساقلاپتۇ ـ دە ! — دېدى باۋچەي، — شۇ تۇرقىدا جىيا يۈن غوجامنى بۇيرۇساق، دەرھال ئۇ تەرەپنى

توختاتقۇزۇۋەتسە ئوبدان بولارمىكىن.
— جىيا خۇەننى تاپتۇرالمايۋاتىمەن ! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.
— ئۆزلىرى ئۇقمىغان بولۇپ تۇرىۋەرسىلە، — دېدى باۋچەي، — مەن لايىق بىرسىنى تېپىپ چوڭ ئاغىچا خېنىمغا خەۋەر قىلدۇرۇۋېتەي.
ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ، ئىشنى باۋچەينىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى ياقا يۇرتلۇق ۋاڭدىن ئاڭلىغايسىز. ئۇ ئەسلىدە خىزمەتكارلىقتا بىرنەچچە ئايال ئالماقچىكەن، دەللالنىڭ گېپى بىلەنلا چياۋ جيېرنى كۆرۈپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇپتۇ. كۆرگىلى كەلگەنلەر قايتىپ بېرىپ ۋاڭغا مەلۇم قىپتۇ، ۋاڭ بۇ ئائىلىنى سۈرۈشتۈرۈپتىكەن، ئۇلار يوشۇرۇشقا پېتىنالماي راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ۋاڭ ئاڭلاپ، بۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ خىزمەت كۆرسەتكەن خان جەمەتىدىن ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، مۇنداق دەپتۇ:
— يامان بوپتۇ. بۇ ئىش ئوردا - شىرىپنىڭ تەقىب پەرمانىغا خىلاپ كېلىدۇ، بالانىڭ چوڭىنى تېرىغىلى تاس قاپتۇق ! يەنە كېلىپ، مەن دەرگاھنى زىيارەت قىلىپ بولۇپ، خاسىيەتلىك بىر كۈنى يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرىمەن. مۇبادا يەنە بىرەرسى سۆزلەشكىلى كېلىپ قالسا دەرھال قوغلىۋېتىڭلار !
جىيا يۈن، ۋاڭ رېن قاتارلىق كىشىلەر قىزنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى يېزىلغان مۇچەلنامىنى كۆتۈرۈپ دەل شۇ كۈنى بېرىپ قالدى. قەسىردىكى كىشىلەر:
— ۋاڭ بېگىمىزنىڭ ئەمرى: جىيا خاندانىنىڭ ئادىمىنى پۇقرانىڭ قىزى دەپ ئەكېلىشكە پېتىنغۇچىلار تۇتۇپ جازاغا تارتىلىدۇ ! بۇگۈنكىدەك تىنچ زاماندا شۇنداق يۈرەكى چوڭلۇق قىلىشقا پېتىنغان كىم ئىكەن ئۇ ! — دەپ سۈرەن سالدى. شۇ

سۈرەن بىلەن قورقۇپ كەتكەن ۋاڭ رېن قاتارلىقلار كىرىشكە ئۈۋا تېپىلمىغان چاشقاندەك قېچىپ چىقىپ، بۇ ئىشنى تاپقۇچىدىن ئاغرىنىشىپ، لەت بولغىنىچە تەرەپ ـ تەرەپكە تىكىۋەتتى.

جيا خۇەن خاندانلا ئۆلاردىن ئۈچۈر كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چاقىرتىپ قالدى. ئۇ تاقىلداپ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، جيا يۈن ئۆزى يالغۇز كىرىپ كەلدى:

— پۈتۈشتۈڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى جيا خۇەن.

— يامان بولدى، يامان بولدى! بىرسى ئاشكارا قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ! — دېدى جيا يۈن ئالاقزادە بولۇپ. ئارقىدىن ئۆزلىرىنىڭ دەشنەم يېگەنلىكلىرىنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى.

— مەن باشتا چوڭ ئاغىچا خېنىمغا ئۇنداق ئوبدان، مۇنداق ئوبدان، دەپ قويغان تۇرسام، مانا ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى جيا خۇەن ئاچچىقىدا چېچىلىپ، — ھەرقايسىڭ مېنى قىلتاققا دەسسىتىشتىڭ!

شۇ دىققەتچىلىكتە تۇرغاندا، ئىچكىرىدىن ئالىتاغىل ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، جيا خۇەن قاتارلىقلارنىڭ ئىسمىلىرىنى چاقىرىشتى.

— چوڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىم چاقىرىۋاتىدۇ! ئىككىسى نائىلاج، سۆرىلىپ ئىچكىرىگە كىرىشتى.

— ئوبدان ئىش قىلىشىپسەن! — دېدى قاتتىق غەزەپلىنىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — چياۋجيېر بىلەن پىڭئېرنىڭ ئۆلۈشىگە سىلەر زامىن بولدۇڭلار، دەرھال ئۆلارنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىپ بېرىش!

ئىككىسى تىزلاندى. جيا خۇەن گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى.

— كەمىنە نەۋرىلىرى ھەرقانداق ئىشقا ئارىلىششقا ھەددىم ئەمەس ئىدى، — دېدى جيا يۈن بېشىنى سىلىپ، — تاغىمىز

شىڭ بېگىم بىلەن ۋاڭ تاغا چياۋجيېرگە ئەلچىلىك قىلىمىز دېگەچكە، بىز كىرىپ ئاغىچا خېنىملارغا مەلۇم قىلغان. چوڭ ئاغىچا خېنىم ماقۇل كۆرۈپ پېقىر نەۋرىلىرىنى بۇيرۇغاچقا، مۇچەلنامىنى يېزىپ يەتكۈزۈپ بەردىم. ئۇلار خان قىزنى ئالمايدىغان بوپتۇغۇ، سىڭلىمىزنىڭ ئۆلۈشىگە بىر قانداق زامىن بولغان بولىمىز؟

— جيا خۇەن چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا، ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە يۆتكەپ كېتىدۇ، دەپتۇغۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئارىغا كىرىش، ئەلچىلىك قىلىش شۇنداقمۇ بولامدۇ؟ بولدى، بۇنى سۈرۈشتۈرمەيلا قوياي، چياۋجيېرنى بىزگە چاپسان ياندۇرۇپ بېرىش، قالغان گەپنى بېگىم كەلگەندە سۆزلەشسۇن!

شىڭ ئاغىچا خېنىم شۇ تاپتا بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرەلمەي كۆز يېشى بىلەنلا بولدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا خۇەننى:

— جاۋ كىچىك خېنىم دېگەن دۆيۈزنىڭ پۇشتىمۇ شۇنداق دۆيۈز! — دەپ تىللاپ تاشلىدى، ئاندىن دېدەكلەرگە تايىنىپ ئۆز ئۆيىگە قايتتى.

جيا خۇەن، جيا يۈن، شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۈچى بىر - بىرىگە تاپا قىلغىلى تۇردى.

— ئەمدى تاپا قىلىشمايلى، — دېيىشتى ئۇلار، — ئۆلۈشى ئۆلمىگەندۇ، پىڭئېر ئۇنى بىرەر تۇغقىنىنىڭكىگە ئاپىرىپ مۆكتۈرۈپ قويغان بولسا كېرەك.

شىڭ ئاغىچا خېنىم ئالدى ۋە ئارقا دەرۋازىدىكىلەرنى چاقىرتىپ كايىدى:

— چياۋجيېر بىلەن پىڭئېرنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىشمەمسەن؟ — دەپ سورىۋىدى، خىزمەتكارلار ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ئوخشاشلا جاۋاب بېرىشتى:

— ئاغىچا خېنىم، بىزدىن سورىماي غوجىدارلىق قىلىۋاتقان بەگلەردىن سورىسىلا مەلۇم بولىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا غەلۋە قىلمايلى دېيىشىۋىدۇق، ئاغىچا خېنىم سوراپ قالدىلا، بىزمۇ

www.uyghurkitap.com

دەيدىغان گېپىمىزنى دەيلى. ئۇرسا ھەممىمىزنى ئۇرار، ھەيدىۋەتسە ھەممىمىزنى تەڭ ھەيدىۋېتەر. جيا ليەن بىگىم كەتكەندىن بېرى تاشقىرىدا بولۇپ كەتكەن ئىش دېگەنگە گەپ توغرا كېلەمدۇ! ئايلىق پۇلىمىز بىلەن ئايلىق گۇرۇچىمىزنىڭ بەرمەسلا بولدى! قىمار ئويناش، ھاراق ئىچىش، ئويۇنكەش چوكانلار بىلەن ئويناش، بۇنى ئاز دەپ، تاشقىرىدىكى خوتۇنلارنى ھويلىغا باشلاپ ئەكىرىش، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغانلار مانا مۇشۇ غوجىلىرىمىز ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپلەر بىلەن جيا يۈن قاتارلىقلارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ كەتتى.

شۇ ئارىدا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدىن:

— ئىزدەشكە غوجىلىرىمنى چاپسان ماڭسۇن دەيدۇ! — دەپ ئالدىرىتىپ يەنە ئادەم كېلىپ قالدى. جيا خۇەن قاتارلىقلارغا خاپىچىلىقتا كىرەي دېسە يەر قاتتىق، چىقاي دېسە ئاسمان يىراق بولۇپ كەتتى، چياۋجيېرنىڭ يېنىدىكىلەردىن سۈرۈشتۈرۈشكە ئەسلىي پېتىنالمىدى. ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئۆزلىرىگە قاتتىق ئۆچمەنلىكى بولغاچقا ئۇنى يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى پەملەپ قالدى - يۇ، بىراق بۇ گەپنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا دېيىشكە زادىلا پېتىنالمىدى. نائىلاج، ھەرقايسى تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىنمۇ ئۇقۇشۇپ باقتى، ھېچ دېرىكىنى ئالالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىچكىرىدە شىڭ ئاغىچا خېنىم، تاشقىرىدا جيا خۇەن قاتارلىقلار نەچچە كۈنگىچە كېچە - كۈندۈزلەپ ئارام تاپالمىدى.

باۋ يۈي بىلەن جيا لەننىڭ ئىمتىھاندىن يېنىش ۋاقتى بولۇپ قالغاندى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. چۈشكىچە يولغا قارىغان بولسىمۇ، ئۇلار قايتىپ كەلمىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، لى ۋەن، باۋچەيلەر تىت - تىت بولۇشۇپ، ئۇقۇشۇپ باقسۇن دەپ قونالغۇغا ئادەم بۇيرۇۋىدى، ئۇچۇرىنى بېرىش تۇگۇل، ئۆزلىرىمۇ قايتىپ كەلمىدى. كېيىن

يەنە ئادەم ئەۋەتمۇىدى، ئۇلارمۇ قايتىپ كەلمىدى، ئۇچەيلەننىڭ خۇددى ياغدا قورۇلغاندەك يۈرەكلىرى كاۋاپ بولاي دېدى.

ساقلا ـ ساقلا، كەچقۇرۇنراق بىرسى كىرىپ كەلدى، ئۇ جيا لەن ئىدى، ھەممەيلەن خۇش بولۇشۇپ سورىدى:

— باۋيۈي تاغاڭ قېنى؟

— تاغام يېتىپ كەتتى ! — دېدى جيا لەن سالام بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي يىغلاپ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ، كەينىگە داراڭگىدە ئۇچۇپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى سەييۈن قاتارلىقلار كەينىدىن يۆلەپ، جېنىنىڭ بارىچە قىچقىرىپ يۈرۈپ ھوشىغا كەلتۈرۈۋالدى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، يىغلاشقا باشلىدى. باۋچەيمۇ چەكچەيگىنىچە قېتىپلا قالدى. شىرېن قاتارلىقلار بولسا يىغلاپ ئادا بولايلا دېدى.

— ھوي كالۋا ! — دەپ تىل سالدى جيا لەنگە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ، — سەن تاغاڭ بىلەن بىللە تۇرساڭ، ئۇ قانداق يېتىپ كېتىدۇ؟

— تاغام بىلەن قونالغۇدا ئاش ـ غىزانى بىللە يەپ، بىر يەردە ياتقان، — دېدى جيا لەن، — ئىمتىھان سورۇنىغا كىرگەندىمۇ ئارىلىقىمىز ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى، ھەممىشە بىللە ئىدۇق. بۈگۈن ئەتىگەندە تاغام ئىمتىھان قەغىزىنى بۇرۇنلا يېزىپ بولۇپ، مېنى ساقلاپ تۇرغانىدى. ئىككىمىز بىللە كىرىپ قەغەزنى تاپشۇرۇپ بىللە يېنىپ چىقتۇق، «ئەجدەر دەرۋازىسى»①دىكى قىستاڭچىلىقتا كەينىمگە قارىسام يوق. خانىدانىدىن بىزنى ئالغىلى بارغان ئادەملىرىمىزنىڭ جىمىسى مەندىن سورىدى. لى گۈيمۇ، كۆرگەنىدىم، ئارىلىقىمىز نەچچە ماڭدىملا ئىدى، بىر قىستاڭدىلا يوقاپ كەتتى، دېدى. شۇ زامان لى گۈي قاتارلىقلارغا

① ئەجدەر دەرۋازىسى — بۇ يەردە ئىمتىھان مەيدانىنىڭ كىرىش ـ چىقىش ئىشىكىنى كۆرسىتىدۇ.

تەرەپ ـ تەرەپنى ئىزدەتتىم. ئۆزۈممۇ ئادەم باشلاپ كىرىپ جىمى ھۇجرىنى ئالا قويماي ئىزدىدىم، ھېچ يەردىن تېپىلمىدى، شۇڭا ئەمدى كېلىشىم.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يىغلاۋېرىپ ئاغزى گەپكە كەلمەس بولۇپ قالدى. بۇ ئىش باۋچەيىنىڭ كۆڭلىگە تولۇق دېگۈدەك ئايان بولدى، شىرىن يىغىدىن بۆلەكنى بىلمەيتتى، جيا چياڭ قاتارلىقلار بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرمايلا تەرەپ ـ تەرەپكە ئىزدەپ چىقىپ كېتىشتى. بىچارە رۇڭگو قەسىرىدىكىلەرنىڭ ئىمتىھاندىن چىققانلارنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆلۈش ـ تىرىلىشىگە باقماي ھازىرلىغان زىياپىتى بىكار بولدى. جيا لەنمۇ ھارغان ـ ئاچقىنىغا قارىماي يەنە ئىزدىمەكچى بولۇۋىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم:

— بالام، تاغاڭنىڭ يىتىپ كەتكىنىگە چىدالمايۋاتقىنىمىزدا، سېنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالمايلى! جېنىم بالام، چىقىپ ئارام ئال! — دەپ توسۇپ قويدى. جيا لەن ئۇنىڭغا ئۇنىماتتى؟ يۈشلار تىنماي يالۋۇرۇپ نەسىھەت قىلاتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا شىچۈنلا كۆڭلىدە بىلىپ بولغانىدى، بىراق ئاغزىدىن چىقىرىشنى ئەپ كۆرمەي، باۋچەيدىن:

— ئاكام قاشتاشنى ئېلىپ كەتكەنمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ يېنىدىن ئايرىلمايدىغان نەرسە تۇرسا، قانداق ئەكەتمەيدۇ؟ — دېدى باۋچەي.

شىچۈن بۇنى ئاڭلاپ لام ـ جىم دېمىدى. شىرىن قايسى كۈنى قاشتاشنى تالىشىپ قالغان ۋەقەنى يادىغا كەلتۈرۈپ، بۇنىمۇ ھېلىقى راھىبنىڭ كاساپىتىدىن بوپتۇ، دېگەن ئوي بىلەن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. باۋيۈينىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىگە قىلغان مېھرىبانلىقىنى ئەسلىدى: «گاھىدا چىشىغا تېگىپ قويسام خاپا بولۇپ كېتەتتى، كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغان قىلىقلىرىمۇ، ياخشىلىقلىرىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ مۇلايىملىقىغا، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىشلىرىگە گەپ لازىم ئەمەس. گاھىدا چىشىغا تېگىپ

تېرىكتورۇپ قويسام راھىب بولۇپ كېتىمەن دەپ قەسەم ئىچىپ قوياتتى. مانا ئەمدى ئوختاسىغا كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ !»

شىرىننىڭ دەرد ـ ئەلەملىك خىياللىرى ئۇستىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. ئەمدى ئىشتىمەك كېرەككى، شۇ كۈنى كېچىسى تۆتىنچى جىسەك ۋاقتىغىچە ھېچبىر خەۋەر كەلمىدى. لى ۋەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى دەرد ئىچىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسۇن دەپ تەسەللى ئېيتىپ يۈرۈپ، مىڭ تەسلىكتە ئۆيىگە ئاچىقىپ كەتتى، ھەممەيلەن بىللە كىرىپ خىزمىتىدە بولدى، يالغۇز شىڭ ئاغىچا خېنىملا يالغۇز قايتىپ كەتتى. جيا خۇەن كۆزگە كۆرۈنۈشكە پېتىنالماي داجىپ يۈرەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا لەننى چىقىرتىپ، كېچىچە كىرىپ قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا خىزمەتكارلاردىن بىرنەچچىسى قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار:

— ئىزدىمىگەن يېرىمىز قالمىدى، ئەزبىرايى، ھېچ يەردە سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، — دەپ كىرىشتى.

شۇنىڭ بىلەن شۆ ھاما، شۆكې، شى شياڭيۈن، باۋچىن، لى خان ئاچىلار كەينى ـ كەينىدىن ئۇزۇلمەي سالام بەرگەچ، خەۋەر ئۇقۇشقىلى كېلىپ تۇرۇشتى. شۇ تەرىقىدە ئۇدا بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغلاۋېرىپ گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەس بولۇپ، جېنى چىقايلا دەپ قالغانىدى. تۇيۇقسىز خىزمەتكارلاردىن بىرسى كىرىپ:

— دېڭىز ساھىلىدىن بىر كىشى كەپتۇ، مۇراقىپ بېگىم جانابلىرىنىڭ قېشىدىن كەلدىم، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، خانىدانىمىزدىن كەتكەن ئۇچىنچى خېنىم ئەتە پايتەختكە يېتىپ كېلىدىكەن، — دەپ مەلۇم قىلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەنچۇننىڭ پايتەختكە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، گەرچە ئۇ باۋيۈينىڭ غېمىدىن خالاس قىلالمىسىمۇ، كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى. ئەتىسى دەرۋەقە تەنچۈن قايتىپ كەلدى. ھەممەيلەن خېلى يىراقىچە ئالدىغا چىقتى، تەنچۈن ھۆسن ـ جامالدا بۇرۇنقىدەك

تېخىمۇ ئۇزلىشىپ كەتكەن، ئۇستىبېشى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك رەڭدار ئىدى. ئۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ سۇلغۇن چىرايىنى، باشقىلارنىڭ ئىششىغان قاپاقلىرىنى كۆرۈپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى، بىر پەس يىغلىغاندىن كېيىن ھەممەيلەنگە سالام بەردى. شىچۈننىڭ راھىبەچە ياسىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى غەش بولدى، تۆپىلەپ باۋيۈينىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى، خانىدانىنىڭ بېشىغا كەلگەن نۇرغۇن كېلىشمەسلىكلەرنى ئاڭلاپ، يىڭىباشتىن كۆپچىلىك بىلەن يەنە كۆز يېشى قىلدى. ھېلىمۇ ياخشى، تەنچۈن گەپكە ماھىر ھەم نەزىرى ئۈستۈن، كەڭ پېكىرلىك بولغاچقا، خېلى ۋاقىتقىچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ تەسەللى بەرگەچكە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىر ئاز ئۆزىگە كېلىشتى. ئەتىسى كۈيۈ ئوغۇلمۇ كەلدى ۋە بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، تەنچۈننى قونۇپ قېلىپ ئۇلارغا داۋاملىق تەسەللى بېرىشكە قالدۇرۇپ كەتتى. تەنچۈن بىلەن بىللە كەتكەن دېدەكلەر ۋە خوتۇنلارمۇ ھەمشىرىلىرى بىلەن قوشۇلۇشۇپ، ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە مۇڭداشقىلى چۈشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۇقىرىدىكىلەردىن تارتىپ تۆۋەندىكىلەرگىچە ھەممەيلەن باۋيۈينىڭ ئۈچۈرىنى ئېلىشقا كېچە ـ كۈندۈزلەپ تەقەززا بولۇپ تۇرۇشتى. بىر كېچىسى بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدىن ئاشقاندا، تالادىكى خىزمەتكارلاردىن بىرنەچچىسى ئارا دەرۋازىغا كېلىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. بىرنەچچە چۆرە قىز پالاقشىغان پېتى دېدەكلەرگىمۇ ئېيتىپ ئولتۇرماي، ئۆيگە كىرىپ:

— ئاغىچا خېنىم، خانىلىرىم، چوڭ خۇش خەۋەر! — دېدى.

— نەدىن تېپىپتۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈي تېپىلغان ئوخشايدۇ دەپ خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— چاپسان كىرسۇن!

— يەتتىنچى بولۇپ جۈيرېنلىككە ئۆتۈپتۇ، — دېدى ھېلىقىلار.



www.uyghurkitap.com

— باۋيۇي قېنىكەن؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

خىزمەتكارلار گەپ قىلمىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چۆشىنىپ، جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

— يەتتىنچى بولۇپ ئۆتكەن كىم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى تەنچۈن.

— باۋيۇي غوجام ئىكەن، — خىزمەتكارلار جاۋاب بەردى. شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، تالادا يەنە «جيا لەن غوجام ئۆتۈپتۇ!» دېگەن ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى. بايىقى خىزمەتكارلار ئىتتىك چىقىپ تەۋسىيەنامىنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە ئىچكىرىگە ئەكىرىپ مەلۇم قىلدى. قارىسا، جيا لەن بىر يۈز ئوتتۇزىنچى بولۇپ ئۆتۈپتۇ. لى ۋەن كۆڭلىدە خۇش بولۇپ كەتتى، بىراق باۋيۇي تېپىلمىغاچقا خۇشاللىقىنى بىلىندۈرمىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ جيا لەننىڭ ئۆتكەنلىكىگە ئىچىدە خۇش بولۇپ: «باۋيۇي كېلىپ قالغان بولسا، ھەممەيلەن قانچىلىك خۇش بولۇپ كەتكەن بولاتتۇق - ھە!» دەپ خىيال قىلدى. يالغۇز باۋچەيلا يۈرىكى دەرد - ھەسرەتتىن پۇچىلانسىمۇ، ياش تۆكۈشكە ئۆڭايسىزلىنىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن ئۇنى مۇبارەكلەپ:

— باۋيۇيگە ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نېسىپ بولغانىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە يىتىپ كەتمەيدۇ، ئىككى - ئۈچ كۈنگە قالماي جەزمەن تېپىلىدۇ، — دېيىشتى.

بۇ گەپ خېلى ئورۇنلۇق تۇيۇلۇپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ چىرايلىرىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى، كۆپچىلىك شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنى غىزالىنىشقا دەۋەت قىلىشتى. شۇ ئەسنادا ئىچكىرىدىكى دەرۋازىدىن بېيمىڭنىڭ: «بىزنىڭ باۋيۇي غوجام جۈيرېنلىككە ئۆتكەن، ئۇ ھەرگىز يوقاپ كەتمەيدۇ!» دېسە، باشقىلارنىڭ: «نەدىن بىلدىڭ؟» دەپ سورىغىنى، بېيمىڭنىڭ يەنە: «جۈيرېن بولۇپ شۇئاندا ئالەمگە كەتتى شۆھرىتى، دېگەن بېيىتنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ ھازىرچۇ باۋيۇي غوجامنى نەگىلا بارسا خەق بىلىدۇ، ئۇنى ئەكېلىپ

www.uyghurkitap.com

بەرمەسلىككە كىمنىڭ ھەددى !» دەپ چۈشەندۈرگىنىنى ئاڭلاندى.

— بۇ تەنتەك ئەدەپسىزلىك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ گېپى دۇرۇس گەپ، — دېيىشتى ئىچكىرىدىكى ھەممەيلەن.

— شۇنچە چوڭ بولۇپ قالغان ئادەم يوقاپمۇ كېتەمدۇ؟ — دېدى شىچۈن، — بۇ دۇنيانىڭ ئىشق ـ ھەۋەسلىرىدىن قەتئىي قول ئۈزۈپ، ئەدەم دەرۋازىسىدىن① كىرىپ كەتمىگەنلا بولسا تېپىلىدۇ. شۇنداقلا قىلغان بولسا ئۇنى تاپماق تەس !

بۇ گەپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باشلىق كىشىلەرنى يەنە قاتتىق يىغىغا سېلىپ قويدى.

— قەدىمدىن تارتىپ بۇددا، پىر ـ ئەۋلىيا بولۇپ كەتكەنلەردىن دەرۋەقە، مەرتىۋە ـ ئۇنۋان، شان ـ شەۋكەت دېگەننىڭ جىمىسىدىن ۋاز كەچكەنلىرىگۇ ناھايىتى تولا ئىكەن، — دېدى لى ۋەن.

— ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ۋاز كېچىدىغان بولسا، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ، — ۋاپاسىزلىق قىلغان بولىدۇ. ئۇنداقتا بۇددا ـ پىر بولالامتى؟

— جاھاندا ئىنساننىڭ غەلىتە پەرقى بولمىسا بولىدىكەن، — دېدى شىچۈن، — ئاكام تۇغۇلۇشىدا قاشتاش بىلەن چۈشۈپتىكەن، ھەممەيلەن ئۇنى خاسىيەتلىك، دېيىشكەن. ئەمدى ئويلاپ باقسام جىمى ئىش شۇ قاشتاشنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋېتىپتۇ. مەن ئاغىچا خېنىمنى خاپا قىلماقچى ئەمەس، مۇبادا يەنە بىرنەچچە كۈنگىچە تېپىلمىسا، دېمەك ئۇنىڭ بائىسى بولغان بولىدۇ، شۇڭا ئاكامنى تۇغمىغانغا چىقىرىۋېتىش كېرەك. چۈنكى، ئۇ تۇغۇلمىشىدىن ئۆزگىچە بولغاچقا، ھىدايەت يولىنى تاپقان، بۇمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىرنەچچە ئەجدادتىن بۇيان قىلغان

① ئەدەم دەرۋازىسى — بۇددا دىنى چۈشەنچىسىدە دۇنيا پۈتۈنلەي بىھۇدىلىك — يوقلۇق (ئەدەم) تىن ئىبارەت، دەپ تونۇيدۇ. بۇ يەردە تەركىدۇنيا بولماق مەنىسىدە كېلىۋاتىدۇ.

ساۋابلىق ئىشلىرىنىڭ ئەجرى.

باۋچەي بۇ گەپلەرگە لام ـ جىم دېمىدى. شىرىن چىداپ تۇرالمىدى، يۈرىكى مۇجۇلغاندەك بولۇپ، بېشى قېيىپ يىقىلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئۆز ھۇجرىسىغا ئەكىرگۈزۈپ قويدى.

جيا خۇەن ئاكىسى بىلەن جىيەنىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جياۋجيېرنىڭ ئىشى ۋەجىدىن خىجىل بولۇپ، جيا چياڭ بىلەن جيا يۈندىن ئاغرىنىپلا يۈرەتتى. ئەمدى تەنچۈن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلماي قالمايدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئەسلىي پېتىنالماي، نەچچە كۈننى تىكەنلىكتە يۈرگەندەك ئۆتكۈزدى. ئەتىسى جيا لەن خاننىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن، نائىلاج ئۆزى يالغۇز باردى ۋە جېن باۋيۈنىڭمۇ جۈيرېنلىككە ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇلار بىر يىل ئىچىدە ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر ئىدى. گەپ ئارىسىدا جيا باۋيۈنىڭ ئادىشىپ يىتىپ كەتكەنلىكىنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، جېن باۋيۈمۇ نادامەت قىلىپ تەسەللى بەردى. ئىمتىھان ئالغۇچى باش مۇپەتتىش جۈيرېنلىككە ئۆتكەنلەرنىڭ ئىمتىھان قەغەزلىرىنى خانغا سۇنغانىدى، خان ھەزرەتلىرى ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ ماقالىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، جىمىسىنىڭ رەتلىك راۋان يېزىلغانلىقىغا نەزەر سالدى. شۇ قاتاردا يەتتىنچى بولغان جيا باۋيۈنىڭ يۈرتى جىنلىڭ دەپ يېزىلغانلىقىغا، بىر يۈز ئوتتۇزىنچى بولغان كىشىنىڭمۇ جىنلىڭلىق جيا لەن دېيىلگەنلىكىگە كۆزى چۈشكەن خان ھەزرەتلىرى: «جيا جەمەتىدىن بولغان ئىككىسى جىنلىڭلىقلار ئىكەن، خانىش جيا يۈەنچۈن بىلەن بىر جەمەتمۇ، قانداق؟» دەپ سۈرۈشتۈرۈپ يارلىق چۈشۈردى. ئەمرگە بىنائەن چىققان ۋەزىر سوراپ كۆرۈش ئۈچۈن جيا باۋيۈي بىلەن جيا لەننى چاقىرتتى. جيا لەن باۋيۈنىڭ

ئىمتىھاندىن كېيىن يوقاپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۈچ ئەجدادىغىچە ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بايان قىلىپ بەردى، ۋەزىر ئۇنى خانغا مەلۇم قىلدى. دانىشمەن، مېھىر ـ شەپقەتلىك، پەزىلەتلىك خان ھەزرەتلىرى جىيا جەمەتىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ، ۋەزىرگە چارلاپ ئۈچۈرىنى بىرىش ھەققىدە ئەمر قىلغانىدى، ۋەزىر ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە ئېنىق مەلۇم قىلدى. خان ھەزرەتلىرى ناھايىتى ئېچىنىپ، جىيا شېنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئەھۋالىنى ئەنزىدىن قايتا تەكشۈرۈپ مەلۇم قىلىش توغرىسىدا ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئەمر چۈشۈردى. خان ھەزرەتلىرى يەنە «دېڭىز دولقۇنلىرى تىنچىپ، خۇاڭخې سۈيى سۈزۈلگەن، ئەل ئامان بولۇپ خۇشال تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان» لىقى مەلۇم قىلىنغان «دېڭىز ساھىلىدا قاراقچىلارنى تىنچىتقان لەشكەردىن خەۋەر ئېلىشقا دائىر ئىشلار» دېگەن مەلۇماتنى كۆردى. بۇنىڭ بىلەن دانىشمەن خان ھەزرەتلىرى ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تەرىپلەپ مۇكاپاتلاش توغرۇلۇق توققۇز دىۋانغا ئەمر چۈشۈردى ۋە پۈتۈن ئېلىمغا ئومۇمىي كەچۈرۈم جاكار قىلدى.

جىيا لەن دەرگاھتىن يانغاندىن كېيىن مۆھتەرەم ئۇستازىنى[①] زىيارەت قىلدى ۋە ئوردا ـ شېرىپتا ئومۇمىي كەچۈرۈمنىڭ گېپى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قايتىپ كېلىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا مەلۇم قىلدى. شۇ ۋەجىدىن پۈتۈن خانىداندىكىلەر چىرايلىرى سەل ئېچىلىپ، باۋيۈينىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇشتى. شۆ ھاما بولسا تېخىمۇ خۇشال بولۇپ، ئوغلىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇشنىڭ غېمىنى قىلماقچى بولدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىرسى جېن بېگىم بىلەن ئۇچىنچى

---

① مۆھتەرەم ئۇستاز ـــ ئىمتىھاندىن ئۆتكەن جۈيرېنلەر ئىمتىھان ئالغۇچى باش مۇپەتتىشنى «مۆھتەرەم ئۇستاز» دەپ ئاتايدۇ.

كۆيۈ ئوغۇل بېگىمنىڭ مۇبارەكلەپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا جىيا لەننى بۇيرۇغانىدى. بىر دەمدىن كېيىنلا جىيا لەن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك ھىجىيىپ كىرىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلدى:

— خېنىملار، مۇبارەك بولسۇن! جېن بېگىم ئوردا - شېرىپتا خاندىن ئەمر چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ: ئۇلۇغ بېگىمنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىپتۇ؛ جىيا جېن بېگىم گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىش بىلەنلا قالماي، نىڭگو قەسىرىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئاتا مىراس مەنسىپىگە يەنە ۋارىس قىلىنىپتۇ، رۇڭگو قەسىرىنىڭ ئاتا مىراس مەنسىپىگە يەنىلا چوڭ دادام ۋارىس بوپتۇ. قارىلىق مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئاۋۋالقىدەك ئىنشائات دىۋانىنىڭ ئورپاق بەگلىكىگە كۆتۈرۈلىدىكەن. خاندانىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان تەئەللۇقلىرى تامام قايتۇرۇپ بېرىلىدىكەن. تاغامنىڭ يازغان ماقالىسىنى خان ھەزرەتلىرى بەكمۇ يارىتىپتۇ. سورۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ خانىش يۈەنچۇننىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىدىن ۋاقىپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە بېيجىڭ ۋاڭنىڭ ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەم بولغانلىقىنىمۇ مەلۇم قىلغانىكەن، خان ھەزرەتلىرى ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا كىرىشكە ئەمر قىپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالار: «جىيەنى جىيا لەننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىمتىھاندىن يېنىپ چىققاندا يوقاپ كېتىپتۇ، شۇ تاپتا تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەۋېتىپتۇ» دەپ مەلۇم قىلغانىكەن. خان ھەزرەتلىرى بەش كۆرە يامۇلى[①] كۆڭۈل قويۇپ ئىزدىسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. بۇنداق يارلىق چۈشكەندىن كېيىن ئەمدى خاتىرجەم بولۇشسىلا، خان ھەزرەتلىرى شۇنداق ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقان يەردە، ئەمدى ئاكام تېپىلماي قالمايدۇ!

---

① بەش كۆرە يامۇلى — چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا پايتەختنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان چارلاپ تۇتقۇن قىلغۇچى كۆرەلەر ۋە بۇلارغا قاراشلىق يامۇللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باشلىق ھەممەيلەن ئەنە شۇ چاغدىلا بىر ـ بىرىنى مۇبارەكلىشىپ خۇشال بولۇشقا باشلىدى.
پەقەت جيا خۇەنلەرلا كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتە چياۋجيېرنى ئىزدەپ يۈرۈشتى. چياۋجيېرنى بولسا لىيۇ موماي كەينىگە سېلىپ پىگئېر بىلەن بىللە شەھەردىن چىقىپ يېزىسىغا ئېلىپ باردى. لىيۇ موماي چياۋجيېرگە ھەرگىز تەركىي ھۆرمەتلىك قىلماي، تۆر ئۆينى پاكىز تازىلاپ، چياۋجيېر بىلەن پىگئېرغا تۇتۇپ بەردى. ھەر كۈنى ئېتىپ بېرىۋاتقىنى سەھراچە غىزا بولسىمۇ، ھەرھالدا پاكىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىگئېر چياۋ جيېرنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇلار ھازىرچە خاتىرجەم بولۇپ قالدى. شۇ مەھەللىدىمۇ بىرنەچچە ئۆيلۈك بايلار بار ئىدى، ئۇلار لىيۇ موماينىڭكىگە جيا خانىدانىنىڭ خان قىزى كېلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ كۆرگىلى كېلىشتى ۋە كۆرۈپ، ھەممىسى ئاسماندىن چۈشكەن ھۆر ـ پەرىزات ئىكەن، دېيىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مېۋە ـ گېزەك كۆتۈرۈپ كېلىشەتتى، بەزىلىرى ئوۋلانغان ئۇچار قاناتلارنى ئېلىپ كېلىشەتتى، ھەرھالدا ئۇنى زېرىكتۈرمەي ئۆينى ئاۋات قىلىشىپ تۇردى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا پۇل ـ بايلىقى ھەددى ـ ھېسابسىز، يەر ـ زېمىنىنىڭ ھۇدۇدىغا كۆز يەتمەيدىغان جۇ فامىلىلىك ئىنتايىن كاتتا بىر باي بار ئىدى. ئۇنىڭ ئون تۆت ياشقا كىرىپ قالغان ئەدەپلىك ھەم چىرايلىق يالغۇز ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئائىلىۋى خەلپەت تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتۇشى بىلەن، مۇشۇ يېقىنقى ئىمتىھاندا موللىلىققا ئۆتكەنىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئانىسى چياۋجيېرنى كۆرۈپ مەستلىكى كېلىپ: «بىز دېھقان خەق تۇرساق، مۇنداق ئېسىلزادە خان قىزغا قولىمىز يېتەرمۇ؟» دەپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.
— كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلىپ قالدىم، — دېدى ئۇنىڭ

كۆڭلىدىكىنى پەم ئېتىپ قالغان لىيۇ موماي، ــــ مەن سىلەرگە ئەلچى بولاي.

ــــ مېنى گوللىمايلا قويۇڭ، ــــ دېدى جو ئانا كۇلۇپ، ــــ ئۇلار دېگەن كىم، بىزدەك دېھقان خەققە قىزىنى بېرەمتى؟

ــــ سۆزلىشىپ باقمامدۇق، ــــ دېدى لىيۇ موماي.

لىيۇ موماي جىيا خانىدانىدىن ئەنسىرەپ، بەنئېرنى ئۇقۇشۇپ بېقىش ئۇچۇن شەھەرگە كىرگۈزدى. شۇ كۇنى بەنئېر نىڭگو ـ رۇڭگو قەسىرلىرى جايلاشقان كوچىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ يەردە بىرمۇنچە مەپە، تەختىراۋانلار تۇرۇپتۇ، يىغىن ئەتراپىكىلەردىن سۇرۇشتۇرۇۋىدى، ئۇلار: «نىڭگو خانىدانى بىلەن رۇڭگو خانىدانىنىڭ مەنسەپلىرى ئەسلىگە كەلتۇرۇلدى، مۇسادىرە قىلىنىپ كەتكەن تەئەللۇقلىرى ئىنئام قىلىنىپ قايتۇرۇلىدىكەن، بۇ خانىدانلار ئەمدى يەنە باش كۆتۇرىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ باۋيۇيىسى مەنسەپدارلىققا ئۆتۇپتىكەن، بىراق نەگە كەتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس» دېدى. بەنئېر خۇش بولۇپ، قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرۇۋىدى، يەنە بىرمۇنچە ئاتلىق كىشىلەر كېلىپ، دەرۋازا ئالدىدا ئاتتىن چۇشتى، دەرۋازىۋەنلەر سالام بېرىپ، ئامانلىق سورىدى:

ــــ ئوتتۇرانچى بېگىم قايتىپ كەپلا، مۇبارەك بولسۇن! ئۇلۇغ بېگىمنىڭ تېنى تازىدۇ؟

ــــ ئوبدان تۇردى، ــــ دېدى ئۇ ئادەم كۇلۇپ، ــــ خاننىڭ ئىلتىپات يارلىقى چۇشتى، پات ئارىدا قايتىپ كېلىدۇ. ئاۋۇلار نېمە ئادەملەر؟ ــــ دەپ سورىدى ئۇ يەنە.

ــــ خان دەرگاھىدىن كەلگەن ئەمەلدار، بۇ يەرگە يارلىقنى يەتكۇزۇپ، تەئەللۇقنى ئېلىشۋالسۇن دەپ ئادەم چاقىرغىلى كەپتۇ، ــــ دەپ مەلۇم قىلدى دەرۋازىۋەنلەر. ھېلىقى بېگىم خۇشال ھالدا ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. بەنئېر ئۇنى جىيا لىەن بولسا كېرەك دەپ قىياس قىلدى ـ دە، يەنە تىڭتىڭلاپ تۇرماي، ئالدىراپ

قايتىپ كەتتى ۋە بىرىپ مومىسىغا ئېيتتى.

بۇنى ئاڭلىغان ليۇ موماي خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، كىرگەن پېتى چياۋجيېرنى مۇبارەكلىدى ۋە بەنئېر ئۇقۇپ كەلگەن گەپلەرنى بىر قۇر دەپ بەردى.

— ھەرنېمە بولسا مۇشۇنداق قىپتىكەنسىز، موما! — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، — بولمىسا، خان قىز مۇنداق ياخشى كۈنلەرگە ئۇلىشالماس ئىدى.

چياۋجيېر تېخىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. شۇ گەپ ئۈستىگە جيا ليەنگە خەت ئېلىپ كەتكەن كىشىمۇ قايتىپ كېلىپ قالدى.

— بېگىم سىلەردىن ناھايىتى مىننەتدار بولدى، — دېدى ئۇ، — ماڭا ئۆيگە قايتىپ بېرىپلا دەرھال خان قىزنى قەسىرگە ياندۇرۇپ كېلىڭلار، دېدى، ماڭا تېخى نەچچە سەر كۈمۈشمۇ ئىنئام قىلىۋەتتى.

بۇنى ئاڭلاپ كۆرەڭلەپ كەتكەن ليۇ موماي ئىككى ھارۋا كىرا قىلدۇرۇپ، چياۋجيېر بىلەن پىڭئېرنى ھارۋىغا تەكلىپ قىلدى. ليۇ مومايىنىڭكىدە تۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغان چياۋجيېرلەرنىڭ كەتكۈسى كەلمەي قالدى، پىڭئېرنىڭ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇنىمۇ شەھەرگە ئېلىپ مېڭىپ، ئۇدۇل رۇڭگو قەسىرگە قاراپ يول ئالدى.

ئەمدى گەپنى جيا ليەندىن ئاڭلىغايسىز. ئۇ جيا شېنىڭ كېسەللى ئېغىرلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ تۇرغان جايىغا بارغانىدى، ئاتا ـ بالا كۆرۈشۈپ بىردەم يىغا ـ زار قىلىشتى، كېيىن ئاتىسى بارا ـ بارا ياخشى بولۇپ قالدى. جيا ليەن ئۆيدىن بارغان خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خانداندىكى ئىشلاردىن ۋاقىپ بولدى، ئاندىن جيا شېغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ ئۆزى قايتتى، سەپەر ئۈستىدە ئومۇمىي كەچۈرۈمدىن خەۋەر تېپىپ، يەنە ئىككى كۈن جىددىي يول ماڭدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆيگە كېلىشىگە خاننىڭ

ئىلتىپات قىلىش توغرىسىدىكى يارلىقىمۇ تەڭ چۈشكەنىدى. ئىچكىرىدە شىڭ ئاغىچا خېنىم باشلىق كىشىلەر يارلىقنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەم يوقلۇقىدىن غەم قىلىپ تۇراتتى. جيا لەن بولغان بىلەن ئۇ بەربىر كىچىك ئىدى. دەل شۇ چاغدا خىزمەتكارلار جيا لەننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى، جيا لەننىڭ كىرىشى بىلەن ھەممەيلەن كۆرۈشۈپ، قايغۇ - ھەسرەتلىرى بىلەن خۇشاللىقى گىرەلىشىپ كەتتى. شۇ سائەتتە جيا لەن ئەھۋاللىشىشقىمۇ چولىسى يوق، دەرھال تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ خاننىڭ يارلىقىغا باش قويدى. خاننىڭ يارلىقىنى يەتكۈزگەن بېگىم جانابلىرى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى سورىدى ۋە:

— ئەتە ئوردىغا بېرىپ ئىنئامنى تاپشۇرۇۋېلىڭلار. نىڭگو قەسرى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ، — دەپ ئۇقتۇردى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى.

جيا لەن دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۇ يەردە بىرنەچچە سەھرا ھارۋىسى پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى، خىزمەتكارلارنىڭ ئۇلارنى توختىتىشلى قويماي جاڭجال قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇنىڭ چياۋجيېرنى ئېلىپ كەلگەن ھارۋىلار ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلگەن جيا لەن خىزمەتكارلارغا كايىدى:

— ھوي، ھارامدىن بولغان كۈچۈكلەر! مەن بولمىسام تۈز كورلۇق قىلىپ ئىگەڭنى چىشلىشىپ، چياۋجيېرنىمۇ قوغلىۋېتىشىپسەن، مانا ئەمدى خەق ئەكېلىپ قويۇۋاتسا يەنە توسۇۋېلىشىۋاتىسىنا! زادى سەنلەرنىڭ مەندىن ئالالمايۋاتقان نېمە ئۆچۈڭلار بار ئىدى؟

خىزمەتكارلار جيا لەن قايتىپ كەلسە بۇ ئىشلارغا سۈكۈت قىلماس، كېيىنرەك ئاشكارا بولار دەپ ئويلاشقانىدى، جيا لەننىڭ مۇنداق ئۇجۇر - بۇجۇرنى بىلگىنىگە قاراپ، ئۇلار ھاڭ - تاڭ قالدى - دە، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر

بولدى:

— بېگىم، ئۆزلىرى سەپەرگە چىقىپ كەتكەندىن بېرى قول ـ چاكارلاردىن بەزىلىرىمىز ئاغرىپ قالدۇق، بەزىمىز ئۆزرە بىلەن ئىجازەت سورىدۇق. ھەممە ئىشقا جىيا خۇەن غوجام، جىيا چياڭ غوجام، جىيا يۈن غوجام ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلدى، پېقىر چاكارلىرىنىڭ داخىلەتچىلىكىمىز بولمىدى.

— ماۋۇ خۇنپەرلەرنىڭ گېپىنى قاراڭلار! — دېدى جىيا لىيەن، — سەنلەر بىلەن قولۇم بوشىغاندا سۆزلىشىمەن. ھارۋىنى چاپسان باشلاپ ئەكىرىش!

جىيا لىيەن كىرىپ كەتتى، ئۇ شىڭ ئاغىچا خېنىمنى كۆرۈپمۇ گەپ ـ سۆز قىلماي، بۇرۇلۇپلا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تىزلىنىپ باش ئۇردى ۋە مۇنداق دەپ مەلۇم قىلدى:

— چياۋجيېر قايتىپ كەپتۇ، ھەرنىمە بولسا ئۆزلىرى مەدەتكار بولۇپلا! ئەمدى جىيا خۇەن ئۇكامنىمۇ يەرگە قاراتمىساق. گەپ جىيا يۈن دېگەن خۇنپەردىلا. ئۇ ئۆتكەن قېتىم خاندانغا قاراپ قالغاندىمۇ چاتاق چىقارغانىدى، بۇدا مېنىڭ نەچچە ئاي بولمىغىنىمغا شۇنچىزە يامان ئىشلارنى قىلىۋېتىپتۇ. ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىدىغىنىم: مۇنداق ئادەمنى ھەيدىۋېتىپ ئۇنىڭ بىلەن زادىلا رابىتە قىلىشمىساق بولغۇدەك!

— ۋاڭ رېن دېگەن پەسەندىمۇ نېمانچە ئەسكىلىك قىلىدىغاندۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ئۇنى قويسىلا، ئاغىچا خېنىم، — دېدى جىيا لىيەن، — ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن.

شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە سەييۇن قاتارلىقلار كىرىپ:

— چياۋجيېر خان قىز كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى. چياۋجيېر كىرىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن كۆرۈشتى. گەرچە ئايرىلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى

قاچقۇنلۇق ھالىتىنى يادىغا ئېلىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى. ئاندىن چياۋجيېرمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. جيا لىيەن ئىلدام كېلىپ ليۇ مومايغا رەھمەت ئېيتتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئاندىن ليۇ مومايىنى تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، شۇ كۈندىكى گەپلەرگە چۈشۈپ كەتتى. جيا لىيەن پىڭئېر بىلەن كۆرۈشكەندە، ئەۋزايىدىن بىرنېمە دېيىشكە تارتىنغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياش كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پىڭئېرغا بارغانسېرى ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى ۋە جيا شې قايتىپ كەلگەندە پىڭئېرنى چوڭ خوتۇنلۇققا كۆتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قېلىپ تۇرسۇن.

خوش، ئەمدى شىڭ ئاغىچا خېنىمغا كەلسەك، چياۋجيېر يوقاپ كەتكەندىن كېيىن بىرەر ئېگىز - پەسلىك تۇغۇلۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى. تۆپىلەپ جيا لىيەننىڭ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ بىئارام بولدى. چۆرە قىزنى تىڭتىڭلاپ بېقىشقا ئەۋەتتۇقى، چياۋجيېرنىڭ ليۇ موماي بىلەن شۇ يەردە گەپلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ كەلدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم شۇ چاغدىلا ئۇيقۇدىن يېڭى ئويغانغاندەك بولۇپ، بۇنىڭ شۇلارنىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىنمۇ ئاغرىنىپ: «دەيدەيگە سېلىپ يۈرۈپ ئانا - بالا ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا ئىناقسىزلىق تېرىدى! پىڭئېرغا زادى كىم خەۋەر يەتكۈزگەن بولغىيدى؟» دەپ سۈرۈشتۈرمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، چياۋجيېر ليۇ مومايىنى ئېلىپ، پىڭئېرنى ئەگەشتۈرۈپ، كەينىدىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ بىللە كىرىپ كەلدى، ئۇلار ئۆتۈپ

كەتكەن ئىشلارنى جىيا يۈن بىلەن ۋاڭ رېنلارغا ئارتىپ تۇرۇپ گەپ قىلدى.

— چوڭ ئاغىچا خېنىم ياخشى ئىشمىكىن دەپ، خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ كەتكەن، — دېدى ئۇلار، — سىرتتىكى نەيرەڭنى نەدىن بىلسۇن؟

شىڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ خىجىل بولدى ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلى ئوبدان ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قايىلمۇ بولدى. شۇنداق قىلىپ، شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئارىسىدىكى غۇم كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭۈللىرىمۇ تەسكىن تاپقان بولدى. پىڭئېر ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا خوش دەپ قويۇپ، چياۋجيېرنى ئېلىپ، باۋچەينىڭ يېنىغا سالامغا باردى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە دەرد ـ ئەھۋال تۆكۈشۈپ مۇڭداشتى. گەپ يەنە: «خان ھەزرەتلىرى كاتتا ئىلتىپات قىپتۇ، خانداننىمىز ئەمدى گۈللىنىدىغان بولدى. باۋيۈي غوجاممۇ چوقۇم قايتىپ كېلەر» دېگەن يەرگە باردى. گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، چيۈۋېن ئالاقزەدە بولغان ھالدا يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— شىرېن بولالماي قالدى! — دېدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بىر يۈز يىگىرمىنچى باب

## جېن شىيىننىڭ غايىب ئالەم ئەھۋالاتىنى بايان ئەتكەنلىكى جىيا يۈيسۈننىڭ قىزىل راۋاقتىكى چۈشكە خاتىمە بەرگەنلىكى

خوش، باۋچەي چيۈۋېندىن شىرېننىڭ بولالمايۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىلدام ئۇنى كۆرگىلى كىردى، چياۋجېير بىلەن پىڭئېرمۇ بىللە كىردى. شىرېن كاڭدا ياتاتتى، چىدىغۇسىز تۇتقاق يۆرەك ئاغرىقىدىن بىرپەس تىن ئالالماي قالغانىدى. باۋچەيلەر قايناق سۇ ئىچۈرۈپ بېرىۋىدى، بىردەمدىن كېيىن ئوڭلىنىپ قالدى، ئاندىن جايىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، تېۋىپ چاقىرسۇن دەپ خەۋەر قىلدۇرۇۋەتتى.

— شىرېن ئاچامنىڭ شۇنچىزە قاتتىق ئاغرىشىغا نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟ — دەپ سورىدى چياۋجېير.

— قايسى كۈنى ئاخشىمى يىغلاۋېرىپ يۈرىكىگە دەرد تەگكەچكە، بىردىنلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغانىدى، — دېدى باۋچەي، — ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويغاندا كىرىپلا يېتىپ قاپتۇ. تالادىكى غەلۋە بىلەن بولۇپ كېتىپ، تېۋىپ چاقىرتىپمۇ كۆرسىتەلمىدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان گەپ.

شۇ گەپ ئۈستىگە تېۋىپ كەلدى، باۋچەيلەر ئۆزلىرىنى سەل چەتكە ئېلىپ تۇردى. تېۋىپ تومۇرىنى تۇتۇپ، ئاچچىق يۇتقاندىن بوپتۇ، دېدى ۋە دورا يېزىپ بېرىپ قايتتى.

ئەسلىدە شىرېننىڭ قۇلىقىغا گويا باۋيۈي قايتىپ كەلمەي قالسا، ھۇجرىسىدىكىلەرنىڭ جىمىسىنى چىقىرىۋېتىمىز،

دېگەندەك بىر گەپ كىرگەندەك بولۇپ، جىلە بولغىنىدىن ئاغرىقى تېخىمۇ تۇتۇپ كەتكەندى. تېۋىپ كۆرۈپ كەتكەندىن كېيىن چيۇۋېن ئۇنىڭ دورىسىنى قايناتتۇۋاتاتتى، شىرىن پەرىشان ھالدا ئۆزى يالغۇز ياتاتتى. شۇ ئارىدا كۆزىگە باۋيۈي كۆرۈنگەندەك بولدى، تۇرۇپلا ئۇ يەنە راھىبقا ئوخشاپ قالدى. قولىدا بىر رىسالىنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ: «سەن مېنىڭ ئادىمىم ئەمەس، كېيىن، ئەلۋەتتە، ئۆز لايىقىڭ بولىدۇ» دەيتتى ئۇ. شىرىن ئۇنىڭغا گەپ قىلاي دېيىشىگە، چيۇۋېن كىلىپ:

— دورا تەييار بولدى، ئىچىۋالسىڭىز، ئاچا، — دەپ قالدى. شىرىن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، چۈشى ئىكەن، بۇنى ھېچكىمگىمۇ تىنمىدى. دورىنى ئىچىپ بولۇپ چوڭقۇر خىيالغا كەتتى: «باۋيۈي راھىبنىڭ كەينىدىن كەتكەن بولسا كېرەك. ئۆتكەن دورەم قاشتاشنى ئېلىپ سىرتقا چىقماقچى بولغىنىدىلا كېتىپ قالىدىغاندەك بىلىنگەن. تۇتۇۋالسام، ئىلگىرىكىدەك ئىشىق - ھەۋەستىن ھېچقانداق ئەسەر كۆرۈنمىدى، ئەكسىچە مېنى سىلكىشتۇرۇپ ئىتتىرىۋەتتى. بىرىپ - بىرىپ باۋچەي خېنىمدىنمۇ بىزار بولۇپ كەتتى، باشقا ھەمشىرىلەرگىمۇ ھېچقانداق يېقىنچىلىق قىلمىدى، شۇ ئەپتىدىن ھىدايەت تاپقاندەكمۇ قىلىدۇ. بىراق، سەن ھىدايەت تاپتىم دەپ، باۋچەي خېنىمنى تاشلىۋەتسەڭ بولامدۇ؟ مېنىغۇ ئاغىچا خېنىم سىنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىدۇ دەپ بۇيرۇپ بەرگەن. ئايلىق پۇلۇمنى ئادەتتىكىچە ئېلىۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە، بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدىن ئوچۇق ئۆتمەيلا ساڭا توقال بولۇپ قالدىم. مۇبادا، بېگىم، ئاغىچا خېنىم مېنى چىقىرىۋەتمەكچى بولۇپ قالسا، مەن ئەقىدە باغلاپ تۇل ئۆتۈپ كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالسام، خەق زاڭلىق قىلىدۇ، چىقىپ كېتەي دېسەم، باۋيۈينىڭ ماڭا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ئويلاپ راستلا چىدىغۇم كەلمەيدۇ!» ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بېشى بەك قاتتى. خىياللىرى بايا كۆرگەن چۈشىگە كېلىپ قالدى: «مېنى ئۆزگىنىڭ ئادىمى

دەۋاتىدۇ، ئۇنداقتىا مەن ئۆلۈپلا تۈگەشسەم بولغۇدەك !»

ئۇ دورىنى ئىچكەندىن كېيىن يۈرىكىنىڭ ئاغرىقى خېلى قويۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن يېتىۋېرىشكە ئۇنىمايسىزلىنىپ، چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بەردى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، باۋچەينىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا باشلىدى. باۋچەي بولسا باۋيۈيىنى سېغىنىپ، كىشىگە كۆرسەتمەي كۆز يېشى قىلاتتى، شور پېشانىلىكىدىن ھەسرەت چېكەتتى. ئانىسىنىڭ ئاكىسىنىڭ گۇناھىنى يۈيۈشىنىڭ كويىغا چۈشكەنلىكىدىن خەۋەردار بولدى، بۇ خېلىلا ھەشەم تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭ غېمىنى قىلىشىپ بەرمەي بولمايتتى. بۇ گەپ ھازىرچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى جيا جېڭدىن ئاڭلىغايسىز. جيا جېڭ جيا ئانىنىڭ جەسەت ساندۇقىنى، جيا رۇڭ چىن شى، فېڭجېي، يۈەنياڭلارنىڭ مېيىت ساندۇقلىرىنى ئېلىپ جىنلىڭغا يېتىپ باردى ۋە بۇلارنى ئاۋۋال دەپنە قىلىۋەتتى. ئاندىن جيا رۇڭ دەييۈينىڭ جەسىتىنى جايىغا يەتكۈزۈپ دەپنە قىلىش ئۈچۈن كەتتى. جيا جېڭ قەبرە ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بولدى. بىر كۈنى ئۆيدىن خەت كەلدى، خەتنى قۇرمۇ قۇر ئوقۇپ كېلىپ، باۋيۈي بىلەن جيا لەننىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى خۇش بولغانىدى، كېيىن باۋيۈينىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە دائىر قۇرلارغا كۆزى چۈشۈپ، يەنە بىئارام بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى. يول ئۈستىدە كەچۈرۈم توغرىسىدىكى خان يارلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپتى، تۆپىلەپ ئۆيدىنمۇ خەت كەلدى، گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىپ، مەنسەپلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىدىن ۋاقىپ بولۇپ، تېخىمۇ خۇشال بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرىۋەردى.

بىر كۈنى پىلىڭ دېگەن راباتقا كەلگەندە، تۇرۇپلا سوغۇق چۈشۈپ قار ياغدى، كېمە خالىيراق تىنچ بىر يەرگە كېلىپ

توختىدى. جيا جېڭ ئادەملىرىنى قىرغاققا چىقىپ دوست ـ يارەنلىرىگە: كېمە دەرھال يۈرمەكچى بولغانلىقتىن، ئۇلارنى بىسەرەمجان قىلىپ قويماي، دەپ ئۇلار بىلەن خوشلاشقان مەزمۇندا باغاق يەتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇۋەتتى. كېمىدە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بىرلا مۇلازىم قالغانىدى، جيا جېڭ ئاۋۋال ئۆيگە قورۇقلۇق ئارقىلىق ئادەم ماڭدۇرۇۋېتەي دەپ ئائىلىسىگە سالام خەت يېزىۋاتاتتى. خەتنى يېزىپ باۋيۈينىڭ ئىشىغا كەلگەندە قەلىمى توختاپ قالدى. شۇنداق بېشىنى كۆتۈرۈشىگە، كېمىنىڭ ئۇچىدا ئۇچقۇنلاۋاتقان قار شولىسىدىن يالاڭباش، يالاڭ ئاياغ، ئۇچىسىغا قىزىل موۋۇت يېپىنچا ئارتقان بىر كىمنىڭ دۈم يېتىپ باش ئۇرۇۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشتى. جيا جېڭ دەمال تونۇيالماي، شۇئان كېمىدىن چىقىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، كىم ئىكەنلىكىنى سوراي دېگۈچە، ھېلىقى ئادەم تۆت مەرتەم باش ئۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى جۈپتەكلەپ سالام بەردى. جيا جېڭ سالام قايتۇراي دەپ شۇنداق چىرايىغا قارىسا، ئۇ باشقا كىشى ئەمەس، دەل باۋيۈي ئىكەن. جيا جېڭ قاتتىق چۆچۈپ ئىلدام سورىدى:

— باۋيۈيمۇ سەن؟

ھېلىقى ئادەم لام ـ جىم دېمىدى، بىر تۇرۇپ خۇشالدەك، بىر تۇرۇپ قايغۇرغاندەك كۆرۈندى.

— باۋيۈي بولساڭ، — دەپ سورىدى جيا جېڭ يەنە، — نېمىشقا بۇنداق ياسىنىۋالدىڭ، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟

باۋيۈي جاۋاب بەرگۈچە كېمىنىڭ ئۇچىدا ئىككى ئادەم — بىر راھىب، بىر دەرۋىش پەيدا بولۇپ، باۋيۈينى ئارىغا ئېلىپ: «ئادەمزاتلىق نېسىۋەڭ تۈگەپ بولسا، چاپسان ماڭماي يەنە تۇرىسەنغۇ؟» دېيىشى بىلەنلا، ئۈچەيلەن لەپپىدە قاشقا چىقىپ كېتىپ قالدى. جيا جېڭ يەرنىڭ تېيىلغاق بولۇپ كەتكىنىگىمۇ قارىماي، ئالمان ـ تالمان ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئۈچەيلەن ئالدىدىلا كېتىۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇلارغا يېتىشەلەمتى؟



www.uyghurkitap.com

ئۇچەيلەندىن قايسىدۇر بىرسى مۇنۇ غەزەلنى ئېيتتى:

ماكان دەپ تۇرارىم بار،
چىڭگېندە تۆزەرىم بار؛
ئەرشىئەلا قەرىدە،
سەيلانە كېزەرىم بار.
ھەمراھ بولۇر كىم ماڭا،
كىم بىلەن يۈرەرىم بار؟
پايانى يوق جاھاندا
داخۇاڭغا كېتەرىم بار!

جيا جېڭ غەزەلگە قۇلاق سالغاچ قوغلاپ كېتىۋاتاتتى، كىچىككىنە بىر دۆڭدىن ئەگىپ ئۆتكۈچە ئۇلار كۆزدىن غايىب بولدى. قوغلاۋېرىپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، دېمى كېسىلىپ قالغان جيا جېڭ ئەجەبلىنىپ، كەلگەن يېرىدە تۇرۇپلا قالدى. كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا، ئۆزىنىڭ مۇلازىمىمۇ سوڭدىشىپلا يېتىپ كەپتۇ.

— بايىقى ئۈچ ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ ئۇنىڭدىن.

— كۆردۈم، — دېدى مۇلازىم، — جانابلىرى قوغلاپ كېتىۋاتقانلىرى ئۈچۈن پېقىر قۇللىرىمۇ يېتىشىپ كېلىۋېدىم، كېيىن جانابلىرىلا كۆرۈندىلە، ئۇ ئۈچ ئادەم يوقاپ كەتتى.

جيا جېڭنىڭ يەنە ئالدىغا ماڭغۇسى بار ئىدى، بىراق بىپايان كەڭ دالادا بىرەر ئادەمزاتمۇ كۆرۈنمىدى. جيا جېڭ بۇ غارايىپنى كۆرۈپ، نائىلاج كەينىگە ياندى.

خىزمەتكارلار كېمىگە قايتىپ كېلىپ قارىسا، جيا جېڭ كېمە قازنىقىدا يوق. كېمىچىدىن سورىشۇدى، بېگىم قاشقا چىقىپ ئىككى راھىب، بىر دەرۋىشنى قوغلاپ كېتىپ قالدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ قاردا ئىز قوغلاپ ئارقىسىدىن ماڭغانىدى،

يىراقتا كېلىۋاتقان جىيا جېڭنى كۆردى، ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ بىللە كېمىگە قايتىپ كەلدى. جىيا جېڭ ئولتۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋېلىپ، باۋيۇينى كۆرگەنلىكىنى گەپ قىلىپ بەردى. خىزمەتكارلار مۇشۇ يەردىن ئىزدەپ باقساق دەپ ئىلتىماس قىلىشىدى، جىيا جېڭ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ مۇنداق دېدى:

— سىلەر ئۇقمايسىلەر! بۇنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۇم، ئۇ ھېچقانداق جىن ـ ئالۋاستى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېيتقان غەزىلىدىن قارىغاندا، بىر سىرى ـ ھېكمەت باردەك قىلىدۇ. باۋيۇينىڭ تۇغۇلۇشىدا قاشتاش چىشلەپ چۈشكەنلىكمۇ غەلىتە ئىش ئىدى، مەن بۇنىڭ شۇملۇق ئالامىتى ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا بىلگەن، ئۇلۇغ ئانىمىز بەك ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى بۈگۈنكى كۈنگىچە بېقىپ ـ تەربىيەلەپ كەلگەنىدىم. ھېلىقى راھىب ـ دەرۋىشنىمۇ مەن ئۈچ مەرتەم كۆرگەن: بىرىنچى قېتىمدا ئۇ راھىب كېلىپ قاشتاشنىڭ خاسىيىتىنى تەرىپلىگەن؛ ئىككىنچى قېتىمدا باۋيۇينىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەندە كېلىپ قاشتاشنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئەپسۇن ـ ئەرۋەش ئوقۇپ، باۋيۇينى ساقايتقان؛ ئۈچىنچى قېتىمدا قاشتاشنى ئەكېلىپ بەرگىلى كېلىپ، تاشقىرىقى ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ، بىر سائەتتىلا غايىب بولۇپ كەتكەن. كۆڭلۈمدە باۋيۇي ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەن، ئۇنى پازىل راھىب، پىر ـ ئەۋلىيالار ساقلايدىكەن، دەپ ھەيران بولغانىدىم، نەدىن بىلەي، باۋيۇي بۇ دۇنيانىڭ ئازابىنى باشتىن كەچۈرۈش ئۈچۈنلا ئادەمزات ئارىسىغا چۈشۈپ، ئۇلۇغ ئانامنى ئون توققۇز يىل ئالداپتىكەن ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدىلا چۈشىنىۋاتىمەن! — گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ كۆزىگە ياش ئالدى.

— باۋيۇي غوجام ئادەمزات دۇنياسىغا چۈشكەن راھىب بولغاندىكىن، جۇيرېنلىككە ئۆتمەسلىكى كېرەك ئىدى، نېمىشقا ئۆتۈپ بولۇپلا كېتىدىغاندۇ؟ — دېيىشتى باشقىلار.

— سىلەر نەدىن بىلەتتىڭلار؟ — دېدى جىيا جېڭ، —

ئىشقىلىپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ، تاغ ئارىسىدىكى راھىبلارنىڭ، غار ئىچىدىكى جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ جىمىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىتى بولىدۇ. باۋيۇيىنىڭ قاچانمۇ ئوقۇشقا ئىجتىھات قىلغان ۋاقتى بار؟ ئۇ سەل ـ پەل كۆڭۈل قويسىلا قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق ئىدى، بۇ مىجەز ـ خۇيىمۇ ئۆزگىچە ـ ئۆتكە ئىدى.

ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ بىر نەچچە قېتىم ئۇھ تارتىپ كەتتى. كۆپچىلىك جيا لەن غوجىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكى، خاندان مەئىشىتىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىدىغانلىقىغا دائىر گەپلەر بىلەن بىردەم كۆڭۈل ئېيتتى. جيا جېڭ ئۆيىگە يېزىۋاتقان سالام خېتىنى داۋاملاشتۇردى ۋە بۇ ۋەقەنىمۇ يېزىپ، جىمى جەمەتكە ئۇنى سېغىنىپ كەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلدى. خەتنى پۈتكۈزۈپ لىپاپىنىڭ ئاغزىنى يەملەپ دەررۇ ئۆيىگە ئادەم ماڭدۇردى. جيا جېڭمۇ ئۇزاققا قالماي يېتىپ باراتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى شۆ ھاممىدىن ئاڭلىغايسىز. ئۇ گۇناھكارلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، شۆ كېنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بۇيرۇپ يۈرۈپ قەرز ئالدى ھەم ئۆزىمۇ يىغىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئوغلىنىڭ گۇناھىنىڭ بەدىلىگە كۇمۇش راسلىدى. ئەدلىيە دىۋانى تەستىق قىلىپ، كۇمۇشنى نەق تاپشۇرۇۋالدى ۋە دەستەك چۈشۈرۈپ شۆ پەننى قويدۇرۇۋەتتى. ئانا ـ بالا، ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ دىدار كۆرۈشۈپ، خۇشاللىقى بىلەن قايغۇ ـ ھەسرەتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. شۆ پەن ئۆزىچىلا:

— كونا ئىللەتنى تەكرار سادىر قىلىدىغان بولسام، كالالام تېنىمدىن جۇدا بولسۇن! — دەپ قەسەم ئىچتى.

— ئۆزۈڭ بىلگىنى چىڭ باغلىساڭلا بولدى، — دېدى شۆ ھامما ئۇنىڭ بۇ ئەپتىگە قاراپ دەرھال ئاغزىنى توسۇپ، —

www.uyghurkitap.com

ئاغزىڭنى ئۇششۇتۇپ شۇنداقمۇ كەلسە ـ كەلمەس قەسەم قىلامسەن؟ خوش، شياڭلىك سىڭنىڭ قولۇڭدا نۇرغۇن ئازاب چەكتى، ئاغىچاڭ بولسا ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى، ھازىرقى كۈندە نامراتلىشىپ قالغان بولساقمۇ، تېخى قورساقنى بېقىپ كەتكۈچىلىك ھالىمىز بار، خىيالىمدا مەن ئۇنى كېلىنىم دەپ ھېسابلاۋاتىمەن. سىڭنىڭ كۆڭلۈڭدە قانداقكىن؟

شۆ پەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولغىنى تۈزۈك! — دېدى باۋچەيلەرمۇ.

بۇ گەپلەردىن ئوڭايسىزلانغان شياڭلىك ھوپپىدە قىزىرىپ:

— غوجامنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋەرسەممۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ، بۇنداق قىلىشمىسىلىمۇ؟ — دەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتكارلار ئۇنى «چوڭ كېلىن ئاغىچا» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى، بۇنىڭغا ناقايىل ئادەم چىقمىدى.

شۆ پەن جيا خانىدانىغا رەھمەت ئېيتقاچ زىيارەت قىلىپ كىرمەكچى بولدى، شۆ ھاما، باۋچەيلەرمۇ بىللە كىردى. ھەممەيلەن كۆرۈشۈپ، بىر يەرگە جەم بولۇپ بىردەم مۇڭداشتى. گەپ ئۈستىگە دەل شۇ كۈنى قايتىپ كەلگەن جيا جېڭنىڭ خىزمەتكارى كىرىپ كەلدى ۋە سالام خەتنى سۇنۇپ بېرىپ:

— بېگىم پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ، — دېدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا لەنگە خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى. جيا لەن جيا جېڭنىڭ باۋيۈينى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئىزھار قىلىنغان قۇرلارنى ئوقۇغاندا، ئاڭلاپ تۇرغان ھەممە ئادەم قاتتىق يىغا ـ زار قىلىشتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، باۋچەي، شېرېنلار بەكرەك يىغلاشتى. كۆپچىلىك جيا جېڭنىڭ خېتىدىكى: خانىدانىدىكىلەر ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەتلىنىپ كەتمەڭلار، ئۇ ئادەمزات ۋاسىتىسى بىلەن تۆرەلگەن[①] ئىكەن، دېگەن سۆزلەرگە تەبىر بېرىپ،

① ئادەمزات ۋاسىتىسى بىلەن تۆرەلگەن — خۇراپاتتا ئېيتىلىشىچە، ئەۋلىيا ـ مالائىكىلەر ئادەمزات دۇنياسىغا چۈشكەندە ياكى ئەرۋاھلار ئالەمنى ئارىلىغاندا، گاھىدا ئادەمزات ۋاسىتىسى بىلەن پەرزەنت بولۇپ تۆرىلىپ، مەلۇم ئائىلىدە تۇغۇلارمىش.

بىرھازا تەسەللى ئېيتىشتى:
— مەنسەپدار بولۇپ قالغىنى بىلەن، مۇبادا پېشانىسى ئوڭ كەلمەي، بىرەر گۇناھ سادىر قىلىپ قويۇپ، خانىدانىنى ۋەيران قىلىۋەتسە، ئۇ چاغدا ئوبدان بولمايتتى. ئۇنىڭدىن كۆرە خانىدانىمىزدىن بىرەر بۇددا چىققىنىمۇ تۈزۈك، بۇمۇ بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنىڭ قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىنىڭ ئەجرى، شۇڭا ئۇ بىزنىڭ خانىدانىمىزدا ئاپىرىدە بوپتىكەن. ئالدى - كەينىگە باقماي ئېگىز - پەس سۆزلىگىنىمىز ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدا شەرقىي قەسىردىكى بەگ بوۋىمىز ئون نەچچە يىل ئىستىقامەت قىلىپمۇ ئەۋلىيالىققا يېتەلمىگەن. بۇددالىققا يېتىش ئۇنىڭدىنمۇ تەس تېخى! مۇشۇلارنى بىرقۇر ئويلىسىلا كۆڭۈل - كۆكسىلىرى يورۇپ قالىدۇ، خېنىم.
— باۋيۈي مەندىن كېچىپتۇ، ئۇنىڭغا ئۆلەيمۇ، ئۆچەيمۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغا ئارىلاش شۆ ھاممىغا، — مەن ئۇنىڭ ئاغىچىسىنىڭ بىتەلەيلىكىگە ھەسرەت چېكىمەن، باۋيۈي تېخى بىر - ئىككى يىل ئۆي تۇتۇپلا نېمىشقا شۇنداق باغرى قاتتىقلىق قىلىپ بىزنى تاشلاپ كېتىدۇ دەيمىنا!
بۇ گەپ بىلەن شۆ ھاممىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى. باۋچەي يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى. ھەممە بەگ - غوجىلار تالادا ئىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم مۇنداق دېدى:
— مەن ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ غېمىنى يەپ كەلگەنىدىم. ئۇ ئەمدىلا ئۆيلەنگەن، ئىمتىھاندا جۈيرېنلىككە ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغىچىسىنىڭ بويىدا قاپتىكەن، بۇ ئىشلار بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈممۇ خۇش بولغانىدى. ئاقىۋىتىنىڭ مۇنداق بولۇشىنى نەدىن بىلەي! بۇنى بۇرۇن بىلگەن بولسامغۇ، ئۆيلىمەسكەنمەن، بىكارلا خەقنىڭ قىزىغا زامىن بولدى!
— بۇمۇ ئۆزىنىڭ پېشانىسىدىن، — دېدى شۆ ھامما، — بىزدەك كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا باشقىچە گەپكە ئورۇن بولامدىغان؟! بەختىمىزگە بويىدا بار ئىكەن، كېيىنكى كۈندە نەۋرە كۆرسەك،

www.uyghurkitap.com

چوك بولۇپ ئورنىنى بېسىپ، ئاقىۋىتى ئوبدان بولىدۇ. چوك كېلىن ئاغىچىغا قارىسىلا، ھازىر جىيا لەن غوجام جۇيرىنىلىككە ئۆتۈپتۇ، كېلەر يىل جىنشى بولسا مەنسەپكە چىقمامدۇ؟ ئۇ خېنىم باشتا جاپانىمۇ ئاز تارتمىغان، ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىدىن مانا ئەمدى راھەت كۆرىدىغان بولدى. قىزىمىزنىڭ ئىچ ـ باغرى ئۆزلىرىگە مەلۇم، كۆيۈمسىز، تەنتەك قىز ئەمەس، ھەرگىز ئۇنىڭدىن غەم يېمىسىلە، ئاچا.

شۇ ھاممىنىڭ بۇ ئورۇنلۇق گەپلىرىدىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چوڭقۇر خىيالغا كەتتى: «باۋچەي كىچىككىدىنلا ئىنسابلىق، نەپسىگە چوغ تارتمايدىغان، لاتاپەتلىكنى ياقتۇرىدىغان قىز ئىدى، شۇڭا بېشىغا مۇشۇ كۈنلەر كەلگەن ـ دە، ئۇنىڭ. ئىنساننىڭ دۇنيادا كۆرىدىغان كۆرگۈلۈكلىرى پېشانىسىغا پۈتۈلگەنىكەن! قارىمامدىغان، باۋچەي شۇنچە يىغلاپ ئازاب چەككىنى بىلەن، سالاپىتىدىن قىلچىمۇ چۈشمىدى، يەنە كېلىپ ماڭا تەسەللى بېرىۋاتىدۇ، كەم ئۇچرايدىغان پەزىلەت جۇمۇ بۇ! باۋيۈيگە ئادەمزات دۇنياسىنىڭ بەخت ـ سائادىتى قىلچە نېسىپ بولماپتىكەن!» بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ خېلى يورۇغاندەك بولدى. ئاندىن خىيالى شىرېنىغا كۆچتى: «باشقا دېدەكلەرنىڭ ئىشىغۇ ئانچە تەس ئەمەس، چوڭلىرىنى ياتلىق قىلىۋەتسەك، كىچىكلىرى كېلىن ئاغىچىنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋەرسە بولىدى. ئەمما، شىرېنىنى قانداق قىلغۇلۇق؟!» ھازىر يېنىدا ئادەم جىق بولغاچقا ئېغىزدىن چىقىرىشقا بولماي، ئاخشاملىقتا شۇ ھاممىغا مەسلىھەت سالماقچى بولدى.

شۇ كۈنى شۇ ھامما باۋچەينى يىغىدىن ئازابلانمىسۇن دەپ ئۆيىگە قايتماي، باۋچەينىڭكىدە قونۇپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش بىلەن بولدى. باۋچەي بەك ئوقۇمۇشلۇق بولغاچقا، ئالدى ـ كەينىنى ئويلاپ: باۋيۈي ئەسلىدىلا غەلىتە ئىنسان ئىدى، يارىلىشىدىلا پېشانىسىغا شۇنداق پۈتۈلگەن تۇرسا، تەقدىرىدىنمۇ، بەندىدىنمۇ

ئـاغرىنغـىلى بولـمايدۇ، دەيـتـتى. ئۇ ئانـىسـىغـا ئاشۇنـداق چـوڭ دەلىللەر بىلەن چۈشەندۈرۈۋىدى، شۆ ھاممىنـىڭ كۆڭلى ئـازراق تەسكىن تاپتى. ئۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنـىڭكىگـە كىرىپ، ئـاۋۋال باۋچەينىڭ قىلـغان گەپلىرىنى دەپ بـەردى. ۋاڭ ئاغىچـا خېنىـم بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ:

— ناۋادا مېنىڭ دىيانىتىم بولمىسا، مۇنداق ئوبدان كېلىنىمۇ كۆرمەس ئىدىم! — دەپ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى.

شۆ ھامما ئۇنىڭغىمۇ يەنە بىرھازا تەسەللى بېرىپ، ئاندىن شىرېننىڭ گېپىنى چىقاردى.

— قارىسام، — دېدى ئۇ، — شىرېن يېقىندىن بېرى بەك ئورۇقلاپ كېتىپتۇ، ئەس ـ يادى باۋيۈي غوجامدىلا ئوخشايدۇ. بىراق، چوڭ خوتۇن بولـغان بولـسىغۇ ئـەقـىدە سـاقلاپ تـۇل ئۆتسىمۇ بولاتتى، توقالـنىڭمۇ شۇنداق ئۆتـۈشنى خالايدىغىنى بولىدۇ. لېكىن، شىرېن توقال ھېسابلانغىنى بىلەن، ئۇنى باۋيۈي غوجامغا ئوچۇق ـ ئاشكارا چاتقان ئەمەس.

— مەنمۇ ھېلى شۇنى خىيال قىلىپ، سىزنى كەلسە مەسلىھەت سالاي دەپ تۇرغانىدىم، سىڭلىم، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — چىقىرىۋېتەيلى مىكىن دېسەم، ئۇنى ئۇنىماي، يەنە ئۆلۈۋېلىشىنىڭ كويىغا چۈشەرمىكىن دەيمەن. ئېلىپ قالساقمىغۇ بولاتتى، بىراق بىگىم ئۇنىماسمىكىن، شۇڭا تەڭلىكتە قالدىم.

— مېنىڭچە، — دېدى شۆ ھامما، قېيىنئاغىمىز ئۇنى ئەقىدە ساقلاپ تۇرىۋەرسۇن دېسە ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. يەنە كېلىپ قېيىنئاغىمىز شىرېننىڭ ئىشىنى ئۇقمايدۇ، ئۇ دېدەك تۇرسا، نېمىدەپ ئېلىپ قالاتتۇق دېيىشى تۇرغان گەپ. ئـاچا، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئادەم قىچقارتسىلا، راۋرۇس بىر لايىق تېپىپ ياتلىق قىلىۋېتىڭلار دەپ قاتتىق تاپىلاپ قويسىلا. ئاندىن ئۇنىڭ تويىغا ئاتاپ كۆپرەك نەرسە ـ كېرەك بەرسىلىلا بولىدى. بۇ بالىنىڭ مىجەز ـ خۇيىمۇ ئوبدان، ئۆزىمۇ ياش. خىزمەتلىرىنى قىلغىنىمۇ يەردە قالمىسۇن، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغان

بولىلا. مەنمۇ شېرىنغا ئوبدان نەسىھەت قىلىپ قوياي. ئائىلىسىدىن ئادەم قىچقارتقانلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمايلى. ئۆيىدىكىلەر ئوبدانراق لايىق تېپىپ پۈتۈشۈپ بولغاندا، بىز يەنە تۆپىلەپ ئۇقۇشۇپ باقىلى، ناۋادا هال ـ كۈنى ئوبدان، توققۇزى تەل، كېلىشكەن، راۋرۇس يىگىت بولسا شېرىننى ئاندىن يولغا سالساق بولىدۇ.

— بۇ ئوبدان مەسلىھەت بولدى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بولمىسا، بېگىم قارىسىغىلا ئىش قىلىپ قويسا، مەن يەنە بىر ئادەمگە زامىن بولۇپ قالامدىمەن؟

— شۇنى دەڭا، — دېدى شۆ هاما بېشىنى لىڭشىتىپ. ئاندىن ئۇ يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن خوشلىشىپ باۋچەينىڭ هوجرىسىغا كىردى. قارىسا، شېرىن يۈز ـ كۆزى ياش يۇقى ئولتۇرۇپتۇ. شۆ هاما ماقال ـ تەمسىللەرنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا بىرهازا نەسىھەت قىلدى. شېرىن ئەسلىدىلا ئېغىز غېرىچلىمايدىغان، ياۋاش قىز بولغاچقا، شۆ هامىنىڭ قىلغانلا گېپىگە ماقۇل بولۇپ تۇردى ۋە ئاخىرىدا:

— مەن بولسام پەگاھتىكى خىزمەتكار، ئۆزلىرى مېنى نەزەرلىرىگە ئىلغانلىقلىرى ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى ماڭا قىلىۋاتىلا. مەن ئاغىچا خېنىمغا هېچقاچان بويۇن تولغاپ باققان ئەمەس، — دېدى.

شۆ هاما «نېمىدېگەن مۇلايىم بالا بۇ!» دەپ گەپلىرىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنى تېخىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى، باۋچەيمۇ ئەدەپ ـ قائىدىگە دائىر بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن هەممەيلەننىڭ كۆڭلى تىنغان بولدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن جىيا جىڭ قايتىپ كەلدى، هەممەيلەن ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇ كەلگۈچە جىيا شي، جىيا جېنلارمۇ قايتىپ كەلگەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئاكا ـ ئۇكا، تاغا ـ جىيەنلەر دىدار كۆرۈشتى ۋە هىجرانلىق دەردىدىن ئەهۋاللاشتى.

ئاندىن ئەھلى ئايالللار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئىختىيارسىز باۋيۈينى ئەسلىشىپ، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يەنە بىرھازا يىغا ـ زار قىلىشتى.

ـــ بۇنىڭ ئەلۋەتتە بىر بائىسى بار ! ـــ دەپ ۋارقىراپ توختاتتى جيا جېڭ ئۇلارنى، ـــ بۇگۈندىن ئېتىبارەن خانداننىڭ ئىشلىرىغا بىز تاشقىرىدا تۇرۇپ ئىگىدارچىلىق قىلىمىز، سىلەر ئىچكىرىدە ياردەملىشىپ بېرىسىلەر، ئەمدى بۇرۇنقىدەك چېچىلاڭغۇ ئۆتىۋېرىشكە بولمايدۇ ! باشقا ئۆيلەرنىڭ ئىشلىرىدا ھەركىم ئۆز ئۆيىدىن ئۆزى خەۋەر ئالسۇن، جىمىگە چات كىرىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۆز خانىمىزنىڭ ئىشلىرىغا كەلسەك، ئىچكىرىدە ھەممە ئىش سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا قارىسۇن، قائىدە ـ يوسۇن بويىچە بولسۇن.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم مۆرىتى كېلىپ، باۋچەيىنىڭ بويىدا بارلىقىنى پۇرىتىپ قويدى ۋە:

ـــ كېيىن دېدەكلەرنىڭ جىمىسىنى چىقىرىۋېتىمىز، ـــ دېدى. جيا جېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، باشقا بىرنېمە دېمىدى.

ئەتىسى جيا جېڭ ئوردا ـ شېرىپقا كىرىپ ۋەزىرلەرگە ئىلتىجا قىلدى.

ـــ خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتىدىن كۆپ مىننەتدارمەن، ـــ دېدى ئۇ، ـــ لېكىن قارىلىق مۇددىتىم توشمىدى، خان ھەزرەتلىرىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە مىننەتدارلىقىمنى قايسى تەرىقىدە بىلدۈرسەم بولاركىن، جانابىي كىراملىرىدىن كۆرسەتمە تىلەيمەن.

ۋەزىرلەر خانغا مەلۇم قىلىپ يارلىق ئېلىپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن خان ھەزرەتلىرى كاتتا ئىلتىپات قىلىپ ھوزۇرىغا چاقىردى، جيا جېڭ دەرگاھقا كىرىپ ئىلتىپاتقا رەھمەت ئېيتتى. خان ھەزرەتلىرى يەنە بىرمۇنچە شاھانە كەلىمە ئىلتىپات قىلدى، باۋيۈينىڭ ئىشىنىمۇ سورىدى. جيا جېڭ

ئەھۋالنى ئەينەن مەلۇم قىلغانىدى، خان ھەزرەتلىرى مۆجىزە ئىكەن دەپ مۇنداق يارلىق چۈشۈردى: باۋيۇيىنىڭ ماقالىسى ئاجايىپ پاساھەتلىك يېزىلغان، ئەسلىدە ئۇ ئۆتكۈنلەردىن بولسا كېرەك، شۇ ۋەجىدىن مۇشۇنداق بولغان. مۇبادا سەلتەنەتىمىز ئىختىيارىدا بولغان بولسا ئۇنىڭغا مەنسەپ بېرىشكە بولاتتى. مۇقەددەس سەلتەنەتىمىزدىن مەنسەپ ـ مەرتىۋە ئېلىشنى جائىز كۆرمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا «مەرىپەت پىرى» دېگەن دەرۋىشلىك تەخەللۇسىنى ئىنئام قىلدىم.

جيا جېڭ بۇ ئىلتىپات ئۈچۈن يەنە باش ئۇرۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يېنىپ چىقتى ۋە خانىدانىغا قايتىپ كەلدى، ئۇنى جيا ليەن بىلەن جيا جېن ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. جيا جېڭ ئوردا ـ شىپىرىپتا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى بىرقۇر بايان قىلدى، ھەممەيلەن خۇشال بولۇشتى.

— نىڭگو قەسىرىنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى سەرەمجان قىلىنىدى، — دەپ مەلۇم قىلدى جيا جېن ئاندىن، — جانابلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ كۆچۈپ بارماقچىمىز. يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانا باغىنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان بولغاچقا، ئۇنى تۆتىنچى سىڭلىمىزنىڭ ئىستىقامەت قىلىشىغا بەرسەك.

جيا جېڭ بىرنېمە دېمىدى، بىرھازادىن كېيىن خانىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى ئاقلاشقا دائىر گەپلەرنى بىرقۇر تاپىلىغان بولدى.

— چياۋجيېرنىڭ توي ئىشى توغرىسىدا، — دەپ مەلۇم قىلىۋالدى شۇ پەيتتە جيا ليەنمۇ، — ئانام بىلەن خان ئاچام جۇ ئائىلىسىگە كېلىنلىككە بېرىشنى ماقۇل كۆردى.

جيا جېڭ چياۋجيېرنىڭ ئىشىدىنمۇ تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە خەۋەر تاپقانىدى، شۇڭا:

— ئۇلۇغ بېگىم بىلەن چوڭ ئاغىچا خېنىم ئىگىدارچىلىق قىلسا بولىدى. سەھرالىق ئىكەن دېمەسلىك كېرەك، ئۆزلىرى پاك، ئوغلى ئوقۇشقا ئىجتىھاتلىق بولسىلا روناق تاپالايدۇ.

خانلىقنىڭ جىمى مەنسەپدارلىرى شەھەرلىك خەقمىدى؟
— خوش، — دەپ بولۇپ، جىيا لىيەن مۇنداق دېدى، — ئانام ياشىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە زىققە كېسىلىنىڭ يىلتىزى تۇگىمەپتۇ، بىرنەچچە يىل خاتىرجەم جايىدا ئارام ئالسا بولغۇدەك، جىمى ئىشقا ھېلىمۇ جانابلىرى ئاتىدارچىلىق قىلغان بولسىلا.
— سەھرادا خاتىرجەم ئارام ئېلىشمۇ مېنىڭ دىتىمغا بەك ياقاتتى، — دېدى جىيا جېڭ، — بىراق خانىنىڭ ماڭا قىلغان تولىمۇ كاتتا ئىلتىپاتىغا تېخىچە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرالىغىنىم يوق.
جىيا جېڭ سۆزىنى تۈگىتىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. جىيا لىيەن لىۋ مومايىنى قىچقارتىپ، تويغا ماقۇللۇق جاۋابىنى بېرىۋەتتى. لىۋ موماي ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىلەن كۆرۈشۈپ، كەلگۈسىدە ئۇنداق مەنسەپدار بولىدۇ، خانىدان مۇنداق گۈللەيدۇ، بالىچاقىلىرى ئۇنداق راۋاج تاپىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش پاراڭلارنى سېلىپ بەردى. شۇ گەپ ئۇستىگە دېدەكلەردىن بىرسى:
— خۇا زىفاڭنىڭ خوتۇنى سالامغا كەپتۇ، — دەپ، ئۇ خېنىمنى باشلاپ كىردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خۇا زىفاڭنىڭ خوتۇنىدىن بىرئاز گەپ سورىۋىدى، ئۇ خوتۇن: ئۆز تۇغقىنىمىز ئەلچىلىك قىلدى، كويۇ ئوغۇل بولغۇچى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى جياڭ جەمەتىدىن ئىكەن. ئۆي - جايى، يەر - زېمىنى ھەم دۇكىنىمۇ بار ئىكەن. كويۇ ئوغۇلنىڭ يېشى سەل چوڭراق بولسىمۇ ئۆيلەنمىگەن، يەنە كېلىپ يۈزنىڭ ئارىسىدىن بىرنى تاللىۋالغاندەك كېلىشكەن يىگىت ئىكەن، دېگەن گەپلەرنى قىلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇلارنى ئاڭلاپ ماقۇل بولدى:
— سىز بېرىپ ماقۇل بولۇپ جاۋاب بېرىڭ، سىڭلىڭىزنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئېلىپ كېتەرسىز.
ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تۆپىلەپ ئادەم بۇيرۇپ ئۇقۇشتۇرۇۋىدى، جىمىسى ئوبدان لايىق ئىكەن دېيىشىپ كەلدى. ئاندىن ۋاڭ

ئاغىچا خېنىم باۋچەيگە ئېيتتى ۋە يەنىلا شۇ ھامىنى ئارىغا قويۇپ شېرىنغا يېپىدىن يىڭنىسىگىچە ئۇقتۇردى.

شىرىن قاتتىق قايغۇردى، لېكىن بويۇنتاۋلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى. باۋيۇينىڭ قايسىبىر يىلى ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقى كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلسەممۇ بۇ يەردىن ئۆيۈمگە كەتمەيمەن دېگەنلىكى يادىغا كېلىپ: «بۇگۈنكى كۈندە ئاغىچا خېنىم قىرىشقاندەك مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ. ئەقىدە ساقلاپ مۇشۇ يەردە تۇرىۋېرەي دېسەم، باشقىلار مېنى ئىزا تارتمايدىغان دەيدۇ، كېتەي دېسەم، راستلا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ!» دەپ ئويلاپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىۋىدى، شۇ ھاما، باۋچەيلەر ئېرىنمەي ـ زېرىكمەي نەسىھەت قىلغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن شىرىن ئىلگىرىكى نىيىتىدىن يېنىپ: «بۇ يەردە ئۆلسەم، ئاغىچا خېنىمنىڭ ياخشىلىقىنى نابۇت قىلىپ قويغۇدەكمەن، ئۆزىمىزنىڭ ئۆيدە ئۆلگىنىم تۈزۈك ئىكەن» دېگەن خىيالغا كەلدى ـ دە، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ھەممەيلەنگە باش ئۇرۇپ خوشلاشتى. ھەمشىرىلەر بىلەن ئايرىلىشقان چاغدىكى ئەھۋالنى بايان قىلىشقا تىل بارمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شىرىن جەزمەن ئۆلىمەن دېگەن نىيەت بىلەن ھارۋىغا چىقىپ ئۆيىگە قايتتى، ئاكىسى ۋە يەڭگىسى بىلەن كۆرۈشكەندىمۇ يىغلاپ كەتتى، بىراق كۆڭلىدىكىنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. خۇا زىفاڭ جياڭ ئائىلىسىنىڭ جىمى تويلۇق سوۋغىلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ قىز جابدۇقى ئۈچۈن راسلىغانلىرىنى «مانى ئاغىچا خېنىم ئىنئام قىپتۇ، بۇنى بىز راسلىدۇق» دەپ بىر ـ بىردىن كۆرسەتتى. شىرىن شۇ تاپتا تېخىمۇ ئېغىر ئاچىلماي، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇ يەنە: ئاكام ئىشنى جايىدا قىلىدۇ. ناۋادا ئاكامنىڭ ئۆيىدە ئۆلسەم، بۇنىڭغىمۇ يامانلىق قىلغان بولمامدىمەن؟» دەپ خىيال سۈردى. ئۇنداقمۇ ئويلاپ باقتى، بۇنداقمۇ ئويلاپ باقتى، بېشىنىڭ ئىچىمۇ قاتتى، تېشىمۇ قاتتى، دەرد ـ ئەلەمدىن گويا



www.uyghurkitap.com

يۈرىكى پارە - پارە بولغاندەك بولۇپ كەتتى. ئاقىۋەت سەۋر قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

توي كۈنىمۇ كېلىپ قالدى، شېرىن ئۇنداق كۆكەرمىلەردىن ئەمەس ئىدى، خورسىنىپ تەختىراۋانغا چۈشتى - دە، شۇ يەرگە بارغاندا ئەھۋالغا بېقىپ ئىش قىلارمەن دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. يىگىتنىڭكىگە بېرىپ قارىسا، جياڭ ئائىلىسى توي ئىشىنى ئىنتايىن ئىخلاس بىلەن راسلاپ، جىمىنى چوڭ خوتۇننىڭ تويىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بوسۇغىدىن ئاتلىشىغىلا، دېدەكلەر، خىزمەتكار خوتۇنلار ئۇنى «كېلىن ئاغىچا» دەپ ئاتاشقىلى تۇردى. شېرىن شۇ تاپتا مۇشۇ يەردە ئۆلمەكچىمۇ بولدى، لېكىن يەنە بۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، خەقنىڭ ياخشى نىيىتىنى يەرگە ئۇرغان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. شۇ كېچىسى يىگىتنىڭ رايىغا بارغۇسى كەلمەي يىغلاپ تۇرۇۋالغانىدى، يىگىت ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن يول قويۇپ، ئۇنىڭ رايىغا باردى.

ئەتىسى ساندۇق ئاچقۇ قىلىندى. يىگىت توق قىزىل ئىشتانباغنى كۆرۈپ، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ باۋيۈينىڭ يېنىدىكى دېدەك ئىكەنلىكىنى بىلدى. دەسلەپتە جيا ئانىنىڭ يېنىدىكى چۆرە دەپلا بىلىپ، شېرىن ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇ تاپتا جياڭ يۈيخەن باۋيۈينىڭ ئۆزى بىلەن بولغان كونا دوستلۇقىنى ياد ئېتىپ، خىجالەتتە تەمتىرەپ تېخىمۇ پايىپېتەك بولۇپ كەتتى. ئاندىن باۋيۈي ھەدىيە قىلغان قارىغاي بەرگىدەك يېشىل ئىشتانبېغىنى ئەتەي چىقىرىۋىدى، شېرىن بۇنى كۆرۈپلا جياڭ فامىلىلىك بۇ يىگىتنىڭ جياڭ يۈيخەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ پېشانىسىغا پۈتۈلگەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىدى. شېرىن شۇ چاغدىلا كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى يىگىتكە ئېيتتى، جياڭ يۈيخەننىڭمۇ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى كۈچەيدى، ئۇنى زورلاپمۇ كەتمىدى ۋە تېخىمۇ مۇلايىملىق بىلەن دەردىگە يەتتى. شۇنداق قىلىپ، شېرىنغا ئۆلۈۋالىدىغانغا زادىلا

ئورۇن قالمىدى.

كىتابخان، قۇلاق سالغايسىز: گەرچە جىمى ئىش پېشانىسىغا پۈتۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچ ئامال بولمىسىمۇ، لېكىن توقالدىن تۇغۇلغان ئوغۇل، چەتلەشتۈرۈلگەن ئەمەلدار، ئىنسابلىق ئەر، ئەقىدىلىك تۇل خوتۇنلار «ئىلاجسىزلىق» تىن دېگەننى باھانە قىلىپ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلسا بولمايدۇ. «ئىككىنچى قوشۇمچە رىسالە» دە قەيت قىلىنىشىمۇ شۇ ۋەجىدىن بولغانىكەن. خۇددى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ شاپتۇل چېچىكى بۇتخانىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە يازغان نەزمىسىدە ئېيتىلغاندەك:

تا قەدىمدىن ئەڭ ئېغىر ئىش بىر ئۆلۈمدۇر،
ھەسرەت چېكىپ شى خېنىمغا① نە كۆرۈمدۇر!

شىر ھېنىنىڭ ھاياتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشقا بىر مۇھىتتا ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. ئەمدى گەپنى جىيا يۈيسۈندىن ئاڭلىغايسىز. ئۇ پارىخورلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن سوراققا تارتىلىپ جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. مانا ئەمدى ئومۇمىي كەچۈرۈمگە سازاۋەر بولۇپ، مەنسەپتىن چۈشكەن پۇقرا بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن يۈيسۈن بالىچاقىلىرىنى ئاۋۋال يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزى بىر مۇلازىم بىلەن بىر ھارۋا يۈك-تاقلىرىنى ئېلىپ، شىددەتلىك كېچىكنىڭ پارىغلىق ئۆتكىلىگە يېتىپ كېلىۋىدى، ئۆتكەلنىڭ يېنىدىكى كەپىدىن بىر دەرۋىش ئالدىغا چىقىپ قول بېرىپ كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ جېن شىيىن ئىكەنلىكىنى تونۇغان جىيا يۈيسۈنمۇ ئىلدام ئۇنىڭغا تەزىم بەردى.

— تەخسىر جىيا يۈيسۈن، — دېدى شىيىن، — ئايرىلغىنى-

① شى خېنىم — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى شى بېگىنىڭ ئاغىچىسى. شى بەگ ئۆلتۈرۈلۈپ، چۇ پادىشاھى ئۇنى خوتۇن قىلىۋالغان. شى خېنىم دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئۆلۈۋالماي، باشقا ئەرگە خوتۇن بولۇپ ھەسرەت چەكتى، دېگەن تەمسىل بىلەن شېرىن ئەيىبلەنگەن.

مىزنىڭ مابەينىدە تىنچ ـ ئامان تۇرغانسىز؟

— پىر ـ ئۇستازىم، — دېدى يۈيسۈن، — سىلى جانابىي شىيىن ئىكەنلىغۇ! ئالدىنقى دورەم ئۇچراشقىنىمىزدا نېمە ۋەجىدىن يۈزتۈرا تۇرۇپمۇ تونۇشلۇق بەرمىدىلە؟ كېيىن كەپىلىرىگە ئوت كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، پېقىر تولىمۇ ئەندىشە قىلدىم. بەختكە يارىشا بۈگۈن ئۇچرىشىپ قالدۇق. پىر ـ ئۇستازىم، ئۆزلىرىنىڭ كامىل پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكلىرىگە شەكسىز قايىلمەن. كەمىنە ھەقىرلىرى ئۆزگەرمەس نادانلىقىم تۈپەيلىدىن بۈگۈنكى كۈنگە چۈشۈپ قالدىم!

— ئۆتكەن نۆۋەتتە، — دېدى جېن شىيىن، — جانابلىرى كاتتا مەنسەپدار، يۇقىرى مەرتىۋىلىك زات ئىدىلە، شۇ ئەھۋالدا پېقىر دەرۋىش سىلىگە تونۇشلۇق بېرەلمەتتىم. شۇڭا، قەدىناس دوستلۇقىمىز جانىبىدىنلا بىر ـ ئىككى كەلىمە مەسلىھەت بېرىشكە جۈرئەت قىلغانىدىم، بىراق جانابلىرىنىڭ ئۇ دوستلۇقىمىزنى شۇ قەدەر يىراقتا چۆرۈۋېتىشلىرىنى قىياس قىلمىغانىكەنمەن، تەخسىر! ھالبۇكى، غەنىيلىك ـ دۆلەتمەنلىك بىلەن نامراتلىق ـ گادايلىقمۇ تاسادىپىي يۈز بەرمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە قايتا ئۇچرىشىشىمىزنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۆجىزىلىك ئىش ـ دە! پېقىرنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان كۆلبەم بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس، جانابلىرىنى بىردەم مۇڭدىشىشقا تەكلىپ قىلسام مەنزۇر بولارمىكىن؟

يۈيسۈن بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

ئىككىيلەن قول تۇتۇشۇپ ماڭدى، مۇلازىم ئارقىسىدىن هارۋىنى ھەيدىدى. ئۇلار بىر ساتما ئىبادەتخانىغا يېتىپ باردى. شىيىننىڭ ئورۇن كۆرسىتىشى بىلەن يۈيسۈن كىرىپ ئولتۇردى، غۇلام چاي كەلتۈردى. ئاندىن يۈيسۈن پىر ـ ئۇستازىدىن بۇ پانىي دۇنيانى تەرك ئەتكەنلىكىنىڭ باش ـ ئايىغىنى سۈرۈلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

— بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پەلەك چەرخى چۆرگۈلەپ دۇنيا

www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، — دېدى شىيىن كۈلۈپ قويۇپ، — تەخسىر، ئۆزلىرى گۈل ـ گۈلىستان ئاۋات مۇھىتتىن كەلدىلە، پاراغەتلىك دۆلەتمەنلەر ماكانىدا باۋيۈي دېگەن بىر كىمنىڭ بارلىقىنى بىلەمدىلىكىن؟

— نېمىشقا بىلمەي؟ — دېدى يۈيسۈن، — يېقىندا ئاڭلىسام، ئۇنىمۇ ھىدايەت تېپىپ ئەدەم يولىغا راۋان بوپتۇ دېگەن گەپ تارقىلىپ كېتىپتۇ. كەمىنىلىرىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە مەرتەم بېرىش ـ كېلىش قىلغان، ئۇنىڭ مۇنداق كەسكىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىكەنمەن.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس! — دېدى شىيىن، — بۇ مۆجىزىلىك قىسمەت ماڭا ئالدىن مەلۇم ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا مەن رېنچىڭ كوچىسىدىكى كونا ھويلامنىڭ دەرۋازىسىدا جانابلىرى بىلەن سۆزلىشىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ بىلەن بىر مەرتەم كۆرۈشكەنىدىم.

— پايتەخت ئەزىز يۇرتلىرىدىن شۇنداق يىراق تۇرسا، قانداق كۆرۈشكىلى بولغاي؟ — دېدى يۈيسۈن ھەيران بولۇپ.

— غايىبانە تونۇشقىنىمىزغا ئۇزاق يىل بولغان، — دېدى شىيىن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى يۈيسۈن، — باۋيۈينىڭ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلسىلە كېرەك، ئۇستازىم.

— باۋيۈي «ئېسىل قاشتاش» دېمەكتۇر، — دېدى شىيىن، — قايسىبىر يىلى رۇڭگو قەسىرلىرى تىنتىلىپ مۇسادىرە قىلىنىشتىن ئىلگىرى، باۋچەي بىلەن دەيىيۈي جۇدا بولۇشقان كۈنى بۇ قاشتاش، بىرىنچىدىن، بالا ـ قازادىن خالىي بولماق ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن، ئىككى باشنىڭ قوشۇپ قويۇلۇشى ئۈچۈن ئاللىقاچان بۇ ئالەمدىن غايىب بولغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پېشانىسىغا پۈتۈلگەن كۆرگۈلۈكلىرى تۈگەپ، ۋۇجۇدى ئۆز ئەسلىگە قايتقانىدى. كېيىنرەك ھېكمەت يەنە ئازراق زاھىر بولۇپ، مەرتىۋىگە مۇشەررەپ بولدى ۋە پۈشتىدىن پەرزەنت

قالدۇردى، ئاندىن مەزكۇر قاشتاش ئاسمانىنىڭ مۆجىزىسى ۋە زېمىنىنىڭ خىسلىتىدىن تەربىيەت تاپقان قاشتاش ئىكەنلىكى نامايان ۋە پانىي دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئىكەنلىكى مەلۇم بولغانىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى پىر ـ ئۇستاز ماڭ ماڭ بىلەن ئەۋلىيا مياۋ مياۋ ئادەمزات دۇنياسىغا ئېلىپ چۈشكەنىدى، بۇگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئادەمزاتلىق قىسمىتى تاماملانغاندىن كېيىن، يەنە شۇ ئىككىيلەن ئۇنى ئەسلىي ماكانىغا ئاپىرىپ قويىدى. باۋيۈينىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولدى.

يۈيسۈن بۇ گەپلەرنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، يېرىم ـ يارتا دېگۈدەك ئۇقتى ـ دە، بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويىدى.

ــــ مۇنداق ئىش ئىكەن ـ دە، كەمىنە نادان بىلمەپتىمەن! بىراق، باۋيۈينىڭ ئەسلىي زاتى شۇنداق بولسا، نېمىشقا ئىشق ـ مۇھەببەتكە شۇ قەدەر مەستانە بولۇپ كېتىدۇ ۋە يەنە شۇ قەدەر تېز ئويغىنىدۇ؟ بۇ ھەقتىمۇ مۇكالىمە قىلىپ بېرىشلىرىنى سورايمەن.

ــــ بۇنى ئېيتىپ كەلسەم، جانابلىرىنىڭ تولۇق چۈشىنىپ كېتىشلىرىمۇ ناتايىن، تەخسىر، ــــ دېدى شىيىن كۈلۈپ، ــــ غايىب ئالەم راھەت ـ پاراغەت ماكانىدۇر. ئۇ روھىل ـ مەھپۇز رىسالىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھەممىسىنىڭ ئېپتىداسى ۋە ئاخىرى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى، جىمىنىڭ تەرجىمىھالىنى بەش قولدەك بىلگەن تۇرسا، نېمىشقا ئويغانمىسۇن؟ مېھرىگىياھ ئۆز ئەينىگە يانغان يەردە «ھېكمەتلىك قاشتاش» ئۆز ئەسلىگە قايتمىسا بولامدۇ؟

يۈيسۈن بۇ گەپلەرنى چۈشەنمىدى، بىراق ئۇنىڭ سىرى ـ ھېكمەت ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، يەنە سوراۋېرىشكە ئوڭايسىزلاندى ـ دە، مۇنداق دېدى:

ــــ باۋيۈينىڭ ۋەقەسىنىڭغۇ ئېيتقانلىرىدىن بىلدىم. لېكىن، جەمەتىمىزنىڭ شۇنچە جىق خېنىم ـ قىزلىرىدىن خانىش

www.uyghurkitap.com

يۈەنچۈندىن ئۆزگىلىرىنىڭ ئاقىۋىتى نېمىشقا ئادەتتىكىچە بولىدىكىن؟

— قاملاشمىغان گەپ قىلدى دەپ ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، تەخسىر ! — دېدى شىيىن ئاھ ئۇرۇپ، — جەمەتلىرىدىن بولغان خېنىم ـ قىزلار ئىشق دۇنياسى — گۇناھ دېڭىزىدىن كەلگەن. ئومۇمەن، ئەلمىساقتىن هازىرغىچە ئۆتكەن خېنىم ـ قىزلار ئەسلىدە «زىنا»نى ھەرگىز سادىر قىلماسلىقى ۋە «ئىشق ـ مۇھەببەت» نىمۇ ئۆزىگە يېقىن يولاتماسلىقى كېرەك ئىدى. سۇي يىلى، سۇ شياۋ① لار پەرىزاتتەك گۈزەل بولغىنى بىلەن، ئادەمزات ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىدىن خالىي بولمىغان؛ سۇڭ يۈي، شياڭرۇ② لار ئۇلۇغ ئەدىب بولغىنى بىلەن، لېكىن نەزم ـ ئىبارىلىرى كۆپىنچە پىسق ـ پاساتتىن ئىبارەت بولدى. ئىشقىلىپ، ئىشق سەۋداسىغا چىرمىلىپ قالغانلىكى ئادەمنىڭ ئاقىۋىتىنى سوراشقا ھاجەت بولمىسا كېرەك !

يۈيسۈن مۇشۇ يەرگىچە ئاڭلاپ كېلىپ، ئىختىيارسىز ساقىلىنى سىلاپ، ئۇزاق ئۇھ تارتىپ كەتتى.

— پىر ـ ئۇستازىم، ئۆزلىرىدىن يەنە شۇنى سورىماقچىمەن، — دېدى ئۇ يەنە — رۇڭگو، نىڭگو قەسىرلىرى بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلەرمۇ؟

— سائادەت بىلەن پالاكەت، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق قەدىمدىن تارتىپ تەقدىر ـ قىسمەتتۇر، — دېدى شىيىن، — ھالا بۇگۈنكى كۈندە رۇڭگو قەسرى، نىڭگو قەسىرلىرىدە ياخشىلار قىسمەت نېسىۋىلىرىدىن راغىپ بولدى، يامانلار قىلمىشلىرىغا توۋا قىلدى. كەلگۈسىدە خۇشبۇي گۈل بىلەن

① سۇ شياۋ — سۇ شياۋ شياۋ. ئۇ جەنۇبىي چى بەگلىكى زامانىسىدا ئۆتكەن خاڭجۇلۇق پاھىشە ئايال.

② سۇڭ يۈي — ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار زامانىسىدىكى چۇ پادىشاھلىقىدا ئۆتكەن شائىر؛ شياڭرۇ — سىما شياڭرۇ. ئۇ غەربىي خەن سۇلالىسىدە ياشىغان چېڭدۇلۇق مەشھۇر ئەدىب.

دالچىن[1] تەڭ گۈللەيدۇ. خانىدانىنىڭ مەئىشىتى دەسلەپكى ھالىغا كېلىدۇ. بۇنداق بولۇشىمۇ بەرھەقتۇر.

— ھە راست، شۇنداق ! — دېدى يۈيسۈن بىرھازا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت كۈلۈپ، — ھازىر ئۇلارنىڭ خانىدانىدا ئۆلكە ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ باڭغا چىققان لەن ئىسىملىك بىرسى بار، بۇ خۇشبۇي گۈل دېگەنگە دەل توغرا كەلدى. گەپ ئارىلىقىدا «خۇشبۇي گۈل بىلەن دالچىن تەڭ گۈللەيدۇ» دېگەنلىرىدىن «باۋيۈي مەرتىۋىگە مۇشەررەپ بولىدى ۋە پۈشتىنى قالدۇردى» دېگەن مەنە چىقسا كېرەك. بۇ گەپچە بولغاندا ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل قېلىپ، يەنە پەرۋاز قىلىپ دەۋران سۈرىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— بۇ كېيىنكى ئىش، ئالدىن ئېيتىشقا بولمايدۇ، — دېدى شىيىن تەبەسسۇم بىلەن.

يۈيسۈن يەنە نېمىلەرنىدۇر سوراشقا تەمشىلىۋىدى، شىيىن جاۋاب بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئېسىپ داستىخان كەلتۈرگۈزدى ۋە يۈيسۈننى تائامغا تەكلىپ قىلدى، داستىخاندىن يانغاندىن كېيىن يۈيسۈن ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى توغرىسىدىمۇ سوئال قويماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، شىيىن:

— تەخسىر، كۆلبەمدە ئارام ئېلىپ تۇرغان بولسىلا، مېنىڭ تېخى ئادا قىلمىغان يەنە بىرئاز بەندىلىك قەرزىم بار ئىدى، ئۇ دەل بۈگۈن ئادا بولماقچى، — دېدى.

— جانابلىرى، — دېدى يۈيسۈن ھەيران قېلىپ، — چىن ئىخلاس بىلەن قىلغان ئىستىقامەتلىرىدىن ساۋاب تېپىپ كامالەتكە يەتكەن تۇرسىلا، يەنە قانداق بەندىلىك قەرزلىرى بولغاي؟

— ئۇمۇ پەرزەنت مېھرىدىن باشقا گەپ ئەمەس، — دېدى شىيىن.

---

① خۇشبۇي گۈل (لەن) — جيا لەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ دالچىن (گۈي) — ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قالغان باۋيۈينىڭ ئوغلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— ئۇستازىم، ئۆزلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئەجەب بۇ گەپ چىقىپ قالدىغۇ؟ — دېدى يۈيسۈن تېخىمۇ ھەيران قېلىپ.

— جانابلىرىغا قاراڭغۇ بولسا كېرەك، — دېدى شىيىن، — قىزىم يېڭلىيەن نارەسىدە چېغىدا بالا - قازاغا يولۇققانىدى، جانابلىرى دەسلەپ مەنسەپكە تەيىنلەنگەن چاغدا بۇ ئەنزىگە ھۆكۈم چىقارغانىدىلە. ھازىرقى كۈندە ئۇ شۆ جەمەتىگە قارام بولۇپ قالغانىدى، شۇ تاپتا ئۇ مۇشكۈل تۇغۇت ۋاسىتىسى بىلەن دۇنيا ئازابىدىن خالاس بولدى، شۆ جەمەتىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىر ئوغۇل قالدۇرۇپ كەتتى. خۇددى مۇشۇ سائەت ئۇنىڭ پانىي دۇنيادىكى رىزقى تۈگىگەن چېغى. پېقىر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ غايىب ئالەمگە باشلاپ كەلمەكچىمەن، — شۇنداق دەپلا شىيىن يېڭنى بىر يەلپۈتتى - دە، يۈرۈپ كەتتى. يۈيسۈن مۇگدەك باسقاندەك بولۇپ، شىددەتلىك كېچىكنىڭ پارىغلىق ئۆتكىلى يېنىدىكى ئىبادەت كەپىسىدە ئۇخلاپ قالدى.

شىيىن شۇ كەتكىنىچە شياڭلىڭنى پانىي دۇنيادىن خالاس قىلدى - دە، غايىب ئالەمگە ئېلىپ بېرىپ، پەرىزات جىڭخۇەنگە تاپشۇرۇپ، رىسالە بويىچە ھېساب - كىتابىنى ئاخىرلاشتۇردى. قايتىشىدا پەيلۇدىن ئەمدىلا ئۆتۈشىگە ھېلىقى راھىب بىلەن دەرۋىش لەپپىدە پەيدا بولۇپ قالدى.

— پىرىكالان، دانىش ئەۋلىيا مۇبارەك بولسۇن، قۇتلۇق بولسۇن! — دېدى شىيىن مەرھابا قىلىپ، — ئىشق - ھەۋەسىنىڭ قىسمىتىنى تۈگىتىپ، جىمى ھېساب - كىتابىنى خالاس قىلىشلىمۇ؟

— ئىشق ھەۋەسىنىڭ قىسمىتى تېخى تولۇق تۈگىمىدى، — دېدى راھىب بىلەن دەرۋىش، — بىراق ئۇ «ھاماقەت»نىڭ ئۆزىغۇ قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئۇنى ئەسلىي ماكانىغا يەتكۈزۈپ قويۇشىمىز، ئادەمزات دۇنياسىغا چۈشۈپ چىققىنىنى بىكار كەتمىسۇن ئۈچۈن، ئۇنىڭ كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنىمۇ ئۇستىگە قەيت قىلىپ قويۇشىمىز كېرەك.

شىيىن بۇنى ئاڭلاپ قويۇپ، ئۇلار بىلەن قول جۇپتەكلەپ خوشلاشتى. ھېلىقى راھىب بىلەن دەرۋىش قاشتاشنى كۆتۈرگىنىچە چىڭگىن چوققىسىنىڭ تۆۋىگە ئېلىپ باردى ۋە بۇ «ئېسىل قاشتاش»نى نۇيۋا ئاسمان ياماش ئۈچۈن تاشلارنى ئېرىتكەن يەرگە قويدى ـ دە، بۇلۇت كېزىپ غايىب بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن:

غەيرىي قىسسە زىكرىسىدىن غەيرىي ئىش بولدى ئايان،
ئىككى ئالەم ئادەمىدىن بولدى ئاخىر بايان.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە كۇڭكۇڭ دېگەن دەرۋىش يەنە چىڭگىن چوققىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قارىغۇدەك بولسا، ئاسمان ياماشقا يارىمىغان ھېلىقى تاش يەنىلا شۇ يەردە يېتىپتۇ، ئۇنىڭدا پۈتۈلگەن خەتلەر شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ. ئاندىن باشتىن تارتىپ بىر قۇر سىنچىلاپ قارىسا، ئاخىرىغا پۈتۈلگەن مۇناجاتتىن كېيىن ئۇنىڭ پانىي دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، ئەجرىنىڭ بەدىلىگە ئېرىشكەنلىكى بايان قىلىنغان يەنە بىرمۇنچە سۆزلەر قوشۇلۇپ قاپتۇ. دەرۋىش كۇڭكۇڭ بېشىنى لىڭشىتىپ، ھەسرەت بىلەن: «مەن بۇرۇن بۇ بۇرادەر تاشنىڭ ئۈستىگە پۈتۈلگەن بۇ ئاجايىپ ئىبارىلەرنى كۆرگىنىمدە، ئۇنى بىر رىۋايەت تەرىقىسىدە ئالەمگە يايغۇچىلىكى بار ئىكەن دەپ كۆچۈرۈۋالغانىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئەسلىگە قايتقانلىقى توغرىسىدىكى بۇ بايانىنى كۆرمەپتىكەنمەن. بۇ پاساھەتلىك ئىبارىلەر قايسى زامانلاردا قوشۇلۇپ قالغان بولغىيدى؟ ئەمدى بىلدىمكى، بۇرادەر تاش بىر مەرتەم ئادەمزات دۇنياسىغا چۈشكىنىدە، غەپلەت داغلىرى ئېرىغدىلىپ، پاك نۇرى ئەسلىگە كېلىپ پارىغ بولغانىكەن. خەيرىيەت، ئەپسۇسلىنىدىغان يېرىمۇ قالماپتۇ دېيىشكە بولغۇدەك! بىراق، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەتلىرى ئۆچۈپ، بىرەر سەھۋە ـ خاتالىق كۆرۈلۈپ قالمىسۇن، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇنى يەنە

www.uyghurkitap.com

بىر مەرتەم كۆچۈرۈۋېلىپ، ئالەمدىكى ئىشى يوق بىكار تەلەپلەردىن بىرەرسىنى تېپىپ شۇنىڭغا ھاۋالە قىلاي. ئۇ بۇنى رىۋايەت قىلغايكى، مۆجىزە دېسە، مۆجىزە ئەمەس، چاكىنا دېسە، چاكىنا ئەمەس، راست دېسە، راست ئەمەس، يالغان دېسە، يالغان ئەمەس بۇ رىۋايەتتىن جىمى ئالەم خەۋەردار بولغاي. بەلكىم بۇ قىسسىنى كۆرگۈچىلەر پانىي دۇنيانىڭ گويا چۈشكە ئوخشاش بىھۇدە ۋە ئىستەمكارلىقىنى تونۇپ، پاختەكنىڭ ‹كەتكەن تۇزۇك› دېگەن چاقىرىقى بىلەن، قۇتلۇق تاغ مېھماندوست تاشنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سېلىپ، فېيلەي چوققىسىغا پەرۋاز قىلىسمۇ[1] ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ، يەنە كۆچۈرۈۋېلىپ يېڭىگە ساپتۇ ـ دە، راۋاج تاپقان ئاۋات جايلارنى ئالا قويماي ئارىلاپتۇ: نەگىلا بارسا خىزمەت كۆرسىتىپ مەئىشەت تىكلەش كويىدا ياكى قورساق بىلەن ئېگىننىڭ غېمىدە شاپاشلاپ يۈرگۈچىلەرلا ئۇچراپتۇكى، ئاۋارە بولۇپ تاش بىلەن مۇڭداشقۇچى بىكار تەلەپ تېپىلماپتۇ! ئۇ شۇندا ئىزدە ـ ئىزدە، شىددەتلىك كېچىكنىڭ پارىغلىق ئۆتكىلى يېنىدىكى ئىبادەت كەپىسىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر ئادەم ئۇخلاپ ياتقان. ئۇنى بىكارچى ئادەم بولسا كېرەك دەپ، كۆچۈرۈۋالغان ھېلىقى «تاشنىڭ رىۋايىتى»نى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ باقماقچى بوپتۇ. ھېلىقى ئادەمنى ھەرقانچە قىچقىرىپمۇ ئويغىتالماپتۇ. دەرۋىش كۇڭكۇڭ بار كۈچى بىلەن سىلكىگەنىكەن، ئۇ ئادەم ئاستا كۆزىنى ئېچىپ قوپۇپ ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، ھېلىقى سۇنۇلغان رىۋايەتنى ئېلىپ ئاندا ـ مۇندىلا كۆز يۈگۈرتۈپ تاشلاپ بېرىپتۇ: «بۇ ۋەقەنى مەن ئۆز

---

① پاختەكنىڭ چاقىرىقى — پاختەكنىڭ «گۇ ـ گۇ ـ گۇك» دەپ سايرىغىنى «كەتكەن تۇزۇك، يەنى ئورمانغا قايت» دەپ چاقىرغىنىمىش؛ فېيلەي چوققىسى — خاڭجۇدىكى فېيلەي دېگەن چوققا بولۇپ، جىن سۇلالىسى زامانىسىدىكى خۇيلى دېگەن راھىبنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چوققا بۇ يەرگە ھىندىستاندىن ئۇچۇپ كەلگەنىمىش. بۇ يەردە: مېھماندوست تاغ ئىلاھى ئىلگىرى ئادەم (جيا باۋيۈي) گە ئايلانغان تاش ئەسلىگە قايتىپ، بۇرۇنقى ئىزىغا ئۇچۇپ كېلىپ، كاج تاشلىق ھاياتنى كەچۈرۈشنى قوبۇل كۆرگەي، دېمەكچى.

كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، جىمىسىدىن خەۋىرىم بار، كۆچۈرۈۋالغانلىرىڭىزدا سەھۋە ـ خاتالىق يوق. مەن سىزگە بىر ئادەمنىلا كۆرسىتەي، شۇنىڭغا ھاۋالە قىلسىڭىز، رىۋايەتنى شۇ كىشى ئالەمگە تارقىتىپ يېڭى دەۋانى تۈگەتكەي» دەپتۇ. دەرۋىش كۇكۇكۇڭ، ئۇ كىشى كىم، دەپ دەرھال سورىغانىكەن، ھېلىقى ئادەم: «سىز پالانچى يىلى، پالانچى ئاينىڭ پۈستانى كۈنى پالانى سائەتكىچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئاندىن داۋخۇڭشۇەن دېگەن كۆلبىگە بارسىڭىز، ساۋ شۆچىن ئەپەندىنى تاپىسىز، ئۇنىڭغا: جيا يۈيسۈننىڭ گېپى ئۇنداق، مۇنداق دەپ ھاۋالە قىلسىڭىزلا بولدى» دەپتۇ ـ دە، يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

دەرۋىش كۇكۇكۇڭ بۇ گەپنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ يۈرۈپتۇ. ئالەم ئۆرگۈلۈپ، پەلەك چۆرگۈلەپ، يەنە قانچە زامانلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، دەرۋەقە، داۋخۇڭشۇەن كۆلبىسىنى ئۇچرىتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ساۋشۆچىن ئەپەندى شۇ كۆلبىدە زامان ـ زامانلاردىن بۇيانقى قەدىمكى تارىخلارنى ۋاراقلاپ ئولتۇرغانىكەن. دەرۋىش كۇكۇكۇڭ ئۇنىڭغا جيا يۈيسۈننىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىپ، بۇ «تاشنىڭ رىۋايىتى»نى كۆرسىتىپتىكەن، ساۋ شۆچىن ئەپەندى: «دەرۋەقە، جيا يۈيسۈننىڭ گېپى ئىكەن !» دەپ كۈلۈپتۇ. دەرۋىش: «ئەپەندى، سىز بۇ كىشىنى قانداق تونۇيسىز ۋە نېمىشقا ئۇنىڭ ئۈچۈن رىۋايەت قىلىپ بېرىشنى خالايسىز؟» دەپ سوراپتىكەن. ساۋ شۆچىن كۈلۈپ كېتىپ: «سىزنى كۇكۇكۇڭ[1] دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، ئىچىڭىز دەرۋەقە قۇپقۇرۇق ئىكەن ! بۇ جيا يۈيسۈننىڭ گەپلىرى يەنى ياسىما سەھرايى تىل بىلەن بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن خەت ـ ئىبارىلىرىدە سەۋەنلىكلەر، شۇنىڭدەك نۇقسانلىق ۋە بىر ـ بىرىگە زىت يەرلىرى يوق ئىكەن، شۇڭا ئىككى ـ ئۈچ ھەمراھىم بىلەن بىللە شارابقا

[1] كۇكۇكۇڭ دېگەن ئىسىم قۇرۇق، كاۋاك، بوش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان خەتلەر بىلەن يېزىلغان.

قىنىپ، تائامغا تويۇپ بولغاندىن كېيىن، يامغۇر ياغقان ئاخشاملىرى پەنجىرە يېنىدىكى چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىش ئۈچۈن ئوقۇساق بولىدىكەن، ئۇنىڭ جاھانغا رىۋايەت قىلىنىشىغا ئاتاپ كاتتا زاتلارغا بېغىشلىما يازدۇرۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىكەن. مۇنداق تېگى ـ تەكتىگىچە سۈرۈشتۈرگىنىڭىزگە قارىغاندا، سىز پېتىر ناندىن قىل سۇغىرىدىغان راسا گېجىك ـ مىلجىك بىر ئادەم ئوخشايسىز !» دەپتۇ.

دەرۋىش كۆكۈكنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئاسمانغا بېقىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە، كۆچۈرمە نۇسخىنى تاشلاپ قويۇپ غۇيۇلداپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ: «يوقىلاڭ بىر ئەپسانە ئىكەن بۇ ! يازغۇچىسى ئۇقمايدىكەن، كۆچۈرگۈچى ئۇقمايدىكەن، كىتابخانمۇ ئۇقمايدىكەن. خالىغانچە ھەۋەس قىلىپ قەلەم ئويۇنى قىلىنغان نەرسە ئىكەن !» دەپتۇ. بۇ رىۋايەتنى كۆرگەن كېيىنكى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا يازغۇچىنىڭ دېمەكچى بولغان مۇددىئاسىنى يەنىمۇ ئوبدان شەرھلىمەكچى بولۇپ، مۇنداق تۆت مىسرا مۇناجات بېغىشلاپتۇ:

ئېچىنارلىق جايغا يەتكەچ قىسسە ـ بايان،  
بولمىغۇر ئەپسانىدىن بولغۇسى غەمناك.  
بائىسى گوياكى چۈش بولدى ئايان،  
كۈلمە زامان ئەھلىدىن، ئۇنى دەپ ئاخماق !

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1964 ـ يىلى 2 ـ ئاي بېيجىڭ 3 ـ نەشرى، 1974 ـ يىلى 10 ـ ئاي بېيجىڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社1964年2月北京第3版，1974年10月北京第1次印刷本翻译出版。

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش (4)

ئاپتورى:ساۋ شۆچىن، گاۋئې
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇكېرىم خوجا، ئىمىن تۇرسۇن، رەھمىتۇللا جارى
راخمان مامۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مۇھەررىرى: راخمان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت، ئايگۈل سابىت، ئارزۇگۈل، رەناگۈل
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 - 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شېڭتوڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 21.5
قىستۇرما بېتى: 8
نەشرى: 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 16051 - 8
باھاسى: 55.00 يۈەن